مۇھەممەد ئەلى سابۇنى

قۇرئان كەرىم

# ئەھكام ئايەتلىرىن تەپسىرلەر

( ئاياتۇلئەھكام )

## ـ ئىككىنچى قىسىم ـ

تەرجىمە قىلغۇچى: مۆمىنجان سىدىق

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئەزىز

مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم

تەھرىرى: مۇنەۋۋەر نىياز

كوررېكتورى: ئا. روزى توختى


توربەت ئادرېسى: http://www.munber.org

ئېلخەت: munber@munber.org

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# روائع البيان

# في

# تفسير آيات الأحكام

# من القرآن

تأليف: محمد علي الصابوني

المجلد الثاني

المترجم: مؤمنجان صديق

المراجع: عبد الغني عبد العزيز
محمد عبد الله غارم

المحرر: منورة نياز

الحاسوب: ع. روزى توختى

الموقع الإنترنيت: http://www.munber.org

البريد الإلكتروني: munber.@munber.org

مركز الترجمة الأويغورية

# مۇندەرىجە


زىنانىڭ جازاسى ........................................... 3

ئىپپەتلىك ئاياللارنى قارىلاش چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر ....................... 55

ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆزئارا لەنەت ئېيتىششى ........................ 81

بوھتان چاپلاش ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئىشلار ........................... 103

رۇخسەت سوراش ۋە زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى .............. 131

ھىجاب ۋە قاراش ھەققىدىكى ئايەتلەر ........................... 149

توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، پاھىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ............... 181

ئۆي ئىگىلىرى يالغۇز قالىدىغان ۋاقىتلاردا رۇخسەت سوراش ............... 209

تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرەر نەرسە يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقى .............. 227

ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش....................... 243

جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلام دەۋرىدە بالا بېقىۋېلىش ................ 257

تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مىراسخورلۇق قىلىش................... 277

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن قىلىنىغان تالاق .................. 289

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇن ئېلىش ھۆكۈملىرى .................... 303

زىياپەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ................................... 343

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ............................. 359

مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھىجابلىنىشى ............................... 377

ھىجاب ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ............................... 390

ھەيكەللەر ۋە رەسىملەرنىڭ ھۆكمى................................ 395

شەرىئەتنىڭ ھىيلە ئىشلىتىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ....................... 425

ئىسلام دىنىدىكى ئۆرۈش ....................................... 445

ئەمەلنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن تاشلاپ قويۇش ...................... 463

كەلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈش .................................. 471

قۇرئان كەرىمنى پەقەت پاك كىشىلەرنىڭلا تۇتۇشىغا بولىدىغانلىقى ........ 497

ئىسلامدىكى زىھار ۋە ئۇنىڭ كەففارىتى ............................. 509

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلىشىش ........................ 531
مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى نىكاھ........................... 543
جۈمە نامىزى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ................................ 563
تالاق ھۆكۈملىرى.............................................. 581
ئىددەت ھۆكۈملىرى ........................................... 601
قۇرئان تىلاۋەت قىلىش......................................... 615
نوپۇزلۇق تەپسىرشۇناس ۋە فىقھىشۇناس ئىماملار، شۇنداقلا بەزى دىنىي ئاتالغۇلار ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش................................ 625

# زىنانىڭ جازاسى

## سۈرە نۇرنىڭ مۇقەددىمىسى

بۇ سۈرە چوڭ جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى بولغان ئائىلىگە ئالاقىدار ئومۇمىي ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆيگە كىرگەندە رۇخسەت سوراش، نامەھرەملەرگە قارىماسلىق، زىنادىن ساقلىنىش، يات ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئۆتىشىنىڭ ھاراملىقى قاتارلىق مۆمىنلەر تۇتقا قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەمدە ئائىلىنى ئائىلىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئامىللاردىن ساقلاش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئىپپەتلىك بولۇش، ئەۋرەتنى يېپىش، پاك بولۇش قاتارلىق بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ سۈرىدە زىنانىڭ جازاسى، بوھتان چاپلىغاننىڭ جازاسى، لەنەت ئېيتىشىشنىڭ جازاسى... غا ئوخشاش شەرىئەتنىڭ بىر قىسىم جازا قانۇنلىرى بايان قىلىنغان. بۇ جازا قانۇنلارنىڭ ھەممىسى پەقەت جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىق، تېنچسىزلىق، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن تازىلاش، شۇنداقلا ئىسلام ئۈممىتىنى نەسەبنىڭ بۇزۇلۇشىغا، ئابرۇي ۋە شان ـ شەرەپنىڭ تۆكۈلۈشىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەممىنى ھالال ساناش، بۇزۇقچىلىق قىلىش، نومۇسنى سېتىش ۋە ھاياسىزلىق قىلىشتەك يامان ئىشلارنىڭ پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىدىغان ھەرقانداق ئامىللاردىن قوغداش مەقسىتىدە بەلگىلەنگەن.

قىسقىسى، بۇ سۈرە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى بولغان ئائىلە قىسمىنى، بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ ئابرۇي ۋە شان ـ شەرىپىگە ئالاقىدار بولغان ئىنتايىن خەتەرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانلار ئارىسىدا يامان ئىشلارنى تارىتىش، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى تەھدىتكە ئۇچرىتىدىغان ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرگە، ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلارغا خاتىمە بېرىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۆمىنلەرنىڭ ئۆيلىرىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان پاك بولۇش، ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش، توغرا يولدا مېڭىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئېسىل خىسلەتلەرنى، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى، پەزىلەتلىك ھاياتنىڭ مەنبەسى بولغان ئالى ۋە ئىنچىكە ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۈرىنىڭ نىشانى ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش ۋە ئەۋرەتنى يېپىشقا ئائىت ئەھكاملارنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفە خەلقىگە: ئاياللىرىڭلارغا سۈرە نۇرنى ئۆگىتىڭلار دەپ خەت يازغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئاياللارنى ئۆيلەرگە قاماپ قويماڭلار، ئۇلارغا سۈرە نۇرنى ۋە توقۇمچىلىق ئىشنى ئۆگىتىڭلار، دېگەن.»[1]

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 158 ـ بەت.

### بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى ھەققىدە

بۇ سۈرىگە «سۈرە نۇر» دەپ ئىسىم قويۇلغان. چۈنكى، بۇ سۈرىدە ئىسلام دىنىنىڭ نەسەبنى ۋە يۈز ـ ئابرۇينى قوغدايدىغان ئامىباب ھۆكۈملىرىنىڭ، شۇنداقلا ئالىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان. بۇنىڭ ھەممىسى الله نىڭ نۇرى بولۇپ، الله پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئەلچىلەرگە ۋەھيى نازىل قىلىش ئارقىلىق بۇ كائىناتنى نۇرلاندۇرغان. الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ 35 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ نۇرىدۇر، الله نىڭ (مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر...﴾

الله تائالا پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىنى ناھايىتى مول ئاتا قىلغان ۋە پارلاق نۇردىن ئىبارەت روشەن كىتابى قۇرئان كەرىم بىلەن مۆمىن بەندىلىرىنىڭ دىللىرىنى يورۇتقان. ﴿سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق﴾[1].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ سُورَةٌ أَنزَلْنَـٰهَا وَفَرَضْنَـٰهَا وَأَنزَلْنَا فِيهَآ ءَايَـٰتٍۭ بَيِّنَـٰتٍ لَّعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ۝١ ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِى فَٱجْلِدُوا۟ كُلَّ وَٰحِدٍ مِّنْهُمَا مِا۟ئَةَ جَلْدَةٍ ۖ وَلَا تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٌ فِى دِينِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ ۖ وَلْيَشْهَدْ عَذَابَهُمَا طَآئِفَةٌ مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۝٢ ٱلزَّانِى لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَٱلزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَآ إِلَّا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌ ۚ وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ ۝٣ ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) بۇ بىر سۈرىدۇركى، ئۇنى بىز (ساڭا) نازىل قىلدۇق، ئۇنىڭدىكى (ئەھكاملارنى) پەرز قىلىپ بېكىتتۇق، (ئى مۆمىنلەر!) سىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدا (سىلەرنى ئەمەل قىلسۇن دەپ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق. زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن. زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ (يەنى زىنا) مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾.

—— سۈرە نۇر 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەر

---

[1] سۈرە نىسا 174 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

سُورَة: (سۈرە)، بۇ سۆز لۇغەتتە: ئالى ئورۇن، يۈكسەك ماكان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

دىنىي ئاتالغۇدا: ئەڭ ئەقەللىسى، سۈرە كەۋسەرگە ئوخشاش مەلۇم ئايەت بىلەن باشلىنىپ، مەلۇم ئايەت بىلەن تۈگەيدىغان ئايەتلەرنىڭ يىغىندىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ شان - شەرىپى ۋە يۈكسەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن «سۈرە» دەپ ئاتالغان.

أَنزَلْنَـٰهَا: (ئۇنى بىز نازىل قىلدۇق)، بۇ سۆز، ئى مۇھەممەد! ئۇ سۈرىنى ساڭا بىز ۋەھيى قىلدۇق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىنى «نازىل قىلدۇق» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەشتىكى سىر بولسا، بۇ قۇرئانىڭ مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك مۇھەممەد يازغان كىتاب بولماستىن، ئۈستۈنكى ئالەمدىن، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش بولۇشى مۇمكىن.

وَفَرَضْنَـٰهَا: (پەرز قىلىپ بېكىتتۇق)، بۇ سۆز ئۇ سۈرىدىكى ئەھكاملارنى كەسكىن ھالدا پەرز قىلىپ بېكىتتۇق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ءَايَـٰتٍ بَيِّنَـٰتٍ: (روشەن ئايەتلەرنى)، ئايات ئايەتنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بەزىدە قۇرئان ئايەتلىرى دېگەن مەنىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزىدە الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت ياكى دەلىل دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. ئالامەت ياكى دەلىل مەنىسىدە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارغا (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز - دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز - دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ﴾[1] ﴿دېڭىزدا قاتنىغۇچى تاغدەك كېمىلەر الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىندۇر﴾[2].

بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

باردۇر ھەر نەرسىدە بىر ئالامەت،
كۆرسىتىدۇ الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى.

بەييىنات دېگەن سۆز روشەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئايات دېگەن سۆزدىن قۇرئان ئايەتلىرى كۆزدە تۇتۇلسا، بەييىنات ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، زىنانىڭ، بوھتان چاپلىغانىنىڭ، لەنەت ئېيتىششىنىڭ ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ھۆكۈملىرى بار ئايەتلەردە بۇ ھۆكۈملەر ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان. ئەگەر ئايات دېگەن سۆزدىن كائىنات ئالامەتلىرى كۆزدە تۇتۇلسا،

---

[1] سۈرە ياسىن 37 - ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا 32 - ئايەت.

www.munber.org

بەيىنات الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنىڭ، كامالى قۇدرىتىنىڭ روشەن دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، بۇلۇتلارنىڭ تەركىپ تېپىشى، چاقماقنىڭ چېقىشى، ئۇنىڭ كۈچلۈك نۇر چىقىرىشى، كىچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، گەرچە مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىش ماددىسى بىر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەكىللىرى، چىرايلىرى ۋە مىجەزلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى قاتارلىق نەرسىلەر الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، قۇدرىتىنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ناھايىتى روشەن ئالامەتلەردۇر[1].

تَذَكَّرُون: (ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار)، بۇ سۆز ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِي: (زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەر)، زىنا لۇغەتتە ھارام قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ، شەرىئەتتە بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن نىكاھ قىلماستىن، نىكاھقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشنىمۇ قىلماستىن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. زىنا پاھىشە ۋە قەبىھ ئىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ مەنىلەردە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئايالىلىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى...﴾[2] ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[3].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «زىنا لۇغەتتە ئىسلام شەرىئىتى كېلىشتىن بۇرۇنلا ئوغرىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش ئېنىق بولغان ئىسىملارنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، بىر ئەرنىڭ بىر ئايال بىلەن نىكاھ قىلماستىن، نىكاھقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشنىمۇ قىلماستىن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىنى كۆرسىتىدىغان سۆيەت شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.»[4]

فَٱجْلِدُوا: (دەررە ئۇرۇڭلار)، بۇ سۆز تاسما قامچا بىلەن ئۇرۇڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر زىنا قىلغۇچى ئايال بىلەن زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ تىلىنمىغان، تۈگۈنمۇ قىلىنمىغان تاسما قامچا بىلەن ئۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئايەتتىكى ئۇرۇشنىڭ شەرتسىز ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، تاسما بىلەن ئۇرۇشقا خاس ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[5].

رَأْفَةٌ: (رەھىم)، بۇ سۆز «رەئۇفە» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، مېھرى شەپقەت قىلىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش مەنىلىرىدە كېلىدۇ. «ئەررەئۇف» الله تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىم بولۇپ، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر دېگەن مەنىلەرنى

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد، 75 - بەت.
[2] سۈرە نىسا 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىسرا 32 - ئايەت.
[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 - جىلد، 159 - بەت.
[5] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد، 77 - بەت.

ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، ئىچ ئاغرىتىپ دەررە ئۇرۇشنى يېنىكلىتىشنى ياكى جازانى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى مەنئى قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىمام ئەلۇسىمۇ شۇنداق ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

دِينِ ٱللَّهِ: (اللە نىڭ دىنى)، بۇ سۆز اللە نىڭ دىنى ۋە ھۆكمى دېگەن مەنىلەرنى ياكى اللە قا ئىتائەت قىلىش ۋە اللە نىڭ جازا بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەتائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بۇ ئايەت شاپائەت قىلىش يولى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يوللار بىلەن جازانى بىكار قىلىشنى مەنئى قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.»

طَآئِفَةٌ: (بىر تۈركۈم كىشى)، ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز شۇ ئىشنى مەشھۇر قىلغۇدەك ۋە ئىبرەت قىلغۇدەك بىر جامائەت بولۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ جامائەتنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ.»①

لَا يَنكِحُ: (نىكاھلاپ ئالمايدۇ)، بۇ سۆز زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش زىنا قىلغۇچى ئايالنىلا ئالىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىگە مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز ئۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ ئايەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ئېلىشنى ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرگە تېگىشنى مەنئى قىلىدۇ②.

مُشْرِكَةٌ: (مۇشرىك ئايال)، بۇ سۆز ئوتپەرەس ۋە بۇتپەرەس ئاياللارغا ئوخشاش ساماۋى دىنى يوق، اللە قا ئىمان ئېيتمايدىغان ئايالنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئايالنىڭ ھۆكمى ئەھلى كىتاب ئاياللىرىنىڭ ھۆكمىدىن پەرقلىق بولىدۇ. ئەھلى كىتابتىن بولغان ئايالنى ئېلىشقا بولىدۇ. مۇشرىك ئايالنى ئېلىشقا بولمايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار...﴾③.

وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ: (ئۇ... ھارام قىلىندى)، بۇ سۆز، زىنادىن جىسمانىي زىيان ۋە ناھايىتى چوڭ بۇزغۇنچىلىق كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، اللە تائالا ئۇنى مۆمىنلەرگە ھارام قىلدى، دېگەن مەنىنى ياكى زىنا قىلغۇچى ئاياللارنى ۋە مۇشرىك ئاياللارنى ئېلىشنى ھارام قىلدى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

① ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 84 ـ بەت.
② ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 168 ـ بەت.
③ سۈرە بەقەرە 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ سۈرىدە مۆمىن بەندىلىرىگە شەرىئەت بەلگىلىمىرىنى، ئەھكاملارنى، ۋەز - نەسىھەتلەرنى، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقلارنى، ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلەرنى، ئۇلارنىڭ دىنىغا، دۇنيالىقىغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادىتىگە پايدىلىق بولغان شەرىئەت نىزامنامىلىرىنى نازىل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! بۇ، قۇرئان سۈرىلىرى ئىچىدە مەزمۇنى ئەڭ مول بولغان سۈرىلەردىن بىر ﴿سۈرىدۇركى﴾ مەن ئۇنى سىلەرگە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشۈڭلار، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن نازىل قىلدىم. مەن ئۇنى سىلەرگە پەقەت ئوقۇپ قويۇش ئۈچۈنلا نازىل قىلغىنىم يوق. مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سىلەرگە نۇر ۋە چىراق بولۇشى ئۈچۈن، ھەممە جەمئىيەتنى، ئىنسانىيەت تىرىكچىلىكىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەنە شۇ ھۆكۈملەرنى بەلگىلەشتىكى ئادالەت ھېكمىتىمنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن ئالامەتلەردىن، پۇختا دەلىللەردىن، نۇرغۇن پاكىتلاردىن سىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىشىڭلارنى سىلەرگە پەرز قىلىپ بېكىتتىم. ﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)﴾[1].

مەن سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن بۇ ھۆكۈملەر ۋە جازالاردىن بىرى شۇكى، ئەر - ئايال زىنا قىلغۇچىنىڭ ھەر بىرىنى ئىچ ئاغرىتماستىن، رەھىم قىلماستىن، جازانى يېنىكلەتمەستىن، كەملىتىپ قويماستىن، تولۇق ﴿يۈز دەررىدىن﴾ ئۇرۇڭلار. شەك - شۈبھىسىزكى، زىنا، بۇ جىنايەتنى قىلغۇچىغا ھەرگىز ئىچ ئاغرىتىشقا ياكى ئۇنى ئەپۇ قىلىشقا بولمايدىغان ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ئېغىر جىنايەتتۇر.

زىنا ئابرۇي ۋە شان - شەرەپنى بولغايدۇ، نەسەبنى يوقىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئار - نومۇسىغا داغ تەككۈزىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ يوقىلىشىغا ۋە ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، زىنادىن تۇغۇلغان بالا ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، نەسەبنى ئۇقمايدۇ. زىنادىن يۇقىرىقىدەك زىيانلار ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ. كىمكى زىنانىڭ بۇ يامان ئاقىۋەتلىرىنى ۋە زىيانلىرىنى تونۇپ يەتسە، الله تائالانىڭ زىنا قىلغۇچىغا بېرىلگەن بۇ ئېغىر جازانى بەلگىلەشتىكى ھېكمىتىنى تونۇپ يېتىدۇ.

[1] سۈرە بەقەرە 179 - ئايەت.

زىنـاخورنى جازالاشـلا يېتـەرلىك ئەمـەس. بـەلكى، ئۇنـىڭ بـۇ ئـىشـتىن يېنىشـى ۋە جەمئىيـەت ئـەزالىرىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش يامان ئـىشنى قىلىشتىن يېنىشى ئۈچۈن بـۇ جازاغا چوقـۇم هـازىر بولۇشـۇڭلار كېـرەك. شـۇنداق قىلغانـدا كىشـىلەر ۋەز ـ نەسـىھەت ۋە ئىبـرەت ئـالىدۇ. ﴿ئۇلارنـى جازالىغـان چـاغدا مۆمىنلـەردىن بىـر تۈركـۈم كىشـى هـازىر بولسۇن﴾.

ئـاندىن الله تائـالا زىنـا قىلغۇچـى ئـەرنىڭ ئىپپـەتلىك ۋە شەرەپلىك مـۆمىن ئايـالنى ئېلىشىنىڭ لايىق ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش ياكى ئۆزىدىنمۇ پەسكەش ئايالنى ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ زىناخور، بۇزۇق ئايالنى ياكى بۇتپەرەس ئايالنى ئېلىشى هەيران قالارلىق ئەمەس. بۇزۇق ۋە يامان ئەر كۆپىنچە هاللاردا ئۆزىگە ئوخشـاش بـۇزۇق يـاكى مۇشـرىك ئايـالنى ئېلىشـقا ئىنتىلىدۇ. ﴿زىنـا قىلغۇچـى﴾ يامـان ئايـالغىمۇ ئۆزىگـە ئوخشـاش يامـان ﴿يـاكى مۇشـرىك﴾ ئـەر تەلەپ قويىدۇ. پـاك ئىنسـانلار زىنـاخور ۋە بـۇزۇق ئايـاللارنى ئېلىشـنى رەت قىلىـدۇ. الله تائـالا تولـمۇ راسـت ئېيتقان: ﴿يامان ئايـاللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر﴾[1].

زىنـانىڭ ئىنسـانلارنىڭ كىشـىلىك ۋە جامائـەتچىلىك هاياتىغـا ئېغىـر زىيـان هـەمدە جىسمانىي خىيىم خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، جەمئىيەت پۈتۈنلىكىنى بۇزىدىغانلىقى، پـەرزەنتلەرنىڭ يوقىلىشـىغا ۋە ۋەيران بولۇشـىغا سـەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن الله تائـالا ئۇنى هارام قىلغان.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنىلا ئالىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولـۇش سـەۋەبى هـەققىدە تەپسىرشۇناسـلار بايـان قىلغـان بىرقانچـە سـەۋەبلەر رىۋايـەت قىلىنغان بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئەڭ مۆل ۋە توغرا بولغانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك نەقىل قىلىمىز:

**1** ـ رىۋايـەت قىلىنىشـىچە، مۇرسـىد غەنـەۋى ئىسـىملىك بىـر ئـادەم بـار بولـۇپ، ئـۇ مەككىدىن ئەسىرلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە باراتتى. مەككىدە ئەناق ئىسىملىك بىر بۇزۇق ئايال بولۇپ، مۇرسىد بىلەن دوست ئىدى. مۇرسىد مەككىدىكى ئەسىرلەردىن بىر ئادەمگە ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ۋەدە قىلغان ئىكەن.

مۇرسىد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئايدىڭ بىر كېچىسى مەككىگە يېتىپ كېلىپ، بىر تام تۈۋىدە كېتىۋاتاتتىم. توساتتىن ئەناق پەيدا بولدى ـ دە، تام تۈۋىدە مېنىڭ قارا كۆلەڭگەمنى كۆرۈپ يېنىمغا كەلدى ۋە مېنى تونۇپ: مۇرسىدقۇ؟ دېدى. مەن: هەئە،

[1] سۈرە نۇر 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەن، مۇرسىد، دېدىم. ئۇ: خوش كەپسەن، قارشى ئالىمىز! كەل، بۇ كېچە بىزدە قۇنۇپ قالغىن، دېدى. مەن: ئى ئەناق! اللّٰه تائالا زىنانى ھارام قىلدى، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئى چېدىر ئەھلى! ماۋۇ ئادەم ئەسىرلىرىڭلارنى ئېلىپ كەتكىلى كەپتۇ، دەپ توۋلىۋەتتى.

مېنى سەككىز ئادەم قوغلاپ چىقتى. مەن قېچىپ بېرىپ بىر غارغا مۆكۈۋالدىم. ئۇلار بېشىمغىلا كېلىپ تۇردى ۋە سىيدى. ئۇلارنىڭ سۈيدىكى بېشىمغىمۇ چۈشتى. اللّٰه تائالا ئۇلارغا مېنى كۆرسەتمىدى. ئۇلار قايتىپ كەتتى. مەنمۇ ۋەدە قىلغان ئادىمىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ مەدىنىگە كەلدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئەناقنى ئالسام بولامدۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھېچ نەرسە دېمەي، جىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا: ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ماڭا ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن: «ئى مۇرسىد! ئۇ ئايالنى ئالمىغىن» دېدى[1].

2 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇممۇ مەھزۇل ئىسىملىك بۇزۇق بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ ئۆچىراتقان ئەر بىلەن زىنا قىلاتتى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە پۇل تەلەپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى ئۇنى ئالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا: ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

3 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ ئايەت سۇففە ئەھلى ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇلار مۇھاجىرلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ، تۇرالغۇ جايى ۋە تۇغقانلىرى بولمىغاچقا، مەسجىدنىڭ سۇپىسىدا يېتىپ قوپاتتى. ئۇلار **400** ئەتراپىدا ئادەم بولۇپ، كۈندۈزلىرى رىزىق تەلەپ قىلىپ چىقاتتى، كېچىلىرى سۇپىغا كېلىپ ئۇخلايتتى. مەدىنىدە بۇزۇق ئىشلارنى ئاشكارا قىلىدىغان، كىيىم ـ كېچەكى، يېمەك ـ ئىچمىكى تەل بىر قىسىم بۇزۇق ئاياللار بار ئىدى. بەزى سۇففە ئەھلى شۇ ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرۇش ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەمرىگە ئېلىشقا نىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى[3].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿بىر سۈرىدۇر﴾ دېگەن سۆزى ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى بويىچە ئېنىقسىز بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

---

[1] ئىمام ھاكىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىمۇ ئۇنى «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.
[2] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 19 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 168 ـ بەت.

گويا الله تائالانىڭ: بۇ سۈرىدە گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە بۈيۈك ئەھكاملار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى كاتتا، ئىنتايىن قىممەتلىك بىر سۈرىدۇر، دېمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنى بىز (ساڭا) نازىل قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزىدە ۋە ﴿ئۇنىڭدا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزىدە «نازىل قىلدۇق» دېگەن سۆز بۇ سۈرىگە كامالى ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەكرارلانغان. بۇ ئۇسلۇپ بىر نەرسىنى ئومۇمەن قىلىپ بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن خۇسۇسى قىلىپ بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

3 ـ ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بىرقانچە تۈرلۈك ھۆكۈملەرنى ۋە جازا بەلگىلىمىلىرىنى بايان قىلدى. ئاخىرىدا بولسا الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلدى. الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭدىكى (ئەھكاملارنى) پەرز قىلىپ بېكىتتۇق﴾ دېگەن سۆزى بۇ سۈرىدىكى ھۆكۈملەرگە، ﴿روشەن ئايەتلەرنى﴾ دېگەن سۆزى الله نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرگە ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ قاراشنى الله تائالانىڭ: ﴿سىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن﴾ دېگەن سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، ھۆكۈملەردىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالغىلى بۇ چاغدا تېخى ھۆكۈملەر بىلىنمىگەن ئىدى.»

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مېنىڭچە ناھايىتى ياخشى قاراشتۇر.»[1]

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿سىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن﴾ دېگەن سۆزى ئۇ سۈرىدىكى ھۆكۈملەر ۋە دەلىل ـ پاكىتلاردىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار، ئۇنى ئويلاپ پىكىر قىلىشىڭلار ئۈچۈن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

5 ـ ئەگەر: الله نىڭ زىنا قىلغۇچى ئايال، دەپ ئايال كىشىنى ئاۋۋال تىلغا ئېلىش بىلەن باشلىشى، ئوغرىلىقتا ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر، دەپ ئەر كىشى بىلەن باشلىشىدا نېمە ھېكمەت بار؟ دەپ سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: خوتۇن كىشىنىڭ زىنا قىلىشى ئەڭ قەبىھ، جىنايىتى ئەڭ ئېغىر ئىشتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ جىنايىتى ئەرنىڭ كۆرپىسىگە داغ تەككۈزىدۇ، نەسەبنى بۇلغايدۇ، تۇغقانلارغا ئار ـ نومۇس كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن كىشىگە نىسبەتەن زىنادىن بويىدا قالسا، مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان رەسۋالىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتۇن كىشى ئەر كىشىدىن بالدۇر تىلغا ئېلىنغان.

ئەمما ئوغرىلىققا كەلسەك، كۆپىنچە ھاللاردا ئوغرىلىق ئەر كىشىدىن سادىر بولىدۇ. چۈنكى، ئەر كىشى خوتۇن كىشىگە قارىغاندا جۈرئەتلىك، چىداملىق ۋە قارام كېلىدۇ.

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 76 ـ بەت.

www.munber.org

شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغرىلىق بايان قىلىنغاندا ئەر كىشى خوتۇن كىشىدىن بالدۇر تىلغا ئېلىنغان.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال﴾ بالدۇر تىلغا ئېلىندى، چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئاياللار ئىچىدە زىنا ئىشلىرى ئاشكارا ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ دىيەكلىرى ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ بۇزۇق ئاياللىرى ئۈچۈن خاس بايراقلار بولۇپ، ئۇلار شۇ بايراقلار بىلەن ئۆزلىرىنى ئاشكارىلايتتى.»[①] ئىمام قۇرتۇبى يەنە يۇقىرىدىكى قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان بىرقاچە قاراشنى بايان قىلغان.

6 ـ الله تائالا «ئۇرۇڭلار» دېمەستىن، ﴿دەررە ئۇرۇڭلار﴾ دېگەن. بۇ، جازانى ئىجرا قىلىشتىن مەقسەت ئۇ جىنايەتنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى قىلغۇچىنى شۇ قىلمىشىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن تاياق ئازابىنى بەدەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچىغا دەررە ئۇرغاندا ئۇنىڭ تامبىلىدىن باشقا كىيىملىرى سالدۇرىلىدۇ. تامبىلى ئەۋرىتىنى يېپىش ئۈچۈن سالدۇرۇلمايدۇ. ئەمما قالغان جازالار بۇ جازاغا قارىغاندا يېنىكتۇر.»

7 ـ ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىلىسىنى تىلغا ئالدى. ئەسلىدە ئىككىسىنىڭ بىرىنى تىلغا ئېلىپ «زىنا قىلغۇچى ئەر» دېسىلا كۇپايە قىلاتتى. ھەر ئىككىلىسىنى تىلغا ئېلىش بۇ ئىشنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر، دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ يەنە مۇنداق ئېھتىمالمۇ بار: ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تىلغا ئالغاندا بىر ئادەم قوپۇپ، زىنانى سادىر قىلغۇچى ئەر كىشى بولغانلىقى، خوتۇن كىشى زىنا قىلغۇچى ئەمەس، يېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن خوتۇن كىشىگە جازا ئىجرا قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇشۇنداق ئويلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. بىر قىسىم ئۆلىمالار ئەنە شۇنداق ئويلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ بار. ئۇلار: رامىزاندا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالغا كەففارەت كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان.»[②]

8 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار﴾ دېگەن سۆزى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قىزىقتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئەر بولساڭ، بۇ ئىشنى قىلىپ باققىن دېيىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەرلىكىدە ھېچ شەك يوق. شۇنىڭدەك، بۇ ئايەتتە خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ ئىمانىدىمۇ ھېچ شەك يوق، لېكىن بۇ سۆز بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆكۈملەرنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئىجرا قىلىشقا تىرىششى ئۈچۈن ئۇلارنى قىزىقتۇرۇش ۋە ئىچكى ھېسسىياتىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

---

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 160 ـ بەت.

[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 160 ـ بەت.

9 ـ الله تائالا: ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ...﴾ دەيدۇ. ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت زىنا قىلغۇچىنىڭ قاتتىق پەسكەشلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ زىناغا رازى بولغاندىن كېيىن ئىپپەتلىك مۆمىن ئايالنى ئېلىشى لايىق ئەمەس. شۇنداقلا زىنا قىلغۇچى ئايالنىڭ زىناغا رازى بولغاندىن كېيىن ئىپپەتلىك مۆمىن ئەرگە تېگىشى لايىق ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى ھالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولغان مۇشرىك ئەرگە تېگىدۇ. ئەمما ئىپپەتلىك بىر مۇسۇلماننىڭ كۆندەشلىكى ئۇنداق ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا يول قويمايدۇ.»[1]

بىرىنچى ئايەتتە ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال﴾ نى، ئىككىنچى ئايەتتە ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر﴾ نى بالدۇر تىلغا ئېلىشتىكى سىر شۇكى، بىرىنچى ئايەتتە زىنانىڭ جازاسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلساق، ئايالنىڭ زىنا قىلىشقا قوشۇلغانلىقى ۋە رازى بولغانلىقى بۇ جىنايەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچى ئايەتتە زىناخورلار بىلەن توي قىلىش ھۆكمى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلساق، نىكاھ ئىشىدا ئەرلەر بەكراق ھوقۇقلۇقتۇر.

«ئەتتەپسىرۇل ۋازىھ» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى بۇ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «زىنانىڭ سادىر بولۇشىغا كۆپىنچە ھاللاردا خوتۇن كىشى ناھايىتى چوڭ سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇنىڭ سىرتلارغا نېپىز كىيىنىپ، ياسىنىپ ۋە چىرايلىقلىشىپ چىقىشى، ئۇپا ـ ئەڭلىك ئىشلىتىش، ئەتىر چېچىش، تار كىيىملەرنى كىيىش، نازاكەت بىلەن بېقىش قاتارلىق كىشىنى غىدىقلايدىغان ۋە جەلب قىلىدىغان تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياشلارنى ئازدۇرىدۇ، پىتنىگە سالىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ سىرتماقلىرىدۇر. مۇنداق دېگەنلىك، ئەرلەر بۇ جىنايەتتىن پاكتۇر دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭمۇ بۇ جىنايەتنى ئىشلەشتە ناھايىتى چوڭ ھەسسىسى بار، بىراق خوتۇن كىشىنىڭ ھەسسىسى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر. شۇڭا زىنا قىلغۇچى ئايال زىنا قىلغۇچى ئەردىن بالدۇر تىلغا ئېلىندى. ئىككىنچى ئايەتتە بولسا، نىكاھ ئىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. نىكاھ ئىشىدا بىرىنچى قەدەمنى ئەر كىشى، ئىككىنچى قەدەمنى خوتۇن كىشى باسىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى خوتۇن كىشىدىن بالدۇر تىلغان ئېلىندى. الله كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.»[2]

10 ـ الله تائالا زىنا قىلغۇچىنى مۇشرىك بىلەن يانمۇيان بايان قىلدى. بۇ، زىنانىڭ خەتىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ، زىيىنىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. زىنا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئائىلىنى ۋەيران قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ پۈتۈنلىكىنى پارچىلايدۇ. شۇڭا الله تائالا تۆۋەندىكى سۆزىدىمۇ زىنانى شېرىكلىك بىلەن يانمۇيان بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار الله قا ئىككىنچى بىر

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 84 ـ بەت.
[2] «ئەتتەپسىرۇل ۋازىھ» ناملىق تەپسىر، 18 ـ جىلدتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.munber.org

مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اللہ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ...﴾[1]. اللہ ئۆز پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن بىزنى يامان ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق قىلسۇن، ئامىن!

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

زىنانىڭ جازاسى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قانداق ئىدى؟

زىنانىڭ جازاسى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يېنىك ۋە ۋاقىتلىق جازا ئىدى. چۈنكى، كىشىلەر جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ھاياتتىن ئەمدىلا يېڭى بىر ھاياتقا ئۆتكەن ئىدى. اللہ تائالانىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتە تۇتقان يولى ئۇممەتنى تەدرىجى تەربىيىلەشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلغاندا مەسىلىلەرنى ئۇتۇقلۇق ھەل قىلغىلى، ھۆكۈملەرنى ئەڭ پۇختا شەكىلدە ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر اللہ نىڭ شەرئىي ھۆكۈملىرىنى رازىلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. بۇ تەدرىجى ئۇسۇلنى ھاراقنىڭ ھەمدە جازانىنىڭ ھارام قىلىنىشىدا ۋە باشقا شەرئىي ھۆكۈملەردە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى زىنا جازاسىنى اللہ تائالا بىزگە سۈرە نىسادا بايان قىلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئاياللىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا) تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى اللہ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار. ئاراڭلاردا ئىككى كىشى (يەنى ئەر بىلەن ئايال) پاھىشە قىلسا، ئۇلارنى ئەيىبلەڭلار؛ ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلىپ تۈزەلسە، ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار. اللہ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾[2].

دېمەك، ئاياللىڭ جازاسى ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇش، ئۆيدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلماسلىق ئىدى. ئەرنىڭ جازاسى ئۇنى گەپ ـ سۆز بىلەن ئەيىبلەش ۋە مالامەت قىلىش ئىدى. ئاندىن بۇ ھۆكۈمنى اللہ تائالانىڭ: ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار...﴾ دېگەن سۆزى ئەمەلدىن قالدۇردى.

﴿تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى اللہ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىسلامنىڭ دەسلەپكى

[1] سۈرە فۇرقان 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 15 ـــ 16 ـ ئايەتلەر.

دەۋرىدىكى بۇ جازانىڭ ۋاقىتلىق يولغا قويۇلۇشى ئۇنىڭ رەسمى جازالاش سۈپىتىدە ئەمەس، ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدە يولغا قويۇلغانلىقىنى ئايدىڭلىتىپ بېرىدۇ. بۇ جازا كېيىن ئۇنىڭدىن ئېغىر جازاغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، توي قىلىشتىن بۇرۇن زىنا قىلغۇچىنى يۈز دەررە ئۇرۇش، توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچىنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈم كىشىنى بۇ رەزىل قىلمىشتىن توسىيالايدىغان ۋە چەكلىيالايدىغان قاتتىق جازاغا ئۆزگەرتىلىش بىلەن تۈگىگەن.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولغاندا ئۇ ئېغىر بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك بولۇپ، چىرايى ئۆزگىرىپ كېتەتتى. بىر كۈنى اﷲ ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلدى. ئۇ يەنە شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ قىيىن ئەھۋال تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ: «مەندىن ئېلىڭلار، مەندىن ئېلىڭلار، اﷲ ھەققەتەن ئۇ ئاياللارغا بىر چىقىش يولى بەردى، توي قىلمىغان ئادەم توي قىلمىغان قىز بىلەن زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررىدىن ئۇرۇلىدۇ ۋە بىر يىلدىن پالىنىدۇ. توي قىلغان ئادەم توي قىلغان خوتۇن بىلەن زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېدى.[1]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

توي قىلمىغان زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسى نېمە؟ توي قىلغان زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسىچۇ؟

ئىسلام شەرىئىتى توي قىلمىغان زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسى بىلەن توي قىلغان زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسىنى پەرقلەندۈردى. ئالدىنقىسىنىڭ جاسازىنى يېنىكلىتىپ يۈز دەررە ئۇرۇشنى، كېيىنكىسىنىڭ جازاسىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى بېكىتتى. چۈنكى، ئىسلام نەزەرىدە توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلىش توي قىلىشتىن ئىلگىرى زىنا قىلىشتىن قاتتىق ۋە ئېغىر گۇناھتۇر.

توي قىلغان ئەر توي قىلغان ئايال بىلەن پاھىشە يولى ئارقىلىق سادىر قىلغان بۇ جىنايەت توي قىلمىغان كىشىنىڭ سادىر قىلغان جىنايىتىدىن قەبىھ ۋە ئېغىردۇر. چۈنكى، ئۇ باشقا بىرىنىڭ نەسەبىنى بولغايدۇ، كۆرپىسىگە داغ تەككۈزىدۇ، شەھۋىتىنى ھالال يول بىلەن قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، ئۇنى ھالال بولمىغان يول بىلەن قاندۇرۇش يولىغا ماڭىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ جازاسى قاتتىق ۋە ئېغىردۇر.

### دەررە ئۇرۇش قۇرئاننىڭ كەسكىن دەلىلى بىلەن كۆرسىتىلگەن

دەررە ئۇرۇشقا كەلسەك، ئۇ قۇرئاننىڭ كەسكىن دەلىلى بىلەن كۆرسىتىلگەن: ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾ بۇ ئايەت كەرىم توي قىلمىغان زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ ئايەتنىڭ

[1] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

هۆكمى زىنا قىلغۇچىنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمەن قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئۇنى ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قۇرئاننى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾[1]. قۇرئاندا يىغىنچاق قىلىپ بايان قىلىنغان ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپسىلى ۋە ئوچۇق قىلىپ بايان قىلىشى يېتەرلىكتۇر.

## چالما - كېسەك قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇتەۋاتىر ھەدىسىدە كۆرسىتىلگەن

چالما - كېسەك قىلىشقا كەلسەك، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە سۆزى بىلەن، شۇنداقلا ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن كۆرسىتىلگەن. ئۇ ھەقىقەتەن ھېچقانداق شەك ئارىلاشمايدىغان سەھىھ رىۋايەتلەر بىلەن مۇتەۋاتىر يولى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىز ۋە غامىدىيەگە ئوخشاش بەزى ساھابىلەرگە چالما - كېسەك قىلىش جازاسىنى ئىجرا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن توغرا يول كۆرسەتكۈچى خەلىپىلەرمۇ خەلىپىلىك دەۋرلىرىدە بۇ جازانى ئىجرا قىلغان ۋە تويى قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلىشنىڭ جازاسىنىڭ چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى قانچە قېتىملاپ ئېلان قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام فىقھشۇناسلىرى ھەر ئەسىر ۋە ھەر يۇرتتا بۇ ھۆكۈمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگىشىشكە تېگىشلىك سۈننىتى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ بىر - بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان كەسكىن دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىلگەن ئىلاھىي قانۇن ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدا شەك ۋە گۇمان تۇغدۇرۇشنىڭ ھېچقانداق يولى يوقلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھۆكۈم بىزنىڭ ئەسىرىمىزگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ھۆكۈمگە ئىسلامدىن تېيىپ كەتكەن خاۋارىجلاردىن ئىبارەت ئازغىنە بىر گۇرۇھ كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ. خاۋارىجلار: چالما - كېسەك قىلىش شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەن، دەپ بىلجىرلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## خاۋارىجلارنىڭ دەلىللىرى

خاۋارىجلار چالما - كېسەك قىلىشنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەنلىكىگە ئۆمچۈك تورىدىنمۇ ئاجىز بولغان ئۈچ دەلىل كۆرسىتىدۇ. بىز ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

---

[1] سۈرە نەھل 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

1 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «چالما ـ كېسەك قىلىش ئەڭ ئېغىر جازالارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئۇ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بولسا، ئەلۋەتتە قۇرئاندا بايان قىلىنغان بولاتتى. ئۇنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنمىغانلىقى شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

2 ـ دېدەكنىڭ جازاسى ھۆر ئايالنىڭ جازاسىنىڭ يېرىمىدۇر. ﴿ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾[1]. چالما ـ كېسەك قىلىشنى ئىككىگە بۆلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ھۆر ئايالغا جازا بولۇشقا يارىمايدۇ.

3 ـ مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى پۈتۈن زىنا قىلغۇچىلارغا ئامىمبابتۇر. بۇ ھۆكۈمدىن تويلىغان زىنا قىلغۇچىنى ئايرىۋېلىش قۇرئانغا خىلاپتۇر.

مانا بۇلار ئۇلارنىڭ دەلىللىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئۇلارنىڭ نەقەدەر بىلىمسىزلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنى چۈشۈنەلمىگەنلىكىنى ياكى قۇرئاننىڭ سىرلىرىنى ۋە مەقسەتلىرىنى خاتا چۈشەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۇچىغا چىققان نادانلىق ۋە دۆتلۈكتىن ئىبارەتتۇر.

### خاۋارىجلارنىڭ دەلىللىرىگە رەددىيە

سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار ھەققەتەن خاۋارىجلارغا ھەرقانداق باتىلنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان، ھەر بىر تۆھمەتخور گۇناھكارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدىغان كەسكىن دەلىللەر بىلەن رەددىيە بەرگەن. بىز ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

1 ـ چالما ـ كېسەك قىلىشنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنمىغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. خېلى نۇرغۇن شەرئىي ھۆكۈملەر قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بايان قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. اللہ تائالا بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان. ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆكۈملەرنى اللہ تائالانىڭ نامىدىن يەتكۈزىدۇ. ئۇ يەتكۈزگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللہ تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي ۋەھيىدۇر. ﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنا قىلغۇچىنى چالما ـ كېسەك قىلغان، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىمۇ چالما ـ كېسەك قىلغان، شۇنداقلا بۇ ھۆكۈمنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن تۇرسا، قانداق قىلىپ چالما ـ كېسەك قىلىش

---

[1] سۈرە نىسا 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەجم 3 ـــ 4 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەن بولىدۇ؟ يەنە كېلىپ قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴾①.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەندىن ئىلىڭلار، مەندىن ئىلىڭلار، الله ھەققەتەن ئۇ ئاياللارغا بىر چىقىش يولى بەردى» دىگەن سۆزى ۋە بۇ ھەدىستىكى «توي قىلغان ئادەم توي قىلغان خوتۇن بىلەن زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ» دىگەن سۆزى پەقەت قۇرئان كۆرسەتكەن ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ توي قىلغان زىنا قىلغۇچىنىڭ ھۆكمىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەسكىن دەلىلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس شېرىپتە: «بىلىڭلاركى، ماڭا قۇرئان ۋە قۇرئان بىلەن ئۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلدى»② دەپ، پاك سۆزىنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن ھەممە نەرسىنىڭ الله تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن شەرئىي ھۆكۈملەر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

2 - الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەككەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾ دىگەن سۆزىدە خاۋارىجلارنىڭ ئېيتقىنىدەك چالما - كېسەك قىلىشنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق. بۇ ئايەت كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان يېرىم جازا ئۇنىڭ چالما - كېسەك قىلىش جازاسى ئەمەس، دەررە ئۇرۇش جازاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

الله تائالا بىلىدۇكى، چالما - كېسەك قىلىشنى ئىككىگە بۆلگىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ بىر ئىنساننى يېرىم ئۆلتۈرۈشىمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ساغلام ئەقىل ۋە ساغلام چۈشەنچە بۇ ئايەتتىكى جازانىڭ چالما - كېسەك قىلىش جازاسى ئەمەس، دەررە ئۇرۇش جازاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. توي قىلغان دېدەك 50 دەررە، توي قىلمىغان ھۆر ئايال يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ.

ھۆر ئايالنىڭ جازاسى يېنىكلىتىلمەي دىدەكنىڭ جازاسىنىڭ يېنىكلىتىلىشىدىكى سىر شۇكى، ھۆر ئايال پىتنىدىن خاتىرجەم، پاھىشىگە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەردىن يىراق

---

① سۈرە نەھل 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② بۇ، بىر ھەدىس شېرىپنىڭ بىر بۆلۈمى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ئەھكاملارنى ئىنكار قىلىدىغان ئەنە شۇ بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە ئىشارەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىس سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «يات يېقىندا سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا مەن بۇيرۇغان ياكى مەنئى قىلغان بىرەر ھۆكۈم كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ: بۇ ھۆكۈمنى بىز تونىمايمىز، بىز الله نىڭ كىتابىدا تاپقان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىمىز، ئۇنىڭدا تاپالمىغان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمايمىز دەيدۇ... بىلىڭلاركى، ماڭا قۇرئان ۋە قۇرئان بىلەن ئۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلدى.»

بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ جىنايەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئىنتايىن ئېغىر ۋە قاتتىق گۇناھتۇر. دېمەك بولسا قارشىلىق قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا الله ئۇنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى ئۈچۈن رەھىم قىلىپ، ئۇنىڭ جازاسىنى يېنىك بەلگىلىگەن.

3 ـ خاۋارىجلارنىڭ ئامىباب ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرۇش قۇرئانغا خىلاپتۇر دېگەن داۋاسىغا كەلسەك، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىلىمسىزلىكتۇر. شۇنى ئېنىق كۆرۈشۈڭ كېرەككى، نۇرغۇن ئەھكاملار ئامىباب بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئۇنى خاسلاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، الله تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار﴾[1].

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئامىباب بولۇپ، ھەرقانداق ئوغرىنى، ھەتتا ئەرزىمەس، كىچىككىنە نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ داۋاسى بويىچە بولغاندا بىر تىيىن چاغلىق نەرسىنى ياكى بىر تال يىڭنە چاغلىق نەرسىنى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بۇ ھۆكۈمنى خاسلاشتۇرۇپ، ئوغرىلىغان مالنىڭ قىممىتى بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىگە ياكى ئۇن تەڭگىگە يېتىشىنى شەرت قىلغان.

شۇنداقلا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى ئېلىش ھارام قىلىندى﴾[2]. بۇ ئايەتمۇ پەقەت سۈت ئانىنى ۋە ئېمىلدەش ھەمشىرىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇنداق بايان قىلغان: «نەسەب سەۋەبىدىن ئېلىش ھارام بولغان ئايالنىڭ ھەممىسى ئېمىلدەش سەۋەبىدىنمۇ ھارام بولىدۇ.» مۇشۇنداق بولغاندا ئېمىلدەش قىزنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى ئۇلارنىڭ داۋاسى بويىچە قۇرئانغا خىلاپ بولىدۇ.

قۇرئان ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلاشنى مەنئى قىلدى. بىراق هاماچا بىلەن جىيەننى ياكى جىيەن بىلەن هاماچىنى (يەنى بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ جىيەننى ياكى جىيەن بىلەن ئۇنىڭ هاماچىسى بولغان ئايالنى) بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىدە ساقلاشنىڭ ھاراملىقىنى كىم ئېيتتى؟ ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا قۇرئانغا خىلاپلىق قىلدىڭ، دەپ ھۆكۈم چىقىرامدۇق؟ بۇ ئوچۇق ئاشكارا بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئەقىللىق بىر مۇسۇلماندىن مۇنداق گەپ سادىر بولمايدۇ.

ئىمام ئەلۇسى «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئىلگىرى ئۆتكەن سەلەپ ئۆلىمالىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ئىماملىرى توي قىلغان زىنا قىلغۇچىنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىغا

---

[1] سۈرە مائىدە 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بىرلىككە كەلگەن. خاۋارىجلارنىڭ بۇنى رەت قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ساھابىلەر بىرلىككە كەلگەن دەلىلنى ئىنكار قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇستى - ئۇستىلەپ نادانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئۇلار خەبەر ۋاھىد (بىر ياكى ئىككى ئادەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس) نىڭ دەلىل بولۇشىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ھۆكۈمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغانلىقىنى خەبەر ۋاھىد، دەپ تۇرۇپ رەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنىڭ خاتالىقى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ ھەقتە كۆپ تالاش - تارتىش قىلمايمىز. چۈنكى، چالما - كېسەك قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەنە جەھەتتە مۇتەۋاتىر رىۋايەت بىلەن رىۋايەت قىلىنغان. خاۋارىجلارمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مەنە جەھەتتە مۇتەۋاتىر رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە لەۋزى جەھەتتە مۇتەۋاتىر رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. بىراق ئۇلار ساھابىلەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار تۇتقان يولدىن تېيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ھۆكۈملەردە جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن.

شۇڭا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز چالما - كېسەك قىلىش ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۇلار ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە يوق ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى دەپ ئەيىبلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇلارنى نامازنىڭ قانچە رەكئەت ئىكەنلىكىنى، زاكاتنىڭ مىقدارىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان. ئۇلار: بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار قىلغان ئىشتۇر، دېگەن. ئۆمەر ئۇلارغا: چالما - كېسەك قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، دېگەن»[①].

دېمەك، ئۇلار ئۆمەرگە چالما - كېسەك قىلىشنىڭ قۇرئاندا يوقلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەندە، ئۆمەر ئۇلاردىن نامازنىڭ قانچە رەكئەت ئىكەنلىكىنى سوراپ: ئۇنىڭ قانچە رەكئەت ئىكەنلىكى قۇرئاندا بايان قىلىندىمۇ؟ زاكات نىسابىنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ پەرز بولۇشتىكى شەرتلىرى قۇرئاندا بارمۇ؟ دېگەن. ئۇلار بۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندا، ئۆمەرمۇ ئۇلارغا ئۇنىڭ ئۆزىنى دەلىل قىلغان.

## راستچىل گۇۋاھلىق ۋە ئۆتكۈر كۆز

مەن فارۇق (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) دەپ نام ئالغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھەقىقەتەن قايىلمەن. ﷲ ئۇنىڭ دىلىغا ھەقنى سېلىپ، تىلىغا سۆزلەتكەن. ئەنە شۇ خاۋارىجلارنىڭ ئىشى ئۇنىڭغا ئىلھام بىلەن بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ رەزىل ئەقىدىلىرىنى بىلدۈرگەن.

---

[①] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد، 78 - بەت.

ئۆمەر مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە سۆزلەپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا قۇرئاننى نازىل قىلدى، اللە ئۇنىڭغا نازىل قىلغان ئايەتلەر ئىچىدە چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى بار بىر ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا اللە تائالا: «قېرىغان ئەر ۋە قېرىغان ئايال زىنا قىلسا، اللە تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دېگەن. بىز ئۇ ئايەتنى ئوقۇغان ۋە ياد ئالغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چالما ـ كېسەك قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ چالما ـ كېسەك قىلغان. مەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەر ئىچىدىن: چالما ـ كېسەك قىلىشنى اللە تائالانىڭ كىتابىدىن تاپالمىدۇق، دەيدىغان ئادەمنىڭ چىقىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ اللە تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمدە نازىل قىلغان بۇ پەرزنى تاشلاپ قويۇپ ئېزىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن. بىلىڭلاركى، تويى قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى، دەلىل ـ پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا ياكى ھامىلدار بولۇپ قالسا ياكى زىنا قىلغۇچى جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلسا، چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى ھەقتۇر. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر كىشىلەر: ئۆمەر اللە نىڭ كىتابى قۇرئانغا ئارتۇق نەرسە قوشۇپ قويدى، دېمەيدىغان بولسا، مەن ئەلۋەتتە ئۇ ئايەتنى قۇرئانغا يېزىپ قوياتتىم.[1]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

دەررە ئۇرۇش ۋە چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى بىراقلا ئىجرا قىلىنامدۇ؟

زاھىرى مەزھىبىدىكىلەر تويى قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچىنى دەررە ئۇرۇش ۋە چالما ـ كېسەك قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەھمەد (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بىر رىۋايىتىدە ئۇمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغان. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ جازاسى پەقەت چالما ـ كېسەك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش كۆپچىلىك ساھابىلارنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ھەر يۇرت فەقىھشۇناسلىرىنىڭ قارىشىدۇر. شۇنداقلا ئىمام ئەھمەدمۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇشۇ قاراشتا بولغان.

## زاھىرى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

زاھىرى مەزھىبىدىكىلەر تويى قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچىنى دەررە ئۇرۇش ۋە چالما ـ كېسەك قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا تۆۋەندىكىدەك دەلىل كۆرسىتىدۇ:

1 ـ مەزكۇر ئايەتتىكى ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەر﴾ دېگەن سۆز ئاممىباب مەنىگە ئىگە بولۇپ، ھەممە زىنا قىلغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈننەت بولسا، تويى قىلغاندىن كېيىنكى زىنا قىلغۇچىنى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنى قوشۇپ بايان قىلدى. شۇڭا بۇ ھۆكۈم دەررە ئۇرۇش ھۆكمىگە قوشۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

[1] بۇ ھەدىس ئالتە سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 79 ـ بەت.

www.munber.org

2 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ھەدىسىدە: «تويى قىلغان ئادەم تويى قىلغان خوتۇن بىلەن زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە تاش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېيىلگەن[①].

3 ـ ئەلىدىن (اللە ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرغۇچىتۇر!) رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ شۇراھە ئىسىملىك بىر ئايالغا دەررە ئۇرغان، ئاندىن چالما ـ كېسەك قىلغان ۋە: «مەن ئۇنى اللە تائالانىڭ كىتابىغا ئاساسەن دەررە ئۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن چالما ـ كېسەك قىلدىم» دېگەن.

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار دەررە ئۇرۇش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىشنىڭ بىراقلا ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىغا بىرقانچە دەلىل كۆرسەتكەن بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

1 ـ سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سەندىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، مېنىڭ داۋايىمغا اللە نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن، دەيدۇ.

يەنە بىر دەۋاگەر ئۇنىڭغا قارىغاندا بىلىملىكرەك ئىدى، ئۇ: شۇنداق قىلغىن، ئارىمىزدا اللە تائالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويغىن، ھازىر ماڭا سۆزلىگىلى رۇخسەت قىلغىن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۆزلىگىن» دەيدۇ. ئۇ: مېنىڭ ئوغلۇم بۇ ئادەمگە مەدىكارلىق قىلاتتى، ئوغلۇم ئۇنىڭ خوتىنى بىلەن زىنا قىلىپ قويۇپتۇ، ماڭا ئوغلۇمنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغانلىقى خەۋەر قىلىندى، مەن ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۈز قوي ۋە بىر دېدەك فىدىيە بەردىم، ئاندىن ئۆلىمالاردىن سورىسام، ئۇلار ماڭا: ئوغلۇمنىڭ يۈز دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە بىر يىل پالىنىدىغانلىقىنى، بۇ ئادەمنىڭ خوتۇنىنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، مەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم اللە نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، دېدەك بىلەن قوي ساڭا قايتۇرۇلىدۇ، ئوغلۇڭ يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە بىر يىل پالىنىدۇ، ئى ئەنەس! سەن بۇ ئادەمنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن، ئەگەر ئۇ زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغىن»[②] دەيدۇ.

ئەنەس ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن زىنا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سورايدۇ، ئايال زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر

---

[①] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[②] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى چالما كېسەك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، نەتىجىدە ئايال چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى، ئەنەسكە: سەن ئۇ ئايالنى دەررە ئۇرغىن ئاندىن چالما ـ كېسەك قىلغىن دېمىدى.

2 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا چالما ـ كېسەك قىلىش ئىشى تەكرارلانغان. ئۇ مائىز ۋە غامدىيەلەرنى چالما ـ كېسەك قىلغان. ئۇنىڭ ساھابىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە چالما ـ كېسەك قىلغان. ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەررە ئۇرۇش جازاسى بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسىنى بىراقلا ئىجرا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسىپ ئېيتالايمىزكى، تويى قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسى پەقەت چالما ـ كېسەك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

3 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار يەنە ئەقلىي دەلىل كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «دەررە ئۇرۇشتىن مەقسەت زىنا قىلغۇچىنى زىنا قىلىشتىن توسۇش ۋە تەنبىھ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا ھۆكۈم قىلساق، ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا دەررە ئۇرۇش زىنا قىلىشنى مەنئى قىلىشتىن ئىبارەت جازانىڭ بەلگىلىنىشىدىكى مەقسەتتىن چەتنەپ كېتىپ قالىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، بۇ ئادەم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلمەكچى. چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى بار يەردە دەررە ئۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللىن يەنە بىرى شۇكى، جۇنۇپ بولۇپ قالغان ئادەمگە غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولغاندا تاھارەت ئېلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.»

ئۆلار زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرىگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ھەدىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەررە ئۇرماستىن چالما ـ كېسەك قىلغان. شۇڭا ئىلگىرى دېيىلگەن سۆزنىڭ مەنسۇخ بولۇشى ۋاجىپ بولىدۇ.»

زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ مەزكۇر ئايەتتىكى ھۆكۈمنىڭ ئاممىبابلىقىنى دەلىل قىلىشىغا كەلسەك، بۇ قاراش ساغلام ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئايەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئېيتقاندەك، تويى قىلمىغان زىنا قىلغۇچى ئەر ـ ئايالغا خاستۇر. ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىدىن قۇل ۋە دېدەكنىڭ ھۆكمىنىڭ سىرتتا قېلىشى ئۇنىڭ ئاممىباب ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، قۇلنىڭ جازاسى يۈز دەررە ئۇرۇش ئەمەس، 50 دەررە ئۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ ھۆكۈم مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ ئاممىباب ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار يەنە ئەلىنىڭ (ﷲ ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) شۇراھە ئىسىملىك ئايالغا دەررە ئۇرغانلىقى، ئاندىن ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغانلىقىغا جاۋاب

www.munber.org

بىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پەقەت ئەلىنىڭ قارىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىسكە تەڭ تۇرالمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قارىشى باشقا ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا تەڭ تۇرالمايدۇ. ئەلىنىڭ ئالدىدا ئۇ ئايالنىڭ تويى قىلغانلىقى دەررە ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىسپاتلانغان بولۇشى، دەسلەپ ئەلىگە ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىنغان، شۇڭا ئۇنىڭغا دەررە ئۇرغان، ئاندىن ئۇنىڭ تويى قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان، شۇڭا ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

بۇ مەسىلە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنداق بىر مەسىلىگە ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن: «بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە دەررە ئۇرۇشقا ئەمىر قىلىدۇ. ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ تويى قىلغان ئادەم ئىكەنلىكى يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. نەتىجىدە ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ.»[1]

### كۈچلۈك قاراش

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن بىزگە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرىنىڭ كۈچلۈك، زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

زىنا قىلغۇچى يۇرتىدىن پالىنامدۇ؟

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە تويى قىلمىغان زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسى يۈز دەررە ئۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر، پالاش بۇ جازاغا كىرمەيدۇ. بۇ ئىش خەلىپىنىڭ قارىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. خەلىپە خالىسا پالايدۇ، خالىسا پالىمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەدتىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ جازاسى يۈز دەررە ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاش دەپ قارايدۇ.

### ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مەزكۇر ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت جازانىڭ يۈز دەررە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن، ئەگەر پالاشمۇ شەرئىي ھۆكۈم دېيىلسە، بۇ ھۆكۈم قۇرئاندىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ئاھاد يولى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. ئەگەر پالاش دەررە ئۇرۇش جازاسىنىڭ ئىچىگە كىرسە ئىدى، ساھابىلارنىڭ دەررە ئۇرۇش ھەققىدىكى ئايەتنى تەكشۈرغان چاغدا پۈتۈن جازانىڭ ھەممىسى مۇشۇلا

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئوخشايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بۇ ھۆكۈمنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولاتتى. شۇنداقلا بۇ ھۆكۈمنىڭ يەتكۈزۈلىشى مەزكۇر ئايەتنىڭ يەتكۈزۈلىشى ۋە مەشھۇر بولۇشى بىلەن تەڭ ئورۇندا بولغان بولاتتى. ئۇنداق بولمىغان ئىكەن، پالاشنىڭ بۇ جازاغا كىرمەيدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. توي قىلمىغان زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسى پەقەت چالما ـ كېسەك قىلىشتىنلا ئىبارەتتۇر.»

2 ـ ئۇ مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «ئەگەر بىر دېدەك زىنا قىلسا ۋە ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇپ جازالىسۇن، ئۇنى ئەيىبلىمىسۇن. ئاندىن ئۇ يەنە زىنا قىلسا، ئۇنى چۇپپۇردىن ئېتىلگەن ئارغامچىغا بولسىمۇ سېتىۋەتسۇن!»[1] بۇ ھەدىس دەررە ئۇرۇشنىڭ تولۇق جازا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر پالاش جازانىڭ ئىچىگە كىرسە ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەلۋەتتە بايان قىلغان بولاتتى.

3 ـ ئۇ يەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغان بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر توي قىلمىغان ئەر ـ ئايال زىنا قىلغان بولسا، ھەر ئىككىلىسى دەررە ئۇرۇلىدۇ، پالانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى پالاش ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يولدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پالاش تېخىمۇ يولدىن چىقىشقا يېتەرلىك پۇرسەتتۇر.»

4 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەبىئە ئىبنى ئۇمەييەنى ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن خەيبەرگە پالىغان. رەبىئە ھىرەقلىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر: بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنى پالىمايمەن، دېگەن. ئۇ زىنا قىلىشتىكى پالاش جازاسىنى مۇستەسنا قىلمىغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، پالاش جازا ئۈچۈن ئەمەس، تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئۇ خەلىپىگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر خەلىپە پايدىلىق دەپ قارىسا، پالايدۇ. ئۇنداق بولمىسا پالىمايدۇ.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئوبادە ئىبنى سامىتنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇ ھەدىستە: «توي قىلمىغان ئادەم توي قىلمىغان قىز بىلەن زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررىدىن ئۇرۇلىدۇ ۋە بىر يىلدىن پالىنىدۇ. توي قىلغان ئادەم توي قىلغان خوتۇن بىلەن زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېيىلگەن.

2 ـ ئۇلار ئەئرابىينىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلغان ھېلىقى مەدىكارنىڭ قىسسىسىنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ قىسسە يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ئىمام نەسائى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«ئوغلۇڭ يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ ۋە بىر يىل پالىنىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىس سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان.

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھېلقى مەدىكارنىڭ قىسسىسىدە پالاشنىڭ جازا قاتارىدا ئىكەنلىكى تەكرار تىلغا ئېلىندى. مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئاھاد يولى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ ھۆكمىنىڭ قوشۇلىشىدا ھېچقانداق توسالغۇ يوق. الله تائالا دەررە ئۇرۇش ھۆكمىنى قۇرئاندا نازىل قىلدى. تويى قىلمىغان زىنا قىلغۇچىنى پالاش ھۆكمى سۈننەت بويىچە قىلىۋېرىدۇ.

پالاش ئايالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

پالاش قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار كۆپچىلىك ئۆلىمالار بولۇپ، ئۇلار پالاش ھۆكمىنىڭ ئەرگىلا خاس ئىكەنلىكى ياكى ئايالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشقا كەلگەن.

ئىمام مالىك ۋە ئەۋزائىي مۇنداق دەپ قارايدۇ: پالاش ئەرگىلا خاستۇر، ئايال پالانمايدۇ، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تويى قىلمىغان ئادەم تويى قىلمىغان قىز بىلەن زىنا قىلغان بولسا...» دېگەن.

ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد پالاش ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر، شۇڭا ئايالمۇ مەھرەم بىلەن پالىنىدۇ. مەھرەمنىڭ تاپان ھەققىنى ئايال ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى ئىمام مۇشۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنىڭ ئامىبابلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىدە بۇ قاراش ناھايىتى نوپۇزغا ئىگە.

ئىمام ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچى يا تويى قىلمىغان بولىدۇ، يا تويى قىلغان يەنى توغرا رەۋىشتە نىكاھلىنىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا كىشى بولىدۇ. تويى قىلمىغان زىنا قىلغۇچىغا كەلسەك، مەزكۇر ئايەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇنىڭ جازاسى يۈز دەررە ئۇرۇش بولىدۇ. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، بۇ ھۆكۈمگە ئۇنى يۇرتىدىن بىر يىل پالاش قوشۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىغا خىلاپ، ئۇ پالاش ئىشى خەلىپىگە تاپشۇرۇلىدۇ، خەلىپە خالىسا پالايدۇ، خالىسا پالىمايدۇ، دەپ قارايدۇ. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىلى سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر مەدىكارنىڭ قىسسىسىدۇر.»[①] بۇ قىسسىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

سايىس «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئۆز پېتى قالدۇرۇپ، دەررە ئۇرۇشنىڭ تولۇق جازا ئىكەنلىكىنى،

[①] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

پالاشنىڭ بولسا تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقىنى بېكىتىش بىلەن بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمىنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا تويى قىلمىغان زىنا قىلغۇچىنى پالاشنى پايدىلىق دەپ قارىغان. چۈنكى، ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدىن ئەمدىلا ئىسلام دەۋرىگە ئۆتكەن بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەررە ئۇرغاندىن كېيىن پالاشنى ئۇلارنىڭ بۇ جىنايەتنى قىلىشتىن يېنىشىغا ئۆنۈملۈك رول ئوينايدۇ، دەپ قارىغان. بۇ مەسىلە خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراق تولۇملىرىنى يىرتىپ، ھاراق قاچىلىرىنى چېقىپ تاشلاشقا بۇيرۇغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، شۇنداق قىلىش كىشىلەرنى بۇ جىنايەتتىن توسۇشتا ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىشىدىن قول ئۈزدۈرۈشتە كۈچلۈك رول ئوينايدۇ.»[1]

## بەشىنچى ھۆكۈم

### تويى قىلغان زىممىنىڭ جازاسى قانداق بولىدۇ؟

ئۆلىمالار تويى قىلغان زىممىنىڭ جازاسى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارغا كەلگەن. ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەر ئۇنىڭ جازاسى دەررە ئۇرۇش دەپ قارايدۇ. شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر ئۇنىڭ جازاسى چالما - كېسەك قىلىش، دەپ قارايدۇ.

### ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 - ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: «كىمكى اللہ قا شېرىك كەلتۈرسە، مۇھسەن ئەمەس (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس).»[2] ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس چالما - كېسەك قىلىنغۇچى مۇسۇلمان بولۇشى لازىم دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى يەھۇدىينى چالما - كېسەك قىلىشقا كەلسەك، بۇ پەقەت تەۋراتنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن بولغان.»

2 - ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانغا بېرىلگەن نېمەتنىڭ ھەققى چوڭراق بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ئېغىرراق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ جازاسى قاتتىقراق بولىدۇ.» ئۇلار بۇ قارىشىغا اللہ تائالانىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! ئىچىڭلاردىن كىمكى ئاشكارا قەبىھ ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ﴾[3]

3 - ئۇلار يەنە مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىرلىك قارىشى بويىچە بوھتان قىلغۇچىنىڭ بوھتان جازاسىغا تارتىلىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا چالما - كېسەك قىلىنغۇچىنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرىدىغىنى نېمەتنىڭ كامىل بېرىلگەنلىكىدۇر.

---

[1] سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 110 - بەت.
[2] ئىسھاق ئىبنى راھىۋەيھى ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە ئەھزاب 30 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «ئەگەر كاپىرلار جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلسا، مۇسۇلمانلار بەھرىمەن بولغان نەرسىلەردىن ئۇلارمۇ بەھرىمەن بولىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگىمۇ يۈكلىنىدۇ.»

2 ـ ئۇلار يەنە سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا زىنا قىلغان بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىتابىڭلاردا ئۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟» دېدى. ئۇلار: زىنا قىلغان ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىگە قارا سۈرتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خورلۇق ھېس قىلىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يالغان ئېيتتىڭلار، ئۇنىڭدا چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى بار، ﴿ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار﴾[1] » دېدى.

ئۇلار ئۆزلىرى ئىچىدىن تەۋرات ئوقۇيالايدىغان بىرىنى تېپىپ كەلدى، ئۇ تەۋراتنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇ تەۋراتنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە كەلگەندە خەت ئۈستىگە قولىنى قويىۋالدى. ئۇنىڭغا: قولۇڭنى كۆتۈر، دېيىلدى. ئۇ قولىنى كۆتۈردى، ئۇ ھۆكۈم بولسا مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار: ئى مۇھەممەد! تەۋراتتا ھەقىقەتەن چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى بار، لېكىن بىز ئۇنى ئۆز ئىچىمىزدە يوشۇراتتۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى، نەتىجىدە ئۇلار چالما ـ كېسەك قىلىندى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ ئەرنىڭ تاشقا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ ئايالنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تاشتىن قوغداۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار بىر يەھۇدىينىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈپ ۋە قامچا بىلەن ئۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چاقىرىپ: «كىتابىڭلاردا زىنانىڭ جازاسى مۇشۇنداقمۇ؟» دېدى. ئۇلار: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ: «تەۋراتنى مۇساغا نازىل قىلغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سەندىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، كىتابىڭلاردا زىنانىڭ جازاسى مۇشۇنداقمۇ؟» دېدى. ئۇ: ياق، ئەگەر سەن مۇشۇنداق قەسەم قىلىپ تۇرۇپ مەندىن بۇ ئىشنى سورىمىغان بولساڭ، مەن ساڭا چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەرمەيتتىم، لېكىن زىنا ئابرۇيلۇق كىشىلىرىمىز ئىچىدە كۆپ يۈز بېرىدىغان

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇپ كەتتى، بىز ئابرۇيلۇق كىشىنى تۇتىۋالساق، بۇ جازانى ئىجرا قىلمىدۇق، ئاجىز كىشىنى تۇتىۋالساق، بۇ جازانى ئىجرا قىلدۇق. شۇ سەۋەبتىن بىز: كېلىڭلار، ئابرۇيلۇق كىشىگىمۇ، ئاجىز كىشىگىمۇ تەڭ ئىجرا قىلىدىغان بىر نەرسىگە بىرلىككە كېلەيلى، دېدۇق. نەتىجىدە چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنىڭ ئورنىغا يۈزگە قارا سۈرتۈش ۋە دەررە ئۇرۇش ھۆكمىنى بېكىتتۇق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! مەن ئۇلار ئۆلتۈرگەن بىر بۇيرۇقۇڭنى تىرىلدۈرگەن تۇنجى كىشىمەن» دېدى ۋە ئۇ يەھۇدىينى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي، ئېغىزلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويىدىغانلار (يەنى مۇناپىقلار) دىن ۋە يەھۇدىيلاردىن كۇفرىغا (پۇرسەت تاپسىلا كۇفرىنى ئىزھار قىلىشقا) ئالدىرايدىغان كىشىلەر سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار (ئەھبارلىرى توقۇغان) يالغانغا قۇلاق سالىدۇ، ساڭا كەلمىگەن (يەنى ئۆچلۈك قىلىپ سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان) باشقا بىر قەۋمگە (يەنى خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى جايلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (يەنى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى باشقىلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ). ئۇلار: «ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ بېرىلمىسە قوبۇل قىلماڭلار» دەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

دېمەك، يەھۇدىيلار: مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئەگەر ئۇ يۈزگە قارا سۈرتۈش ۋە دەررە ئۇرۇش بىلەن پەتىۋا بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىش بىلەن پەتىۋا بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلماڭلار دەيدۇ.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى يەھۇدىينى چالما ـ كېسەك قىلغان. ئەگەر بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكمى بويىچە بولغان بولسا، بۇ ئىش ناھايىتى ئوچۇق. ئەگەر ئۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە بولغان بولسا، بۇ ھۆكۈم ئۇنىڭغىمۇ شەرئىي قىلىپ بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «چەكلەشكە نىسبەتەن كاپىرنىڭ زىناسى مۇسۇلماننىڭ زىناسى بىلەن ئوخشاش. شۇڭا كاپىرمۇ چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ.

4 ـ ئۇلار «كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرسە، مۇھسەن ئەمەس (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس)» دېگەن ھەدىسنى ئېيپەتلىك مۇسۇلمانغا بوھتان قىلغۇچىغا تېگىشلىك بولغان جازا مۇشرىككا بوھتان قىلغۇچىغا تېگىشلىك بولمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

5 ـ ئۇلار بوھتان قىلغۇچىنىڭ جازاسىغا قىلىنغان قىياسقا قارىتا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «بوھتان قىلغۇچىنىڭ جازاسى ئار ـ نومۇسنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بوھتان قىلىنغۇچىنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن يولغا قويۇلغان. كاپىر ھۆرمىتى قىلىنىشقا لايىق ئەمەس.

[1] سۈرە مائىدە 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

### كۆچلۈك قاراش

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەك بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلاردىن ئىككى زىنا قىلغۇچىنى چالما ـ كېسەك قىلدى. مانا بۇ روشەن پاكىتتۇر.

### ئالتىنچى ھۆكۈم

جازانى ئىجرا قىلىشقا كىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿دەررە ئۇرۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھوقۇقدارلاردىن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە قارىتىلغان خىتابتۇر. چۈنكى، بۇ جازا جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، بۇزۇقچىلىقنى تۈگىتىدۇ، بەندىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەيدۇ. خەلق ئاممىسىغا پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىشنى خەلىپە ياكى خەلىپىگە ياردەملىشىدىغان قازىلار، ۋالىلار ۋە باشقا ھوقۇقدارلار ئىجرا قىلىدۇ. ھۆر ئادەملەرگە يۈرگۈزىدىغان جازانى خەلىپىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ياردەمچىسىنىڭ ئىجرا قىلىدىغانلىقىغا ئۆلىمالار ئىتتىپاق كەلگەن. ئەمما قۇللارنىڭ جازاسى ھەققىدە ئۇلار مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد: «خوجايىنىنىڭ ئۆز قۇلىغا ياكى دېدىكىگە زىنا، ھاراق ۋە بوھتان جازالىرىنى ئىجرا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئوغرىلىق جازاسىنى ئىجرا قىلىش خەلىپىنىڭ ھەققىدۇر» دەيدۇ.

2 ـ ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن جازانى ئىجرا قىلىش خەلىپىنىڭ ھەققىدۇر. خوجايىن جازا ئىجرا قىلىشقا ئىگە بولالمايدۇ، پەقەت خەلىپىنىڭ رۇخسىتى بولغاندىلا ئاندىن ئىگە بولالايدۇ.»

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ۋە ساھابىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

1 ـ ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ دېدىكى زىنا قىلسا، ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇپ جازالىسۇن، ئۇنى ئارتۇق جازالاپ چەكتىن ئاشۇرىۋەتمىسۇن. ئاندىن ئۇ يەنە زىنا قىلسا، ئۇنى چۈپپۈردىن ئېتىلگەن ئارغامچىغا بولسىمۇ سېتىۋەتسۇن!»[1]

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوجايىنغا قۇلىغا تېگىشلىك جازانى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردى.»

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

2 ـ ئـەلـىنىڭ (الله ئۇنــىڭ يۈزىــنى نۇرلاندۇرغۇەتسۇن!) بــىر ھەدىســـىدە پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇل ۋە چۆرىلىرىڭلارغا، ئۇلار توي قىلغان ياكى قىلمىغان بولسۇن، جازالارنى ئىجرا قىلىڭلار.»[1]

3 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما چۆرىلىرىدىن بىرىگە جازا ئىجرا قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىغا ۋە پاچاقلىرىغا ئۇرغان. ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى سالىم ئاتىسىغا: «الله تائالانىڭ ﴿الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى قەيەردە قالدى؟» دېگەن. ئابدۇللاھ: «ئى ئوغۇلچىكىم! مېنى ئۇ دېدەككە ئىچ ئاغرىتتى دەپ ئويلامسەن؟ الله تائالا مېنى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا ئەمىر قىلمىغان» دېگەن[2].

ئـۇلار مۇنــداق دەيــدۇ: «ئـابدۇللاھ ئىبـنى ئۆمــەر ۋالــىيمۇ ئەمــەس، ۋالىيـنىڭ ياردەمچىسىمۇ ئەمەس ئىدى. مانا بۇ خوجايىنىنىڭ جازا ئىجرا قىلىشىنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»

### ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئۇلار ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت زىنا قىلغۇچى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، خىتاب پۈتۈن خالايىققا ئەمەس، مەسئۇللارغا قارىتىلغان. بۇ ئايەت ھۆر بىلەن قۇلنى پەرقلەندۈرمىگەن. شۇڭا ھۆر ئادەملەرگە ۋە قۇللارغا جازا ئىجرا قىلىش ھوقۇقى ئاۋام خەلققە ئەمەس، مەسئۇللارغا بېرىلىدۇ.»

2 ـ ئـۇلار كۆپـچىلىك ئۆلىمـالار دەلىل قىلغـان ھەدىسلەرنى خوجايىنلار قۇللىرىنىڭ ئىشلىرىنى دەررە ئـۇرۇدۇرۇش ۋە جـازا ئىجـرا قىلـدۇرۇش ئۈچـۈن ھاكىملارغا يەتكۈزۈشى، قۇللىرىنىڭ ئىشلىرىدىن سۈكۈت قىلماسلىقى لازىم دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇنداق بولغاندا «قۇل ۋە چۆرىلىرىڭلارغا، ئۇلار توي قىلغان ياكى قىلمىغان بولسۇن، جازالارنى ئىجرا قىلىڭلار» دېگەن ھەدىس شەرىپ: ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ھاكىملارغا يەتكۈزۈڭلار، ئۇلارغا الله بەلگىلىگەن جازالارنى ئىجرا قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ھاكىملاردىن يوشۇرماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دېدەكلىرىدىن بىرىگە دەررە ئۇرغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ قارىشى بولۇپ، ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە قارشى كەلمەيدۇ.»

### كۈچلۈك قاراش

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[2] سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 113 ـ بەت.

www.munber.org

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئوچۇق بايان قىلغانلىقى ۋە ئۇنى تاللانغان ساھابىلارنىڭ ئەمەلى ئىشى كۈچلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن.

### يەتتىنچى ھۆكۈم

دەررە قايسى سۈپەتتە ۋە قانداق ئۇرۇلىدۇ؟

ئۆلىمالار الله تائالانىڭ ﴿الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچىغا تېگىشلىك جازانى، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى سانىنى كېمەيتىش ۋە ياكى يېنىك ئۇرۇشقا ئوخشاش چارىلەر بىلەن يېنىكلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ جازا پەقەت شۇ ئىشتىن توسۇش ۋە تەربىيە بېرىش ئۈچۈنلا يولغا قويۇلغان.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «جازانى ئىجرا قىلىشتا ۋاجىب بولغان ئۇرۇش ئەلەملىك بولۇشى، ئەمما جاراھەتلەندۈرۈپ قويماسلىقى ۋە بەدەننى يېرىۋەتمەسلىكى لازىم. ئۇرغۇچىمۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كۈچەپ ئۇرمايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا جازا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىر ئادەم كەلگەندە، ئۆمەر ئۇرغۇچىغا: قولتۇقۇڭ كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە قولۇڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرمىغىن، ھەر بىر ئەزانىڭ ھەققىنى تولۇق بەرگىن دېگەن. يەنە ئۆمەرنىڭ ئالدىغا ھاراق ئىچكەن بىر ئادەم كەلتۈرۈلگەندە، ئۇ: مەن سېنى چوقۇم ساڭا رەھىم قىلمايدىغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا ئەۋەتىمەن دېگەن. ئاندىن ئۇنى مۇتىئ ئىبنى ئەسۋەدنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ: ئەتە ئەتىگەندە ئۇنىڭغا دەررە ئۇرغىن دېگەن. ئەتىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەندە مۇتىئ ھاراق ئىچكۈچىنى قاتتىق ئۇرۇۋاتاتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلىۋاتامسەن؟ قانچىنى ئۇردۇڭ دېگەن. مۇتىئ: 60 نى دېگەن. ئۆمەر: قالغان 20 نى ئۇنىڭغا قىساس قىلىپ بەرگىن دېگەن. يەنى ئۆمەر جىنايەتچىنى قاتتىق ئۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قالغان 20 دەررىنى قىساس قىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۇرمىغىن دېمەكچى بولغان.»[1]

ئۇرۇش چوقۇم ئوتتۇراھال بولۇش لازىم. چۈنكى، مەقسەت، تېرىنى سويۇۋېلىش ياكى جاننى چىقىرىۋېتىش ئەمەس، ئاغرىق ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ يۇقىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسىدىمۇ بايان قىلىندى. ئۇ، دېدىكىگە دەررە ئۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئوغلى ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «الله تائالانىڭ ﴿الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى قەيەردە قالدى؟» دېدى. ئابدۇللاھ: «ئى ئوغۇلچىكىم! مېنى ئۇ دېدەككە ئىچ ئاغرىتتى دەپ ئويلامسەن؟ الله تائالا مېنى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكىمۇ، تېرىسىنى سويۇپ بېشىغا چىقىرىۋېتىشكىمۇ ئەمىر قىلمىغان، مەن ئۇنى ئۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەلەم تارتقۇزدۇم» دېدى[2].

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 163 ـ بەت.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 319 ـ بەت.

## جازالاردا ئۆرۈشنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىللىكى ئوخشاش بولامدۇ؟

فىقھشۇناسلار جازالارنىڭ قايسىسى ئېغىر؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقان:

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر زىنانىڭ جازاسىنى ئۇرۇش ھاراقنىڭ جازاسىنى ئۇرۇشتىن قاتتىق بولىدۇ، ھاراقنىڭ جازاسىنى ئۇرۇش بوھتاننىڭ جازاسىنى ئۇرۇشتىن قاتتىق بولىدۇ. ئەڭ قاتتىق ئۇرۇش تەنبىھ بېرىش جازاسىنى ئۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر دەپ قارايدۇ.

مالىكى ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر: «جازالارنى ئىجرا قىلىشتا ئۇرۇشنىڭ ھەممىسى تەڭ بولىدۇ، قاتتىق ئۇرۇۋەتمەسلىك ۋە يېنىكمۇ ئۇرماسلىق لازىم. بۇ ئۇرۇش ئوتتۇراھال بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئىمام سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: «زىنانىڭ تايىقى بوھتاننىڭ تايىقىدىن ئېغىر بولىدۇ، بوھتاننىڭ تايىقى ھاراقنىڭ تايىقىدىن ئېغىر بولىدۇ.»

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئۆمەرنىڭ ئىشىنى دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى، ئۆمەر تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن دەررە ئۇرغاندا زىنانىڭ تايىقىدىن قاتتىقراق ئۇرغان.

ئىمام مالىك ۋە شافىئىي مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: جازا بەلگىلىملىرى شەرىئەت بەلگىلىمىرىنى بەلگىلىگۈچىگە باغلىقتۇر، ئۇنىڭدا ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ھېچقانداق يولى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جازانى يېنىكلەتكەن ياكى ئېغىرلاتقانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق رىۋايەت يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن جازالارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولىدۇ.

ئىمام سەۋرى مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: زىنانىڭ جازاسىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغانلىقى بۇ جىنايەتنىڭ چوقۇم ئەڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جازاسىنىڭمۇ بوھتان ۋە ھاراقنىڭ جازاسىدىن ئېغىر بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە ئىمام سەۋرىنىڭ قارىشى ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا يېقىندۇر.

ئىمام جەسساس (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەنەفىي مەزھىبىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالانىڭ ﴿اللہ نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى زىنا قىلغۇچىنى قاتتىق ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت ئۇنى قاتتىق ئۇرۇشنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۇرۇش بوھتان چاپلىغۇچىنى ۋە ھاراق ئىچكۈچىنى ئۇرغاندىن قاتتىق بولۇشى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكۈچىنى خورما ياغىچىنىڭ قوۋۇرزاقلىرى ۋە ئاياقلار بىلەن ئۇرغان. زىنا قىلغۇچى بولسا، تاسما قامچا بىلەن ئۇرۇلىدۇ. مانا بۇ زىنا قىلغۇچىنى ئۇرۇش ھاراق ئىچكۈچىنى ئۇرۇشتىن قاتتىق بولۇشىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۆلىمالار بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ تايىقىنى ئەڭ يەڭگىل تاياق دەپ بېكىتكەن. چۈنكى، بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ بوھتاندا راست سۆزلىگەن بولۇشى، ئۇنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھچىلىرى بولۇشى، بۇ گۇۋاھچىلار زىنا قىلغۇچىنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق

www.munber.org

بىرىشنى يوشۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولۇشى، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بوھتان چاپلىغۇچى جازاغا تېگىشلىك بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ سەۋەب ئۇنىڭ جازاسىنىڭ يېنىك بولۇشىنى ۋاجىپ قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قىلىپ ئېيتقاندا بوھتان چاپلىغۇچىغا گۇۋاھلىقنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر جازا بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۇرۇش جەھەتتىن ئېغىرلىتىش دۇرۇس ئەمەس.»[①]

جازا بەلگىلىملىرىنى بەلگىلەشنىڭ شەرىئەت بەلگىلىمىرىنى بەلگىلىگۈچىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا ئۇنى ئاشۇرۇۋېتىش ياكى كەملىتىپ قويۇش دۇرۇس ئەمەس. پەقەت تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن بولسا، ھاكىمنىڭ جازانى ئېغىرلىتىش ھەققى بار.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا زىنانىڭ ۋە بوھتاننىڭ جازاسىنىڭ قانچە دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ھاراقنىڭ جازاسىغا كەلگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ساھابىلارنى يىغىپ چىقارغان قارارى بويىچە 80 دەررە قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى ۋە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇڭا بەلگىلەنگەن ھەممە جازادا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش دۇرۇس بولمايدۇ.»

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئەگىشىپ، گۇناھ ئىشلارنى ھالال ساناپ كەتمىسە، جازا بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەي ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما كىشىلەر گۇناھكارلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان، گۇناھكارلار بولسا يامان قىلمىشلىرىدىن يانمايدىغان بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن جازانىمۇ ئېغىرلىتىشقا ۋە كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆمەرنىڭ ئالدىغا رامىزان ئېيىدا بىر مەست كەلتۈرۈلدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا ھاراقنىڭ جازاسى ئۈچۈن 80 دەررە، رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن 20 دەررە، جەمئى 100 دەررە ئۇردى. جازالار مانا مۇشۇنداق جىنايەتلەرنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ۋە ھارام نەرسىلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا قارىتا بېرىلسە بولىدۇ. بىر ئادەم بىر كىچىك بالا بىلەن ئويناپتۇ، ۋالى ئۇنى 300 قامچا ئۇرۇپتۇ. بۇ خەۋەر ئىمام مالىكقا (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يېتىپ بارغاندا، ئۇ بۇ جازانى ئۆزگەرتمەپتۇ. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ زامانىمىزدىكى بۇ يامان ئىشلارنى يەنى چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىقى، گۇناھلارنىڭ ئەيمەنمەستىن ئىشلىنىۋاتقانلىقى، يامان ئىشلارنىڭ ئوچۇق ئاشكارا قىلىنىۋاتقانلىقى، جازا بەلگىلىملىرىنىڭ سېتىلىۋاتقانلىقى، قازىلارنىڭ مەنسەبلىرىگە قۇللارنىڭ تەيىنلىنىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە غەم ـ قايغۇ دەستىدىن ئۆلۈپ قالغان، ھېچكىم بىلەن سۆھبەتمۇ قۇرمىغان بولاتتى. بىزگە اللہ كۇپايە قىلغۇچىدۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي ـ ھە!»[②]

## سەككىزىنچى ھۆكۈم

---

[①] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 32 ـ بەت.

[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 164 ـ بەت. ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1315 ـ بەت.

## جازادا ئۆرۈلدىغان ئەزالار قايسىلار؟

ئۆلىمالار جازانى ئۇرغاندا يۈزگە، ئەۋرەتكە ۋە ئۆلدىغان يەرگە ئۇرماسلىقنىڭ لازىملىقى ھەققىدە ئىتتىپاق كەلگەن. ھەتتا ئىبنى ئەتىييە ئۆلىمالارنىڭ مەزكۇر جايلارغا ئۇرماسلىقتا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. لېكىن ئۇلار باشقا ئەزالارغا ئۇرۇش ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلارغا كەلگەن:

ئىبنى جەۋزى «زادۇل مەسىر» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قايسى ئەزالارغا ئۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىمام ئەھمەدنىڭ زىنا قىلغۇچىنى جازالاش ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۇنىڭ كىيىمى سالدۇرۇلىدۇ، ھەر بىر ئەزاغا تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ يۈزگە ۋە بېشىغا ئۇرۇلمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: باشقا، يۈزگە ۋە زەكەرگە ئۇرۇلمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفىنىڭمۇ قارىشىدۇر. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: دۈمبىدىن باشقا يەرگە ئۇرۇلمايدۇ. ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: جان يەرگە ۋە يۈزگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىدۇ.»[1]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار باشقا ئۇرۇش مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى، كۆپچىلىك ئۆلىمالار باشقا ئۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم، دېدى. ئىمام ئەبۇ يۈسۈف باشقىمۇ ئۇرۇلىدۇ، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەبىغ[2] دېگەن ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرغان، ئۇ رەسمىي جازا ئۈچۈن ئەمەس، تەنبىھ جازاسى ئۈچۈن ئۇرۇلغان.»

يۈز بىلەن ئەۋرەتكە كەلسەك، ئۇ ئىككىسىگە ئۇرۇشنىڭ ھارام‍لىقى ئىتتىپاق كەلگەن مەسىلىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىرىڭلار ئۇرسا، يۈزگە ئۇرۇشتىن ساقلانسۇن.»[3]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ ئالدىغا مەس بولۇپ قالغان ياكى باشقا بىر جازاغا لايىق بولغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلدۇ. ئەلى جازانى ئىجرا قىلغۇچىغا: «ئۇنى ئۇرغىن، ھەر بىر ئەزانىڭ ھەققىنى تولۇق بەرگىن، يۈزگە ۋە ئەۋرەتكە ئۇرۇشتىن ساقلانغىن. ئەۋرەتكە ئۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم، چۈنكى، ئۇ جان يەردۇر» دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ئۇنىڭ بېشىغا ۋە ئەۋرىتىگە ئۇرۇشتىن ساقلانغىن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ئەزانىڭ تېگىشلىك ھەققىنى بەرگىن.»[4]

كۆپچىلىك ئۆلىمالار باشقا ئۇرۇشنىڭ ھارام‍لىقىغا ئەلىدىن رىۋايەت قىلىنغان يۇقىرىدىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدا باشقا ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقىنى

---

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىت تەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 8 ـ بەت.
[2] سەبىغنىڭ تولۇق ئىسمى سەبىغ ئىبنى ئۇسەيل بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئۇسۇل قىلىش ئۈچۈن قىيىن ۋە مۈشكۈل بولغان سوئاللارنى سورايتتى.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[4] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 321 ـ بەت.

www.munber.org

كۆرستىدىغان دەلىل بار. ئۇلار مۇنداق، دەيدۇ: «باشمۇ يۈزگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ. باشقا ئۇرۇش قۇلاققا ۋە كۆزگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. باشقا ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئەقلىدىن كېتىش يۈز بېرىشمۇ مۇمكىن.»

ئىمام شافىئىي ۋە ئەبۇ يۇسۇف باشقا ئۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقىغا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر ۋەقەنى دەلىل قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ ئوغلىدىن تانغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئەبۇ بەكرى: «ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغىن، ئۇنىڭ بېشىغا شەيتان كىرىۋاپتۇ» دەيدۇ. ئۇلار يەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ۋەقەنى دەلىل قىلىدۇ: سەبىغ ئىبنى ئۇسەيل قىيىن ئەھۋالغا قالدۇرۇش مەقسىتىدە ﴿(تۇپراقنى) سورىغۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىغاندا، ئۆمەر ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغان.

ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىغا كەلسەك، ئۇ، پۈتۈن جازالار دۈمبىگە ئۇرۇلۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىلى بولسا، سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ئەمەللىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولۇپ، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە خوتۇنىغا بوھتان چاپلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۇنى ئىسپاتلىغىن، بولمىسا دۈمبەڭگە دەررە ئۇرۇلىدۇ» دېگەن[1].

دەررە ئۇرۇلغۇچىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ياتقۇزماستىن ئۆرە تۇرغۇزۇپ ئۇرۇش لازىم. بۇنىڭدىن بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ جازاسى مۇستەسنا. ئۇ كىيىمى سالدۇرۇلماي ئۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەت ئورىنىۋالغان كىيىم ۋە تېرە كىيىم سالدۇرىۋېتىلىدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ كىيىمى شۇ پېتى قالدۇرۇلىدۇ ۋە ئەۋرىتىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئولتۇرغۇزۇپ ئۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى يەھۇدىينى چالما ـ كېسەك قىلدى[2] دەپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى: «مەن ئۇ ئەرنىڭ تاشقا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ ئايالنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تاشتىن قوغداۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن. مانا بۇ ئەرنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى، ئايالنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

## توققۇزىنچى ھۆكۈم

### جازالاردا شاپائەت قىلىش هارام

جازالاردا شاپائەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ شاپائىتى الله تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن بىر جازانى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇ الله تائالاغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان بولىدۇ.»[3] چۈنكى، جازالار پەقەت يامان ئىشنى قىلىشتىن توسۇش ۋە ئەيىبلەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. شاپائەت بۇ

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 162 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئۇقۇمنى يوققا چىقىرىدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرمەيدۇ. مەزكۇر ئايەت شاپائەت قىلىشنىڭ ھارامل‍ىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا ئۇنىڭدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار﴾. سەلەف ئۆلىمالىرى بۇ ئايەتنى مۇنداق ئىككى چۈشەنچىنىڭ بىرى بىلەن چۈشەندۈرگەن:

1 ـ بۇ ئايەت: ئۇلارغا رەھىم قىلىپ جازانى يېنىكلىتىدىغان ئىشنى قىلماڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە ھەسەن بەسرىنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ بۇ ئايەت: ئۇلارغا رەھىم قىلىپ جازانى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مۇجاھىد ۋە شەئبىنىڭ قارىشىدۇر.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئايەتنى يۇقىرىدىكى ئىككىلا نوقتىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ چۈشىنىمەن. ھېچكىمنىڭ زىنا قىلغۇچىغا رەھىم قىلىپ جازانى بىكار قىلىشقا ياكى ئۇنى يېنىكلىتىشكە ئورۇنىشى دۇرۇس ئەمەس.»[1]

شاپائەت جازانى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھارامدۇر. جازالاردا شاپائەت قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرەيشلەر مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئوغرىلىق قىلغان ھېلىقى ئايالنىڭ ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەتتى. ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئايال ھەققىدە كىم گەپ قىلىدۇ؟ دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار: پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن دوستى ئۇسامە ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن بىر بەلگىلىمىدە شاپائەت تىلەمسەن؟» دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلىدى ۋە: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر شۇ سەۋەبتىن ھالاك قىلىندىكى، ئەگەر ئۇلار ئىچىدە ئابرۇيلۇق بىرى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇلار ئۇنى جازالىمايتتى. ئەگەر ئاجىز بىرى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇلار ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلاتتى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ قولىنى چوقۇم كېسەتتىم» دېدى.

جازالاردا شاپائەت قىلىشنىڭ ھارام بولغىنىدەك، خەلىپىنىڭ شاپائەتنى قوبۇل قىلىشىمۇ ھارام بولىدۇ. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر ئوغرىنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن زۇبەير ئۇ ئادەمدىن ئۇ ئوغرىنى قويۇۋېتىشنى تىلىگەن. ئۇ ئادەم: ياق، مەن ئۇنى خەلىپىگە تاپشۇرۇپ بەرمىگىچە قويۇۋەتمەيمەن، دېگەن. زۇبەير: شاپائەت پەقەت ئۇنى خەلىپىگە

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1314 ـ بەت.

www.munber.org

يەتكۈزۈشۈشىدىن ئىلگىرى بولىدۇ. ئۇ خەلىپىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن شاپائەت قىلغۇچىمۇ، شاپائەتنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، دېگەن[1].

## ئونىنچى ھۆكۈم

### جازا ئۈستىگە ھازىر بولۇش ۋە ئۇنى ئۆز كۆز بىلەن كۆرۈش

اﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى جازانى ئىجرا قىلغاندا بىر توپ مۆمىنلەرنىڭ ھازىر بولۇشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. زىنا قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىغا ئۇلارنىڭ ھازىر بولۇشىدىكى مەقسەت كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئىبرەت قىلىش ۋە ۋەز - نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ بىر تۈركۈم مۆمىنلەرنىڭ قانچىلىك بولۇشى ھەققىدە ئۆلىمالار تۆۋەندىكىدەك قاراشلارغا كەلگەن:

1 - ئاز دېگەندە بىر ئادەم بولسىمۇ بولىدۇ، يۇقىرىسىنىڭ چېكى يوق. بۇ مۇجاھىدنىڭ قارىشىدۇر.

2 - ئاز دېگەندە ئىككى ئادەم بولسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا تېخى ياخشى. بۇ ئىكرىمە ۋە ئەتائىنىڭ قارىشىدۇر. مالىكىي مەزھىبىدىكىلەر مۇشۇ قاراشنى تۇتقا قىلغان.

3 - ئاز دېگەندە ئۈچ ئادەم بولسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا تېخى ياخشى. چۈنكى، جامائەتنىڭ ئەڭ ئېزى ئۈچ ئادەمدۇر. بۇ زۆھرىنىڭ قارىشىدۇر.

4 - ئاز دېگەندە تۆت ئادەم بولسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا تېخى ياخشى. زىناغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ سانىمۇ تۆت ئادەمدۇر. بۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قارىشىدۇر. شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر مۇشۇ قاراشنى تۇتقان. بۇ ئەڭ توغرا بولغان قاراشتۇر.

ئىمام زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مەزكۇر قاراشلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «توغرىسى شۇكى، زىنا چوڭ گۇناھلارنىڭ ئانىسىدۇر. شۇڭا اﷲ تائالا ئۇنى شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن بىر يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار اﷲ قا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اﷲ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ...﴾[2]. ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[3].

---

[1] ئىمام مالىك ۋە بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە فۇرقان 68 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىسرا 32 - ئايەت.

بۇ ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى بولغاچقا، اللّٰه تائالا ئۇنىڭ جازاسىنى تولۇق يۈز دەررە قىلىپ بېكىتتى، چالما ـ كېسەك قىلىشتىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈشنى بەلگىلىدى، مۆمىنلەرنى دەررە ئۇرۇلغۇچىغا رەھىم قىلىشتىن توستى، بۇ جازانىڭ نامىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم مۆمىنلەرنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ھازىر بولۇشقا بۇيرۇدى. شۇڭا بۇ جازا ئۈستىگە ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتكىدەك بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھازىر بولۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. بىر ياكى ئىككى ئادەم ئۇنچىلىك ئورۇننى ئىگەللىيەلمەيدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ﴿مۆمىنلەر﴾ دەپ ئۇلارنى خاس تىلغا ئالدى. چۈنكى، بۇ جازالانغۇچى ئۈچۈن ناھايىتى بەك رەسۋالىقنى بىلدۈرىدۇ. گۇناھكار ئادەم ئۆزىنىڭ قەۋمىنىڭ ياخشى ئادەملىرى ئارىسىدا بەك خىجالەت تارتىدۇ. بۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنۇ سۆزى ئىسپاتلايدۇ: «ھازىر بولىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى اللّٰه قا ئىشىنىدىغان تۆتتىن قىرىققىچە ئادەم بولۇشى كېرەك!»[1]

## ئون بىرىنچى ھۆكۈم

بەچچىۋازلىق قىلىش، ئاياللارنىڭ ئۆزئارا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى ۋە ھايۋانلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھۆكمى نېمە؟

بەچچىۋازلىق ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ سەت جىنايەتتۇر. ئۇ ئىنسانلىقتىن چىقىپ كەتكەنلىكنى، ئەقلىنىڭ بۇلغانغانلىقىنى ۋە كۆڭۈل ھېسسىياتىنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بەچچىۋازلىق ئەر بىلەن ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. اللّٰه تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر﴾[2].

بەچچىۋازلىق لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە نىسبەتەن لىۋاتە دەپ ئاتالغان. بۇ سەت قىلىق ئۇلار ئارىسىدا پەيدا بولغان. اللّٰه تائالا ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغان. ئۇلارنى يەرگە يۇتكۈزىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ پاسكىنا قىلمىشلىرىنى جازالاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ساپال تاشلارنى ياغدۇرغان. بۇ جازانى كېيىنكى ئۈممەتلەرگە ئىبرەت قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى قۇرئاندا ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ئايەتلەردىن قىلغان. ﴿بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىر ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى، ئۇ يۇرتلار زالىملار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن يىراق ئەمەس﴾[3].

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 166 ـ بەت.
[2] شۇئەرا 165 ــ 166 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە ھۇد 82 ــ 83 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ئىمام شەۋكانى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ جىنايەتنى ئىشلىگەن، بۇ رەزىل ۋە سەت گۇناھنى قىلغان ئادەمنىڭ ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۇچۇن ئىبرەت قىلىنغىدەك جازا بىلەن جازالىنىشى، ھەددىدىن ئاشقۇچى پاسىقلارنىڭ شەھۋىتىنى سۇندۇرىدىغان ئازاب بىلەن ئازابلىنىشى نىمىدېگەن ھەقلىق ـ ھە! جاھان ئەھلىدىن ئىلگىرى ھېچكىم قىلمىغان قەبىھ ئىشنى قىلغان قەۋمنىڭ قىلمىشىنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ جازاسىغا ئوخشاش ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئېغىر جازا بىلەن جازالىنىشى تولىمۇ ھەقلىق بولغان بىر ئىشتۇر. اللہ تائالا ئۇلارنى ھەقىقەتەن يەرگە يۇتقۇزىۋەتتى. ئەنە شۇ ئازاب بىلەن ئۇلارنىڭ قېرى ـ ياش ھەممىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن تارتىپ يوقاتتى.»[1]

## فىقھىشۇناسلارنىڭ بەچچىۋازلىق ھەققىدىكى قارىشى

ھايۋانلارمۇ يامان كۆرىدىغان بۇ جىنايەت ھەقىقەتەن ئىنتايىن قەبىھ، ئىنتايىن ئېغىر جىنايەتتۇر. ئەركەك ھايۋاننىڭ ئەركەك ھايۋانغا سەكرىگىنىنىمۇ كۆرۈپ قالمايمىز. بىراق بۇ بۇزۇقچىلىق ئىنسانلار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا بىز كىسىپ ئېيتالايمىزكى، بۇ تۈردىكى بۇزۇقچىلىق ئەخلاقىي پاسىكىنىلىقتۇر، دىلدىكى خەتەرلىك كېسەلدۇر، ئىنسانلىقنىڭ تېشىغا چىقىپ كەتكەنلىكتۇر، بۇ گۇناھنى ئىشلىگۈچىنى ئەڭ قاتتىق جازا بىلەن جازالاش لازىم.

فىقھىشۇناسلار بۇ جازانىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەشتە ئۈچ خىل قاراشقا كەلگەن: بىرىنچى قاراشتىكىلەر قەتئىي ئۆلتۈرۈش لازىم، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى قاراشتىكىلەر زىنانىڭ جازاسىغا ئوخشاش جازا بېرىش لازىم، دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى قاراشتىكىلەر تەنبىھ بېرىش جازاسىنى قوللىنىش لازىم، دەپ قارايدۇ.

## بىرىنچى قاراشتىكىلەر

بىرىنچى قاراشتىكىلەر ئىمام مالىك ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىينىڭمۇ بىر قارىشى مۇشۇنداق بولغان. ئۇلار: بەچچىۋازلىق قىلغۇچى مەيلى توي قىلمىغان ياكى توي قىلغان بولسۇن، مەيلى قىلغۇچى ياكى قىلىنغۇچى بولسۇن، ئۇنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىبارەتتۇر دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بىر قىسىم ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشنى توغرا تاپقان. ھەنبەلى مەزھىبىدىكى بەزى ئۆلىمالار ساھابىلارنىڭ بەچچىۋازلىق قىلغۇچىنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇلار تۆۋەندىكى دەلىللەرنى دەلىل قىلىدۇ:

1 ـ «لۇت قەۋمىنىڭ ئەمەلىنى قىلغان كىشىنى تېپىۋالساڭلار، قىلغۇچىنىمۇ، قىلىنغۇچىنىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار»[2] دېگەن ھەدىس.

---

[1] ئىمام شەۋكانىنىڭ «نىيلۇلئەۋتار» ناملىق كىتابىنىڭ جازالار بۆلۈمىگە قاراڭ.
[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

2 ـ ئەلىدىن (اللە ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ بۇ ئىشنى قىلغان كىشنى يەنى بەچچىۋازلىق قىلغان كىشنى چالما ـ كېسەك قىلغان[1]. ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ دەلىل بىلەن، بۇ ئىشنى قىلغان كىشنى، مەيلى ئۇ توي قىلغان بولسۇن ياكى توي قىلمىغان بولسۇن، چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىنى ئالىمىز.»

3 ـ ئۇلار يەنە ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ۋەقەنى دەلىل قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى يىغىپ ئۇلاردىن خۇددى خوتۇن كىشى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىنغاندەك جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىنغان ئەر كىشىنى قانداق قىلىش مەسىلىسىنى سورىغان. شۇ كۈنى ساھابىلار ئىچىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئەڭ قاتتىق تۇرۇپ: «بۇ بىر گۇناھ بولۇپ، ئۇنى بىر ئۈممەتتىن باشقا ھېچ ئۈممەت قىلمىغان، اللە شۇ بىر ئۈممەتنى قانداق جازالىغانلىقىنى بىلىسىلەر، ئۇنداق ئادەمنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىشىڭنى توغرا دەپ قارايمىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە خەت يېزىپ ئۇنداق ئادەمنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان[2].

بەچچىۋازلىق قىلغۇچىنى قانداق ئۆلتۈرۈش كېرەك؟

بەچچىۋازلىق قىلغۇچىنى ئۆلتۈرۈش قارىشىدىكىلەر ئۇنى قانداق ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكى قاراشلارغا كەلگەن: بىرىنچى، ئۇ مۇرتەدكە ئوخشاش بويىنىدىن چېپىپ تاشلىنىشى لازىم. بۇ قاراش ئەبۇ بەكرى ۋە ئەلىدىن رىۋايەت قىلىنغان. ئىككىنچى، تاش بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىنىشى لازىم. بۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام مالىك ۋە ئەھمەد مۇشۇ قاراشنى تۇتقان قىلغان. ئۈچىنچى، تاغنىڭ چوققىسىدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىمام مالىكنىڭ مەشھۇر قارىشىدۇر. تۆتىنچى، تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ قاراش ئەبۇ بەكرى سىددىقتىن رىۋايەت قىلىنغان.

اللە تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ئەنە شۇ جازالارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئازابلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىمالار مەزكۇر ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلغان. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق﴾. ئۇلار قىلمىشلىرى ئەڭ ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق جازاغا تېگىشلىك بولغان.

## ئىككىنچى قاراشتىكىلەر

ئىمام شافىئىي بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى زىنانىڭ جازاسىغا ئوخشاش بولىدۇ، توي قىلمىغان بەچچىۋاز يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ، توي قىلغان بەچچىۋاز چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەتائ، قەتادە، نەخەئى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە باشقىلارغا

---

[1] ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئوخشاش بەزى تابىئىنلارنىڭ مۇشۇ قاراشتا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇلار ئۆز قاراشلىرىغا ھەدىستىن، ئەقلىي جەھەتتىن ۋە قىياستىن دەلىل كەلتۈرىدۇ.

ھەدىستىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئەر ئەرگە كەلسە، ئىككىلىسى زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ.»[1] بۇ ھەدىس بەچچىۋازنىڭ ھۆكمى زىنا قىلغۇچىنىڭ ھۆكمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەقلىي دەلىلگە كەلسەك، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «زىنا دېمەك ئالدى تەرەپنى ئالدى تەرەپكە كۆڭۈل جەھەتتە ھېسسىياتى قوزغالغان، شەرىئەت جەھەتتە ھارام قىلىنغان يول بىلەن كىرگۈزۈش دېمەكتۇر. ئارقا تەرەپمۇ ئالدى تەرەپكە ئوخشايدۇ، مۇناسىۋەت قىلغاندا ئالدى تەرەپ كىرىلىپ يىغىلغاندەك ئارقا تەرەپمۇ كىرىلىپ يىغىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكمى زىنانىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.»

قىياسىي دەلىلگە كەلسەك، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچىلار ھەققىدە بايان قىلىنغان دەلىللەر گەرچە بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسىمۇ، لېكىن قىياس قىلىش يولى بىلەن بەچچىۋازلىقنى زىناغا قوشۇشقا بولىدۇ. شەھۋەتنى قاندۇرۇش ھېسسىيات قوزغالغان ھالەتتە ئالدى تەرەپ بىلەن ھاسىل بولغىنىدەك، بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلارمۇ شەھۋەتنى قوزغىتىش بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا، ئارقا تەرەپتىمۇ ھاسىل بولىدۇ. ئۇ توسۇشقا تېگىشلىك قەبىھ گۇناھتۇر. ئۇنى توسۇش ئۈچۈن جازا قوللىنىش لازىم.»[2]

## ئۈچىنچى قاراشتىكىلەر

ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئۆلىمالىرى بەچچىۋازلىق ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ سەت گۇناھ، لېكىن ئۇ زىناغا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا جازاسىمۇ زىنانىڭ جازاسى بىلەن تەڭ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت تەنبىھ بېرىش جازاسى قوللىنىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆز قاراشلىرىغا تۆۋەندىكىلەرنى دەلىل قىلىدۇ:

1 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «زىنا لۇغەت جەھەتتىمۇ لىۋاتەنىڭ ئۆزى ئەمەس. زىنا ئەرنىڭ ئايال بىلەن ئالدى تەرىپىدىن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىغا قويۇلغان ئىسىمدۇر، لىۋاتە ئەرنىڭ ئەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىغا قويۇلغان ئىسىمدۇر. قۇرئاننىڭ بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىگە قارىمامسەن: ﴿سىلەر ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلۈۋىلىكلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ بەلكى سىلەر نادان قەۋمسىلەر﴾[3] ﴿سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە

---

[1] سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 114 ـ بەت.
[2] شافىئى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرىنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 132 ـ بېتىگە قاراڭ.
[3] سۈرە نەمل 55 ـ ئايەت.

قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر﴾[1]. اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنى زىناغا نىسبەت بەرمەستىن، نادانلىقا ۋە ھەددىدىن ئېشىشقا نىسبەت بەرگەن.

2 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىمۇ (يەنى كىشىلەرنىڭ تونۇشىمۇ) ھەم بەچچىۋازلىقنىڭ زىنا ئىكەنلىكىگە ئېتىراز بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئاياللار بىلەن پاھىشە قىلغان كىشى زىناخور دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرلەر بىلەن پاھىشە قىلغان كىشى بەچچىۋاز دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ بۇ ئۇقۇمنى تونۇپ كەلگەن. مەسىلەن، بىر ئادەم زىنا قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلغاندىن كېيىن لىۋاتە قىلسا ياكى لىۋاتە قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلسا، ئۇنىڭ قەسىمى بۇزۇلمايدۇ.»

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلار ئەرەب لۇغىتىنىڭ مەنىلىرىنى ۋە تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر تۇرۇقلۇق بەچچىۋازلىقنىڭ ھۆكمىدە ئىختىلاپ قىلغان تۇرسا، قانداقمۇ بەچچىۋازلىقنى زىنا دېگىلى بولسۇن! ئەگەر ئۇ زىنا بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە قۇرئاننىڭ دەلىلى ئۇلارنى ئىختىلاپ قىلىشتىن ۋە ئىجتىھاد قىلىشتىن بىھاجەت قىلغان بولاتتى.»

4 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بەچچىۋازلىقنى زىناغا قىياس قىلىش توغرا ئەمەس، چۈنكى، زىناغا كۆڭۈل تارتىدۇ، ھېسسىيات قوزغىلىدۇ. بەچچىۋازلىق ئۇنىڭ تامامەن ئەكسىدۇر. ئۇنى كۆڭۈل تارتمايدۇ، ھەتتا ھايۋانلارمۇ ئۇنى يامان كۆرىدۇ. ئۇ كۆڭۈلدە پاسكىنا ھېسابلىنىدىغان، ساغلام تەبىئەت مايىل بولمايدىغان بىر ئىش تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭغا ھېسسىيات قوزغىلىدۇ؟ ئەگەر بەچچىۋازلىق قىلىشقا كۆڭۈل تارتىدۇ، دېگەننى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، زىنانىڭ زىيىنى تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدىن نەسەبنىڭ بۇلغىنىشى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنى توسۇشقا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.»

5 ـ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھالال بولىدۇ: نىكاھلانغاندىن كېيىن زىنا قىلىش، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولۇش ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھالال بولىدۇ.»[2]

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئۈچ ئىشنىڭ بىرىدىن باشقا ئىشتا مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن. بەچچىۋازلىق قىلغۇچى بۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ زىنا دەپ ئاتالمايدۇ. ئەگەر ئۇ زىنانىڭ ئورنىدا بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىلغۇچىنىمۇ، قىلىنغۇچىنىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھۆكمىدە توي قىلغان ئادەم بىلەن توي قىلمىغان ئادەمنى ئەلۋەتتە پەرقلەندۈرگەن

[1] سۈرە شۇئەرا 165 ــ 166 ـ ئايەتلەر.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى پەرقلەندۈرمىگەنلىكى ئۇ جازانىڭ رەسمىي جازا سۈپىتىدە ئەمەس، تەنبىھ بېرىش سۈپىتىدە ۋاجىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھاكىمنىڭ تەنبىھ بېرىش جازاسىنى قوللىنىشى ئۈچۈن يول كەڭرىدۇر.»

يۇقىرىدىكىلەر ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ دەلىللىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

ئىمام شەۋكانى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغان بىرىنچى قاراشنى كۈچلەندۈرۈپ، شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەبلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئاجىز دەپ باھا بەردى. ئۇنىڭ بۇ كۈچلەندۈرۈشىنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىمالى ئىنتايىن يېقىن. چۈنكى، بەچچىۋازلىق جىنايىتى ئىنتايىن چوڭ جىنايەت بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلايدىغان، ھەددىدىن ئاشقۇچى پاسىقلارنىڭ شەھۋىتىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، بۇزۇقچىلىققا ھەمدە بۇزغۇنچىلارغا خاتىمە بېرىدىغان قاتتىق ۋە ئېغىر جازانىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىبرەت ئالغۇچىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنى كۆيدۈرۈپ ياكى تامغا باستۇرۇپ ياكى چالما ـ كېسەك قىلىپ ۋە ياكى تاغ چوققىسىدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈش جازاسىنى ئىجرا قىلىشتىن پايدىلىقراق ۋە لايىقراق جازا يوق. بۇ جازانى ئىجرا قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لۇت قەۋمىنىڭ قىلىقىنى قىلغان كىشىنى تېپىۋالساڭلار، قىلغۇچىنىمۇ، قىلىنغۇچىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار»[1] دېگەن ھەدىسىنى ئەمەللەشتۈرگەن بولىدۇ.

## ئاياللارنىڭ ئۆزئارا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىنىڭ ۋە ھايۋانلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئايال بىلەن ئايالنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ھۆكمىگە كەلسەك، فىقھىشۇناسلار ئۇنىڭدا پەقەت تەنبىھ[2] بېرىش جازاسىنىڭ بارلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ھايۋانلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ھۆكمىگە كەلسەك، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ جازاسىنىڭمۇ تەنبىھ جازاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئىمام ئەھمەدنىڭ (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) رىۋايەتلىرىدىن بىرىدە ئۇ: ھايۋان بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغۇچىنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، ئۇمۇ بەچچىۋازلىق قىلغۇچىغا ئوخشاش بولۇپ، قىلغۇچى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھايۋانمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ قارىغان.

مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان قەبىھ ۋە يامان ئىشلارنى قىلغان كىشىنىڭ ھايۋاندىن پەس ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. لېكىن كۈچلۈك قاراش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

### ئون ئىككىنچى ھۆكۈم

### زىنا جىنايىتى قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[2] يەنى شۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە ئۇنىڭغا توسۇشلارغا بىلدۈرگەن ئىپادىسىگە قارىتا تەنبىھ جازاسىمۇ ئېغىر ـ يېنىك بولىدۇ. ئېغىر بېرىلىشكە توغرا كېلىدىغانلارغا ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

زىنا ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ بولغاچقا، ئۇنىڭ جازاسىمۇ ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، زىنا قىلغۇچى دەررە ئۇرۇلىدۇ ياكى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى بۇ جازانى قاتتىق شەرتلەر ئاستىدا ئىجرا قىلىدۇ، ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئادا قىلىشقا لايىق، ئادىل ئەرلەر بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ بۇ پاھىشەنى خۇددى سۈرمە پىلىكىنىڭ سۈرمىدانىنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىگە ئوخشاش ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بولۇشىنى پەرز قىلىدۇ. بۇ جىنايەتنى ئىشلىگۈچى شەخس (اللە ساقلىسۇن!) ھايۋانغا ئوخشاش يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئىشلىمىسە، بۇ گۇۋاھلىقنىڭ ئاسان ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىدە ھېچ شەك يوق.

## زىنادا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ شەرتلىرى

شەرىئەت بەلگىلىگۈچىنىڭ گۇۋاھلىق شەرتلىرىنى بۇ قەدەر ئېغىرلىتىشتىكى مەقسىتى گۇناھسىز كىشىلەرگە ناھەق بوھتان چاپلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئەڭ ئاز دېگەندە ئۆمۈر بويى بىئارام قىلىدىغان ئار نومۇسنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك بولغان رەسۋالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا زىناغا گۇۋاھلىق بېرىشكە تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى كېرەك:

1 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار﴾[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن، تۆت گۇۋاھچى بولۇشى لازىم. باشقا ھەقلەردە بولسا، پەقەت ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

2 ـ گۇۋاھچىلار ئەرلەر بولۇشى لازىم. بۇ گۇناھنى ئىسپاتلاشتا ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، اللە تائالا: ﴿ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى﴾ يەنى تۆت ئەر، دېدى. اللە تائالا يەنە: ﴿(بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەر...﴾[2] دېدى. ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا ئاساسەن بۇ گۇۋاھچىلار ئەرلەردىن بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار﴾[3] دېگەنلىكى ۋە: ﴿ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾[4] دېگەنلىكى ئۈچۈن گۇۋاھچىلارنىڭ ئادىل كىشىلەر بولۇشى لازىم.

4 ـ گۇۋاھچىلار ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلار بولۇشى لازىم. بۇ شەرتلەر ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىشنىڭ شەرتلىرىدۇر.

---

[1] سۈرە نىسا 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نۇر 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەلاق 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇجۇرات 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

5 ـ ئۇلار ئەرنىڭ زەكىرىنى ئايالنىڭ شۇ يېرىنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى خۇددى سۈرمە پىلىكىنىڭ سۈرمىداننىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى، قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان ئارغامچىنىڭ قۇدۇق ئىچىگە كىرگەنلىكىنى كۆرگەندەك ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «گۇمانلىق بولۇپ قالغان جازالارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭلار.» ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر كۆرپىدە بولۇشى، بىراق ئۇ ئىككىسىدىن زىنا جىنايىتى سادىر بولمىغان بولۇشى مۇمكىن.

6 ـ گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ۋە بىر ئورۇندا گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم كەلسە، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

زىنانىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن يۇقىرىدىكى شەرتلەر شەرت قىلىنىدۇ. ئۇ بىرىنچى يولدۇر.

زىنانى ئىسپاتلاشنىڭ ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت مۇنداق ئىككىنچى يولمۇ بار: زىنا قىلغۇچى شەخس ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ، زىنانى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىدۇ. ئالىملار ئېيتقاندەك، ئىقرار بىرىنچى دەرىجىلىك دەلىلدۇر. ﴿بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر﴾[①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىز ئىسىملىك ئەر بىلەن غامىدىيە ئىسىملىك ئايالنىڭ ئىقرارىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى دەلىل كەلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلماستىن، پەقەت ئېتىراپ قىلغانلىقلىرىغا ئاساسەن ئۇلارغا جازا ئىجرا قىلغان. لېكىن ئىقرار ئىشىدىمۇ ئىسپات تەلەپ قىلىنىدۇ. بەزى فىقھشۇناسلار ھامىلدارلىقنى زىنا قىلغانلىقنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە زىنا جازاسى پەقەت ئىقرار قىلىش يولىغا ئاساسەن ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، ئىككى ھادىسىدە يۈز بەرگەن. بۇ ئىككى ھادىسىنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ مائىز ئەسلەمىنىڭ قىسسىسى

مائىز ئىبنى مالىك ئەسلەمى بىر يېتىم بالا بولۇپ، ھەززال ئىبنى نۇئەيمنىڭ تەربىيىسىدە ئىدى. ئۇ ئۆز مەھەللىسىدىن بىر قىز بىلەن زىنا قىلىپ قالىدۇ. ھەززال ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ قىلغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ گۇناھىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ قويۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مائىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئىدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن زىنا قىلدىم، دەپ نىدا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا تەرەپكە قارىۋالىدۇ ۋە:

[①] سۈرە قىيامەت 14 ـ ئايەت.

«ۋاي سېنىڭ هالىڭغا! سەن قايتىپ كېتىپ الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلغىن» دەيدۇ. ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن زىنا قىلدىم دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا تەرەپكە قارىۋالىدۇ. ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى پاكلاپ قويغىن، مەن زىنا قىلدىم دەيدۇ. ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۇنىڭغا: ئەگەر تۆتىنچى قېتىم يەنە ئىقرار قىلىدىغان بولساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سېنى چوقۇم جالما ـ كېسەك قىلىدۇ، دەيدۇ. لېكىن ئۇ بۇ سۆزگە ئۇنىماي: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن زىنا قىلدىم، مېنى پاكلاپ قويغىن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «سۆيۈپ قويغان ياكى كۆز تاشلاپ قويغان ۋە ياكى قاراپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن» دەيدۇ. ئۇ: ياق دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭدىن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغانلىقنى ئوچۇق بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن سورىغاندا، ئۇ: هەئە، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «سېنىڭ شۇ نەرسەڭ ئۇ ئايالنىڭ شۇ نەرسىسى ئىچىگە تولۇق كىرىپ كەتتىمۇ؟» دەيدۇ. ئۇ: هەئە، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «سۈرمە پىلىكى سۈرمەداننىڭ ئىچىگە، قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان ئارغامچا قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەكمۇ؟» دەيدۇ. ئۇ: هەئە، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭدىن: «زىنانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: هەئە، بىر ئەر ئايالىغا هالال يول بىلەن كەلسە، مەن ئۇ قىزغا هارام يول بىلەن كەلدىم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بۇ سۆزۈڭ بىلەن نېمە دېمەكچى؟» دەيدۇ. ئۇ: مەن سېنىڭ مېنى پاكلاپ قويۇشۇڭنى خالايمەن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە تېگىۋاتقان تاشلارنىڭ ئاغرىقىنى هېس قىلغاندىن كېيىن كىشىلەرگە: ئى خالايىق! مېنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، مېنىڭ قەۋمىم مېنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلىۋاتىدۇ، ئۇلار مېنىڭ جېنىمنى هالاكەتكە ئىتتىرىۋاتىدۇ، مەندىن خەۋەر بېرىڭلاركى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مېنىڭ قاتىلىم ئەمەس، دەپ توۋلايدۇ. لېكىن كىشىلەر ئۇنى تاش ـ كېسەكلەر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئېيتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇنى قويۇۋەتكەن بولساڭلار بوپتىكەن، ئۇ تەۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلار ئىدى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەزى ساهابىلارنىڭ ئۇنىڭ هەققىدە سۆزلەپ: ئىت چالما ـ كېسەك قىلىنغاندەك چالما ـ كېسەك قىلىندى، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئاچچىقلايدۇ ۋە: «ئۇ هەقىقەتەن پۈتۈن ئۈممەتكە تەقسىم قىلسا، ئەلۋەتتە كەڭرى يەتكىدەك تەۋبە قىلدى» دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ هازىر جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدە يۈيىنىۋاتىدۇ» دەيدۇ[1].

## 2 ـ غامىدىيەنىڭ قىسسىسى

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىدۇكى، غامىدىيە ئىسىملىك بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن زىنا قىلدىم، مېنى پاكلاپ قويغىن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتۇرىۋېتىدۇ. ئۇ ئايال ئەتىسى يەنە كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى نېمىشقا قايتۇرىۋېتىسەن؟ سەن مېنى مائىزنى قايتۇرىۋەتكەندەك قايتۇرىۋەتكەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھامىلدار، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمدى سىز كېتىپ تۇغقىچە ساقلاڭ» دەيدۇ. غامىدىيە بالىنى تۇغقاندىن كېيىن ئۇنى بىر پارچە لاتىغا ئوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كېلىپ: بۇ بالىنى تۇغدۇم، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالىنى ئېلىپ كېتىپ ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىغىچە ئېمىتىڭ» دەيدۇ. ئۇ بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىغاندىن كېيىن قولىغا بىر پارچە نان تۇتقۇزۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىدىم، ھازىر ئۇ تاماق يېگۈدەك بولدى، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنى مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمگە بېرىپ، كىشىلەرنى ئورەك كولاپ ئۇ ئايالنى ئۆرەككە مەيدىسىگىچە كۆمۈشكە، ئاندىن ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. كىشىلەر ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ يۈزىگە قان چاچراپ كېتىدۇ. خالىد ئۇ ئايالنى تىللايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ: ئى خالىد! ئۆزەڭنى بېسىۋالغىن، جېنىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر بىر باجگىر ئۇ ئايالدەك تەۋبە قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ دەپنە قىلىنىدۇ[①].

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۈنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر ئەڭ ئەۋزەل ئەسىر بولغان پەيغەمبەرلىك ئەسىردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىنسانلار بولغان ساھابىلىرى ئىچىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۈنىڭدا شۇنداق بىر ئالىي خىسلەتلىك ھېكمەت باركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەسىردە ۋە ئۆز زامانىدا بۇ جازالارنى ئىجرا قىلىشى بىلەن دىن مۇكەممەللەشكەن، شەرىئەت قانۇنلىرى پۈتۈنلەشكەن، بۇ شەرىئەت قانۇنلىرى زاماندىن زامانغا، ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا مەڭگۈلۈك بەلگىلىمە بولۇپ قالغان. ئەگەر شۇ ئەسىردە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە الله تائالا پەرز قىلغان، بەندىلىرىگە ئىجرا قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان بۇ شەرىئەت جازا بەلگىلىمىلىرى رىۋايەت قىلىنىدىغان خەۋەرلەرگە، تىلغا ئېلىنىدىغان ھېكايىلەرگىلا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. شۇ ئەسىردىن كېيىن بۇ جازا بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىمۇ بولمىغان بولاتتى. الله تائالا ئۆز ئىرادىسى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى مۇكەممەل، مەڭگۈ، ھەممە ئەسىردە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغان شەرئى بەلگىلىمە، ھەممە مىللەتلەرگە ئىجرا

---

[①] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان.

قىلىنىدىغان قانۇن بولۇشنى ئىرادە قىلغان بولغاچقا، ساھابىلار ئەڭ ياخشى كىشىلەر بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا جازالارنى ئىجرا قىلىشى بىلەن دىنىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، شەرىئەت قانۇنلىرىنىڭ پۈتۈنلىشىشى ئۈچۈن بەزى ساھابىلاردىن ئەنە شۇنداق بەزى خىلاپ ئىشلار يۈز بەرگەن. سەن بۇ پاك ئىنسانلارغا قارىغىنكى، ئۇلارنىڭ روھى بۇ چوڭ گۇناھنى كۆتۈرەلمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى پاكلاپ قويۇشنى تىلەپ: مەن زىنا قىلدىم، مېنى پاكلاپ قويغىن، دېگەن. چۈنكى، دۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن كۆپ يېنىكتۇر. ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئالى جاناب روھ بىلەن تەربىيىلەپ، پاك بولۇش، ئىپپەتلىك بولۇش ۋە توغرا يولدا مېڭىشقا يېتىلدۈرگەن ئىسلام دىنى ئەمەسمۇ؟

### ئون ئۈچىنچى ھۆكۈم

زىنا قىلغۇچى ئايالنى ئېلىشقا بولامدۇ؟

سەلەف ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

1 ـ زىنا قىلغۇچى ئايالنى ئېلىش ھارامدۇر. بۇ قاراش ئەلى، بەرائ، ئائىشە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ.

2 ـ زىنا قىلغۇچى ئايالنى ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. بۇ قاراش ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. ئىجتىھادچى تۆت فەقىھشۇناس ئىماملارمۇ مۇشۇ قاراشنى تۇتقا قىلىدۇ.

### بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

زىنا قىلغۇچى ئايالنى ئېلىشنى ھارام دېگۈچىلەر الله تائالانىڭ: ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ...﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىدىن قارىغاندا ئۇ خەۋەر مەنىسىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەنئى قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿ئۇ (يەنى زىنا) مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ دېيىلگەن دەلىلگە ئاساسەن، زىنا قىلغۇچى ئايالنى ئېلىش ھارامدۇر.»

ئەلى (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرىۋەتسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئەر زىنا قىلسا، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىلىدۇ، شۇنداقلا بىر ئايال زىنا قىلسا، ئۇمۇ ئېرىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىلىدۇ.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: مۇرسىد ئىبنى ئەبۇ مۇرسىد ئەناق دېگەن ئايالنى ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورايدۇ. ئۇ ئايال جاھىلىيەت دەۋرىدە پاھىشە قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇرسىدكە جاۋاب بەرمەستىنلا بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى

www.munber.org

مۇرسىدا! ئۇنى ئالمىغىن» دەيدۇ. مۇرسىدىنىڭ بۇ قىسسىسى مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ «نازىل بولۇش سەۋەبلىرى» بايانىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار ئىپپەتلىك ئەمەس ئاياللارنىمۇ ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكىدەك دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

1 ـ ئائىشەنىڭ ھەدىسى بولۇپ، بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايالنى ئالماقچى بولغان ئادەم ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: «بېشى نىكاھسىز بوپتۇ، ئاخىرى نىكاھ بىلەن بولىدۇ. ھارام نەرسە ھالال نەرسىنى ھارام قىلالمايدۇ.»[1]

2 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ بەكرى سىددىق مەسجىدتە ئىدى، بىر ئادەم كېلىپ قورقۇنچ ئىچىدە ئەبۇ بەكرىگە چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېگىلى تۇردى. ئەبۇ بەكرى ئۆمەرگە: سەن بېرىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىنى سوراپ باققىن، ئۇنىڭ چوقۇم بىر ئىشى باردەك قىلىدۇ دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مېھمانىنى مېھمان قىلغانلىقىنى، مېھمانىنىڭ ئۇنىڭ قىزى بىلەن زىنا قىلىپ سالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۆمەر ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ: اللہ سېنى رەسۋا قىلىۋەتسۇن! قىزىڭنى كۆرسەتمىسەڭ بولمامدۇ؟ دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى زىنا قىلغان ئىككىسىگە دەررە ئۇردى، ئاندىن ئىككىسىنى نىكاھلاپ قويۇپ، بىر يىللىق پالىدى.»[2]

3 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دېگەن: «بېشى نىكاھسىز بوپتۇ، ئاخىرى نىكاھ بىلەن بولىدۇ، بۇنىڭ مىسالى بىر باغدىن مېۋە ئوغرىلىغان، ئاندىن باغ ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مېۋە سېتىۋالغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئوغرىلىغىنى ھارامدۇر، سېتىۋالغىنى ھالالدۇر.»[3]

4 ـ ئۇلار ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ...﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: بۇ ئايەت كۆپ ھاللاردا يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى پاسىق، زىنا قىلىدىغان ۋە گۇناھ قىلىدىغان يامان ئادەم مۆمىن ۋە ياخشى ئايالنى ئېلىشقا ئىنتىلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش پاسىق، يامان ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنى ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. پاسىق ۋە يامان ئايالمۇ مۆمىن ۋە ياخشى ئەرگە تېگىشكە ئىنتىلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش پاسىق ياكى مۇشرىك

---

[1] ئىمام تەبەرانى ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1319 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 170 ـ بەت.

ئەرگە تېگىشكە ئىنتىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت كۆپ ھاللاردا يۈز بېرىدىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى سۈرە نۇردىكى ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرغان.» الله خالىسا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە كەلگەندە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ قۇرئان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دەستۇرىدۇر. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى تۇتقا قىلىشى لازىم.

2 ـ ئەھكاملارنى بەلگىلەش مۆمىنلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا پايدىلىق بولغان ھۆكۈملەرنى بەلگىلىگۈچى يېگانە الله قىلا خاستۇر.

3 ـ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى دىققەت بىلەن ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاجىپتۇر.

4 ـ جازا بەلگىلىمىلىرى ئابرۇينى قوغداش، نەسەبنى ساقلاش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

5 ـ پاسىق ۋە گۇناھكار كىشىلەرنىڭ گۇناھلاردىن يېنىشى ئۈچۈن جازا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئىجرا قىلىنىشى ۋاجىپتۇر.

6 ـ جەمئىيەتنى پاھىشەنىڭ مەينەتچىلىكىدىن تازىلاش ئۈچۈن مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ جازانى تولۇق ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

7 ـ ئەر ـ ئايال زىنا جىنايىتىنى ئىشلەشتە ئوخشاشتۇر. شۇڭا جازامۇ ئۇ ئىككىسىگە ئوخشاش بېرىلىشى كېرەك.

8 ـ زىنا دىنىي، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە گۇناھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئۇنى ھارام قىلغان.

9 ـ جەمئىيەتتە جىنايى ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىپ، ئامانلىققا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جازالارنى بىكار قىلىشقا ۋە شاپائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە نۇر 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

10 ـ ئىپپەتلىك مۆمىن ئەرنىڭ پاسىق ياكى بۇزۇق ئايالنى ئېلىشى لايىق ئەمەس، شۇنداقلا ئىپپەتلىك مۆمىن ئايالنىڭ پاسىق ياكى بۇزۇق ئەرگە تېگىشى لايىق ئەمەس.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام قارىشىدا زىنا ئەڭ قەبىھ جىنايەت ۋە يامان ئىشنىڭ ئەڭ ناچىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ جازاسى ناھايىتى قاتتىق قىلىپ بەلگىلەنگەن. چۈنكى، بۇ جىنايەت ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋەيران قىلىدۇ، جەمئىيەت پۈتۈنلىكىنى پارچىلايدۇ، ھارامدىن تۇغۇلغان باللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن نەسىلنى خەتەرگە ئۇچرىتىدۇ. پەرزەنتلەر ھارامدىن تۇغۇلغاندا ئۇلارنى باقىدىغان، تەربىيىلەيدىغان ۋە ياخشى ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرىدىغان ئادەم بولماي قالىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نىشانى ۋە ئاساسىي غەرىزى ئەقىل، نەسىل، جان، دىن ۋە مالدىن ئىبارەت زۆرۈرىيەت بولغان بۇ بەش نەرسىنى قوغداشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ بەش نەرسە ”بەش زۆرۈرىيەت“ دەپ ياكى ”بەش ئاساس“ دەپ ئاتالغان. چۈنكى، پۈتۈن دىنلار ۋە پۈتۈن قانۇنلار ئۇنى ھىمايە قىلىشنى قارار قىلغان ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان قانۇنلارنى بەلگىلىگەن. چۈنكى، ئۇ بەش نەرسە ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىدۇر. نەسىل شۇ بەش زۆرۈرىيەتنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى بۇ جىنايەتنى ئۇزۇل ـ كېسىل توسىدىغان، جەمئىيەتتە ئامانلىق ۋە ئاسايىشلىقنى بەرپا قىلىدىغان مەنئى قىلغۇچ قاتتىق جازانى بەلگىلىگەن.

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى كىشىلەر بۇ جازانى تەنقىدلەپ: ئۇ بەك ئېغىر، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن، ھازىرقى ئەسىرنىڭ روھىغا توغرا كەلمەيدۇ، كىشىلىك ئەركىنلىككە قارشى... دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتە قاراشلاردا بولماقتا. بولۇپمۇ غەرب ئەللىرى ئىشلەتكەن ”ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك“ ئىسمى ۋە غەرب قانۇنى بەلگىلىگەن ”دېموكراتىيە“ شۇئارى ئاستىدا: ئۇ جازا ئاياللار ئەركىنلىكىگە ماس كەلمەيدۇ دەپ جۆيلۈشمەكتە.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام قانۇنى بەلگىلىگەن بۇ جازا ھەقىقەتەن ئېغىردۇر، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئادىل جازادۇر. بۇ جازاغا كىم تارتىلىدۇ؟ شەھۋىتىنى ھايۋانى يول بىلەن قاندۇرۇشقا ئورۇنغان، شەھۋىتىنى قايسى يول بىلەن قاندۇرسا پەرۋا قىلمايدىغان، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەر ۋە زىيانلارغىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان بىشەم شەخس ئەمەسمۇ؟

پەقەت شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ۋە ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن بۇ جىنايەتنى ئىشلىگەن كىشى ئىنسان ئەمەس، بەلكى ھايۋاندۇر. چۈنكى، ھايۋانغا ئۇنىڭ شەھۋىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇڭا ھايۋان شەھۋىتىگە ئەگىشىدۇ. ئەمما ئىنسانغا ئۇنىڭ ئەقلى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەقلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭىدۇ. الله تائالا ئىنساندا قىلغان بۇ

تۇيغۇ پەقەت شەھۋەتنى قاندۇرۇش ياكى ھەۋەسنى بېسىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇ نەسىل قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە ئالى غايە ئۈچۈن يارىتىلغان.

اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ ئالى ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەتنى پەيدا قىلغان. لېكىن ئۇنى ھايۋانلارنىڭ قىلىقىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە سەكرەپلا ئادا قىلىدىغان قانۇنسىز يول بىلەن ئەمەلىيلىشىشكە يول قويماستىن، پەقەت پاكلىق ۋە ئىپپەتلىك دائىرىسىدە قانۇنلۇق توي قىلىش يولى بىلەن ئادا قىلىشقا يول قويغان. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلۇغ نىشاننى، ئىنسان تىپىدىكى مەخلۇقنىڭ داۋاملىق ساپ قېلىشىغا ئۆرنەك بولىدىغان ئىنسانى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه سىلەر (نىڭ ئۆنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى﴾[1].

ئىسلام دىنى زىنانى ئەخلاقىي مەينەتچىلىك، ناھايىتى خەتەرلىك بولغان ئىجتىمائىي جىنايەت، ئۇنىڭغا قارشى رەھىم قىلماستىن كۈرەش قىلىش لازىم دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇ دەررە ئۇرۇش ياكى چالما ـ كېسەك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ جازانى پەقەت تۆھمەت بىلەن ياكى گۇمان بىلەن ئىجرا قىلىشنى مەجبۇر قىلماستىن، ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بۇ جىنايەتنى ھەقىقىي ئىسپاتلاشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. گۇمان تۇغۇلغان ئەھۋال ئاستىدا جازا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇ جىنايەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قاتتىق شەرتلەر شەرت قىلىنغان بولۇپ، بۇ شەرتلەرنى تولۇقلاش ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بۇ جىنايەتنىڭ سادىر بولىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادىل تۆت مۆمىن ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى خۇددى كۈن نۇرىغا ئوخشاش ئېنىق كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى ياكى بۇ جىنايەتنى ئىشلىگەن كىشى ھېچقانداق شەك قىلمىغۇدەك دەرىجىدە ، قىلمىشىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

غەربلىكلەر پەقەت مەجبۇرى قىلىنغان ياكى باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلىنغان ئاساستا ئىشلەنگەن زىنانى قانۇن بويىچە جازالىنىدىغان جىنايەت دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قارىشىدا زىنا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان بولسا، ئۇنى جازالاشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ دۈشمەنلىك قىلىش پىكرىدىن خالىي بولغان بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا زىنا ئەيىبلىنىدىغان ئىش بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھەر ھالدا جىنايەت ئەمەس. ئەگەر توي قىلمىغان بىر ئادەم توي قىلمىغان بىر قىز بىلەن زىنا قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى جازالىنىشقا تېگىشلىك پاھىشە ھېسابلانمايدۇ. پەقەت زىنا مەجبۇرى قىلىنغان بولسا، مەجبۇرلىغانلىقى ئۈچۈن يېنىك جازا بىلەن جازالىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئېرى بار خوتۇن بىلەن زىنا قىلغان بولسا، ئەرنىڭ ئايالىغا چىقىلغان ئادەمدىن ماددى

---

[1] سۈرە نەھل 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەدەل تەلەپ قىلىش ھەققى بار. دېمەك، ئۇلارنىڭ قارىشى پەقەت ماددىي قاراشتۇر. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەت بۇزۇلغان، ئائىلىلەر ۋەيران بولغان، ئەنە شۇ جان ئالغۇچى كېسەللىكلەر ۋە ئەخلاقىي جىنايەتلەر ئۇلاردا كەڭ تاراپ كەتكەن.

بۇنى ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى زات الله نىڭ كىشىلىك ئابرۇيىنى قوغدايدىغان، نەسەبنى ساقلايدىغان، جەمئىيەتنى ئەنە شۇ قەبىھ جىنايەتلەرنىڭ مەينەتچىلىكىدىن پاكلايدىغان قانۇنىغا سېلىشتۇرغاندا قانچىلىق چوڭ پەرق بار - ھە؟

# ئىپپەتلىك ئاياللارنى قارىلاش چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر

﴿ وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ثُمَّ لَمۡ يَأۡتُواْ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَ فَٱجۡلِدُوهُمۡ ثَمَٰنِينَ جَلۡدَةً وَلَا تَقۡبَلُواْ لَهُمۡ شَهَٰدَةً أَبَدًاۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ۝٤ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ۝٥ ﴾

﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار. ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ﷲ نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر). كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)، چۈنكى، ﷲ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى ﷲ مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾.

— سۈرە نۇر 4 ـ، 5 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يَرۡمُونَ: (زىنا بىلەن قارىلىغان)، بۇ سۆز زىنا بىلەن قارا چاپلايدىغانلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ: (ئىپپەتلىك ئاياللار)، بۇ سۆز ئىپپەتلىك ئاياللار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿نومۇسىنى ساقلىغان ئايالنىڭ...﴾[1].

خوتۇن كىشى ئىسلام دىنى بىلەن، ھايالىق، ئەركىنلىك ۋە ئەرگە تېگىش بىلەن ئىپپەتلىك بولىدۇ. ﷲ خالىسا بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شُهَدَآءِ: (گـۇۋاھچىلار)، بـۇ سـۆز گـۇۋاھچىلار، دېگـەن مـەنىدە بولـۇپ، ئـۇلار زىنـانىڭ سـادىر بولغانلىقىغـا گـۇۋاھلىق بېـرىدۇ. ئـەرەب تىلىدىكـى گـىرامماتىكا قائىدىسىگـە ئاساسـەن، بـۇ گـۇۋاھچىلار ئەرلـەرنى كۆرسـىتىدۇ. شـۇڭا قـارا چاپـلاش جازاسـىدا ۋە زىنـا جازاسىدا ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

فَٱجۡلِدُوهُمۡ: (دەررە ئۇرۇڭلار)، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىلگىرىكى بابتا تەپسىلى بايان قىلىندى.

ٱلۡفَسِقُونَ: (پاسـىقلار)، بـۇ سـۆز پاسـىقلار دېگـەن مـەنىنى ئىپـادىلەيدۇ. پاسـىق ئاسـىيلىق قىلغۇچـى، تائـەت ـ ئىبـادەت قىلىشـتىن چىققۇچـى، گـۇناھلارنى ئىشـلەپ بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كەتكۈچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اللہ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگـەن: ﴿شـۇڭا ئـۇ پەرۋەردىگـارىنىڭ ئىتـائىتىدىن چىقتى﴾[1]. اللہ تائـالانىڭ ئىتـائىتىدىن چىققان ھەربىر كىشى پاسىق دەپ ئاتىلىدۇ، اللہ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ياكى يالغانغا چىقارغان ھەربىر كىشى كاپىر دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللہ تائـالا بـۇ ئايەتلـەردە مۆمىنلـەرنىڭ ھۆرمىتىنى تـۆكۈپ، ئىپپـەتلىك، شەرەپلىك ۋە پاك ئاياللارنى پاھىشە بىلەن ﴿قارىلىغان﴾، ئاياللارغا يـۈز ـ ئابرۇي ۋە شان ـ شەرەپتىن ئىبارەت ئىنسانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئۇلۇغ نەرسىسىگە داغ تەككۈزۈش بىلەن بوھتان چاپلىغان، زىناغا نىسبەت بەرگەن، داۋاسىنىڭ راستلىقىغا، شۇ ئاياللارغا نىسبەت بەرگەن پاھىشەنىڭ راستلىقىغا گـۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادىل ﴿تـۆت گـۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن﴾ كىشىلەردىن خەۋەر قىلىدۇ. ئۇ ئاياللارنى ئەنە شۇ بوھتان بىلەن قارىلىغان كىشىلەرنى ﴿80 دەررە﴾ ئۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇلار پاسىقلاردۇر، يالغانچىلاردۇر، ئۇلار پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلايدۇ، پاھىشىنىڭ تارقىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقتا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا جازانى تېخىمۇ زىيادە تېتىتىش يۈزىسىدىن، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ گۇۋاھلىقىنى، ئەگەر ئۇ بوھتان چاپلاشتا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا، ﴿ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار. ئۇلار﴾ اللہ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يامان ھالغا قالىدىغان، ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغان ئىنسانلاردۇر، چۈنكى، ئۇلار پاسىقلاردۇر، اللہ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىققۇچىلاردۇر. ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوغدىمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈپىتى گۇمراھلىق ۋە نىپاقلىق بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى بۇزۇش، ئۇنىڭ پۈتۈنلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار ﴿تەۋبە قىلغان﴾، اللہ تەرەپكە قايتقان، قىلمىشلىرىنى ئۆزگەرتكەن، ئەھۋاللىرىنى ﴿تۈزەتكەن﴾، ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق يولىدىن قايتقان بولسا، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار،

---

[1] سۈرە كەھف 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

كەچۈرۈشلار، ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلغۇچىلار، ئۇلارغا ئىلگىرىكى ئىمتىيازىنى قايتۇرۇپ بېرىشلار. ﴿چۈنكى، اللە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾. ئەگەر بەندە تەۋبە قىلىپ اللە تەرەپكە قايتسا ۋە ئۆزىنى تۈزەتسە، اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايەتلەر بوھتان چاپلاش ۋەقەسى سەۋەبى بىلەن نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ ۋەقەدە مۆمىنلەرنىڭ ئىپپەتلىك، بوھتاندىن ئادا ـ جۇدا، پاك ۋە راستچىل ئانىسى، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلانغان. ئاندىن ئۇنىڭ بۇ بوھتاندىن ئادا ـ جۇدا ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاسماندىن ئايەت نازىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ پۈتۈن ئۈممەتكە يېتەرلىك ئاچچىق ساۋاق، ھەممە ئەسىر ۋە زامانلاردا كېلىدىغان ئەۋلادلارغا ۋەز ـ نەسىھەت بولۇپ قالغان.

ئىبنى جەرىر تەبەرى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشەنى زىنا بىلەن قارىلاپ بوھتان چاپلىغانلار ھەققىدە نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.»

سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: زىنا قىلىش ئېغىر جىنايەتمۇ ياكى ئىپپەتلىك ئايالنى زىنا بىلەن قارىلاش ئېغىر جىنايەتمۇ؟ دەپ سورىغاندا: زىنا قىلىش ئېغىر جىنايەتتۇر، دېگەن. سوئال سورىغۇچى: اللە تائالا ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان كىشىلەرنى...﴾ دېدىغۇ؟ دېگەندە، ئۇ: بۇ ئايەت ئائىشەنىڭ ۋەقەلىكىگە خاستۇر، دېگەن.

توغرا قاراش ئىمام قۇرتۇبى بايان قىلغان، ئىمام تەبەرى تاللىغان قاراش بولۇپ، بۇ ئايەت ئۇمۇمەن بوھتان چاپلاش سەۋەبى بىلەن نازىل بولغان، ئۇ شۇ ۋەقەنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئەمەس[①].

بۇ اللە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھۆكۈم بولۇپ، بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئايەتنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئەمەس، لەۋزىنىڭ ئاممىبابلىقى بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

---

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 172 ـ بەت. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 76 ـ بەت.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئۆلىمالار اللہ تائالانىڭ ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى قارىلىغان﴾ دېگەن سۆزىدىن زىنا بىلەن قارىلاشنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن ۋە بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە يول بىلەن دەلىل كەلتۈرگەن:

بىرىنچى، ئىلگىرىكى ئايەتلەردە زىنا بايان قىلىنىدى.

ئىككىنچى، اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى﴾ تىلغا ئالدى. مانا بۇ سۈپەت ئۇنىڭ دەل ئەكسى بولغان زىنا بىلەن قارىلاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، زىنا بىلەن قارىلاشتىن باشقا بوھتاندا دەررە ئۇرۇشنىڭ ۋاجىپ بولمايدىغانلىقىغا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن.

تۆتىنچى، اللہ تائالا: ﴿(بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن﴾ دېدى. ھەممىگە ئېنىقكى، بۇ سان پەقەت زىنا ھۆكمىدە شەرت قىلىنىدۇ. يۇقىرىقىلارنى ئىمام فەخرۇددىن رازى ئېيتىدىلىگەن[1].

2 ـ اللہ تائالانىڭ ﴿ئىپپەتلىك ئاياللار﴾ دېگەن سۆزىدە ۋەقەنىڭ ئايالغا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياللار خاس تىلغان ئېلىنىدى. چۈنكى، كۆپىنچە ھاللاردا ئاياللارغا قارا چاپلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولىدۇ، ھەمدە بۇنىڭدا ئاياللارغا ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىغا ئەزىيەت يېتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ھۆكۈمدە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق.

3 ـ ئىپپەتلىك دېگەن سۆزدە ناھايىتى ئىنچىكە نۇقتا بولۇپ، ئىپپەتلىك ئەمەس ئەرلەرنى ياكى ئاياللارنى قارىلىغان ئادەم تۆھمەت چاپلاش جازاسىغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، بىر شەخس گۇناھ قىلىدىغانلىقى بىلەن تونۇلسا، ياكى ئويۇن تاماشا ۋە يۈزى قېلىنلىق بىلەن مەشھۇر بولسا، مۇنداق شەخسنى قارىلىغۇچى ئادەم تۆھمەت چاپلاش جازاسىغا تارتىلمايدۇ. تۆھمەت چاپلاش جازاسى پەقەت ئەخلاقلىق ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. پاسىق ۋە يۈزى قېلىن ئىنسانىنىڭ ھېچ ھۆرمىتى بولمايدۇ. بۇ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭ.

4 ـ اللہ تائالانىڭ ئىپپەتلىك ئايالغا تۆھمەت چاپلىغۇچىغا بەلگىلىگەن ھۆكمى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك جازادۇر: بىرى ئۇنى جازالاپ 80 دەررە ئۇرۇش. يەنە بىرى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى رەت قىلىش بىلەن ئىنسانىي ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇش. يەنە بىرى ئۇنى پاسىقلار گۇرۇھىغا قوشۇۋېتىش.

www.munber.org

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 152 ـ بەت. ئىمام جەسساسىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 329 ـ بەت.

اللہ تائالا زىنا قىلغۇچى ھەققىدە توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغۇچىغا پەقەت يۈز دەررە ئۇرۇش ھۆكمىنى بەلگىلىگەن. بۇنىڭدا بۇ خىل تۆھمەتنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، قارا چاپلاشنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ جىنايىتىنىڭ اللہ نىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار.

5 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر﴾ دېگەن سۆزى يالغۇز تەۋبە قىلىشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى تۈزەلگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئۇنىڭدا چوقۇم كۆرۈلۈشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ گۇناھ بەندىلەرنىڭ ھەقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، شۇڭا اللہ تائالا ئۇنىڭ جازاسىنى ئېغىرلاشتۇرغان.

ئىمام رازى مۇنداق دەيدۇ: «قېرىنداشلىرىمىز تەۋبىدىن كېيىن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىش، ئىگىدارچىلىق ھەققىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ ھالىنىڭ ياخشىلانغانلىقى ئاشكارىلانغىدەك مۇددەت ئۆتۈشى لازىم دەپ كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇلار بۇ مۇددەتنى خۇددى ئەرلىكنىڭ ئىشلىمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر يىل قىلىپ بەلگىلىگەندەك بىر يىل قىلىپ بەلگىلىدى.»[①]

6 ـ ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا بۇ ئايەتتە گۇۋاھچىلارنىڭ سانىنى بايان قىلىپ، سۈپىتىنى بايان قىلمىدى ۋە ئۇلارنىڭ بىز رازى بولىدىغان ۋە ئادىل كىشىلەردىن بولۇشىنى شەرت قىلمىدى. لېكىن اللہ تائالا ﴿سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار﴾[②]، ﴿خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار﴾[③]، ﴿ئۇلار توغرا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردۇر﴾[④] دېگەنگە ئوخشاش ئايەتلەردە بىزنى ئېھتىياجلىق بولغان گۇۋاھلىقنى ئادىل ۋە رازى بولىدىغان كىشىلەرگە قىلدۇرۇشقا بۇيرۇغان تۇرسا، بۇ ئايەتتە يەنە نېمە ئۈچۈن مەزكۇر گۇۋاھچىلارنىڭ ئادىل بولۇشىنى شەرت قىلسۇن؟ دەپ سوئال قويىلىدۇ. ئۇلار بۇ گۇۋاھلىقنى اللہ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئادىل ئادا قىلىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا بۇ ئايەتتىمۇ مەزكۇر ئايەتلەردە شەرت قىلىنغان نەرسە شەرت قىلىنىدۇ.»[⑤]

---

[①] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر»ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 163 ـ بەت.
[②] سۈرە ئەنئام 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە نىسا 135 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[④] سۈرە مەئارىج 33 ـ ئايەت.
[⑤] ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مەھاسىنۇت تەئۋىل» ناملىق كىتابى، 12 ـ جىلد، 4449 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى. ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەقسىتى گۇۋاھچىلارنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن، گەرچە ئۇ سۈپەت بۇ ئايەتتە بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، سۈرە بەقەرەنىڭ 282 ـ ئايىتىدىكى قەرز ئىشىغا گۇۋاھلىق بېرىشتە، سۈرە مائىدەنىڭ 95 ـ ئايىتىدىكى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغان كىشىنىڭ جازاسىنى بېكىتىش ھۆكمىدە، سۈرە مائىدەنىڭ 106 ـ ئايىتىدىكى ئۆلىدىغان چاغدا قىلغان ۋەسىيەتكە گۇۋاھ بولۇشتا، سۈرە تالاقنىڭ 2 ـ ئايىتىدىكى تالاق قىلىنغان ئايال بىلەن يېنىشىشقا گۇۋاھ بولۇشتا قىلىنغان شەرتنىڭ بۇ ئايەتتىمۇ شەرت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى.

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

الإحصان (ئەلئىھسان) دېگەن بۇ سۆز نېمە مەنىلەردە كېلىدۇ؟

بۇ سۆز ئىسلام شەرىئىتىدە مۇنداق تۆت مەنىدە كېلىدۇ:

1 ـ ئىپپەتلىك مەنىسىدە كېلىدۇ. الله تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ...﴾[1] يەنى بۇ ئايەت مۆمىنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ ۋە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

2 ـ ھۆرلۈك مەنىسىدە كېلىدۇ. الله تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەرگە تەككەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾[2] يەنى بۇ ئايەت دېدەكنىڭ جازاسىنىڭ ھۆر ئايالغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ توي قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. الله تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشىڭىز سىلەرگە ھارام قىلىندى﴾[3] يەنى بۇ ئايەت ئېرى بار ئاياللارنى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

4 ـ ئىسلام مەنىسىدە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرسە، مۇھسەن ئەمەس (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس).»[4]

ئىنسان ئىپپەتلىك بولۇش، ھۆر بولۇش، ئىسلامغا كىرىش ۋە توي قىلىش بىلەن مۇھسەن ھېسابلىنىدۇ. الإحصان دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەڭ مەشھۇر مەنىسى ئىپپەتلىك بولۇشتۇر. مەزكۇر ئايەتتىمۇ مۇشۇ مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىمكى ئىپپەتلىك ئەمەس شەخسنى قارىلىسا، فىقھشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىدا قارىلىغۇچى جازاغا تارتىلمايدۇ.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

قارىلاشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

قارىلاشتا جىنايەتنىڭ دەررە ئۇرۇش جازاسىغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ چوقۇم تولۇقلىنىشقا تېگىشلىك شەرتلىرى بار. بۇ شەرتلەر بىرقانچە بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى

---

[1] سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قارىلىغۇچىدا، بەزىلىرى قارىلانغۇچىدا ۋە بەزىلىرى قارىلانغان نەرسىدە تولۇقلىنىشى ۋاجىپتۇر.

ئەمما قارىلىغۇچىدا تولۇق بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ئۈچ بولۇپ، بىرىنچى، قارىلىغۇچى ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇشى، ئىككىنچى، بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى، ئۈچىنچى، ئىختىيارى بولۇشى كېرەك. مانا بۇ شەرتلەر شەرىئەت تەكلىپىنىڭ ئەسلى شەرتلىرىدۇر. بۇ ئۈچ ئىشتىن سىرت شەرىئەت تەكلىپى بولمايدۇ. گەرچە مەزكۇر ئايەت قارىلىغۇچىنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇشىنى، بالاغەتكە يەتكەن بولۇشىنى ۋە مەجبۇرلانمىغان بولۇشىنى شەرت قىلماستىن، پەقەت ﴿(بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن﴾ دەپ، تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىشنى شەرت قىلغان بولسىمۇ، يۇقىرىدىكى شەرتلەر شەرىئەت ئاساسلىرىنىڭ باشقا دەلىللىرىدىن مەلۇم بولىدۇ.

شۇڭا بىر ساراڭ ئادەم ياكى كىچىك بالا ۋە ياكى مەجبۇرلانغان ئادەم بىرىنى قارىلىسا، ئۇلاردىن ھېچ بىرى جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلەم ئۈچ ئىشتىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن: ئۇخلاپ قالغۇچىدىن تاكى ئويغانغىچە، كىچىك بالىدىن تاكى بالاغەتكە يەتكىچە، ساراڭدىن تاكى ئەقلىگە كەلگىچە.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ قالغان ئىش، ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىش ۋە مەجبۇرى قىلدۇرۇلغان ئىش ئەپۇ قىلىندى.»[2] يەنى ئۇلاردىن مەجبۇرى قىلدۇرۇلغان سۆزلەر ۋە ئەمەللەر ئەپۇ قىلىنىدۇ.

ئەقىل شەرىئەت تەكلىپىنىڭ شەرتىدۇر. ساراڭ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە قارىلىشى تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما كىچىك بالا بالاغەتكە يېتىشكە يېقىنلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىلىشى ئەزىيەت بەرسە، ئۇ مۇناسىپ ھالدا تەنبىھ جازاسىغا تارتىلىدۇ، لېكىن ئۇ بوھتان چاپلاش جازاسىغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، قارىلاشنىڭ بىر شەرتى شۇكى، قارىلىغۇچى بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى كېرەك.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### قارىلانغۇچىدا تولۇقلىنىشقا تېگىشلىك شەرتلەر قايسىلار؟

﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان كىشىلەرنى...﴾ دېگەن ئايەت مەيلى مۇسۇلمان ئايال بولسۇن ياكى كاپىر ئايال بولسۇن، مەيلى ھۆر ئايال بولسۇن ياكى قۇل ئايال بولسۇن، پۈتۈن ئىپپەتلىك ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق فىقھشۇناسلار قارىلانغۇچىدا تۆۋەندىكىدەك بەش شەرتنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ: بىرىنچى قارىلانغۇچى مۇسۇلمان بولۇشى، ئىككىنچى ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇشى، ئۈچىنچى بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى، تۆتىنچى ھۆر بولۇشى، بەشىنچى ئىپپەتلىك يەنى زىنادىن پاك بولۇشى كېرەك.

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

قارىلىغۇچىنىڭ جازاغا تارتىلىشى ئۈچۈن بۇ شەرتلەر قارىلانغۇچىدا تولۇق تېپىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. تۆۋەندە تەپسىلىرەك توختىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ شەرت ئىسلامدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرسە، مۇھسەن ئەمەس (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس).» بۇ ھەدىس يۇقىرىدا بايان قىلىندى. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن ئۇ: كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا بوھتان قىلغۇچىغا جازا كەلمەيدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان ئەمەس مۇشرىك زىنادىن پەرھىز قىلمايدۇ. ئاردا ئۇنى بۇ پاھىشىنى ئىشلەشتىن توسىدىغان ھېچ نەرسە يوق. نېمىشقا دېگەندە كۇپۇرلۇقتىن چوڭ گۇناھ يوق. كاپىردىن ھەرقانداق گۇناھنىڭ سادىر بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى، كاپىرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ھارام ئەمەس، ئۇ گۇناھنى ئاشكارا قىلىدىغان پاسىققا ئوخشايدۇ. پاسىقنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشمۇ ھارام ئەمەس. بەلكى كاپىرنىڭ ئاشكارا گۇناھ قىلغۇچىغا قارىغاندا كاپىرلىقى ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش تېخىمۇ ھارام ئەمەس.»[1]

2 ـ شەرت ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولۇشتۇر. چۈنكى، جازا پەقەت قارىلانغۇچىغا ئەمەلىي يەتكۈزىدىغان زىياننى توسۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمگە ھېچ زىيان كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى قارىلىغۇچى جازاغا تارتىلمايدۇ.

3 ـ شەرت بالاغەتكە يېتىشتۇر. ئەسلىدە كىچىك بالىدىن زىنا قىلىش تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. بۇ، قارىغۇنىڭ قارىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغاندەك بىر ئىشتۇر. شۇڭا كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا كىچىك ئوغۇل بالىنى ياكى قىز بالىنى قارىلىغان كىشى جازاغا تارتىلمايدۇ.

ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش مۇمكىن بولغان قىز بالىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، قارىلىغانلىق بولىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «توققۇز ياشقا كىرگەن قىز بالىنى قارىلىسا، ئۇنى قارىلىغۇچىغا دەررە ئۇرۇلىدۇ.»

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلە ئېھتىماللىقى بار ۋە قىيىن مەسىلىدۇر، لېكىن ئىمام مالىك قارىلانغۇچىنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدى، باشقىلار بولسا قارىلىغۇچىنىڭ دۈمبىسىنى ھىمايە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. قارىلانغۇچىنىڭ ئابرۇيىنى ھىمايە قىلىش بولسا ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، قارىلىغۇچى تىلىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىۋەتتى، شۇڭا ئۇ جازاغا تارتىلىدۇ.»[2]

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان»ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1321 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1322 ـ بەت.

www.munber.org

ئىبنى مۇنزىر بىرىنچى قاراشنى توغرا تېپىپ مۇنداق دەيدۇ: «بالاغەتكە يەتمىگەن بىرىنى قارىلىغان كىشى جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يالغاندۇر. لېكىن يەتكۈزگەن ئەزىيەتكە قاراپ تەنبىھ جازاسى بېرىلىدۇ.»[1]

4 ـ شەرت ھۆر بولۇشتۇر. كۆپچىلىك ئۆلىمالار قارىلانغۇچىنىڭ ھۆر بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى، قۇلنىڭ دەرىجىسى ھۆر ئادەمنىڭ دەرىجىسىدىن پەرقلىق بولىدۇ. گەرچە قۇلنى قارىلاش ھارام بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قارىلىغۇچى دەررە ئۇرۇلماستىن، پەقەت تەنبىھ جازاسىغا تارتىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ قۇلىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى دەررە ئۇرۇلىدۇ، پەقەت ئىش دېگىنىدەك بولسا، دەررە ئۇرۇلمايدۇ.»[2] چۈنكى، قۇلنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن. شۇڭا ئۇنى زىنا بىلەن قارىلاش چوڭ ئىش ھېسابلىنىپ كەتمەيدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ جازانىڭ ئاخىرەتتە بېرىلىشى ئۇ جايدا ئىگىدارچىلىقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ، ھۆر ئادەملەر بىلەن قۇللارنىڭ تەڭ باراۋەر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئاخىرەتتە ھېچكىمنىڭ تەقۋادارلىقتىن باشقا ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ. شۇنداقلا بۇ جازانىڭ ئاخىرەتتە بېرىلىشى ئۇ جايدا ھەممە ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. دۇنيادا بولسا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگۈچىلەر دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈپ، خوجايىنلار بىلەن قۇللارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى، ھۆرمەت ۋە ئارتۇقچىلىقتا ھەممە بىر دەرىجىدە بولۇپ، بىر ـ بىرىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىش پايدىسىنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىنسانلار تەڭ باراۋەر قىلىنمىغان. بۇ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان زات اللہ نىڭ ھېكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. اللہ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر...»[3]

ئىبنى ھەزم كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىغا قارشى چىققان. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: قۇلنى قارىلاشمۇ دەررە ئۇرۇشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە قۇل بىلەن ھۆر ئادەمنىڭ ھېچ پەرقى يوق. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ: قۇل بىلەن دېدەكنىڭ ھۆرمىتى يوق دېگەن سۆزى بىمەنە سۆزدۇر. مۆمىننىڭ ناھايىتى چوڭ ھۆرمىتى بار. قوپال بىر قۇلنىڭ اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدا قۇرەيش خەلىپىسىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئىبنى ھەزمنىڭ بۇ قارىشى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان دەلىللىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ قالمايدىغانلا بولسا، ناھايىتى توغرا قاراش ھېسابلانغان بولاتتى. ھۆكۈملەر شەخسىي قاراش بىلەن ئېلىنمايدۇ. ئۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئەمەلىدىن ئېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە سەھىھ بۇخارى

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 175 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

بىلەن سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بار. شۇڭا ھەدىسكە قارشى كەلگەن ھەرقانداق قاراش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

5 ـ شەرت ئىپپەتلىك بولۇشتۇر. بۇ پۈتۈن فىقھىشۇناسلارنىڭ بىردەك شەرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم خىلاپلىق قىلمىغان. بۇ شەرتنى قۇرئان كەرىمنىڭ دەلىلگە ئاساسەن بېكىتتۇق. ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان...﴾ بۇ ئايەت قارىلانغۇچىنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى، ئىپپەتلىك ئەمەس ئادەم يامان ۋە گۇناھ ئىشلار بىلەن پەخىرلىنىشى مۇمكىن. ئۇ بۇنى ئىلگىرىلەش دەپ، پەزىلەتكە ۋە دىنغا چېتىلىدىغان ئەمەل قىلىشنى ئارقىدا قېلىش دەپ قارايدۇ. بۇگۈنكى زامانىمىزدىمۇ دىنغا قارشى چىقىۋاتقان، ئەخلاقسىز ۋە تەربىيىسىز بەزى پاسىقلاردىن مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتىمىز.

تۆھمەت جازاسى قارىلىغۇچىنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جازادۇر. ئەگەر قارىلانغۇچى ئەمەلىيەتتە زىنا قىلغۇچى بولسا، قارىلىغۇچى ئۇنى قارىلىغانلىقىدا راستچىل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قارىلانغۇچى نومۇسسىزلىق ۋە شەھۋانىيلىق بىلەن تونۇلغان بولسا، ئۇنى قارىلىغۇچىنى جازالاشتا گۇمان تۇغۇلىدۇ. جازالار گۇمان تۇغۇلغاندا ئىجرا قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇنى قارىلىغۇچى جازاغا تارتىلمايدۇ.

ئەگەر بىر ياش ياشلىق دەۋرىدە زىنا قىلغان بولۇپ، ئاندىن تەۋبە قىلغان ۋە ئۆزىنى تۈزەتكەن، ئاندىن ياخشىلىق ئۈستىدە قېرىغان بولسا، ئۇنى قارىلىغۇچىغا دەررە ئۇرۇلمايدۇ. چۈنكى، قارىلىغۇچى يالغان سۆزلىمىگەن. ئۇ پەقەت تەنبىھ جازاسىغا تارتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يوشۇرۇشقا ۋە مەخپىي تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىشنى پاش قىلدى. شۇنداقلا يامان ۋە گۇناھ ئىشلار بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالغان شەخسنى قارىلىغۇچىغا دەررە جازاسى كەلمەيدۇ. لېكىن بۇ بەش خىل ئەھۋالدا جازانىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى ساراڭ ئادەمنى، كىچىك بالىنى، كاپىرنى، قۇلنى ۋە ئىپپەتلىك ئەمەس ئادەمنى قارىلىغۇچىنىڭ جازاغا تارتىلماسلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇ تەنبىھ جازاسىغا تارتىلىدۇ. بۇ جازامۇ دەررە جازاسىدىن قېلىشمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يامان سۆزلەرنى تاراتتى. اللہ تائالا ئۇنداق قىلىشتىن قورقىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[1].

### تۆتىنچى ھۆكۈم

دەررە ئۇرۇشنى ۋاجىب قىلىپ قويىدىغان بوھتاننىڭ لەۋزىلىرى قايسىلار؟

بوھتاننىڭ لەۋزىلىرى ئۈچ‌ۇق سۆزلەش، كىنايە قىلىپ سۆزلەش ۋە بۇرىتىپ سۆزلەشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە نۇر 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئوچۇق سۆزلەشكە كەلسەك، بوھتان چاپلىغۇچى سۆزىدە زىنا لەۋزىنى ئوچۇق ئىشلىتىپ: ئى زىناخور ئەر، ئى زىناخور ئايال، ئى زىناخورنىڭ بالىسى، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ. ياكى ئۇنىڭ نەسەبىنى ئىنكار قىلىپ: سەن ئاتاڭنىڭ ئوغلى ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ تۈرلۈك بوھتاننىڭ دەررە ئۇرۇشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغانلىقىغا ئۆلىمالار ئىتتىپاق كەلگەن.

كىنايە قىلىپ سۆزلەشكە كەلسەك، بوھتان چاپلىغۇچى: ئى پاسىق ئايال، ئى بۇزۇق ئايال، ئى پاسكىنا ئايال دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ياكى: ئۇ ئايال ئۆزىنى تۇتقان قولنى قايتۇرمايدۇ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ تۈرلۈك بوھتاندا بوھتان چاپلىغۇچى پەقەت زىنانى مەقسەت قىلغان بولسا ئاندىن بوھتان بولىدۇ. بۇنى ئوچۇقلاش ۋە ئايدىڭلىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇرىتىپ سۆزلەشكە كەلسەك، بوھتان چاپلىغۇچى: سەن زىناخور ئەمەس، سىز زىناخور ئەمەس، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۆلىمالار بۇرىتىپ سۆزلەش دەررە ئۇرۇشنى ۋاجىپ قىلىدىغان بوھتانمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇ بوھتاندۇر، دەپ قارايدۇ. ئىمام شافىئىي ۋە ئەبۇ ھەنىفە: ئۇ بوھتان ئەمەس، پەقەت سۆزلىگۈچى سۆزىدە بوھتاننى مەقسەت قىلسا ئاندىن بوھتان بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

### ئىمام مالىكنىڭ دەلىللىرى

ئىمام مالىك، ئابدۇرراھماننىڭ قىزى ئۆمرەدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ۋەقەنى دەلىل قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا ئىككى ئادەم تىللىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاتام زىناخور ئەمەس، ئاناممۇ زىناخور ئەمەس دېدى. ئۆمەر بۇ ھەقتە مەسلىھەتچىلىرىگە مەسلىھەت سالدى. مەسلىھەتچىلەردىن بىرى: ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى ماختاپتۇ، دېدى. باشقىلار: ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى بۇنىڭدىن باشقا مەدھىيە بىلەن ماختىسىمۇ بولاتتى. بىز ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇشۇڭنى توغرا تاپىمىز دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇنى **80** دەررە ئۇردى[①].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام مالىكنىڭ كەلتۈرگەن دەلىلى شۇكى، بوھتاندا دەررە ئۇرۇش پەقەت بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ بوھتان چاپلانغۇچىغا چاپلىغان تىل ئاھانەتلىرىنى يوقىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بۇرىتىپ سۆزلەش بىلەن تىل ئاھانەت يەتكۈزۈلگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بوھتان بولۇشى ۋاجىپتۇر. الله تائالا مەريەم ھەققىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى﴾[②]. ئۇلار مەريەمنىڭ ئاتىسىنى

---

[①] ئىمام مالىك «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 153 ـ بەت.

[②] سۈرە مەريەم 28 ـ ئايەت.

ماختىدى، ئانىسىنىڭ يولدىن چىققان ئايال ئەمەسلىكىنى ئېيتتى، مەريەمگە بولسا يولدىن چىققان ئايال ئىكەنلىكىنى بۇرىتىپ سۆزلىدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)﴾[1]. ئۇلارنىڭ كۇفرىلىق قىلغانلىقى ھەممىگە ئېنىق، چوڭ بوھتان بولسا، مەريەمگە بۇرىتىپ سۆزلىگەنلىكى يەنى: ﴿سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى﴾. بىراق سەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلدىڭ، بۇ بالىنى تېپىپ كەلدىڭ دېگەنلىكىدۇر.»[2]

### شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئىمام شافىئىي ۋە ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: بۇرىتىپ سۆزلەش بىلەن بوھتان قىلىشنىڭ بوھتانىنىمۇ، باشقا مەنىنىمۇ بىلدۈرۈش ئېھتىمالى بار. ئېھتىماللىق گۇمان تۇغدۇرىدۇ. گۇمان تۇغۇلغاندا جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. بىر ھەدىستىمۇ: «گۇمان تۇغۇلغان جازالارنى ئىجرا قىلماڭلار»[3] دېيىلگەن.

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى ھەققىدە ئوچۇق سۆزلەش بىلەن بۇرىتىپ سۆزلەشنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوچۇق تەلەپ قويۇشنى ھارام قىلغان، بۇرىتىپ تەلەپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىپ، مۇنداق دېگەن: ﴿ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى بۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ...﴾[4]. مانا بۇ ئايەت ئوچۇق سۆزلەش بىلەن بۇرىتىپ سۆزلەشنىڭ ھۆكۈمدە باراۋەر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»

ئىمام ئەھمەدتىن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە ئىككى رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە، بۇرىتىپ سۆزلەشنىڭ بوھتان ئەمەسلىكىنى ۋە دەررە ئۇرۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. يەنە بىرىدە، ئىختىيارى ۋاقىتتا ئەمەس، ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا بوھتان بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىنى يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس دەلىللەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: خوتۇنۇم قارا ئوغۇل بالا تۇغۇپ قويدى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگىلىرىڭ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگىلىرىڭنىڭ رەڭلىرى قانداق؟» دېدى. ئۇ: قىزىل دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگىلىرىڭنىڭ ئىچىدە ئالىلىرىمۇ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر

---

[1] سۈرە نىسا 156 ـ ئايەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 173 ـ بېتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[3] ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە بەقەرە 235 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «قانداقسىگە شۇنداق بولۇپ قالدى؟» دېدى. ئۇ: تېگىنى تارتقان بولۇشى مۇمكىن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ بالىمۇ تېگىنى تارتقان بولۇشى مۇمكىن» دېدى[1]. ئۇ ئادەم ئايالىنى زىنا قىلغانلىق بىلەن بۇرۇتقان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بوھتان ھېسابلىمىدى.

## بەشىنچى ھۆكۈم

### بىر توپ كىشىنى قارىلىغۇچىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

فىقھشۇناسلار بىر توپ كىشىنى قارىلىغان كىشى ھەققىدە مۇنداق ئۈچ خىل قاراشقا كەلگەن:

بىرىنچى قاراشتىكىلەر قارىلىغۇچى بىر قېتىملا جازاغا تارتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، مالىك ۋە ئەھمەدتىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالاردۇر.

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر قارىلىغۇچى ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم جازاغا تارتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىمام شافىئىي ۋە لەيسدۇر.

ئۈچىنچى قاراشتىكىلەر قارىلىغۇچىنىڭ كۆپلۈك مەنىنى بىلدۈرىدىغان بىرلا سۆزنى ئىشلىتىپ كۆپچىلىككە: ئى زىناخورلار، دېيىشى بىلەن ھەر بىر ئادەمگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا: ئى زىناخور، دېيىشىنى پەرقلەندۈرگەن. ئاۋۋالقى سۈرەتتە قارىلىغۇچى بىرلا قېتىم جازاغا تارتىلىدۇ. كېيىنكى سۈرەتتە ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ، ئىمام ئىبنى ئەبۇ لەيلا ۋە شەئبىنىڭ قارىشىدۇر.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

ئىمام ئەبۇ بەكرى رازى جەسساس كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا قۇرئاندىن، سۈننەتتىن ۋە قىياستىن دەلىل كەلتۈرىدۇ:

قۇرئاندىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان كىشىلەرنى...﴾ بۇ ئايەت ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان ھەرقانداق ئادەمگە دەررە ئۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىپپەتلىك ئاياللاردىن بىر جامائەتنى قارىلىغۇچىنىڭ 80 دەررىدىن جىق ئۇرۇلمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. كىمكى بىر جامائەت ئىپپەتلىك ئاياللارنى قارىلىغۇچىغا بىر قېتىملىق جازادىن ئارتۇق جازا بېرىشنى ۋاجىپ قىلسا، بۇ ئايەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

سۈننەتتىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھىلال ئىبنى ئۇمەييە خوتۇنىنى ۋە شەرىك ئىبنى سەھمائ، دېگەن ئادەمنى زىنا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا قارىلىدى. پەيغەمبەر

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيھىسسالام: «گۇۋاھچى كەلتۈرگىن، بولمىسا دۈمبەڭگە دەررە ئۇرۇلىدۇ» دېدى. ھىلال خوتۇنىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ شەرىك ئىبنى سەھمائىنى قارىلىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا قېتىم جازا بەلگىلىدى.

قىياستىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، باشقا جازالاردا جىنايەتچى تەكرار جىنايەت قىلغان بولسىمۇ، تەكرار جازالانماستىن، پەقەت بىرلا قېتىم جازالىنىدۇ. مەسىلەن تەكرار ئوغرىلىق قىلغان ياكى تەكرار ھاراق ئىچكەن ئادەم جازاغا تارتىلغاندا پەقەت بىرلا قېتىم جازاغا تارتىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىمۇ شۇنداق بولىدۇ[1].

### شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ بىرىنچى دەلىلگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: الله تائالانىڭ ﴿كىشىلەر﴾ دېگەن سۆزىمۇ كۆپلۈكنى، ﴿ئىپپەتلىك ئاياللار﴾ دېگەن سۆزىمۇ كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر كۆپلۈكنى كۆپلۈك بىلەن باراۋەر قىلساق، بىرلىككە تەقسىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئىپپەتلىك بىر ئادەمنى زىنا بىلەن قارىلىغان ھەر بىر ئادەمگە دەررە ئۇرۇش جازاسى كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇلار بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ ئىككىنچى دەلىلگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: چۈنكى، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ئايالى بىلەن شەرىك ئىبنى سەھمائىنى بىر لەۋزى بىلەن قارىلىدى. ئىمام شافىئىي ئىلگىرىكى مەزھىبىدە[2]: مۇنداق ئەھۋالدا لەۋزىنى ئېتىبارغا ئېلىپ بىر قېتىم جازا بېرىش ۋاجىب بولىدۇ، دېگەن.

ئۇلار قىياسقا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: قىياس پەرىقلەندۈرۈشكە تېگىشلىك قىياستۇر. چۈنكى، بوھتاننىڭ جازاسى ئىنساننىڭ ھەققىدۇر. ئەكسىچە زىنا بىلەن ھاراقنىڭ جازاسى بولسا الله تائالانىڭ ھەققىدۇر. ئىنساننىڭ ھەقلىرىگە ئارىلىششقا بولمايدۇ[3].

### كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى كۈچلۈك بولغاچقا ئۇلارنىڭ قارىشى توغرا ۋە كۈچلۈك قاراشتۇر. چۈنكى، بىر ئادەم بىر قەبىلىنى قارىلىغان بولسا، بىز ئۇنىڭغا ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم جازا ئىجرا قىلساق، قارىلىغۇچى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

### ئالتىنچى ھۆكۈم

گۇۋاھچىلاردا ئادىللىق شەرت قىلىنامدۇ؟

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 332 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 153 ـ بەت.

[2] ئىمام شافىئىنىڭ بەزى شاخچە ھۆكۈملەردە ئىككى مەزھىبى بولۇپ، بىرى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە، يەنە بىرى ئاخىرقى بىر قانچە يىللىق ھاياتىغا تەۋەدۇر.

[3] بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

مەزكۇر ئايەت گۇۋاھچىلارنىڭ سۆيىتىدە ئۇلاردىن تۆت ئەرنىڭ بولۇشىدىن ئارتۇق بىر نەرسە بايان قىلمىدى. بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپ قىلىشقان. شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر: گۇۋاھچى چوقۇم ئادىل بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر: پاسىق ئادەممۇ گۇۋاھچىلىققا يارايدۇ دەپ قارايدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ ئىختىلاپنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولىدۇ: ئەگەر زىنا بىلەن قارىلانغۇچىنىڭ راست زىنا قىلغانلىقىغا تۆت پاسىق گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلار شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بوھتان چاپلىغۇچى ھېسابلىنىپ، خۇددى بىرىنچى قارىلىغۇچى جازالانغاندەكلا جازالىنىدۇ.

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر بۇ مەسىلىدە مۇنداق دەيدۇ: «قارىلىغۇچى جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ، گۇۋاھچىلاردىن تۆتنى كەلتۈردى. پەقەت شەرىئەت ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئۇلارنىڭ پاسىق بولۇشتەك كەمچىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قارىلانغۇچىنىڭ زىنا قىلغانلىقىدا گۇمان تۇغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جازا ئۇلاردىنمۇ، دەسلەپ قارىلىغۇچىدىنمۇ ساقىت قىلىنىدۇ. بۇنى ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىلگۈچىنى جازالاشنى بىكار قىلىشتا تۆھمەت دەپ ھېسابلىغىنىمىزدەك، دەسلەپ قارىلىغۇچىنى ۋە گۇۋاھچىلارنى جازالاشنى بىكار قىلىشتىمۇ تۆھمەت دەپ ھېسابلىشىمىز لازىم بولىدۇ.»

ئىمام شافىئىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشى مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: پاسىقلار گۇۋاھلىقنى قوبۇل قىلىشتىكى شەرتلەر بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار گۇۋاھچى بولۇش سالاھىيىتىدىن چىقىپ كېتىپ، پەقەت قارىلىغۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بوھتان جازاسىغا تارتىلىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرۈپ، گۇمان تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن گۇۋاھچىلاردىن جازانى بىكار قىلغان. جازالار گۇمان تۇغۇلغان ئەھۋال ئاستىدا بىكار قىلىنىدۇ. بۇنى سۈننەتمۇ ئېنىق كۆرسەتكەن.

### يەتتىنچى ھۆكۈم

گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە گۇۋاھلىق بېرىشى شەرت قىلىنامدۇ؟

مەزكۇر ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلىكتە گۇۋاھلىق بېرىشىنى ياكى ئايرىم ـ ئايرىم گۇۋاھلىق بېرىشىنى پەرقلەندۈرمىدى. ئىمام مالىك ۋە شافىئىي (اللہ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ مۇشۇ قاراشتا بولغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر گۇۋاھچىلار ئايرىم ـ ئايرىم كەلسە، ئۇلارغا بوھتان جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. جازا قارىلىغۇچىدىنمۇ ساقىت قىلىنمايدۇ.»

### ئىمام مالىك ۋە شافىئىينىڭ دەلىلى

مەزكۇر ئايەت تۆت گۇۋاھچى بولۇشتىن باشقا شەرتنى شەرت قىلمىدى، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقنى بىرلىكتە بېرىشىنىمۇ شەرت قىلمىدى. شۇڭا بىرلىكتە گۇۋاھلىق بېرىشكە كېلىشەمدۇ ياكى ئايرىم ـ ئايرىم گۇۋاھلىق بېرىشكە كېلىشەمدۇ، قانداق گۇۋاھلىق بېرىشكە كېلىشسە شۇ يېتەرلىكتۇر. بەلكى ئۇلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم گۇۋاھلىق بەرگىنى بوھتان بولۇپ قېلىشتىن يىراقتۇر. ئەگەر قازى ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن شەكلەنسە، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدا راست سۆزلەۋاتقان ياكى يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم گۇۋاھلىق ئېلىش ھەققى بار.

### ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىلى

ئۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئەگەر بىر گۇۋاھچى ئۆزى يالغۇز گۇۋاھلىق بەرگەندە قارىلىغۇچى ھېساپلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا جازا كېلىپ قالىدۇ. ئىككىنچىسى ۋە ئۈچىنچىسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. پەقەت ھەممە بىرلىكتە گۇۋاھلىق بېرىشنى شەرت قىلغاندىلا ئاندىن بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا بولىدۇ. ئۇ يەنە مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ ۋەقەلىكىنى دەلىل قىلىدۇ: مۇغىرە ئۈستىدىن تۆت ئادەم گۇۋاھلىق بەرگەندە ئۇلارنىڭ بىرى گۇۋاھلىقتا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دەررە ئۇرغان. اللە تائالا خالىسا ئالدىمىزدا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### سەككىزىنچى ھۆكۈم

قۇلنىڭ جازاسى ھۆر ئادەمنىڭ جازاسى بىلەن تەڭمۇ؟

ئەگەر بىر قۇل ئىپپەتلىك بىر ھۆر ئادەمنى قارىلىسا، ئۇنىڭغا جازانىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە فىقھشۇناسلار ئىتتىپاق كەلگەن. بىراق ئۇنىڭ جازاسى ھۆر ئادەمنىڭ جازاسى بىلەن تەڭ بولامدۇ ياكى ئۇنىڭ يېرىمىمۇ؟ بۇنىڭ ھۆكمى سۈننەتتە بايان قىلىنمىغان. شۇڭا فىقھشۇناسلار بۇ ھەقتە مۇنداق قاراشقا كەلگەن.

تۆت مەزھەبنىڭ ئىماملىرىدىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر قۇلنىڭ بوھتان قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭ جازاسى 40 دەررە بولىدۇ. چۈنكى، قۇلغا بوھتاندىمۇ زىنانىڭ جازاسىغا ئوخشاش يېرىم جازا بېرىلىدۇ. ئۇلار اللە تائالانىڭ مۇنۇ

www.munber.org

سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿ئۇلار ئەرگە تەككەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾[①].

ئىمام ئەۋزائىي، ئىبنى ھەزم ۋە شىئەلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۇ 80 دەررە ئۇرۇلىدۇ، چۈنكى، بۇ جازا ئىنسانلارنىڭ ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان، بۇ جىنايەت قارىلانغۇچىنىڭ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا يۈز بەرگەن بولۇپ، قۇل بىلەن ھۆر ئادەمنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇلنى تۆھمەت جازاسىدا 40 دەررە ئۇرغانلىقىنى بىلىمەن.»

ئەلى (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇل تۆھمەت جازاسىدا 40 دەررە ئۇرۇلىدۇ.»

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن شەھەرلەرنىڭ ئۆلىمالىرى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئەمەل قىلىدۇ، مەنمۇ مۇشۇ قاراشتىمەن.»

كۆپچىلىك ئۆلىمالار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بوھتان ھۆكمى ھەققىدىكى ئايەت ھۆر ئادەملەرگە خاستۇر، ئەگەر بىر ھۆر ئادەم ئىپپەتلىك بىر ئادەمنى قارىلىسا، 80 دەررە ئۇرۇلىدۇ، ئەمما قۇلنىڭ جازاسى 40 دەررىدۇر.» ئۇلار بوھتاننىڭ جازاسىنى زىنانىڭ جازاسىغا قىياس قىلغان.

## توققۇزىنچى ھۆكۈم

بۇ جازا الله نىڭ ھەقلىرىدىن بىرىمۇ ياكى ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىدىن بىرىمۇ؟

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: بۇ جازا الله نىڭ ھەقلىرىدىن بىرىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇ الله تائالانىڭ ھەقلىرىدىن بىرى بولغاندا تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1 ـ ئەگەر بوھتان قىلغانلىق ھاكىمغا يەتسە، قارىلانغۇچى تەلەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ھاكىمنىڭ قارىلىغۇچىغا جازا ئىجرا قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

2 ـ قارىلانغۇچىنىڭ قارىلىغۇچىنى ئەپۇ قىلىشى بىلەنمۇ جازا ساقىت بولمايدۇ. قارىلىغۇچىنىڭ قىلغان تەۋبىسى پەقەت ئۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئارىسىدىكى ئالاقىدىلا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3 ـ بوھتان قىلغان قۇلغىمۇ زىنا قىلغان قۇلغا يېرىم جازا بېرىلگىنىدەك يېرىم جازا بېرىلىدۇ.

---

① سۈرە نىسا 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام شافئىي ۋە مالىك: بۇ جازا ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىدىن بىرىدۇر، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندا تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1 ـ خەلىپە ياكى ھاكىم جازانى پەقەت قارىلانغۇچىنىڭ تەلىپى بىلەن ئىجرا قىلىدۇ.

2 ـ قارىلانغۇچىنىڭ ئەپۇ قىلىشى بىلەن قارىلىغۇچىنىڭ ئۈستىدىن جازا ساقىت بولىدۇ.

3 ـ ئەگەر جازانى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى قارىلانغۇچى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا ۋارىسى مىراسخورلۇق قىلىدۇ. مىراسخورنىڭ ئەپۇ قىلىشى بىلەن جازا ساقىت بولىدۇ.

بەزى فىقھشۇناسلار: بوھتان جازاسى اللّٰه نىڭ ھەققىمۇ. بەندىنىڭ ھەققىمۇ ئارىلاشقان بىر جازادۇر، بوھتان چاپلاشنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق ۋە قارىلانغۇچىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆككەنلىك ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق، شۇڭا بوھتان جازاسى اللّٰه نىڭ ھەققىنى ۋە بەندىنىڭ ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان، شۇنداق بولغاندا جازامۇ ئارىلاش بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش كۈچلۈكرەك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

قارىلىغۇچى تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ؟

قۇرئان كەرىم قارىلىغۇچىغا ئۈچ ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلدى. بىرىنچى، 80 دەررە ئۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۈچىنچى، ئۇ اللّٰه تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىققۇچى گۇناھكاردۇر. اللّٰه تائالا مۇشۇ ئۈچ ھۆكۈمدىن كېيىن مۇستەسنا جۈملىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففەە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى، اللّٰه مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى اللّٰه مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾.

فىقھشۇناسلار بۇ مۇستەسنا جۈملىسىدە توختىلىپ: ئۇ ئاخىرقى جۈملىگە قارىتىلىپ، قارىلىغۇچىدىن پاسىقلىق سۈپىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى قېلىپ قالامدۇ ياكى ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى بىلەن گۇۋاھلىقىمۇ قوبۇل قىلىنامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇ مۇستەسنا جۈملىسى پەقەت ﴿ئۇلار پاسىقلاردۇر﴾ دېگەن ئاخىرقى بىر جۈملىگىلا قارىتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا قارىلىغۇچى تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭدىن پاسىقلىق سۈپىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۈزەتكەن ئەڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. تابىئىنلارنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن ھەسەن بەسرى، ئىبراھىم نەخەئى، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

www.munber.org

2 ـ ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇ مۇستەسنا جۈملىسى ﴿ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر﴾ دېگەن ئاخىرقى ئىككى جۈملىگە قارىتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا قارىلىغۇچى تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن پاسىقلىق سۈپىتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. تابىئىنلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئەتائ، تاۋۇس، مۇجاھىد، شەئبى، ئىكرىمە ۋە باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئىبنى جەرىر تەبەرىمۇ (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) مۇشۇ قاراشنى تاللىغان.

فىقھشۇناسلار ئارىسىدىكى بۇ ئىختىلاپنىڭ كېلىش مەنبەسى گىراماتىكىلىق قائىدىگە ئاساسلانغان بولۇپ، ”ۋاۋ“ ھەرپى بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلانغان جۈملىلەردىن كېيىن كەلگەن مۇستەسنا جۈملىسى يۇقىرىدىكى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلامدۇ ياكى ئاخىرقى بىر جۈملىگە قارىتىلامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەتتۇر. شافىئىي ۋە مالىكى مەزھەبىدىكىلەر ئۇنى ھەممە جۈملىگە قارىتىدۇ. ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر ئۇنى پەقەت ئاخىرقى بىر جۈملىگە قارىتىدۇ. بۇ مەسىلىنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن قائىدە كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

### ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئۇلار قارىلىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى شەرتسىز قوبۇل قىلماسلىققا تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ ئەگەر مۇستەسنا جۈملىسى ئىلگىرىكى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلسا، ئەلۋەتتە 80 دەررىدىن ئىبارەت جازا قارىلىغۇچىنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. بۇ پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە باتىلدۇر. شۇڭا مۇستەسنا جۈملىسى پەقەت ئاخىرقى بىر جۈملىگە قارىتىلىدۇ.

2 ـ الله تائالا ﴿ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ھەقىقەتەن قارىلىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماسلىققا ھۆكۈم قىلدى. ”ھەرگىز“ دېگەن سۆز ئەبەدىلىك ۋە داۋاملىق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر قارىلىغۇچى تەۋبە قىلغان، الله قا قايتقان ۋە ياخشى كىشىلەردىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىش قۇرئاننىڭ بۇ ئەبەدىلىك ھۆكمىگە زىت بولۇپ قالىدۇ.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ، پەقەت بوھتان جازاسىغا تارتىلغۇچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»[①] مانا بۇ ھەدىس، ئەگەر قارىلىغۇچى بوھتان جازاسىغا تارتىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

[①] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئۇلار قارىلىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكىدەك دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، تەۋبە گۇناھنى ئۆچۈرىدۇ. گۇناھتىن تەۋبە قىلغان كىشى گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا قارىلىغۇچى تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.»

2 ـ كۇفۇرلۇق قىلىش بوھتان چاپلاشتىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر كاپىر تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنغان يەردە بوھتان قىلغان، ئاندىن تەۋبە قىلغان بىر مۇسۇلماننىڭ گۇۋاھلىقى قانداقمۇ قوبۇل قىلىنمىسۇن؟

ئىمام شافئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، الله غارىلىغۇچىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇيۇ، سىلەر ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى رەت قىلىسىلەر.»①

3 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ ۋەقەلىكى بولۇپ②، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇغىرىنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن ئەبۇ بەكرە، نافىئ ۋە نۇفەيئ قاتارلىق ئۈچەيلەننى مۇغىرەگە بوھتان قىلدى، دەپ قاراپ دەررە ئۇرغان. ئاندىن ئۇلارغا: كىمكى ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىمەن، كىمكى ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە رۇخسەت قىلمايمەن، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن نافىئ ۋە نۇفەيئ ئۆزلىرىنى يالغانچىغا چىقارغان. ئۆمەر ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلاتتى. ئەبۇ بەكرەگە كەلسەك، ئۆمەر ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبول قىلمايتتى. ئۆمەرنىڭ بۇ قىلغىنىغا ساھابىلاردىن ھېچكىم قارشى چىقمىغان.

4 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتتىكى مۇستەسنا جۈملىسى ئىلگىرىكى ھەممە جۈملىگە قارىتىلىش لازىم، لېكىن قارىلىغۇچىنى 80 دەررە ئۇرۇش قارىلانغۇچىنىڭ ھەققى ئۈچۈن بېكىتىلگەن. بۇ ھەق بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىدىن بولغاچقا، تەۋبە قىلىش بىلەن ساقىت بولمايدۇ. قالغان گۇۋاھلىقىنى رەت قىلىش ۋە پاسىقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش ھەقلىرى بولسا الله نىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈن تەۋبە قىلىش بىلەن ھەر ئىككىلىسى ساقىت بولىدۇ.»

ئەللامە مەۋدۇدى «سۈرە نۇرنىڭ تەپسىرى» دە ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قارىشىمچە بۇ مەسىلىدە بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ تەۋبىسىنىڭ ھەقىقەتىنى الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىمكى بىزنىڭ ئالدىمىزدا تەۋبە قىلسا، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ قىلىدىغىنىمىز ئۇنى پاسىق دەپ ئاتىماستىن، پاسىقلىقىنىمۇ تىلغا ئالماستىن، ئۇنىڭغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا چىرايلىق مۇئامىلە

---

① ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 161 ـ بەت.

② بۇ ۋەقەنى ئىمام ئىبنۇل ئەرەبى «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىنىڭ، 3 ـ جىلد، 1325 ـ بېتىدە تەپسىلى بايان قىلغان.

www.munber.org

قىلىشنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا كۆرۈنۈش جەھەتتىن تەۋبە قىلغانلىقىغا قاراپلا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنچ قىلىشقا قايتىشىمىز توغرا ئەمەس.

بۇنىڭدىن سىرت سەن يەنە قۇرئاننىڭ ئۆزىنىڭ سۆز ئۇسلۇبىغا قارايدىغان بولساڭ، ﴿كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر﴾ دېگەن جۈملىدىكى مەزكۇر ئەپۇنىڭ پەقەت ﴿ئۇلار پاسىقلاردۇر﴾ دېگەن جۈملىگە قايتىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرىسەن. چۈنكى، قارىلىغۇچىنىڭ 80 دەررە ئۇرۇلىدىغانلىقى ۋە گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدىكى جۈملە ﴿ئۇلارنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار﴾ دەپ، بۇيرۇق سۆز ئىبارىسى بىلەن كەلگەن. قارىلىغۇچىغا پاسىقلىق ھۆكمىنى بەرگەن ئايەت ﴿ئۇلار پاسىقلاردۇر﴾ دەپ، خەۋەر سۆز ئىبارىسى بىلەن كەلگەن.

دېمەك، الله تائالانىڭ: ﴿كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى الله مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾ دېگەن سۆزى بۇ ئۈچىنچى ھۆكۈمدىن كېيىن كەلگەنلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا يانمۇيان كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇ مۇستەسنا جۈملىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بۇيرۇق جۈملىسىگە قايتماستىن، پەقەت ئاخىرقى خەۋەر جۈملىسىگە قايتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەۋبە قىلىش ئىنساننىڭ تىلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان سۆزىلا بولماستىن، بەلكى، گۇناھ قىلغانلىقىغا چىن دىلىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى، ئۆزىنى تۈزەشكە بەل باغلىغانلىقىنى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قايتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىتىنى پەقەت الله لا بىلىدۇ. شۇڭا تەۋبە قىلىش بىلەن دۇنيادا كېلىدىغان جازا ئەپۇ قىلىنمايدۇ. پەقەت ئاخىرەتتە كېلىدىغان جازا تەۋبە قىلىش بىلەن ئەپۇ قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن الله تائالا: «تەۋبە قىلغان ۋە ئەمەللىرىنى تۈزەتكەنلەرنى جازالىماڭلار» دېمەستىن، ياكى: «ئۇلارغا چېقىلماڭلار» دېمەستىن، ياكى: «ئۇلارنى ئازابلىماڭلار» دېمەستىن، بەلكى: ﴿كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى الله مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾ دېگەن. ئەگەر دۇنيادا ئىجرا قىلىنىدىغان جازالارمۇ تەۋبە بىلەنلا كەچۈرۈۋېلىنىدىغان بولسا، سىلەر جىنايەتچىلەرنىڭ قايسىبىرىنى جازادىن قورقۇپ تەۋبە قىلمايدۇ، دېيەلەيسىلەر؟ »[1]

### شەئبى ۋە زەھھاكنىڭ قارىشى

[1] ئۇستاز مەۋدۇدىنىڭ «سۈرە نۇر تەپسىرى»، 117 ـــ 118 ـ بەتلەر.

بۇ يەردە يەنە مەزكۇر ئىككى قاراشنىڭ ئوتتۇرىسىدا يول تۇتقان بىر قاراش بولۇپ، ئۇ شەئبى ۋە زەھھاكنىڭ قارىشىدۇر. ئۇ ئىككىسى مۇنداق دەيدۇ: «قارىلىغۇچى تەۋبە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ پەقەت بوھتان قىلغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلغان چاغدىلا، ئاندىن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.»

ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب (الله نىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقى ئۇنىڭغا بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇشۇ ئاخىرقى قاراشنى تاللايمەن، چۈنكى، قارىلىغۇچى تەۋبە قىلغاننىڭ ئۈستىگە ئۆز ئاغزى بىلەن بوھتان قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ قارىلانغۇچىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بوھتاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىمۇ ئۆچۈرۈپ تاشلىنىدۇ.»[①]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: سەييىد قۇتۇب تاللىغان بۇ قاراشتا سېخىلىق ۋە ئىنساپنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى كۆرۈلىدۇ، قارىلىغۇچى بىلەن قارىلانغۇچىنىڭ پۈتۈن ھەقلىرى ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ھېچ بىرىگە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، الله نىڭ ھەققىمۇ، بەندىنىڭ ھەققىمۇ زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بۇ قاراشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلاش جەمئىيەتكە تەھدىت بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ پۈتۈنلىكىنى بۇزىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىدۇر.

2 ـ مۆمىنلەرنى قارىلاش يولى بىلەن تۆھمەت قىلىش جەمئىيەتتە بۇزۇق ئىشلارنى تارقىتىش ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ مۇسۇلماننىڭ، ئەگەر ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى خاتالاشقان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى يوشۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى لازىم.

4 ـ قارىلىغۇچىنىڭ جازالىنىپ قېلىشىنى قوغداش ئۈچۈن چوقۇم ئەرلەردىن ئادىل تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈش لازىم.

5 ـ جىسمانىي، ئەخلاقىي ۋە دىنىي جازادىن ئىبارەت بۇ ئۈچ جازا بوھتان چاپلاش جىنايىتىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

6 ـ پەقەت ئاڭلىغان ياكى گۇمانلانغان ئاساستا تۆھمەت چاپلاپ، كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش دۇرۇس ئەمەس.

[①] سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 62 ـ بەت.

www.munber.org

7 ـ بەلگىلەنگەن جازالار گۇناھلار ئۈچۈن كەففارەتتۇر. مەسئۇل ھوقۇقدارلار الله نىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، بۇ جازالارنى ئىجرا قىلىشى لازىم.

8 ـ ئىنسانىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا تەۋبە قىلىشى ۋە پۇشايمان قىلىشى ئۆزىدىكى پاسىقلىق ئالامىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا ئۇ پاسىق دەپ ئاتالمايدۇ.

9 ـ ئەگەر قارىلىغۇچى ئەخلاقىنى تۈزىتىپ ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىمتىيازى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

10 ـ الله نىڭ رەھمىتى ناھايىتى كەڭ، يەزلى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بەندىنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئۇنىڭغا ھېچ مەنپەئەت قىلمايدۇ، ئىتائەتتىن چىقىشىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ. الله زالىمدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

بوھتان چاپلاش ئىسلام دىنى قىلچە رەھىم قىلماستىن قاتتىق قارشى تۇرغان ئەشەددىي گۇناھلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىگۇناھ كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش، ئىپپەتلىك ھۆر ئاياللارنى ھاقارەتلەش پاك ئائىلىنى ياكى پاك ئەرنى ئەنە شۇ تۆھمەتلەر بىلەن قارىلاشنى خالىغان كىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئابرۇيى جاراھەتلىنىدۇ، شەنىگە داغ تېگىدۇ. شۇنداق بولغاندا پۈتۈن ئۈممەت ئىچىدىن ھەر بىر شەخسكە تۆھمەت چاپلىنىدۇ ياكى تۆھمەتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ، ھەر بىر ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىدىن، بالا ـ چاقىلىرىدىن شەكلىنىدۇ.

بوھتان چاپلاش جىنايىتى ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارغا تۆھمەت قىلىش جەمئىيەتتە ئىنايىن چوڭ خەتەرلەرنى تۇغدۇرىدۇ. بىر بوھتانچىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى، بىر گۇناھكارنىڭ شۇ بىر ئېغىز سۆزنى تەستىقلىشى، ئاندىن ئۇ خەۋەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىغا تارىشى، تىلدىن تىلغا يۆتكىلىشى بىلەن قانچىلىغان ئىپپەتلىك ۋە شەرەپلىك قىزلار ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرمىدى! بۇ قىزلارنىڭ تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئار نومۇسىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قەدەم قويىدۇ. ئاندىن جەسەتلەر ئۈستىدە دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە قىزلارنىڭ پاك ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بىراق بۇ، يۈز بېرىدىغان ئىش يۈز بېرىپ، ۋاقىت كەتكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شۇڭا ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئابرۇيىغا قىلىنغان ھۇجۇمدىن قوغداش، ھۆرمىتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن يامان نىيەتلىك تىللارنىڭ ئالدىنى قەتئىي كېسىپ تاشلاپ، پاك كىشىلەردىن قۇسۇر ئىزدەيدىغانلارنىڭ يوچۇقلىرىنى پىششىق تۇسۇۋەتكەن، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەككۈزۈشتىن، كۆڭۈللىرىنى

جاراھەتلەندۈرۈشتىن مەنئى قىلغان، بوھتان چاپلاشنىڭ جازاسىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، زىنانىڭ جازاسىغا يېقىن 80 دەررە قىلىپ بېكىتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قارىلىغۇچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش ھەققىنى ساقىت قىلغان ۋە ئۇنى پاسىقلىق بىلەن سۈپەتلىگەن.

بىرىنچى جازا جىسمانىي جازا بولۇپ، تەنگە ئازاب بولىدۇ. ئىككىنچى جازا مەنىۋىي تەرەپكە ئالاقىدار ئەخلاقىي جازا بولۇپ، ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرىدۇ، قەدرىنى يوق قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئىنسان ئەمەستەك ھالغا كېلىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنچ قىلمايدۇ ۋە قوبۇل قىلمايدۇ. ئۈچىنچى جازا دىنىي جازا بولۇپ، ئۇ الله قا ئىتائەت قىلىشتىن چىققان بولىدۇ. دىللىرى كېسەل، قەلبلىرى ئۆلۈك ئىنسانلارغا بۇ جازا ھەقىقەتەن يېتەرلىكتۇر.

ئىسلام دىنى ئىپپەتلىك ئاياللارنى قارىلاشنى الله تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا ئۇچرىتىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ھېسابلايدۇ، بۇ ياماندىن ئىشنى قىلغۇچىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈشنى يامان سۆزلەرنى تارقىتىشنىڭ بىر تۈرى قىلىپ، ئۇنى قىلغۇچىنىڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقىنى بېكىتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوھتان چاپلاشنى كىشىنى ھالاك قىلىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى قاتارىدىن ساناپ: «كىشىنى ھالاك قىلغۇچى يەتتە ئىشتىن ساقلىنىڭلار» دەيدۇ. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، جەڭدىن قېچىش ۋە ئىپپەتلىك، پاك مۆمىن ئاياللارنى قارىلاش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جازانى بېكىتىشتىن مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش، پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش، جەمئىيەتنى يامان گەپ - سۆزلەردىن پاكلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى، ئۇنى نادانلارنىڭ تىللىرىدىن ۋە يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ بوھتانلىرىدىن ساقلىغىلى بولىدۇ.

[1] سۈرە نۇر 23 - ئايەت.
[2] سۈرە نۇر 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆزئارا لەنەت ئېيتىششى

﴿ وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ أَزۡوَٰجَهُمۡ وَلَمۡ يَكُن لَّهُمۡ شُهَدَآءُ إِلَّآ أَنفُسُهُمۡ فَشَهَٰدَةُ أَحَدِهِمۡ أَرۡبَعُ
شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٦﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةُ أَنَّ لَعۡنَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ
﴿٧﴾ وَيَدۡرَؤُاْ عَنۡهَا ٱلۡعَذَابَ أَن تَشۡهَدَ أَرۡبَعَ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴿٨﴾ وَٱلۡخَٰمِسَةَ
أَنَّ غَضَبَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَآ إِن كَانَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٩﴾ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ
حَكِيمٌ ﴿١٠﴾ ﴾

﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، اللہ نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا اللہ نىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اللہ نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا اللہ نىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە اللہ نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى (چوقۇم رەسۋا بولاتتىڭلار)، اللہ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾.

سۈرە نۇر 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايەتلىرى

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يَرۡمُون: (زىنا بىلەن قارىلىغان)، بۇ سۆز خوتۇنلىرىغا پاھىشە قىلدى، دەپ تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنى زىنا بىلەن قارىلايدىغانلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قارىلاشنىڭ مەنىسى ئىلگىرىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان بولۇپ، تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنىڭ شەرت قىلىنغانلىقى بۇ قارىلاشنىڭ زىنا بىلەن قارىلاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتىمۇ تۆت قېتىم گۇۋاھلىق ئېيتىش شەرت قىلىنغان.

أَزۡوَٰجَهُم: (خوتۇنلىرى)، بۇ سۆز «زەۋج» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، خوتۇن دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

فَشَهَـٰدَةُ أَحَدِهِمۡ: (گۇۋاھلىق سۆزنىڭ)، يەنى خوتۇننى زىنا بىلەن قارىلىغۇچى بوھتان جازاسىنى ئۆزىدىن كۆتۈرۈۋېتىدىغان گۇۋاھلىق ئۇچۇن ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىدۇ. گۇۋاھلىق لۇغەتتە كەسكىن خەۋەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شەرئەتتە بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسان ئۈستىدە ھەققى بارلىقىنى خەۋەر قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ گۇۋاھلىق دەلىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

لَعۡنَتَ ٱللَّهِ: (الله نىڭ لەنىتى)، بۇ سۆز الله نىڭ غەزىپى ۋە جازاسى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. لەنەت ئەسلىدە الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىش مەنىسىدە، كېلىدۇ.

وَيَدۡرَؤُاْ: (ساقلاپ قېلىنىدۇ)، بۇ سۆز لۇغەتتە ساقلىماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتىكى مەنىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ٱلۡعَذَابَ: (جازا)، بۇ ئازاب ئىلگىرىكى ئايەتلەردە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە زىنا قىلغۇچى ئايالنىڭ جازاسى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دەررە ئۇرۇش ياكى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسىنى كۆرسىتىدۇ.

تَوَّاب: (تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى)، يەنى الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى بولۇپ، گۇناھلاردىن قايتقان بەندىسىگە رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بىلەن قايتىدۇ.

حَكِيم: (ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى)، يەنى الله ھەر نەرسىنى ئۆز ئورنىدا قويىدۇ، بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان ھۆكۈملەرنى بەلگىلەيدۇ. ئايەت مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئەگەر الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى تېز جازالىغان، ئاراڭلاردىكى يالغانچىنى رەسۋا قىلغان بولاتتى. لېكىن الله تائالا گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە خوتۇننى پاھىشە قىلدىڭ دەپ قارىلاپ، ئۇنىڭغا زىنا بىلەن بوھتان چاپلىغان، قولىدا دەۋاسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىت بولمىغان، ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلارمۇ بولمىغان كىشىنىڭ ئۆزىنى بوھتان جازاسىدىن ساقلاپ قالىدىغان تۆت گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا ﴿الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم﴾ قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى، بەشىنچى قېتىممۇ يەنە قەسەم قىلىپ: ئەگەر ئايالىمنى زىنا بىلەن قارىلىغانلىقىمدا ﴿يالغانچى بولسام ماڭا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن﴾ دېيىشىنىڭ لازىملىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئەمما قارىلانغان ئايالغا كەلسەك، ئەگەر ئۇ بۇ گۇناھنى قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، زىنانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى

www.munber.org

ئىسپاتلاپ بېرىدىغان تۆت گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا ئۆزىنىڭ ئۆزىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ﴿ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە الله نىڭ نامى بىلەن﴾ تۆت قېتىم قەسەم قىلىشى لازىم. بەشىنچى قېتىمدا ئۇ: ئەگەر ئېرىم مېنى زىنا بىلەن قارىلىغانلىقىدا راستچىل بولسا، ﴿الله نىڭ﴾ غەزىپى ۋە ئازابى ماڭا بولسۇن، دەپ قەسەم قىلىشى لازىم.

ئاندىن الله تائالا ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۆزئارا لەنەت ئېيتىششىدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمنى بەندىلىرى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىشى پەقەت ئىنسانلارغا مەرھەمەت قىلغانلىقى ۋە گۇناھكار بەندىلىرىگە كۆيۈنگەنلىكى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا قىلغان، دۇنيادىكى جازاسىنى تېزلەتكەن، ئاخىرەتتىمۇ قاتتىق ئازابلىغان بولاتتى. لېكىن الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، گۇناھلارنى تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئەگەر بەندە تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن﴾[①].

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھىلال ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا خوتۇنىنى ۋە شەرىك ئىبنى سەھمائىنى زىنا بىلەن قارىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلالغا: «گۇۋاھچى كەلتۈرگىن، بولمىسا دۈمبەڭگە دەررە ئۇرۇلىدۇ» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر بىزنىڭ بىرىمىز خوتۇنىنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەمنى كۆرسە، گۇۋاھچى ئىزدەپ كېتىپ قالامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «گۇۋاھچى كەلتۈرگىن، بولمىسا دۈمبەڭگە دەررە ئۇرۇلىدۇ» دېدى.

ھىلال: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن سۆزۈمدە ھەقىقەتەن راستچىلمەن، الله چوقۇم مېنىڭ دۈمبەمنى جازادىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھۆكۈم چۈشۈرىدۇ، دېدى. ئاندىن الله تائالا: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ

[①] سۈرە تاھا 82 ـ ئايەت.

گېپى راست بولىدىغان بولسا ) ماڭا الله نىڭ غەزىپى بولسۇن، دەپ قەسەم قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋەھيىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھىلالنى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ھىلال كېلىپ قەسەم بىلەن گۇۋاھلىق بەردى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئىككىڭلارنىڭ بىرىڭ چوقۇم يالغانچى ئىكەنلىكىنى الله ياخشى بىلىدۇ، قايسىڭلار تەۋبە قىلىسىلەر؟» دەۋاتاتتى. ئاندىن ھىلالنىڭ خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ قەسەم بىلەن گۇۋاھلىق بەردى. بەشىنچى قېتىم قەسەم قىلىپ گۇۋاھلىق بەرگىلىۋاتقاندا يېنىدىكى ئادەملەر ئايالنى توختىتىۋېلىپ: بۇ گۇۋاھلىق ئازابنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدۇ، دېدى. ئايال دۇدۇقلىغىنىچە ئارقىغا ياندى، ھەتتا بىز ئۇنى گۇۋاھلىق بېرىشتىن ياندىغان بولدى، دەپ ئويلىدۇق. ئاندىن ئۇ: بۈگۈن قەۋمىنى رەسۋا قىلمايمەن، دېدى ـ دە، بەشىنچى قېتىملىق گۇۋاھلىقنىمۇ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلىرىگە: «بۇ ئايالنى كۆزىتىڭلار، ئەگەر ئۇ ئىككى كۆزى قاپقارا، ئىككى ساغرىسى كەڭ، ئىككى پاچىقى تولۇق ئەت ئالغان بىر بالا تۇغسا، ئۇ شەرىك ئىبنى سەھمائىنىڭ بالىسىدۇر» دېدى. كېيىن ئۇ ئايال ئەنە شۇنداق سۈپەتلىك بالا تۇغدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «الله نىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈم بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەن ئۇ ئايالنىڭ ئىشىنى باشقىچە بىر تەرەپ قىلغان بولاتتىم» دېدى.[1]

2 ـ ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا سەئد ئىبنى ئۇبادە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەت مۇشۇنداق نازىل قىلىندىمۇ؟ ئەگەر مەن بىر بۇزۇق ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ قالسام، مەن ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلماستىن، ئۇنى مىدىرلىتىپمۇ قويماستىن، تاكى تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرەلمىدىمەن؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن تۆت گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىپ بولغىچە ئۇ ئىشنى ئاللىبۇرۇن تۈگىتىپ بولىدۇ، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى ئەنسارىلار جامائەسى! باشلىقىڭلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى ئەيىبلىمىگىن، ئۇ كۆندەشلىكى يامان بىر ئادەم، ئۇ خوتۇن ئالسا پەقەت قىزلارنىلا ئالىدۇ، ئۇ قويىۋەتكەن خوتۇنىنى ئىچىمىزدىن بىرى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، دېدى.

سەئد: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئايەتنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىمەن، لېكىن مەن بىر بۇزۇق ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ قالسام، ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلماستىن،

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 22 ـ بەت.

www.munber.org

ئۇنى مەدىرلىتىپمۇ قويماستىن، تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرىدىغانلىقىمغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن تۆت گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىپ بولغىچە ئۇ ئىشنى ئاللىبۇرۇن تۈگىتىپ بولىدۇ، دېدى.

اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۇزاق تۇرماستىنلا ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ئۆزىنىڭ بېغى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئىشىنى ئىككى كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئىككى قولۇقى بىلەن ئاڭلىغان ئىدى...[1] ئاندىن ئىبنى جەرىر تەبەرى ھىلالنىڭ ئىلگىرى بايان قىلىنغان قىسسىسىنى ۋە لەنەت ئېيتىشىش يولىنى رىۋايەت قىلغان.

3 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاسىم ئىبنى ئەدىي ئەنسارى ھەمراھلىرىغا مۇنداق دېدى: ئارىمىزدىن بىر ئادەم ئۆيىگە كىرگەندە خوتۇنىنىڭ قورسىقى ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرسە، بۇنىڭغا گۇۋاھ بولىدىغان تۆت ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ بولغىچە ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر: مەن خوتۇنۇمنى پالانى بىلەن تۇتۇۋالدىم دېسە، دەررە ئۇرۇلىدۇ، ئەگەر سۈكۈت قىلسا ئاچچىق ئىچىدە سۈكۈت قىلىدۇ، ئى اللہ! بىر چىقىش يولى بەرگىن.

ئاسىم دېگەن بۇ ئادەمنىڭ تاغىسىنىڭ ئۇۋەيمىر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇۋەيمىر ئاسىمنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: مەن بىر ئادەمنى خوتۇنۇمنىڭ قورسىقى ئۈستىدە تۇتىۋالدىم...»[2] بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ئۇنىڭ ئاخىرىنىمۇ بايان قىلغان.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەت ئىككى سەۋەبتىن يات ئاياللار بىلەن ئەمەس ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن لەنەت ئېيتىششىنى يولغا قويغان:

بىرىنچى، يات ئايالنىڭ زىنا قىلىشى ئەرگە يامان نام ئېلىپ كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى يوشۇرىشى ياخشىدۇر. ئەمما خوتۇنىنىڭ زىنا قىلىشى ئۇنىڭغا ئار ـ نومۇس ئېلىپ كېلىدۇ، نەسەبنى بولغايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشقا سەۋر قىلالمايدۇ.

ئىككىنچى، ئەرنىڭ ئەھۋالى ھەممىگە ئۇقۇمۇشلۇقكى، ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرمىسە ئايالىغا بوھتان قىلىشنى كۆزلىمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنى قارىلىسا، قارىلاشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. لېكىن بۇ گۇۋاھلىق تولۇق دەلىل

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 84 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 164 ـ بەت.

بولۇشقا يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان قەسەم ئىچىش ھۆكمى قوشۇپ بەلگىلەنگەن.»[1]

2 ـ ئايەتتە لەنەت تىلەش ئەر تەرەپكە، غەزەپ تىلەش ئايال تەرەپكە خاس قىلىندى. چۈنكى، غەزەپ جازادا لەنەتتىن ئېغىردۇر. ئايالنىڭ زىنا قىلىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزۈشى ئەرنىڭ بوھتان چاپلاش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگىنىدىن ياماندۇر. شۇڭا ئايالنىڭ غەزەپكە ئۇچرايدىغانلىقى بايان قىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاياللار كۆپىنچە ھاللاردا لەنەت سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلار ئۇ سۆزنى قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئۇ سۆزنىڭ ئېغىرلىقى دىللىرىدىن چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سۆزنى ئاغزىغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. الله نىڭ غەزىپى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلسىڭىز چۈشىنىۋالىسىز.

3 ـ الله تائالا: ﴿الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دېدى. ئەسلىدە تەۋبىگە رەھمەت مۇناسىپ بولاتتى. شۇنداق تۇرسا نېمىشقا «الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» دېيىشنىڭ ئورنىغا ﴿الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دېدى؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: الله تائالا ئەر ـ خوتۇننىڭ ئۆزئارا لەنەت ئېيتىششىنى ھۆكۈم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىنىڭ بۇ يامان ئىشنى مەخپىي تۇتۇشنى خالىدى. ئەگەر ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىش بەلگىلەنمىگەن بولسا ئىدى، سىرتقى جەھەتتىن ئەرنىڭ راست ئېيتقانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەرگە يەنىلا بوھتان جازاسى ۋاجىپ بولاتتى. چۈنكى، رەسۋالىق ۋە ئار نومۇس ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسىگە ئورتاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر خوتۇنىغا بوھتان چاپلىمايدۇ. ئەگەر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرى بىلەن كۇپايىلەنسە ئىدى، خوتۇنىغا ئەلۋەتتە زىنانىڭ جازاسى ۋاجىپ بولاتتى. شۇڭا ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىغا ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى بىرلىكتە چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىش يولىغا ئاساسەن بۇ ھۆكۈم بەلگىلىنىپ، ئەنە شۇ قەسەم بىلەن ئۇ ئىككىسىدىن جازا كۆتۈرۈۋېتىلدى. الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ رەھمىتى نېمىدېگەن كەڭ، ھېكمىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھە!

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىش قاچان ۋاجىپ بولىدۇ؟

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 166 ـ بەت.

www.munber.org

ئەگەر ئەر خوتۇنىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، خوتۇنى ئۇنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئەر ئۇنى قارىلاشتىن يانمىسا، ئۇ ئىككىسىگە ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىش بەلگىلىنىدۇ. ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىش مۇنداق ئىككى ھالەتتە ۋاجىب بولىدۇ:

بىرىنچى ھالەتتە، ئەگەر ئەر خوتۇنىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، مەسىلەن خوتۇنىغا: سەن زىنا قىلدىڭ، دېسە ياكى: مەن سېنىڭ زىنا قىلغۇاتقانلىقىڭنى كۆردۈم، دېسە ۋە ياكى: سەن زىناخور خوتۇن دېسە، خوتۇنى مۇنداق قارىلىغانلىقىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان تۆت گۇۋاھچىسى بولمىسا، ئىمام مالىكتىن باشقا كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇ ئىككىسى ئۆزئارا لەنەت ئېيتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى ھالەتتە، ئەر خوتۇنىنىڭ ئۆزىدىن ھامىلدار بولغانلىقىنى رەت قىلىدۇ، مەسىلەن: خوتۇنىنىڭ قورسىقىدىكى بۇ بالا مەندىن ئەمەس، دەيدۇ. ياكى ئەر خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالىنى مېنىڭ بالام ئەمەس، دەپ رەت قىلىدۇ.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىش قەسەممۇ ياكى گۇۋاھلىقمۇ؟

فىقھشۇناسلار ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىشنىڭ قەسەم ياكى گۇۋاھلىق ئىكەنلىكىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئۇ گۇۋاھلىقتۇر، شۇڭا ئۇ گۇۋاھلىقنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئالىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ ئۇ قەسەمدۇر، گۇۋاھلىق ئەمەس، شۇڭا ئۇ قەسەمنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئالىدۇ. بۇ ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

### ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر لەنەت ئېيتىشىشنىڭ گۇۋاھلىق ئىكەنلىكىگە الله تائالانىڭ: ﴿گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بەرسۇن﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «لەنەت ئېيتقۇچى لەنەت ئېيتقاندا: الله نىڭ نامى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى دەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ گۇۋاھلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»

2 ـ ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىدىكى ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قىسسىسىنى دەلىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھىلال كېلىپ قەسەم بىلەن گۇۋاھلىق بەردى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككىڭلارنىڭ بىرىڭنىڭ چوقۇم يالغانچى ئىكەنلىكىنى الله ياخشى بىلىدۇ، قايسىڭلار تەۋبە قىلىسىلەر؟» دەۋاتاتتى. ئاندىن ھىلالنىڭ خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ قەسەم بىلەن گۇۋاھلىق بەردى...» بۇ ھەدىستە گۇۋاھلىق دېگەن سۆز ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان.

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەرنىڭ سۆزلىرى لەنەت ئېيتىششتا گۇۋاھچىلارنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزلەر گۇۋاھلىق دېيىلىدۇ.»

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ يەردىكى گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ قەسەمنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا اللہ تائالانىڭ: ﴿مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن اللہ نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ﴾[1] دېگەنلىكىنى، ئاندىن ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى﴾[2] دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىپ، اللہ تائالانىڭ بۇ گۇۋاھلىقنى قەسەم دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ ئۇلار اللہ تائالانىڭ ﴿اللہ نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم گۇۋاھلىق بەرسۇن﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «اللہ نىڭ كاتتا ئىسمى بۇ گۇۋاھلىق بىلەن بىر يەردە بايان قىلىندى، مانا بۇ ئۇ گۇۋاھلىقنىڭ قەسەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە قەسىمى قوبۇل قىلىنىدۇ.»

3 ـ ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قەسەم بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەن ئۇ ئايالنىڭ ئىشىنى باشقىچە بىر تەرەپ قىلغان بولاتتىم» دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر: لەنەت ئېيتىششنىڭ لەۋزىلىرى قەسەم بىلەن تەكىتلەنگەن گۇۋاھلىقتۇر، دەپ قارايدۇ. كۆپچىلىك ئۆلىمالار: لەنەت ئېيتىششنىڭ لەۋزىلىرى گۇۋاھلىق بىلەن تەكىتلەنگەن قەسەمدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ سۆز قۇرۇلمىسى ئۇ ھۆكۈمنى چىقىتىش ئۈچۈن كەلگەن. ئىلگىرىكى قاراشتىكىلەر گۇۋاھلىق تەرىپىنى كۈچلەندۈرگەن بولسا، كېيىنكى قاراشتىكىلەر قەسەم تەرىپىنى كۈچلەندۈرگەن.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

لەنەت ئېيتىشش كاپىردىن، قۇلدىن ۋە بوھتان جازاسىغا تارتىلغان ئادەمدىن دۇرۇس بولامدۇ؟

فىقھشۇناسلارنىڭ لەنەت ئېيتىشش گۇۋاھلىقمۇ ياكى قەسەممۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقىنىغا ئاساسەن لەنەت ئېيتىشىدىغان كىشىلەر ھەققىدىمۇ ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا ئىختىلاپ تۇغۇلغان.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر لەنەت ئېيتىشنى توغرا بولىدىغان ئەرنىڭ مۇسۇلمانغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا لەنەت ئېيتىشى توغرا

[1] سۈرە مۇنافىقۇن 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇنافىقۇن 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بولىدىغان ئايالنىڭمۇ مۇسۇلمانغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيىتىنى بولۇشى كېرەكلىكىنى شەرت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئىككى قۇلنىڭ ئارىسىدا، ئىككى كاپىرنىڭ ئارىسىدا، دىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ۋە بوھتان جازاسىغا تارتىلغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا لەنەت ئېيتىشىش توغرا بولمايدۇ.

ئۇلار ئۆز قاراشلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق، دېگەنلىكىنى دەلىل قىلىدۇ: «لەنەت ئېيتىشىشقا بولمايدىغان تۆت ئادەم بار، ھۆر ئەر بىلەن دېدەك ئارىسىدا، ھۆر ئايال بىلەن قۇل ئارىسىدا، مۇسۇلمان ئەر بىلەن يەھۇدىي ئايال ئارىسىدا ۋە مۇسۇلمان ئەر بىلەن خرىستىئان ئايال ئارىسىدا لەنەت ئېيتىشىشقا بولمايدۇ.»[1]

ئۇلار يەنە مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: اللہ تائالانىڭ: ﴿ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى مۇستەسنا جۈملىسى ئەرلەرگە قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن پەقەت گۇۋاھلىقى دۇرۇس بولىدىغان كىشىنىڭلا لەنەت ئېيتىشى ۋاجىپ بولىدۇ. شۇڭا ھۆر، مۇسۇلمان ئەر ـ خوتۇندىن باشقا ئادەملەرنىڭ لەنەت ئېيتىششى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىمام شافىئىي، مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد (بىر رىۋايىتىدە) مۇنداق دەپ قارايدۇ: قەسەمى دۇرۇس بولىدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ بوھتان چاپلىشى ۋە لەنەت ئېيتىشى دۇرۇس بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئەر ـ خوتۇننىڭ، ئۇلار مەيلى ھۆر بولسۇن ياكى قۇل بولسۇن، مەيلى مۆمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، مەيلى پاسىق بولسۇن ياكى ئادىل بولسۇن، لەنەت ئېيتىششى دۇرۇس بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، اللہ تائالانىڭ: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغانلار﴾ دېگەن سۆزى ئاممىباب بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەت ھېچ بىر ئەرنى خاسلاشتۇرمىدى. شۇڭا ھەرقانداق ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ لەنەت ئېيتىششى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «لەنەت ئېيتىشىشتىن مەقسەت ئۆزگە ئار نومۇسنى يۇقتۇرماسلىق ۋە زىنادىن تۇغۇلغان بالىنى رەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭغا مۇسۇلماننىڭ ئېھتىياجى بولغىنىدەك، غەيرى مۇسۇلماننىڭمۇ ئېھتىياجى بار. خۇددى ھۆر ئادەم ئۆزگە ئار نومۇسنى يۇقتۇرمىغاندەك، قۇلمۇ ئار نومۇسنى ئۆزگە يۇقتۇرمايدۇ.»

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا قەسەمى دۇرۇس بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ لەنەت ئېيتىشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تالاش ـ تارتىشنى شۇنداق ئايرىشقا بولىدۇكى، ئۇ قەسەمدۇر، ھەرگىز گۇۋاھلىق ئەمەس، ئەر ئۆزىنىڭ دەۋاسىنىڭ راست ئىكەنلىكى ئۈچۈن

[1] ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبى ئۆزىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 187 ـ بېتىدە: بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت يوللىرىنىڭ ھەممىسى زەئىپ دېگەن.

ۋە ئۆزىنى جازادىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەسەم ئىچىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قانداقمۇ، شەرىئەتتە بىر گۇۋاھچى باشقا بىرىگە ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان بىرەر ھۆكۈم بىلەن ئۆزىنىڭ پايدىسىغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، دەپ ئېيتالىشى توغرا بولسۇن! بۇ ئەسلىدىنلا قاملاشمىغان، مەنتىقىگىمۇ ئۇيغۇن بولمايدىغان بىر پىكىردۇر.»①

ئىمام ئىبنى قەييۇم (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «توغرا قاراش شۇكى، ئۇلارنىڭ لەنەت ئېيتىششى قەسەم بىلەن گۇۋاھلىقتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلى سۈپەتنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ قەسەم بىلەن تەكىتلەنگەن گۇۋاھلىقتۇر. ھالەتنىڭ تەقەززاسى ئۈچۈن تەكرارلاش شۇ ئىشنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا 10 تۈرلۈك تەكىتلەش تىلغا ئېلىنغان...»②. ئىبنى قەييۇم بۇ 10 تۈرلۈك تەكىتنى تولۇق بايان قىلغان.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### مەسئۇل كىشى ھازىر بولماستىن لەنەت ئېيتىشىش دۇرۇس بولامدۇ؟

فىقھشۇناسلار ھۆكۈم قىلغۇچى ياكى ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ھازىر بولماستىن لەنەت ئېيتىشىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، لەنەت ئېيتقۇچى ئىككىسىنىڭ بىرى سۆزىدىن يېنىۋالسا ياكى ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، جازا ۋاجىپ بولىدۇ. جازانى ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلغۇچىلارغا خاس ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

ئىمامنىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشى، ئۇلارغا اللّٰه نىڭ ئازابىنى ئەسلىتىشى، ئىككىسىنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۇنيانىڭ ئازابىنىڭ ئاخىرەت ئازابىدىن يېنىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى، ئۇلارنى ئاخىرەت ئازابىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورقۇتقاندەك قورقۇتۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر ئايال تۇغقانلىرى ئارىسىغا تۇغقانلىرىدىن ئەمەس بىر بالىنى ئېلىپ كىرسە، اللّٰه نىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ھەققى بولمايدۇ، اللّٰه ئۇنى ھەرگىز جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ.» «قايسى بىر ئەر ئۆز بالىسىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن تانسا، اللّٰه ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ.»③

## بەشىنچى ھۆكۈم

### لەنەتنىڭ قانداق ئېيتىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ يولى

مەزكۇر ئايەتلەر لەنەتنىڭ قانداق ئېيتىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يولىنى ناھايىتى ئوچۇق شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن ئەر لەنەت ئېيتىشنى باشلاپ تۆت قېتىم: «اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن

---

① ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1332 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 187 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر» ناملىق تەپسىرى، 5 ـ جىلد، 14 ـ بەت.

② سەييىد سابىقنىڭ «فىقھۇسسەننە» ناملىق كىتابى، 8 ـ جىلد، 168 ـ بەت.

③ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

خوتۇنۇمنى زىنا بىلەن قارىلىغان سۆزۈمدە چوقۇم راستچىلمەن» دەيدۇ، ئاندىن بەشىنچى قېتىمدا گۇۋاھلىقىنى: «ئەگەر مەن ئۇنى زىنا بىلەن قارىلىغان سۆزۈمدە يالغانچى بولسام، ماڭا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن!» دەپ تۈگىتىدۇ. ئاندىن خوتۇنى گۇۋاھلىق بېرىشكە باشلاپ تۆت قېتىم: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئېرىم مېنى زىنا بىلەن قارىلىغان سۆزىدە چوقۇم يالغانچىدۇر» دەيدۇ. ئاندىن بەشىنچى قېتىمدا گۇۋاھلىقىنى: «ئەگەر ئېرىم مېنى زىنا بىلەن قارىلىغان سۆزىدە راستچىل بولسا، ماڭا الله نىڭ غەزىپى بولسۇن» دەپ تۈگىتىدۇ.

ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئەردىن بەش قېتىمدىن ئاز گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ لەنەتنى غەزەپكە ئالماشتۇرۇشىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئايالدىنمۇ بەش قېتىمدىن ئاز گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ غەزەپنى لەنەتكە ئالماشتۇرۇشىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

لەنەت ئېيتىششتا ئالدى بىلەن ئەر باشلايدۇ. بۇ كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئايالنىڭ لەنەت ئېيتىشى بىلەن باشلىغان بولسا، ئۇنىڭ لەنىتى ھېساب بولىۋېرىدۇ.»

بۇ ئىختىلاپنىڭ مەنبەسى شۇكى، فىقھشۇناسلار ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى خوتۇنغا جازانى ۋاجىپ قىلىپ قويىدۇ، خوتۇننىڭ لەنەت ئېيتىشى ئەنە شۇ جازانى ساقىت قىلىدۇ، شۇڭا خوتۇننىڭ لەنەت ئېيتىشى ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشىدىن كېيىن بولۇشى تەبىئىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى خوتۇنغا جازانى ۋاجىپ قىلىپ قويمايدۇ، چۈنكى، زىنانىڭ جازاسى پەقەت تۆت گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ياكى زىنا قىلغۇچىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ، شۇڭا خوتۇننىڭ لەنەت ئېيتىشى ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشىدىن كېيىن بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ.

لەنەت ئېيتىششنىڭ بۇ يولى قۇرئاندىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن يول قوشۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر خوتۇن ھامىلدار بولۇپ، ئەر قورساقتىكى بۇ بالىنى رەت قىلسا لەنەت ئېيتقاندا ئۇنى تىلغا ئېلىپ: «قورساقتىكى بۇ بالا مەندىن ئەمەس» دەيدۇ. شۇنداقلا بۇ يەردە بىر بالا بولۇپ، ئەر ئۇنى رەت قىلسا، لەنەت ئېيتقاندا ئۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەر گۇۋاھلىق بەرگەندە ئورنىدىن تۇرۇشى، خوتۇن بولسا ئولتۇرۇپ تۇرۇشى، خوتۇنمۇ گۇۋاھلىق بەرگەندە ئورنىدىن تۇرۇشى، ئەر بولسا ئولتۇرۇپ تۇرۇشى ياخشى دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ بەلگىلىنىشىگە، بىر تۈركۈم ئادىل مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىر بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشمۇ ياخشى، دەپ قارىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پاك

سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن. ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن لەنەت ئېيتىشىش چوڭ مەسجىدتە، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ[1].

## ئالتىنچى ھۆكۈم

### لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىماسلىق جازانى ۋاجىب قىلىپ قويامدۇ؟

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىرى لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا جازا ۋاجىب بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۆلىمالار مۇنداق ئىككى خىل قاراشتا بولغان:

1 ـ ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر ئەر لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا بوھتان جازاسى كېلىدۇ. ئەگەر خوتۇن لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا زىنا جازاسى كېلىدۇ.

2 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىمىسا، ئۇ لەنەت ئېيتقانغا قەدەر ياكى ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارغانغا قەدەر سولاپ قويىلىدۇ. ئەگەر خوتۇن لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىمىسا، ئۇمۇ لەنەت ئېيتقانغا قەدەر ياكى زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانغا قەدەر سولاپ قويىلىدۇ. ئەگەر خوتۇن زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا زىنا جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار جازانىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە بىرقانچە دەلىل كۆرسەتكەن بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە خۇلاسىلەپ بايان قىلىمىز:

1 ـ اللہ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا: ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغانلار﴾ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەرلەرنىڭ ھۆكمىنى باغلاپ: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغانلار﴾ دېدى. خۇددى يات ئاياللارغا بوھتان قىلىش تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنى ياكى جازاغا مۇپتىلا بولۇشنى تەلەپ قىلغىنىدەك، خوتۇنلىرىغا بوھتان قىلىشمۇ لەنەت ئېيتىششنى ياكى جازاغا مۇپتىلا بولۇشنى ۋاجىب قىلىپ قويىدۇ.

2 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿خوتۇن كىشى جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدىن ئاخىرەتنىڭ جازاسى كۆزدە تۇتۇلسا، توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، خوتۇن لەنەت ئېيتىششتا يالغانچى بولسا، لەنەت ئېيتىشىش ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ جازاسىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئاخىرەتتە جازاغا تارتىلمايدۇ. شۇڭا بۇ ئايەتتىن دۇنيانىڭ جازاسى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى مۇئەييەنلىشىدۇ. بۇ جازا ئىلگىرىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، اللہ تائالا: ﴿ئۇلارنى جازالىغاندا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن﴾ دېدى. مانا بۇ زىنانىڭ جازاسىدىن ئىبارەتتۇر.

[1] «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىلالنىڭ خوتۇنى خەۋلەگە دېگەن مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «چالما ـ كېسەك قىلىش سىزگە الله نىڭ غەزىپىدىن يېنىكتۇر.» مانا بۇ، بۇ ھەقتە ئوچۇق ئېيتىلغان دەلىلدۇر[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «گۇۋاھچى كەلتۈرگىن، بولمىسا دۈمبەڭگە دەررە ئۇرۇلىدۇ» دېگەن[2].

## ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىللىرى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تۆۋەندىكىدەك دەلىل كەلتۈرىدۇ:

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغانلار﴾ دېگەن سۆزى خوتۇنلىرىنى قارىلاشتا ۋاجىپ بولىدىغىنى جازا ئەمەس، لەنەت ئېيتىشىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئايەت يا بوھتان ھەققىدىكى ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. يا ئۇنى خاسلاشتۇرىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىلى ھالەتتە لەنەت ئېيتىشىشتىن باشقا نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەگەر ئەر لەنەت ئېيتىشىشقا ئۇنىمىسا، لەنەت ئېيتقانغا قەدەر سولاپ قويۇلىدۇ. ئەگەر خوتۇن لەنەت ئېيتىشىشقا ئۇنىمىسا، ئۇمۇ لەنەت ئېيتقانغا قەدەر سولاپ قويۇلىدۇ.

2 ـ ئەگەر خوتۇن كىشى لەنەت ئېيتىشىشقا ئۇنىمىسا، ئۇ لەنەت ئېيتىشىشتىن يېنىۋالغاندىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلمىغان بولىدۇ. لەنەت ئېيتىشىشنى تەرك ئېتىش ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تويى قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغان، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۈچ ئىشنىڭ بىرىدىن باشقا ئىشتا بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ.»[3]

3 ـ لەنەت ئېيتىشىشقا ئۇنىماسلىق ئىقرار قىلغانلىقتا ئوچۇق دەلىل بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن جازانى ئىسپاتلاش دۇرۇس ئەمەس. زىنا قىلغانلىقنى ۋە باشقا مەنىنى بىلدۈرۈش ئېھتىماللىقى بار سۆزلەر بىلەن جازا ئىسپاتلاش دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىمام ئەلۇسى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىيغا (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەيرانمەن، ئۇ بىر ئەرنىڭ خوتۇنىغا قارشى ئۈچ ئادىل ئادەم بىلەن بەرگەن گۇۋاھلىقنى قوبۇل قىلمايدۇيۇ. ئاندىن يالغۇز بىر ئەرنىڭ سۆزى بىلەن، گەرچە ئۇ پاسىق ئەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا جازا ۋاجىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، لەنەت ئېيتىشىش ئۇنىڭ قارىشىدا قەسەم بولۇپ، مال ئېلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىش ۋە مالنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى بىكار قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ قەسەم بىلەن ئەرمۇ، خوتۇنمۇ ئۆزىدىن جازانى ساقىت قىلغان تۇرسا، خوتۇن كىشىگە بەلگىلەنگەن جازالارنىڭ ئەڭ ئېغىرى

---

[1] بۇ ھەقتىكى تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 167 ـ بېتىگە قاراڭ.

[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1433 ـ بەت.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بولغان جالما ـ كېسەك قىلىش جازاسىنى قەسەم بىلەن ۋاجىپ قىلغىلى بولارمۇ! لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىماسلىقنىڭ ئىقرار بولۇشىدا گۇمان تۇغۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا «جازالار گۇمان بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.»[1]

ئىمام ئەھمەد (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىككى رىۋايىتىنىڭ بىرىدە لەنەت ئېيتىششقا ئۇنىمىغان خوتۇننىڭ ھۆكمىدە ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا قوشۇلۇپ: ئۇ خوتۇن سولاپ قويۇلىدۇ، چالما ـ كېسەك قىلىنمايدۇ، دېگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئۇ خوتۇن سولاپ قويۇلماستىن، خۇددى گۇۋاھچىلار تولۇق بولمىسا قويۇپ بېرىلگەندەك قويۇپ بېرىلىدۇ، دېگەن[2].

سەييىد سابىقنىڭ «فىقھۇسسۇننە» ناملىق كىتابىدا ئىبنى رۇشدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ مەسىلىدە جاننى قوغداش قانۇنىيىتى شەرىئەتكە تايانغان بولۇپ، ئادىل گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلمىسە ياكى جىنايەت ئېتىراپ قىلىنمىسا، قان تۆكۈلمەيدۇ. شۇڭا بۇ قانۇنىيەت ئورتاق ئىسمىغا خاسلاشتۇرۇلماسلىقى كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى، اللہ خالىسا، ئەڭ توغرىدۇر. ئەبۇلمەئالى «ئەلبۇرھان» ناملىق كىتابىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ مەسىلىدىكى قارىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەزھىبى شافىئىيدۇر.»[3]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى گەرچە كۈچلۈكتەك تۇرسىمۇ، ئۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەقلىي دەلىللىرى كۈچلۈكتۇر. تەپسىرشۇناسلارنىڭ پىشۋاسى تەبەرى ۋە باشقا كاتتا ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ قارىشىنى تاللىغاندەك، بىزمۇ شۇ قاراشنى تاللايمىز.

### يەتتىنچى ھۆكۈم

لەنەت ئېيتىشىش ئايىتى بوھتان ئايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرامدۇ؟

نازىل بولۇش سەۋەبلىرىدە بايان قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇنداق ئۈچ ئىشتا ئىتتىپاق كېلىدۇ:

بىرىنچى، لەنەت ئېيتىشىش ھەققىدىكى ئايەتلەر ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش ھەققىدىكى ئايەتتىن خېلى ۋاقىت كېيىن نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ ئايەتلەر بۇ ئايەتتىن ئايرىمدۇر.

ئىككىنچى، ساھابىلار بوھتان ئايىتىدىن خوتۇننى قارىلىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى يات ئاياللارنى قارىلىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش دەپ چۈشەنچە ئالغان ئىدى.

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 109 ـ بەت.
[2] سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 141 ـ بەت.
[3] سەييىد سابىقنىڭ «فىقھۇسسەننە» ناملىق كىتابى، 8 ـ جىلد، 172 ـ بەت.

www.munber.org

ئۈچىنچى، لەنەت ئېيتىشىش ئايىتى ئەرگە يەڭگىللىك يارىتىپ بېرىش ۋە ئەر گېرىپتار بولغان بوھتان جازاسىدىن چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن نازىل بولغان.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ئەسلى قائىدىلىرى لەنەت ئېيتىشىش ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ ﴿ئېيپەتلىك ئايالالارنى زىنا بىلەن قارىلىغانلار﴾ دېگەن بوھتان ئايىتىنىڭ ئاممىباب ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، لەنەت ئېيتىش ئايىتى بۇ ئايەتتىن كېيىن نازىل بولغان.

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، خوتۇنىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ئادەمگە بوھتان جازاسىنىڭ كېلىشى لەنەت ئېيتىشىش ئايەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا ئەرگە لەنەت ئېيتىشتىن باشقا جازا كەلمەيدۇ.

قالغان ئۈچ مەزھەب ئىگىلىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، لەنەت ئېيتىشىش ئايەتلىرى بوھتان ئايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئەمەس، خاسلاشتۇرغۇچى بولىدۇ.

قىسقىسى، مەزكۇر ئىككى ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئېيپەتلىك ئايالنى زىنا بىلەن قارىلىغان، سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرەلمىگەن ھەرقانداق ئادەمگە بوھتان جازاسى كېلىدۇ. خوتۇنىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ئادەمگە يا بوھتان جازاسى يا لەنەت ئېيتىشىش جازاسى كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىختىلاپ بولسا شەكلىدۇر، نېگىزلىك ئەمەس.

### سەككىزىنچى ھۆكۈم

#### لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇن ئاجراشتۇرۇۋېتىلەمدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئەبەدى جەم بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى لەنەت ئېيتىشسا، ئىككىسىنىڭ ئارىسى مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىككى لەنەت ئېيتىشقۇچى ئايرىلىپ كەتسە، ئەبەدى جەم بولمايدۇ.»[①]

ئەلى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۈننەت ئىككى لەنەت ئېيتىشقۇچىنىڭ جەم بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[②]

مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك ھارام بولۇشتىكى ھېكمەت شۇكى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھەقىقەتەن مەڭگۈ دۈشمەنلىشىش ۋە ئايرىۋېتىشقا تېگىشلىك ئايرىلىش يۈز بەردى. ئەگەر ئەر راستچىل بولسا، خوتۇنىنىڭ پاھىشە قىلغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىغان،

---

① ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
② ئىمام دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

ئۇنى كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، خارلىققا ۋە غەزەپ نەپرەتكە مۇپتىلا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، يۇقىرىدىكى يامان ئىشلارنىڭ ئۈستىگە خوتۇنىغا بوھتان چاپلىغان، ئۇنىڭ دەرت ئەلىمىنى، ھەسرىتىنى ۋە ئاچچىقىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرغان بولىدۇ. شۇنىڭدەكلا، ئەگەر خوتۇنىمۇ راستچىل بولسا، كىشىلەر ئالدىدا ئېرىنى يالغانچىغا چىقارغان ۋە ئۇنىڭغا الله نىڭ لەنىتىنى ۋاجىپ قىلىپ قويغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، ئېرىنىڭ كۆرپىسىنى بۇلغىغان، ئېرىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلغان، ئۇنى ئار نومۇسقا ۋە رەسۋالىققا قويغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەڭگۈلۈك نەپرەت ۋە ھەددىدىن زىيادە ئۆچمەنلىك يۈز بېرىدۇ. ھەممىگە ئېنىقكى، ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ ئاساسى خاتىرجەملىك ۋە مېھرى ـ مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. لەنەت ئېيتىشىش بىلەن بۇ ئاساس يوققا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ جازاسى مەڭگۈلۈك ئايرىۋېتىش بولىدۇ.

فىقھشۇناسلار لەنەت ئېيتىشقۇچى ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋېتىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا، ئىككىسىنىڭ جەم بولۇشىنىڭ ھاراملىقى مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. بۇنىڭغا ئوسمان بەلتىدىن باشقا ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇننى تالاق قىلمىسا، پەقەت لەنەت ئېيتىشىش بىلەن ئايرىلىش يۈز بەرمەيدۇ.» ئۇنىڭ بۇ سۆزى يۇقىرىدىكى دەلىللەر بىلەن رەت قىلىنىدۇ. لېكىن فىقھشۇناسلار لەنەت ئېيتىشقۇچىلارنىڭ ئارىسىدا قاچان ئايرىلىش يۈز بېرىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: خوتۇنى لەنەت ئېيتمىغان بولسىمۇ، يالغۇز ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى بىلەن ئۇلار ئايرىلىپ كېتىدۇ.

ئىمام مالىك ۋە ئەھمەد (ئىككى رىۋايىتىنىڭ) بىرىدە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى بىرلىكتە لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىنلا ئايرىلىپ كېتىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەد (ئىككى رىۋايىتىنىڭ يەنە بىرىدە) مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەر ـ خوتۇن لەنەت ئېيتىششىنى تولۇق تۈگەتكەن ۋە ھۆكۈم قىلغۇچى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئايرىلىپ كېتىدۇ[1].

### ئىمام شافىئىينىڭ دەلىلى

ئايرىلىش سۆز بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئايرىلىشقا تالاققا ئوخشاش يالغۇز ئەرنىڭلا سۆزى مۇستەقىل يېتەرلىكتۇر. خۇددى الله تائالا: ﴿خوتۇن كىشى جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ﴾ دېگەندەك، خوتۇننىڭ لەنەت ئېيتىشى ئۆزىنى جازادىن ساقلاپ قالغاندىن باشقا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇ ئايەت خوتۇننىڭ لەنەت ئېيتىشى ئۆزىنى

[1] «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

جازادىن ساقلاپ قالغاندىن باشقا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### ئىمام مالىكنىڭ دەلىلى

شەرىئەت لەنەت ئېيتىشقۇچى ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋېتىشقا بۇيرۇدى. يالغۇز ئەرنىڭلا لەنەت ئېيتىشى بىلەن ئەر خوتۇن ئىككىسى لەنەت ئېيتىشقان بولمايدۇ... يەنە كېلىپ ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى بىلەنلا ئايرىلىش يۈز بەرسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ خوتۇنى يات ئايال بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يات خوتۇن لەنەت ئېيتقان بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، الله تائالا لەنەت ئېيتىششىنى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىسىدا ۋاجىپ قىلغان.

### ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەدنىڭ دەلىلى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن ئايرىلىش پەقەت ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ لەنەت ئېيتىششى تاماملانغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ئۇ ئىككىسىنى ئايرىۋېتىشى پاك سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىدە شۇنداق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت ئېيتىشقان ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋەتكەن. مانا بۇ ئايرىلىشنىڭ لەنەت ئېيتىششتىن ئىلگىرى ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى، لەنەت ئېيتىشىش جازالارنىڭ بىر تۈرىدۇر. جازالارنى پەقەت ھاكىم ئىجرا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى چوقۇم ھاكىم ئايرىۋېتىشى لازىم.

بۇ قاراشنىڭ بەكرەك توغرا ۋە كۈچلۈكرەك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

### توققۇزىنچى ھۆكۈم

ئەگەر ئەر ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارسا، خوتۇنى ئۇنىڭغا قايتامدۇ؟

ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەر ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارسا ۋە بوھتان جازاسىغا تارتىلسا، خوتۇنى ئۇنىڭغا ھالال بولامدۇ؟

ئىمام مالىك ۋە شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا خوتۇنى ھالال بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايرىلىش مەڭگۈلۈكتۇر. سۈننەت ئۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ مەڭگۈ جەم بولمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا يۇقىرىدىكى دەلىلگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ يېنىشۇېلىشىغا ھېچ يول يوق. بۇ خوتۇننىڭ مەسىلىسى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ مەسىلىسىگە ئوخشايدۇ.» بۇ كۆپچىلىك ساھابىلارنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارسا، ئۇ يېڭىدىن تەلەپ قويسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، بوھتان جازاسىغا تارتىلسا، لەنەت ئېيتىشقۇچى سۈپىتىدە قالماستىن، پەقەت يالغانچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن يېنىشىۋېلىشى ھالال بولىدۇ.»

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەھمەدتىن بۇ مەسىلىدە ئىككى قاراش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بەكرەك توغرا بولغان قارىشى شۇكى، ئۇنىڭغا خوتۇنى ھالال بولمايدۇ. ئىككىنچى قارىشى ئەر ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارغاندىن كېيىن ئىككىسى جەم بولالايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭمۇ قارىشىدۇر.»[1]

توغرا قاراش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى، لەنەت ئېيتىشىش مەڭگۈلۈك ھارام بولۇشنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدۇ. بۇنى رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەر ئوچۇق كۆرسەتكىنىدەك، مەيلى ئەر ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارسۇن ياكى چىقارمىسۇن بەربىر ئوخشاشتۇر.

### ئونىنچى ھۆكۈم

لەنەت ئېيتىشقاندىن كېيىن بالا ئانىغا تەۋە بولامدۇ؟

ئەگەر ئەر بالىنىڭ ئۆزىدىن بولغانلىقىنى رەت قىلسا، بالىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەسلىكىگە لەنەت ئېيتىشىش تاماملانغاندىن كېيىن بالىنىڭ نەسەبى ئاتىدىن ئۈزۈلىدۇ، بالىنىڭ خىراجىتىنى قىلىش ئاتىنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا مىراسخورلۇقمۇ ئۈزۈلىدۇ ۋە بالا ئانىغا تەۋە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا بالىسىغا، بالا ئانىسىغا مىراسخور بولالايدۇ. چۈنكى، ئەمرى ئىبنى شۇئەيبتىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالا ھەققىدە لەنەت ئېيتىشقۇچى ئەر - خوتۇن توغرىسىدا: «بالا ئانىسىغا، ئانا بالىسىغا مىراسخور بولىدۇ، بۇ بالىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئايالغا زىنا بىلەن بوھتان قىلغۇچى **80** دەررە ئۇرۇلىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقارغان[2].

بۇ ھەدىسنى يەنە بالىنىڭ كۆرپىگە تەۋە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ يەردە ئەر بالىنىڭ ئۆزىدىن ئىكەنلىكىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بالا كۆرپىگە تەۋە بولمايدۇ. ئەمما بۇ بالىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئايالنى زىنا بىلەن قارىلىغان ھەرقانداق كىشى بوھتان قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ ۋە **80** دەررە ئۇرۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال لەنەت ئېيتقاندىن كېيىن ئىپپەتلىك ئاياللار قاتارىغا كىرىدۇ ۋە ئايالغا قارشى ھېچقانداق نەرسە ئىسپاتلانمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى بالىسى بىلەن قارىلىغان ئادەمنىڭ بوھتان جازاسىغا تارتىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بوھتان قىلغان ئادەممۇ ئانىسىغا بوھتان قىلغان ئادەمگە ئوخشاشلا بوھتان جازاسىغا تارتىلىدۇ.

ئەمما شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە نىسبەتەن ئاتا ئېھتىيات يۈزىسىدىن شۇ بالىنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاتا ئۇ بالىغا مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدۇ. ئەگەر ئاتا ئۇ بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، قىساس كەلمەيدۇ. ئاتىنىڭ بالىغا، بالىنىڭ ئاتىغا گۇۋاھلىق بېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بالا نەسەبى مەلۇم ئەمەس ئادەم قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ. ئۇنى باشقا بىرىنىڭ بالام، دەپ دەۋا قىلىشىمۇ توغرا بولمايدۇ. ئەگەر ئاتا

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 15 - بەت.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۆزىنى يالغانچىغا چىقارسا، بالا ئۇنىڭدىن بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بالىغا نىسبەتەن لەنەت ئېيتىشىشنىڭ پۈتۈن تەسىرى يوقىلىدۇ[1].

ئىمام فەخرۇددىن رازى ئىمام شافىئىينىڭ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «لەنەت ئېيتىشىشقا جازادىن قۇتۇلۇش، بالىدىن تېنىش، ئاجرىشىپ كېتىش، يېنىشىشنىڭ مەڭگۈلۈك ھارام بولۇشى، ئايالنىڭ جازاغا تارتىلىشىنىڭ ۋاجىپ بولۇشى قاتارلىق بەش ھۆكۈم ئالاقىداردۇر. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئەرنىڭ لەنەت ئېيتىشى بىلەنلا ئىسپاتلىنىدىغان بولۇپ، ھاكىمنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا موھتاج ئەمەس.»[2]

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئەگەر ئەر خوتۇنىنى زىنا بىلەن قارىلىغان بولۇپ، گۇۋاھچى كەلتۈرەلمىسە، يا بوھتان جازاسىغا تارتىلىدۇ، يا لەنەت ئېيتىشىدۇ.

2 ـ خوتۇنىدىن باشقا ئېپپەتلىك ئاياللارغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان مەسىلىدە لەنەت ئېيتىشىش ھۆكمى ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى، لەنەت ئېيتىشىش ئەر ـ خوتۇنغىلا خاس ھۆكۈمدۇر.

3 ـ لەنەت ئېيتىشىش ھۆكمى ئەر ـ خوتۇننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئەرنى بوھتان جازاسىدىن، خوتۇنىنى زىنا جازاسىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

4 ـ لەنەت ئېيتىشىش چوقۇم قۇرئان كەرىمدە تىلغان ئېلىنغان مەزكۇر سۆز ئىبارىسى بىلەن بەش قېتىم تەكرارلىنىشى كېرەك.

5 ـ لەنەت ئېيتىشىش ئىشنى چىڭىتىپ ۋاقىت ۋە ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىر بولۇشنى ئۇيۇنلاشتۇرۇش لازىم.

6 ـ لەنەت ئېيتىشىش ئەر ـ خوتۇننىڭ جەم بولۇشىنى مەڭگۈ ھارام قىلىدۇ. شۇڭا ھېچقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەر خوتۇنى بىلەن يېنىشالمايدۇ.

7 ـ اللە نىڭ لەنەتنى ئەرگە، غەزىپىنى ئايالغا خاسلاشتۇرۇش ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىچكى تەبىئىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

8 ـ اللە نىڭ مەغپىرىتى ناھايىتى كەڭدۇر، پەزلى ۋە مەرھەمىتى ناھايىتى چوڭدۇر. اللە بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ياپمايدىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئازابقا دۇچار قىلغان ۋە ھالاك قىلغان بولاتتى.

---

[1] سەييىد سابىقنىڭ «فىقھۇسسەننە» ناملىق كىتابى، 8 ـ جىلد، 176 ـ بەت.

[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 346 ـ بەت.

# ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرغۇچى الله ناھايىتى ئالى ۋە بۈيۈك ھېكمەت ئۈچۈن لەنەت ئېيتىششىش ھۆكمىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ، جەمئىيەتنى قوغداش ۋە ئائىلىنى پاك تۇتۇش ئۈچۈن، ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش يولىغا توسالغۇ بولىدىغان خىيىم - خەتەرلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى ۋە ئۇنىڭغا تەھدىت بولىدىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان ناھايىتى ئىنچىكە ھېكمەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

قۇرئان كەرىم بۇ ئىنچىكە ھۆكۈم بىلەن ئىنسان ئەمەلى ھاياتىدا دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋالنى ھەل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئائىلىسىدە زىنا جىنايىتىنىڭ ئىشلەنگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن چاغدا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئەھۋالنى كىشىلەرگە دېيەلمەيدۇ. چۈنكى، ئالدىدا بۇنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھچى يوق. نومۇسنى يۈيۈش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ قەدەم قويالمايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە قىساس بار. شۇڭا ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقىغان، پىكرى چېچىلغان، ئىچى تىتىلدىغان ھالەتتە قالىدۇ. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ ياكى ئار نومۇسقا قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىگە، شەرىپىنىڭ بۇلغىنىشىغا، كۆرپىسىنىڭ پاسكىنىلىشىغا قاراپ تۇرۇپ كۆز يۇمسۇنمۇ؟ ياكى بولمىسا بۇ خائىن خوتۇندىن ھەمدە ئۇنىڭ جىنايەت ۋە گۇناھتا شېرىكى بولغان ئەنە شۇ ھېلىگەر قاراقچىدىن ئىنتىقام ئېلىپ، ئاندىن ئۆزىنى قىساسقا، دۇنيانىڭ جازاسىغا تۇتۇپ بەرسۇنمۇ؟!

ئۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق، ئىچى سىقىلىدىغان ۋە تىت - تىت بولىدىغان بىر ئەھۋال بولۇپ، كىشى ئۇنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس، ھەمدە قانداق ھەل قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق قىيىن ۋە ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن كۈچى ۋە قاتتىق ئىرادىسى بىلەن قوبۇل قىلىشىغا تېگىشلىك ئەمەلىي تەربىيە دەرسى بولۇش ئۈچۈن، الله نىڭ ھېكمىتى مۇشۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئەسىر بولغان پەيغەمبەرلىك ئەسىردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىبارەت ئەڭ پاك كىشىلەر ئارىسىدا، قۇرئان نازىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ۋەھيى تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىشىنى خالىدى.

ھىلال ئىبنى ئۇمەييە دېگەن بۇ ئادەم كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيىگە كەلگىنىدە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، قۇلاقلىرى خىيانەت ئاۋازىنى ئوچۇق ئاڭلايدۇ. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئاچچىقىنى بېسىپ، تولۇپ تاشقان غەزەپ - نەپرىتىنى يېڭىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. ئۇ يەتكۈزگەن خەۋەرگە قاتتىق ئىشەنچ قىلاتتى، چۈنكى، ئۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ

www.munber.org

گۇۋاھچىلارنى قەيەردىن كەلتۈرسۈن؟ ئۇ دەۋاسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان تۆت گۇۋاھچىنى قانداق كەلتۈرەلىسۇن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «گۇۋاھچى كەلتۈرگىن، بولمىسا دۈمبەڭگە دەررە ئۇرۇلىدۇ» دەيدۇ. بۇنى ئەنسارىلارنىڭ ئاقساقىلى سەئد ئىبنى ئۇبادە ئاڭلاپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر بىزنىڭ بىرىمىز خوتۇنى بىلەن بىر ئادەمنى كۆرسە، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلماستىن، ئۇنى مىدىرلىتىپمۇ قويماستىن، تاكى تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرەمدۇ؟ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن چوقۇم قىلىچ بىلەن ئۇنداق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قاراپ قويۇپ: «سەئدنىڭ كۈندەشلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىن بەكراق كۈندەشلىك قىلىمەن. اللە مەندىن بەكراق كۈندەشلىك قىلىدۇ» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلالدىن گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى يوق. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە قاتتىق تويىلىدۇ. ساھابىلار: ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلالغا دەررە ئۇرغۇزىدىغان بولدى، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى كىشىلەر ئالدىدا بىكار قىلدى، دېيىشىدۇ. ھىلال: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سۆزۈمدە چوقۇم راستچىلمەن، مەن اللە نىڭ ماڭا بىر چىقىش يولى قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەزكۇر ئايەتلەر بىلەن تىلاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئان، دىللاردا ساقلىنىدىغان ئاچچىق ساۋاق، مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان قانۇن بولۇپ، ۋەھيى نازىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ھىلال! خۇش خەۋەر ئالغىن، اللە ساڭا چىقىش يولى قىلىپ بەردى» دەيدۇ. ھىلال: مەن ھەقىقەتەن شۇنى پەرۋەردىگارىم اللە تائالادىن ئۈمىد قىلغان ئىدىم، دەيدۇ[1].

مانا بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە نۇقتا بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا لەنەت ئېيتىشىش ھۆكمىنى بەلگىلەپ، مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى بىلەن ھەل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېكىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئىگىمىز اللە بەندىلىرىنىڭ ئازغۇنلىقىنى يابىدۇ ۋە ئۇلارغا تەۋبە قىلىش، اللە تەرەپكە قايتىش يولىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ھېكمەتلىك ھۆكۈم بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە قان تۆكۈلگەن، ئابرۇي ۋە شەرەپنى قوغداش يولىدا نۇرغۇن جانلار قۇربان بېرىلگەن. بولاتتى. ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئەرگە ئۆزى ئىنتىقام ئېلىپ خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈش رۇخسەت قىلىنغان بولسا ئىدى، نۇرغۇن گۇناھسىز ئاياللار ھىيلىگەرلىكنىڭ ۋە بۇزۇق نىيەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى، ھەممە ئەر راستچىل بولمايدۇ ـ ئەلۋەتتە.

---

[1] بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 183 ـ بەتىگە قاراڭ.

ئەگەر ئەر ئېپپەتلىك ئايالغا زىنا بىلەن بوھتان چاپلىدى دېيىلىپ، بوھتان جازاسىغا تارتىلسا، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ چىدىغۇسىز ئەزىيەت ۋە دەرت ئەلەم كەلتۈرگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ دەۋاسىدا راستچىل بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئۇ دەررە جازاسى بىلەن كۆرپىسىنىڭ بۇلغۇنىشىدىن ئىبارەت ئىككى جازاغا دۇچار بولغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ گەپ قىلسا، دەررە ئۇرۇلىدۇ. سۈكۈت قىلسا، ئاچچىق يۇتۇپ سۈكۈت قىلىدۇ.

ھېكمەت بىلەن يولغا قويۇلغان بۇ ئىلاھىي ھۆكۈمنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغۋار، نەقەدەر ئادىل ئىكەنلىكىنى كىشى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئابرۇيىنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ، جىنايەتنى بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇپ، ئىشنى ھېچكىم جىنايەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە جەزىم قىلالمايدىغان ياكى خوتۇننىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى كېسىپ ئېيتالمايدىغان ھالەتكە ئېسىپ قويىدۇ. ھېچكىم ئەر يالغان گەپ قىلدى، دەپ كېسىپ ئېيتالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ راستچىل بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئاندىن بۇ ھۆكۈم ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئەبەدىي ئايرىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۇسال كەيپىياتتىن قۇتۇلىدۇ، يامان غەرەزلىكلەرنىڭ تىلى كېسىلىدۇ ۋە ئائىلىنىڭ ھۆرمىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

الله ئىسلام شەرىئىتىنى نېمىدېگەن يۈكسەك قىلدى ـ ھە! ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى نېمىدېگەن ئىنچىكە ھەم نازۇك قىلدى ھە! الله تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (الله غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله دىنمۇ ئادىل كىم بار﴾[1].

---

[1] سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەت.

www.munber.org

# بوھتان چاپلاش ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئىشلار

﴿ وَلَا يَأۡتَلِ أُوْلُواْ ٱلۡفَضۡلِ مِنكُمۡ وَٱلسَّعَةِ أَن يُؤۡتُوٓاْ أُوْلِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ
وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَلۡيَعۡفُواْ وَلۡيَصۡفَحُوٓاْۗ أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ
رَّحِيمٌ ٢٢ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡغَٰفِلَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ لُعِنُواْ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَلَهُمۡ
عَذَابٌ عَظِيمٞ ٢٣ يَوۡمَ تَشۡهَدُ عَلَيۡهِمۡ أَلۡسِنَتُهُمۡ وَأَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٢٤ يَوۡمَئِذٖ
يُوَفِّيهِمُ ٱللَّهُ دِينَهُمُ ٱلۡحَقَّ وَيَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ ٱلۡمُبِينُ ٢٥ ٱلۡخَبِيثَٰتُ لِلۡخَبِيثِينَ
وَٱلۡخَبِيثُونَ لِلۡخَبِيثَٰتِۖ وَٱلطَّيِّبَٰتُ لِلطَّيِّبِينَ وَٱلطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَٰتِۚ أُوْلَٰٓئِكَ مُبَرَّءُونَ مِمَّا
يَقُولُونَۖ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ٢٦ ﴾

﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، اللە نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى اللە نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇ كۈندە اللە ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار اللە نىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر، ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلار مەغپىرەتتىن، (نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾.

ــ سۈرە نۇر 22 ـ، 23 ـ، 24 ـ، 25 ـ، 26 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىلى

يَأْتَلِ: (قەسەم قىلسۇن)، بۇ سۆز قەسەم قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ. ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ياخشىلىق قىلىشقا تىگىشلىك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

أُوْلُواْ ٱلْفَضْلِ: (ئەھلى كەرەم)، بۇ سۆز دىندار، ياخشىلىق قىلىدىغان ۋە كىشىلەر ئارىسىنى تۈزەيدىغان ئادەملەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَٱلسَّعَةِ: (دۆلەتمەن)، بۇ سۆز رىزقىنىڭ ۋە بايلىقىنىڭ كەڭلىكى مەنىسىدە كېلىپ، الله ئۆز پەزلى بىلەن رىزقىنى كەڭ قىلغان ۋە باي قىلغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

أَن يُؤْتُوٓاْ: (بەرمەسلىككە)، ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شەكلى «ئەن لا يۇئتۇۋ» بولۇپ، بەرمەسلىككە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

وَلْيَعْفُواْ: (ئەپۇ قىلسۇن)، بۇ سۆز خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلماق مەنىسىدە كېلىدۇ.

ٱلْمُحْصَنَٰتِ: (ئىپپەتلىك)، بۇ سۆز ئىپپەتلىك، شەرەپلىك ۋە پاك ئاياللار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇلدى.

ٱلْغَٰفِلَٰتِ: (يامان ئىشتىن بىخەۋەر)، بۇ سۆز «غافىلە» نىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، پاھىشە قىلىش خىيالىغمۇ كېچىپ قالمايدىغان ئايال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز مۇنداق مەنىدە كېلىدۇ دېيىلگەن: دىلى ساغلام، قەلبى پاك، ھىيلىگەرلىكنى ۋە مەككارلىقنى بىلمەيدىغان ئايالغا قارىتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايالنىڭ ئىشلاردا تەجرىبىسى يوق، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئىشلارنى تەجرىبىلىك ۋە كۆپ ئىشنى بىلىدىغان ئايالنىڭ ئويلىغىنىدەك ئويلىيالمايدۇ.

لُعِنُواْ: (لەنەتكە ئۇچرايدۇ)، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «لەئن» بولۇپ، الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ۋە يىراق قىلىنغان دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ﴿الله كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن﴾[2].

بۇ سۆز بەزىدە يامان گەپنى ياكى دەررە ئۇرۇش جازاسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتىمۇ دەررە ئۇرۇش جازاسىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە بوھتان جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 175 ـ بەت.
[2] سۈرە نىسا 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

تَشۡهَدَ: (گۇۋاھلىق بېرىدۇ)، بۇ سۆز ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئىقرار قىلىدۇ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تىللارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئۇلار توقۇپ چىققان بوھتان سۆزلەرنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەنە شۇلار ئېغىزلىرى پىچەتلەنمەيدىغان كىشىلەردۇر.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، بەزىلەرنىڭ تىللىرى يەنە بەزىلەرنىڭ زىيىنىغا ئۇلارنىڭ قارىلاش ۋە بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت يامان قىلمىشلىرى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

يُوَفِّيهِم: (ئۇلارغا تولۇق بېرىدۇ)، بۇ سۆزنىڭ سۆز تومۇرى «تەۋفىيە» بولۇپ، بىر نەرسىنى ھېچ كەملىتىپ قويماي تولۇق بېرىش ياكى تولۇق ئېلىش مەنىسىدە كېلىدۇ.

دِينَهُمُ ٱلۡحَقَّ: (تېگىشلىك جازاسىنى)، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئادىل جازاسىنى ياكى ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەنىدە: «خالىغىنىڭنى قىلغىن، قانداق ئىش قىلساڭ، شۇنداق جازاغا تارتىلىسەن» دېگەن.

ٱلۡخَبِيثَٰتُ لِلۡخَبِيثِينَ: (يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر)، بۇ سۆزلەر «خەبىيسە ۋە خەبىس» نىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئەلخەبىس» قەبىھ ۋە يامان ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەمدۇر. مۇنداق ئادەمنىڭ ئىچى نىجىس، قىلمىشى يامان بولغانلىقى ئۈچۈن «ئەلخەبىس» دەپ ئاتالغان. اللہ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق﴾[1].

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: يامان سۆزلەر يامان كىشىلەرگە لايىقتۇر، يامان كىشىلەر يامان سۆزلەرگە لايىقتۇر، ياخشى سۆزلەر ياخشى كىشىلەرگە لايىقتۇر، ياخشى كىشىلەر ياخشى سۆزلەرگە لايىقتۇر[2].

نۇھاس مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ مەنىلەر بۇ ئايەتكە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى مەنىدۇر. ئىبنى جەرىر تەبەرىمۇ مۇشۇ مەنىنى تاللىغان.»

مُبَرَّءُونَ: (پاكتۇر)، بۇ سۆز، ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قارا چاپلىغۇچىلار ۋە بوھتان توقۇغۇچىلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپلۈك سۆز قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئېھتىرام ئۈچۈندۇر.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 27 ـ بەت.

مَّغْفِرَةٌ: (مەغپىرەت)، بۇ سۆز گۇناھنى ئۆچۈرمەك، كەچۈرمەك، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. پۈتۈن ئىنسان خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. بۇ سۆز بۇ ئايەتتە ”ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرى اللہ قا يېقىن بەندىلەرنىڭ يامانلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ“ دېگەن مەنىدە ئېلىنىدۇ، دەپمۇ قارالغان.

وَرِزْقٌ كَرِيمٌ: (ئېسىل رىزىق)، ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار ئېيتقاندەك، بۇ سۆز جەننەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى اللہ تائالانىڭ سۈرە ئەھزابتا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ھەققىدە: ﴿ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق﴾[1] دېگەن مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ.»[2]

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: اللہ ئۆز پەزلى بىلەن كەڭ رىزىق بەرگەن ۋە باي قىلغان دىندار، ياخشى كىشىلەر كەمبەغەل تۇغقانلىرىغا، اللہ نىڭ يولىدا ﴿ھىجرەت قىلغانلارغا﴾ بېرىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكلىرى ۋە گۇناھ قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ﴿بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن﴾، ئۇلاردىن ئۆتكەن خاتالىقلارنى ﴿ئەپۇ قىلسۇن،﴾ ئۇلاردىن يېنىكلىك قىلىپ ئۆتكەن يامانلىقلارنى ﴿كەچۈرسۇن﴾، ئىلگىرىكىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قايتسۇن. ئى مۆمىنلەر! ﴿اللہ نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى﴾. يامانلىقلىرىڭلارنى ئۆچۈرۈپ، گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈشىنى، سىلەرنى ياخشى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى ﴿ياقتۇرامسىلەر؟﴾

ئاندىن اللہ تائالا ئىپپەتلىك، پاك، ﴿مۆمىن ئاياللارغا﴾ زىنا بىلەن ﴿قارا چاپلايدىغانلار﴾ ۋە ئۇلار ئۈستىدىن پاھىشە بىلەن بوھتان توقۇيدىغانلاردىن خەۋەر بېرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاياللار بۇنىڭغا ئوخشىغان تۆھمەت ۋە بوھتاندىن ﴿بىخەۋەر﴾ بولۇپ، يامان ئىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كېچىپ باقمىغاندۇر. ھۆر، ئىپپەتلىك ۋە شەرەپلىك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلىغۇچى ئەنە شۇ كىشىلەرگە بۇ بوھتاننىڭ سەۋەبى بىلەن اللہ ھەقىقەتەن لەنەت قىلىدۇ، ئۇلارنى رەھمىتى دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ مۆمىن ئاياللار ھەققىدە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى ۋە گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ﴿دۇنيادا﴾ دەررە ئۇرۇش جازاسىنى، ﴿ئاخىرەتتە﴾ جەھەننەم ئازابىنى ۋاجىپ قىلىدۇ.

ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ئۇلارغا قارشى سۆزلەيدۇ، ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنىدە ﴿ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ﴾ قارا چاپلاش، بوھتان توقۇشتەك يامان ﴿قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى پۈتۈن ئىنسانلار ئالدىدا پاش بولغاندا ئۇلار

---

[1] سۈرە ئەھزاب 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 132 ـ بەت.

www.munber.org

قاتتىق رەسۋا بولىدۇ، ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى، دەرگاھىدا زەررىچىلىكمۇ نەرسە زايە بولۇپ كەتمەيدىغان زات الله ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ. ئەنە شۇ قىيامەت كۈنىدە ﴿ئۇلار الله نىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى، مەخلۇقاتىدىن ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىنى ﴿بىلىدۇ﴾. چۈنكى، الله ﴿ئاشكارا ھەق﴾ تۇر. ئۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ نامە ـ ئەمەل دەپتىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا شۇ ئەمەللىرىگە قارىتا ئادىل جازا بېرىدۇ.

ئاندىن الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گۇمراھلار ۋە مۇناپىقلار تەرىپىدىن چاپلانغان بوھتاندىن پاك ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۈستىدىن پاھىشىگە دائىر سۆزلەرنى توقۇپ چىققان ئىدى. الله تائالا ئۇنىڭ مەسۇم، پاك ۋە گۇناھسىز ئايال ئىكەنلىكىگە كەسكىن دەلىللەرنى، پولاتتەك پاكىتلارنى كەلتۈرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئايىلىدۇر، پاك ۋە شەرەپلىك ئايالدۇر. الله نىڭ پەيغەمبىرىمۇ پاك ۋە شەرەپلىك ئىنساندۇر. ھەر نەرسىنى ئۆز تېپىغا قېتىش الله نىڭ تۇتقان يولىدۇر. شۇڭا ﴿يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر﴾. شەنىگە تۆھمەت چاپلانغان ئەنە شۇ ئاياللار مۇنداق قەبىھ تۆھمەتتىن پاكتۇر. ئۇلار ئەڭ شەرەپلىك پەيغەمبەرنىڭ، الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىنساننىڭ خوتۇنلىرى تۇرسا، قانداقمۇ پاك بولمىسۇن! ئەگەر ئۇلار شۇنداق پاك ئايالار بولمىسا ئىدى، الله ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىسىگە تەقسىم قىلمىغان بولاتتى. ﴿ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلار مەغپىرەتتىن، (نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىبنى جەرىر تەبەرى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ھەققىمدە ۋە ماڭا قارا چاپلىغانلار ھەققىدە الله تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى...﴾[1] دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا ئەبۇ بەكرى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مىستەھكە ھېچ نەرسە بەرمەيمەن، ئۇنىڭ ئائىشە ھەققىدە گەپ تاپقانلىقى ۋە ئائىشەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغانلىقى ئۈچۈن بۈنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەرگىز مەنپەئەت يەتكۈزمەيمەن، دەپ قەسەم قىلدى. ئەبۇ بەكرى ئەسلىدە مىستەھنىڭ تۇغقاندارچىلىقىنى ۋە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ خىراجىتىنى بېرەتتى.»

[1] سۈرە نۇر 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مۇشۇ ھەقتە ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاتام ئەبۇ بەكرى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن الله نىڭ مېنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن دېدى، ئاندىن مىستەھكە بېرىپ كېلىۋاتقان خىراجەتنى قايتىدىن بەردى ۋە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ خىراجەتنى ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئېلىۋالمايمەن دېدى.»[1]

2 ـ ئىبنى مۇنزىر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مىستەھ ئىبنى ئەساسە بوھتانىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى تارقاتقان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالاتتى. شۇڭا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياخشىلىق يەتكۈزمەسلىككە قەسەم قىلدى. ئاندىن الله تائالا: ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى مىستەھنى يەنە تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدىغانلار قاتارىغا قايتۇردى ۋە: بىر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلسام، ئاندىن شۇ ئىشنىڭ قەسىمىمگە ئەمەل قىلىشتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسام، قەسىمىمدىن چىقىپ، شۇ ياخشى بولغان ئىشنى قىلىمەن، دېدى.»[2]

يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنى چاقىرىپ، ئۇ ئايەتنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى ۋە: «الله نىڭ ساڭا مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرماسسەن؟» دېدى. ئەبۇ بەكرى: ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئەپۇ قىلغىن ۋە گۇناھىدىن ئۆتۈپ كەتكىن» دېدى. ئەبۇ بەكرى: شۇنداق قىلىمەن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇگۈندىن بۇرۇن ئۇنىڭغا قىلىپ كېلىۋاتقان ياخشىلىقىمنى ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايىمايمەن، دېدى ۋە شۇ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا بېرىدىغان نەرسىنى ئىلگىرى بېرىپ كېلىۋاتقان نەرسىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بەردى.»[3]

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 102 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 207 ـ بەت.
[2] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 34 ـ بەت.
[3] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 34 ـ بەت.

www.munber.org

# تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار...﴾ دېگەن سۆزى اللہ تائالا تەرىپىدىن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر. ئۇ ئەڭ ئەۋزەل ساھابىدۇر.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «تەپسىرشۇناسلار بىردەك اللہ تائالانىڭ: ﴿ئەھلى كەرەم﴾ دېگەن سۆزىدىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئايەت ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا ئۇنى ماختايدىغان ئورۇندا تىلغا ئالدى، اللہ تائالانىڭ مال ـ دۇنيا بىلەن ماختىشى دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا بۇ سۆز دىندىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆزدىن مال ـ دۇنيادىكى ئارتۇقچىلىق كۆزدە تۇتۇلسا ئىدى، ئەلۋەتتە اللہ تائالانىڭ: ﴿ۋە دۆلەتمەت﴾ دېگەن سۆزى تەكرار بولۇپ قالغان بولاتتى. اللہ تائالا ئۇنىڭ شەرتسىز ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى كۆرسەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل ساھابە ئىكەنلىكى لازىم بولىدۇ.»[1]

ئىمام ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم﴾ دېگەن سۆزى دىندىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ ئايەت ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىدىغان يېتەرلىك دەلىلدۇر.»[2]

2 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿أَن يُؤْتُوا﴾ (ئەن يۇئتۇۋ) دېگەن سۆزى ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسىغا ئاساسەن قىسقارتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى شەكلى أن لا يُؤْتُوا (ئەن لا يۇئتۇۋ) دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز ئەسلى شەكلىدىكى مەنىنى ئىپادىلىگەن بولغاچقا، قائىدىگە ئاساسەن قىسقىرتىۋېتىلگەن.

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىدا لا ھەرپى قەسەمدە كەلگەندە كۆپىنچە ھاللاردا قىسقارتىۋېتىلىدۇ.»

3 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿اللہ نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟﴾ دېگەن سۆزىدىكى خىتاب كۆپلۈك سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن قىلىنغان بولۇپ، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرسىتىدۇ. سۆز قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى ھۆرمەت ئۈچۈندۇر. اللہ تائالا مۇشۇ ئۇسلۇبتا مۇنداق دېگەن: ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق﴾[3].

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 187 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايا قۇرئان كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 52 ـ بەت.
[3] سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام فەخرۇددىن رازى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سەن اللە تائالا كۆپلۈك سۆز قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىپ كىنايە قىلغان شەخسكە قارىغىنكى، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى قانچىلىك يۇكسەك ـ ھە!»[1]

ئەبۇ بەكرى بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا: «شۇنداق، مەن اللە نىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلىشىنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن ۋە مىستەھكە بېرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتىنى قايتىدىن بېرىشكە باشلىغان.

4 ـ ئىمام ئىبنى جەۋزى اللە تائالانىڭ: ﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرى: بۇ ئايەتتە نېمىشقا ئىپپەتلىك ئەرلەر تىلغا ئېلىنماستىن، پەقەت ئىپپەتلىك ئاياللارلا تىلغا ئېلىندى دېسە، بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: مۆمىن ئايالنى زىنا بىلەن قارىلىغان ئادەم چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن مۆمىن ئەرنى بىللە قارىلايدۇ. شۇڭا مۆمىنلەرنى تىلغا ئېلىش بىھاجەتتۇر.»[2]

5 ـ اللە تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا ئىپپەتلىك ئاياللارنى تىلغا ئېلىپ: ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەر﴾ دېدى. اللە تائالا ئۇ يەردە ئىپپەتلىك ئاياللارنى باشقا بىر سۈپەت بىلەن سۈپەتلىمىدى، ئەمما بۇ يەردە بولسا، ئۇلارنى بىرقانچە سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ: ﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار﴾ دېدى. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، بۇ ئايەتلەر مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا خاستۇر. اللە ئۇلاردىن رازى بولسۇن! ئائىشە ئۇ ئاياللارنىڭ ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ كىرىدۇ. ئەنە شۇ پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش پەيغەمبەر ئائىلىسىگە تۆھمەت چاپلىغانلىق ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بەرگەنلىك بولىدۇ.

شۇڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۈرە نۇرنى ئوقۇغان چاغدا ئۇنى تەپسىر قىلىپ ﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار﴾ دېگەن ئايەتكە كەلگەندە: «بۇ ئايەت ئائىشەنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا خوتۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن ۋە ئۇلارغا قارا چاپلىغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنلىرىدىن باشقا مۆمىن ئاياللاردىن بىرەر خوتۇنغا قارا چاپلىغان ئادەمنىڭ تەۋبە قىلسا تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن، ئاندىن ﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى اللە نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 188 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر» ناملىق تەپسىرى.

www.munber.org

ئوقۇغان. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەتنى ناھايىتى ياخشى تەپسىر قىلغانلىقى ئۈچۈن تىڭشاپ ئولتۇرغان ئادەملەردىن بەزىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويغان[1].

6 ـ الله تائالانىڭ: ﴿يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر﴾ دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت بۇ ئايەت كەرىم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن ئىنتايىن مۇھىم بىر قانۇنىيەتكە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، يامان نىيەتلىك ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرىگە ئوخشاش يامان نىيەتلىك ئىنسانلار بىلەن بىرلىشىدۇ. ياخشى نىيەتلىك ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياخشى نىيەتلىك ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدىن ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەۋزەل ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەڭ ياخشى ئايال ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ يالغان ۋە بوھتان ئىكەنلىكى ئەلۋەتتە ئوچۇق ئايدىڭلىشىدۇ. قۇرئانمۇ بۇنى ئوچۇق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر﴾. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىدېگەن كەسكىن گۇۋاھلىق ـ ھە!!

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىنسانلار ئارىسىدا يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ، الله ھەر تىپتىكى ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ تىپىدىكى ئىنسانلار تەرەپكە ھەيدەيدۇ. چۈنكى، ئوخشاش تىپتىن بولۇش بىرلىشىشنىڭ مەنبەسىدۇر. ئايەتتىكى ﴿ئەنە شۇلار﴾ دېگەن ئىشارەت يىراقنى كۆرسىتىدىغان ئىشارەت بولۇپ، ئىشارەت قىلىنغۇچى ئايالارنىڭ مەرتىۋىلىرىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئارتۇقچىلىقتىكى دەرىجىلىرىنىڭ ناھايىتى كاتتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. يەنى مەرتىۋىلىرىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى بىلەن سۈپەتلەنگەن ئەنە شۇ ئايالار بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ ئۇلار ھەققىدە توقۇپ چىققان يالغان ۋە باتىل بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.»[2]

7 ـ ئىمام زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا تۆت ئادەمنى تۆت نەرسە بىلەن ئاقلىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى ﴿ئۇ (يەنى زۇلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرسى گۇۋاھلىق بېرىپ﴾[3] دېگەن گۇۋاھچىنىڭ تىلى بىلەن ئاقلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن تاش بىلەن ئاقلىدى. مەريەمنى قۇچىقىدا تۇرۇپ ﴿مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسىمەن﴾[4] دەپ نىدا قىلغان ئوغلىنىڭ سۆزى بىلەن ئاقلىدى. ئائىشەنى ئۆزىنىڭ مۆجىزە بولغان كىتابى قۇرئان كەرىمدىكى قىيامەتكىچە تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ كاتتا ئايەتلەر بىلەن ئاقلىدى، يەنە كېلىپ ئۇنى ئەنە شۇنداق ئاشۇرۇپ ئاقلىدى. ئۇنى ئاقلاش بىلەن ئۇلارنى ئاقلاشنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك پەرقنىڭ

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 35 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايا قۇرئان كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 53 ـ بەت.
[3] سۈرە يۈسۈف 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مەريەم 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بارلىقىغا ياخشى نەزەر سېلىڭ. بۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىش، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خوجايىنى، ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى، الله نىڭ ئەھلى جاھانغا ئەۋەتكەن ھۆججىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى، دەرىجىسىنىڭ كاتتىلىقىنى، ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردىن ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن ئارتۇقچىلىققا ئېرىشكەنلىكىنى ئەمەلىي بىلمەكچى بولغان ئادەم بولسا، بوھتان ھەققىدىكى ئايەتلەرگە قارىسۇن، ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە تىل تەككۈزگەن ئادەمگە الله نىڭ قانداق غەزەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئايالى ھەققىدە توقۇلغان تۆھمەتنى قانداق ئاشۇرۇپ رەت قىلغانلىقىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلسۇن!»[1]

### ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئارتۇقچىلىرى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ماڭا ھېچ بىر ئايالغا بېرىلمىگەن مۇنداق توققۇز تۈرلۈك ئارتۇقچىلىقلار بېرىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى نىكاھىغا ئېلىشقا بۇيرۇلغان چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ سۈرىتىمدە چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى نىكاھىغا قىز ئالدى، مەندىن باشقا خوتۇنلىرىنى قىز ئالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا بېشى مېنىڭ قۇچىقىمدا تۇرۇپ ۋاپات بولدى. ئۇ مېنىڭ ھوجرامدا دەپنە قىلىندى. ئۇنى پەرىشتىلەر مېنىڭ ئۆيۈمدە ئورىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىلىسىدىكىلەر ئارىسىدا ۋەھيى نازىل بولغاندا ئۇلار ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن يوتقاندا بىللە تۇرساممۇ ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل بولىۋېرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ۋە دوستىنىڭ قىزى. مېنى ئاقلاپ ئاسماندىن ئايەت نازىل بولدى. مەن ياخشى ئەر ئۈچۈن ياخشى ئايال بولۇپ يارىتىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى، جەننەت ۋە ئېسىل رىزىق بېرىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىندى.»[2]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

گۇناھ ئىشلەش بىلەن ياخشى ئەمەل بىكار بولۇپ كېتەمدۇ؟

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 223 ـ بەت.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 325 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 192 ـ بەت.

www.munber.org

تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ: ﴿خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مىستەھنى كۆرسىتىدىغانلىقىدا بىردەك قاراشقا ئىگە. چۈنكى، ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، مىسكىنلەردىن ۋە بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇھاجىرلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئائىشەنى قارىلاش ۋە ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاش ۋەقەسىگە چېتىلىپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن تەۋبە قىلغان. بوھتان چاپلاشنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق.

سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ ئايەت كەرىمنى گۇناھ مەسىيەتلەرنى ئىشلەشنىڭ ئەمەلنى بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ دەلىل شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مىستەھ بوھتان قىلغانلاردىن بولۇپ بولغاندىن كېيىن الله تائالا ئۇنى الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلاردىن ئىدى، دەپ سۈپەتلىگەن. مانا بۇ ماختايدىغان سۈپەت بولۇپ، ئۇنىڭ بوھتان چاپلاشقا كىرىپ قالغانلىقى ھىجرەت قىلغانلىقىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەل پەقەت شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئىسلامدىن يېنىۋېلىش (الله ساقلىسۇن!) بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما باشقا گۇناھلار ئەمەلنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، پەقەت ئىنسان ھارام نەرسىنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلسا، شۇ چاغدا ئۇ مۇرتەد بولغان بولىدۇ ۋە بۇ مۇرتەدلىك بىلەن بارلىق ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەمەلى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ﴾[1] ﴿سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ...﴾[2].

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### ئىنسانغا يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىش ۋاجىپمۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، فىقھشۇناسلار يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. بۇ يەردىكى بۇيرۇق شۇ ئىشنى ۋاجىپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ياخشى ۋە توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە يامانلىق قىلغان كىشىدىن قىساس ئېلىشى دۇرۇستۇر. ئەگەر ئەپۇ قىلىش ۋاجىپ بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە قىساس تەلەپ قىلىش دۇرۇس بولمىغان بولاتتى.

فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ قارىشىنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى

---

[1] سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قانچىلىك چىقلىسا، شۇنچىلىك چىقلىماي ئاشۇرۇۋەتسەك بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ، الله ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾①.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بەندە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان كىشىگە سىلە ـ رەھىم قىلمىغىچە، زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلمىغىچە ۋە نەرسە بەرمىگەن كىشىگە نەرسە بەرمىگىچە پەزىلەتلىك بولالمايدۇ.»②

دېمەك، الله تائالانىڭ: ﴿الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن، يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىش ياخشى دەپ قارىلىدۇ. الله تائالا مەغپىرەت قىلىشنى ئەپۇ قىلىش ۋە كەچۈرۈشكە باغلاپ بايان قىلغان.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىشنى پەقەت مۇشۇ ئايەتلا كۆرسەتسىمۇ، ئەلۋەتتە كۇپايە قىلاتتى.»

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

قەسەمنى بۇزغان كىشىگە كەففارەت بېرىش ۋاجىب بولامدۇ؟

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بىر ئىشقا قەسەم قىلغان، ئاندىن باشقا بىر ئىشنىڭ ئۇنىڭدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم شۇ ياخشى ئىشنى قىلىشى، ئاندىن قەسىمىگە كەففارەت بېرىشى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئىشقا قەسەم قىلغان، ئاندىن باشقا بىر ئىشنىڭ ئۇنىڭدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن، ئاندىن قەسىمىگە كەففارەت بەرسۇن!» قەسەمنى بۇزغۇچى مەيلى ياخشى ئىشنى دەپ بۇزسۇن، مەيلى باشقا ئىشنى دەپ بۇزسۇن، ئوخشاشلا قەسەمنى بۇزۇش بىلەن كەففارەت ۋاجىب بولىدۇ.

بەزى فىقھشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەمنى بۇزغان كىشىگە كەففارەت كەلمەيدۇ.» ئۇلار ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، الله تائالا ئەبۇ بەكرىنى قەسەمنى بۇزۇشقا بۇيرۇدى، بىراق ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىشنى ۋاجىب قىلمىدى.

ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «بىر ئىشقا قەسەم قىلغان، ئاندىن باشقا بىر ئىشنىڭ ئۇنىڭدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن، ئەنە شۇ قەسەمنىڭ كەففارىتىدۇر.»①

① سۈرە شۇرا 40 ـ ئايەت.
② ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 192 ـ بەت.

www.munber.org

## كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار قەسەمنى بۇزغۇچىغا كەففارەتنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەمڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر...﴾[2].

2 ـ الله تائالا مەزكۇر ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر﴾[3]. بۇ، ياخشى ئىشتىمۇ، باشقا ئىشتىمۇ قەسەمنى بۇزغان ئادەم ئۈچۈن ئاممىباب ھۆكۈمدۇر.

3 ـ ئەييۇب ئەلەيھىسسالام خوتۇنىنى ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان ۋاقىتتا الله تائالا ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق)﴾[4]. بۇ يەردە قەسەمنى بۇزۇش بۇزماسلىقتىن ياخشى ئىدى. الله ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى خوتۇنىنى ئاغرىتىۋەتمەيدىغان بىر شەكىلدە ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئەگەر ئۇنىڭ خوتۇنى ھەققىدىكى قەسەمنى بۇزۇشى كەففارەت بولىدىغان بولسا، الله ئۇنى خوتۇنىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇمىغان، بەلكى ئۇ قەسىمنى كەففارەتسىزلا بۇزغان بولاتتى.

4 ـ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن، ئاندىن قەسىمىگە كەففارەت بەرسۇن!»

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بەزى فىقھشۇناسلار مەزكۇر ئايەتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دەلىلدە كەففارەتنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل يوق. چۈنكى، الله تائالا: ﴿ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر...﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ۋە: ﴿بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر﴾ دېگەن سۆزى بىلەن كەففارەت بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ، ياخشى ئىشتىمۇ، باشقا ئىشتىمۇ قەسەمنى بۇزغان ئادەم ئۈچۈن ئاممىباب ھۆكۈمدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ «شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن، ئەنە شۇ قەسەمنىڭ كەففارىتىدۇر» دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىشقا كەلسەك، ئۇ قۇرئاندا بايان قىلىنغان مەزكۇر كەففارەت ئەمەس، گۇناھنىڭ كەففارەت بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئىنساننىڭ الله قا

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 380 ـ بەت.
[2] سۈرە مائىدە، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ساد، 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تائەت ـ ئىبادەت قىلماسلىقتا قەسەم قىلىشى مەنئى قىلىنغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قەسىمىنى بۇزۇپ، تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە بۇنىڭ قەسەم قىلىپ ئىشلىگەن گۇناھىنى يۇيىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.»[1]

ئىمام ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئادەملەرگە ھەيران قېلىۋاتىمەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ، بىلمەيدىغان نەرسىلىرى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئەبۇ بەكرى مىستەھكە خىراجەت بەرمەسلىككە قەسەم قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭغا خىراجەت بېرىشكە قايتقان. بىزگە، ئەبۇ بەكرى كەففارەت بەرمىگەن دەپ، مۇنداق تېتىقسىز سۆزنى قىلغان ئادەم ئۆزىنى ئاۋارە قىلغان بولىدۇ.»[2]

## كۇچلۇك قاراش

بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن بىزگە كۆپچىلىك فىقھىشۇناسلارنىڭ: قەسەمنى بۇزغۇچىغا شەرتسىز كەففارەت ۋاجىپ بولىدۇ، دېگەن قارشىنىڭ كۇچلۇك ئىكەنلىكى، باشقىلارنىڭ قارىشىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلسا، قەسەم بولۇپ قالامدۇ؟

ئەگەر ئىنسان ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلسا، قەسىمى قەسەم بولۇپ قالىدۇ ۋە بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۆپچىلىك فىقھىشۇناسلارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ كەففارەت بېرىشى ۋاجىپ بولىدۇ. لېكىن بۇ تۈرلۈك قەسەمنى قىلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭدا اللہ تائالانىڭ: ﴿ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش ــ ئەقرىبالارغا سىلەر ــ رەھىم قىلىش، يېتىم ــ يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار﴾[3] دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلماسلىق ۋە اللہ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىش كېلىپ چىقىدۇ.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا ئەمەس، پەقەت ئۇنى قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قەسەم قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.»[4]

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «زاھىرى مەنىدىن ئېيتقاندا، قەسەم قىلىشنى مەنئى قىلىش ئۇنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر: قەسەم قىلىش ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلەنگەن، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: تائەت ـ ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىش ئۈچۈن قىلغان قەسەم بەزىدە ھارام بولىدۇ ۋە بەزىدە ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش بولىدۇ،

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 380 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 194 ـ بەت.
[3] سۈرە ھەج، 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 191 ـ بەت.

www.munber.org

دەيدۇ. بۇ يەردىكى چەكلىمە بولسا، قەسەم قىلماسلىقنى شەرتسىز تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.»[1]

## بەشىنچى ھۆكۈم

### مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرىگە بوھتان چاپلىغان كىشى كاپىر بولامدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللاردىن بىرىگە بوھتان چاپلىغان ئادەم كاپىر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاياللارغا بوھتان چاپلىغان ئادەمنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ ھەتتا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ ئۇنداق ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا بوھتان قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ دىلىنى جاراھەتلەندۈرگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابرۇيىغا تىل تەككۈزۈشنى راۋا كۆرگەن ئادەم كاپىردۇر، ئىسلامدىن يېنىۋالغان مۇرتەددۇر.

ئەللامە ئەلۇسى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنى قارىلاشنىڭ جازاسى ئۈچۈن كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا خاس قىلىنغان جازانى بېكىتتى. شۇڭا بۇ مەسىلىدە مۇنداق قائىدىگە تايىنىش لازىم: مەزكۇر ئايەتلەر نازىل بولغان ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ياخشى ئاياللار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرىنى قارىلىغان ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ شۇ ئايالغا قارا چاپلاشنى راۋا كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسۇن، مەيلى شۇ ئايالغا قارا چاپلاشنى راۋا كۆرمىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسۇن، كاپىر بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك.

ئەمما ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قارا چاپلىغان ئادەمنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىش توغرا بولمايدۇ. توغرىسى شۇكى، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قارا چاپلىغۇچى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە (الله تائالا ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!) ئوخشاش قارا چاپلاشنى راۋا كۆرگەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىش لازىم. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشقا ئورۇنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر مەسىلىدۇر. ئەگەر ئۇنداق

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 126 ـ بەت.

بولمىسا، ئۇنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ھەسسان، مىستەھ ۋە ھەمنىە قاتارلىق كىشىلەرنى ئالساق، ئۇلار قارا چاپلاشنى راۋا كۆرمىگەن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان، ئۇلار پەقەت يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى دەپ سالغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئەيىبلەنگەن. »[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مۆمىن ئاياللارنىڭ بىرىگە قارا چاپلاشنى راۋا كۆرگەن ئادەم كاپىر بولىدىغان تۇرسا، مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان پاك ئاياللارغا، ئەڭ باشتا قۇرئان كەرىم پاك دەپ كۆرسەتكەن ۋە پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئاسماندىن ئايەت چۈشكەن ئايال ئائىشەگە قارا چاپلاشنى راۋا كۆرگەن ئادەم قانداقمۇ كاپىر بولمىسۇن؟ شەك - شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندىن كېيىن مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا تىل تەككۈزۈش بولسا، الله تائالانىڭ بىزگە يەتكۈزگەن خەۋىرىنى يالغانغا چىقارغانلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىغا تىل تەككۈزۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئازار بەرگەنلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئېيپەتلىك، پاك ۋە شەرەپلىك ئاياللاردۇر. شۇڭا ئۇلارغا بوھتان چاپلىغۇچى كاپىر بولىدۇ. بۇنىڭدا ھېچ ئىككىلىنىش يوق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللا يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ﴾[2].

## ئالتىنچى ھۆكۈم

### پاسىققا ياكى كاپىرغا لەنەت ئېيتىش دۇرۇس بولامدۇ؟

الله تائالانىڭ: ئۇلار ﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)﴾ دېگەن سۆزى پاسىققا ياكى كاپىرغا لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

فىقھشۇناسلار ئەبۇ جەھل ۋە ئەبۇ لەھەبكە ئوخشاش كۇفرى ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىلەرگە لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە، ھەمدە كاپىرلارغا، پاسىقلارغا، زالىملارغا ئاممىباب لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە ئىتتىپاق كەلگەن. مەسىلەن: الله نىڭ لەنىتى زالىملارغا بولسۇن! دېيىش ياكى: الله نىڭ لەنىتى پاسىقلارغا بولسۇن! دېيىش ۋە ياكى: الله نىڭ لەنىتى كاپىرلارغا بولسۇن! دېيىشكە ئوخشاش.

ئەمما مۇئەييەن بىر ئىنسانغا خاس لەنەت ئېيتىش، گەرچە ئۇ كاپىر بولسىمۇ، دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىش دېمەك ئۇنى الله نىڭ رەھمىتىدىن قوغلاش ۋە ئۇنىڭ كۇفرى ئۈستىدە ئۆلۈشىگە دۇئا قىلىش دېمەكتۇر. مۇسۇلماننىڭ باشقىلارنىڭ كۇفرى ئۈستىدە ئۆلۈشىنى ئارزۇ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، كاپىرنىڭ كۇفرى ئۈستىدە

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 127 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 57 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۆلۈشكە رازى بولۇش كۇپۇرلۇقتۇر. مۇسۇلمان ھەمىشە ئىنسانلارغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىدۇ ۋە ھەممە بىرلىكتە ئىمان ئۈستىدە ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىشىڭ كېرەككى، كۇفرى ئۈستىدە ئۆلۈشى مۇقەررەرلىشىپ قالغان مۇئەييەن كاپىرغا، ئەگەر ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىش مۇسۇلمانغا ئەزىيەت بولۇپ قالمىسا، لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلىقىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. ئەمما ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىش مۇسۇلمانغا ئەزىيەت بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىش ھارامدۇر. شۇنداقلا ئەبۇ تالىبنىڭ كۇفرى ئۈستىدە ئۆلگەنلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىشمۇ ھارامدۇر. بەلكى ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىش بولسا، ئەزىيەت يەتكۈزۈش ھارام قىلىنغان كىشىگە ئەڭ چوڭ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. لەنەت ئېيتىش دۇرۇس بولغان كىشىگە لەنەت ئېيتىشنى ئىبادەت بولىدۇ، دەپ قارىمايمەن. پەقەت لەنەت ئېيتىشتا شەرىئەت مەنپەئەتى مەقسەت قىلىنغان بولسا، بۇ باشقا مەسىلىدۇر. ياشاۋاتقان مۇئەييەن كاپىرغا لەنەت ئېيتىشقا كەلسەك، بۇ ھارامدۇر. ھۆججەتۇل ئىسلام ئىمام غەززالىنىڭ سۆزى بويىچە ئالساق، ئۇنداق قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر. چۈنكى، مۇنداق قىلغانلىق ئۇنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولىدىغان كۇفرى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشىنى تىلىگەنلىك بولىدۇ. مۇنداق تىلەكنى تىلەش كۇپۇرلۇقتۇر. ئەللامە ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ مەسىلىگە مۇنداق قاراش لازىم، ئەگەر كاپىرغا لەنەت ئېيتقۇچى بۇ لەنەتنى بىلەن ئۇنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قېلىشىغا بەتدۇئا قىلماقچى ياكى مۇنداقلا بەتدۇئا قىلماقچى بولغان بولسا، كاپىر بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ لەنەتنى بىلەن ئۇنىڭ كۇفرى ئۈستىدە قېلىشىنى تىلىسە ياكى كۇفرى ئۈستىدە قېلىشىغا رازى بولسا، كاپىر بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى ئىنچىكە ئويلىشىڭ لازىم.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ھەدىس شەرىپتە مۇئەييەن پاسىققا ياكى زىنىنى كۆپ بولغان مەشھۇر ئاسىيغا لەنەت ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇنداق دەلىللەر بايان قىلىنغان:

بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىگە بەلگە سېلىنغان بىر ئېشەكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇنى قىلغان ئادەمگە الله لەنەت قىلسۇن!» دېگەن[2].

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ بەزى قەبىلىلىرىگە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ لەنەت ئېيتىپ: «ئى الله! رەئل قەبىلىسىگە، زەكۋان قەبىلىسىگە، ئۇسەييە قەبىلىسىگە لەنەت قىلغىن، ئۇلار الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتتى» دېگەن[3].

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 128 ـ بېتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدۇر.

ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىر ئادەم خوتۇنىنى تۆشەككە چاقىرغاندا خوتۇنى كەلگىلى ئۇنىمىسا، ئاندىن ئېرى ئاچچىغلاپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ خوتۇنغا تاڭ ئاتقىچە لەنەت ئېيتىدۇ» دېگەن[①].

دېمەك، پاسىقلىق ۋە بويۇنتاۋلىق بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئادەمگە لەنەت ئېيتىش دۇرۇس بولىدۇ. بولۇپمۇ زىيىنى ياكى يەتكۈزىدىغان ئەزىيىتى ئوچۇق ئاشكارا بولغان، ئىنسانلارغا ھەم دىنىسلا چېقىلىدىغان ياكى جېدەلخورنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ۋە ھەددىدىن ئېشىشىغا يالغاچ قىلىچ بولۇپ بەرگەن ئادەملەرگە لەنەت ئېيتىش دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ زامانىنىڭ ساقچىلىرىنى ئالساق، ئۇلار ھەم دىنىسلا الله نىڭ بەندىلىرىگە ناھەق چېقىلىدۇ. بىز ھازىر ئىنسان ئۆزىنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا كاپالەتلىك قىلالمايدىغان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. بىز الله نىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

گۇناھلاردىن پاك، ئۆز خاھىشىدىن سۆزلىمەيدىغان زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ تۆرلۈك زۇلۇمنى سۆزلەپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دوزاخ ئەھلىدىن ئىككى تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، مەن ئۇلارنى تېخى كۆرمىدىم. بىر تۈرلۈكى شۇنداق ئادەملەركى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئوخشاش قامچىلار بولۇپ، ئۇلار بۇ قامچىلار بىلەن كىشىلەرنى ئۇرىدۇ...»[②]

قىسقىسى، ھارام ئىشلارنى قىلىشنى راۋا كۆرگەن ئەنە شۇ زالىملارغا لەنەت ئېيتىش دۇرۇس بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈپ كېتىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىش لەنەت ئېيتىشتىن ئەۋزەلدۇر، لېكىن ئەبۇ جەھل ۋە ئەبۇ لەھەبلەرگە ئوخشاشلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ پايدىسى بولۇشى تولىمۇ يىراق بىر ئىشتۇر.

سىراج بەلقىينى مۇنداق دەيدۇ: «مۆئەييەن ئاسىيغا ياكى ھەددىدىن ئاشقۇچى پاسىققا لەنەت ئېيتىش دۇرۇس بولىدۇ.» بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## يەتتىنچى ھۆكۈم

مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟

جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگۈچى 10 ساھابىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سەھىھ ھەدىسلەردە خەۋەر قىلىنغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدىغانلىقىغا ئۆلىمالار ئىتتىپاق

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
② ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

كەلگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرى ھەق بولۇپ، ئۇ اللہ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىيدۇر.

بەزى ئۆلىمالار مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىمۇ جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن **10** ساھابىغا قوشۇپ، ئۇلارنىڭمۇ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئاياللىرى ھەققىدە ئامىباب، ئائىشەنىڭ ھەققىدە خاس ھالدا نازىل بولغانلىقىغا بىنائەن، اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار مەغپىرەتتىن، (نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «ئېسىل رىزىق» جەننەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەردىن كىمكى اللہ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ساۋابنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىق تەييارلىدۇق﴾[1]. ئۇلارنىڭ مۇنداق دەلىل كەلتۈرۈشى ناھايىتى ياخشى بولغان.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا ياخشى ئاياللارنىڭ ياخشى ئەرلەرگە لايىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى ۋە پاك ھېچكىم يوق. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئاياللىرىمۇ پەقەت ياخشى ئاياللاردۇر خالاس. ئاندىن اللہ تائالا ئۇلارنى سۈپەتلەپ: ﴿ئۇلار مەغپىرەتتىن، (نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾ دېدى. بۇنىڭ كەسكىن خەۋەر بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە بىرگە بولىدىغانلىقى چىقىدۇ. بۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق رافىزىلەر تۆھمەت ئۇرۇشنى سەۋەب قىلىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كاپىرغا چىقىرىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ دەلىللىرىنى رەت قىلىدۇ.»[2]

ئەللامە ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «تۆھمەت ئۇرۇشنى باھانە قىلىپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كاپىرغا چىقارغان ۋە ئۇنى كۇفرى ئۈستىدە ئۆلدى دەپ بىلجىرلىغان رافىزىلەرگە ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ سۆزى رەددىيە بېرىدۇ. ۋەقە مۇنداق بولۇپ، ئەلى (اللہ ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) ئەممار بىلەن ھەسەننى مەدىنە بىلەن كۇفىگە ئادەملەرنى ئۇرۇشقا ئۆمۈمىيۈزلۈك چىقىشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئەممار نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەلۋەتتە ئائىشەنىڭ پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. لېكىن اللہ تائالا سىلەرنىڭ ئەلىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىڭلارنى ياكى ئائىشەگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىڭلارنى ئايرىش ئۈچۈن سىلەرنى ئائىشە ئارقىلىق سىنىدى.»

[1] سۈرە ئەھزاب، 31 ـ ئايەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 195 ـ بەت.

ئىمام ئەلۇسى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، مەن شىئەلەرنىڭ بەزى كىتابلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئۇنىڭدا ئائىشەنىڭ بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى قاتارىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى يېزىلىپتۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرىۋەتسۇن!) مەن ساڭا مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن خوتۇنلىرىمدىن خالىغان خوتۇننى مېنىڭ خوتۇنلىرىم قاتارىدىن چىقىرىۋېتىشىڭگە رۇخسەت قىلدىم، دېگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئائىشەنى ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنلىرى قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەنمىش.

بۇ ھەقىقەتەن ھازىردار ئايالنىمۇ كۈلدۈرۈپ تاشلىغىلى تاس قالىدىغان سەپسەتىلەردۇر. ئەلىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى يالغانغا چىقىرىدىغان يەنە بىر دەلىلدۇر.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللارغا بولغان ئارتۇقچىلىقى سەرىد[1]نىڭ باشقا تاماققا بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ.» بۇ ھەدىس ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئارتۇقچىلىقىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرەك پارىسى فاتىمە زەھرا رەزىيەللاھۇ تائالا ئەنھادىن ئارتۇق دېيەلمەيمەن.»[2]

## بوھتان چاپلاش قىسسىسى

مۇناپىقلار ئىسلامغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشتىن، مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىشتىن بىردەممۇ توختاپ قالغىنى يوق. ھەتتا ئۇلار بۇ كاتتا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نىشان قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ ئەزىز بولغان پاك ئايالى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارا چاپلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەككۈزمەكچى بولۇشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنىغا ئەڭ قەبىھ ۋە رەزىل جىنايەت بولغان پاھىشە بىلەن تۆھمەت چاپلاش يولى ئارقىلىق ئىسلام دىنىغا زەربە بېرىشكە، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىنىڭ شەخسىيىتىگە تىل تەككۈزۈپ ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئورۇندى.

مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي (الله ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!) ئىنتايىن قەبىھ بولغان بۇ تۆھمەتنىڭ چوڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولۇپ، ئويدۇرۇپ چىقىلغان بۇ بوھتاننى كىشىلەر ئارىسىغا تاراتتى. ئۇ ئىسلام دىنىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

---

[1] سەرىد ئەرەبلەر ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان تاماق، ــــ ت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 132 ـ بەت.

www.munber.org

ھەمىشە سۈيىقەست قىلاتتى. ئاخىرى اللە تائالا ئۇنى ھالاك قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بالايى ئاپىتىدىن قۇتقۇزدى.

ئىسلام ئۇممىتىگە ئاچچىق ساۋاق ۋە ۋەز ـ نەسىھەت بولۇش ئۈچۈن، مۇناپىقلىقنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە يەتكۈزىدىغان زىيىنى بىلەن خىيىم خەتىرىنى بىلىپ تۇرۇش، ئاندىن ئۇنىڭغا قارىتا ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىش ۋە ھەزەر ئەيلەش يولىنى تۇتۇش ئۈچۈن، اللە تائالا بۇ مۇناپىقنىڭ ۋە باشقا مۇناپىقلارنىڭ ھەققىدە قۇرلارغا يېزىلغان، ھەمىشە تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

قۇرئان كەرىم بىزگە پەيغەمبەر ئائىلىسىگە ھاقارەت قىلىدىغان، اللە قا ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىنسان ھېسابلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابرۇيىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىنسان ھېسابلانغان دوستى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابرۇيىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۇنىڭ پەقەت ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ياخشى ساھابە سەفۋان ئىبنى مۇئەتتىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان بۇ جىنايەتنىڭ ئىنتايىن قەبىھلىكىنى، پۈرۈقىنىڭ ئىنتايىن سېسىقلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ بوھتان ھەققىدە اللە تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە **10** ئايەت نازىل بولغان بولۇپ، بىرىنچىسى اللە تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گورۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ. بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى بىلەن باشلىنىپ، پەيغەمبەر ئائىلىسىنىڭ پۈتۈنلەي پاك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۇنۇ سۆزى بىلەن تۈگەيدۇ: ﴿يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر، ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلار مەغپىرەتتىن، (نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾.

بۇ بوھتان ۋەقەسى ئىنسانىيەت تارىخىدا پاك ئىنسانلارغا چىدىغۇسىز دەرت ـ ئەلەم ئېلىپ كەلدى، پۈتۈن مۇسۇلمان ئۇممىتىنى تارىخ بويىچە ئەڭ مۇشەققەتلىك تەجرىبىگە ئىگە قىلدى، بەزى ئادەملەرنىڭ دىللىرىغا شەك، گۇمان ۋە بىئارامىلىق ئۇرۇقىنى تېرىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنى ئائىشەنىڭ قەلبىنى، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قەلبىنى، سەفۋان ئىبنى مۇئەتتىلنىڭ قەلبىنى تولۇق بىر ئاي ئازابقا ئېسىپ قويدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى چىدىغۇسىز دەرت ـ ئەلەم ئىچىدە قالدۇردى.

---

[1] سۈرە نۇر، 11 ـ ئايەت.

نەتىجىدە قۇرئان نازىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك، ئىپپەتلىك ۋە شەرەپلىك خوتۇنىنى، قەھرىمان مۇجاھىد مۆمىن سەفۋاننى ئاقلىدى، پەيغەمبەر ئائىلىسىگە سۇيىقەست قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى غەرەزلىك ھالدا ئويدۇرۇلغان يالغانلارنى تارقاتقان، يامان ئىشتىن خەۋەرسىز، ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارشى بوھتان ۋە تۆھمەتلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئەنە شۇ پاجىئەلىك ۋە ئېچىنىشلىق ۋەقەنى سادىر قىلغان مۇناپىقلارنى، ئۇلارنىڭ گورۇھىنى، ئازغۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ئىنتايىن يامان تۆھمەتكە ئالدىنىپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىلەر يېنىكلىك قىلىپ بۇ تۆھمەتنى تىلدىن تىلغا يۆتكەپ يۈردى. ھالبۇكى، ئۇلار مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن، سۇيىقەستلىرىدىن ۋە غەرەزلىك پىلانلىرىدىن غەپلەتتە ئىدى. مۇناپىقلار بۇ سۇيىقەستلىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا زەربە بېرىشنى نىشان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش يالغان تۆھمەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بوھتان ۋە تۆھمەتلەرنىڭ تۇزاقلىرىغا مۇستەھ ئىبنى ئەساسە، ھەسسان ئىبنى سابىت، جەھشىنىڭ قىزى ھەمنەگە ئوخشاش تەقۋادارلىق ۋە ياخشىلىق بىلەن نام چىقارغان بىر تۈركۈم مۆمىن ئىنسانلارنى دەسسىتىشنى خالايتتى. ھەمنە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى زەينەبنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى.

ئەمدى بىز بۇ ۋەقەنى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قويۇپ بېرەيلى! ئۇ بىزگە بۇ ئېچىنىشلىق قىسسىنى رىۋايەت قىلىپ، ئۆزى ھەققىدە نازىل بولغان بۇ ئايەتلەرنىڭ سىرلىرىنى، ئۆزى ئۈستىدە بوھتانچىلارنىڭ ۋە تۆھمەتخورلارنىڭ توقۇپ چىققان يالغان سۆزلىرىنى ئېچىپ بەرسۇن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقماقچى بولسا، خوتۇنلىرى ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. سەپەرگە چىقىش چېكى خوتۇنلىرىنىڭ قايسىسىغا چىقسا، شۇ خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقاتتى. ئۇ بەنى مۇستەلىق غازىتىغا چىقىدىغان چاغدا ئادىتى بويىچە ئارىمىزدا چەك تاشلىدى. شۇ قېتىم چەك ماڭا چىقتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ بىلەن چىقتىم. بۇ پەردىلىنىش ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىنكى ۋەقە بولۇپ، مەن كاجۋادا ئولتۇراتتىم. كىشىلەر مېنى تۆگىگە كاجۋادا ئولتۇرغۇزاتتى ۋە كاجۋادا چۈشۈرەتتى.

شۇنداق قىلىپ بىز يۈرۈشكە ئاتلاندۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەدىنىگە قايتتى. بىز مەدىنىگە يېقىن بىر يەرگە چۈشكۈن قىلغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە يولغا چىقىشنى جاكارلىدى. ئادەملەر يولغا چىقىشقا تەمشىلىۋاتقاندا مەن ھاجىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قوشۇندىن يىراقلاشتىم. ھاجىتىمنى ئادا قىلىپ بولۇپ قوشۇن بار يەرگە كەلگەندىن كېيىن مەيدەمنى سىلىغىدەك بولسام، بۇلاپكام ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قاپتۇ. مەن قايتىپ بېرىپ ئۇنى ئىزدىدىم. بىراق ئۇنى تاپالماي ئۇزاق قالدىم. مېنى تۆگىگە يۈكلەيدىغانلار كېلىپ كاجۋامنى تۆگەمنىڭ ئۈستىگە

www.munber.org

ئارتىپتۇ. ئۇلار مېنى كاجۋا ئىچىدە بار، دەپ ئويلىغان ئىكەن. ئۇ كۈنلەردە ئاياللار ئورۇق بولۇپ، ناھايىتى يېنىك ئىدى. بىز ئاياللار ھەقىقەتەن قاتتىق قورۇق نەسىرلەرنىلا يەيتتۇق. شۇڭا كاجۋىنى كۆتۈرگەنلەر ئۇنىڭ يېنىكلىكىدىن گۇمانلانماستىن، تۆگە ئۈستىگە ئارتىۋېرىپتۇ. مەن يېشى كىچىك بىر قىز ئىدىم. ئۇلار تۆگىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. مەن ئاخىرى بۇلاپكامنى تاپقاندا قوشۇن ئاللىبۇرۇن كېتىپ بولغان ئىكەن. مەن قوشۇن چۈشكۈن قىلغان يەرگە قايتىپ كەلسەم، ھېچكىم قالماپتۇ. مەن ئورنۇمدا مىدىرلىماي تۇردۇم. چۈنكى، مەن ئۇلار مېنىڭ يوقلۇقىمنى بىلىپ، مېنى ئالغىلى قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

مەن جايىمدا ئولتۇرغان پېتى مۈگدەك تۇتۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. سەفۋان ئىبنى مۇئەتتىل سۇلەمى قوشۇننىڭ ئارقىدىن كەلگەن، كېچىنىڭ ئاخىرىدا دەم ئېلىپ، تاڭغا يېقىن يولغا چىققان ئادەم ئىدى. ئۇ مەن تۇرغان يەرگە كەلگەندە تاڭ ئاتقان ئىكەن. ئۇ ئۇخلاۋاتقان بىر ئىنساننىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مېنى كۆرۈپلا تونۇۋاپتۇ. ئۇ مېنى پەردىلىنىشتىن ئىلگىرى كۆرگەن ئىدى. ئۇ مېنى تونۇپ ئېلىپ ئىستىرجا (ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن) ئوقۇپتىكەن، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، دەرھال رومالىم بىلەن يۈزۈمنى يېپىۋالدىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىستىرجا ئوقۇغىنىدىن باشقا بىر ئېغىز گەپ ئاڭلىمىدىم. ئۇ تۆگىسىدىن چۈشۈپ ئۇنى چۆكتۈردى. ئاندىن تۆگىنىڭ ئىككى قولىغا دەسسەپ تۇرۇپ، مېنى تۆگىگە مىندۈردى. ئاندىن تۆگىنى يېتىلەپ يولغا راۋان بولدى. بىز قوشۇنغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئۇلار دەم ئېلىشقا چۈشكۈن قىلغان ئىكەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ھەققىمدە گەپ تېپىپ ھالاك بولغانلار ھالاك بولۇپ كەتتى. بۇ گۇناھنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي تارقاتقان ئىدى. بىز مەدىنىگە يېتىپ كەلدۇق. مەن بىر ئاي ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. كىشىلەر بوھتانچىلارنىڭ سۆزلىرىنى سۆز - چۆچەك قىلىشىپ يۈرەتتى. مەن بۇنى بىلمەيتتىم. مېنى شەكلەندۈرىدىغىنى شۇكى، مەن بۇ قېتىم كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىمدا كۆرسىتىدىغان مېھرى - شەپقىتىنى كۆرمىدىم. ئۇ پەقەت قېشىمغا كىرەتتى ۋە سالام قىلاتتى، ئاندىن: «ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟» دەيتتى، ئاندىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى مېنى گۇمانلاندۇراتتى. مەن يۈز بەرگەن يامانلىقتىن خەۋەرسىز ئىدىم. ئاخىرى كېسەلىمدىن ساقايدىم. ئاندىن مىستەھنىڭ ئانىسى بىلەن ھاجەت قىلغىلى چىقتىم. ھاجەت قىلىدىغان جايىمىز ئوچۇقچىلىق بولۇپ، بىز پەقەت كېچىدىلا تەرەت قىلغىلى چىقاتتۇق. بۇ، ھاجەتخانا سېلىشتىن بۇرۇنقى ئىش بولۇپ، ئۇ چاغدا ھاجەت قىلىش ئىشلىرىمىز ئەرەبلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئادىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

مەن ۋە مىستەھنىڭ ئانىسى ھاجىتىمىزنى ئادا قىلىپ بولۇپ قايتتۇق. ئۇ، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانا تەرەپ ھاماچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى مىستەھ ئىبنى

ئەساسە ئىدى. بىز ھاجەتخانا تەرەپتىن كېلىۋاتقاندا مىستەھنىڭ ئانىسى كىيىمىگە پۇتلىشىپ تېيىلىپ كەتتى ـ دە، ئاندىن: مىستەھ ھالاك بولسۇن! دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئەجەپمۇ يامان سۆز قىلدىڭىز، بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر ئادەمنى مۇشۇنداق تىللامسىز؟ دېدىم. ئۇ: ئى قىز! ئۇنىڭ نېمدېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ دېدى. مەن: ئۇ نېمە دەپتۇ؟ دېدىم. مىستەھنىڭ ئانىسى ماڭا بوھتانچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كېسىلىمگە يەنە كېسەل قوشۇلدى. مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ: «ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟» دېدى. مەن: ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىشىمگە رۇخسەت قىلغىن، دېدىم. ئۇ چاغدا مەن بۇ سۆزلەرنى ئاتا ـ ئانامدىن ئۇقۇپ بېقىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت بەردى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئانامغا: ئى ئانا! كىشىلەر نېمدەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىۋاتىدۇ؟ دېدىم. ئانام: ئى قىزىم! بۇ ئىشنى ئۆزىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، چىرايلىق ۋە گۈزەل خوتۇنى بولۇپ، شۇ خوتۇننىڭ كۈندەشلىرى بولغان تەقدىردە، ئۇلار شۇ خوتۇنغا قارشى كۆپ گەپ تاپىدۇ، دېدى. مەن: سۇبھانەللاھ! كىشىلەر مۇشۇنداق سۆزلەرنىمۇ قىلىشامدۇ؟ دېدىم.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە يىغلاپ چىقتىم. كۆز ياشلىرىم توختىماي ئېقىۋاتاتتى. كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم. تاڭ ئاتقاندىمۇ يىشىم قۇرىمىدى. بۇ ھەقتە ۋەھيى نازىل بولمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ، مەن بىلەن ئاجرىشىش ياكى ئاجراشماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت سېلىپتۇ. ئۇسامە ئۇنىڭغا مېنىڭ پاك ئايال ئىكەنلىكىم، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئائىلىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭ پەقەت ياخشى ئايال ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز، دەپتۇ. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله سىزنى تار يەرگە قىستىغىنى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللار كۆپ، سەن دېدەك قىزدىن سوراپ باققىن، ئۇ ساڭا ئەھۋالنى دەپ بېرىدۇ، دەپتۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىرە ئىسىملىك دېدەكنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئى بەرىرە! سىز ئائىشەدە سىزنى گۇمانلاندۇرىدىغان بىرەر ئەھۋالنى كۆردىڭىزمۇ؟» دەپتۇ. بەرىرە: ياق، سىزنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن ئۇنى ئەيىبلىگىدەك بىرەر ئىشنى كۆردۈم دېسەم، ئۇ يېشى كىچىك قىز بولغاچقا خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى، ئاندىن قوي كېلىپ خېمىرنى يەپ كېتەتتى، مەن ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن ئارتۇق بىرەر ئىشنى كۆرمىدىم، دەپتۇ.

www.munber.org

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇ كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ھەققىدە كىشىلەرنىڭ كەچۈرۈشىنى تىلەپ: «مېنىڭ ئەھلىم ھەققىدە گەپ تېپىپ ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن ئادەم ئۈچۈن كىم مېنى كەچۈرىدۇ؟ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەھلىمنىڭ پەقەت ياخشى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، ئۇلار ماڭا شىكايەت قىلغان ئادەمنىڭمۇ پەقەت ياخشى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە پەقەت مەن بىلەنلا بىللە كىرەتتى» دەپتۇ.

سەئد ئىبنى مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئادەم ئۈچۈن سېنى مەن كەچۈرىمەن، ئەگەر ئۇ ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز، ئەگەر ئۇ قېرىنداشلىرىمىز خەزرەج قەبىلىسىدىن بولسا، ئۇنىڭ ھەققىدە بىزنى نېمىگە بۇيرۇساڭ، شۇنى ئىجرا قىلىمىز دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سەئد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئد ئىبنى مۇئازغا: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يالغان سۆزلىدىڭ، ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيسەن، ئۆلتۈرۈشكىمۇ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، دەپتۇ. ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قەبىلىۋازلىقى تۇتۇپ شۇنداق دېگەن ئىكەن. ئاندىن سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئد ئىبنى ئۇبادىگە: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن يالغان سۆزلىدىڭ، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمىز، سەن مۇناپىق ئىكەنسەن، مۇناپىقلار ئۈچۈن جېدەل قىلىشىۋاتىسەن، دەپتۇ. نەتىجىدە ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئىككى تەرەپ بولۇپ، ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈشكە ئۈندەپتۇ. ئاخىرى ئۇلار جىمىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپتۇ.

مەن شۇ كۈنى كەچكىچە يىغلىدىم. كۆز ياشلىرىم توختىماي ئاقتى. كۈننى كىرپىك قاقماي كەچ قىلدىم. ئىككىنچى كېچىنىمۇ كىرپىك قاقماي يىغلاپ ئۆتكۈزدۈم. كۆز ياشلىرىم قۇرىمىدى. ئاتا ـ ئانام يېنىمدا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. مەن ئىككى كېچە بىر كۈندۈز تىنماي يىغلىدىم. يىغا جىگىرىمنى يېرىپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئاتا ـ ئانام ئىككىسى يېنىمدا ئولتۇراتتى، مەن يىغلاۋاتاتتىم. ئەنسارىلاردىن بىر ئايال كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. مەن ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردىم. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مەن بىلەن تەڭ يىغلىدى. بىز شۇنداق تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمىزغا كىردى ۋە ئولتۇردى. مېنىڭ ھەققىمدە سۆز ـ چۆچەك ئوتتۇرىغا چىققاندىن بېرى ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بىر ئاينى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، مېنىڭ ھەققىمدە ۋەھيى نازىل بولمىغان ئىدى. ئۇ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شاھادەت ئېيتتى، ئاندىن: «سىز توغرىلىق ماڭا مۇنداق، مۇنداق سۆزلەر يەتتى، ئەگەر پاك بولسىڭىز، اللە تائالا سىزنى چوقۇم ئاقلايدۇ، ئەگەر بىرەر گۇناھ قىلىپ قالغان بولسىڭىز، اللە تائالادىن مەغپىرەت تىلەڭ ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭ، شەك ـ شۈبھىسىزكى،

بەندە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلسا، ئاندىن تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن يېشىم توختىدى، ھەتتا بىر تامچىمۇ ياش چىقمايتتى. مەن ئاتامغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە مېنىڭ نامىمدا سەن جاۋاب بەرگىن، دېدىم. ئاتام: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن، دېدى. مەن ئانامغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە مېنىڭ نامىمدا سىز جاۋاب بېرىڭ دېدىم. ئاناممۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن يېشى كىچىك بىر قىز بولغاچقا، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇمايتتىم. مەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردىم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ كىشىلەر سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرگەن يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىڭلارنى، بۇ سۆزلەرنىڭ دىلىڭلارغا ئورناپ كەتكەنلىكىنى ۋە سىلەرنىڭ ئۇنى تەستىقلىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئەگەر مەن سىلەرگە: مەن پاك دېسەم، سىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيسىلەر، ئەگەر پاك ئىكەنلىكىمنى الله بىلىدىغان بىر ئىشنى ئۈستىمگە ئېلىپ، سىلەرگە گۇناھ قىلدىم دېسەم، ئەلۋەتتە سىلەر ماڭا ئىشىنىسىلەر. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت ئۆزەمگە ۋە سىلەرگە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئەسلىتىمەن، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (مۇشۇ يالغان) سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشۈمگە الله مەدەتكاردۇر﴾[1].

ئاندىن يۈزۈمنى ئۆرۈپ، كۆرپەمگە يېنىمنى قىلىپ ياتتىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆزەمنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى ۋە الله تائالانىڭ مېنى ئاقلايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ھەققىمدە الله تائالانىڭ تىلاۋەت قىلىنىدىغان ۋەھيى نازىل قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. مەن ئۆزەمنى مېنىڭ ھەققىمدە الله تائالانىڭ تىلاۋەت قىلىنىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىدىن تۆۋەن چاغلايتتىم. لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈش كۆرۈشىنى، الله تائالانىڭ مېنى شۇ چۈش بىلەن ئاقلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئورنىدىن قوزغالمىغان، ئۆيدىن ھېچكىم چىقىپ كەتمىگەن بىر پەيتتە الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل قىلدى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا قاتتىق قىزىپ كەتتى. كېيىن ئۇنىڭدىكى قىيىن ئەھۋال كۆتۈرۈلدى. ھالبۇكى، ئۇ كۈلۈمسىرەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ماڭا تۇنجى سۆزلىگەن سۆزى: «ئى ئائىشە! الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقىن، ئۇ ھەققەتەن سېنى ئاقلىدى» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئانام ماڭا: ئورنىڭدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقىن دېدى. مەن: الله نىڭ نامى

[1] سۈرە يۈسۈف، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارمايمەن، ئۇنىڭغا رەھمەتمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، مېنى ئاقلاپ ئايەت نازىل قىلغان ئۇدۇر، دېدىم. الله تائالا: ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى...﴾[1] دېگەن ئايەتتىن باشلاپ 10 ئايەت نازىل قىلغان ئىدى.

الله تائالا مېنى ئاقلاپ بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مىستەھنىڭ ئائىشە ھەققىدە گەپ تېپىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەرگىز بىر نەرسە بەرمەيمەن، دېدى. مىستەھنىڭ ئەبۇ بەكرى بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بولغانلىقى ۋە كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئاندىن الله تائالا: ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، الله نىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟ الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بەلكى مەن الله نىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن، دېدى. ئاندىن مىستەھكە بېرىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش پۇلىنى قايتىدىن بەردى ۋە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى ئۇنىڭدىن ھەرگىز توختىتىۋالمايمەن، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھشىنىڭ قىزى زەينەبتىن مېنىڭ ئىشىم ھەققىدە سوراپ: «ئى زەينەب! ئائىشە ھەققىدە نېمىنى بىلىسىز، نېمىنى كۆردىڭىز؟» دەپتۇ. زەينەب: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن قولۇقىمنى ۋە كۆزۈمنى ھىمايە قىلىمەن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ پەقەت ياخشى ئايال ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، دەپتۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە مەن بىلەن بەسلىشىدىغان بىردىن بىر ئايال ئىدى. الله تائالا ئۇنى ئۇنىڭ تەقۋالىقى بىلەن بۇ گۇناھقا كىرىپ قېلىشىدىن ساقلاپتۇ. ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ھەمنە بولسا، ھەمشىرىسى زەينەبنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، بوھتانچىلار گىرىپتار بولغان بۇ گۇناھقا مۇبتىلا بوپتۇ[2].

مۇناپىقلىقنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ خىيىم ـ خەتەرلىرى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان سۇيىقەستلىرى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئىگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراتقان ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىزگە مانا مۇشۇنداق ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشنى ۋە ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈشنى نىشان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېپپەتلىك ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تىل تەككۈزۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ پاك شەنىنى بۇلغىماقچى بولغان. لېكىن الله تائالا ئۇلارنىڭ رەزىللىكىنى ۋە سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسىنى ئەنە شۇ چوڭ بوھتاندىن ئاقلىدى ۋە بۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا،

---

[1] سۈرە نۇر، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەقىل ئىگىلىرىگە ئىبرەتلىك ئاچچىق ساۋاق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرى ئۈچۈن پەخىرلىنىدىغان ۋە ماختىنىدىغان نام ئاتا قىلدى، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئائىلىسىنىڭ پاك، گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل قىلدى. ﴿ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلار مەغپىرەتتىن، (نازۇ نېمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ﴾.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئەگەر بىر ئادەمنى ماختاش ئۇنى كۆرەلمەسلىك ۋە پەخىرلەندۈرۈپ قويمايدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇنى: ياخشى ۋە تەقۋادار دەپ سۈپەتلەش دۇرۇستۇر.

2 ـ ئەگەر ئىنسان ياخشى بىر ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان بولسا، قەسەمگە كەففارەت بېرىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلسۇن!

3 ـ يامانلىق قىلغان كىشىنى كەچۈرۈش ۋە ئەپۇ قىلىش ئىماننىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

4 ـ ئىپپەتلىك ۋە ھايالىق ئاياللارغا بوھتان چاپلاش الله نىڭ غەزىپىنى ۋە ئازابىنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن بىرىدۇر.

5 ـ سەزگۈ ئەزالار قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ زىيىنىغا ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان قىلمىشلىرى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

6 ـ ئىنسانغا ئۇنىڭ قىلغان يامان ئەمەللىرى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئادىل جازا بېرىلىدۇ.

7 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىغا تۆھمەت چاپلاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەنلىك ۋە ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلغانلىق بولىدۇ.

8 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بوھتانچىلار نىسبەت بەرگەن نەرسىدىن ئاقلايدۇ.

9 ـ پەيغەمبەر ئائىلىسى پاك ۋە ئىپپەتلىك ئائىلىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىن سەت قىلىق ياكى يامان ئىشنىڭ پۇرۇقىنىڭ چىقىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ.

10 ـ ئىلاھىي قانۇنىيەت ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر.

www.munber.org

# رۇخسەت سوراش ۋە زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتًا غَيۡرَ بُيُوتِكُمۡ حَتَّىٰ تَسۡتَأۡنِسُواْ وَتُسَلِّمُواْ عَلَىٰٓ
أَهۡلِهَا ۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ٢٧ فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فِيهَآ أَحَدٗا فَلَا تَدۡخُلُوهَا حَتَّىٰ
يُؤۡذَنَ لَكُمۡ ۖ وَإِن قِيلَ لَكُمُ ٱرۡجِعُواْ فَٱرۡجِعُواْ ۖ هُوَ أَزۡكَىٰ لَكُمۡ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ
٢٨ لَّيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَدۡخُلُواْ بُيُوتًا غَيۡرَ مَسۡكُونَةٖ فِيهَا مَتَٰعٞ لَّكُمۡ ۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا
تُبۡدُونَ وَمَا تَكۡتُمُونَ ٢٩ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اللّٰه سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان ـ سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. اللّٰه سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ﴾.

ـ سۈرە نۇر 27 ـ، 28 ـ، 29 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

تَسۡتَأۡنِسُوا: (ئىجازەت سورىمىغىچە)، بۇ سۆز رۇخسەت سوراش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

بەزىلەر: بۇ سۆز بىلىشنى تەلەپ قىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەتتە، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ سىلەرنىڭ كىرىشىڭلارنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئىستىئناس» بولۇپ، دوستانە بولۇش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بىر ئادەم ئۆيگە كىرىشكە ئۆي ئىگىلىرىدىن رۇخسەت سورىسا، ئۆي ئىگىلىرى ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەرگەندە

ئۇلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئاشىدۇ، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ رۇخسەت سورىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى دوستانە بولىدۇ.»[1]

عَلَىٰٓ أَهۡلِهَا: (ئۆي ئىگىسىگە)، ئەھلى دېگەن بۇ سۆز شۇ ئۆيدە ئولتۇرىۋاتقانلارنى، مەيلى ئۇلار ئۇنىڭغا زېمىنلىق ئىگە بولۇپ ئولتۇرىۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى كىراغا ئېلىپ ئولتۇرىۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى ئارىيەت ئېلىپ ئولتۇرىۋاتقانلار بولسۇن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەنىنى الله تائالانىڭ ﴿باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە﴾ دېگەن سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئۆيدە ئولتۇرىۋاتقانلارغا قارىتىلىپ: “سىلەر ئولتۇرىۋاتقان ئۆيلەردىن باشقا ئۆيلەرگە” دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئىجارىگە ۋە ئارىيەتكە بەرگۈچىنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئۇ ئۆيلەرگە رۇخسەت ئالماستىن كىرىشىنىڭ ئوخشاشلا چەكلىنىشى بۇ ئايەتنىڭ ئۆيگە زېمىنلىق ئىگە بولۇشقا خاس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدە گەپنى ئۇزارتىشنىڭ ھاجىتى يوق.»[2]

ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ: (بۇ سىلەرگە ياخشىدۇر)، بۇ جۈملىدىكى ئىشارەت ئالمىشى رۇخسەت سوراش ۋە سالام بېرىشكە قايتىدۇ. يەنى سىلەرنىڭ كىشىلەر ئۇستىگە رۇخسەت سوراش ۋە سالام بېرىش بىلەن كىرگىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت ۋە تۇيۇقسىز كىرگىنىڭلاردىن ياخشىدۇر.

لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ: (نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن)، يەنى بۇ جۈملە: ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار، بۇ گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ تەلۋىگە لايىق ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

أَزۡكَىٰ لَكُمۡۚ: (سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر)، يەنى بۇ جۈملە: سىلەر ئۈچۈن مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قايتىپ كېتىش دەرۋازا ئالدىدا بېزىرىپ تۇرۇۋېرىشتىن ئەڭ ياخشىدۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەقىللىق ئىنسان ئۈچۈن شۇنداق قىلىش ئەڭ ياخشى ۋە ئېسىل ئىشتۇر.

جُنَاحٌ: (گۇناھ)، بۇ سۆز، گۇناھ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[3].

غَيۡرَ مَسۡكُونَةٖ: (شەخسىي تۇرالغۇ بولمىغان)، بۇ سۆز، ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، مۇنچا ۋە تىجارەت دۇكانلىرىغا ئوخشاش ئاممىۋى مەنپەئەتلەر ئۈچۈن سېلىنغان بىنالارنى،

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 112 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 133 ـ بەت.
[3] سۈرە ئەھزاب، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

رابات، مېھمانخانا قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئورۇنلارغا رۇخسەتسىز كىرىش گۇناھ ئەمەس.

مَتَعٌ: (ھاجەتلەر چوشۇپ)، بۇ سۆز لۇغەتتە مەنپەئەتكە ئىشلىتىلىدۇ يەنى ئىسسىقتىن سايىداش، يۈك ـ تاقلارنى، مال ـ ماتالارنى ساقلاشقا ئوخشاش مەنپەئەتلەر ئۈچۈن كىرسەڭلار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ يەنە ئېھتىياج ۋە ھاجەتكە ئىشلىتىلىدۇ يەنى ئېھتىياجىڭلار ۋە ھاجەتلەر چوشۇپ كىرسەڭلار بولىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىن بەندىلىرىگە ناھايىتى گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى ئالىيجانابلىقنى ئۆگەتىدىغان ھەرقانداق ئەخلاقنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە چاقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەكچى بولغاندا رۇخسەت سوراپ كىرىشكە، رۇخسەت سورىغاندا مۇلايىم بولۇشقا ۋە ئۆي ئىگىلىرىگە سالام بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش دوستلۇق ۋە يېقىنلىق ئورنىتىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنداقلا، مۆمىن بەندىلەرنىڭ كۆزلىرى يامان ئىشقا قاراپ قېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى بىلىپ قالماسلىقى، ياكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۆي ئىگىلىرى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئىشقا چوشۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، رۇخسەت سوراش ۋە سالام بېرىش گۇمان ياكى يامان غەرەزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، زىيارەت قىلغۇچىنى ھۆرمەتكە، ئېھتىرامغا ۋە قەدىرلەشكە ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر زىيارەت قىلغۇچىغا رۇخسەت بېرىلمىسە، قايتىپ كېتىشى لازىم. ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇشتىن ياكى ئۆي ئىگىلىرىگە ئېغىرىنى سېلىشتىن ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۆي ئىگىسى زىيارەت قىلغۇچىنى قوبۇل قىلالمايدىغان بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۆيدە ئادەم بولمىسا، ئۇنىڭغا كىرىشكە ياكى بۇسۇپ كىرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۆيلەرنىڭ ئۆزىگە لايىق ھۆرمىتى بار. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى ھالال بولمايدۇ. ئۆي ئىگىلىرى ئۆيدە بار مال ـ مۈلۈك ياكى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدىغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا بىرىنىڭ كىرىشى بىلەن ئوتتۇردا بار بىرەر نەرسىنىڭ يوقاپ ياكى يوتۇپ كېتىش خەۋپى بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمگە تۆھمەت چاپلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمما ئادەم ئولتۇرمىغان ئۆيلەرگە، ياكى كىشىگە پايدىلىق نەرسە بار ئۆيلەرگە كەلسەك، ئۇنداق ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرىشنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسى يوق. ئەنە

شۇلار ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ۋە يۈكسەك تەلىم ـ تەربىيىلىرى بولۇپ، مۆمىنلەر ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن.

## ئايەتلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىقى

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەر بولسا، زىنانىڭ ھۆكمىنى، زىيىنىنى، خىيىم ـ خەتىرىنى، ئۇنىڭ ئىنتايىن قەبىھ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋە ھارام قىلىنغانلىقىنى، ئۇ جىنايەتنى ئىشلىگۈچىنىڭ قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. نامەھرەملەرگە قاراش، يات ئەر ـ ئايال يالغۇز قېلىش ۋە ئەۋرەتلىك يەرلەرنى كۆرۈپ قېلىش قاتارلىقلار زىنانىڭ سەۋەبچىسى بولغانلىقى ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىشىلەرنىڭ رۇخسەتسىز كىرىشى يۈقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى تۈپەيلى الله تائالا بۇ ئايەتلەردە، بەندىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھېكمەتلىك يولنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيلەرگە كىرگەندە جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا پاھىشىنى تارقىتىدىغان ئەنە شۇ يامان ئىشقا، ناھايىتى چوڭ خەتەرگە يولۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا رۇخسەت سوراپ كىرىش ھۆكمىنى بېكىتىپ بېرىدۇ.

ئىلگىرىكى باپتا بايان قىلىنغان ئايەتلەر بولسا مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا، ئەنە شۇ ئىپپەتلىك ۋە پاك ئايالغا چاپلانغان بوھتان ھەققىدىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى مۇناپىقلارنىڭ ۋە بوھتانچىلارنىڭ چاپلىغان بوھتانىدىن ئاقلايدۇ. بوھتانچىلارنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قارىلاشتا ئۇنىڭ سەفۋان بىلەن يالغۇز قېلىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھالەتتىن باشقا تايانغىدەك دەلىلى يوق ئىدى. شۇڭا رۇخسەتسىز كىرىش ياخشى ۋە پاك كىشىلەرنىڭ ئابرۇيلىرىغا داغ تەككۈزىدىغان ئىشقا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ شۇ خەتەرلىك يامان ئىشتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن الله تائالا بەندىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرىشتىن چەكلىگەن.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆيۈمدە مېنى مەيلى ئاتام بولسۇن، مەيلى بالام بولسۇن بىر ئادەمنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايدىغان بىر ھالەتتە بولىمەن. مۇشۇنداق چاغدا بىر ئادەم كېلىپ قېشىمغا كىرىدۇ. شۇنداق چاغدا مەن قانداق قىلىشىم لازىم؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە

(كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار...﴿ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ[1].

2 ـ ئىمام ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، مۇقاتىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار...﴾ دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەككە، مەدىنە، شام، بەيتۇلمۇقەددەس قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان قۇرەيش تىجارەتچىلىرىنىڭ يول ئۈستىدە مۇئەييەن ئۆيلىرى بولىدۇ. بۇ ئۆيلەردە ھېچكىم بولمىسا، ئۇلار قانداقمۇ رۇخسەت سوراپدۇ ۋە سالام بېرىدۇ؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا مۇنداق ئەھۋالغا رۇخسەت قىلىپ: ﴿شەخسىي تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان ـ سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ.»[2]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئايەتتە خىتابنى ئىمان لەۋزى بىلەن تىلغا ئېلىش الله تائالانىڭ دەرگاھىدا مۆمىننىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. مۆمىن تەكلىپ قىلىنىشقا ۋە خىتاب قىلىنىشقا لاياقەتلىكتۇر. كاپىر ھايۋانلارغا ئوخشىغان بولغاچقا ھۆرمەتلىنىشكە ۋە خىتاب قىلىنىشقا لاياقەتلىك ئەمەس. الله تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾[3]. مانا بۇ، الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنى ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ دەپ ئىندا قىلىشىدىكى سىردۇر.

2 ـ الله تائالانىڭ ئۆيلەرنى ﴿باشقىلارنىڭ ئۆيلىرى﴾ دەپ سۈپەتلىشى ئادەتنى كۆزدە تۇتقانلىقتۇر، ئەسلىدە بىر ئادەم ئۆزىنىڭ زېمىنلىق ئىگە بولغان ئۆيىدە ئولتۇرىدۇ. ئەمما بۇ ئايەت بولسا ئاممىباپلىققا ئىگە بولۇپ، ئادەم ئولتۇرىۋاتقان ھەممە ئۆيلەرنى كۆرسىتىدۇ.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئىجازەت سورىمىغىچە﴾ دېگەن سۆزى ئىنتايىن ئىنچىكە مەنە بېرىدۇ. بۇ سۆزدىن پەقەت رۇخسەتلا كۆزدە تۇتۇلۇپ قالماستىن، زىيارەت قىلغۇچىنىڭ ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئۆي ئىگىلىرىنىڭ مەمنۇن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

---

[1] ئىمام فەريابى رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 11 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 133 ـ بەت.

[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 137 ـ بەت.

[3] سۈرە ئەئراف، 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەللامە ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر «ئىستىئناس» دېگەن سۆزنى پەقەت «ئىستىئزان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە ئىلىپ خاتا قىلغان. چۈنكى، بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە پەرق بولۇپ، بۇنى ئەسكەرتمەي قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. «ئىستىئناس» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئىستىئزاب» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىن ئاممىباب ۋە كەڭدۇر. ئازراقلا ئويلانساق، بۇ مانا مەن دەپلا چىقىدۇ. ئايەتتە، سىلەرنىڭ كىرىشىڭلار بىلەن ئۆي ئىگىلىرىنىڭ مەمنۇن بولىدىغانلىقىنى بىلمىگىچە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم تاپالمىساڭلار﴾ دېگەن سۆزى تېخىمۇ ئىنچىكە مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆيدە ئۆي ئىگىسى بولۇشى، بىراق زىيارەت قىلغۇچىغا جاۋاب بەرمەسلىكى ياكى كىرىشكە رۇخسەت قىلماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا رۇخسەت سورىغۇچىنىڭ ئۆيدە ئادەم تاپالمىغانلىقى ئەمەلىيلىشىدۇ. ئەگەر الله تائالا: «ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا» دېگەن بولسا ئىدى، بۇ نازۇك مەنىنى، بۇ ئىنچىكە سىرنى ئىپادىلىمىگەن بولاتتى.

قىسقىسى، بۇ ئايەت ھەر ئىككىلى ھالەتتە ئۆيگە كىرىشنى مەنئى قىلىدۇ. بىرىنچىسى يېپىق ئۆزرە ھالىتى بولۇپ، ﴿ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم تاپالمىساڭلار﴾ دېگەن ئايەت كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمىگەنلىككە ئىشارەت قىلىدۇ. ئىككىنچىسى ئاشكارا ئۆزرە ھالىتى بولۇپ، ﴿ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار﴾ دېگەن ئايەت كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمىگەنلىكنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿قايتىپ كېتىڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «مۇھاجىرلاردىن بىرى: مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە مۇشۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىزدەپمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدىم، يەنى مەن بىرەر قېرىندىشىمنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت سورىسام، ئۇ ماڭا: قايتىپ كەتكىن دېسە، مەن الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال ھالدا قايتىپ كەتسەم، دېگەن ئۈمىتتە بولغان بولساممۇ، بۇ نىيىتىمگە ئېرىشەلمىدىم.»[2]

6 ـ ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «زىيارەت قىلغۇچىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشى چەكلەندى. چۈنكى، ئۇ ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا دەرۋازىنى قوپاللىق بىلەن قېقىش، ئۆي ئىگىسىنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن توۋلاش قاتارلىق ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغان ھەممە ئىشتىن يىنىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ قىلىقلار تەربىيە كۆرمىگەن ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىدۇر.»[3]

www.munber.org

[1] ئۇستاز مەۋدۇدىنىڭ «سۈرە نۇرنىڭ تەپسىرى» ناملىق تەپسىرى، 166 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 281 ـ بەت.
[3] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 228 ـ بەت.

7 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن سۆزى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى بىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن باشقا يامان غەرەزلەرنى كۆزلەيدىغان گۇمانخور ۋە بۇزۇق نىيەتلىك ئادەملەر ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

سالام رۇخسەت سوراشتىن ئىلگىرى بېرىلەمدۇ ياكى كېيىن بېرىلەمدۇ؟

ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى رۇخسەت سوراشنىڭ سالام بېرىشتىن بۇرۇن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار: سالام رۇخسەت سوراشتىن بۇرۇن بېرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئىمام نەۋەۋىيمۇ مۇنداق دەيدۇ: توغرا ۋە ئىلغار قاراش شۇكى، «سۆزلەشتىن ئىلگىرى سالام بېرىش لازىم»[1] دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، رۇخسەت سوراشتىن ئىلگىرى سالام بېرىش لازىم.

### كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىكى چاغدا بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭدىن رۇخسەت سوراپ: كىرەيمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىزمەتچىسىگە: «سەن چىقىپ ئۇ ئادەمگە رۇخسەت سوراشنى ئۆگىتىپ قويغىنكى، ئۇ: ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟ دېسۇن!»[2] دېدى.

2 ـ ئۇلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ، ئۇ سالام بېرىشتىن ئىلگىرى رۇخسەت سورىغان ئادەم ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دېگەن: «ئۇ سالام بەرمىگىچە ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ.»[3]

3 ـ ئۇلار زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «ئاتام مېنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. مەن يېتىپ كېلىپ: كىرسەم بولامدۇ؟ دېدىم. ئۇ: كىرگىن، دېدى. مەن كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! كىرسەم بولامدۇ؟ دېمەستىن، ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم دېگىن. ئەگەر

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىمۇ «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام بۇخارى «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام دېيىلسە، ئاندىن كىرەيمۇ؟ دېگىن. ئەگەر ئۆيدىكىلەر: كىرگىن دېسە، ئاندىن كىرگىن، دېدى.»[1]

4 ـ ئۇلار يەنە مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ: ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆمەر كىرسۇنمۇ؟ دېگەن[2].

بەزى ئۆلىمالار بۇ مەسىلىنى تەپسىلى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كەلگۈچى ئۆي ئىگىلىرىدىن بىرەرسىنى كۆرسە، ئالدى بىلەن سالام قىلىدۇ. ئاندىن كىرىشكە رۇخسەت سورايدۇ. ئەگەر ئۇ ھېچكىمنى كۆرمىسە، سالام بېرىشتىن بۇرۇن رۇخسەت سورايدۇ.» بۇ قاراشنى ئىمام ماۋەردى تاللىغان. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى قاراش بولۇپ، ئىمام ئەلۇسى ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىدەك، دەلىللەرنى بىرلەشتۈرگەن.

رۇخسەت سوراشنىڭ «كىرەيمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش ئوچۇق لەۋزى بىلەن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش ياكى كېكىردەك قىرىشقا ئوخشاش رۇخسەت سوراشقا ئىشارەت قىلىدىغان ھەممە لەۋزى بىلەن سوراش دۇرۇس بولىدۇ.

ئىمام تەبەرانى ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە تائالانىڭ: ﴿ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە﴾ دېگەن سۆزىدىن خەۋەر بەرگىنىكى، بىز سالام بېرىشنى بىلدۇق، ئەمما ئىجازەت سوراش قانداق بولىدۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆيگە كەلگەن ئادەم تەسبىھ بىلەن، تەكبىر بىلەن، ھەمدى بىلەن سۆز ئاچىدۇ ياكى كېكىردەك قىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىدۇ» دېدى[3].

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىشىكنى قېقىش ياكى قۇڭغۇراقنى چېلىش شەرئىيتكە ئۇيغۇن رۇخسەت سوراشنىڭ بىر تۈرىدۇر. چۈنكى، ساھابىلارنىڭ زامانىدا ئۆيلەر ھازىرقى دەۋرىمىزدىكىدەك توساقلار ۋە دەرۋازىلار بىلەن قورشالغان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھازىر ئۆيگە كەلگۈچىنىڭ رۇخسەت سورىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى ئۈچۈن قوڭغۇراقنى چېلىشى يېتەرلىكتۇر.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### رۇخسەت قانچە قېتىم سورىلىدۇ؟

بۇ ئايەت رۇخسەت سوراشنىڭ قېتىم سانىنى ئوچۇق كۆرسەتمىگەن. ئۇنىڭ زاھىرى مەنىسى بىر قېتىم رۇخسەت سورالغاندا جاۋاب بېرىلسە، كىرىشكە بولىدىغانلىقنى، جاۋاب

---

① ئەبۇ شەيبە رىۋايەت قىلغان.

② ئىبنى ئابدۇل بەر بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان.

③ ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بېرىلمىسە، كىرىشكە بولمايدىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئۈچ قېتىم رۇخسەت سوراشنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رۇخسەت سوراش ئۈچ قېتىمدۇر. بىرىنچى قېتىمدا ئۆي ئىگىلىرى قۇلاق سالىدۇ، ئىككىنچى قېتىمدا ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرىدۇ، ئۈچىنچى قېتىمدا رۇخسەت قىلىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ.»[1]

ئۈچ قېتىم رۇخسەت سوراشنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدىن بىرى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەلىكىدۇر. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتىنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەنسارىلارنىڭ سورۇنلىرىدىن بىرىدە ئولتۇراتتىم. ئەبۇ مۇسا قورقۇمسىرىغان ھالەتتە يېتىپ كەلدى. بىز ئۇنىڭغا: سېنى نېمە قورقىتىۋەتتى؟ دېدۇق. ئۇ: ئۆمەر مېنى ئۆيىگە كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كىرىشكە ئۈچ قېتىم رۇخسەت سورىدىم. ماڭا رۇخسەت بېرىلمىدى. مەن قايتىپ كەتتىم. كېيىن ئۇ ماڭا: نېمىشقا ئۆيۈمگە كەلمىدىڭ؟ دېدى. مەن ئۇنىڭغا: مەن كېلىپ ئۈچ قېتىم رۇخسەت سورىدىم. بىراق ماڭا رۇخسەت بېرىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆيىگە كىرىشكە ئۈچ قېتىم رۇخسەت سورىغاندا، رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كەتسۇن!» دېگەن دېدىم. ئۇ ماڭا: بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىكى ئۈچۈن گۇۋاھچى كەلتۈرسەن، بولمىسا سېنى جازالايمەن، دېدى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇپ كەتتىم، دېدى. ئاندىن ئۇبەي ئىبنى كەئب: ساڭا بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئەڭ كىچىكىمۇ گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، دېدى.»

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدىم. مەن ئەبۇ مۇسا بىلەن بىللە بېرىپ ئۆمەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققەتەن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم.»[2]

بەزى رىۋايەتلەردە رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن ساڭا تۆھمەت قىلماقچى ئەمەس، بىراق كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغان سۆزلەرنى توقۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ ھەدىسنى ئىسپاتلىماقچى بولغان ئىدىم» دېگەن.

كۈچلۈك قاراش شۇكى، تولۇق ئۈچ قېتىم رۇخسەت سوراش رۇخسەت سورىغۇچىنىڭ ھەققىدۇر. ئەمما ۋاجىپ بولغىنى بىر قېتىم سوراشتۇر.

ئەبۇ ھەييان رۇخسەت سورىغاندا ئۈچ قېتىمدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكنى، پەقەت ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاڭلىمىغانلىقى ئايدىڭلاشقاندىلا ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق رۇخسەت سوراشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 197 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

رۇخسەت سوراشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدىكى ھېكمەت نېمە؟

بۇ ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، الله تائالا ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەخسىي تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان - سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾. مانا بۇ ئايەت شەخسىي تۇرالغۇ بولغان ئۆيلەرگە رۇخسەت ئالماي كىرىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىدىكى ھېكمەتنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۆيگە رۇخسەت ئالماي بۆسۈپ كىرگەن ئادەمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قېلىشى، قاراش دۇرۇس بولمىغان نەرسىلەرگە قاراپ سېلىشى، ئەر - خوتۇن بىر تۆشەك ئۈستىدە چاغدا كىرىپ قېلىپ، ئۇلارغا قاراپ سېلىشى قاتارلىقلاردىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي ئەدەب - ئەخلاققا زىت ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

مەھرەملىرىنىڭ قېشىغا كىرگەندىمۇ رۇخسەت سورامدۇ؟

ئىنسان مەھرەملىرىنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇنىڭ رۇخسەت سوراپ كىرىشى گۈزەل ئەدەب - ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئانامنىڭ قېشىغىمۇ رۇخسەت سوراپ كىرەمدىمەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇ: ئانامنىڭ مەندىن باشقا خىزمەتچىسى يوق، شۇنداق بولسىمۇ مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە رۇخسەت سورامدىمەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئاناڭنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى كۆرۈشنى خالامسەن؟» دېدى. ئۇ: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا ئۇنىڭدىن رۇخسەت سوراپ كىرگىن» دېدى[1].

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىشىڭ كېرەككى، مەھرەملەرنىڭ قېشىغا كىرگەندە رۇخسەت سورىماسلىق گەرچە دۇرۇس بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يېنىكرەك گۇناھتۇر. چۈنكى، مەھرەمنىڭ چېچىغا، مەيدىسىگە، پاچىقىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەزالىرىغا قاراش دۇرۇستۇر. ئەگەر يات ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ چەكلىنىشى ئۇلارنىڭ ئەزالىرى ئوچۇق تۇرۇپ قالغان بولۇش ئېھتىمالى ئۈچۈن بولغان بولسا، مەھرەمنىڭ قېشىغا رۇخسەتسىز كىرىشمۇ ئەلۋەتتە چەكلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا خوتۇندىن ۋە خاس خىزمەتچىدىن باشقا ھەممە ئادەم مۇشۇ چەكلىمىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەگەر رۇخسەتسىز كىرىشنىڭ چەكلىنىشى ئۆي ئىگىسىنىڭ باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدىغان بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇش ئېھتىمالى ئۈچۈن بولغان بولسا، بۇ

[1] ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد، 112 - بەت.

ۋاقىتتا ھەممە ئادەمنىڭ رۇخسەتسىز كىرىشىنىڭ چەكلىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا مەھرەمنىڭ قىشىغا پەقەت رۇخسەت بىلەنلا كىرىش لازىم.»[1]

### بەشىنچى ھۆكۈم

ئۆيگە كىرگۈچىگە رۇخسەت سوراش ۋە سالام بېرىش ۋاجىپمۇ؟

مەزكۇر ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى ئۆيگە كىرىشتىن ئىلگىرى چوقۇم رۇخسەت سوراش بىلەن بىرگە سالام بېرىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇشۇنداق قارايدۇ. لېكىن رۇخسەت سوراش بىلەن سالام بېرىش ئىككىسى بىر دەرىجىدە ئەمەس. رۇخسەت سوراش ۋاجىپتۇر، سالام بېرىش مۇستەھەبتۇر. چۈنكى، رۇخسەت سوراش كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆزنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «رۇخسەت سوراش پەقەت كۆزنىڭ سەۋەبىدىن بەلگىلەنگەن.»[2] مانا بۇ ئۇنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سالام بېرىش بولسا مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئورنىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى ئەمەل قىلساڭلار ئۆزئارا ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار.» مانا بۇ ئۇنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىم بىرقانچە ئورۇندا سالام بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) اللہ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)﴾[3].

### ئالتىنچى ھۆكۈم

زىيارەت قىلغۇچى دەرۋازا ئالدىدا قانداق تۇرۇشى كېرەك؟

رۇخسەت سوراشتا شەرىئەت كۆرسەتكەن ئەدەب ـ ئەخلاقلار شۇكى، زىيارەت قىلغۇچى ئالدىنى دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ تۇرماستىن، ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇرۇشى كېرەك. سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلسە، ئالدىنى دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلماستىن، ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇرۇپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەيتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى پەردىلەر بىلەن توسۇپ قويۇلمايتتى[4].

سەئد ئىبنى ئۇبادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كەلسەم، ئۇ ئۆيىدە بار ئىكەن. مەن دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 199 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە نۇر، 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام بۇخارى «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ داۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

كىرىشكە رۇخسەت سورىدىم. ئۇ ماڭا يىراق تۇرغىن دېگەن ئىشارەتنى قىلدى ۋە: «پەقەت كۆزنىڭ سەۋەبىدىنلا رۇخسەت سوراش بەلگىلەنگەن» دېدى.

ھارىزقى دەۋرىمىزدە مۇسۇلمانلار بۇ ئەخلاقنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم. گەرچە ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرى يېپىق بولغان بولسىمۇ، دەرۋازىنى چەككۈچى ئۇنىڭغا ئۇدۇل تۇرسا، دەرۋازا ئېچىلغاندا زىيارەت قىلغۇچىنىڭ كۆزى قاراشقا بولمايدىغان يەرگە ياكى ئۆي ئىگىسى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايدىغان نەرسىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

## يەتتىنچى ھۆكۈم

### ئاياللارنىڭ ۋە قارىغۇ كىشىلەرنىڭ رۇخسەت سورىشى ۋاجىپمۇ؟

ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، مەيلى كۆزى كۆرىدىغان ئادەم بولسۇن ياكى قارىغۇ بولسۇن، ئىشىك چەككۈچىنىڭ ھەممىسىگە رۇخسەت سوراشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشتا.

ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: ئاڭلاش بىلەنمۇ ئەۋرەتلەرنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قارىغۇنىڭ ئۆيگە رۇخسەتسىز كىرىشى ئۆي ئىگىلىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. ئۆيگە كىرگۈچى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىۋاتقان گەپنى ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «رۇخسەت سوراش پەقەت كۆزنىڭ سەۋەبىدىن بەلگىلەنگەن» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا كۆپىنچە يۈز بېرىدىغان ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ كۆز دائىرىسىگىلا خاس ئەمەس.

ئىمام زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «رۇخسەت سوراش پەقەت بىراۋنىڭ ئەۋرەتنى كۆرۈپ قالماسلىقى ۋە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قاراشقا بولمايدىغان نەرسىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا بەلگىلەنمەستىن، ئادەتتە كىشىلەر باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان ۋە بىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن مەخپىي تۇتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈنمۇ بەلگىلەنگەن.»[1]

رۇخسەت سوراشنىڭ بەلگىلىنىشىدىكى ھېكمەت ئەرلەردىمۇ، ئاياللاردىمۇ ئەمەلىيلىشىدۇ. شۇڭا ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ دېگەن سۆز ”ئى ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر“ دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ بىردەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

ئاياللارنىڭ خۇددى ئەرلەر رۇخسەت سورىغاندەك رۇخسەت سورىشىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدىن بىرى شۇكى، ئۇممۇ ئىياس دېگەن ئايالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رۇخسەت سورىغان تۆت ئايال بىلەن بىللە ئىدىم. مەن: كىرسەك بولامدۇ؟ دېدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ياق، دېدى. ئارىمىزدىن بىر ئايال: ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم! كىرسەك بولامدۇ؟ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد.

www.munber.org

كىرىڭلار، دېدى، ئاندىن: ﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار...﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.»

مانا بۇ خوتۇن كىشىنىڭمۇ خۇددى ئەر كىشىدەك رۇخسەت سورايدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

## سەككىزىنچى ھۆكۈم

رۇخسەتسىز كىرىشكە بولىدىغان ئەھۋاللار قايسىلار؟

ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى ئۆيلەرگە ھەممە ۋاقىت ۋە ھەممە ئەھۋاللاردا رۇخسەتسىز كىرىشنى مەنئى قىلىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن زۆرۈرىيەتنى تەلەپ قىلىدىغان بەزى ئەھۋاللار مۇستەسنا بولۇپ، مەجبۇرى بولغان شارائىت ئاستىدا رۇخسەتسىز كىرىشكە دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆيدە ئوت كەتكەن ياكى ئوغرى كىرىۋالغان ۋە ياكى قەبىھ يامان ئىش يۈز بەرگەنگە ئوخشاش بىرەر چاتاق چىقسا، بۇنى بىلگەن كىشى ئۆيگە ئۆي ئىگىلىرىنىڭ رۇخستىسىز كىرىدۇ. ئىمام فەخرۇددىن رازىمۇ تەپسىرىدە بۇ مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن[①].

## توققۇزىنچى ھۆكۈم

كىچىك بالىغا رۇخسەت سوراش ۋاجىپمۇ؟

رۇخسەت سوراش ھۆكۈملىرى بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئەرلەرگە ۋە ئاياللارغا خاستۇر. ئۈسمۈر باللارغا كەلسەك، ئۇلار شەرئەت تەكلىپلىرىدىن جاۋابكار ئەمەس. بۇ يەردە ئۇلاردىن قورققىدەك ئىشمۇ يوق. چۈنكى، ئۇلار ئەۋرەتكە دائىر ئىشلارنى بىلمەيدۇ، جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار ئىشلارنىمۇ ئۇقمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ رۇخسەتسىز كىرىشى دۇرۇستۇر. پەقەت ئۇلار بالاغەت يېشىغا يەتسە، ئاندىن رۇخسەتسىز كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن﴾[②].

بۇ يەردە ئۈچ ۋاقىت بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلاردا كىچىك باللارنىڭمۇ رۇخسەت سوراپ كىرىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇ، بامدات ۋاقتى، چۈش ۋاقتى ۋە خۇپتەن ۋاقتىدىن ئىبارەتتۇر. اللّٰه خالىسا ئۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىمىز.

## ئونىنچى ھۆكۈم

[①] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 200 ـ بەت.
[②] سۈرە نۇر، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز قارىسا، ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

فىقھشۇناسلار قاراشقا ئالاقىدار ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىدە يەنى ئەگەر ئۆي ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە بىر ئادەمنىڭ ئىشىك يۈچۇقىدىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە بىر نەرسە تىقىۋەتسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى قۇيۇلۇپ كەتسە، قىساس ۋاجىپ بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

1 ـ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇلۇپ كەتسە، ئۆزىگە ھېساب بولىدۇ، قىساس كەلمەيدۇ.

2 ـ ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۇ جىنايەت بولۇپ، دىيەت ياكى قىساس كېلىدۇ.

### شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئەبۇ ھۈرەيرەدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قارىسا، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسە، ئۇنىڭ كۆزى بىكارغا قۇيۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.»[①]

2 ـ سەھل ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇجرىلىرىدىن بىرىگە قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بېشىنى تاتىلايدىغان بىر تۆمۈر بار ئىدى. ئۇ: «ئەگەر سېنىڭ قاراۋاتقانلىقىڭنى بىلسەم ئىدى، بۇ تۆمۈرنى كۆزۈڭگە تىقىۋەتكەن بولاتتىم. رۇخسەت سوراش پەقەت كۆزنىڭ سەۋەبىدىن بەلگىلەنگەن» دېدى.[②]

### مالىكى ۋە ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)...﴾[③] دېگەن سۆزى ئاممىباب ھۆكۈمگە ئىگىدۇر. دېمەك، كىمكى بۇ ئىشنى مۇشۇ شەكىلدە قىلسا، جىنايەت قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشنى قەستەن قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قىساس كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ سەۋەنلىك بىلەن قىلغان بولسا، دىيەت كېلىدۇ.

2 ـ ئۇلار يەنە ئۇلىمالارنىڭ: كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز كىرسە، ئاندىن ئۆي ئىگىلىرى ئۇنىڭغا چېقىلىپ كۆزىنى قويۇۋەتسە، بۇنىڭ ئۆزى جىنايەت

---

① ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
② ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
③ سۈرە مائىدە، 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھېسابلىنىدۇ ۋە قىساس ئېلىش ۋاجىپ بولىدۇ، دەپ بىرلىككە كەلگەن قارارىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئۇستىگە بۆسۈپ كىرىش ۋە ئۆيدىكى نەرسىلەرگە قاراش كىرگۈچىنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىشقا يول قويمىغان ئىكەن، يالغۇز ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراش قارىغۇچىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىشقا ئەلۋەتتە يول قويمايدۇ.»

3 - ئۇلار شافئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىل قىلغان ھەدىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ماراپ، ئۇلارنىڭ چەكلەنگەن نەرسىلىرىگە ۋە ئاياللىرىغا قارىسا، ئاندىن مۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلىنسا. بىراق ئۇ بۇ قىلىقىدىن يانماي قارشى چىقىپ ئۇرۇشسا، قارشىلىشىش ۋە مۇداپىئەلىنىش سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ كۆزى قۇيۇلۇپ كەتسە، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىگە ھېساب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ ھالەتتە تاجاۋۇزچى زالىم ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇ بەكرى رازى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «فىقھشۇناسلار بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىسى ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ بۇ ھەدىسى ئۇنىڭ: «زىنادىن توغۇلغان بالا جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن ۋە: «مېيىتنى يۇغان ئادەم يۇيۇنسۇن! ئۇنى كۆتۈرگەن ئادەم تاھارەت ئالسۇن!» دېگەن ھەدىسلىرىگە ئوخشاش ئەسلى قائىدىگە خىلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن رەت قىلىنىدىغان ھەدىسلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرسە، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسە، ئۇ ئۇنىڭ كۆزىگە زامىن بولغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىساس كېلىدۇ...»①

شافئىي مەزھىبىنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن بىرى ۋە «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ مەسىلىدە الله تائالانىڭ: ﴿كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)﴾ دېگەن سۆزىنى تۇتقا قىلىش ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ: رۇخسەتسىز ئۆيگە كىرگەن ئادەمنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىش دۇرۇس بولمىغىنىدەك، قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ، دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى، ئۆيگە بىرى كىرسە، ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى دەرھال چەتكە ئېلىپ پەردىلىنىدۇ. بىراق بىرى ئۆيدىكىلەرگە قارىسا، ئۇلار بۇنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاراشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرىۋالىدۇ. مانا بۇ بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى قەتئىي ئېتىش ئۈچۈن شەرىئەت ھۆكمىنىڭ بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ مەنئى قىلغانلىقى ئەقىلدىن يىراق ئەمەس.»②

① ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 385 - بەت.
② ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 - جىلد، 199 - بەت.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارىشى كۈچلۈكرەك بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

## ئايەتلەر كۆرسەتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە رۇخسەت سوراپ كىرىش ۋاجىپتۇر.

2 ـ ئۆيدە ئادەم بولمىسا كىرىشكە بولمايدۇ.

3 ـ كەلگۈچىگە رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىشى لازىم.

4 ـ زىيارەت قىلغۇچىنىڭ سالام بېرىشى بەلگىلەنگەن. چۈنكى، ئۇ ئىسلام شۇئارلىرىدىن بىرىدۇر.

5 ـ ھېچ بىر ئىنساننىڭ كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قارىشى دۇرۇس ئەمەس.

6 ـ ئادەم ئولتۇرمىغان ئۆيلەرگە كىرىشنىڭ ھېچ گۇناھى يوق.

7 ـ مۇسۇلمانغا مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مەنئى قىلغان نەرسىلىرىگە رىئايە قىلىش ۋاجىپتۇر. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ جىنىغا ياكى مېلىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

8 ـ جەمئىيەتنى ۋە كىشىلەرنى پاك تۇتۇش ئۈچۈن الله تائالا بۇ ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى بەلگىلىگەن.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب (الله ئۇنى ئۇز رەھمىتى ئىچىگە ئالسۇن!) «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئۆيلەرنى ئىنسانلار جايلىشىدىغان، جانلىرىنى ئارام ئالدۇرىدىغان، كۆڭۈللىرىنى راھەتلىتىدىغان، ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى مەنئى قىلىدىغان نەرسىلىرىنى جايلارتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان، نېرۋىنى چارچىتىدىغان ھارغىنلىق يۈكىنى ئېلىپ تاشلايدىغان ماكان قىلىپ بەردى. ئۆيلەر پەقەت ئۆي ئىگىلىرىگە بىلدۈرمەي ۋە ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە بولمايدىغان، كىرگەندىمۇ ئۆي ئىگىلىرى خالىغان ۋاقىتتا ۋە ئۇلار كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر پەيىتتە كىرىدىغان، خاتىرجەم جاي بولغاندىلا ئاندىن ئەنە شۇنداق ئىمكانىيەت ھازىرلىنىدۇ. ئۆيگە كىرگۈچىلەر ئۆيىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي رۇخسەتسىز كىرگەندە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەۋرەتلەرگە چۈشىدۇ. ئۇلار شەھۋەتنى قوزغايدىغان، تۇساتتىن ئۇچرىشىش بىلەن،

www.munber.org

شۇنداقلا بىر قاراش بىلەن كېلىپ چىقىدىغان ئازغۇنلۇققا پۇرسەت ھازىرلاپ بېرىدىغان پىتنە ـ پاساتلارغا يولىقىدۇ. نەتىجىدە بۇ قاراش تەكرارلىنىپ، مەقسەتسىز ۋە كۈتۈلمەستىن مەيدانغا كەلگەن بىرىنچى ئۇچرىشىش ئويغىتىپ قويغان ھېسسىيات ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەقسەتلىك قاراشقا ئايلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى گۇناھ بولىدىغان ئالاقىگە ياكى ھارام قىلىنغان شەھۋانىيەتكە ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەپسانىي ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق كېلىپ چىقىدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر ئۆيلەرگە بۆسۈپ كىرەتتى. زىيارەت قىلغۇچى ئۆيگە بۇ شەكىلدە كىرگەندە ئۇنىڭ كۆزى ئۆي ئىگىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە تۇرغان، ھېچكىمنىڭ ئۇلارنى كۆرۈشكە بولمايدىغان ھالىتىگە چۈشەتتى. مەسىلەن ئۆيگە كىرگۈچى ئەرنىڭ ياكى ئايالىنىڭ ئەۋرىتى ئوچۇق تۇرغان ۋە ياكى ئايالىنىڭ يالىڭاچ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ قالاتتى. مانا بۇ ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزەتتى، ئۇلارنى بىئارام قىلاتتى، ئۆيلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە تىنچلىقىنى بۇزاتتى. شۇنداقلا كۆز شەھۋەتنى قوزغايدىغان نەرسىگە چۈشۈپ قالغان چاغدا كىشىنى ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارغا گىرىپتار قىلاتتى.

ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى الله تائالا مۇسۇلمانلارنى «رۇخسەت سوراش ئەخلاقى» دىن ئىبارەت بۇ ئالىي ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆي ئىگىلىرىدىن رۇخسەت سوراپ ۋە ئۇلارغا سالام بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ۋە ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قىلىدۇ. الله تائالا «ئىستىئزان» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئىستىئناس» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ سۆز رۇخسەتنى مۇلايىملىق بىلەن سوراش، ئىشىك چەككۈچىنىڭ ئىشىكنى مۇلايىملىق بىلەن چېكىپ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ دىللىرىدا خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى ۋە مېھماننى قىزغىن قارشى ئېلىش ئېھتىنى پەيدا قىلىدىغان بىر شەكىلدە كېلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆيدىكى ۋەزىيەتلىرىنى قەدىرلەيدىغان ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك مەسىلىدۇر.»①

① سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 88 ـ بەت.

# هجاب ۋە قاراش ھەققىدىكى ئايەتلەر

﴿ قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا۟ مِنْ أَبْصَـٰرِهِمْ وَيَحْفَظُوا۟ فُرُوجَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ لَهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ
بِمَا يَصْنَعُونَ ﴿٣٠﴾ وَقُل لِّلْمُؤْمِنَـٰتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَـٰرِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ
زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا ۖ وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّ ۖ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا
لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ ءَابَآئِهِنَّ أَوْ ءَابَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَآئِهِنَّ أَوْ أَبْنَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَٰنِهِنَّ
أَوْ بَنِىٓ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ أَخَوَٰتِهِنَّ أَوْ نِسَآئِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَـٰنُهُنَّ أَوِ ٱلتَّـٰبِعِينَ غَيْرِ أُو۟لِى
ٱلْإِرْبَةِ مِنَ ٱلرِّجَالِ أَوِ ٱلطِّفْلِ ٱلَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا۟ عَلَىٰ عَوْرَٰتِ ٱلنِّسَآءِ ۖ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ
لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنَّ ۚ وَتُوبُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٣١﴾ ﴾

﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ﷲ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۈياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ﷲ قا تەۋبە قىلىڭلار﴾.

ــ سۈرە نۇر 30 ـ، 31 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يَغُضُّوا: (تىكىلىپ قارىمىسۇن)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «غەززە» بولۇپ، كۆزنى پەس قىلماق، تۆۋەن قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى كۆزنى كۆرۈشتىن توسۇش ئۈچۈن كىرپىكنى كىرپىككە ھىملىماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، كۆزنى يەرگە قارىتىش ياكى باشقا تەرەپكە بۇراش ۋە تىكىلىپ قارىماسلىق بىلەن، ئۇنى قاراشقا ھالال بولمايدىغان نەرسىدىن توسۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەنتەرە مۇنداق دەيدۇ:

يۈممەن كۆزۈمنى ئەگەر خوشنام چىقىپ كەلسە،
ئاچمايمەن تاكى ئۇ ئۆز ئورنىغا غايىب بولغىچە.

وَيَحْفَظُواْ فُرُوجَهُمْ: (ئەۋرەتلىرىنى ساقلىسۇن)، بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنى: ئەۋرەتلىرىنى كۆزدىن يىپىش يەنى ئۇنىڭغا قاراشتىن ساقلىنىش لازىم دەپ تەپسىر قىلغان. قالغان تەپسىرشۇناسلار: ئەۋرەتلىرىنى زىنادىن ساقلاش لازىم دەپ تەپسىر قىلغان.

توغرىسى ئىمام قۇرتۇبىنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇ بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ھەر ئىككىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇ سۆز ئاممىباب مەنىگە ئىگە. شۇڭا ئەۋرەتنى كۆزدىن يىپىش ۋە ئۇنى زىنادىن ساقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)﴾[1].

بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئەۋرىتىڭنى خوتۇنۇڭدىن ۋە دېدىكىڭدىن باشقىلاردىن ساقلىغىن» دەيدۇ. خىتاب قىلىنغۇچى: ئەر كىشى ئەر كىشى بىلەن بىللە تۇرغان يەردىچۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئەگەر ئەۋرىتىڭنى كۆرسەتمەسلىككە قادىر بولالىساڭ، كۆرسەتمىگىن» دەيدۇ. ئۇ: ئەر كىشى خالىي قالغاندىچۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «اللّٰه ھايا قىلىنىشقا ئەڭ ھەقلىق زاتتۇر» دەيدۇ[2].

أَزْكَىٰ لَهُمْ: (ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر)، بۇ سۆز، مۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ پاك، دىنىنىڭ ساپ بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەزكا دېگەن سۆز دىلنى پاكلاش ۋە پاكىزلاش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اللّٰه

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 5 ــ 6 ـ ئايەتلەر.
[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 224 ـ بەت.

www.munber.org

تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ﴾[1].

بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «نامەھرەملەرگە قاراش ئىبلىسنىڭ زەھەرلەنگەن ئوقلىرىدىن بىرىدۇر. كىمكى مەندىن قورقۇپ ئۇنى تەرك ئەتسە، مەن ئۇنىڭ بەدىلىگە دىلىدا تەمىنى تېتىيالايدىغان ئىمان ئاتا قىلىمەن.»[2]

خَبِيرٌ بِمَا يَصۡنَعُونَ: (ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر)، خەۋەر نەرسىلەرنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىنى تاپىدىغان، ئۇنىڭ ئىچكى قىسىملىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان كۈچلۈك ئىلىمدىن ئىبارەتتۇر. الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. بۇ ئايەت الله نىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققان ياكى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ ھارام ئىشلارنى قىلغان كىشى ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

زِينَتَهُنَ: (زىننەتلىرىنى)، ئادەتتە خوتۇن كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە ئالتۇن ـ جابدۇقلار بىلەن، شۇنداقلا بىزنىڭ زامانىمىزدا «ھۆسنى تۈزەش» سۆزى ئىشلىتىلىۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ياسىنىشى «زىينە» يەنى ياسىنىش دېيىلىدۇ.

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «گۈزەللىك بولسا يارىتىلىش ۋە ياسىنىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بولىدۇ. يارىتىلىشنى ئالساق، خوتۇن كىشىنىڭ يۈزى ئەسلىدىنلا چىرايلىق ۋە گۈزەل يارىتىلغان بولۇپ، شەھۋانىي مەنىدىن ئالغاندا ئۇنىڭدا مەنپەئەتلەر بار. ياسىنىش گۈزەللىككە كەلسەك، ئۇ خوتۇن كىشىنىڭ يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىش، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، سۈرمە تارتىش، خېنە قويۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۆزىنى چىرايلىق كۆرستىشكە ئورۇنۇشىدىن ئىبارەتتۇر. الله تائالانىڭ: ﴿كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار﴾[3] دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىدە كەلگەن.»[4]

إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنۡهَا: (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا)، بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ ﴿تاشقى زىننەتلىرى﴾ دېگەن بۇ سۆزى كىيىم كىيىش، خېنە قويۇش، سۈرمە تارتىش، ئۈزۈك سېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش يوشۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغان، ئاشكارىلاشقا ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى كۆرستىدۇ.» يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ، مەقسەتلىك ۋە قەستەنلىك بولماستىن ئېچىلىپ قالغان نەرسىلەرنى كۆرستىدۇ.» يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ، يۈز بىلەن ئىككى ئالقاننى كۆرستىدۇ.» مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بايان قىلغاندا بۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

---

[1] سۈرە فاتىر، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە ئەئراف، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 229 ـ بەت.

بِخُمُرِهِنَّ: (لىچەكلىرى بىلەن)، ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «”خۇمۇر“ دېگەن سۆز «خىمار» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، باشنى ياپىدىغان نەرسە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەر ئۇنى چۈمپەردە، دەيدۇ.»

جُيُوبِهِنَّ: (كۆكرەكلىرىنى)، «جويۇۋب» دېگەن سۆز «جەيب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، مەيدىلىرى ۋە كۆكرەكلىرى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئاياللارنىڭ لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى يېپىشى بولسا باشلىرىنى، بويۇنلىرىنى ۋە كۆكرەكلىرىنى يەنى زىننەت بويۇملىرى بار ھەممە يەرلىرىنى يېپىشىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئاياللارنى زىننەت بويۇملىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن لېچەكلىرى بىلەن مەيدىلىرىنى ۋە كۆكرەكلىرىنى يېپىشقا بۇيرۇغان.

بُعُولَتِهِنَّ: (ئەرلىرى)، ئىبنى ئاbbas مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار ئەرلىرىدىن باشقا ئادەملەر ئۈچۈن پۈركەنجىلىرىنى ۋە لېچەكلىرىنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ.» «بۇئۇۋلە» دېگەن سۆز «بەئل» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئېرى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا﴾[1].

مَا مَلَكَتْ: (قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن)، بۇ سۆز دېدەكلەر ۋە چۆرىلەر دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بەزىلەر: «ئۇ سۆز قۇللارنى ۋە دېدەكلەرنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەر ﴿أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ﴾ دېگەن ئايەتنى ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، ئۇ پەقەت چۆرىلەرنى كۆرسىتىدۇ، قۇللارنى كۆرسەتمەيدۇ.» بۇ قاراش توغرىدۇر.

ٱلۡإِرۡبَةِ: (ئېھتىياجى)، بۇ سۆز ئېھتىياج دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭدا مېنىڭ يەنە باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار﴾[2].

الله تائالانىڭ: ﴿خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر﴾ دېگەن سۆزى بولسا، دۆت ۋە دەلدۈش بولغانلىقتىن، شۇنداقلا جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار ئىشلاردىن ھېچ بىرىنى بىلمەيدىغانلىقتىن ئاياللارغا مەيلى يوق، شەھۋانىي ھەۋەس قىلمايدىغان ياكى ئۇلارغا ئېھتىياجى يوق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ٱلطِّفۡلِ: (بالىلار)، بۇ سۆز بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا ياكى كىچىك بالىلار دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك ۋە بىرلىك ئىشلىتىلىشى ئوخشاشتۇر.

لَمۡ يَظۡهَرُواْ: (ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان)، يەنى بۇ سۆز ئۇقمايدىغان، بىلمەيدىغان دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. شەھۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

[1] سۈرە ھۇد، 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇقمايدىغان، كىچىكلىكىدىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىلارنىڭ ئالدىدا ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاچسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئى مۇھەممەد! ساڭا ئەگەشكەن ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾ كۆزلىرىنى نامەھرەم ئاياللارغا قاراشتىن توسسۇن، قاراشقا رۇخسەت قىلىنغان يەرلەردىن باشقا يەرلەرگە قارىمىسۇن، ﴿ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن﴾ ۋە ئۇنى ياپسۇن، ھېچكىمگە كۆرسەتمىسۇن. ﴿مۇنداق قىلىش﴾ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى شەك ـ شۈبھىنىڭ كىرلىرىدىن پاكلايدۇ ۋە تازىلايدۇ، گۇناھ ئىشلارغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

نامەھرەم ئاياللارغا قاراش دىلغا شەھۋەت ئۇرۇقىنى سالىدۇ. شەھۋەتنىڭ ئارقىغا كىرىپ كېتىش كىشىنى ئۇزۇن يىللار قايغۇ ـ ھەسرەتكە قويىدۇ. ئەگەر مۆمىنلەرنىڭ كۆزلىرى نامەھرەم ئاياللارغا تاسادىپى چۈشۈپ قالسا، كۆزنى ئۇلاردىن دەرھال ئېلىپ قېچىش، كەچكىچە قاراپ تۇرۇۋەرمەسلىك، ياندۇرۇپ قارىماسلىق ۋە تىكىلىپ قارىماسلىق كېرەك. الله تائالا ھەقىقەتەن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممە قىلمىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. ﴿الله كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1].

ئاندىن الله تائالا بۇ بۇيرۇقنى ﴿مۆمىن ئاياللار﴾ ئۈچۈنمۇ تەكىتلەپ، ئۇلارنى نامەھرەم ئەرلەرگە قارىماسلىققا، ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن بىر تەكلىپنى ئارتۇق يۈكلەپ، زىننەتلىرىنى مەھرەملىرىدىن ۋە تۇغقانلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە ئېچىشتىن توستى. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ھەقىقەتەن ئەڭ ياخشى ۋە گۈزەل ئىشتۇر. بىراق يامان نىيەت قىلماستىن ۋە مەقسەتسىز ھالدا ئۇلارنىڭ زىننەتلىرى ئېچىلىپ قالسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش يەنى يېڭى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا كۆكرەكلىرى ئوچۇق، مەيدىلىرى ۋە بىلەكلىرى يالىڭاچ ھالدا ماڭاتتى. بەزىدە ئەرلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن بەدەنلىرىنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى ۋە چاچلىرىنىڭ ئالدى تەرىپىنى ئوچۇق قوياتتى. ئۇلار ئادەتتە لېچەكلىرىنى ئارقا تەرەپكە چۈشۈرۈۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆكرەكلىرى ئوچۇق ۋە يالىڭاچ قالاتتى. كېيىن مۆمىن ئاياللار لېچەكلىرىنى ئالدى تەرىپىگە چۈشۈرۈپ، كۆكرەكلىرىنى يېپىشقا، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن

[1] سۈرە فاتىر، 19 ـ ئايەت.

ساقلىنىشقا بۇيرۇلدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاۋازىنى ئەرلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىپ، دىلىدا كېسەل بارلارنىڭ تاما تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلار ﴿ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرماسلىققا﴾ بۇيرۇلدى.

ئاندىن الله تائالا ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنى ھەممە بىردەك بەختلىك كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشىشلىرى، الله نىڭ دەرگاھىدا بەختكە ئېرىشكۈچى ياخشى كىشىلەردىن بولۇشلىرى ئۈچۈن ﴿الله غا﴾ تەۋبە قىلىپ، الله تەرەپكە قايتىشقا بۇيرۇش بىلەن ئەنە شۇ بۇيرۇقلىرىنى ۋە چەكلىمىلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىمام ئىبنى مەردۇۋەيھى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر ئادەم مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدىن بىرىدە بىر ئايالغا قارىدى. ئايالمۇ ئۇنىڭغا قارىدى. شەيتان ھەر ئىككىلىسىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ھەر بىرىدە بىر ـ بىرىگە پەقەت ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈنلا قاراۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلدى. ئەر بىر تامنىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئايالغا قارىغىنىچە مېڭىپ تامغا ئۇسسۇالدى. نەتىجىدە بۇرنى يېرىلىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ قىلغان ئىشىمنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغىچە قاننى يۇمايمەن، دېدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ گۇناھىڭنىڭ جازاسىدۇر» دېدى. ئاندىن الله تائالا: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.①

2 ـ ئىمام ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە مۇرسىدىنىڭ قىزى ئەسمانىڭ بەنى ھارىسە قەبىلىسى ئىچىدە خورمىزارلىق بېغى بار ئىدى. بۇ باغقا كۆينەكلىرى قىسقا ئايالالار كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا تاقىغان زىننەت بۇيۇملىرى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆكرەكلىرى ۋە ماڭلاي چاچلىرى ئوچۇق قالغان ئىدى. ئەسما ئايالالارغا: نېمىدېگەن سەت قىلىق بۇ؟ دېدى. كېيىن الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿مۆمىن ئايالالارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى②.

① ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 40 ـ بەت.
② ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 283 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 104 ـ بەت.

www.munber.org

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 - ئـەۋرەتنى يېپىشـتىن ئىلگـىرى تىكىلـىپ قارىماسلىقنى بايان قىلىشتىكى سىر شۇكى، قاراش گۇناھقا، خەتـەرلىك ئىشـلارغا ۋە زىنـا قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان تۇنجى سەۋەبتۇر. قاراش سىنىقى ئەڭ ئېغىر ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان سىناق بولۇپ، كىشى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغىلى تاس قالىدۇ. ئۇ دىلغا ۋاستە بولىدىغان ئەڭ چوڭ دەرۋازا. ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان ئـەڭ ئـاۋات يـول بولـۇپ، ئۇنـىڭ كاساپـىتىدىن نۇرغۇنلىغـان كىشـىلەر ھـالاك بولىدۇ. شەۋقى مۇنداق دېگەن:

دەسلەپ قاراش، ئاندىن كۈلۈمسىرەش، ئاندىن سالام بېرىش،
ئاندىن گەپ قىلىش، ئاندىن ۋەدىلىشىش، ئاندىن ئۇچرىشىش.

ئەدىبلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن:

مۇھەببەت ئۇ ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ قاراشتىن كېلىدۇ،
قانچە كۆپ قارىساڭ، شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ سۆيگۈ.

2 - الله تائـالانىڭ: ﴿تىكىلـىپ قارىمىسۇن﴾ دېگەن سۆزى ھەممە نەرسىگە تىكىلىپ قارىماسلىقنى ئەمەس، پەقەت الله ھارام قىلغان نەرسىگە قارىماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

3 - الله تائـالانىڭ: ﴿مۇنـداق قىلىـش ئـۇلار ئۈچـۈن ئـەڭ ياخشـىدۇر﴾ دېگـەن سـۆزى ئاشۇرما مەنىسىدە ئەمەس، مۇبالىغە قىلىش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق ۋە ئـەۋرەتنى يېپىـش مـۆمىن ئۈچـۈن پەسكەشلىكنىڭ كىرلىرىدىن پاكلىنىدىغان ئامىلدۇر.

4 - الله تائالانىڭ: ﴿زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾ دېگەن سۆزى زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدىغان يەرلىرىنى ئاچمىسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئاشكارىلاش مەنئى قىلىنغان ئىكەن، ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ مەنئى قىلىنىشى تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىنى تىلغا ئالماستىن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۆزىنى تىلغا ئېلىش زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىنى يېپىش ۋە يېشىشتە ساقلاش بۇيرۇقىنى مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈندۇر. زىننەت بۇيۇملىرى شۇ جايلارغا چاپلىشىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاشكارىلاش مەنئى قىلىنغان بولۇپ، ئۇ جايلارنىڭ ئۆزىنى ئېچىش تېخىمۇ ئۆتە مەنئى قىلىنىدۇ ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك چەكلىنىدۇ.»[①]

5 - الله تائـالانىڭ: ﴿لېچـەكلىرى بىلـەن كـۆكرەكلىرىنى ياپسـۇن﴾ دېگـەن سـۆزى لېچەكلىرىنى باشلىرىدىن تا كۆكرەكلىرىگىچە چۈشۈرۈپ، مەيدىلىرى ۋە كۆكرەكلىرىدىن ھېچ يەرنى ئوچۇق قويمىسۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

[①] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 230 - بەت.

6 ـ الله تائالانىڭ: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مۆمىنىنىڭ الله نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئەسلىتىپ قويۇشقىلا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»

7 ـ بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «قاراش بىلەن ھۇزۇرلانغىلى بولغىنىدەك، ئاڭلاش بىلەنمۇ ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ.»

قۇلاق بەزىدە كۆزدىن بالدۇر ئاشىق بولۇپ قالىدۇ دېيىلىدىغان سۆز بار. خوتۇن كىشىنىڭ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشتىن مەنئى قىلىنىشىدىكى سىر دەل مانا مۇشۇدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇتلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالسا، ئەرلەرنىڭ شەھۋىتى قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ، زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ جايلىرىنى ئېچىشنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ قاتتىق مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەتتىر چېچىش، خۇشپۇراق ئىشلىتىش، تولغاپ مېڭىش ۋە نازاكەت بىلەن سۆزلەش قاتارلىقلارغا ئوخشاش شەھۋەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ياكى قوزغايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ﴾[1]. ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش مەنئى قىلىنغان يەردە، ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش تېخىمۇ مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك دەلىلدۇر.

8 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله قا تەۋبە قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ئىلتىپات ئۇسلۇبى بولۇپ، ئايەتنىڭ بېشىدا خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان ئىدى. ئاخىرىدە ئىلتىپات ئۇسلۇبى ئارقىلىق خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يۆتكىلىپ ھەممە مۆمىنلەرگە قارىتىلغان.

9 ـ ئىمام ئىبنى قەييۇم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «تىكىلىپ قارىماسلىقنىڭ مۇنداق بىرقانچە پايدىلىرى بار: بىرىنچى، الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش بولۇپ، ئۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن مەقسەت قىلىنغان غايىدۇر. ئىككىنچى، يامان كۆزنىڭ تېگىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، دىلغا كۈچ بېرىدۇ ۋە ئۇنى خۇشال قىلىدۇ. تۆتىنچى، دىلدا الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىنتىلىش ۋە الله نىڭ رازىلىقى ئۈستىگە جەم بولۇشنى مىراس قىلىدۇ. بەشىنچى، دىلنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئالتىنچى، ئەقىل ـ پاراسەتنى مىراس قىلىدۇ. يەتتىنچى، شەيتاننىڭ كىرىش ئېغىزلىرىنى توسىدۇ. سەككىزىنچى، كۆز بىلەن دىلنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئۆتۈشمە بار.»

[1] سۈرە ئەھزاب، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

### نامەھرەم ئاياللارغا قاراشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئىسلام شەرىئىتى نامەھرەم ئاياللارغا قاراشنى ھارام قىلدى. شۇڭا ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاياللىدىن ياكى مەھرەملىرى بولغان ئاياللاردىن باشقا ئايالغا قارىشى ھالال ئەمەس. تۇيۇقسىز قاراشقا كەلسەك، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ ۋە جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنساننىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى بىر ئىشتۇر. الله تائالا بىزنى تاقىتىمىز يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمىغان ۋە يولدا كېتىۋېتىپ كۆزىمىزنى تېڭىۋېلىشقىمۇ بۇيرۇمىغان. شۇڭا قەستەن قارىمىسا، جازاغا تارتىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەلى! بىر قارىغاندىن كېيىن ياندۇرۇپ قارىمىغىن، بىرىنچى قاراش سېنىڭ ھەققىڭدۇر، ئىككىنچىسى سېنىڭ ھەققىڭ ئەمەس.»[1] جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۇيۇقسىز قاراپ قېلىش ھەققىدە سورىدىم. ئۇ مېنى شۇنداق چاغدا كۆزۈمنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا بۇيرۇدى.»[2]

تۇيۇقسىز قاراپ قېلىش دەسلەپتە بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايالغا تۇيۇقسىز قاراپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل ھۇزۇر ۋە جەلىبكارلىقنى ھېس قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم قارىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش پىتنىگە سەۋەب بولىدۇ ۋە يامان ئىشقا يول ھازىرلاپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆز زىناسى دەپ چۈشەندۈرگەن.

سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئادەم ئوغلىغا زىنادىكى نېسىۋىسى پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ نېسىۋىسىنى چوقۇم تاپىدۇ. كۆز زىناسى قاراشتۇر، تىل زىناسى سۆزلەشتۇر، قۇلاق زىناسى ئاڭلاشتۇر، قول زىناسى تۇتۇشتۇر، پۇت زىناسى مېڭىشتۇر. كۆڭۈل زىنا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئىشتىياق باغلايدۇ. جىنسىي ئەزا ئۇنى يا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، يا رەت قىلىدۇ.»[3]

مۆمىنلەر نامەھرەملەرگە قاراشتىن كۆزلىرىنى تارتقانلىقى ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھارام ئىشتىن يانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خوتۇن

---

[1] ئىمام تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

كىشىنىڭ چىرايلىق يەرلىرىگە قاراپ قالغان مۇسۇلمان كۆزنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا ھالاۋىتىنى تېتىيالىغىدەك ئىبادەت نېسىپ قىلىدۇ.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامەھرەملەردىن كۆزنى تارتىشنى يولنىڭ ھەقلىرى قاتارىدا سانىغان. ئەبۇ سەئىد خۇدرىنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوللارنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ يول ئۇستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرماي چارىمىز يوق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر يول ئۇستىدە چوقۇم ئولتۇرۇشقا توغرا كەلسە، يولنىڭ ھەققىنى بېرىپ ئولتۇرۇڭلار» دېدى. ئۇلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! يولنىڭ ھەققى نېمە؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامەھرەملەردىن كۆزنى تارتىش، كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالامنى ئىلىك ئېلىش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» دېدى[2].

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ئەرگە نىسبەتەن ۋە ئايالغا نىسبەتەن ئەۋرەتنىڭ چەك ـ چېگرىسى نېمە؟

﴿ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن﴾ دېگەن ئايەت ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەۋرەتنى ساقلاش زىنادىن ساقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، كۆزدىن يېپىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. فىقھشۇناسلار ئەۋرەتنى ئېچىشنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ چەك ـ چېگرىسى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلاردا بولغان. اللە خالىسا بىز بۇنى ھەر بىر قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن اللە دىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز: بىرىنچى، ئەر بىلەن ئەرنىڭ ئەۋرىتى. ئىككىنچى، ئايال بىلەن ئايالنىڭ ئەۋرىتى. ئۈچىنچى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئەۋرىتى. تۆتىنچى، ئايال بىلەن ئەرنىڭ ئەۋرىتى.

ئەر بىلەن ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە كەلسەك، ئۇ كىندىكتىن تىزغىچىلىكتۇر. بىر ئەر ئۈچۈن يەنە بىر ئەرنىڭ كىندىكى بىلەن تىزى ئارىسىغا قارىشى دۇرۇس ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىرىگە قاراش دۇرۇس بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە، ئايال ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن!»[3]

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار ئەرنىڭ ئەۋرىتى كىندىكتىن تىزغىچە دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن. ئىمام مالىك: «يوتا ئەۋرەت ئەمەس» دەيدۇ.

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىنى مۇنۇ ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ. سۇيا ئېگىلىرىدىن بىرى بولغان جەرھەد ئەسلەمى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىزنىڭ قېشىمىزدا ئولتۇراتتى. مېنىڭ يوتام ئوچۇق ئىدى. ئۇ ماڭا: «يوتىنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «يوتاڭنى ئوچۇق قويمىغىن» دېگەن[2]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «يوتاڭنى ئوچۇق قويمىغىن، نە تىرىك ئادەمنىڭ، نە ئۆلۈك ئادەمنىڭ يوتىسىغىمۇ قارىمىغىن» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنساننى يالىڭاچ بولۇشتىن، ھەتتا ئۆزى بىلەن ھېچكىم يوق يەردىمۇ ئەۋرىتىنى ئېچىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «يالىڭاچلىنىشتىن ساقلىنىڭلار، پەقەت ھاجەتخانىغا كىرگەندىن ۋە ئەر ـ خوتۇنى بىلەن بىرگە بولغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا سىلەردىن ئايرىلماي، سىلەر بىلەن بىللە بولىدىغان مەخلۇقاتلار بار.»[3]

ئايال بىلەن ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە كەلسەك، ئۇ ئەر بىلەن ئەرنىڭ ئەۋرىتىگە ئوخشاش بولىدۇ يەنى كىندىكتىن تىزغىچە بولىدۇ. بىر ئايال ئۈچۈن يەنە بىر ئايالنىڭ تىزى بىلەن كىندىكى ئارىسىدىن باشقا يەرلىرىگە قارىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما زىممى ئايال ياكى كاپىر ئايال بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنا. ئۇنىڭ ھۆكمى خاس بولۇپ، الله خالىسا ئۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەرنىڭ ئايالغا نىسبەتەن ئەۋرىتىگە كەلسەك، بۇ بىرئاز تەپسىلى توختىلىشقا توغرا كېلىدىغان مەسىلىدۇر. ئەگەر ئەر ئايالنىڭ ئاتىسى، قېرىندىشى، تاغىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش مەھرەم ئەر بولسا، ئۇنىڭ ئەۋرىتى كىندىكتىن تىزغىچە بولىدۇ. ئەگەر ئەر نامەھرەم ئەر (يەنى يات ئەر) بولسا، ئۇنىڭ ئەۋرىتىمۇ كىندىكتىن تىزغىچە بولىدۇ.

ئەرنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر، خوتۇن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قارىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەر كىشىنىڭ نامەھرەم ئايالغا قارىشى ھارام بولغىنىدەك، خوتۇن كىشىنىڭمۇ نامەھرەم ئەرگە قارىشى ھارام بولىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. توغرىسى ئالدىنقى قاراشتۇر.

ئەمما ئەر شۇ خوتۇنىنىڭ ئېرى بولسا، ئەرنىڭ ھېچقانداق يېرى ئەۋرەت ئەمەس. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)﴾[4].

ئايالنىڭ ئەرلەرگە نىسبەتەن ئەۋرىتىگە كەلسەك، توغرىسى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر. ئۇ شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام ئەھمەد (الله

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە مۇئمىنۇن، 6 ـ ئايەت.

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «خوتۇن كىشىنىڭ ھەممە يېرى، ھەتتا تىرنىقىمۇ ئەۋرەتتۇر.»[1]

ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەپ قارايدۇ: خوتۇن كىشىنىڭ يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىدىن باشقا ھەممە يېرى ئەۋرەتتۇر.

ھەر بىر قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى بولۇپ، الله تائالا خالىسا بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## مالىكى ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

مالىكى ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر يۈز بىلەن ئىككى ئالقاننىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىگە تۆۋەندىكىدەك دەلىل كەلتۈرىدۇ:

1 ـ الله تائالا: ﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾ دېدى. بۇ ئايەت تاشقى زىننەتلەرنى يەنى ئىچىشقا ۋە ئاشكارىلاشقا موھتاج بولىدىغان زىننەتلەرنى مۇستەسنا قىلدى. ئۇ يۈز ۋە ئىككى ئالقاندىن ئىبارەت بولۇپ، بەزى ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. سەئىد ئىبنى جۇبەير الله تائالانىڭ: ﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرى﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىپ: ئۇ يۈز ۋە ئالقاندۇر دېدى. ئەتائمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: ئۇ ئىككى ئالقان ۋە يۈزدۇر دېدى[2]. زەھھاكنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

2 ـ ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى. ئەسمانىڭ ئۇچىسىدا نېپىز كىيىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئۇنىڭدىن ئۆرىدى ۋە: «ئى ئەسما! قىزبالا ھەيز يېشىغا يەتسە، ئۇنىڭ بۇ ۋە بۇ يېرىدىن باشقا يېرى كۆرۈنۈپ قالسا بولمايدۇ» دەپ، يۈز بىلەن ئىككى ئالقانغا ئىشارەت قىلدى[3].

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئايالنىڭ يۈزى بىلەن ئىككى ئالقىنىنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، ئۇ ناماز ئوقۇغاندا يۈزى بىلەن ئىككى ئالقىنىنى ئاچىدۇ. ئۇ ئېھرام باغلىغاندىمۇ ھەم يۈزى بىلەن ئىككى ئالقىنىنى ئاچىدۇ. ئەگەر يۈز بىلەن ئالقان ئەۋرەت بولسا ئىدى، ئايالنىڭ يۈزى بىلەن ئالقىنىنى ئېچىشى دۇرۇس بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئەۋرەتنى يېپىش ۋاجىب بولۇپ، ئەگەر ئىنسان ئەۋرىتى ئوچۇق ھالەتتە ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى توغرا بولمايدۇ.

## شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

www.munber.org

---

① ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 31 ـ بەت.
② ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 118 ـ بەت.
③ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 229 ـ بەت.

شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرىدىكىلەر يۈز بىلەن ئىككى ئالقاننىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىگە قۇرئاندىن، سۈننەتتىن ۋە ئەقلى جەھەتتىن دەلىل كەلتۈرىدۇ:

1 ـ قۇرئاندىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، الله تائالا: ﴿زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾ دېدى. بۇ ئايەت ئاياللارنىڭ زىننەتلىرىنى ئېچىشنى ھارام قىلدى. زىننەت بولسا يارىتىلىش ۋە ياسىنىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بولىدۇ. يۈز يارىتىلىشتىكى زىننەت بولۇپ، ئۇ ئەسلى گۈزەللىكتۇر، شۇنداقلا ئۇ پىتنە قوزغاشنىڭ ۋە جەلپ قىلىشنىڭ ئەسلى مەنبەسىدۇر. مەزكۇر ئايەت خوتۇن كىشىنى زىننەتلىرىنى ئېچىشتىن شەرتسىز توستى، ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى ياكى زىننەتلىرىنى نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئېچىشنى ھارام قىلدى.

بۇ قاراشتىكىلەر الله تائالانىڭ: ﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرى﴾ دېگەن سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ: بۇ ئايەت خوتۇن كىشىنىڭ كۆكرىكىنى ياكى پاچىقىنى ياكى بەدىنىدىن بىرەر ئەزانى شامالنىڭ ئېچىۋاتقىنىغا ئوخشاش، مەقسەتلىك ۋە قەستەنلىك بولماستىن ئېچىلىپ قالغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئاياللار زىننەتلىرىنى ھەرگىز ئاشكارىلىمىسۇن، ئۇلار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىسا جازاغا تارتىلىدۇ، پەقەت ئۇلارنىڭ زىننەتلىرى ئۆزلىكىدىن ئاشكارىلىنىپ، مەقسەتلىك ۋە قەستەنلىك بولماستىن ئېچىلىپ قالسا، ئۇلار جازاغا تارتىلمايدۇ. يۈز بىلەن ئالقانمۇ ئاشكارىلاش ھارام قىلىنغان زىننەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.»

2 ـ سۈننەتتىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، نامەھرەملەرگە قاراشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر خېلى كۆپ رىۋايەت قىلىنغان:

بىرىنچىسى، جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۇيۇقسىز قاراپ قېلىش ھەققىدە سورىغان ئىدىم، ئۇ: «كۆزۈڭنى باشقا تەرەپكە بۇرىغىن» دېدى[1].

ئىككىنچىسى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەلى! بىر قارىغاندىن كېيىن ياندۇرۇپ قارىمىغىن، دەسلەپتىكى قاراش سېنىڭ ھەققىڭدۇر، كېيىنكىسى سېنىڭ ھەققىڭ ئەمەس.»[2]

ئۈچىنچىسى، خەسئەمىييەنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ۋىدالىشىش ھەججىدە قۇربان ھېيت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فەزل ئىبنى ئابباسنى ئارقىسىغا مىندۈرۈۋالغان بولۇپ، فەزل بولسا يۈزى ئاق، چىچى چىرايلىق ئادەم ئىدى. خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا پەتىۋا سورىغىلى كەلدى.

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

فەزل ئۇ ئايالغا قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئايالمۇ فەزلگە قارىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فەزلنىڭ يۈزىنى باشقا تەرەپكە تولغاپ قويدى...»[1]

بۇ دەلىللەرنىڭ ھەممىسى نامەھرەم ئاياللارغا قاراشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈزگە قاراشقا بولمايدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق. شۇڭا ئۇ ئەۋرەتتۇر.

تۆتىنچىسى، ئۇلار يەنە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار﴾[2]. بۇ ئايەت ھەققەتەن نامەھرەم ئاياللارغا قاراشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئۇلارغا قىياس قىلىش قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ھۆكمى ئۇلاردىن باشقا ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىدىكى سەۋەب خوتۇن كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئەۋرەت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

3 ـ ئەقلى جەھەتتىن كەلتۈرگەن دەلىلگە كەلسەك، خوتۇن كىشىگە قاراش پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشتىن قورققانلىق ئۈچۈن دۇرۇس ئەمەس. يۈزگە قاراشنىڭ پىتنىسى پۈتقا، چاچقا ۋە پاچاققا قاراشنىڭ پىتنىسىدىن تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. چاچقا ۋە پاچاققا قاراش ئىختىلاپسىز ھارام بولغان ئىكەن، يۈزگە قاراش ئەلۋەتتە ھارام بولىدۇ. چۈنكى، يۈز بولسا، پىتنىنىڭ مەنبەسى ۋە خەتەر تۇغدۇرۇش ئىمكانى بولغان ئەسلىدىنلا گۈزەل جايدۇر. بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

قاراشتۇر ھەممە ۋەقەلەرنىڭ باشلىنىشى،
كىچىككىنە ئۇچقۇندۇر ئوت ئاپىتىنىڭ چىقىشى.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا ئاساسەن چۈشەندۈرۈلگەن بۇ ئايەتنى تونۇپ يەتتىڭكى، ئۇنىڭدا يۈزنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل يوق. ئەمما ئەسمانىڭ: «قىزبالا ھەيز يېشىغا يەتسە...» دېگەن ھەدىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ سەنىدىدە ئۈزۈكلۈك يۈز بەرگەن، رىۋايەتچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاجىز بولۇپ، تەنقىدى سۆز قىلىنغان بىر ھەدىستۇر، ئۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئۆزىنىڭ سۈنەنىدە رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن خالىد ئىبنى دۇرەيك رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن زامانداش ئەمەس. بۇ ھەدىسنىڭ سەنىدىدە ئەبۇ ئابدۇراھمان سەئىد ئىبنى بەشىر بەسرى دېگەن ئادەم بولۇپ، بىرقانچە ئادەم ئۇنىڭ ھەققىدە تەنقىدى سۆز قىلغان.»[3]

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «مۇختەسەرۇ سۈنەنى ئەبى داۋۇد» ناملىق كىتاب، 6 ـ جىلد، 58 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام ئەبۇ داۋۇد بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇشۇنداق دېگەن ۋە بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭدىن باشقا بىرى رىۋايەت قىلمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ دەلىل بولۇشقا قانداقمۇ سالاھىيىتى توشىدۇ؟ بۇ ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپ قارىغاندىمۇ، ھىجاب ئايىتى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى بولغان، ئاندىن ھىجاب ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىش بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ياكى بولمىسا ئۇ، توي قىلىش تەلىۋىنى قويغۇچى، گۇۋاھلىق بەرگۈچى ۋە قازىغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب تۈپەيلى يۈز بىلەن ئىككى ئالقانغا قاراشقا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىمام ئىبنى جەۋزى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۆكۈم نامەھرەم ئاياللارغا سەۋەبسىز قاراشنىڭ ھاراملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىرەر خوتۇننى نىكاھىغا ئالماقچى ياكى ئۇ خوتۇنغا قارشى گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغانغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب بولسا، ئۇ ئەر ھەر ئىككىلى ھالەتتە خۇسۇسەن ئۇ خوتۇننىڭ يۈزىگە قارايدۇ. ئەمما سەۋەبسىزلا ئۇنىڭغا قاراش مەيلى شەھۋانىي نىيەتتە بولسۇن ياكى باشقا نىيەتتە بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ يۈزىگە، ئىككى ئالقىنىغا ۋە بەدىنىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا قاراش بولسۇن، ئوخشاشلا دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر نېمىشقا ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىش بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ؟ دېيىلسە، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: نامازدا يۈزنى يېپىش جاپالىق ئىشتۇر، شۇڭا ئەپۇ قىلىندى.»①

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: يۈز بىلەن ئىككى ئالقان ئەۋرەت ئەمەس، دېگەن ئىماملار يۈز بىلەن ئالقاندا زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بولماسلىقىنى ۋە پىتنىنىڭ بولۇپ قالماسلىقىنى شەرت قىلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ زامانىمىزدىكىگە ئوخشاش ئاياللار ياسىنىش مەقسىتىدە يۈزلىرىنى ۋە ئالقانلىرىنى ئۇپا ـ ئەڭلىكلەر بىلەن بوياپ، كوچىلاردا ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئاشكارىلىسا، بۇنى پۈتۈن ئىماملارنىڭ ھارام دېيىشكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. بەزى ئىماملارنىڭ: يۈز بىلەن ئىككى ئالقان ئەۋرەت ئەمەس دېگەن قارىشى يۈز بىلەن ئالقاننى ئېچىش ۋاجىپ ياكى سۈننەت، ئۇنى يېپىش بىدئەت دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. مۇسۇلمان ئادەم مۇنداق سۆزنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا، يەنە كېلىپ پىتنىدىن ئەمىن بولۇش شەرتى بىلەن يۈز ۋە ئالقاننى ئېچىشقا بولىدۇ، دېگەن مەنىنىلا بىلدۈرىدۇ.

شەيتاننىڭ ياردەمچىلىرى كۆپىيىپ كەتكەن، ھەممىلا يەرنى بۇزۇقچىلىق ۋە پىتنە ـ پاسات قاپلاپ كەتكەن بۈگۈنكى زاماندا نە ئۆلىمالاردىن، نە ئەقىللىق كىشىلەردىن ھېچكىم يۈزنى ئېچىشنى دۇرۇس دەپ قارىمايدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئەجنەبى ئاياللارنى دوراش كېسىلىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ۋابانىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادەم يۈزنى ئېچىشنىڭ ھاراملىقىنى كېسىپ ئېيتىدۇ. چۈنكى، بۇ زامان يۈزنى ئېچىشتىن كېلىدىغان پىتنە ـ پاسات ناھايىتى ئېنىق، بۇزۇقچىلىق رىئاللىققا ئايلانغان، يامان ئىشقا دەۋەت قىلىدىغانلار تولۇپ تاشقان بىر

① ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 31 ـ بەت.

زاماندۇر. بىز ھازىر تەرەققىي قىلغان، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقلارنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ تەربىيەلەنگەن، الله تائالانىڭ: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۆزۈڭنى باشقا تەرەپكە بۇرىغىن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنى بىرىلىپ تىڭشايدىغان جەمئىيەتنى تاپالمايمىز. شۇڭا بۇ زاماندا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش ۋاجىپتۇر. الله ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### ئاشكارىلاش ھارام بولغان زىننەتلەر قايسىلار؟

الله تائالانىڭ: ﴿زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾ دېگەن سۆزى خوتۇن كىشىنىڭ پۈتۈننىڭ يۈز بىرىپ قىلىشىدىن قورقۇپ نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. زىننەت ئەسلىدە خوتۇن كىشى ياسىنىش ۋە گۈزەللىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كىيىم - كېچەكلەر، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، چاچنى بوياش ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ياسىنىش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر. بەزىدە ئۇ سۆز بەدەن ئەزالىرىدىنمۇ ئاممىباب ۋە كەڭ مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. زىننەت يارىتىلىش، ياسىنىش، تاشقى ۋە ئىچكى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. رەڭگى گۈزەل، قامىتى كېلىشكەن، كۆزلىرى چوڭ بولۇشتەك، الله تائالا چىرايلىق قىلىپ ياراتقان ئەزالارمۇ زىننەت دېيىلىدۇ.

بەزىلەر چىرايلىق يارىتىلغان ئەزانى ئىپادىلەش ئۈچۈن زىننەت دېگەن ئىسىمنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدا يارىتىلغان ئەزانى زىننەت، دېگىلى بولمايدۇ. زىننەت دېگەن پەقەت سۈرمە تارتىش، چاچنى بوياش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ياسىنىپ گۈزەللىشىشنى زىننەت دېگىلى بولىدۇ.

توغرىسى شۇكى، يارىتىلىشمۇ زىننەتكە كىرىدۇ. يۈز ئەسلىدىنلا چىرايلىق، يارىتىلىشتىلا گۈزەل يارىتىلغان بولۇپ، يۈز بىلەن چىرايلىق ۋە سەتلىكنى بىلگىلى بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾. باشقا لېچەك ئارتىپ يۈزگە ۋە كۆكرەككە چۈشۈرۈش پەقەت بۇ ئەزالارنى كۆرۈنۈپ قېلىشتىن توسۇشتۇر. مانا بۇ زىننەتنىڭ چىرايلىق يارىتىلغان ئەزاغىمۇ شامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئاياللارغا چىرايلىق قىلىپ ياراتقان يەرلىرىنى يېپىشنى ۋاجىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق جايلىرىنى ئاشكارىلىشنى مەنئى قىلدى.

زىننەت يارىتىلىشتىن باشقا نەرسىگە ئىشلىتىلىدۇ، دېگەنلەر مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مەزكۇر ئايەتتە زىننەتنى تىلغا ئالدى، ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ زىننەت ئاياللارنىڭ ئەزالىرىدىن ئايرىم بولغان زىننەتنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر خوتۇن كىشى زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك، ھالقا، بولاپكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتمىسە، ئۇ نەرسىلەرگە قاراش ھارام ئەمەس، الله تائالا پەقەت ئۇ نەرسىلەرگە خوتۇن كىشىنىڭ

www.munber.org

بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان ھالەتتە قاراشنى ھارام قىلدى. بۇ خوتۇن كىشىنىڭ ئەزالىرىغا قاراشنىڭ تېخىمۇ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.»

گەرچە ئۇلار يارىتىلغان ئەزانىڭ زىننەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار خوتۇن كىشىنىڭ بەدىنىگە ۋە ئەزالىرىغا قاراشنىڭ ھاراملىقىدا ئىتتىپاقلىقتا ئىگە. شۇڭا بەدەندىن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى ۋە جايلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ مەنئى قىلىنىشى تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

تاشقى زىننەتكە كەلسەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «تاشقى زىننەت كىيىم ـ كېچەكتۇر.»[1]

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۈرمە تارتىش، ئۇزۇك سېلىش، چاچنى بوياش قاتارلىقلاردۇر.»

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يۈز بىلەن ئىككى ئالقاندۇر.» بۇ ھەقتە فىقھشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئىبنى ئەتىييە مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتنىڭ لەۋزلىرىگە ئاساسەن مېنىڭ چۈشەنگىنىم شۇكى، خوتۇن كىشى ھېچ يېرىنى ئاچماسلىقتا، پۈتۈن زىننەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا بۇيرۇلدى. تاشقى زىننەتلەر بولسا مۇستەسنا قىلىنغان ھۆكۈم بولۇپ، چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ھەرىكەت تۈپەيلىدىن ياكى ئۆزىنى تۈزەش جەريانىدا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللارغا زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ﴿تاشقى زىننەتلىرى﴾ ئېچىلىپ قالسا، ئەپۇ قىلىنىدۇ.»[2]

ئىچكى زىننەتكە كەلسەك، الله تائالا ﴿(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن... باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن﴾ دېگەن بۇ ئايەتتە ئاتىغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسىتىش دۇرۇس ئەمەس. بۇ كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ۋە ئۇلارغا مەھرەم بولىدىغان ئەرلەر بولۇپ، ئالدىمىزدا ئۇنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاياللىرى لېچەكلىرىنى ئارقا تەرەپلىرىدىن چىگەتتى. ئۇلارنىڭ كۆكرەكلىرى ۋە مەيدىلىرى ئوچۇق قالاتتى. شۇڭا مۇسۇلمان ئاياللار لېچەكلىرىنى ئالدى تەرەپتىن چىگىپ، بويۇنلىرىنى، كۆكرەكلىرىنى، چاچلىرىنى، باشلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنى، قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن ـ جابدۇقلارنى ۋە بويۇنلىرىدىكى بۇلاپكىلارنى يېپىشقا بۇيرۇلدى. ئۇ الله تائالانىڭ: ﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن...﴾ دېگەن سۆزىدىن ئىبارەتتۇر.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

خوتۇن كىشى زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىيالايدىغان مەھرەم ئەرلەر كىملەر؟

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 228 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 229 ـ بەت.

قۇرئان كەرىم خوتۇن كىشىنى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلاشنى مەنئى قىلدى، ئاندىن بۇ ئەرلەردىن بىر قىسىم ئەرلەرنى مۇستەسنا قىلغان بولۇپ، شۇ ئاياللارنىڭ ئەرلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى مەھرەملەر (يەنى نىكاھ چۈشمەيدىغان ئەرلەر) دۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ئەرلەرگە زىننەتلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ دۇرۇسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ يانلىرىغا كۆپ كىرىپ چىقىدۇ، ئارىلىشىپ ياشايدۇ، ئۆزئارا مۇئامىلە قىلىدۇ، تۇغقانلىق سەۋەبىدىن بىر ـ بىرىگە قارايدۇ، يامان ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەمىن بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئەرلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئەرلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ئۆز ئاياللىرىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە قاراش، ھالال بولغان ھەممە تۈرلۈك ئىشلار بىلەن ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىش دۇرۇستۇر.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ زىننەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھالال بولغان ھەممە يەرگە قاراپ لەززەتلىنىش ۋە ھۇزۇرلىنىش دۇرۇستۇر. مۇشۇ مەنە كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ئايەتتە ئەرلىرى ھەممىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان.»[1]

2 ـ ئاتىلىرىدۇر، چۈنكى، اللہ تائالا: ﴿ئاتىلىرىدىن﴾ دېدى. بۇنىڭ ئىچىگە مەيلى ئاتا تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى ئانا تەرەپتىن بولسۇن، چوڭ دادىلىرىمۇ كىرىدۇ.

3 ـ ئەرلىرىنىڭ ئاتىلىرىدۇر، چۈنكى، اللہ تائالا: ﴿يا قېيىن ئاتىلىرىدىن﴾ دېدى.

4 ـ ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر، چۈنكى، اللہ تائالا: ﴿يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن﴾ دېدى. بۇنىڭغا پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ، گەرچە ئۇلار بىر ئەۋلاد تۆۋەن بولسىمۇ، كىرىدۇ.

5 ـ ئۆز قېرىنداشلىرىدۇر، چۈنكى، اللہ تائالا: ﴿يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن﴾ دېدى. ئۇلار مەيلى بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلار بولسۇن، مەيلى ئاتا بىر ئانا باشقا ياكى ئانا بىر ئاتا باشقا قېرىنداشلار بولسۇن ئوخشاشتۇر.

6 ـ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ، شۇنداقلا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر، چۈنكى، اللہ تائالا: ﴿يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن﴾ دېدى. ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەھرەملەردۇر.

ئەسكەرتىش: مەزكۇر ئايەتتە تاغىلار تىلغان ئېلىنمىدى، ھالبۇكى، ئۇلارمۇ مەھرەملەردۇر. شۇنداقلا ئېمىلداشلىقتىن بولغان مەھرەملەرمۇ تىلغا ئېلىنمىدى. فىقھشۇناسلار ئۇلارنىڭ ھۆكمىنىڭ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان مەھرەملەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. ئەمما تاغىلارنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىغا

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 231 ـ بەت.

www.munber.org

كەلسەك، بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، ئۇلار ئاتىلارنىڭ ئورنىدىدۇر. ئاتىلارنى تىلغا ئېلىش تاغىلار ئۈچۈن كۇپايىدۇر. ئېمىلداشلىقتىن بولغان مەھرەملەرنى تىلغا ئالماسلىققا كەلسەك، ئۇنى «نەسەبتىن ھارام بولغان نەرسە ئېمىلداشلىقتىنمۇ ھارام بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ بايان قىلىشى يېتەرلىكتۇر.

مەزكۇر ئايەت مۇستەسنا قىلغان قالغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاياللار، چۆرىلەر، خوتۇنلارغا ھاجىتى يوق خىزمەتچىلەر ۋە كىچىك بالىلار بولۇپ، بۇ تۆردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئالاقدار ھۆكۈملەرنى بايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئوچۇق بايان قىلىپ ئۆتتىمىز.

### بەشىنچى ھۆكۈم

مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۆزىنى كاپىر ئايالنىڭ ئالدىدا ئېچىشى دۇرۇسمۇ؟

فىقھشۇناسلار الله تائالانىڭ: ﴿يا ئاياللاردىن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ نىمە مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق كۆز قاراشلارغا كەلگەن. بەزىلەر: ئۇ دىنداش مۇسۇلمان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدۇر[1].

ئىمام قۇرتۇبى تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿يا ئاياللاردىن﴾ دېگەن سۆزى مۇسۇلمان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ، زىممىلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ئاياللىرى بۇ ھۆكۈمدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا مۆمىن ئايالنىڭ بەدىنىدىن بىرەر ئەزانى مۇشرىك ئايالنىڭ ئالدىدا ئېچىشى دۇرۇس ئەمەس. لېكىن كاپىر ئايال مۆمىن ئايالنىڭ دېدىكى بولسا، بۇ ۋاقىتتا دۇرۇس بولىدۇ. بەزى ئۆلىمالار خرىستىئان ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالنى سۆيۈپ قويىشىنى ياكى ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشىنى يامان كۆرگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا خەت يېزىپ: ئاڭلىشىمچە زىممىلارنىڭ ئاياللىرى مۇسۇلمان ئاياللار بىلەن بىرلىكتە مۇنچىغا كىرىدىكەن. بۇنى دەرھال مەنئى قىلغىن ۋە ئارىلىقنى توسقىن. زىممى ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالنىڭ يالىڭاچ يېرىنى كۆرىشى دۇرۇس ئەمەس، دېگەن. بۇ خەت يېتىپ كەلگەن ھامان ئەبۇ ئۇبەيدە الله قا قاتتىق ئىلتىجا قىلىپ: قايسى بىر خوتۇن ئۆزرىسىز ھالدا، پەقەت يۈزىنى ئاقارتىش ئۈچۈنلا مۇنچىغا كىرسە، الله ئۇنىڭ يۈزىنى يۈزلەر ئاقىرىدىغان كۈندە قارا قىلغۇەتسۇن! دەپ دۇئا قىلغان.»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىي ئايالنىڭ ياكى خرىستىئان ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايالنى ئېرىگە سۆيەتلەپ بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى كۆرىشى دۇرۇس بولمايدۇ.»[3]

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 - جىلد، 207 - بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 - جىلد، 233 - بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 - جىلد، 233 - بەت.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: اللە تائالانىڭ: ﴿يا ئاياللاردىن﴾ دېگەن سۆزى پۈتۈن ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا مۇسۇلمان ئايالمۇ، كاپىر ئايالمۇ كىرىدۇ.»

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام فەخرۇددىن رازى كاپىر ئايالمۇ مۇسۇلمان ئايالغا ئوخشاش دەپ قارايدۇ. ئۇ: مېنىڭ قارىشىم شۇكى، كاپىر ئايالمۇ مۇسۇلمان ئايالغا ئوخشاشتۇر، اللە تائالانىڭ: ﴿يا ئاياللاردىن﴾ دېگەن سۆزى پۈتۈن ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ مۇسۇلمان ئايال ئۆزىنى كاپىر ئايالغا كۆرسەتمەسلىكى لازىم دېگەن قارىشى بولسا مۇستەھەب (يەنى ياخشى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قارىشىنى تەكىتلەپ: بۇ قاراش بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرگە ئەڭ مۇناسىپ كېلىدۇ، چۈنكى، مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ زىممىي ئاياللاردىن پەردىلىنىشى مۇمكىن بولمىغىلى تاس قالدىغان بىر ئىشتۇر دەيدۇ.»[1]

ئىمام ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە توغرا قاراش شۇكى، مەزكۇر ئايەت پۈتۈن ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئالماش يۇقىرىدىكى سۆزلەرگە ئەگەشتۈرۈلۈپ كەلگەن. ئۇ ئايەتتە 25 ئالماش بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالماش كۆپ تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر ئايەت يوق.»[2]

ئۇستاز ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، اللە تائالا ئايەتتە «ئەۋنىنىسائى» دېمىدى. ئەگەر ئۇ شۇنداق دېگەن بولسا ئىدى، مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەۋرىتىنى ۋە زىنىنەتلىرىنى مۇسۇلمان ئاياللارغا، كاپىر ئاياللارغا، ياخشى ئاياللارغا، پاسىق ئاياللارغا، قىسقىسى ھەممە تۈرلۈك ئاياللارغا ئاشكارىلىشى دۇرۇس بولاتتى. لېكىن اللە تائالا ئايەتتە: ﴿نِسَائِهِنَّ﴾ (نىسائىھىننە) دېدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: مۇسۇلمان، ھۆر ئايالنىڭ ئۆز زىنىنىتىنى ئاشكارىلىشىنىڭ خاس دائىرە ئىچىدە بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ خاس دائىرە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە فىقھشۇناسلار ۋە تەپسىرشۇناسلار ئوخشىمىغان قاراشلارغا كەلگەن.

ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر: بۇ ئايەت پەقەت مۇسۇلمان ئاياللارنىلا كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە ئىبنى جۇرەيج قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇشۇنداق قارايدۇ. ئۇلار ئۆمەرنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا يازغان خېتىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئۇلاردىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر: ﴿نِسَائِهِنَّ﴾ دېگەن بۇ ئايەت ھەممە ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ قارىشىدا بۇ ئەڭ توغرا قاراشتۇر.

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 19 - جىلد، 143 - بەت.
[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 326 - بەت.

www.munber.org

لېكىن اﷲ تائالانىڭ: ﴿نِسَائِهِنَّ﴾ دەپ، نېمە ئۈچۈن ئاياللارنى خاسلاشتۇرغانلىقىنى بىزنىڭ چۈشەنمىكىمىز تەسكە توختايدۇ.

ئۇلاردىن يەنە ئۈچىنچى قىسىم كىشىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: ﴿نِسَائِهِنَّ﴾ دېگەن بۇ ئايەت مەيلى مۇسۇلمان ئايالالار بولسۇن ياكى كاپىر ئايالالار بولسۇن شۇ ئايالالار بىلەن مۇئامىلە قىلغان، كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ۋە بېرىپ ـ كېلىش قىلىدىغان خاس ئايالالارنى كۆرسىتىدۇ. مەقسەت ئەخلاقلىرى، تەربىيەلىرى ۋە ئادەتلىرى مەلۇم بولمىغان يات ئايالالار بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئايالالار دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. دېمەك، دىننىڭ ئوخشىماسلىقى ئەمەس، ئەخلاقنىڭ ئوخشىماسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك ئايالالار گەرچە مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، مۇسۇلمان ئايالالار زىننەتلىرىنى ئۇلارغا ئاشكارىلىسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان، ئەخلاقسىز ۋە ئەدەپسىز پاسىق ئايالالارغا كەلسەك، گەرچە ئۇلار مۇسۇلمان بولسىمۇ، ياخشى مۆمىن ئايالنىڭ ئۇنداق ئايالالاردىن پەردىلىنىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى، ئۇنداق ئايالالار بىلەن مۇئامىلىشىشنىڭ مۆمىن ئايالنىڭ ئەخلاقىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئەرلەر بىلەن مۇئامىلىشىشنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىدىن ئاز ئەمەس.»[①]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ قاراش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە توغرا قاراشتۇر. كاشكى، ھازىرقى ئەسىرىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئايالالرى بۇ قاراشنى تۇتقا قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەپ ئەخلاقلىرىنى ساقلاپ قالغان، مودا قوغلىشىپ ئاتالمىش 20 ـ ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتى، دەپ ھېسابلانغان غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىگە زىيانلىق ئادەتلەرنى، ھەر تۈرلۈك پەسكەشلىكلەرنى يۇقتۇرىۋالغان پاسىق ۋە بۇزۇق ئايالالارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتىۋالغىنى مەدەنىيەت ئەمەس، پەسكەشلىك ۋە بۇزۇقچىلىقتىنلا ئىبارەتتۇر.

## ئالتىنچى ھۆكۈم

مۇسۇلمان ھۆر ئايالنىڭ زىننەتلىرىنى ئۆز قۇلى ئالدىدا ئاشكارىلىشى دۇرۇسمۇ؟

اﷲ تائالانىڭ: ﴿أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى قۇل ۋە دېدەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشتا بولغان. شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىمۇ مۇشۇدۇر. ئىبنى ھەجەر «ئەلمىنھاج» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئىنساپلىق قۇلنىڭ ئايال خوجايىنىغا قارىشى مەھرەمگە قارىغانغا ئوخشاشتۇر. قۇل ئايال خوجايىنىنىڭ كىندىكى بىلەن تىزى ئارىسىدىن باشقا يېرىگە قارىسا بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ ھەنىفە (ۋە شافىئىي بىر قارىشىدا): قۇل يات ئەرگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئايال خوجايىنىغا قارىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇ مەھرەم ئەمەس دەپ

[①] ئۇستاز ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ «سۈرە نۇر» ناملىق تەپسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

قارايدۇ. ئۇلار مەزكۇر ئايەتنى پەقەت دىدەكلەر ھەققىدە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار يەنە سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «سىلەر سۈرە نۇرنىڭ ئايىتىنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار. ئۇ پەقەت ئاياللار ھەققىدە نازىل بولغان.»[1] يەنى الله تائالانىڭ: ﴿أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ﴾ دېگەن سۆزى قۇللارنى ئەمەس، دىدەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق سەۋەب كۆرسىتىدۇ. قۇللار ئەر بولۇپ، مەزكۇر ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئەمەس، مەھرەملىرىمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭمۇ ھەۋەسى بار. شۇڭا مەزكۇر ئاياللار ئۇلارنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىسا دۇرۇس بولمايدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋنىڭ ئاياللار زىننەتلىرىنى دىدەكلەرگە ئاشكارىلىسا دۇرۇس بولمايدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئايەتتە پەقەت دىدەكلەر تىلغا ئېلىندى. چۈنكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار ھۆر ئاياللاردۇر. شۇڭا دىدەكلەر تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن بۇ چۈشىنىشمەسلىك تۈگىدى.»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «قۇل ئايال خوجايىنىنىڭ چىچىنى كۆرسە ھېچ باك يوق.» بۇ ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا ئۇنىڭغا بەرگەن بىر قۇل بىلەن بىللە كەلدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇستىدە بىر كىيىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى ياپسا، پۇتلىرىغا يەتمەيتتى، پۇتلىرىنى ياپسا بېشىغا يەتمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى ئۇچرىغان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «سىزگە ھېچ باك يوق، كەلگەنلەر ئاتىڭىز بىلەن قۇلىڭىزدۇر» دېدى[3].

## يەتتىنچى ھۆكۈم

### ئاياللارغا ھاجىتى يوق ئەرلەر كىملەر؟

مەزكۇر ئايەت ﴿يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر﴾ دېگەن كىشىلەرنى مۇستەسنا قىلىپ، خوتۇن كىشىگە زىننەتلىرىنى ئۇلار ئالدىدا ئاشكارىلاشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇلار دەلدۈش، بىخۇد ئەرلەر بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاياللارغا ھەۋەسمۇ قىلمايدۇ ۋە خالىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار جىسمانىي جەھەتتە ياكى ئەقلىي جەھەتتە ئاجىز ۋە ياكى بىچارە كىشىلەر بولۇپ، بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇلار ئاياللارغا پەقەت ياخشى نىيەتتىلا قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئاياللارغا قارىتا يامانلىق كەچمەيدۇ.

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 144 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 234 ـ بەت.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 33 ـ بەت.
[3] ئىمام بەيھەقى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ﷲ تائالانىڭ: ﴿يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر﴾ دېگەن سۆزىنىڭ نېمە مەنىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز ۋە بۇ ئايەتنىڭ توغرا مەنىسىنىڭ بىزگە ئايدىڭلىشىشى ئۈچۈن تەپسىرشۇناس ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ بەزى سۆزلىرىنى تۆۋەندە نەقىل قىلىپ ئۆتىمىز:

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئاياللارغا ھاجىتى يوق بىخۇد كىشىنى كۆرسىتىدۇ.»

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سىنىڭ يېمىكىڭدىن يېيىش ئۈچۈن ساڭا ئەگىشىپ كەلگەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ.»

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قورسىقىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىغان، ئاياللارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان دەلدۈش كىشىنى كۆرسىتىدۇ.»

بۇ ئايەت ھەققىدە يەنە باشقا قاراشلارمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ﴿غَيْرِ أُوْلِي الْإِرْبَةِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئاياللارغا ھاجىتى يوق، ئاياللارغا ھەۋەس قىلمايدىغان ۋە كۆڭلى تارتمايدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ يا دەلدۈش بىخۇد بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەتكە دائىر ئىشلاردىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. يا ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا شەھۋىتى يوق.

## مۇخەننەس (يەنى قوش جىنسلىق كىشى) نىڭ ۋەقەسى

ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر مۇخەننەس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقاتتى. ئۇلار ئۇنى خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق كىشىلەردىن ھېسابلايتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلىمەنىڭ قېشىغا كىرسە ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە بىلەن بۇ مۇخەننەس بىللە بار ئىكەن. بۇ مۇخەننەس: ئى ئابدۇللاھ! ﷲ ساڭا تائىفنى فەتھى قىلىپ بەرسە، سەن غەيلاننىڭ قىزىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشۈڭ لازىم، ئۇ قىز تۆت بىلەن كېلىپ، سەككىز بىلەن قايتىدۇ دەۋاتقىدەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ: «ئى ﷲ نىڭ دۈشمىنى! سەن ئۇ قىزغا قاتتىق تىكىلىپ قارىدىڭمۇ؟» دېدى. ئاندىن ئۇممۇ سەلىمەگە: «بۇ ئادەم سىزنىڭ قېشىڭىزغا ھەرگىز كىرمىسۇن!» دېدى.

ئۇستاز ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ: «ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ھۆكۈمنى ھەر بىر ئادەم ئىتائەت قىلىشتىن قېچىش ئۈچۈن ئۆزىگە يول تېپىش نىيىتىدە ئەمەس، ئىتائەت قىلىش نىيىتىدە ئوقۇسا، ئۇنى ئوقۇغان ھامان ئۆيلەردە، ئاشخانىلاردا، قەھۋەخانىلاردا، مېھمانخانىلاردا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەرنىڭ، بويىغا يېتىپ قالغان

ياشلارنىڭ ھېچ بىر ئەھۋال ئاستىدا «يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر» دېگەن بۇ تەرىپكە كىرمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋالالايدۇ.»[①]

## سەككىزىنچى ھۆكۈم

### ئاياللار پەردىلەنمەيدىغان كىچىك باللار كىملەر؟

ئۆلىمالار الله تائالانىڭ: ﴿يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارغا كەلگەن. بەزىلەر: ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈتكۈزۈش يېشىغا يەتمىگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇ كىچىكلىكتىن ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى بىلمەيدىغان باللارنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

كېيىنكى قاراش بەكراق توغرا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئۇ ئايەت ئاياللارنىڭ بەدەنلىرى ياكى ھەرىكەتلىرى جىنسىي ھەۋەس قوزغىمايدىغان باللارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار كىچىك بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. بۇ پەقەت يېشى 10 دىن تۆۋەن باللارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما يېتىلىپ قالغان بالا گەرچە بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا جىنسىي ھېس تۇيغۇلار باشلىنىپ بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئاياللار ئۇنداق باللاردىن پەردىلىنىشى لازىم.

## توققۇزىنچى ھۆكۈم

### ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەتمۇ؟

ئىسلام دىنى پىتنىگە ۋە بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ھارام قىلدى، ئاياللارنى يۇتلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قېلىپ، بەزى ئەرلەرنىڭ شەھۋىتى قوزغىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشنى مەنئى قىلدى. ﴿زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن﴾.

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر بۇ چەكلىمىنى دەلىل قىلىپ: ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەتتۇر، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىش مەنئى قىلىنغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشى تېخىمۇ مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىمام جەسساس تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتتە نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاياللارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىنى مەنئى قىلىدىغان دەلىل بار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى پىتنە قوزغاشتا زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاۋازىغا قارىغاندا يېقىنراقتۇر. شۇڭا بىزنىڭ مەزھىبىمىزدىكىلەر ئاياللارنىڭ ئەزان ئوقۇشىنى يامان كۆرىدۇ. چۈنكى، ئەزان ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاياللار ئاۋازىنى يۇقىرى قىلىشتىن مەنئى قىلىنغان. مانا بۇ، ئەگەر يۈزگە قاراشنىڭ پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان

[①] ئۇستاز ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ «سۈرە نۇر» ناملىق تەپسىرى.

www.munber.org

ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولسا، ئايالларنىڭ يۈزلىرىگە شەھۋەت بىلەن قاراشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەردىن بەزىلەر ئايالларنىڭ مۆڭلۈق ئاۋازدا قىرائەت قىلىشىنى ئەۋرەت دەپ نەقىل قىلىپ، مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «تەكبىر ئوقۇش ئەرلەرگە، چاۋاك چېلىش ئايالларغا خاستۇر.» شۇڭا ئايالларنىڭ ئاۋازىنى ئەرلەرنىڭ ئاڭلىشى ياخشى ئەمەس.

شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر ۋە باشقىلار: ئايالларنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس، چۈنكى، ئۇلار سودا قىلىدۇ، ھاكىملارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشلاردا ئايالлار چوقۇم ئۈنلۈك سۆزلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئايالларنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش پەقەت بۇزۇقچىلىق كەلتۈرۈش خەۋپى بولغاندىلا ئاندىن ھارام بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. مەنمۇ مۇشۇ قاراشقا مايىلمەن.»[2]

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، پىتنە چىقىشتىن ئەمىن بولغان چاغدا ئايالларنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلاتتى، ئەرلەرگە سۆزلەيتتى. ئۇ ئەرلەرنىڭ ئىچىدە نامەھرەم ئەرلەرمۇ بولۇپ، بۇنى ھېچ ئەيىبكە ئالمايتتى ۋە گۇناھ ھېسابلىمايتتى.

ئىبنى كەسىر (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئايالлар ئۆزلىرىگە كىشىنى جەلب قىلىدىغان ياكى ئەرلەرنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاپ قويىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن چەكلەنگەن. شۇ قاتاردا ئۇلار ئۆيلىرىدىن سىرتلارغا چىققاندا ئەرلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەتىر ۋە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق كۆز زىنا قىلغۇچىدۇر. خوتۇن كىشى ئەتىر ئىشلىتىپ ئەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇمۇ زىنا قىلغۇچىدۇر.»[3] شۇنداقلا ئايالларنىڭ بىلەيزۈكلىرىنى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئەرلەر ئايالларنى سىرتلارغا تار ياكى كىشىنى جەلب قىلىدىغان رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ چىقىش، يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش، بازارلارغا چىققاندا ئەتىر ئىشلىتىش، تولغاپ مېڭىش، نازاكەت بىلەن سۆزلەش قاتارلىق پىتنىگە ۋە بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇشى كېرەك. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 393 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 146 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

قالدۇ﴾[①]. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئىسلام ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا ئۇيغۇن ئەمەس ۋە مۇسۇلمان ئەرنىڭ شەنىگە لايىق ئەمەس.

بۇزۇقچىلىق پەقەت ئەرلەرنىڭ سەل قارىغانلىقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاياللارنىڭ يولدىن چىقىشى پەقەت ئەرلەرنىڭ كۈندەشلىك قىلىشنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن، ئابرۇي ۋە شان ـ شەرەپنى قوغداشقا بولغان قىزىققانلىقنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن كېلىدۇ. خوتۇننى كۈللىمەيدىغان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق ئادەمنى دۆيۈس دەپ ئاتاپ: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ ۋە جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ: ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئايال، هاراق ئىچىشتىن قولىنى ئۈزمىگەن هاراقكەش ۋە دۆيۈس» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دۆيۈس دېگەن قانداق ئادەم؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خوتۇنىنىڭ بۇزۇقچىلىقىغا كۆز يۇمغان ئادەم» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «خوتۇننى كۈللىمىگەن ئادەم» دېدى.

بىز الله دىن دىنىمىزنى ۋە شان ـ شەرىپىمىزنى قوغدىشىنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پىتنە ـ پاساتلاردىن يىراق قىلىشنى تىلەيمىز! الله ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ نامەھرەملەرگە قاراش گۇناھقا ۋە زىناغا ئېلىپ بارىدىغان تۈنجى سەۋەبتۇر. شۇڭا مۆمىن مۇنداق يولغا ماڭماسلىقى كېرەك.

2 ـ نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق ۋە ئەۋرەتنى يېپىش ئىنساننى رەزىل قىلمىشلاردىن ۋە پاھىشىدىن پاكلايدۇ.

3 ـ مۇسۇلمان ئاياللىنىڭ زىننەتلىرىنى ئېرى ياكى يېقىن تۇغقانلىرى بولغان مەھرەملىرىدىن باشقىلارغا ئاشكارىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

4 ـ نامەھرەم ئەرلەرنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئايال بېشىنى، كۆكرىكىنى ۋە مەيدىسىنى لېچەكى بىلەن يېپىشى لازىم.

5 ـ كىچىك بولغانلىقتىن جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت ئىشلارنى بىلمەيدىغان باللار، خىزمەتچىلەر ۋە چاكارلار ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرسە ھېچ توسالغۇ يوق.

6 ـ مۇسۇلمان ئاياللىنىڭ ئەرلەرنى جەلب قىلىدىغان ياكى پىتنە قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىشى ھارامدۇر.

[①] سۈرە ئەھزاب، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

7 ـ پۈتۈن مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللار گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىپ، اللە تائالا تەرەپكە قايتىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم.

8 ـ ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ئائىلىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى قوغدايدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

اللە تائالا ئىنسانلارنىڭ روھىنى پاكلاش، ئۇلارنى بۇزۇقچىلىق ۋە گۇمراھلىقتىن يىراق قىلىش، جەمئىيەتنى پىتنە ـ پاساتچىلىقنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ كېتىشتىن، گۈزەل ئەخلاقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ۋە پاھىشىنىڭ مەينەتچىلىكىدىن تازىلاش ئۈچۈن مۆمىن ئەرلەرنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىققا، ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا بۇيرۇدى، شۇنداقلا مۆمىن ئاياللارنىمۇ مۆمىن ئەرلەرنى بۇيرۇغان ئىشلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ تېخىمۇ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى ئاچماسلىققا تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەرلەرگە قارىغاندا بىر ۋەزىپىنى ئارتۇق يۈكلىدى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى، تاسادىپىي نەزەرلەردىن ۋە خىيانەتكار كۆزلەردىن قوغدىنىشى، يامان غەرەزلىك بۇزۇق كىشىلەرنىڭ تەمەلىرىدىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە ھىجابلىنىشنى پەرز قىلدى. زىننەتنى ئاشكارىلاش ۋە پىتنە قوزغاش گۈزەل ئەخلاقنى دەپسەندە قىلىشنىڭ، ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىق سېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولغاچقا ياراتقۇچى اللە تائالا مۆمىن ئاياللارغا ئۇ پىتنىنىڭ يوچۇقلىرىنى ئېتىش، پاھىشىنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاش، شەھۋەتكە ۋە زىناغا ئېلىپ بارىدىغان زەھەرلىك ئوقنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى تەكىتلەپ ئۇلارنى نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلاشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «في زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى ھەر ۋاقىت شەھۋەتكە موھتاج بولمىغان ۋە شەھۋەت قوزغىمايدىغان پاكىز بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. ھەمىشە ھەۋەس قوزغايدىغان پائالىيەتلەر ھەرگىز ئۆچمەيدىغان ۋە قانمايدىغان شەھۋانىي تەشنالىققا بېرىپ توختايدۇ. خىيانەتكار قاراش، ھەۋەسنى قوزغايدىغان ھەرىكەت، ئېچىلىپ قالغان زىننەت، يالىڭاچ قالغان بەدەن... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ساراڭلارچە ۋە ھايۋانىي تەشنالىقنى قوزغايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ پاكىز جەمئىيەت قۇرۇشتىكى ۋاستىلىرىدىن بىرى شۇكى، بۇ قوزغاتقۇچ ھەرىكەتلەرنى چەكلەپ، ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى ناھايىتى چوڭقۇر ئىنتىلىش خاراكتېرىنى ساغلام ساقلاپ قېلىش،

ئۇنى سۇنئى قوزغاتقۇچ شەكلىدە ئىشلەتمەستىن، پاكىز ۋە خاتىرجەم ئورۇنغا ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بىر زامانلاردىن باشلاپ ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە ھېچ ئۇيالماستىن قاراش، ئۆزئارا راۋان سۆزلىشىش، ئارىلىشىپ ئۆتۈش، ئۆزئارا ئويۇن ـ چاقچاقلىشىپ يايراش، كىشىنى جەلب قىلىدىغان يوشۇرۇن جايلارنى كۆرۈش قاتارلىق ئىشلار كەڭ تارقىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى روھىي كىشەندىن قۇتۇلۇش، روھىي بېسىمدىن راھەتكە چىقىش ۋە ئەركىن نەپەس ئېلىش نەزەرىيەسى ئاستىدا تارقىدى. ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن ياتلاشتۇرۇپ، تۇپراققا كۆمۈلگەن ھايۋانى قائىدىگە قايتىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ماددى نەزەرىيىلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ فرويدنىڭ نەزەرىيەسىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ تارقىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق نەزىرىيىلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

مەن جىنسىي ئەركىنلىكنى ھەممىدىن بەك يولغا قويۇۋەتكەن، جەمئىيەت، ئەخلاق، دىن ۋە ئىنسانى تارازىدىن چىقىپ كەتكەن بىر دۆلەتتە (ئامېرىكىدا) ئۇ نەزەرىيەلەرنى يالغانغا چىقىرىدىغان ۋە ئۇنى ئاساسىدىن بۇزۇپ تاشلايدىغان ھەقىقەتنى كۆردۈم.

شۇنداق، مەن بەدەننى ئېچىشقا، ئەر ـ ئاياللارنىڭ پۈتۈن شەكلىدە ۋە پۈتۈن رەۋىشتە ئارىلىشىپ ئۆتۈشىگە ھېچقانداق توسالغۇ يوق بولغان ئۇ دۆلەتتە شۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى جىنسىي شەھۋەتنى قاندۇرۇش ۋە ئۇنى قانائەت قىلدۇرۇش بىلەن توختىماستىن، پەقەت ھېچ قانمايدىغان ساراڭلارچە تەشنالىققا، ھېچ پەسەيمەيدىغان ئىنتىلىشكە ۋە ئېچىرقاشقا بېرىپ توختىغان.

مەن ئۇ دۆلەتتە شۇنى كۆردۈمكى، ئەر ـ ئاياللار ھېچ توسالغۇغا ئۇچرىماستىن، ھېچ چەكلىمىگە بېرىپ توختىماستىن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ھەر تۈرلۈك جىنسىي كېسەللىكلەر، ھەتتا مەھرەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان جىنسىي كېسەللىكلەر ھەر جايغا تولۇپ تاشقىچە يامراپ كەتكەن.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئى مايىللىق ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ھەر ۋاقىتتا ئۇنى قوزغىتىش ئۇنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، قاراشمۇ ئۇنى قوزغايدۇ، ھەرىكەتمۇ ئۇنى قوزغايدۇ، كۈلۈشمۇ ئۇنى قوزغايدۇ، ئۆزئارا چاقچاقلىششمۇ ئۇنى قوزغايدۇ. خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان يول بولسا، بۇ قوزغاتقۇچ ئامىللارنى ئازايتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنى ئازايتىشنىڭ چارىسى ئىسلام دىنى تاللىغان يول بولۇپ، ئىنسان خاراكتېرىگە گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئىنسانىيەت ئېنېرگىيىسىنى قان بىلەن گۆشنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ھاياتلىقنىڭ باشقا غەملىرىگە ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر.»[①]

---

[①] سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 2 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.munber.org

## يۈزنى ئېچىش بىدئەتچىلىكى

بۈگۈنكى كۈنلەردە يېڭى تەرەققىيات تەشۋىقاتى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، يۈز ئەۋرەت ئەمەس، چۈمپەردە كېيىش شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ھىجابتىن ئەمەس دېگەن نەرسىنى دەلىل قىلىپ، ئاياللارنى ھە دېسىلا يۈزلىرىنى ئېچىشقا، ئۆيدىن سىرتلارغا چىققاندا كىيىپ چىقىشقا ئادەتلەنگەن چۈمپەردىلىرىنى كىيمەسلىككە تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ، ئۆزلىرىنى الله تائالا ھەر يۈز يىلىنىڭ بېشىدا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دىنى ئىشلىرىنى يېڭىلاش، ئۇلار ئىچىدە پىداكارلىق روھىنى، ئىمان روھىنى ۋە جىھاد روھىنى قوزغاش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان ئىسلاھاتچى ئىماملار قىياپىتىدە كۆرسىتىپ ئوتتۇرىغا چىقماقچى بولغان بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان يېڭىلاش تەشۋىقاتىدۇر. بۇ، ئۆزلىرىنى بىلىملىك كىشىلەر، دەپ داۋا قىلغان، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئىجتىھاد، دەپ ئويلىغان، يېڭىچە قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ، ئۆزلىرىنى ئىجتىھادچى ئىماملار بىلەن بەسلىشىشكە، دىندا خۇددى مەزھەب ئىگىلىرى ئىجتىھاد قىلغاندەك ئىجتىھاد قىلىشقا ھەقلىق كىشىلەر قىلماقچى بولغان، ئۆزلىرىنىڭمۇ ياردەمچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولۇشنى خالايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان يېڭىچە بىر تەشۋىقاتتۇر. تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئېيتقاندا يېڭى بىر بىدئەتتۇر.

يۈزنى ئېچىش بىدئەتچىلىكىگە قىلىنغان بۇ دەۋەت نۇرغۇن ياشلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ زىيالىلار ئارىسىدا راۋاج تاپتى. ئۇ ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ھاۋايى ھەۋەسكە دەل ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن راۋاج تاپتى. ھاۋايى ھەۋەس ھەقىقەتەن كۆڭۈلگە ياقىدۇ. شەھۋەت بىلەن ئاسان چېقىشىپ قالىدۇ. شەھۋەت ھەر بىر ئىنساندا يوشۇرۇنغان ئېنىرگىيەدۇر. شۇڭا بۇ گۇناھكار تەشۋىقاتنى قوبۇل قىلغان، ئۇنى «ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمى ۋە الله نىڭ نۇرلۇق شەرىئىتى» دەپ دەلىل قىلىش بىلەن ئەمەللەشتۈرۈشكە ئالدىرىغان كىشىلەرنى كۆرگەنلىكىمىز ياكى ئاڭلىغانلىقىمىز ھېچ ھەيران قالارلىق ئەمەس.

ئۇلار: «بۇ ھەقىقەتەن قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك. الله تائالا غالىپ كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمان ئاياللارنى بۇيرۇغان شەرىئەت بەلگىلىمىسىدىكى ھىجابقا ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلار بۇ داۋاسى بىلەن ئىلىمنى يوشۇرغانلىق گۇناھىدىن قۇتۇلماقچىق بولىدۇ. ﴿بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا الله لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ): لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾[1].

[1] سۈرە بەقەرە، 159 ـ ئايەت.

ئۇلار بۇ گۇناھتىن قانداق قۇتۇلدىغانلىقىنى مەن بىلمەيدۇ قالدىم. ھالبۇكى، ئۇلار ئاياللارنى يۈزلىرىدىن چۈمپەردىلەرنى ئېلىپ تاشلاشقا، كىشىنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان، ھاۋايى ھەۋەس ئۇتىنى تۇتاشتۇرىدىغان، بۇزۇقچىلىق، پىتنە - پاسات ۋە گۇناھ ئىشلار ماختىلىدىغان جەمئىيەتتە چىرايلىق جايلىرىنى ئاشكارىلاشقا دەۋەت قىلىدۇ.

كاشكى، ئەنە شۇ جەدىدچىلەر دەۋەتلىرىنى ئىسلام دىنى تەلىم تەربىيىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھىجابلىرىنى سېلىۋەتكەن، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىققان يالىڭاچ ئاياللارغا قارىتىپ، ئۇلارنى پەردىلىنىشكە، ھايا قىلىشقا ۋە اللہ تائالا بۇيرۇغان شەكىلدە چۈمپەردە كىيىشكە دەۋەت قىلغان ۋە ئۇلارغا: يۈز بىلەن ئىككى ئالقاننىڭ ئىشىدا كەڭچىلىك بولۇپ، سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارنى يېپىپ، يۈزۈڭلارنى ئېچىش ئىمكانى بار دېگەن بولسا، ئەلۋەتتە سۆزلەر يېنىك بولغان، ئىشلار ئاسانغا توختىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەۋىتى قوبۇل قىلىنغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنى ھېكمەتلىك ئۇسلۇب بىلەن تەدرىجى يولغا قويۇش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار اللہ تائالانىڭ ھىجابلىنىشقا بۇيرۇغىغا ئاساسەن ھىجابلانغان، ھايالىق مۆمىن ئاياللارنى دەۋەت قىلىپ، ئۇلارغا يۈزلىرىنى ئېچىشنى، ھايا قىلىشتىن ۋە ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن ۋاز كېچىشنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. يۈز ئەۋرەت ئەمەس، دېگەن نەرسىنى دەلىل قىلىپ، ئۇلارنى قۇرئانغا ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈمپەردىنى تاشلاشقا تەشۋىق قىلىدۇ.

شۇ تاپتا مېنىڭ ئەقلىمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىققان غازاتلارنىڭ بىرىدە ئوغلى شېھىت بولۇپ كەتكەن مۇنداق بىر مۆمىن ئايالنىڭ قىسسىسى كېلىۋاتىدۇ: ئۇ ئايال ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئوغلىنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ چۈمپەردىلىك ئىدى. ئادەملەر ئۇنىڭغا: «سىز چۈمپەردىلىك تۇرۇپ ئۇنى ئىزدەۋاتامسىز؟» دەيدۇ. ئايال ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: مەن بالامدىن ۋاز كەچسەم كېچەمەنكى، ھايادىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن.

اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەرلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن، اللہ ساقلىغانلاردىن باشقا ياشلىرى پاسىقلىشىپ كەتكەن، بۇزۇقچىلىق، گۇناھ مەسىيەت ۋە پىتنە - پاساتلار كۆپىيىپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر ئەسىردە مۇسۇلمان ئاياللارنى دىنىنىڭ نامى بىلەن يۈزنى ئېچىشقا دەۋەت قىلىدىغان، ئۇلارغا چۈمپەردىنى تاشلاشنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان ئەنە شۇ كىشىلەرگە ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارغا ھەيرانمەن.

بىز يېقىنقى ئەسىر ئىجتىھاد ئىماملىرى بولغان ئەنە شۇ جەدىدچىلەرگە: بولدى قىلىڭلار، سىلەر ئىجتىھادنى خاتا قىلدىڭلار، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ توغرا ھەم ساغلام چۈشەنچىسىنى يوشۇردۇڭلار دەپ جاكارلايمىز. بىز ئۇلارغا ئەقلىي ۋە شەرئىي مەنتىقە بىلەن خىتاب قىلىمىز. ئۇ ئىككىسى يېتەرلىك دەلىل - پاكىتتۇر.

يۈزنى ئەۋرەت ئەمەس دېگەن فىقھىشۇناسلار پىتنە ـ پاساتچىلىقتىن ئەمىن بولۇشنى شەرت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «يۈز ئەۋرەت ئەمەس، لېكىن پىتنە چىقىش خەۋپى بولسا يۈزنى ئېچىش ھارامدۇر.» بۇ زامانغا ئوخشاش دەۋردە پىتنىدىن ئەمىن بولغىلى بولامدۇ؟

ئىسلام دىنى ئاياللارغا پىتنە چىقىش خەۋپى بولسا نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئەۋرەتلىرىدىن بىرەر ئەزانى ئېچىشنى ھارام قىلدى. ئىسلام دىنى ئاياللارنى چاچلىرىنى ۋە پۇتلىرىنى يېپىشقا بۇيرۇسۇن يۇ، ئۇلارغا يۈزلىرىنى ۋە قوللىرىنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلامدۇ؟ يۈز چوڭراق پىتنە قوزغامدۇ ياكى پۇتمۇ؟ ئى ئىنسانلار! ئەقىللىق بولۇڭلار، كىشىلەرگە دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى خاتا ئۆگەتمەڭلار. ئىسلام دىنى ئاياللارنى پۇتلىرىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قېلىپ ئەرلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قويماسلىقى ياكى زىننەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاياقلىرىنى يەرگە ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلمىغان ئىكەن يۇ، ئەسلى گۈزەل ۋە پىتنىنىڭ مەنبەسى بولغان ھەمدە خەتەر ئىمكانى تۇغدۇرىدىغان ئورۇن يۈزنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلامدۇ؟

### ئەللامە مەۋدۇدىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى

مەن سۆزۈمنى ئەللامە ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ «سۈرە نۇر» ناملىق تەپسىرىدە بايان قىلغان سۆزلىرى بىلەن تۈگىتىمەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتتىكى ﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرى﴾ دېگەن بۇ جۈملە ئاياللارنىڭ بۇ زىننەتلىرىنى قەستەن ئاشكارىلاشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، قەستەنلىك بولماستىن ئېچىلىپ قالغان ياكى ئۆزلىكىدىن ئاشكارا بولغان، يوشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان زىننەتلەردە الله تائالانىڭ ئۇلارنى جازالىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاياللارنىڭ ئىچكى كىيىملىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان تاشقى كىيىملىرىنى ئالساق، ئۇنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئۇمۇ ئاياللارنىڭ ئۇستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر ھالدا كۆزنى جەلب قىلىدىغان نەرسىدۇر. مانا بۇ مەنىلەرنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ھەسەن بەسرى ئىپادىلىگەن.

ئەمما ﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرى﴾ دېگەن بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى ھەققىدە باشقىلارنىڭ بەرگەن چۈشەنچىسىگە كەلسەك، ئۇلار ئۇنى ئىنسان ئادەتتە ئاشكارا قىلىپ ئادەتلەنگەن نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلار بۇ چۈشەنچىگە ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى ۋە ئالقانلىرىنى ئۇنىڭدا بار زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ كىرگۈزىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاياللارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك ۋە سۈرمىلەرنى ئىشلىتىپ ياسىنىشى، قوللىرىغا خېنە قويۇشى، ئۈزۈك سېلىشى، بىلەيزۈك تاقىشى، ئاندىن كىشىلەر ئالدىدا يۈزلىرى ۋە ئالقانلىرى ئوچۇق ھالدا مېڭىشى دۇرۇس بولىدىكەن.

ئەمما بىز لۇغەتنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپىغا تايانساق، ﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرى﴾ دېگەن بۇ جۈملىدىن ئۇلار چۈشەنگەن مەنىنى چۈشەنمىكىمىز ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ ئۆزلىكىدىن ئاشكارىلىنىپ قېلىشى بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئۇنى قەستەن ئاشكارىلىشى ئارىسىدا پەرق ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئۇ ھېچكىمگە مەخپىي

قالمايدۇ. قۇرئان كەرىم بولسا ئاياللارنى زىننەتلىرىنى ئاشكارىلاشتىن توسىدۇ، مەقسەتلىك بولماستىن ئاشكارىلىنىپ قالغان نەرسىگە رۇخسەت بېرىدۇ. بۇ رۇخسەتنىڭ چېگرىسىنى قەستەنلىك بىلەن ئاشكارىلاش چېگرىسىغا كېڭەيتىش قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئاياللارنىڭ نامەھرەم ئەرلەرگە يۈزلىرى ئوچۇق ھالدا كۆرۈنمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە خىلاپتۇر. ھىجاب ھەققىدىكى بۇيرۇق يۈزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چۈمپەردە بولسا ئېھرامدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاياللارنىڭ كىيىملىرىدىن بىر پارچىسى قىلىنغان ئىدى.

مەن ھەيران قېلىۋاتىمەنكى، ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى ۋە ئالقانلىرىنى نامەھرەم ئەرلەرگە ئېچىشقا رۇخسەت قىلغان ئەنە شۇ كىشىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىڭ ۋە ئالقانلىرىنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىنى دەلىل قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھىجابلىنىش بىلەن ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئەۋرەتنى مەھرەملىرى بولغان ئەرلەرگىمۇ ئاشكارىلاش دۇرۇس ئەمەس. ئەمما ھىجاب بولسا ئەۋرەتنى ياپقان كىيىمنىڭ ئۈستىنى ياپىدىغان نەرسىدۇر.»[1]

[1] ئۇستاز ئەبۇ ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ «سۈرە نۇر» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

# توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، پاھىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَأَنكِحُواْ ٱلۡأَيَـٰمَىٰ مِنكُمۡ وَٱلصَّـٰلِحِينَ مِنۡ عِبَادِكُمۡ وَإِمَآئِكُمۡۚ إِن يَكُونُواْ فُقَرَآءَ يُغۡنِهِمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿٣٢﴾ وَلۡيَسۡتَعۡفِفِ ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغۡنِيَهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَٱلَّذِينَ يَبۡتَغُونَ ٱلۡكِتَـٰبَ مِمَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَـٰنُكُمۡ فَكَاتِبُوهُمۡ إِنۡ عَلِمۡتُمۡ فِيهِمۡ خَيۡرٗاۖ وَءَاتُوهُم مِّن مَّالِ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ ءَاتَىٰكُمۡۚ وَلَا تُكۡرِهُواْ فَتَيَـٰتِكُمۡ عَلَى ٱلۡبِغَآءِ إِنۡ أَرَدۡنَ تَحَصُّنٗا لِّتَبۡتَغُواْ عَرَضَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَمَن يُكۡرِههُّنَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ مِنۢ بَعۡدِ إِكۡرَٰهِهِنَّ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٣﴾ وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ ءَايَـٰتٖ مُّبَيِّنَـٰتٖ وَمَثَلٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِكُمۡ وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٣٤﴾﴾

﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ، الله نىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، الله بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىلگۈچىدۇر. ئۆيلىنەلمەيدىغانلار الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـــ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال ـــ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ). (ئى مۆمىنلەر!) بىز سىلەرگە روشەن ئايەتلەرنى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن مىساللارنى ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى شەك ـ شۈبھىسىز نازىل قىلدۇق﴾.

ـ سۈرە نۇر 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ، ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

ٱلۡأَيَـٰمَىٰ: (بويتاق)، بۇ سۆز «ئەيىيم» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن تۇرمۇشقا چىقمىغان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بويتاق ئەر ۋە تۇل ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن بويتاق قېلىشتىن پاناھ تىلىگەن. ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن ئايەتكە ئەر ـ ئايال، قىز ـ چوكان ۋە يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

عِبَادِكُمۡ: (قۇل)، بۇ سۆز قۇل ۋە چاكارلارنى كۆرسىتىدۇ.

وَٰسِعٌ: (كەڭدۇر)، بۇ سۆز، الله بايدۇر، كەڭ بايلىق ئىگىسىدۇر، بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، الله ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

عَلِيمٌ: (بىلگۈچىدۇر)، بۇ سۆز، الله ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇلار ئۈچۈن تەقسىم قىلغان رىزقىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَلۡيَسۡتَعۡفِفِ: (ئىپپەتلىك تۇتسۇن)، بۇ سۆز ئىپپەتلىك بولۇشنى تىلەش مەنىسىدە كېلىدۇ. بىر ھەدىستە: «كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن، الله ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ» دېيىلگەن.

ٱلۡكِتَـٰبَ: (توختام تۈزۈشنى)، بۇ سۆز توختاملىشىش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم قۇلىغا: مەن سەن بىلەن مىلك دەرھەمگە توختاملاشتىم دېسە، ئاندىن قۇل ئۇ مىلك دەرھەمنى ئۆتىسە، ئازاد بولۇپ كېتىدۇ.»①

توختاملىشىش ئىككى ئادەم ئارىسىدا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ خوجايىن بىلەن قۇلنىڭ ئارىسىدىكى توختامنامە بولۇپ، قۇل ئۆزىنى خوجايىنىنىڭ ئازاد قىلىۋېتىشى ئۈچۈن خوجايىنىغا مەلۇم مىقداردا پۇل ـ مال بېرىشكە توختام تۈزىشىدۇ. بۇ ئىسلامىي سۆز بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەر ئۇنى بىلمەيتتى. بۇنى ئەللامە ئىبنى ھەجەر ئەسكەرتىپ ئۆتكەن②.

خَيۡرًاۖ: (سەداقىتىنى)، بۇ سۆز پۇل ـ مال مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ: ﴿ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ

① ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 188 ـ بەت.
② ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 152 ـ بەت.

www.munber.org

ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى﴾[1]، ﴿ئىنسان پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر﴾[2].

ئۇ سۆز يەنە ياخشى ئىشلار مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتتە ياخشى، ئامانەتدار ۋە ۋاپادار، دېگەن مەنىدە كەلگەن يەنى ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئامانەتدار ۋە ۋاپادار ئىكەنلىكىنى بايقىساڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشى ئۈچۈن توختام تۈزۈڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

فَتَيَـٰتِكُمْ: (چۆرۈلىرىڭلار)، ئۇ «فەتات» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، دېدەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ٱلْبِغَآءِ: (پاھىشىغا)، ئۇ، سۆز تومۇرى بولۇپ، خوتۇن كىشىنىڭ يولدىن چىققانلىقىنى ۋە زىنا قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئاياللارنىڭ زىنا قىلغانلىقىنىلا بىلدۈرىدىغان خاس سۆزدۇر. شۇڭا ئۇ زىنا قىلغان ئەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئايەتتە دېدەكلەرنى زىنا قىلىشقا زورلاش مەنىسىدە كەلگەن. بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنادىن تاپقان پۇلنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان.

تَحَصُّنًا: (ئىپپەتلىك بولۇشنى)، بۇ سۆز ئىپپەتلىك بولماق، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

عَرَضَ ٱلْحَيَوٰةِ: (بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى)، بۇ سۆز دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئازغىنا مېلى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ءَايَـٰتٍ مُّبَيِّنَـٰتٍ: (روشەن ئايەتلەرنى)، بۇ سۆز بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللّٰه نىڭ ھېكمەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان روشەن ئايەتلەر، پارلاق پاكىتلار، ئوچۇق ئاشكارا دەلىللەر، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۆز بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان ئايەتلەرنى، مەنىلىرى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئەھكام ۋە جازا بەلگىلىمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.»

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز اللّٰه تائالا ياشلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشقا، ھۆر ئەر ـ ئاياللارنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ئىچىڭلاردىكى بويتاق قالغان ھۆر ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى، قۇللىرىڭلار، دېدەكلىرىڭلار ئىچىدىكى ياخشىلارنى ۋە تەقۋادارلارنى ئۆيلۈك قىلىپ قويۇڭلار. ﴿ئەگەر﴾ سىلەر بېشىنى ئوڭلاپ قويغان بۇ كىشىلەر كەمبەغەل ۋە يوقسۇز بولسا، اللّٰه تائالا ئۇلارنى ﴿ئۆز كەرىمى بىلەن﴾ باي قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ يوقسۇزلىقى سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئۆيلۈك قىلىپ قويۇشۇڭلارغا

[1] سۈرە بەقەرە، 180 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئادىيات، 8 ـ ئايەت.

تۇسالغۇ بولمىسۇن. الله نىڭ پەزلى - مەرھەمىتى ناھايىتى كەڭدۇر، ئۇ ناھايىتى سېخىدۇر، ناھايىتى مەردتۇر، بەندىلىرى ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىگە كەڭ رىزىق بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋە ئەھۋاللىرى ھەرگىز مەخپىي قالمايدۇ.

ئاندىن الله تائالا ماددى سەۋەبلەر ياكى ئىجتىمائىي جازالار تۈپەيلى ﴿ئۆيلىنەلمەيدىغان﴾ يەنى ئۆيلىنىش يوللىرى ئاسانلاشمىغان ياشلارنى پاھىشىدىن ساقلىنىپ ئىپپەتلىك بولۇشقا، ﴿الله﴾ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە ۋە ئۆيلىنىش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىچە، الله ھارام قىلغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر بەندە الله دىن قورقسا، الله ئۇنىڭغا ئاسانلىق ۋە چىقىش يولى قىلىپ بېرىدۇ. ﴿كىمكى الله دىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ﴾[1]. شۇنداقلا الله تائالا خوجايىنلارنى ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشنى خالايدىغان قۇللار بىلەن توختام تۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇلارنى قۇللىرىنىڭ پۇل - مال بېرىش بەدىلىگە ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىش نىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى دېدەكلىرىنى ﴿پاھىشىغا﴾ مەجبۇرلاشتىن توسىدۇ. چۈنكى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇ دۇنيانىڭ پۇل - پۇچەكلىرىنى توپلاش ئۈچۈن، پاھىشە كۆكى ئارقىلىق ئازغىنا مال - دۇنيادىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن دېدەكلىرىنى پاھىشىغا زورلاشتەك ئەنە شۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلاتتى.

ئاندىن الله تائالا دېدەكلىرىنى پاھىشە قىلىپ پۇل تېپىشقا زورلىغۇچى زالىملارنى، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدىغانلىقى، كەلگۈسىدە ئۇلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقى بىلەن قورقىتىدۇ. زىنا قىلىشقا زورلانغۇچى دېدەكلەرنى كەچۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇ رەزىل ئىشنى ئۆزلىكىدىن ۋە ئىختىيارى ھالدا قىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارنى شۇ ئىشقا مەجبۇرلىغانلارغا بولىدۇ.

ئاندىن الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا روشەن ئايەتلەرنى، تەپسىلى بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى ۋە جازا بەلگىلىمىلىرىنى نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ ئايەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە بارلىق مەنپەئەتلىرى شۇ ئايەتلەرگە مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، الله تائالا ئۇلارنى پارلاق يول ئۈستىگە يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى، ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا مىساللارنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ﴾[2].

[1] سۈرە تالاق، 4 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇد، 117 - ئايەت.

www.munber.org

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىمام سۇيۇتى ئابدۇللاھ ئىبنى سۇبەيھنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ھۇۋەيتەب ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ قۇلى ئىدىم. مەن ئۇنىڭدىن پۇل بېرىپ ئازاد بولۇشۇم ئۈچۈن توختاملىشىشنى تەلەپ قىلدىم. بىراق ئۇ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـــ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[1]

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ۋەقەنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «نەتىجىدە ھۇۋەيتەب قۇلى بىلەن يۈز تىللاغا توختاملاشتى ۋە ئۇنىڭغا ئۇ يۈز تىللادىن 20 تىللانى ھەدىيە قىلدى. كېيىن ئۇنىڭ قۇلى توختاملاشقان بۇ پۇلنى ئادا قىلدى. ھۇۋەيتەب ھۇنەين ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتتى.»

2 ـ ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمدا جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ مۇسەيكە ۋە ئۇمەيمە ئىسىملىك ئىككى دېدىكى بار ئىدى. ئۇ ئۇلارنى پاھىشە قىلىپ پۇل تېپىشقا زورلىغان ئىكەن. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ.»[2]

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي ئۇ ئىككى دېدىكىنى پاھىشە قىلىپ پۇل تېپىشقا زورلاپ ئۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى: ئەگەر بۇ ياخشى ئىش بولسا، بىز ئۇنى چوقۇم كۆپ قىلىمىز، ئەگەر ئۇ يامان ئىش بولسا، بىز ئۇچۇن ئۇنى تاشلايدىغان ۋاقىت چوقۇم كەلدى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايەت نازىل بولىدۇ[3].

3 ـ ئىبنى جەرىر، مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاز بىر قىسىم كىشىلەر دېدەكلىرىنى پاھىشە قىلىپ پۇل تېپىشقا بۇيرۇيتتى. ئۇلار پاھىشە قىلىپ پۇل تېپىپ كېلەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ پاھىشە قىلىدىغان بىر دېدىكى بار ئىدى. كېيىن ئۇ پاھىشە قىلىشنى يامان كۆرۈپ، ئۇنداق قىلماسلىققا قەسەم ئىچتى. ئاندىن ئۇنىڭ خوجايىنلىرى ئۇنى پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئاخىرى ئۇ بېرىپ بىر يېشىل تون بەدىلىگە پاھىشە قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 190 ـ بەت.
[2] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 44 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 144 ـ بەت.

چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴿ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[1]

مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مۇئازە، مۇسەيكە، ئۇمەيمە، قەتىيلە، ئۇمرە ۋە ئۇرۇۋا ئىسىملىك ئالتە دېدەك ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ دېدەكلىرى ئىدى[2]. بۇ ئۇلاردىن مال ئۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى پاھىشە قىلىشقا بۇيرۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.

بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى دېدەكلىرىنى پۇل تېپىش ئۈچۈن پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان ئادەمنىڭ مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

اللە تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى پاھىشىدىن ئىبارەت كىشىنى ھالاك قىلىدىغان بۇ ئېغىر جىنايەتنى ئىشلەشتىن قاتتىق قورقۇتۇپ، ئۇلارنى زىنا قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭ يىراق ـ يېقىن سەۋەبلىرى بولغان نامەھرەم ئاياللارغا قاراش، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇش، ئەۋرەتلەرنى ئېچىش، زىننەتلەرنى ئاشكارىلاش، ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشتىن، شۇنىڭدەك ئەخلاقسىزلىقنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە خەتەرلىك ئىشلارغا گىرىپتار قىلىدىغان بارلىق ناشايان ئىشلارنى قىلىشتىن قەتئىي توسىدۇ.

بۇ ئايەتلەردە بولسا اللە تائالا مۆمىنلەرنى ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئۆيلىنىدىغانلارغا ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۆيلىنىش ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر. بۇ مۆمىننى زىنادىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۇنى زىنانىڭ گۇناھلىرىدىن يىراق قىلىدۇ. ئۆيلىنىش ئىنسانلىقنى ساقلاپ قېلىش ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يىگانە يولدۇر. شۇڭا بۇ ئايەتلەر ياش قىز ـ يىگىتلەرنى تويي قىلىش يولى ئارقىلىق ئىپپەتلىرىنى ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. تويي قىلىش يولىغا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى، مەيلى ئۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولسۇن، مەيلى باشقا قىيىنچىلىق بولسۇن، مۇۋاپىق شەكىلدە ھەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دەل مانا مۇشۇدۇر.

[1] «فەتھۇل بەيان» ناملىق كىتاب، 6 ـ جىلد، 636 ـ بەت.
[2] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 134 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 38 ـ بەت.

www.munber.org

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ۋە ياخشى قول ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ﴾ دېگەن سۆزى ئىنساندىكى تەقۋادارلىقنىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ قەدىر قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان بايلىقى ياكى ئابرۇيى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىشكە لايىق ئەمەس، ئۇ پەقەت دىندار ۋە ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىشكە لايىق. اللە تائالامۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[1].

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن: بۇ ئايەتتە نېمىشقا ياخشى قول ۋە ياخشى چۆرىلەر خاس قىلىندى دېسەڭ، مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: ئۇلارنىڭ دىنىنى قوغدىشى ۋە ياخشى سۈپەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن شۇنداق دېيىلدى. چۈنكى، خوجايىنلار ياخشى قۇللارغىلا شەپقەت كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش ۋە شەخسىي خىزمەتلىرىگە سېلىشتا ئەۋلادلىرىنىڭ ئورنىدا كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ياخشىلىق قىلىنىشقا ۋە كۆڭۈل بۆلۈنۈشكە تەۋسىيە قىلىنىشقا لايىق كىشىلەردۇر. ئەمما يامان ئىشلارنى قىلىدىغان قۇللارغا كەلسەك، خوجايىنلار ئۇلارغا يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلىدۇ.»[2]

2 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، اللە ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدە ئۆيلىنىش يولىغا ماڭغان ۋە ئۆيلىنىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاشنى كۆزلىگەن كىشىنى اللە تائالانىڭ باي قىلىدىغانلىقى اللە تائالا تەرىپىدىن ۋەدە قىلىنغان. خېلى كۆپ ساھابىلارنىڭ بۇ ئايەتنى شۇنداق چۈشەنگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئەبۇ بەكرى: «اللە نىڭ سىلەرنى ئۆيلىنىشكە بۇيرۇغان بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، اللە سىلەرگە ۋەدە قىلغان بايلىقنى سىلەرگە ئاتا قىلسۇن» دېگەن. ئۆمەر بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ: «ئۆيلىنىش ئارقىلىق رىزىق تەلەپ قىلىڭلار» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئەگەر بىرى: بىز نۇرغۇن كەمبەغەللەرنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنمۇ كەمبەغەل ھالەتتە ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى، باي بولالمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز، شۇنداقلا توي قىلغاندىن كېيىن كەمبەغەللىشىپ كەتكەن بايلارنىمۇ كۆرىمىزغۇ؟ دېسە، بىز بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: بۇ يەردە ”اللە نىڭ خالىشى“ شەرت قىلىنغان. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە قەسەس، 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 186 ـ بەت.
[3] سۈرە تەۋبە، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللہ تائالانىڭ مەزكۇر ئايەتنى «اللہ نىڭ كەرەمى كەڭدۇر، اللہ بەندىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغۇچىدۇر» دېمەستىن، ﴿اللہ نىڭ (كەرىمى) كەڭدۇر، اللہ بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىلگۈچىدۇر﴾ دەپ تۈگىتىشىمۇ بۇ ۋەدىنىڭ اللہ نىڭ خالىشى بىلەن شەرت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ، اللہ تائالانىڭ بەندىلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ھېكمەت ۋە پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىغانلىقىنى، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بەندىلىرىم ئىچىدە پەقەت كەمبەغەللىك پايدىلىق بولغان كىشىلەر بار. ئەگەر مەن ئۇلارنى باي قىلىۋەتسەم، ئۇلارنىڭ ھالى ئەلۋەتتە بۇزۇلىدۇ.» بايلىق بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ ئارىسىنى باغلايدىغان بۇ ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بەزى كىشىلەر ئەۋلادلار ۋە پەرزەنتلەر چوقۇم كەمبەغەللىككە سەۋەب بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بولماسلىقى چوقۇم مال ـ دۇنيانىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دەپ خىيال قىلىشىدۇ. شۇڭا اللہ تائالانىڭ بەندىلەرنى گەرچە بالا ـ چاقىلىرى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ باي قىلىشقا، ئۆيدە بويتاق ئولتۇرغان تەقدىردىمۇ كەمبەغەل قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىغا ئۆيلىنىشنىڭ ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ باي بولۇشىغا بويتاقلىقىنىڭمۇ ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بۇ قالاق خام ـ خىياللارنى ۋە ئەندىشىلەرنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈۋېتىش مەقسەت قىلىنغان. اللہ ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر. اللہ نىڭ قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر. اللہ: ﴿كىمكى اللہ دىن قورقىدىكەن، اللہ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اللہ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ﴾[1] دەپ تولىمۇ راست ئېيتقان.

3 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۆيلىنەلمەيدىغانلار اللہ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾ دېگەن سۆزى ئۆيلىنىش ئىشى مۇيەسسەر بولمىغان ياشلارنى اللہ ئۇلارغا ئۆيلىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بەرگىچە ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتۇشقا چاقىرىدۇ.

4 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە اللہ ئاتا قىلغان مال ــ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنە بولۇپ، بايلارنىڭ قوللىرىدىكى مال ـ مۈلكلەرنىڭ ئۇلاردا قويۇلغان ئامانەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن اللہ ئۇلارنى ئۇنىڭغا ئىگە قىلغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ. ﴿اللہ سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار﴾[2]. دېمەك، بايلىقتا ھەقىقىي ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ دۇر. باي ئادەم بايلىقتا ئەمەلىيەتتە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى بايلىق ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت قويۇلغان بولۇپ، ئۇ پەقەت ئامانەتداردۇر.

[1] سۈرە تەلاق، 2 ــ 3 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھەدىد، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا﴾ دېگەن سۆزى قىستۇرما جۈملە بولۇپ، بۇ رەزىل جىنايەتنى ئىشلىگەن ۋە چۆرىلىرىنى بۇ جىنايەتكە مەجبۇرلىغان خوجايىنلارنىڭ نەقەدەر پەسكەش، نەقەدەر رەزىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە دېدەك يامان ئىشقا مايىل بولسا، ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇنى ئىپپەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىشى لازىم ئىدى. ئەمما خوجايىنىنىڭ دېدەكنى پاھىشە قىلىشقا دەۋەت قىلىشى، دېدەكنىڭ ئۇ ئىشنى رەت قىلىشى، ئۇنى قىلىشقا ئۇنىماسلىقى ۋە ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىشى خوجايىنىنىڭ ئۇچىغا چىققان پەسكەش ھەم رەزىل ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە دېدەك خوجايىنىدىن ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىپپەتلىك بولۇشنى پاھىشە قىلىشتىن ئارتۇق كۆرگەن. شۇڭا ئۇ خوجايىنىدىن شەرەپلىك ۋە پاك ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «كىچىككىنە ۋىجدانى بار ئادەم دېدىكىنى پاھىشە قىلىشقا بۇيرۇش ياكى مەجبۇرلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ مۇنداق ئىشنى قىلىپ قېلىشىغا رازى بولمايدۇ. بولۇپمۇ، دېدەك ئىپپەتلىك بولۇشنى خالاپ تۇرسا، ئۇنى ھەرگىز شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمايدۇ. دېمەك، ئۇ قىستۇرما جۈملە شەرتلىك مەنىنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى قەبىھ ۋە رەزىل ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. سەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساڭ، بۇنىڭ ناھايىتى نازۇك ۋە ئىنچىكە مەسىلە ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.»[1]

6 ـ الله تائالانىڭ: ﴿بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ﴾ دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ پۈچەك ۋە ھاقارەتلىك ئىشنى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىنسان ئېرىشكەن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك نەرسە يۈز ـ ئابروي ۋە شان ـ شەرەپتۇر. ئۇلار مانا بۇ قىممەتلىك نەرسىنى ئاز ۋە پۈچەك نەرسىنىڭ بەدىلىگە تەقدىم قىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئىپلاسلىق، نېمىدېگەن پەسكەشلىك ـ ھە!

7 ـ الله تائالانىڭ: ﴿مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇ مەغپىرەت ۋە رەھمەت پەقەت مەجبۇرلانغۇچى دېدەكلەرگىلا خاستۇر. ئەمما مەجبۇرلىغۇچىلار بولسا، لەنەتكە ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ھەسەن بەسرى بۇ ئايەتنى ئوقۇسا: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ھۆكۈم چۆرىلەرگە خاستۇر، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ھۆكۈم چۆرىلەرگە خاستۇر يەنى الله ئايالالارنى پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئەنە شۇ گۇناھكارلارغا ئەمەس، زورلانغۇچى ئايالالارغا مەغپىرەت قىلىدۇ» دەيتتى.

چۆرىلەرنىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. پاھىشە قىلغانلىقىنىڭ گۇناھى بولسا

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 58 ـ بەت.

مەجبۇرلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ: ئەگەر مەجبۇرلىغۇچىلار تەۋبە قىلىپ، ئۆزلىرىنى تۈزەتسە، بۇ مەغپىرەتكە ۋە رەھمەتكە ئېرىشىدۇ، دېگەن قارىشى بولسا ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاجىز قاراشتۇر.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەغپىرەت بىلەن رەھمەتنى چۈرىلەرگە خاس قىلىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەجبۇرلىغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئىكەنلىكىنى، گويا بۇ مەغپىرەت بىلەن رەھمەت مەجبۇرلىغۇچىلارغا ئەمەس، مەجبۇرلانغۇچى چۆرىلەرگە خاس دېيىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەغپىرەت بىلەن رەھمەتنى مەجبۇرلىغۇچىلارنىڭ تەۋبە قىلىش شەرتى بىلەن ئۇلارغا مۇستەقىل ھالدا دۇرۇس قىلىش ياكى چۆرىلەر بىلەن بىرلىكتە دۇرۇس قىلىش ئايەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ئۇسلۇبىدا جەلب قىلارلىق تىزىلىش رىتىمىغا دەخلى تەرۈز يەتكۈزىدۇ ۋە مەنئى قىلىنغان ئىشقا قورقۇنچ ئىچىدە قاراشنىڭ ئورنىغا يەڭگىل قاراش تۇسىنى بېرىپ قويىدۇ.»[1]

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

### ئايەتتە خىتاب قىلىنغۇچىلار كىملەر؟

بەزى ئۆلىمالار الله تائالانىڭ: ﴿بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ بېشىنى ئوچلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى خىتاب پۈتۈن ئۇممەتكە ئومۇمىيۈزلۈك قارىتىلىدۇ، يەنى ئى مۆمىنلەر! خوتۇنى يوق ھەر ئەرلەرنىڭ، ئېرى يوق ھەر ئاياللارنىڭ بېشىنى ئوچلاپ قويۇڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزىلەر بولسا: بۇ خىتاب مەسئۇل كىشىلەرگە ۋە خوجايىنلارغا قارىتىلىدۇ، يەنى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئادەملەرگە ۋە ئاتىلارغا ئوخشاش ھەر كىشىلەرنىڭ مەسئۇللىرىنى، شۇنداقلا قۇللارغا ۋە چۆرىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان خوجايىنلارنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

يەنە بەزىلەر بولسا: خوتۇن ئالىدىغانلارغا قارىتىلىدۇ، چۈنكى، ئۆيلىنىشكە بۇيرۇلغانلار ئەنە شۇلاردۇر، دەيدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىتاب مەسئۇل كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. خوتۇن ئالىدىغانلارغا قارىتىلىدۇ دېگەنلەرمۇ بار، لېكىن ئاۋۋالقى قاراش توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ خوتۇن ئالىدىغانلارغا قارىتىلسا، ئەلۋەتتە "بېشىڭلارنى ئوچلىۋېلىڭلار" دېگەن بولاتتى.»[2]

---

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 58 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 238 ـ بەت.

www.munber.org

بىزنىڭ ئىختىيار قىلىدىغىنىمىز شۇكى، بۇ بۇيرۇق پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىلىدۇ. ئۇلار توي قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشى، ياشلارنى تۈرمۈشقا چىقىرىشقا، تۈرمۈش قىلىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا دەرھال تىرىششى لازىم. چۈنكى، تۈرمۈش قۇرۇش ئىپپەتلىك ۋە ھايالىق بولۇشنىڭ بىردىن بىر يولىدۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ خىتاب پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىلىدۇ. ئايەتتىكى بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش سۆزى نىكاھىنى قىلىپ قويۇڭلار دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، يۇقىرىدا توختالغىنىمىزدەك، ”بويتاق“ دېگەن سۆز مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن خوتۇنى يوق بارلىق ئەرلەرنى ۋە ئېرى يوق بارلىق ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، چوڭ ئادەمگە ھېچكىم مەسئۇللۇق قىلمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدەك توغرا قاراش شۇكى، بۇ خىتاب پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىلىدۇ. بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش دېگەن سۆز توي قىلىشقا ياردەملىشىش، يېقىندىن يار يۆلەكتە بولۇش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر دىنىغا ۋە ئەخلاقىغا رازى بولىدىغان كىشى سىلەرگە قىز سوراپ كەلسە، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇڭلار. ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر يەر يۈزىدە پىتنە - پاساتچىلىق ۋە ناھايىتى چوڭ بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ.»[①]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### ئۆيلىنىش ۋاجىپمۇ ياكى مۇستەھەبمۇ؟

فىقھشۇناسلار ئۆيلىنىش ھۆكمىدە بىرقانچە خىل قاراشقا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1 - زاھىرىي مەزھەبىدىكىلەر: ئۆيلىنىش ۋاجىپ، ئۆيلەنمىگەن ئىنسان گۇناھكار بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

2 - شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر: ئۆيلىنىش مۇباھتۇر (يەنى قىلسا بولىدىغان ئىشتۇر)، ئۆيلەنمىگەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

3 - مالىكىي، ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەردىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ئۆيلىنىش سۈننەت ۋە مۇستەھەبتۇر، ۋاجىپ ئەمەس دەپ قارايدۇ.

### زاھىرىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئەھلى زاھىرىلەر: الله تەئالانىڭ: ﴿بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى بۇيرۇقتۇر، بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئۆيلىنىش ۋاجىپتۇر، ئۆيلىنىش ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاپ ئىپپەتلىك تۇتۇشنىڭ يولىدۇر، ۋاجىپ تولۇقلىنىدىغان نەرسىنى قىلىش ۋاجىپتۇر، شۇڭا ئۆيلەنمەسلىك گۇناھتۇر، دەپ دەلىل كۆرسىتىدۇ.

---

[①] مەناۋىنىڭ «ئەلجامىئ ئەسسەغىر» ناملىق كىتابىغا ۋە مۇنزىرىنىڭ «ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

سەلەف ئۆلىمالىرى ۋە شەھەر - شەھەرلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرى ئۆيلىنىشنىڭ ۋاجىپ ئەمەس، سۈننەت ئىكەنلىكىگە بىرقانچە دەلىل كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز.

1 - ئەگەر ئۆيلىنىش ۋاجىپ بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەمنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىش ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە سەلەف ئۆلىمالىرىدىن ناھايىتى كەڭ نەقىل قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى ساھابىلارنىڭ زامانىدا تۇرمۇش قۇرمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە تۇرمۇش قۇرماي بويتاق ئۆتكەن ئەر - ئاياللارنىڭ بولۇشى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى رەت قىلماسلىقى تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 - ئەگەر تۇرمۇش قۇرۇش ۋاجىپ بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ۋەلىينىڭ چوكاننى ياتلىق بولۇشقا مەجبۇرلاش ھەققى بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «چوكان رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ياتلىق قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈن چوكاننى مەجبۇرلاپ ياتلىق قىلىش شەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەس.

3 - ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيلىنىشنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، خوجايىنىنىڭ قۇلىنى ۋە دېدەكىنى تۇرمۇش قۇرۇشقا مەجبۇرلىمايدىغانلىقىغا پۈتۈن ئۆلىمالار ئىتتىپاق كەلگەن. مانا بۇ ئۆيلىنىشنىڭ ھەممە ئادەمگە سۈننەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[①]

4 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مېنىڭ دىنىمنى ياخشى كۆرسە، سۈننىتىمگە ئەمەل قىلسۇن. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۆيلىنىشمۇ مېنىڭ سۈننىتىمدىن بىرىدۇر.»[②]

5 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆيۈمچان ۋە تۇغۇمچان خوتۇن ئېلىڭلار، مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن.»[③]

## ئىمام شافىئىينىڭ دەلىلى

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: ئۆيلىنىش مۇباھتۇر، چۈنكى، ئۇ شەھۋەتنى قاندۇرۇش ۋە ھۆزۈرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇ يەپ - ئىچكەنگە ئوخشاش مۇباھ بولىدۇ.

---

[①] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 394 - بەت.
[②] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 394 - بەت.
[③] مۇنزىرىنىڭ «ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

www.munber.org

توغرا قاراش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، «كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، مەندىن (يەنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن) ئەمەس»[1] دېگەن سەھىھ ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيلىنىش سۈننەتتۇر.

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، بۇ ئىختىلاپلار پەقەت ئىنسان ھارام ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگە ئىشەنچ قىلالايدىغان ئادەتتىكى ھالەتلەرگە قارىتىلغان. ئەمما ئۇ زىنا قىلىپ قېلىشتىن قورقسا، ئۇنىڭ ئۆيلىنىشىنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاش ۋە ئىپپەتلىك بولۇش ۋاجىپتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى مۇئەييەنلىشىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالىرىمىز شۇنداق دەيدۇكى، مۆمىنىنىڭ سەۋر قىلالماسلىق ۋە زىناغا گىرىپتار بولۇپ قېلىش ئەندىشىسى بىلەن سەۋر قىلالايدىغانلىق ۋە زىناغا گىرىپتار بولۇپ قېلىش ئەندىشىسىنىڭ يوقلۇقى ئارىسىدىكى ھالىتىنىڭ ھەر خىل بولۇشى سەۋەبىدىن بۇ ھەقتىكى ھۆكۈممۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دىنى ياكى دۇنيالىق جەھەتتە پالاكەتكە يولۇقىشتىن قورقسا، ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ۋاجىپتۇر. كىمكى ئۆيلىنىشكە ئىنتىلسە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىمكانىيەتكە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ خوتۇن ئېلىشى سۈننەتتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىمكانىيىتى بولمىسا، روزا تۇتۇپ بولسىمۇ، ئىمكان قەدەر ئىپپەتلىك بولۇشى لازىم. چۈنكى، بىر سەھىھ ھەدىستە: «روزا ئۇنىڭ شەھۋىتىنى باسىدۇ» دېيىلگەن.»[2]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

ۋەلىينىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىزنى ياتلىق بولۇشقا مەجبۇرلىشى دۇرۇسمۇ؟

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر اللہ تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئاممىباب بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەلىينىڭ بالاغەتكە يەتكەن قىزنى ياتلىق بولۇشقا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن مەجبۇرلاش ھەققى بار. ئەگەر چوكاننىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ياتلىق قىلىنمايدىغانلىقىغا دەلىل بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ۋەلىينىڭ چوكاننىڭمۇ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ياتلىق قىلىش ھەققى بولاتتى.»

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئاياللارغىلا خاس ئەمەس بولۇپ، بۇ ئايەت ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەرلەرنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن ئۆيلەپ قويۇش لازىم بولغان ئىكەن، ئاياللارنىمۇ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن ياتلىق قىلىش لازىم. پەيغەمبەر

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 239 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالام قىزنى ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن ياتلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «قىزنىڭ شۈك تۇرۇشى ئۇنىڭ رۇخسىتىدۇر.»

دېمەك، بالاغەتكە يەتكەن قىزنى پەقەت ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىلا ئاندىن ياتلىق قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ئىسپاتلانغان. يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىدە ئاتىسى رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ياتلىق قىلىۋەتكەن بىر قىزنىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزغا: «ئاتىڭىزنىڭ قىلغان ئىشىغا قوشۇلۇڭ» دەيدۇ.»[1] مانا بۇ ھەدىسمۇ قىزنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

خوتۇن كىشىنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىشى دۇرۇسمۇ؟

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكىلەر خوتۇن كىشىنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقىغا ۋە نىكاھنىڭ ئۇنىڭ سۆزى بىلەن چۈشمەيدىغانلىقىغا (يەنى نىكاھ بولمايدىغانلىقىغا) اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى ۋە: ﴿مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغىچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار﴾[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى ئايەتتىكى دەلىل شۇكى، اللّٰه تائالا ئەرلەرگە خىتاب قىلىپ، ئۆيلەش ۋە ياتلىق قىلىش ئىشىنى ئۇستىلىرىگە ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئەگەر خوتۇن كىشىنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشى دۇرۇس بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ۋەلىيسىنىڭ ۋەلىيلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى، تۇرمۇشقا چىقىشنىڭ نۇرغۇن مەقسەتلىرى بولىدۇ. خوتۇن كىشى بولسا كۆپىنچە ھاللاردا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ جۈپتىنى ياخشى تاللىيالماي قالىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشقا چىقىشتىكى مەقسەتلەر ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە رىئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن خوتۇن كىشىنىڭ نىكاھ ئىشى ئۇنىڭ ۋەلىيسىگە تاپشۇرۇلغان.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ بۇ قارىشى توغرا ۋە كۈچلۈك قاراش بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشقا ئەمەل قىلىدۇ. لېكىن سېنىڭ بىلگىنىڭدەك، ئايەتتىكى خىتابنى پەقەت مەسئۇل كىشىلەرگىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۈممەتكە قارىتىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. يەنى اللّٰه تائالا مۆمىنلەرنى نىكاھ ئىشىغا ياردەم بېرىشكە ۋە يېقىندىن يار يۆلەكتە بولۇشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈشى، تاكى ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدە بىرمۇ ئەر بويتاق، بىرمۇ خوتۇن تۇل قالماسلىقى لازىم. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن نىكاھ ئىشىغا بىۋاستە ئىگە بولۇش ھۆكمى مەزكۇر ئايەتتىن ئېلىنماستىن، باشقا دەلىللەردىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 394 ـ بەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

«نىكاھ پەقەت ۋەلىنىڭ ئىگىدارچىلىقى بىلەن بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزىگە ۋە: «قايسى بىر ئايال ۋەلىسىنىڭ ئىزنىسىز نىكاھ قىلىۋالسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىلدۇر»[2] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش سۈننەتتىكى دەلىللەردىن ئېلىنىشى كېرەك.

ئىمام ئەلۈسى مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قارىشىم شۇكى، ئايەتتىكى بۇيرۇق شەرتسىز تەلەپنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇ پەقەت نىكاھ ئىشىغا ياردەملىشىشنى ۋە ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا نىكاھنىڭ توغرا رەۋىشتە بولۇشى ۋەلىينىڭ بولۇشىغا باغلىق بولۇپ قېلىشى باشقا دەلىللەردىن ئېلىنىدۇ.»[3]

## بەشىنچى ھۆكۈم

هۆر ئەرنىڭ دېدەكنى ئەمرىگە ئېلىشى دۇرۇسمۇ؟

ھەنەفىي مەزھىبىدىكى بەزى ئۆلىمالار الله تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۆر ئەر ھۆر ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە قادىر بولسىمۇ، ئايەتنىڭ ئاممىباب ھۆكمىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ھۆر ئەرنىڭ دېدەكنى ئېلىشى شەرتسىز دۇرۇس بولىدۇ.»

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر بۇ ئايەتتىكى ئاممىبابلىقنى الله تائالانىڭ سۈرە نىسادىكى: ﴿سىلەردىن مۆمىن ئاياللاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن﴾[4] دېگەن سۆزى بىلەن رەت قىلىپ: مانا بۇ ئايەت دېدەكنى ئېلىشتا هۆر ئايالنى ئالالماسلىقنى شەرت قىلىدۇ، بۇ ئايەت بولسا خاسلىق ھۆكمىگە ئىگە، خاس ھۆكۈم ئاممىباب ھۆكۈمنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. شۇڭا ھۆر ئايالنى ئېلىشقا قادىر بولالىغان ئادەمنىڭ دېدەكنى ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ ھەقتىكى تەپسىلى دەلىللەر سۈرە نىسادىكى ئايەت ئۈستىدە توختالغاندا تولۇق بايان قىلىنغان.

## ئالتىنچى ھۆكۈم

خوجايىنىنىڭ قۇلىنى ياكى دېدىكىنى تۇرمۇش قۇرۇشقا مەجبۇرلاش ھەققى بارمۇ؟

ئۆلىمالار الله تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: خوجايىنىنىڭ قۇلىنى ۋە دېدىكىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ رازىلىقىسىز تۇرمۇشقا چىقىرىش ھەققى

---

[1] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام ئەلۈسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 148 ـ بەت.
[4] سۈرە نىسا، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بار، چۈنكى، ئايەت خوجايىنغا ئۇ ئىككىسىنى ئۆيلۈك قىلىش ھەققىنى بەلگىلەپ بەردى، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى شەرت قىلمىدى، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار يەنە بۇ ئايەتتىن قۇل بىلەن دېدەكنىڭ خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ تويى قىلىش ھەققىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدىكى ھۆكۈمنى چىقارغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئەگەر قۇل بىلەن دېدەكنىڭ خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ تويى قىلىشى دۇرۇس بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار خۇجايىنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىدىكى ئىشلىتىش ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «قايسى بىر قۇل خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ تويى قىلسا، ئۇ زىناخور ھېسابلىنىدۇ.»[1]

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار خوجايىنىنىڭ قولىنى ۋە دېدىكىنى تويى قىلىشقا مەجبۇرلاش ھەققى بار، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىفە ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىينىڭمۇ شۇنداقراق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام شافىئىيدىن قىلىنغان باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «خوجايىنىنىڭ قۇلنى تويى قىلىشقا مەجبۇرلاش ھەققى يوق.» ئىبراھىم نەخەئىي مۇنداق دەيدۇ: «خوجايىنلار قۇل ۋە چۆرىلىرىنى تويى قىلىشقا مەجبۇرلايتتى، بىراق تويى قىلىشنىڭ يوللىرىنى توسۇپ قوياتتى.» شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «قۇلمۇ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچىدۇر. شۇڭا ئۇنى تويى قىلىشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغانلىق قۇلنىڭمۇ پۈتۈن ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت قۇللۇق ۋە پايدا - مەنپەئەت جەھەتتىنلا قۇلغا خوجايىن ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز: «قۇلنىڭ ئىگىدارچىلىقى خوجايىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئىچىگە كىرىدۇ. شۇڭا ئۇ خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز تويى قىلسا بولمايدۇ» دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن. نىكاھ ئىشىدا ھەقىقەتەن مەلۇم پايدا - مەنپەئەت كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، قۇلنىڭ مەنپەئەتى خوجايىنىغا تاپشۇرۇلىدۇ.»[2]

## يەتتىنچى ھۆكۈم

### كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن ئەر - خوتۇن ئاجراشتۇرۇۋېتىلەمدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار ﴿ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇنىنى باقالماسلىق بىلەن نىكاھ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى، اللّٰه تائالا كەمبەغەللىكنى تويى قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل قىلماستىن، بەلكى كەمبەغەللەرنىمۇ ئۆيلەپ قويۇشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇلارنى باي قىلىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە قىلدى. كەمبەغەللىك ئۆيلۈك

---

[1] سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرىدىن ئېلىندى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئۇ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 - جىلد، 242 - بەت.

www.munber.org

بولۇشقا دەسلەپتىلا توسالغۇ بولمىغان ئىكەن، تۇتۇپ بولغان ئۆينى داۋاملاشتۇرۇشقا تېخىمۇ توسالغۇ بولمايدۇ.»

نەققاش مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، ئەگەر ئەر كەمبەغەل بولۇپ، خوتۇننى بېقىشقا قادىر بولالمىسا، قازى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئاجراشتۇرۇۋېتىدۇ، دېگۈچىلەرگە قارشى پاكىتتۇر. چۈنكى، الله تائالا: «ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋېتىش لازىم» دېمەستىن، ﴿الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾ دېدى.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ تالاش ـ تارتىش ئاجىزدۇر. بۇ ئايەتتە خوتۇننى باقالمىغان ئادەم ھەققىدە ھۆكۈم يوق. ئۇنىڭدا پەقەت كەمبەغەل تۇرۇپمۇ خوتۇن ئالغان كىشىنى باي قىلىدىغانلىققا ۋەدە بار. ئەمما باي چېغىدا خوتۇن ئېلىپ، كېيىن كەمبەغەل بولۇپ قالغانلىقتىن خوتۇنىنىڭ خىراجىتىنى بەرمىسە، ئۇ ئىككىسى ئاجراشتۇرۇلۇۋېتىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئىككىسى ئۈزۈلۈشۈپ كەتسە، الله ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ﴾[1].

الله نىڭ رىزىق بېرىشىنى ھەر ۋاقىت ئۈمىد قىلىشى لازىم. مەزكۇر ئايەت كەمبەغەللىنىمۇ ئۆيلەپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ: مېنىڭ پۇل ـ مېلىم بولمىسا، مەن قانداقمۇ خوتۇن ئالىمەن؟ دېمەسلىكى كېرەك. رىزىق بېرىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەخش قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن بىر ئايالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىشتىنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بىر ئادەمگە ئېلىپ بەرگەن. ئۇ ئايالنىڭ كېيىن ئېرىنىڭ باقالمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ نىكاھنى بۇزۇش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ ئېرىگە كەمبەغەل ۋاقتىدا تەككەن. ئاجرىتىۋېتىش ئىشى پەقەت خوتۇن ئەرگە ئۇنى باي دەپ تەگسە، ئەر كەمبەغەل چىقىپ قالغان ياكى ئېرى كېيىن كەمبەغەل بولۇپ قالغان ئەھۋالغا قارىتىلىدۇ. چۈنكى، ئاچلىققا سەۋر قىلغىلى بولمايدۇ.»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مەزكۇر ئايەت ئائىلە ئىگىلىرىنى قىزىغا مىجەزى ياخشى، ئەخلاقلىق بىرەر يىگىت تەلەپ قويۇپ كەلسە، تەلەپ قويغۇچى يىگىتنى رەت قىلماسلىققا چاقىرىدۇ. شۇڭا ئۇلار يىگىتنى كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈنلا قايتۇرماسلىقى كېرەك. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پۇل ـ مال بۈگۈن كىرىپ ئەتە چىقىپ كېتىدۇ. الله نىڭ پەزلى كەرىمى ھەممىنى باي قىلىشقا كۇپايە قىلىدۇ. يىگىتمۇ پۇل تېپىۋالاي، ئازراق بولسىمۇ باي بولىۋالاي دەپ، توي قىلىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈۋەتمەسلىكى، بەلكى كىرىمى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ الله قا تەۋەككۈل قىلىپ توي قىلىش ئىشىنى ئالدىغا سۈرۈشى كېرەك. تۇرمۇش قۇرۇش كۆپ ھاللاردا ئىنساننىڭ ياخشىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن پۇل تېپىشقا تېخىمۇ بەك تىرىشىدۇ. الله تائالا ئۆزىنى ھارام

---

① سۈرە نىسا، 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 242 ـ بەت.

يولدىن ئىپپەتلىك تۇتۇشنى خالىغان ئادەمگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. سەھھ بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالاپ تۇرمۇش قۇرغۇچى، ئادا قىلىشنى خالاپ توختام تۈزگۈچى قۇل ۋە الله يولىدا غازاتقا چىققۇچىلاردىن ئىبارەتتۇر.»①

مەزكۇر ئايەتتە كەمبەغەل بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن نىكاھنى بۇزۇشنى ياكى بۇزماسلىقنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق.

### سەككىزىنچى ھۆكۈم

ۋاقتىلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

بەزى ئۆلىمالار ﴿ئۆيلىنەلمەيدىغانلار الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾ دېگەن بۇ ئايىتى كەرىمنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش توغرا بولسا، خوتۇن ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان، بىراق ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئاجىز كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇشى مۇئەييەنلەشمىگەن بولاتتى. بۇ ئايەت مۇشۇنداق ھالەتتە پەقەت ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇشنى يەنى الله ئۆز پەزلىدىن باي قىلىپ، ئۆيلىنەلىگىدەك دەرىجىدە رىزىق ئاتا قىلغۇچە خوتۇن ئالالمىغانلىقىغا سەۋر قىلىشنى بەلگىلىدى. ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇشقا قارىتىلغان بۇ بۇيرۇق قايسى جەھەتتىن بولسۇن قەتئىينەزەر خوتۇن ئېلىشى قىيىن بولغان ھەرقانداق كىشىگە قارىتىلىدۇ. ئەگەر ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش توغرا بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە الله تائالا ئۇنىڭغا بۇيرۇغان بولاتتى.» بۇ ناھايىتى ئىنچىكە دەلىل بولۇپ، ئۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغىن!

### توققۇزىنچى ھۆكۈم

قۇل بىلەن توختاملىشىش ۋاجىپمۇ؟

قۇل بىلەن توختاملىشىشنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى شۇكى، بىر ئادەم قۇلى بىلەن مۇئەييەن مىقداردا مالغا، ئۇنى مۇددەتكە بۆلۈپ ئۆتەش شەرتى بىلەن توختاملىشىدۇ. ئەگەر قۇل ئۇ مالنى تولۇق ئۆتەپ بولسا، الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئازاد بولۇپ كېتىدۇ. توختاملىشىش ئۈچۈن ئىككى ھالەت بولىدۇ:

1 ـ قۇل توختاملىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، خوجايىن قۇلىنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ، ﴿قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار﴾ دېگەن ئايىتى كەرىم كۆرسەتكەن نۇقتىدۇر.

2 ـ قۇل توختاملىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، خوجايىن قۇلىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە فەقىھشۇناسلار ئىككى خىل قاراشتا كەلگەن:

① ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىرىنچى، زاھىرىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قۇل خوجايىنىدىن توختامنىشنى تەلەپ قىلسا، خوجايىنىنىڭ توختاملىشىشى ۋاجىپتۇر.»

ئىككىنچى، كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «خوجايىنىنىڭ قۇلى بىلەن توختاملىششى ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى ياخشى قارالغان بىر ئىشتۇر.»

## زاھىرىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ئەھلى زاھىرىلەر توختاملىششنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە ئايەت ۋە ئەسەر بىلەن دەلىل كەلتۈرىدۇ.

1 ـ ئايەتكە كەلسەك، الله تائالانىڭ: ﴿توختام تۈزۈڭلار﴾ دېگەن سۆزى بۇيرۇقتۇر. بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ ئايەت ھەققەتەن ھۇۋەيتەب ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ سۇبەيھ ئىسىملىك قۇلى ھەققىدە نازىل بولغان.

2 ـ ئەسەرگە كەلسەك، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىيرىين مەندىن توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئۆمەر قېشىمغا قامچىسىنى ئېلىپ كەلدى ۋە الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى ئوقۇپ بەردى. نەتىجىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزدۈم.»

داۋۇد زاھىرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر توختاملىشىش ۋاجىپ بولمىسا ئىدى، ئۆمەر ئەنەسنىڭ قېشىغا قامچىسىنى كۆتۈرۈپ كەلمىگەن بولاتتى.»

ئەتائ، ئىكرىمە، مەسرۇق ۋە زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم قاتارلىق بەزى تابىئىنلارنىڭمۇ مۇشۇ قاراشتا بولغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

## كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى

مالىكىي، ھەنەفىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىدىن ئىبارەت كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار توختام تۈزۈشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكىدەك دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ.

1 ـ الله تائالا توختام تۈزۈشنى قۇللارنىڭ ساداقىتىنى بىلىشكە شەرت قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار﴾ دېمەك، الله تائالا بۇ ئىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئىچكى خاراكتېرغا مۇناسىۋەتلىك ئىشقا باغلىق قىلغان بولۇپ،

قۇلنىڭ ساداقىتىنى خوجايىنىنىڭ بىلىشى شەرتتۇر. ئەگەر قۇل خوجايىنغا: مەن بىلەن توختام تۈزگىن، دېگەن تەلەپنى قىلغاندا، خوجايىن: مەن سېنىڭ ساداقىتىڭنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن دېسە، ھەق خوجايىنىنىڭ بولىدۇ. شۇڭا بۇ، توختام تۈزۈشنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 - بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى پەقەت ئۇ چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ بەرگەندىلا ئاندىن ھالال بولىدۇ.» قۇل بولسا مالدۇر. شۇڭا ئۇ پەقەت خوجايىن رازى بولغاندىلا ئاندىن ئازاد بولىدۇ.

3 - ئۇلار: ئەگەر قۇل خوجايىنىدىن ئۆزىنى باشقا بىرىگە سېتىۋېتىشنى تەلەپ قىلسا، خوجايىنىنىڭ ئۇنى سېتىشى ۋاجىپ بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۇنى سېتىشقا مەجبۇرلانمايدۇ، دېگەن بىرلىككە كەلگەن قاراشنى تۇتقا قىلىپ: توختام تۈزۈشمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ قۇلنى سېتىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ، دەيدۇ.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرى: ئۆمەر توختام تۈزۈشنى ۋاجىپ دەپ قارىمىغان بولسا، ئەنەسنىڭ قېشىغا قامچا كۆتۈرۈپ كەلمىگەن ۋە ئۇنى ئۇرمىغان بولاتتى دېسە، بىز بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇقرالىرىغا كۆيۈمچان ئاتىغا ئوخشاش قارايتتى. شۇڭا ئۇ ئۇلارغا ئەدەپ - ئەخلاق ۋە پايدىلىق ئىشلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى دىندا، گەرچە ۋاجىپ بولمىسىمۇ، ئەڭ ياخشى بولغان ئىشلارغا بۇيرۇيتتى.»[1]

توغرا قاراش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، مەزكۇر ئايەتتىكى بۇيرۇق ۋاجىپ ئۈچۈن ئەمەس، ئەۋزەللىك ۋە ياخشىلىقنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇقتۇر.

### ئونىنچى ھۆكۈم

مال بېرىش ئۈچۈن خىتاب قىلىنغانلار كىم؟ بېرىدىغان مالنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟

تەپسىرشۇناسلار اللہ تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە اللہ ئاتا قىلغان مال ـــ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

بىرىنچى، ئۇ زاكات بېرىش پەرز بولغان بايلارغا قارىتىلغان خىتاب بولۇپ، ئۇلار قۇل ئازاد قىلىش ئۈچۈن بېرىدىغان ئۆلۈشنى توختام تۈزگۈچى قۇللارغا بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئەتائ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ قۇل ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئايرىلغان ئۆلۈش بولۇپ، توختام تۈزگۈچى قۇللارغا شۇنىڭدىن بېرىلىدۇ. يەنى بايلار توختام تۈزگۈچى قۇللارغا زاكات مالدىن بېرىدۇ.»

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 396 - بەت.

www.munber.org

ئىككىنچى، ئۇ خوجايىنلارغا قارىتىلغان خىتاب بولۇپ، ئۇلار توختام تۈزگەن قۇللىرىغا پۈتۈشكەن مالدىن مەلۇم بىر قىسمىنى بېرىشكە بۇيرۇلدى.

ئىككىنچى قاراشنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك. چۈنكى، ئايەتنىڭ مەزمۇنى شۇنى كۆرسەتكەن بولۇپ، خوجايىنلار قۇللىرى بىلەن ئەۋزەل ۋە ياخشى ئىش قىلىش نىيىتىدە توختام تۈزۈشكە بۇيرۇلدى. ئۇلار ھەم قۇللىرىنىڭ ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن توختام تۈزگەن مالدىن بىر قىسمىنى ئۇلارنىڭ گەردىنىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇلدى[1].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، خوجايىنلار قوللىرىدىكى مالدىن قۇللىرىغا بىر نەرسە بېرىش بىلەن ياكى توختام تۈزۈشكەن مالدىن بىر قىسمىنى ئۇلارنىڭ گەردىنىدىن ئۆچۈرۈۋېتىش بىلەن قۇللىرىنىڭ توختام تۈزگەن مالنى تېزراق ئۆتۈشكە ياردەمدە بولۇشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتىلغان بۇيرۇقتۇر.»[2]

فىقھشۇناسلار بۇ مالنى بېرىش ھۆكمىنىڭ ۋاجىپلىقى ياكى ۋاجىپ ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ مىقدارى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

1 ـ شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر: مال بېرىش ۋاجىپتۇر، دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەھمەد توختام تۈزگەن مالنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېرىشنى بېكىتىدۇ. ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ مۇئەييەن مىقداردا بەلگىلەنمىگەن. شۇڭا مال ھېسابلىنىدىغان ئازغىنا نەرسىنى بەرسىمۇ يېتەرلىك بولىدۇ.»

2 ـ مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: مال بېرىش ۋاجىپ ئەمەس. بۇ بۇيرۇق ئەۋزەللىكنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇقتۇر.

## شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال ـــ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇ بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ.

2 ـ ئۇلار يەنە مۇنۇ رىۋايەتنى دەلىل قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەبۇ ئۇمەييە ئىسىملىك بىر قۇلى بىلەن توختام تۈزىدۇ. تۈنجى مۇددەتتە ئۆتەيدىغان ئۆلۈشنىڭ ۋاقتى توشقاندا قۇل تېگىشلىك بولغان ئۆلۈشنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆمەر: ئى ئەبۇ ئۇمەييە! ئۇنى ئېلىپ كېتىپ توختامدىكى قالغان مالنى ئۆتەشكە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن ئىشلەتكىن دەيدۇ، ئۇ: ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! بۇ ياردىمىڭنى ئەڭ ئاخىرقى ئۆلۈشكە قالدۇرساڭچۇ؟ دەيدۇ. ئۆمەر: ئى ئەبۇ ئۇمەييە! مەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي قېلىشىمدىن قورقىمەن، دەيدۇ. ئاندىن: ﴿سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال ـــ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد

---

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 37 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 252 ـ بەت.

قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ.»[①] ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىسلامدا تۇنجى ئۆتەلگەن ئۆلۈش ئىدى.»

## مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: توختام تۈزۈشكە قىلىنغان بۇيرۇق ئەۋزەللىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن تۇرسا، مال بېرىشكە قىلىنغان بۇيرۇق قانداقمۇ ۋاجىپلىق ئۈچۈن بولسۇن؟ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەتتە: ﴿ئۇلار بىلەن توختام تۈزۈڭلار﴾ ۋە: ﴿بىر قىسمىنى ئۇلارغا بېرىڭلار﴾ دەپ، ئىككى بۇيرۇق كەلدى. بۇ ئىككى بۇيرۇق يا ۋاجىپلىقنى يا ئەۋزەللىكنى بىلدۈرۈشى كېرەك.»

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىي بېرىشنى ۋاجىپ دېگەن ئىكەن، توختام تۈزۈش ۋاجىپ دېگەن بولسا، ئەلۋەتتە ياخشى تەرتىپ بولاتتى. لېكىن ئۇ توختام تۈزۈشنى ۋاجىپ ئەمەس، دېدى. بېرىشنى بولسا ۋاجىپ، دېدى. نەتىجىدە ئۇ ئەسلى ھۆكۈمنى ۋاجىپ قىلماي، شاخچە ھۆكۈمنى ۋاجىپ قىلدى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەسىلە ھېچ كۆرۈلمىگەن بولغاچقا، بۇ بىر قۇرۇق دەۋاغا ئايلىنىپ قالىدۇ.»[②]

2 ـ ئۇلار مۇنداق بىر ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «قايسى بىر قۇل يۈز ئۇقىيەگە توختام تۈزۈپ، ھەممىسىنى تۆلەپ پەقەت ئۇنىڭدىن ئون ئۇقىيە قالسا، ئۇ يەنىلا قۇلدۇر.»[③] ئەگەر ئۇنىڭ گەردىنىدىن مەلۇم مىقداردا مالنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋاجىپ بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ گەردىنىدە قالغان ئون ئۇقىيە ساقىت بولغان بولاتتى.

ئۇلار يەنە ئائىشەنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: بەرىرە خوجايىنى بىلەن تۈزگەن توختامنى ئۆتەش ئۈچۈن ئائىشەدىن ياردەم سوراپ كېلىدۇ. ئائىشە ئۇنىڭغا: ئەگەر سىزنىڭ خوجايىنلىرىڭىز قوشۇلسا، مەن ئۇ پۇلنىڭ ھەممىنى ئۇلارغا بېرەي، سىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ماڭا بولسۇنمۇ؟ دەيدۇ. بىراق ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. ئاندىن ئائىشە ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋېتىڭ. كىم ئازاد قىلغان بولسا، ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى شۇنىڭ بولىدۇ» دەيدۇ.

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ”ھەممىسىنى بېرەي“ دېگەن سۆزىنى رەت قىلمىدى، شۇنداقلا: بەرىرە تۈزگەن توختامدىكى مالدىن مەلۇم مىقداردا گەردىنىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىش ھەققىگە ئىگە دېمىدى، ياكى: خوجايىن ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا مال بېرىشى لازىم دېمىدى.»[④]

## ئون بىرىنچى ھۆكۈم

① ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 45 ـ بەت.
② ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 1376 ـ بەت.
③ ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 219 ـ بەت.
④ ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 399 ـ بەت.

www.munber.org

مەجبۇرلاش دېگەن نېمە؟ مەجبۇرلانغان ئەر بىلەن ئايالدىن جازا كۆتۈرۈلەمدۇ؟

اللہ تائالانىڭ: ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئىنسانلارنىڭ گەردىنىدىن تەكلىپنى ساقىت قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بەندە جازاغا تارتىلمايدۇ. گۇناھ مەجبۇرلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. مەجبۇرلاش بولسا، ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالغانغا ئوخشاش جاننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ياكى بىرەر ئەزانى خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان خەۋپ بولسا، ئاندىن مەجبۇرلانغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ قەدەر قورقۇنچ يوق، كىچىككىنە تەھدىت سېلىنسا، مەجبۇرلانغان بولمايدۇ. زىنا قىلىشقا مەجبۇرلاش كۇپۇرلۇقنى بىلدۈرىدىغان سۆزنى قىلىشقا مەجبۇرلاشقا ئوخشاشتۇر. كۇپۇرلۇق ھەققىدە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1].

بەزى تەپسىرشۇناسلار[2] مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا ئىپپەتلىك بولۇشنى خالاشنىڭ ئايال تەرەپتىن بولۇشنى بايان قىلدى، چۈنكى، ئەنە شۇ خالاش مەجبۇرلانغانلىقنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئايالنىڭ زىنا قىلىشقا رىغبىتى بولسا، بۇ ۋاقىتتا مەجبۇرلاشنىڭ يۈز بەرگەنلىكى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى مەجبۇرلاش كۆپىنچە يۈز بېرىدىغان ئەھۋالغا قارىتىلغان. چۈنكى، كۆپىنچە ئەھۋالدا مەجبۇرلاش پەقەت ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغاندىلا ئاندىن يۈز بېرىدۇ.»

توغرىسى ئالدىنقى قاراش بولۇپ، بۇنى تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلىپ كەلگەن بۇ يامان ئىشنى قاتتىق ئەيىبلەش ۋە سۆكۈشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چۆرىلىرى ئىپپەتلىك بولۇشنى خالاپ تۇرسىمۇ ئۇلار ئۇلارنى پاھىشە قىلىپ پۇل تېپىشقا مەجبۇرلايتتى.

فىقھشۇناسلار زىنا قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئەرلەرنىڭ گەدىنىدىن جازا خۇددى ئاياللارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولغاندەك ساقىت بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقان:

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: مەجبۇرلاش ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۈستىدىن جازانى خۇددى گۇناھنى كۆتۈرۈۋەتكەندەك كۆتۈرۈۋېتىدۇ. مەزكۇر ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەرنىڭ ھۆكمىنىڭ ئايالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ: «مېنىڭ

[1] سۈرە نەھل، 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبى، قۇرتۇبى ۋە فەخرۇددىن رازى قاتارلىقلار.

ئۆممىتىمدىن خاتالىق سەۋەبىدىن قىلىنغان ئىش، ئۇنتۇپ قالغان ئىش ۋە مەجبۇرلانغان ئىش ئەپۇ قىلىنىدۇ.»[1]

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەپ قارايدۇ: زىنا قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئەر جازاغا تارتىلىدۇ، پەقەت پادىشاھ مەجبۇرلىغان بولسا، جازاغا تارتىلمايدۇ. ئەمما زىناغا مەجبۇرلانغان ئايال جازاغا تارتىلمايدۇ.

ئۇنىڭ دەلىلى شۇكى، مەجبۇرلاش رازىلىققا زىت بىر ئىشتۇر. ئىتائەتمەنلىك ۋە رازىلىق بىلەن يۈز بەرگەن ئىش مەجبۇرلانغان بولمايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، مەجبۇرلاش جانغا خەۋپ يېتىشتىن قورققان ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. ئەرنىڭ شەھۋىتىنىڭ قوزغىلىشى ۋە زەكىرىنىڭ قېتىشى قورقۇش ۋە تىترەپ تۇرۇشقا زىت بىر ئىشتۇر. ئۇنىڭ شەھۋىتىنىڭ قوزغىلىشى ۋە زەكىرىنىڭ قېتىشىدەك ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى مەجبۇرلانمىغان ئاساستا قىلغانلىقى مەلۇمدۇر. چۈنكى، ئۇ مەجبۇرلانغان ۋە جېنىغا خەۋپ يېتىشتىن قورققان بولسا ئىدى، شەھۋىتى قوزغالمىغان ۋە زەكىرى قاتمىغان بولاتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ مەجبۇرلانمىغان ئاساستا زىنا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا جازا كېلىدۇ[2].

## جاھىلىيەت دەۋرىدىكى زىنا قىلىش يولى

جاھىلىيەت دەۋرىدە كەڭ تارقالغان پاھىشە ئىشىنىڭ بىرى نىكاھلىنىش شەكلىدە قىلىنىدىغان زىنا، يەنە بىرى چۆرىلەر ۋە ھۆر ئاياللار ئارىسىغا ئومۇملاشقان پاھىشەدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈكتۇر.

بىرىنچىسىگە كەلسەك، قارىغۇچىسى يوق بەزى دېدەكلەر ياكى ئۆيى ۋە تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئائىلىسى يوق ھۆر ئاياللار كەسىپ قىلىۋالغان پاھىشە يولى بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى ئۆيىدە ئولتۇراتتى ۋە بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە ئەر بىلەن يۈتۈشەتتى، ئەرلەر يۈتۈشكەن بويىچە ئۇنىڭغا پۇل بېرەتتى، ئىشنى قىلىپ بېرەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەھۋىتىنى ئۇنىڭ بىلەن قاندۇراتتى. ئەگەر ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالسا، بالىنى تۇغاتتى - دە، ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلغاندا، ئۇ ئۇلارغا: سىلەر نېمە ئىش قىلغانلىقىڭلارنى ياخشى بىلىسىلەر، مەن تۇغدۇم، ئى پالانى! بۇ بالا سېنىڭ دەپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەرنىڭ ئىسمىنى ئاتايتتى. شۇنىڭ بىلەن بالا شۇ ئەرگە نىسبەت بېرىلەتتى. مانا بۇ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ نىكاھلىنىش يولى بىلەن پاھىشە قىلىش يولى بولۇپ، قارىماققا نىكاھلىنىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلاتتى.

ئىككىنچىسىگە كەلسەك، كۆپىنچىسى چۆرىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن، بەلكى بەزى ھۆر ئاياللاردىنمۇ يۈز بېرىدىغان پاھىشە تۈرى بولۇپ، بۇمۇ ئىككى خىل بولاتتى. بىرىنچى خىلىغا كەلسەك، بەزى خوجايىنلار دېدەكلىرىگە ھەر ئايدا كۆپ مىقداردا پۇل تېپىپ

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

تاپشۇرۇشنى يۈكلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاھىشە قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار ھالال كەسىپ بىلەن پۇل تېپىپ خوجايىنلىرى ئۈستىلىرىگە يۈكلىگەن بۇ پۇلنى ئۆتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار پاھىشە يولىنى كەسىپ قىلىۋالاتتى.

ئىككىنچى خىلىغا كەلسەك، بەزى ئەرەبلەر دېدەكلىرى ئىچىدىن ياش ۋە چىرايلىقلىرىنى تاللاپ ئۆيلەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويياتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىگە بايراق ئېسىپ قويياتتى. بۇ شەھۋەتنى قاندۇرۇشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن بىر بەلگە ئىدى. خوجايىنلار بۇ دېدەكلەردىن كۆپ مال ئۇندۇرىۋالاتتى. ئەگەر دېدەكلەرنىڭ بىرى پاھىشە قىلىشقا ئۇنىمسا ياكى ئىپپەتلىك بولۇپ، بۇ رەزىل ئىشتىن قول يىغىشنى خالىسا، خوجايىنى ئۇنى ئۇراتتى ۋە بۇ پاسكىنا كەسىپتىن ئېرىشىدىغان مول ـ مول كىرىمدىن قۇرۇق قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى پاھىشە قىلىشقا يەنە مەجبۇرلايتتى.

مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭمۇ ياش ۋە گۈزەل ئالتە دېدىكى بار بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى پۇل ـ مال بەدىلىگە پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. يۇقىرىدىكى ئايەت كەرىملەر ئۇنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بىزنىڭ زامانىمىزدىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ جاھىلىيىتى ئەنە شۇ ئىلگىرىكى جاھىلىيەتتە دەۋرىگە نىمدىگەن ئوخشاش ھە! زامانىمىزدا قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا پاھىشىخانىلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى ساقچىلار قوغداپ بېرىدۇ. شەھۋەتنى قاندۇرماقچى بولغانلار مەلۇم مىقداردا پۇل تۆلەپ ئۇ جايلارغا بارىدۇ. بۇنىڭ ئىلگىرىكى پاھىشە بىلەن پەرقلىنىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. بەلكى زامانىمىزدىكىسى ئەڭ قەبىھ ۋە رەزىللىكتۇر. چۈنكى، پاھىشىخانىلاردا يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان ھۆر ئاياللار بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پاھىشە تاراپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتكەن قەۋم ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ۋە ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئارىسىدا كۆرۈنۈپ باقمىغان ئاغرىقلارغا گىرىپتار بولىدۇ.» مانا بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز!

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

الله تائالا ئالىي ھېكمەتلەر، ئۇلۇغۋار غايىلەر ۋە ناھايىتى چوڭ پايدا ـ مەنپەئەتلەرنى نىشان قىلىپ تۈرمۇش قۇرۇش قانۇنىنى بەلگىلىدى ۋە مۆمىنلەرنى ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، تۈرمۇش قۇرۇش نەسىل قالدۇرۇش ۋە ياخشى پەرزەنتلەر بىلەن زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ساغلام بولغان يولدۇر.

الله تائالا ئىنسانلارنى تۇغما مىجەزلىك ھالدا ھىمايىسىز يۇرىدىغان، ئەركەك بىلەن چىشى ئۇچراشقانلا يەردە قالايمىقان مۇناسىۋەت قىلىدىغان باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش تىزگىنسىز تاشلاپ قويۇشنى خالىمىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان،

شان - شەرىپىنى ئاسرايدىغان نىزاملارنى بېكىتىپ، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆچرىشىشىنى پاك، خۇش كۆڭۈل، رازىمەنلىك ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ئاساستا بارلىققا كېلىدىغان قىلىپ بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن شەھۋەتنى قاندۇرۇشنىڭ خاتىرجەم يولىنى بېكىتتى، نەسىلنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراشتىن ھىمايە قىلدى، ئاياللارنى يامان نىيەتلىك ئەرلەرنىڭ قولىلىرىدا ئويۇنچاققا ئايلىنىپ قېلىشتىن ياكى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان يايلاققا ئايلىنىپ قېلىشتىن قوغدىدى.

جىنسىي ھەۋەس ئەڭ كۈچلۈك ۋە كونترول قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان بىر ھەۋەستۇر. شۇڭا ئۇنى پاكىز ۋە شەرەپلىك رەۋىشتە قاندۇرىدىغان توغرا يول بولمىسا، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئىنسانىنى يامان ئىشقا سۆرەپ بارىدۇ. تۇرمۇشقا چىقىش بولسا جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش ۋە ئۇنى تويغۇزۇش ئۈچۈن قويۇلغان ئەڭ ياخشى، ئەڭ ساغلام چارە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بەدەن قۇۋۋىتى تەڭشىلىدۇ، كۆڭلى ئارام تاپىدۇ، نامەھرەملەرگە قاراشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ھېسسىيات اللە تائالا ھالال قىلغان نەرسە بىلەن قاندۇرىلىدۇ. مۇنۇ ئايەتتە كەرىممۇ مۇشۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلىدۇ: ﴿ئاياللار بىلەن ئۇنسى ـــ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللە نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تېپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـــ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـــ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾①.

تۇرمۇشقا چىقىش بولسا پەرزەنت قالدۇرۇش، نەسىلنى كۆپەيتىش ۋە ھاياتنى بەختلىك داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋاستە بولۇپ، ئىسلام دىنى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ نەسىللەرنى قوغداشتا ئەھمىيەتلىك رول ئوينايدۇ. ئىسلام دىنى تۇرمۇشقا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭغا تۇرلۇك يوللار ۋە كۆپلىگەن ئۇسۇللار بىلەن قىزىقتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلىنىشنى بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى مېلى ھېسابلاپ مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا مال - مۈلكتىن ئىبارەتتۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى مېلى ياخشى ئايالدۇر.» بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىنسان ھاياتىدا ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى بايلىق ھېسابلاپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرگە كىشى ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى بايلىقنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ، ئەگەر ئېرى قارىسا، ئېرىنى خۇرسەن قىلىدىغان، ئەگەر ئېرى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ئىتائەت قىلىدىغان، ئەگەر ئېرى ئۆيدە يوق بولسا، ئۆزىدىكى ئېرىنىڭ ئامانىتىنى ۋە پۇل - مېلىنى پىششىق ساقلايدىغان ياخشى ئايالدۇر.»

ئىسلام دىنى ھاياتلىق تىرىكچىلىكىنىڭ تەبىئى ھالدا ۋە ئاددى - ساددا يۈرۈشى ئۈچۈن تويى قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، يوللىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالدىدىكى پۈتۈن داۋانلارنى يوق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆي تۇتۇپ، ئۆزىنى ئېپپەتلىك ساقلاش يولىدىكى بىرىنچى داۋان ئىقتىسادىي داۋاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا خوتۇن ئېلىشقا كەمبەغەللىكنىڭ توسالغۇ بولماسلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى. رىزىق اللە

---

① سۇرە رۇم، 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نىڭ قولىدىدۇر. ئەگەر كەمبەغەللەر پاك ۋە ئىپپەتلىك بولۇش يولىنى تاللىسا، الله ئۇلارنى باي قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇڭا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ گەردىنىگە توي قىلغۇچىلارغا ياردەملىشىش، ئۇلار ئۈچۈن توي قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش ۋە بارلىق تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتتە پايدىسى يوق بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ.

شۇڭا ياشلارغا توي قىلىش پۇرستى ھازىرلانغىچە، الله تائالا ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇپ، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئىلاھىي بۇيرۇق كەلدى: ﴿ئۆيلىنەلمەيدىغانلار الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾.

بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنى بىلىملىك دەۋالغان بەزى نومۇسسىزلارنىڭ: ئىنسانغا چەكلىمە قويۇش ۋە ئۇنى بېسىمغا ئېلىش ئۇنىڭدا روھىي كېسەل پەيدا قىلىدۇ، ھەمدە جىسمانىي زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ پاھىشە قىلىش يولى بىلەن بولسىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى شەھۋانىي بېسىمنى يېنىكلىتىشى كېرەك، دەپ بىلجىرلاشلىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىزدۇر.

ئۇلار زىنا قىلىشنى جىسمانىي كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش، بېسىم ۋە چەكلىمىنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت قىلىپ بىكىتىدۇ. ئۇلار: شەھۋانىي بېسىمنى ئازايتىش ۋە ئىنساننى ساراڭ قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان روھىي كېسەلدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن زىنا قىلىش بىردىن بىر ساغلام يولدۇر، دەپ جۆيلىشىدۇ.

فرويد باشچىلىقىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار: زىنانى يولغا قويۇش ئەڭ ياخشى داۋادۇر، ئۇنىڭ بىلەن يەككە كىشىلەرنى ۋە جەمئىيەتنى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ خىيىم ـ خەتەرلىرىدىن قوغدىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار پسىخولوگىيە ئىلمى دەۋالغان ئادەم تەربىيىلەش نەزەرىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساندا كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدىغان خىيال ۋە روھىي كېسەللىك پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق توسالغۇ ۋە شەرتتىن ئەركىن ياشىشى كېرەك.»

ئۇلار ئىنساننى ھېچقانداق چەكلىمىگە ۋە بەلگىلىمىگە ئۇچرىماي ياشايدىغان، شەھۋىتىنى قاچان خالىسا شۇ چاغدا، قايسى شەكىلدە ئېرىشسە شۇ شەكىلدە قاندۇرىدىغان ھايۋانغا سېلىشتۇرغان. بىراق ئۇلار ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى چوڭ ۋە ناھايىتى ئاشكارا پەرقنى بىلەلمىگەن. ھايۋان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ شەھۋىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئۇنى ئۇنىڭ خاھىشى باشقۇرىدىغان مەخلۇقتۇر. ئىنساننى بولسا، ئەقلى باشقۇرىدۇ، ئۇنى ئۇنىڭ ئەقىل ئىدراكى ۋە سەزگۈسى ئىدارە قىلىدۇ. ئەگەر ئىنساندا ئەقىل بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ھايۋان ئۇنىڭدىن ياخشى ۋە ئەۋزەل بولغان بولاتتى.

ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىپپەتلىك بولۇشنى خالايدىغان دېدەكلەرنى ئازغىنە مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن پاھىشە قىلىشقا مەجبۇرلاشنى مەنئى قىلىش بولسا، قۇرئاننىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنى پاكلاش، كىشىلەرنىڭ ئېغىنى جىنسىي مۇناسىۋەتكە بۇرايدىغان بۇ پاسكىنا يوللارنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاش ئۈچۈن ئېلان قىلغان نۇتۇقلىرىدىن بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتتە پاھىشە مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭ يوللىرى ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلار پاھىشە قىلىدىغان يوچۇقنى تاپالمىسا، ئەلۋەتتە شەھۋىتىنى پاكىز ۋە ھالال يول ئارقىلىق قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

پاھىشىنى يولغا قويغاندىلا شەرەپلىك ئائىلىلەرنى خاتىرجەم قوغدىغىلى بولىدۇ، چۈنكى، خوتۇن ئېلىش قىيىن بولۇپ قالغاندا شەھۋانىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا بۇ يولدىن باشقا ھېچ يول يوق، ئەگەر بۇمۇ يولغا قويۇلمىسا نۇرغۇن شەرەپلىك كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيى ئاچ قالغان بۆرىلەرگە ئوخشاش ئەخلاقسىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، دەپ جار سالغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق.

شەك - شۈبھىسىزكى، مۇنداق پىكىر قىلىش تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. جىنسىي ھەۋەسنى بۇزۇقچىلىقتىن خالىي بولغان پاكىز ۋە ھالال يول بىلەن قاندۇرۇش، بۇ ئارقىلىق يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز سەۋىيىسىدە ياشىيالايدىغان ۋە تۇرمۇش قۇرالايدىغان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئىقتىسادىي نىزامنامىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى نىشان قىلىش كېرەك. ئەگەر جەمئىيەتتە يەنىلا ئايرىم ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئۇنى ئۆزىگە خاس چارىلەر بىلەن ھەل قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا پاھىشىنى يولغا قويۇشنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى خالىغان ھەر بىر كىشىنىڭ جامائەتچىلىكتىن قىلچە ئەيمەنمەستىن بىمالال كېلىپ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشى ئۈچۈن پاھىشىخانىلارنى ئېچىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەرمەندىچىلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي نىزامنامىلار توغرا ھەل قىلىنىشى لازىم. ئىقتىسادىي نىزامنامىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىشى ئاممىۋىي پاھىشىخانىلارنى ئېچىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە پاكىت بولماسلىقى كېرەك. ئىسلام دىنى بۇ مەسىلىنى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل، پاك، ئىپپەتلىك، زېمىن بىلەن ئاسماننى تۇتاشتۇرىدىغان، ئىنسانىيەتنى اللە نىڭ نۇرىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پارلاق ۋە يورۇق ئالەمگە يېتەكلەيدىغان نىزامنامىلىرى بىلەن ئادىل ھەل قىلىدۇ.»[1]

[1] سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

# ئۆي ئىگىلىرى يالغۇز قالىدىغان ۋاقىتلاردا رۇخسەت سوراش

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لِيَسْتَـْٔذِنكُمُ ٱلَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَـٰنُكُمْ وَٱلَّذِينَ لَمْ يَبْلُغُوا۟ ٱلْحُلُمَ
مِنكُمْ ثَلَـٰثَ مَرَّٰتٍ ۚ مِّن قَبْلِ صَلَوٰةِ ٱلْفَجْرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُم مِّنَ ٱلظَّهِيرَةِ وَمِنۢ بَعْدِ صَلَوٰةِ
ٱلْعِشَآءِ ۚ ثَلَـٰثُ عَوْرَٰتٍ لَّكُمْ ۚ لَيْسَ عَلَيْكُمْ وَلَا عَلَيْهِمْ جُنَاحٌۢ بَعْدَهُنَّ ۚ طَوَّٰفُونَ عَلَيْكُم
بَعْضُكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٥٨﴾ وَإِذَا بَلَغَ ٱلْأَطْفَـٰلُ
مِنكُمُ ٱلْحُلُمَ فَلْيَسْتَـْٔذِنُوا۟ كَمَا ٱسْتَـْٔذَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَـٰتِهِۦ ۗ
وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٥٩﴾ وَٱلْقَوَٰعِدُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ ٱلَّـٰتِى لَا يَرْجُونَ نِكَاحًا فَلَيْسَ عَلَيْهِنَّ جُنَاحٌ
أَن يَضَعْنَ ثِيَابَهُنَّ غَيْرَ مُتَبَرِّجَـٰتٍۭ بِزِينَةٍ ۖ وَأَن يَسْتَعْفِفْنَ خَيْرٌ لَّهُنَّ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ
﴿٦٠﴾ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى ئىھتىلام بولۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر ــ بىرىڭلار بىلەن بېرىش ــ كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، اللّٰه سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، اللّٰه ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، اللّٰه ئايەتلىرىنى (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، اللّٰه ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا (رىدا، نىمچىغا ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە)، ھېچ گۇناھ يوقتۇر، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر اللّٰه ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

ــ سۈرە نۇر 58 ـ، 59 ـ، 60 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

لِيَسْتَئْذِنكُم: (سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن)، بۇ سۆز ئايەتتە ئىپادىلىگەن رۇخسەت سوراش بولىسا، ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكنى ۋە ئۆيدىكى كىشىنىڭ رۇخسەت سورىغۇچى ئۈچۈن كىرىشكە رۇخسەت قىلىشىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئايەتتە: سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە كىچىك باللار قىششىڭلارغا كىرمەكچى بولىسا سىلەردىن رۇخسەت سوراپ كىرسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلْحُلُم: (ئىھتىلام بولۇش يېشىغا)، بۇ سۆز ئىھتىلام بولۇش، چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىلىرىدە كېلىدۇ. ئۇ يەنە بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلىنى قولىغان ئالغان، دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. كىچىك بالا بالاغەتكە يەتتى دېيىلسە، ئۇنىڭ بالاغەت يېشىغا ۋە تەكلىپ يېشىغا يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

عَوْرَات: (سىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىڭلار)، بۇ سۆز «ئەۋرەت» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، دەخلى ـ تەرۇز يېتىش مەنىسىدە كېلىدۇ. الله تائالا ئەنە شۇ ئۈچ ۋاقىتنى كىشىگە دەخلى ـ تەرۇز يېتىدىغان ۋاقىت دەپ ئاتىدى. چۈنكى، ئىنسانلار بۇ ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنى تولۇق يېپىشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەنلىكتىن، يالىڭاچ يەرلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئىنسانىنىڭ جىنسىي ئەزاسىمۇ ئەۋرەت دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى كىشىگە نومۇس ۋە ئەيىب ئىلىپ كېلىدۇ.

ٱلْعِشَآء: (خۇپتەن)، بۇ سۆز خۇپتەن نامىزى ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ.

طَوَّٰفُون: (بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرۇۋىسلەر)، بۇ سۆز «تەۋۋاف» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۆي خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. خىزمەتچىلەر ئۆي ئىچىدە خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇيىاقتىن بۇياققا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ئايەتتە مۇنداق مەنىنى كۆرسىتىدۇ: ئۇلار سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىش ئۈچۈن قىششىڭلارغا كىرىپ چىقىپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا قىششىڭلارغا رۇخسەتسىز كىرسە، سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

وَٱلْقَوَٰعِد: (ياشانغانلار)، بۇ سۆز «قائىد» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بالا تۇغۇشتىن، ھەيز كۆرۈشتىن ۋە ئەرگە ھەۋەس قىلىشتىن قالغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە: ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئەرگە تېگىش تەمەسى پەقەت قالمىغان، ئەرلەرمۇ ئۇلارنى قېرى كۆرگەنلىكتىن ئېلىشقا ھېچ قىزىقمايدىغان قېرى ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەھۋەتنى قوزغايدىغان بىرەر گۈزەللىك قالغان ئاياللار بولسا، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئىچىگە كىرمەيدۇ.

غَيْرَ مُتَبَرِّجَـٰتٍ: (ئاشكارىلىمىغان ھالدا)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «تەبەررۇج» بولۇپ، يوشۇرۇنۇپ قالغان نەرسىلەرنى ئاشكارىلاشقا ۋە ئۇنى ئېچىشقا تىرىشىش مەنىلىرىدە كېلىدۇ. ئايەتتە: خوتۇن كىشىنىڭ زىننەتلىرىنى ۋە چىرايلىق يەرلىرىنى ئەرلەرگە ئاشكارىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾[1].

ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز يوشۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئاشكارىلاشقا تىرىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بارا ـ بارا ئاياللارنىڭ زىننەتلىرىنى ئېچىش ۋە چىرايلىق يەرلىرىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئەرلەر ئۈچۈن كۆرسىتىشنى ئىپادىلەيدۇ.»[2]

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن، اللّٰه نىڭ شەرىئىتىنى نىزامنامە، دەستۇر ۋە تۇتقۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردىكى قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى ھۆر ئەرلەردىن بالاغەت يېشىغا ﴿يەتمىگەن﴾ بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە ۋە خۇپتەندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۈچ ۋاقىتتا يېنىڭلارغا كىرسە، ﴿سىلەردىن ئىجازەت﴾ سوراپ كىرسۇن، چۈنكى، بۇ ئۈچ ۋاقىت سىلەر ئۇخلايدىغان ۋە ئارام ئالىدىغان ۋاقىتتۇر. بۇ ئۈچ ۋاقىتتا سىلەر ئۆزەڭلارنى تولۇق ياپماي قالىسىلەر، كۆپ ھاللاردا ئەۋرەتتىڭلار ئېچىلىپ قالىدۇ. شۇڭا قۇللىرىڭلارغا، خىزمەتچىلىرىڭلارغا ۋە بالىلىرىڭلارغا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا قېشىڭلارغا كىرسە رۇخسەت سوراپ كىرىشنى ئۆگىتىڭلار.

ئەمما بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئۇلار سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كىرسە، سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىدۇ. اللّٰه سىلەرنى گۇناھ بولىدىغان ۋە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. چۈنكى، اللّٰه شەرىئىتىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەيدۇ. اللّٰه ھەممە ئىشنى بىلگۈچىدۇر، ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

﴿كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە﴾ ئۇلارغا گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆگىتىڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كىرگەندە ئىلگىرى رۇخسەت سوراشقا بۇيرۇلغان چوڭلاردەك رۇخسەت سوراپ كىرسۇن. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۆمىنلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقىدۇر.

[1] سۈرە ئەھزاب، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 203 ـ بەت.

www.munber.org

ئەرگە تېگىشنى خالىمايدىغان، قېرى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئەرلەرمۇ ئۇلارنى ئېلىشنى تەمە قىلمايدىغان، شەھۋىتى، جەلبكارلىقى ۋە ھەۋەسكارلىقى پۈتۈنلەي تۈگىگەن قېرى ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلار پەلتۇ ۋە چۈمپەردىگە ئوخشاش تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىنى جەلب قىلمايدىغان ۋە شەھۋەت قوزغىمايدىغان ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىپ ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئېھتىياتلىق بولۇپ، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ تولۇق ياپسا، ياش ئاياللار كىيىدىغان چۈمپەردىلەرنى كىيسە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ بەك ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدۇ. مۇنداق قىلىش الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ پاك ھېسابلىنىدۇ. الله دىللارغا يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەر بىر ئىنسانغا، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان ئەمەلىگە قارىتا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. شۇڭا الله دىن ھەر ۋاقىت قورقۇڭلار، ئۇنىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا ئۇچراشتىن ساقلىنىڭلار.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ مۇرسىدنىڭ قىزى ئەسمانىڭ قېشىغا ئۇنىڭ يېشىغا تولۇپ قالغان بىر قۇلى ئۇ بىرسىنىڭ كىرىشىنى ياقتۇرمايدىغان بىر ۋاقىتتا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: بىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىز ۋە قۇللىرىمىز قېشىمىزغا بىز خالىمايدىغان بىر ۋاقىتتا كىرىپ قالىدۇ، دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ[1].

مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاڭلىشىمىزچە ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئەسما بىنتى ئەبۇ مۇرسىد تاماق ئېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىدۇ. ئەسما: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىر كىيىم بىلەن تۇرغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسى رۇخسەتسىزلا كىرىپ قالىدۇ، بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ھەقتە بۇ ئايەتنى يەنى قۇللار بىلەن چۆرىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمى بار ئايەتنى نازىل قىلىدۇ.»[2]

2 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈش ۋاقتىدا ئەنسارىلاردىن مۇدلىج ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئۇ بالا كەلگەندە ئۆمەر ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. بالا

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 209 ـ بەت.
[2] «فەتھۇلبەيان» ناملىق كىتاب، 6 ـ جىلد، 398 ـ بەت.

ئىشىكنى قاقىدۇ، ئۇنى تۇۋلايدۇ ۋە ئۆيگە كىرىدۇ. نەتىجىدە ئۆمەر ئويغىنىپ ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋرىتى ئازراق ئېچىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر: اللّٰه بىزنىڭ ئوغۇللىرىمىزنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە خىزمەتچىلىرىمىزنى مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا قېشىمىزغا رۇخسەتسىز كىرىشتىن مەنئى قىلغان بولسا، ئەجەپ ياخشى بولاتتى، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارىدۇ ـ دە، بۇ ئايەتنىڭ ئاللىبۇرۇن نازىل بولۇپ قولغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالاغا شۈكرى قىلىپ سەجدىگە باش قويىدۇ[1].

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەھيىگە ئۇدۇللىشىپ قالغان قاراشلىرىنىڭ بىرىدۇر.»

3 ـ ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، سۇددىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ۋاقىتلاردا خوتۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى، ئاندىن يۇيۇنۇپ نامازغا چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا اللّٰه تائالا ئۇلارنى قۇللىرىغا ۋە خىزمەتچىلىرىگە بۇ ۋاقىتلاردا يانلىرىغا رۇخسەت ئالماي كىرمەسلىككە ئەمر قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ بولسا، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن باللار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن...﴾ دېگەن سۆزىدۇر.»[2]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئىچىڭلاردىكى﴾ دېگەن سۆزى ھۆر كىچىك باللارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا قۇللارنى ۋە چۆرىلەرنى ﴿سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار﴾ دەپ ئالاھىدە بايان قىلدى، ئاندىن ﴿ئىچىڭلاردىكى﴾ دېگەن سۆزنى بايان قىلدى. مانا بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ھۆر كىچىك باللار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ اللّٰه تائالا: ﴿چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزىدە بۇ ۋاقىتنىڭ ئۇخلاش ئۈچۈن كىيىمنى سالىدىغان ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ ۋە: ﴿چېغىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزى بىلەن بۇ ۋاقىتنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. خۇپتەندىن كېيىنكى ۋە بامداتتىن ئىلگىرىكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا كىيىم سېلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنمىدى. بۇنىڭدا بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئىشىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكى، ئۇنى ئوچۇقلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى يوقلۇقى كۆرسىتىلىدۇ. چۈش ۋاقتى

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رووھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 209 ـ بەت.
[2] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 55 ـ بەت.

www.munber.org

بولغاندا ئۆيگە رۇخسەت سورىماستىن كىرىش توغرا بولمىغان ئىكەن، خۇپتەندىن كېيىن ۋە بامداتتىن ئىلگىرى رۇخسەتسىز كىرىش تېخىمۇ توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى ۋاقىت دەم ئالىدىغان ۋە ئۇخلايدىغان ۋاقىتتۇر. بۇ ئىككى ۋاقىتتا ئەۋرەتنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى ئېنىقتۇر.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿(بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇ جۈملە بۇ ۋاقىتلاردا ئۆيگە رۇخسەت سوراپ كىرىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدىكى سەۋەبنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. گويا الله تائالانىڭ: بۇ، ئەۋرەتلەر ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر، شۇڭا رۇخسەت سورىماستىن كىرمەڭلار، دېمەكچى بولغىنىنى ئىپادىلەيدۇ.

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە﴾ دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ تاشقى كىيىملىرىنىڭ ھەممىنى سېلىشىنى ئەمەس، چۈمپەردە ۋە رىداغا ئوخشاش سېلىۋەتسە ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالمايدىغان تاشقى كىيىملىرىنى سېلىشنى كۆرستىدۇ.

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ياشانغان ئاياللارنىڭ ئېپپەتلىك بولۇشنى تىلەپ تاشقى كىيىملىرىنى سالماسلىقى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولغان ئىكەن، چىرايلىق ياسانغان ياش ئاياللارنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟ تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ، ياشانغان ئاياللارنىڭ پەردىلىنىشى ۋە ئۆزلىرىنى تولۇق يۆگىشى تەلەپ قىلىنغان ئىكەن، كۆكسى ئەمدىلا تولغان قىزلارغا نېمە دەيسىز؟!»

خوتۇن كىشى گەرچە ئەرگە تېگىشنى خالىمايدىغان قېرى ياشتا بولسىمۇ، بەزى ئادەملەر ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ ۋە ئۇنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئېپپەتلىك بولۇشقا تىرىشىپ، تاشقى كىيىملىرىنىمۇ سالماسلىقى لازىم.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتتە كەرىمدە خىتاب كىمگە قارىتىلىدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى بۇ خىتابنىڭ ئەرلەرگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرستىدۇ. تەپسىرشۇناسلار: «بۇ ئايەت ئەبۇ مۇرسىدنىڭ قىزى ئەسمانىڭ ھەققىدە نازىل بولغان» دەيدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ خىتاب ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ كۆرستىدۇ. نازىل بولۇش سەۋەبىنىڭ ھۆكۈمگە كىرىدىغانلىقى كەسكىن قاراشتۇر. شۇڭا بۇ خىتاب ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ناھايىتى روشەن بىر قىياس بىلەن بۇ ھۆكۈمگە ئاياللارنىڭ كىرىشىمۇ ئەۋزەل دەپ قارايمەن. بۇ قىياس شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەرلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى لازىم بولغان ئىكەن، ئاياللار تېخىمۇ تولۇق يېپىشى كېرەك. بۇ ھۆكۈم ئەرلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئاياللارغىمۇ بەلگىلىنىشى تېخىمۇ ئۇچۇقتۇر. چۈنكى، بىز ئاتا ـ ئانىغا: ”ئوھوش“ دېيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە قىياس قىلىش ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاراملىقىنى ئىسپاتلايمىز.»[1]

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە بۇ خىتاب ئەرلەرگە قارىتىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە ئاياللارمۇ كىرىدۇ.»[2]

مەن شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، بەزى تەپسىرشۇناسلار باشقا بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ خۇلاسە مەزمۇنى مۇنداق: اللہ تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ دېگەن سۆزى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن پۈتۈن كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ كىرىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەت: ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن، اللہ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە ئۇخلاش ئۈچۈن كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۈچ ۋاقىتتا يېنىڭلارغا كىرسە سىلەردىن ئىجازەت سوراپ كىرسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ قاراشنىڭ بەكراق توغرا بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، ئىمان بىلەن چاقىرىلغان پۈتۈن نىدا سۈپەت بولۇپ، ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

﴿الَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ﴾ (يەنى قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەر) دېگەن ئايىتى كەرىم نېمە مەنىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ ئايىتى كەرىم قۇللارنى ۋە چۆرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. زاھىرى مەنىدىن ئالغاندا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن، ئەرلەرگە خاستۇر. بۇ قاراشنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە مۇجاھىد ئوتتۇرىغا قويغان.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار: بۇ ئايەت مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن، پۈتۈن ئەر ـ ئايال قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش توغرا بولۇپ، ئۇنى ئىمام تەبەرى ۋە كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار تاللىغان.

چوڭلارنىڭ يېنىغا خالىي قالىدىغان بۇ ۋاقىتلاردا كىچىكلەرنىڭ رۇخسەت ئالماي كىرىشى ياخشى بولمىغىنىدەك، ئايال خىزمەتچىنىڭمۇ كىرىشى ياخشى بولمايدۇ. چۈنكى،

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر»ناملىق تەپسىرى، 24 ـ جىلد، 28 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 72 ـ بەت.

www.munber.org

بۇ ۋاقىتلار بولسا، كۆپىنچە ھالەتتە ئەۋرەت ئېچىلىپ قالىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئەرلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قارىشىمدا: بۇ ئايىتى كەرىم ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېگۈچىلەرنىڭ قارىشى ئەڭ توغرىدۇر. چۈنكى، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿الَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ﴾ دېگەن سۆزى قول ئاستىمىزدىكى پۈتۈن قۇللارنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەرلەر ياكى ئاياللار خاس قىلىنمىغان. شۇڭا بۇ ئايەت پۈتۈن ئەر ـ ئايال قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»①

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

كىچىك بالىلار بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ مۇنداق خىتاب قىلىنىدۇ؟

گەرچە خىتاب سىرتقى جەھەتتىن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چوڭلارنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه تائالا چوڭلارنى قول ئاستىدىكى قۇللىرىغا، چۆرىلىرىگە، خىزمەتچىلىرىگە ۋە كىچىك بالىلىرىغا يانلىرىغا كىرگەندە رۇخسەت سوراپ ئاندىن كىرىشنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇدى. شۇڭا ئۇ خىتاب قارىماققا كىچىكلەرگە قارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان چوڭلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا مەجبۇرلاڭلار.»

## تۆتىنچى ھۆكۈم

رۇخسەت سوراش ۋاجىپمۇ ياكى ئەۋزەل ئىش قاتارىدىن ھېسابلىنامدۇ؟

اللّٰه تائالانىڭ: ﴿سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇيرۇق زاھىر مەنىدىن ئالغاندا رۇخسەت سوراشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆلىمالار مۇشۇ زاھىرى مەنىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، رۇخسەت سوراش ۋاجىپتۇر، دەپ قارايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ بۇيرۇق ئەۋزەللىكنى ۋە ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇق بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىشنى ھەمدە ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا بالاغەتكە يەتكەن ئادەم بىرىنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ھەممە ۋاقىت رۇخسەت سوراپ كىرىدۇ. كىچىك بالىلار، قۇللار ۋە چۆرىلەر بۇ ئۈچ ۋاقىتتا رۇخسەت سوراپ كىرىدۇ.

ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئايەتكە كۆپۈنچە كىشىلەر ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. ئۇ رۇخسەت سوراش ھۆكمى بايان قىلىنغان ئايەت بولۇپ، مەن

---

① ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 161 ـ بەت.

مۇشۇ قىزنىمۇ يېنىمغا كىرگەندە چوقۇم رۇخسەت سوراپ كىرىشكە بۇيرۇيمەن.» ئۇ سۆزلەۋېتىپ يېنىدا تۇرغان بىر كىچىك قىزغا ئىشارەت قىلغان[1].

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن بۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس. ئەمما بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى مەنسۇخ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ساھابىلار ۋە تابىئىنلار دەسلەپكى دەۋردە بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە خىلاپ ئەمەل قىلاتتى.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۆكۈم ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئىجرا قىلىناتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تاقاپ قويىدىغان ئىشىك، چۈشۈرۈپ قويىدىغان پەردە يوق ئىدى.» ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا ئىكرىمىدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ سۆزنى دەلىل قىلىدۇ: بىرقانچە نەپەر ئىراقلىقلار: ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس! الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن﴾ دېگەن سۆزىدە بىز ئەنە شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، بىراق ھېچكىم بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلمايدىكەن، بۇ ئايەتنى بىزگە قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ دېگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا مۆمىنلەرگە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىلىپ قالماسلىقىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىدە نە پەردە، نە توسۇق يوق ئىدى. شۇڭا ئەر خوتۇنى بىلەن بىر تۆشەكتە تۇرغان ۋاقىتتا خىزمەتچىسىنىڭ ياكى كىچىك بالىنىڭ ياكى تەربىي قىزلىرىنىڭ كىرىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى ئەنە شۇ ئۈچ ۋاقىتتا رۇخسەت سوراپ كىرىشكە بۇيرۇدى. دېمەك، الله تائالا ئۇلارنى ياخشى ئىشقا، ئەۋرەتنى يېپىشقا تەۋسىيە قىلدى. كېيىن ئۇ ئايەتكە بىرەر ئادەمنىڭ ئەمەل قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم.»[2]

توغرا قاراش شۇكى، بۇ ئايەت مەنسۇخ ئەمەس. ئىمام قۇرتۇبىمۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئۇ سۆزى بۇ ئايەتنىڭ مەنسۇخ قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىدا رۇخسەت سوراش ھەققىدىكى بۇ بۇيرۇق سەۋەبكە قارىتىلغان بولۇپ، سەۋەب تۈگىسە، ھۆكۈممۇ تۈگەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ بۇ ئايەتنى مەنسۇخ دەپ قارىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق سەۋەب يەنە ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا، ئەلۋەتتە بۇ ھۆكۈممۇ يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ مەنسۇخ ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.»

## بەشىنچى ھۆكۈم

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 200 - بەت.

[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 406 - بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 - جىلد، 56 - بەت.

www.munber.org

**بالىلار قانچە ياشقا كىرگەندە ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىدۇ؟**

الله تائالانىڭ: ﴿كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە﴾ دېگەن سۆزى كىچىك بالىنىڭ ئېھتىلام بولۇشى ھامانلا ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. فىقھشۇناسلار كىچىك بالىنىڭ ئېھتىلام بولسا بالاغەتكە يېتىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا قىز بالىنىڭمۇ ئېھتىلام بولسا ياكى ھەيز كۆرسە ۋە ياكى ھامىلدار بولسا بالاغەتكە يېتىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئېھتىلام بولۇش كىچىك بالىنىڭ ياكى قىز بالىنىڭ ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىدىغان ياشقا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئېنىق ئالامەتتۇر. بۇنىڭدا فىقھشۇناسلار ئىتتىپاق كەلگەن بولۇپ، ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمايدۇ. لېكىن ئۇلار ئىنساننىڭ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى بولىدىغان يېشىنى بېكىتىشتە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن.

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەشھۇر رىۋايىتىدە كىچىك بالا تولۇق 18 ياشقا كىرمىگىچە بالاغەتكە يەتكەن بولمايدۇ. ئۇ الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿يېتىمنىڭ مىلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾[1]. ئوغۇل بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى، ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغىنىدەك، 18 ياش بولىدۇ. ئەمما قىزلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكىنى قولىغا ئېلىشى تېزراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى بىر يىل كەم بولۇپ، 17 ياشقا كىرگەندە بالاغەتكە يېتىدۇ.

2 ـ ئىمام شافىئىي، ئەھمەد، ئەبۇ يۈسۈف ۋە مۇھەممەد قاتارلىقلار: ئوغۇل ـ قىزلار 15 ياشقا كىرسە، بالاغەتكە يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بىر رىۋايىتىدىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: مەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردىم، ئۇ چاغدا مەن 14 ياشتا ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت قىلمىدى. كېيىنكى يىلى خەندەك ئۇرۇشىغا چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ چاغدا مەن 15 ياشقا كىرگەن ئىدىم. ئۇ ماڭا رۇخسەت قىلدى[2].

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بالاغەتكە يېتىشى ئادەتتە 15 ياشتىن كېچىكىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ياش ئىنساننىڭ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىدىغان يېشى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.»

ئىمام جەسساس «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿ۋە ئىچىڭلاردىكى ئېھتىلام بولۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار﴾ دېگەن سۆزى بالاغەتكە يېتىش يېشىنى 15 ياش قىلىپ بەلگىلىگەن كىشىلەرنىڭ قارىشىنىڭ، ئەگەر كىچىك بالا ئۇ ياشتىن ئىلگىرى ئېھتىلام بولمىسا، خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى،

---

[1] سۈرە ئەنئام، 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

اللە تائالا 15 ياشقا يەتكەن بالا بىلەن ئۇ ياشقا يەتمىگەن بالىنىڭ ئىھتىلام بولۇش يېشىغا يەتكەن بولماسلىقىنى پەرقلەندۈرمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن سەنەد بىلەن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇنداق ئۈچ كىشىدىن قەلەم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇخلاپ قالغان كىشىدىن تاكى ئويغانغىچە، ساراڭلىق يەتكەن كىشىدىن تاكى ئوڭشالغىچە، كىچىك بالىدىن تاكى ئىھتىلام بولغۇچە.» ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ: مەن ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردىم... دېگەن ھەدىسىگە كەلسەك، ئىككىلىنىش پەيدا قىلىدىغان بىر ھەدىستۇر. چۈنكى، خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ بەشىنچى يىلى بولغان، ئۇھۇد ئۇرۇشى بولسا ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى يىلى بولغان. بۇ ئىككى ئۇرۇشنىڭ ئارىلىقى قانداقمۇ بىر يىل بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رۇخسەت سوراش ئىشى ئۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بالاغەتكە يېتىش بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. چۈنكى، بالاغەتكە يەتكەن كىشى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنماسلىقى، بالاغەتكە يەتمىگەن كىشىنىڭ قورال كۆتۈرۈشكە تاقىتىنىڭ يېتىشى، ئۇرۇش قىلىشقا كۈچىنىڭ بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇرۇشقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رافىئ ئىبنى خەدىجكە رۇخسەت قىلغان، سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبقا رۇخسەت قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن ئىھتىلام بولۇش ۋە يېشى ھەققىدە ھېچ نەرسە سورىمىغان...»[1] ئىمام جەسساس ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزھىبىنى كۈچلەندۈرۈپ خېلى كۆپ سۆزلەرنى قىلغان.

## كۈچلۈك قاراش

توغرا قاراش كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. بىلىشىمىزچە، بۇنىڭغا ئوخشاش ھۆكۈم ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئادەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشقا ئاساسلانساق، كۆپىنچە بالىلار 15 ياشتا ئىھتىلام بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ياش بولۇشى لازىم. ھەنەفىي مەزھىبىدىكى فىقھشۇناسلار ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشى بويىچە پەتىۋا بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭمۇ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شۇنداق قارايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان قاراشتۇر.

## ئالتىنچى ھۆكۈم

كىندىك ئاستىغا تۈك چىققانلىقى بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتەمدۇ؟

فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىدىن ئەڭ كۈچلۈك قاراش شۇكى، بالاغەتكە يەتكەنلىك پەقەت ئىھتىلام بولۇش ياكى بەلگىلەنگەن ياشقا يېتىش بىلەن بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بەلگىلەنگەن ياش 15 ياشتۇر.

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 408 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام شافىئىينىڭ (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىندىك ئاستىغا تۇتۇق چىقىشنى بالاغەتكە يېتىشنىڭ دەلىلى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ قارىشىغا ئەتىيىە قۇرەزىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ ئەسىرلىرىدىن كىندىك ئاستىغا تۈك چىققانلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە، تۈك چىقمىغانلىرىنى ھايات قالدۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ماڭا قارىدى. ماڭا تېخى تۈك چىقمىغان ئىدى. شۇڭا مېنى ھايات قالدۇردى.»

ئۇ يەنە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلغان بولۇپ، ئۇ بىر ئوغۇل بالا ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بالىنىڭ قولتۇقىدا ۋە زەكىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇستۇر ئىزى بارمىكەن؟» مانا بۇ سۆز تۈك چىقىشنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت بولۇشى ساھابىلار ئارىسىدا ئىتتىپاق كەلگەن بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

قالغان فىقھشۇناسلار كىندىك ئاستىغا تۈك چىقىشنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ھەتتا ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىيىە قۇرەزىنىڭ ھەدىسى شەرئى ھۆكۈمنى ئىسپاتلاشتا مۇنداق ئۈچ سەۋەبتىن دۇرۇس بولمايدۇ: بىرىنچى، ئەتىيىە بولسا ناتونۇش ئادەم بولۇپ، ئۇ پەقەت مۇشۇ خەۋەردىلا تونۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ خەۋىرى پەقەت ئېھتىلام بولۇش بىلەن بالاغەتكە يەتكەنلىكنى ئىسپاتلايدىغان ئايەت ۋە ھەدىسكە زىتتۇر. ئىككىنچى، ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ سۆزلۈكلىرىدە ئوخشىماسلىق بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈكنى تازىلاش ئۈچۈن ئۇستۇر تەككۈزگەن ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان دېيىلگەن بولسا، يەنە بەزى رىۋايەتلەردە: قولتۇقىدا ۋە زەكىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇستۇر ئىزى قالغان ھەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان دېيىلگەن. ھەممىگە ئېنىقكى، مۇنداق ئەھۋال پەقەت خېلى ئىلگىرىلا بالاغەتكە يەتكەندىلا ئاندىن كۆرۈلىدۇ. ئۈچىنچى، تۈك چىقىش جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۈك چىققان ئەسىرلەر ئۆلتۈرۈلۈشكە بۇيرۇلغان، ھەرگىزمۇ بالاغەتكە يەتكەنلىكتىن ئەمەس.»[1]

توغرا قاراش شۇكى، ئىمام شافىئىي (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تۈك چىقىشنى بالاغەتكە يەتكەنلىكنى كۆرسىتىدىغان شەرتسىز بەلگە قىلماستىن، ئەسىرلەرنىڭ، جىزيە ئېلىشنىڭ، سۈلھى تۈزۈشنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە باشقا ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ باللىرى ھەققىدە بالاغەتكە يەتكەنلىكنى كۆرسىتىدىغان بەلگە قىلغان. بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭغا ئەنە شۇنداق ئەسكەرتىپ ئۆتكەن[2].

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ھەيران قالارلىقى شۇكى، بەزى سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ بالاغەتكە يېتىش مەسىلىسىدە ئىنسانىنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ بەش غېرىچقا يېتىشىنى

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 24 ـ جىلد، 30 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 211 ـ بەت.

ئېتىبارغا ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەلىنىڭ (الله ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرىۋەتسۇن!) مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئوغۇل بالىنىڭ ئېگىزلىكى بەش غېرىچقا يەتسە، ئۇنىڭغا جازا بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ قىساس ئېلىنىدۇ.» ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا ئوغرىلىق قىلغان بىر ئوغۇل بالا كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئۇنى غېرىچلاشقا بۇيرۇدى، ئۇ غېرىچلىنىۋىدى، بەش غېرىچقا تۆتلۈك كەم كېلىپ قالدى. شۇڭا ئۇ جازالانماي قويۇۋېتىلدى.» كۆپساندىكى فىقھشۇناسلار بۇ قاراشنى ئالمايدۇ. چۈنكى، ئىنسان بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپمۇ ئېگىز بولۇپ كېتىدۇ، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن پاكار بولىدۇ. شۇڭا بۇ قاراشنى ئېتىبارغا ئالغىلى بولمايدۇ. بەلكى يۇقىرىدىكى خەۋەرلەر توغرا بولماسلىقى مۇمكىن.»[1]

## يەتتىنچى ھۆكۈم

### كىچىك بالا پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلامدۇ؟

بەزى فىقھشۇناسلار الله تائالانىڭ: ﴿ۋە ئىچىڭلاردىكى ئېھتىلام بولۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بالاغەتكە يەتمىگەن، بىراق ئەقلى تولغان بالا گەرچە ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچىلاردىن بولمىسىمۇ، ئۆگىتىش يۈزىسىدىن شەرىئەت بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يېنىشقا بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنى بۇ ئۈچ ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ يېنىغا كىرگەندە رۇخسەت سوراپ كىرىشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەرزەنتلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىچىك بالا ئوڭ ۋە سول تەرىپىنى بىلگىدەك بولغاندا ئىبادەت قىلىشنى ئۆگىتىمىز.»

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىچىك بالا ئون ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى يېزىلىشقا باشلايدۇ، يامانلىقلىرى بولسا، تاكى ئۇ ئېھتىلام بولغىچە يېزىلمايدۇ.»

ئىمام ئەبۇ بەكرى رازى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك بالا ئىبادەت قىلىشقا پەقەت ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىشقا ئادەتلىنىشى، ئىبادەت قىلىپ كۆنىشى، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئىبادەت قىلىشنىڭ ئاسان بولۇشى، ئىبادەتتىن قاچماسلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئىبادەت قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە تەلىم بېرىش يۈزىسىدىن بۇيرۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ھاراق ئىچىشتىن، چوشقا گۆشى يېيىشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە قالغان يامان ئىشلاردىنمۇ چەكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىچىكىدە چەكلەنمىسە، چوڭ بولغاندا يېنىشى ئەلۋەتتە تەسكە توختايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد، 211 - بەت.

www.munber.org

ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾[1]. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەڭلار ۋە ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار.»[2]

## سەككىزىنچى ھۆكۈم

### ئايىتى كەرىمدە بايان قىلىنغان كىيىم سېلىش نېمە مەنىنى كۆرسىتىدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا (رىدا، ئىمچىغا ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە)، ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت ئايىتى كەرىم ئەرگە تېگىشنى خالىمايدىغان، ئادەتتە ئەرلەرمۇ ئېلىشنى خالىمايدىغان قېرى ئاياللارنىڭ ياسانماسلىق ۋە زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى بىلەن تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈرسە، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھەممە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ يۈرۈشنى كۆرسەتمەيدۇ. قېرى ئاياللارنىڭ مۇنداق قىلىشى مەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدىمۇ دۇرۇس بولمايدىغان تۇرسا، نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟ شۇڭا فىقھشۇناسلار ۋە تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى كىيىم سېلىشنىڭ مۇسۇلمان ئاياللار الله تائالانىڭ: ﴿پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾[3] دېگەن سۆزىدە زىننەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن كىيىشكە بۇيرۇلغان پۈركەنجىنى سېلىشنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. پۈركەنجە ۋە لېچەكلەرنى سېلىش ھەققىدىكى بۇ رۇخسەت ياسىنىشنى خالىمايدىغان، جىنسىي ھەۋەسى پۈتۈنلەي تۈگىگەن ئەنە شۇ قېرى ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كىچىككىنە ھەۋەسى بار ياكى زىننىتىنى ئاشكارىلاش بىلەن ئەرلەرنى ئۆزىگە كىچىككىنە بولسىمۇ جەلب قىلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق خوتۇن كىشىنىڭ چۈمپەردىسىنى نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئېلىۋېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇن كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نېپىز ئىككى كىيىم كىيىشىمۇ ياسىنىشقا كىرىدۇ. سەھىھ مۇسلىمدا ئەبۇ ھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دوزاخ ئەھلىدىن ئىككى تۈرلۈك كىشى بولۇپ، مەن تېخى ئۇلارنى كۆرمىدىم... يەنە بىرى، بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيگۈچى، ئىككى يانغا تولغىنىپ ماڭغۇچى، باشلىرىنى خۇددى تۆگىنىڭ لۆكىسىدەك قىلىۋالغۇچى ئاياللاردۇر، ئۇلار جەننەتكە ھەرگىز كىرمەيدۇ، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. جەننەتنىڭ پۇرىقى ئەلۋەتتە يىراق - يىراق جايدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «جەننەتنىڭ پۇرىقى بەش يۈز يىللىق

[1] سۈرە تەھرىم، 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 408 - بەت.
[3] سۈرە ئەھزاب، 59 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يىراق مۇساپىدىنمۇ ئەلۋەتتە پۇراپ تۇرىدۇ»[1] دېيىلگەن. ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاياللار كىيىم كىيگۈچى دەپ سۈپەتلەندى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كىيىم بار. ئۇلار يەنە بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دەپ سۈپەتلەندى، چۈنكى، كىيىم نېپىز بولسا، ئايالالرنىڭ بەدەنلىرىنىڭ شەكلىنى سۈپەتلەپ ۋە گۈزەللىكلىرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. مانا بۇ هارامدۇر.»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مانا بۇ ئۇلىمالارنىڭ مەزكۇر ھەدىسكە بەرگەن ئىككى چۈشەنچىسىنىڭ بىرىدۇر. ئىككىنچىسى، ئۇلار كىيىم كىيگۈچىدۇر. لېكىن تەقۋادارلىق كىيىمىدىن يالىڭاچتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر﴾[3]. شائىرلار مۇنداق بېيت توقىغان:

گەر كىشى كىيمىسە تەقۋادارلىق كىيىمىنى،
بولۇپ قالىدۇ يالىڭاچ كىيگەن بولسىمۇ كىيىم ـ كېچەك.
ئىتائەت قىلىشتۇر پەرۋەردىگارىغا كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى كىيىمى،
الله قا ئاسىيلىق قىلغان كىشىدە يوق ھېچ ياخشىلىق، بۇ ھەقىقەت.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ خوجايىنلار خالىي بولىدىغان ۋاقىتلاردا خىزمەتچىلەرنىڭ، قۇل ۋە دېدەكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا رۇخسەت سوراپ كىرىشى زۆرۈردۇر.

2 ـ كىچىك باللارغا ئىسلامى ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش لازىم. بۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنىڭ بىرى مەزكۇر ئۈچ ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ يېنىغا كىرگەندە رۇخسەت سوراپ كىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

3 ـ خىزمەتچىنىڭ خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە ۋاقىت رۇخسەت سورىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ.

4 ـ ئەگەر كىچىك بالا ئىھتىلام بولۇش يېشىغا يېقىنلىشىپ قالسا، ھەممە ۋاقىتتا كىرىشتىن ئىلگىرى رۇخسەت سورىشى لازىم.

5 ـ مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەر خىزمەتچىلىرى بالاغەتكە يېتىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى ئېچىپ يۈرىشى دۇرۇس ئەمەس.

6 ـ قېرى ئايالالرنىڭ ئۆزلىرىنى تولۇق يۆگىشى ۋە چۈمپەردە كىيىشى ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى، ئۇلاردىن بۇ ھەقتىكى گۇناھ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن.

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 12 ـ جىلد، 310 ـ بەت.
[3] سۈرە ئەئراف، 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

7 ـ ياسىنىش ۋە زىننەتلىرىنى نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلاش ھۆكمىدە قېرى ئاياللار بىلەن ياش ئاياللار ئوخشاشتۇر.

8 ـ الله نىڭ بەلگىلىمىلىرى ھېكمەت بىلەن بەلگىلەنگەن، ئۇنىڭ نىزامنامىسى رەھمدىللىق بىلەن بېكىتىلگەن. شۇڭا مۆمىنلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىشى لازىم.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەشكە، ئىجتىمائىي گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە ئۈلگىلىك ئىنسان بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن شەرىئەتتىكى ئەڭ ياخشى نىزامنامىلەرنى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى، پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردىكى گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان بۇ تەلىم ـ تەربىيىسى ئىنسانلارنى پۈتۈنلىشىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ئىنسانلار ئارىسىنى تۈزەشنى نىشان قىلىدۇ. ئەگەر خالىساڭ: ئىسلام دىنى ئالىي پەزىلەتلەرگە ۋە گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا دەۋەت قىلىدىغان، تىخمۇ توغرىسى، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشكە چاقىرىدىغان دىندۇر دېسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ.

بۇ ئايەتلەر ئىنسانلارنى ئۆيلەردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا چاقىرىدۇ، ئىسلام ئۇممىتىگە ئىسلام دىنى ئۆگەتكەن بۇ ئالىي پەزىلەتكە ئىگە ئەخلاقلارغا ئەمەل قىلىشقا، مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ باشقا جەمئىيەتلەردە يامراپ كەتكەن بۇزۇقچىلىقتىن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن مەدھىيىگە لايىق بۇ ئەخلاقلارنى كىچىك باللىرىغا ۋە خىزمەتچىلىرىگە ئۆگىتىشكە تەلىم بېرىدۇ.

ئىنسان ئەڭ دەسلەپ ئەمەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقلاردىن بىرى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە رۇخسەت سوراپ كىرىش ئەخلاقىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئەخلاق يۇقىرىدا بىر ئايىتى كەرىمدە بايان قىلىندى: ﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار﴾[1].

ئاندىن ئۆي ئىچىدە خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە كىچىك باللارنىڭ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىرىنىڭ يېنىغا كىرگەندە رۇخسەت سوراپ كىرىش ئەخلاقى بايان قىلىندى. ئىنسان بەزى ۋاقىتلاردا ھېچكىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان بىر ھالەتتە بولىدۇ. ئۇ خوتۇنى بىلەن بىرگە بولۇپ، ھېچكىمنىڭ كىرىشى توغرا بولمىغان بىر ھالەتتە بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە كىچىك باللارنىڭ مەزكۇر ئۈچ ۋاقىتتا رۇخسەت سوراپ كىرىشىنى ۋاجىب قىلدى ۋە بۇ ئۈچ ۋاقىتنى ئەۋرەت ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتلار دەپ ئاتىدى. بۇ ئۈچ

[1] سۈرە نۇر، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋاقىتتا خىزمەتچىلەر ۋە ئىھتىلام يېشىغا يەتمىگەن، بىراق ئاق - قارىنى پەرق ئەتكەن كىچىك باللار ئائىلىدىكىلەرنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە كۆزى چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن چوقۇم رۇخسەت سوراپ كىرىشى كېرەك. بۇ ناھايىتى ئېسىل ئەخلاق بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدا بۇ ئەخلاقتىن غاپىل ياشايدۇ. ئۇنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىي تەسىرىگە سەل قارايدۇ، ئۇلار: خىزمەتچىلەر كۆزلىرىنى خوجايىنلارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە يۇگۈرتمەيدۇ، كىچىك باللار بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى مۇنداق مەنزىرىلەرگە دىققەت قىلمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بىراق پىسخولوگىيە ئالىملىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، كىچىك باللارنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا كۆزلىرى چۈشكەن بەزى مەنزىرىلەر ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھاياتىدا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇلارغا روھىي ۋە ئەخلاقىي كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇلاردا بىر خىل چىگىش ھالەت پەيدا قىلىپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ چىگىش ھالەتتىن شىپا تېپىشى تەسكە توختايدۇ.

مانا بۇ ئىسلامى گۈزەل ئەخلاقنى مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەردە كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىسلام دىنى پەخىرلىنىشكە ۋە شەرەپلىنىشكە يېتەرلىكتۇر. ئۇ گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ۋە ھىجابلىنىشنىڭ دىنىدۇر، ئۇ شەرمى - ھايانىڭ ۋە كەمتەرلىكنىڭ دىنىدۇر. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئىنسانلارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە قارىماسلىققا بۇيرۇيدۇ. مەزكۇر ئۈچ ۋاقىت ئەۋرەتلەرنىڭ ئېچىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ۋاقىتلار بولغاچقا، ئۇنى باشقا ۋاقىتلاردىن ئالاھىدە قىلىپ بايان قىلىدۇ. بىمالال ھەرىكەت قىلىشقا توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە كىچىك باللارنىڭ ھەممە ۋاقىت رۇخسەت سوراپ كىرىشىنى بېكىتمەيدۇ. چۈنكى، كىچىك باللار يېشى كىچىك بولغانلىقتىن ئائىلىدىكىلەرنىڭ يېنىغا كۆپ كىرىپ - چىقىدۇ، خىزمەتچىلەر ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا كۆپ كىرىپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق تەڭشەش ئارقىلىپ ئەۋرەتنى يېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن كىشىلەر ئۈستىدىكى توسالغۇ ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرنى تۈگىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ بېكىتىدۇ.

ئاخىرىدا پىتنە چىقىرىش ۋە شەھۋەتنى قوزغاش ئېھتىمالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاياللارنى زىننەتلىرىنى مەخپىي تۇتۇشقا چاقىرىدۇ، ئۇلارنى تولۇق پۈركەنجە كىيىشكە، بەدەنلىرىنى پۈتۈنلەي يېپىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ھۆكۈمدىن شەھۋەت قوزغىمايدىغان، پىتنىگە سەۋەب بولمايدىغان قېرى ئاياللارنى ئايرىپ، ئۇلارغا ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىق، زىننەتلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالماسلىق شەرتى بىلەن تاشقى كىيىملىرىنى سېلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ئەنە شۇ ياشىنىپ قالغان ئاياللارنىڭ ھايالىق بولۇشنى خالاپ تاشقى كىيىملىرىنمۇ سېلىۋەتمەي، پۈركەنجىلەر ۋە كەڭرى كىيىملەر ئىچىدە يۇرۇشىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئەنە شۇ ئىسلام ئەخلاقىدۇر. ئەنە شۇ ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىماقچى، ھۆرمىتىنى قوغدىماقچى بولغان پاك مۆمىن ئايالنىڭ ئىپپەت نومۇسىنى قولغا كەلتۈرۈشىدۇر. قۇرئان كەرىم ئۇ ئەخلاقنى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئىپپەتلىك يۇرۇشنى ئۇچۇق -

www.munber.org

ئاشكارا يۇرۇشتىن ئەۋرەل كۆرۈش دەپ ئاتىدى. چۈنكى، ياسىنىپ يۇرۇش ۋە پىتنە پاسات تېرىش بىلەن ئىپپەتلىك بولۇش ۋە ھىجابلىنىپ يۇرۇشنىڭ ئارىسىدا ئىزچىل مۇناسىۋەت بار. بۇ گۈزەل ئەخلاقلار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئالىيلىقى، مەقسىتىنىڭ پاكلىقى ۋە غايىسىنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر. ﴿الله ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ﴾[1].

[1] سۈرە ئەھزاب، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرەر نەرسە يېيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى

﴿ لَّيْسَ عَلَى ٱلْأَعْمَىٰ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْمَرِيضِ حَرَجٌ وَلَا عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ أَن تَأْكُلُوا۟ مِنۢ بُيُوتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ ءَابَآئِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أُمَّهَٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ إِخْوَٰنِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخَوَٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَعْمَٰمِكُمْ أَوْ بُيُوتِ عَمَّٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَخْوَٰلِكُمْ أَوْ بُيُوتِ خَٰلَٰتِكُمْ أَوْ مَا مَلَكْتُم مَّفَاتِحَهُۥٓ أَوْ صَدِيقِكُمْ ۚ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَأْكُلُوا۟ جَمِيعًا أَوْ أَشْتَاتًا ۚ فَإِذَا دَخَلْتُم بُيُوتًا فَسَلِّمُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُبَٰرَكَةً طَيِّبَةً ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٦١﴾ ﴾

**﴿(جىھادقا چىقالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نىمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر. سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر. سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) الله بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار) الله سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴾.**

**ـــ سۈرە نۇر 61 ـ ئايەت**

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

**حَرَج: (گۇناھ)، زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز لۇغەتتە تارلىق، شەرىئەتتە گۇناھ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ**

بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن﴾[1]. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئاتلىغانلىرىڭلارنى سۆزلەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.»

ئىبنى ئەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئەسلىدە تارلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، گۇناھ ۋە ھارام دېگەن مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. ئەڭ تار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپمۇ قارىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەنىسى بولسا، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىڭلارنى بىر - بىرىڭلارغا سۆزلەپ بەرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز نۇرغۇن ھەدىسلەردە مۇشۇ مەنىدە كەلگەن.»[2]

بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى﴾ دېگەن ئايەتتىمۇ تار مەنىسىدە كەلگەن يەنى ئۇنىڭ كۆكسى قاتتىق تارلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ياخشىلىققا ئېچىلمايدۇ.

مَّفَاتِحَهُ,: (ئاچقۇچىنى)، بۇ سۆز «مىفتەھ» ۋە «مىفتاھ» دېگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشلىرى بولۇپ، ئىشىكلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېچىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى﴾[3] دېگەن ئايەتتىمۇ ئاچقۇچ مەنىسىدە كەلگەن.

أَشْتَاتًا: (يەككە - يەككە)، بۇ سۆز «شەتتە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، يەككە، ئايرىم، بۆلۈنگەن، چېچىلىپ كەتكەن، تارىلىپ كەتكەن دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتتىمۇ مۇشۇ مەنىدە كەلگەن: ﴿بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ﴾[4] يەنى ئۇلاردىن بەزىلەر ياخشى ئەمەل قىلغان، يەنە بەزىلەر يامان ئەمەل قىلغان بولۇپ، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە كېلىدۇ.

ئايەتتە بولسا، سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە ھالەتتە يېسەڭلارمۇ، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

فَسَلِّمُوا: (سالام بېرىڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «تەسلىيم» بولۇپ، سالام بېرىش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. يەنى سىلەر بىر - بىرىڭلارغا ئىسلام سالامى بىلەن سالام قىلىڭلار. ئىسلام سالامى «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بىر

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىبنى ئەسىرنىڭ «ئەننىھايەت» ناملىق كىتابى.
[3] سۈرە قەسەس، 76 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە زەلزەلە، 6 - ئايەت.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سەن تونۇغان كىشىگىمۇ، تونۇمىغان كىشىگىمۇ سالام قىلغىن.»[1]

«تەسلىم» دېگەن سۆز اللە تائالانىڭ «ئەسسالام» دېگەن ئىسمىدىن تۈرلەپ چىقىرىلغان بولۇپ، اللە تائالا پۈتۈن ئەيىب ۋە نۇقسانلاردىن سالامەتتۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «اللە تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا: سەن بېرىپ ئاۋۇ پەرىشتىلەرگە سالام بەرگىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ساڭا قايتۇرغان جاۋابىغا قۇلاق سالغىن، ئەنە شۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭنىڭ سالامىدۇر، دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە مۇنداق دېدى: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم...»[2]

تَحِيَّة: (سالام)، بۇ سۆز ئايەتتە، سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا اللە بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. لۇغەتتە، سالام دېگەن، مەنىدە كېلىدۇ. اللە تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەندە، اللە ساڭا سالام قىلىشتا قوللانمىغان سۆزلەر بىلەن سالام قىلىدۇ﴾[3].

مُبَارَكَة: (مۇبارەك)، بۇ سۆز، ئەجىر ۋە ساۋاب بىلەن بەرىكەتلىك قىلىنغان، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «ئەلبەرەكە» بولۇپ، ئۆسۈش، كۆپىيىش، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

طَيِّبَةً: (پاك)، بۇ سۆز، دۇئا ۋە ئىمان بىلەن پاكلانغان دېگەن مەنىنى ياكى، سالام بەرگۈچىنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان پاك، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سالام اللە تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەندۇر، چۈنكى، سالام قىلىشقا اللە تائالا بۇيرۇغان. ئۇ سالام بەرىكەتلىك ۋە پاكتۇر. چۈنكى، ئۇ سالامەت بولۇشقا قىلىنغان دۇئا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت تەسىرى ۋە مەنپەئەتى بولىدۇ. اللە تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)﴾[4] دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ سالامنى كۆرسىتىدۇ.»[5]

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە مۇجادىلە، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا، 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 337 ـ بەت.

www.munber.org

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: تېنى ساغلام كىشىلەر ﴿ئەماغا﴾، ﴿توكۇرغا﴾، ﴿كېسەلگە﴾ ئوخشاش ئۆزرىلىك ۋە مېيىپ كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسە ﴿ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا كىبىرلىكنى ۋە مۇتەكەببىرلەرنى دوست تۇتمايدۇ. ئۇ بەندىلىرى ئىچىدىن كەمتەر بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ.

ئى مۆمىنلەر! سىلەر تۇغقانلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ياكى دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ياكى ئۆي ئىگىلىرى يوق چاغدا سىلەرنىڭ قاراپ قويۇشۇڭلارنى تاپشۇرغان ۋە ئاچقۇچلىرى قولۇڭلاردا بولغان ئۆيلەردىن ئىجازەتسىز ﴿بىرەر نىمە يېسەڭلار﴾ سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر، ﴿سىلەر﴾ توپلىشىپ ﴿يېسەڭلارمۇ﴾، يا يەككە ﴿يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر، سىلەر﴾ قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ياكى دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىگە ﴿كىرگەن چېغىڭلاردا﴾ ئۆي ئىگىلىرىگە ئالدى بىلەن سالام بېرىڭلار ۋە ئۇلارغا مۆمىنلەرنىڭ شۇئارى بولغان ئىسلام سالامىنى، ﴿الله بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)﴾ ئەنە شۇ سالام الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر ۋە سىلەرگە بېكىتكەن ھۆكمىدۇر. سىلەر ئىسلام ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىشىڭلار، ئىسلامنىڭ سىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان، دىنىڭلارغا ۋە دۇنيالىقىڭلارغا پايدىلىق بولغان توغرا تەلىم تەربىيىسىگە ئەمەل قىلىشىڭلار لازىم. الله سىلەرنى پۈتۈن ئىشلاردا ياخشىلىقنى ۋە ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، تەقۋادار مۆمىنلەردىن بولسۇن دەپ، ياخشىلىق ۋە بەخت ـ سائادەت يولىنى ﴿مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴾.

# نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار﴾[1] دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا مۇسۇلمانلار كېسەل، ئاجىز، ئەما ۋە توكۇر كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى گۇناھ ھېسابلىدى ۋە: تاماق ئەڭ ئەۋزەل مالدۇر، الله تائالا مال ـ مۈلكنى ناھەق يەۋېلىشنى چەكلىدى، ئەما ياخشى تاماقنىڭ يېرىنى كۆرەلمەيدۇ، كېسەل كېسەللىك سەۋەبىدىن باشقىلار بىلەن تەڭ يېيەلمەيدۇ، توكۇر قىستىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلمەيدۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿(تېنى ساغلام كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسە)

[1] سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر...﴾ دېگەن ئايىتى كەرىم نازىل بولدى.[1]

2 - سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جىھادقا چىقىپ كەتسە، ئۆيلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئەما، توكۇر، كېسەل ئادەملەرگە ۋە تۇغقانلىرىغا قويۇپ قوياتتى، ھەمدە ئۇلارنى ئۆيلىرىدىكى نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغاندا يېيىشكە بۇيرۇيتتى. لېكىن ئاچقۇچنى تۇتقانلار ئۇ ئۆيلەردىن بىرەر نەرسە يېيىشتىن قورقاتتى ۋە: ئۆي ئىگىلىرىنىڭ رازى بولماي قېلىشىدىن قورقىمىز، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.»[2]

3 - بۇ ئايەت ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر قىسىم كىشىلەر ئاجىز، ئەما، توكۇر ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى ئۆيلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ باراتتى. ئەگەر ئۇلار ئۆيلىرىدىن يېگىدەك بىر نەرسە تاپالمىسا، ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ، ئانىلىرىنىڭ ۋە الله تائالا بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئېلىپ باراتتى. مېھمانغا كەلگەن بۇ كىشىلەر بۇ تاماقنى يېيىشنى گۇناھ ھېسابلايتتى. چۈنكى، ئۇلارنى مېھمان قىلغانلار باشقىلارنىڭ نەرسىلىرى بىلەن مېھمان قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.»[3]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 - الله تائالا: ﴿ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر﴾ دېدى. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەمادىن، توكۇردىن ۋە كېسەلدىن گۇناھنى كۆتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى بايان قىلدى، لېكىن بۇ گۇناھنىڭ نېمە گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلمىدى. شۇڭا كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار: الله تائالا ئۆزرىلىك كىشىلەردىن ۋە ئۇلاردىن كېيىن بايان قىلىنغان كىشىلەردىن يېمەك - ئىچمەك ھەققىدىكى گۇناھنى كۆتۈرۈۋەتقان، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى: «سىلەر ئەما بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسەڭلار ئۇنىڭ ھەققىدە سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر، توكۇر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسەڭلار ئۇنىڭ ھەققىدە سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر، كېسەل بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسەڭلار ئۇنىڭ ھەققىدە سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر» دېگەن بولىدۇ.

---

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 64 - بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 473 - بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 - جىلد، 58 - بەت.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 64 - بەت. ۋاھىدىنىڭ «نازىل بولۇش سەۋەبلىرى» ناملىق كىتابى، 190 - بەت.
[3] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 334 - بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 64 - بەت.

www.munber.org

ئايەتتىكى ”غا“ مەنىسىدە كەلگەن ﴿عَلَى﴾ «في» (ھەققىدە) دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنى ئىبنى جەرىر بايان قىلغان[①].

ھەسەن ۋە ئابدۇررەھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ گۇناھ اللە يولىدا جىھادقا چىقالمىغان ئۆزرىلىك كىشىلەردىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن گۇناھتۇر.» شۇنداق بولغاندا بۇ ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتلەردىن مۇستەقىل ھالەتتە كەلگەن بولىدۇ ۋە بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان گۇناھ بىلەن يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان گۇناھ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان بولىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسى بولسا: «ئەما، توكۇر ۋە كېسەل كىشىلەر ئۆزرىلىك بولغانلىقى تۈپەيلى مۇجاھىدلار بىلەن بىللە جىھادقا چىقالماي، جىھادقا قاتنىشالمىسا، ئۇلارغا گۇناھ يوقتۇر» دېگەن بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ ئايەتتىن كېيىنكى ئايەت مۇستەقىل جۈملە بولۇپ كېلىدۇ. ئەبۇ ھەييان «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە مۇشۇ قاراشنى تاللىغان.

2 ـ اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئاتا ـ ئانىلار، قېرىنداشلار، ھەمشىرىلەر، تاغىلار، ھاماچىلار قاتارلىق تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى تىلغا ئېلىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تىلغا ئالمىدى. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، بالىنىڭ مېلى ئاتىنىڭ مېلىدۇر، بالىنىڭ ئۆيى ئاتىنىڭ ئۆيىدۇر. بىر ھەدىستىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: «سەن ۋە سېنىڭ مېلىڭ ئاتاڭنىڭدۇر.» ﴿ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىش يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن پەرزەنتلەرنىڭ ئۆيلىرى تىلغا ئېلىنمىدى. ئاتا ـ بالا ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىقنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بالا ئىگىدارچىلىق قىلغان مۈلك گويا ئاتىنىڭ مۈلكىدۇر. بىر ھەدىس شېرىفتە مۇنداق دېيىلگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم بالىسىنىڭ تاپاۋىتىدىن يېسە، ئەڭ پاك نەرسە يېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بالىسى ئۆز پۇشتىدىندۇر.»[②]

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «﴿ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىش يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن پەرزەنتلەرنىڭ ئۆيلىرى تىلغا ئېلىنمىدى. اللە تائالانىڭ: ﴿ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا﴾ دېگەن سۆزى خوتۇنلىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار بار ئۆيلەردە، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. بالا تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ سانىلىدىغان كىشىدۇر. تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرەر نەرسە يېيىشكە رۇخسەت قىلىشنىڭ سەۋەبى تۇغقاندارچىلىق بولغان ئىكەن، ئەڭ يېقىن تۇغقان بولغان بالىنىڭ ئۆيىدە رۇخسەتسىز بىرەر نەرسە يېيىش ئەلۋەتتە بىرىنچى بولۇپ دۇرۇس بولىدۇ.»[③]

3 ـ بىرىگە: بىر تۇغقان قېرىندىشىڭنى بەك ياخشى كۆرەمسەن، ياكى دوستۇڭنىمۇ؟ دېيىلگەندە، ئۇ: بىر تۇغقان قېرىندىشىمنى پەقەت دوستۇم بولالىغاندىلا ئاندىن بەك ياخشى

---

[①] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 67 ـ بەت.

[②] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىمۇ «ئەتتارىخ» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە بۇ ھەدىسنىڭ لەۋزى مۇنداق: «ئۆزەڭلارنىڭ تاپاۋىتىدىن يېگىنىڭلار ھەققەتەن ئەڭ پاك نەرسىدۇر، پەرزەنتلىرىڭلارمۇ سىلەرنىڭ تاپاۋىتىڭلاردىندۇر.» ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 437 ـ بەت.

[③] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 474 ـ بەت.

كۆرىمەن، دېگەن. ھەسەننىڭ سۆھبەتداشلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇ يوق چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىدىن يەيدىغان نەرسىلەرنى يېگەن. ئاندىن ھەسەن كېلىپ، ئۇلارنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ خۇرسەن بولغان ۋە: بىز ساھابىلارنىڭ چوڭلىرىنى مانا ـ مۇشۇنداق ھالەتلەردە كۆرگەن ئىدۇق، دېگەن. بىراۋ دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ھەميانىدىن پۇل ئېلىپ، ئاندىن شۇ پۇل بىلەن ئۇنىڭ دېدىكىنى ئازاد قىلىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «دوستىنىڭ ئورنى تۇغقاندارچىلىقتىن كۈچلۈكتۇر. دوزاخ ئەھلىنىڭ پەرياد تەلەپ قىلىشىغا قارىمامسەن، ئۇلار: ﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق ۋە يېقىن دوستىمۇ يوق﴾[1] دېيىشىدۇ. ئۇلار ئاتىلاردىن ۋە ئانىلاردىن پەرياد تەلەپ قىلمايدۇ»[2].

4 ـ ئەرەبلەر سېخىلىق بىلەن داڭ چىقارغان. ئەنسارىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە مېھمان كەلسە، ئۇلار مېھمانلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈپ تاماق يەيتتى. كەنانە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن سىقىلاتتى. بىراۋ تاماقنى ئالدىغا قويۇپ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرەتتى. ئەگەر بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىپ بېرىدىغان ئادەم تاپالمىسا، يالغۇز يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى[3].

5 ـ ئىمام زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا﴾ ئالدى بىلەن ئۆيدىكى دىنىي ۋە تۇغقاندارچىلىق جەھەتتىن سىلەردىن بولغان كىشىلەرگە ﴿اللہ بەلگىلىگەن﴾ يەنى اللہ نىڭ بۇيرۇقى بىلەن كۆرسىتىلگەن ۋە اللہ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مۇبارەك، پاك ﴿سالامنى بېرىڭلار﴾، چۈنكى، سالام بېرىش سالامەتلىكنى تەلەپ قىلىشنى ۋە سالام بېرىلگۈچىگە ئامانلىق تىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سالام بەرىكەتلىك ۋە پاك دەپ سۈپەتلەندى. چۈنكى، ئۇ مۆمىننىڭ مۆمىنگە قىلغان دۇئاسىدۇر، بۇ سالام بىلەن اللہ دىن تېخىمۇ زىيادە ياخشىلىق، تېخىمۇ پاك رىزىق بېرىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.»[4]

6 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۆيلەرگە﴾ دېگەن سۆزى ئېنىقسىز كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاممىبابلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى ئۆيلەردىن قايسى بىر ئۆيگە كىرسەڭلار، ئۆزەڭلارغا سالام بېرىڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) اللہ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتتە ئۇلۇغ ئىگىمىز اللہ تائالا مۇسۇلمانلارنى بىر ئادەمگە ئوخشاتتى. ئىبنى

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 100 ـــ 101 ـ ئايەتلەر.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 474 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد.
[4] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

www.munber.org

ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۆيدە ھېچكىم بولمىسا، كىرگەن ئادەم ئۆزىگە ئۆزى: پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن بىزگە سالام بولسۇن، دېسۇن»[1].

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ھەققىدىكى قاراشلار ئىچىدە توغرا بولغان قاراش: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسەڭلار ئۆزئارا سالام قىلىشىڭلار دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىدۇر. بىز بۇ قاراشنى توغرا دەپ كۆچلەندۈرۈشىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، الله تائالا ئۆيلەردىن مۇئەييەن ئۆيلەرنى خاسلاشتۇرماستىن: ﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا الله بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار﴾ يەنى ئۆزئارا سالام قىلىشىڭلار، دېدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە، مەسجىدلىرىگە ۋە باشقا يەرلىرىگە كىرگەندە سالام قىلىش لازىم.»[2]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئۆيلەردىن بىرەر نەرسە يېيىش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بۇ ئايىتى كەرىمە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، بىر - بىرى بىلەن ئۈنسى - ئۈلپەت ئېلىش، ئۆزئارا كەڭ قول بولۇش ۋە ئارىدا قېيىنچىلىق تۇغۇلماسلىق ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر ئادەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە تاماق قويىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇلارنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئوچۇق سۆز بىلەن رۇخسەت سوراپ يېيىش ئادەتكە ئايلانغىنىدەك، ئىنسانىنىڭ الله تائالا بۇ ئايەتتە ئاتىغان تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن رۇخسەتسىز تاماق يېيىشى دۇرۇس قىلىنغان.

تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ: ﴿ئى ئىنسانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا... (ئىجازەتسىز) بىرەر نىمە يېسەڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق ئۈچ خىل قاراشتا كەلگەن:

بىرىنچى، بۇ ئايەت باللارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرسىتىدۇ يەنى باللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىجازەتسىز بىرەر نەرسە يېسەڭلار ھېچ گۇناھ يوقتۇر، چۈنكى، ئۇ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزلىرى ئولتۇرىۋاتقان لېكىن باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا خىتاب شۇ ئۆيدىكى ئەرنىڭ خوتۇنلىرىغا، باللىرىغا، خىزمەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق ئائىلە ئەزالىرىغا

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 448 - بەت.

قارىتىلغان بولىدۇ. بۇ ئۆيلەر ئۇلارغا نىسبەت بېرىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇ ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

ئۈچىنچى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋە خوتۇنلىرىنىڭ مېلىدىن يېيىشىنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، خوتۇننىڭ ئۆيى ئەرنىڭ ئۆيىدۇر.

ئەبۇ بەكرى جەسساس ئىككىنچى قاراشنى تاللايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان لېكىن باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئەرنىڭ خوتۇنى، بالىسى، خىزمەتچىسى ۋە بارلىق ئائىلە ئەزالىرى ئۇنىڭ ئۆيىدىن خالىغان نەرسىنى ئىجازەتسىز يەيدۇ. بۇ ئۆيلەر ئۇلارغا نىسبەت بېرىلدى. گەرچە ئۇلار ئۆي ئىگىسىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر بولسىمۇ، ئۆيلەردە شۇلار ئولتۇرىدۇ. چۈنكى، بىر ئەرنىڭ ئۆز مېلىدىن رۇخسەتسىز يېيىشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەقىلغا سىغىدىغان گەپ ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، خىتابنىڭ زاھىرى مەنىسى ۋە ئۇنىڭ باشلىنىشى كىشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مېلىدىن رۇخسەتسىز يېيىشىنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە﴾ الله تائالا ئەنە شۇ مەھرەم بولغان تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا مېھمان قىلىش ئادىتىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە رۇخسەتسىز تاماق يېيىشكە رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى توسقۇنلۇقنى يوق قىلدى.»[1]

ئىككىنچى ھۆكۈم

قاراپ قويۇشقا تاپشۇرۇلغان كىشى ئۆي ئىگىسىنىڭ مېلىدىن يېسە دۇرۇس بولامدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سەرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى ئۆيگە قارىغۇچىغا ئۆينى قاراشقا تاپشۇرغان كىشىنىڭ مېلىدىن چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك ۋە دۆشمەنلىك قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا يېيىشنىڭ رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر ئاچقۇچ قولىدا بولسا، ئۇنىڭ يېيىشى دۇرۇستۇر. ئۇ ئاز مىقداردا بىر نەرسە يېسە، ھېچ ۋەقەسى يوق.»

الله تائالانىڭ: ﴿يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سەرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 335 ـ بەت.

www.munber.org

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆيدىن خورما يېيىش، سۈت ئىچىش قاتارلىقلار رۇخسەتتۇر.»[①]

مۇنداق قاراشمۇ بار: بۇ ئايەت يېتىملەرگە قارىغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار يېتىملەرنىڭ مېلىدىن ئۇلارغا زىيان سالماسلىق شەرتى بىلەن مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسە بولىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾[②].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

دوستنىڭ ئۆيىدىن رۇخسەتسىز يېيىش دۇرۇسمۇ؟

بۇ ئايىتى كەرىم اللّٰه تائالا ئاتىغان تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ۋە دوستلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىجازەتسىز يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرى كىشىلەر گۇناھ بولىدۇ، دەپ باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن تاماق يېمەيتتى. اللّٰه تائالا دەسلەپتە قارىغۇ، توكۇر ۋە كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىلىك ئادەملەرگە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىزنىسىز بىرەر نەرسە يېيىشنى رۇخسەت قىلدى، ئاندىن پۈتۈن كىشىلەرگە رۇخسەت قىلدى. ئەگەر بىر دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ ۋە ئۇنىڭ تامىقىدىن رۇخسەتسىز يېسەڭ، بۇ ساڭا ھالالدۇر.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇمۇ ھەم ئادەتتە يۈز بېرىۋاتقان رۇخسەت ئاساسىدا بولىدىغان بىر ئىشتۇر. شۇنداق بولغاندا ئادەتلەنگەن كىشى رۇخسەت بېرىلگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن بىر ئايال ئېرىدىن رۇخسەت سورىماستىن بىر توغرام ناننى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى سەدىقە قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق ئىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، بىر ـ بىرىنى توسمايدۇ. رۇخسەت بېرىلگەن بىر قۇلنى ۋە توختام تۈزۈشكەن بىر قۇلنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئىككىسى تامىقىغا بىرەر ئادەمنى چاقىرالايدۇ ۋە قوللىرىدىكى نەرسىدىن ئاز مىقداردا سەدىقە قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ خوجايىنىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ مۇنداق ئىشنى قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

نافىئ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ تىللىرىغا ۋە تەڭگىلىرىگە ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن ھەقلىق كىشىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئىسھاق ئىبنى كەسىر، رەسافىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز بىر كۈنى ئەبۇ جەئفەرنىڭ يېنىدا ئىدۇق. ئۇ: سىلەرنىڭ بىرىڭلار قولىنى قېرىندىشىنىڭ

---

① ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 474 ـ بەت.

② سۈرە نىسا، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يانچۇقىغا ياكى ھەميانىغا تىقىپ ئۇنىڭ پۇلىنى ئالالامدۇ؟ دېدى. بىز: ياق، دېدۇق. ئۇ: ئۇنداقتا سىلەر قېرىنداش ئەمەسكەنسىلەر، دېدى.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ ئۆيىدىن ئۇ يوق چاغدا بىر نەرسە يېسە دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك مەۋجۇت. كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئادەتلەنگەن ۋە بۇ ئايىتى كەرىممۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ. بىر دوست ئۆزىنىڭ يېنىدا يەنە بىر دوستىنىڭ تاماق يېگەنلىكىنى كۆرسە ناھايىتى خۇشال بولىدۇ.

الله تائالادىن بىزنى بېخىللىق ۋە ئاچكۆزلۈك كېسىلىدىن ساقلىشىنى تىلەيمىز. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

### تاماقنى ئورتاق يېيىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

بىر ئادەمنىڭ تاماقنى باشقىلار بىلەن ئورتاق يېيىشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇنى الله تائالانىڭ: ﴿سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر تۈپ كىشىلەر بىر تاماققا ئىشتىراك قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن توپلىشىپ يېيىشى دۇرۇستۇر. ئىلگىرى بىراۋ باشقا بىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېسە، ھەمراھىدىن جىق يەپ سېلىشىدىن قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يىغىلىپ تاماق يېگىلى ئۇنىمايتتى. قۇرئان كەرىم بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. گەرچە بەزىلەر بەزىلەردىن ئىشتىھالىق ۋە ئاشقازىنى چوڭ بولسىمۇ، قۇرئان كەرىم ئۇلارغا بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى يولغا قويدى. بۇنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر﴾[2]. بۇ ئايەت ئۇلارغا يېتىمنىڭ تامىقىنى ئۆزلىرىنىڭ تامىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ھەممە بىرلىكتە ئولتۇرۇپ يېيىشنى رۇخسەت قىلدى.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئايەتتىن يەنە بىرى الله تائالانىڭ ”ئەسھابۇل كەھف“ ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن﴾[3]. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كۈمۈش تەڭگىلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇلى ئىدى، تاماقمۇ ئۇلار ئارىسىدا ئورتاق ئىدى. ئۇلار بۇ تاماقنى بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشنى

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 336 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 220 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە كەھف، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دۇرۇس دەپ قارىغان. فىقھشۇناسلار بۇنى ”ھەممە تەڭ چىقىرىش“ دەپ ئاتىغان ئورتاقچىلىق بولۇپ، كىشىلەر سەپەر ئۈستىدە بۇ ئورتاقچىلىقنى قوللىنىدۇ.

### بەشىنچى ھۆكۈم

مەھرەملەرنىڭ ئۆيلىرىدىن ئوغرىلىغان نەرسە ئۈچۈن قول كېسىلەمدۇ؟

ئەبۇ بەكرى جەسساس (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مەھرەمنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان كىشىنىڭ قولىنىڭ كېسىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، اﷲ تائالا بۇ ئايەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىجازەتسىز يېيىشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەتسىز كىرىشنى رۇخسەت قىلدى. شۇڭا مەھرەمنىڭ مېلى مەھرەملەرگە مەنئى قىلىنمايدۇ. ئەگەر بىرى: ئۇنداق بولسا دوستىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان كىشىنىڭ قولىمۇ كېسىلمەسلىكى لازىم، چۈنكى، بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ تامىقىنى ئىجازەتسىز يېيىش رۇخسەت قىلىنغان دېسە، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: كىمكىن دوستىنىڭ مېلىنى ئوغرىلىماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ دوستى بولمايدۇ.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: جازا گۇمان تۇغۇلغاندا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. مەھرەمنىڭ ئۆيىدىن بىرەر نەرسە ئوغرىلاش ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تۇغقاندارچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن گۇمان تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت تەنبىھ جازاسى بېرىلىدۇ.

### ئالتىنچى ھۆكۈم

بۇ ئايەت رۇخسەت سوراش ئايىتى بىلەن مەنسۇخ قىلىنغانمۇ؟

بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەت اﷲ تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار﴾[2] دېگەن سۆزى بىلەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى پەقەت خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن بەرگەندىلا ئاندىن ھالال بولىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

توغرىسى ئۇ مەنسۇخ ئەمەس. بۇ، كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلارنىڭ، ئىمام ئەبۇ بەكرى جەسساسنىڭ، ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىدۇر. ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە مەنسۇخ قىلىدىغان بىر نەرسە يوق. چۈنكى، بۇ ئايەت ئۆزرىلىك كىشىلەر ۋە تۇغقانلار ھەققىدە نازىل بولغان. اﷲ تائالانىڭ: ﴿باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار﴾ دېگەن سۆزى بولسا، ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى پەقەت خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن بەرگەندىلا

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 336 ـ بەت.
[2] سۈرە نۇر، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاندىن ھالال بولىدۇ» دېگەن سۆزىمۇ بۇ ئايىتى كەرىمە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

## ئايەتلەر كۆرسەتمىگەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئۇزرىلىك كىشىلەرنىڭ جىھادقا چىقالماسلىق گۇناھى ياكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن رۇخسەتسىز يېيىش گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدۇ.

2 ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يېيىشنىڭ رۇخسەت قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى ۋە ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى كۈچەيتىدۇ.

3 ـ دوستلۇقنىڭ ھەققى ناھايىتى چوڭدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا دوستنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز نەرسە يېيىشكە رۇخسەت قىلدى.

4 ـ تاماقنى باشقىلار بىلەن ئورتاق بولۇپ توپلىشىپ يېيىش ياكى يەككە يېيىش دۇرۇستۇر.

5 ـ ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئەنە شۇ ئەخلاقنىڭ بىرى ئۆيگە كىرگەندە ئۆي ئىگىلىرىگە سالام بېرىشتۇر.

6 ـ بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا سالام قىلىشىنى ياراتقۇچى الله تائالا بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

7 ـ الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە بەلگىلىگەن ھۆكۈملەر ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى، پايدىسى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈندۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

الله تائالا كىشىلەرگە چېقىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ مېلىنى ناھاق يەۋېلىشنى ھارام قىلدى. بىر ئادەم ئۈچۈن باشقا بىرىنىڭ مېلىنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. پەقەت مال ئىگىسى رۇخسەت قىلغان ۋە خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن بەرگەندىلا ئاندىن دۇرۇس بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى پەقەت خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن بەرگەندىلا ئاندىن ھالال بولىدۇ.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلمانغا ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش، مېلىنى ناھەق يەۋېلىش ۋە ئابرۇيىنى تۆكۈش ھارامدۇر.»

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 336 ـ بەت.

www.munber.org

ھەممىنى ياراتقۇچى اللہ تائالا ئىنسانغا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن ئۇلارنىڭ رۇخسەتسىز يېيىشنى رۇخسەت قىلدى. بۇ تۇغقانلار اللہ تائالا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئاتىغان ۋە تۇرلىرىنى سانىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاتىلار، ئانىلار، قېرىنداشلار، ھەمشىرىلەر، تاغىلار ۋە ھامماچىلاردىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېقىن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بار. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن يېيىش ئارىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنى ۋە يېقىنلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن يېسە، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، ئارىدىكى قىيىنچىلىقنى يوقىتىدۇ، ئۆزئارا كۆيۈنۈشكە ۋە كەڭ قورساق بولۇشقا چاقىرىدۇ.

اللہ تائالا يەنە دوستىنىڭ ئۆيىدىنمۇ رۇخسەتسىز يېيىشنى يولغا قويدى. چۈنكى، دوستلۇق تۇغقاندارچىلىقنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. بىر دوستنىڭ يەنە بىر دوستى ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭدۇر. نۇرغۇن دوستلار بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىگىمىز اللہ تائالا دوستلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يېيىشكە رۇخسەت قىلدى، ئۆزئارا ئۈلپەتلىشىشنىڭ داۋام قىلىشى، دوستلۇق ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ئورۇن ئېلىشى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دىنىي قېرىنداشلىق ئالاقىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ئۈچۈن ئۇلارنى تۇغقانلارنىڭ ئورنىدا قىلدى. مانا بۇ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىدىندۇر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانلىرىدىندۇر. اللہ تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[1].

اللہ تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە ئۆي ئىگىلىرىگە ئالدى بىلەن سالام قىلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئىجتىمائىي گۈزەل ۋە يۈكسەك ئەخلاق بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە چاقىرىدۇ ۋە سالامنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ مۆمىنىنىڭ سالامىدۇر، ئىسلام دىنىنىڭ شۇئارىدۇر. ئۇ مۆمىنلەر ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىشنىڭ يولى بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتى يەككە كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىزچىل ئالاقە ئورنىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللہ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغىچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى دوست تۇتمىغىچە مۆمىن بولالمايسىلەر. مەن سىلەرگە ئەمەل قىلساڭلار بىر ـ بىرىڭلارنى دوست تۇتىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار.»[2]

جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەردىن بىرى دوستىغا ياكى قېرىندىشىغا ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭغا: ئەتىگەنلىكىڭ نېمەتلىك بولسۇن، كەچلىكىڭ نېمەتلىك بولسۇن، اللہ سېنى نېمەتدار قىلسۇن[3]... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلاتتى. ئىسلام دىنى بولسا ئۇنىڭدىن ياخشى، ئۇنىڭدىن پاك ۋە چىرايلىق سالامنى ئېلىپ كەلدى. ئىسلام دىنى ئۇلارغا

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى» دېگەندىن ئىبارەت شۇنداق ئېسىل ۋە يېقىملىق سۆز بىلەن قىلىنىدىغان مۇبارەك، پاك سالامنى ئېلىپ كەلدى. بۇ سالامنى اﷲ تائالا بەندىلىرىگە ئۆزى بەلگىلىگەن بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) اﷲ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)﴾.

سالام اﷲ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىر ئىسىمدۇر. شۇڭا بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ سالامنى تاشلاپ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى سالام سۆزلىرىنى قوللىنىشى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان: خەيرىلىك ئەتىگەن، خەيرىلىك ئاخشام دېگەنگە ئوخشاش يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، بۇ سۆز ئىبارىلەردە ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك دىنى ئىسلام مەقسەت قىلغان يېقىملىق، ئىنچىكە ۋە مېغىزلىق مەنىلەر يوق.

www.munber.org

## ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش

﴿ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا لُقْمَٰنَ ٱلْحِكْمَةَ أَنِ ٱشْكُرْ لِلَّهِ ۚ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ حَمِيدٌ ﴿١٢﴾ وَإِذْ قَالَ لُقْمَٰنُ لِٱبْنِهِۦ وَهُوَ يَعِظُهُۥ يَٰبُنَىَّ لَا تُشْرِكْ بِٱللَّهِ ۖ إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ ﴿١٣﴾ وَوَصَّيْنَا ٱلْإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَٰلُهُۥ فِى عَامَيْنِ أَنِ ٱشْكُرْ لِى وَلِوَٰلِدَيْكَ إِلَىَّ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٤﴾ وَإِن جَٰهَدَاكَ عَلَىٰٓ أَن تُشْرِكَ بِى مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا ۖ وَصَاحِبْهُمَا فِى ٱلدُّنْيَا مَعْرُوفًا ۖ وَٱتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَىَّ ۚ ثُمَّ إِلَىَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٥﴾ ﴾

﴿بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «اللہ قا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، اللہ (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر». ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، اللہ قا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى. ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾.

—— سۈرە لوقمان 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

اَلْحِكْمَةَ: (ھېكمەت)، بۇ سۆز، توغرا سۆز قىلىش ۋە توغرا ئىش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھەر نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ﴾[1].

فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ھېكمەت ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئىلىمنى ئەمەل بىلەن بىرلەشتۈرۈش نېسىپ قىلىنغان ھەرقانداق ئادەم ھېكمەت بېرىلگەن كىشىدۇر.»[2]

لۇغەتتە ئىشنى پۇختا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىشلارنى پۇختا قىلىدىغان ئادەم ھەكىم دېيىلىدۇ. كۈچلۈك قاراشقا ئاساسلانغاندا لوقمان پەيغەمبەر ئەمەس، توغرا ئىش قىلىدىغان دانا ئادەم ئىكەن.

غَنِي: (بىھاجەت)، بۇ سۆز، مەخلۇقاتلاردىن بىھاجەت، ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. پۈتۈن بەندىلەر اللہ تائالاغا موھتاجدۇر. ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەر اللہ قا موھتاجسىلەر، اللہ (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[3].

حَمِيد: (مەدھىيىگە لايىقتۇر)، بۇ سۆز، ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى تەرىپىدىن مەدھىيىلىنىدىغان زات دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، گەرچە ھېچكىم مەدھىيىلىمىسىمۇ مەدھىيىلەشكە ھەقىقىي ھەقلىق زات دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ.» ئايەتتە، ئىنسانلار اللہ تائالاغا مەيلى شۈكۈر قىلسۇن ياكى شۈكۈر قىلمىسۇن، اللہ تائالا ھەر ۋاقىت مەدھىيىلەشكە ھەقلىقتۇر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

يَعِظُهُ: (نەسىھەت قىلىپ)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىزە» بولۇپ، ھېكمەتلىك ئۇسلۇب بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ۋە توغرا يول كۆرسىتىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾[4]. ئىرباز ئىبنى سارىيەنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە شۇنداق تەسىرلىك ۋەز ـ نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭ تەسىرىدىن كۆزلەر ياش تۆكتى، دىللار تىترىدى...»[5].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 269 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 733 ـ بەت.
[3] سۈرە فاتىر، 15 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نەھل، 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئىمام تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

وَهۡنًا: (ئاجىزلىق)، بۇ سۆز ئاجىزلاشماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۆچ - قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم﴾[1].

ئايەتتە، ئانا بالىغا ھامىلدار بولغان كۈندىن باشلاپ كۈندىن كۈنگە ئاجىزلىشىدۇ. بۇ ئاجىزلىق ھامىلدار بولغان ۋاقىتتىن تا تۇغقانغا قەدەر كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ داۋام قىلىدۇ. چۈنكى، بالا چوڭايغانسېرى ئېغىرلىق ۋە ئاجىزلىق تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا يارىتىلىشتىلا تەنى ئاجىز يارىتىلغان بولۇپ، ھامىلدارلىق ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋېتىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَفِصَٰلُهُۥ: (ئايرىدى)، بۇ سۆز، بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر﴾[2]. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەمچەكتىن ئايرىغاندىن كېيىن ئېمىلداشلىق بولمايدۇ.» ئايەتتە، ئىككى يىل توشۇش بىلەن ئۇنى ئەمچەكتىن تولۇق ئايرىشقا بولىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلۡمَصِيرُ: (ئاخىرى قايتىدىغان جاي)، بۇ سۆز، ئاخىرى قايتىدىغان جاي، ئاخىرى بارىدىغان قارارگاھ، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر﴾[3].

جَٰهَدَاكَ: (سېنى زورلىسا)، بۇ سۆز ئايەتتە، ئاتا - ئاناڭ ئىككىسى سېنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلسىمۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى پۈتۈن تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز﴾[4]. «جىھاد» دېگەن سۆز پۈتۈن كۈچ - قۇدرەتنى سەرپ قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا جەڭچى مۇجاھىد دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ مېلىنى، ئۆزىنى ۋە جېنىنى الله يولىدا سەرپ قىلىدۇ. دېمەك، ئۇ قولىدا بار پۈتۈن ئىقتىدارىنى سەرپ قىلىدۇ.

مَعۡرُوفًا: (ياخشى)، بۇ سۆز ئايەتتە، ئاتا - ئاناڭغا چىرايلىق ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلغىن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] سۈرە مەريەم، 4 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھقاف، 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە، 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنكەبۇت، 69 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

أَنَاب: (قايتقان)، بۇ سۆز ئايەتتە، گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىپ، پەرۋەردىگارى تەرەپكە قايتقان، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمام تەبەرى الله تائالانىڭ: ﴿ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن تەۋبە قىلىپ ئىسلام يولىغا قايتقان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ يولىغا ماڭغىن.»[1]

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

ھەممىنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ياخشى بەندىسى لوقمانغا ئاتا قىلغان يۈكسەك مەرتىۋىنى ئىنسانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتىدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى ئەسلىتىدۇ ۋە الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭ گۇناھ بولغان شېرىكتىن قورقىتىدۇ. الله تائالا ﴿ھېكمەت﴾ نى رىزىق قىلىپ بەرگەن، ئەقىل ۋە توغرا يول ئاتا قىلغان، ھېكمەت بىلەن سۆزلەيدىغان، ئىنسانلارغا ھېكمەت ئۆگىتىدىغان ئەنە شۇ ياخشى بەندىسىنىڭ ئىشلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ﴿لوقمان﴾ ھەكىم ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرىدىن بەزىلىرىنى ساناپ ئۆتىدۇ. بۇ نەسىھەتلەردىن بىرى الله قا كاپىر بولۇشتىن ۋە شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقىتىش بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ خەتەرلىك ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغان جىنايەتتۇر. چۈنكى، ئۇ ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ يامان ئىشتۇر. ﴿كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾[2].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە لوقماننىڭ ﴿ئوغلىغا﴾ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئەسلەتكىن. ھالبۇكى، لوقمان ئوغلىغا ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئۇنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ۋە الله نىڭ نېمەتلىرىگە تېنىشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ زىيىنىدىن قورقىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ قىلمىش ھەقىقەتكە توغرا مۇئامىلە قىلمىغانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوچۇقتىن ئوچۇق زۇلۇمدۇر، ئاشكارا دۈشمەنلىكتۇر. كىمكى ياراتقۇچى الله نى يارىتىلغان نەرسىلەر بىلەن، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى مەبۇدنى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ئىگىسىنى ھېچ نەرسىدىن بىھاجەت قىلالمايدىغان بۇت بىلەن تەڭ ئورۇندا قويىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئەڭ ئەخمەق، ئەقىل ۋە ھېكمەتتىن ئەڭ يىراق ئىنساندۇر. ئۇ زالىملىق بىلەن سۈپەتلىنىشكە، ھايۋانلار قاتارىدا سانىلىشقا لايىقتۇر...

---

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى.

[2] سۈرە ھەج، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ﷲ تائالا ئالدىنقى ئايەتتە لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نىمەت ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر قىلىش ھەققىدىكى نەسىھىتىنى ۋە شېرىكنىڭ يامان گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئايەتلەردە ﷲ قا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ناھايىتى قەبىھ ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن، ياخشى بەندە لوقماننىڭ نىمە ئۈچۈن ئوغلىنى ﷲ قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن توسۇشتىكى ھېكمەتنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەت لوقماننىڭ نەسىھەتلىرىدىن مۇستەقىل بولغان نەسىھەتلەرنى بايان قىلغان بولۇپ. گويا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىز ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا﴾ كۆيۈنۈشكە، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئۇلار ئۇنى كۆرمىگەن جاپا مۇشەققەتلەر بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشىنى بېكىتتۇق. ئۇلار ئۇنى ﷲ قا شېرىك كەلتۈرۈشكە ۋە ئاسىيلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتىن قورقۇتتۇق. چۈنكى، «ياراتقۇچىغا بويسۇنماسلىق ھەققىدە يارىتىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىش يوق.» ئاتا بىلەن بالا ئارىسىدىكى ساغلام مۇناسىۋەت ئاتىغا ئىتائەت قىلىشنى، ياخشىلىق قىلىشنى، تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ۋە تەربىيىلەپ چوڭ قىلىش جەريانىدا جاپا تارتقان كىشىگە گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾[①].

ئەگەر بۇ ساغلام مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، ئاتا ـ ئانا ﷲ قا شېرىك كەلتۈرۈشكە، گۇناھ مەسىيەتلەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇلار قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا، گۇمراھلىققا باشلايدىغان ئاۋازغا قوشۇلۇشقا بولمايدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى، گەرچە ئاتا ـ ئانا مۇشرىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بالىسى ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇلارنىڭ ﷲ قا كاپىر بولۇشى بالىسىنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىش جەريانىدا تارتقان جاپا مۇشەققەتلىرىنى يوققا چىقىرىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋاجىپتۇر. ﷲ قا قارشىلىق بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلماسلىق كېرەك. راستچىل مۆمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش ﷲ تائالانىڭ رازىلىقىغا يەتكۈزىدىغان بىردىن بىر توغرا يولدۇر.

---

① سۈرە ئىسرا، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىمام ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئانامغا ياخشىلىق قىلىدىغان بىر ئادەم ئىدىم. مەن ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئانام: ئى سەئد! سەن يېڭىدىن پەيدا قىلغان بۇ دىن نېمە؟ يا سەن بۇ دىنىڭنى چوقۇم تاشلايسەن، يا مەن يېمەي ـ ئىچمەي ئۆلىمەن. ئاندىن سەن مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئار نومۇسقا قالىسەن، كىشىلەر: ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن ئى قاتىل! دېيىشىدۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ئى ئانا! ئۇنداق قىلماڭ، مەن بۇ دىنىمنى بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ھەرگىز تاشلىمايمەن، دېدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھېچ نەرسە يېمەي بىر كېچە كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاچ قورساق تاڭ ئاتقۇزدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھېچ نەرسە يېمەي يەنە بىر كېچە كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا ئۇ خېلى ھالىدىن كەتكەن ئىدى. ئۇ ھېچ نەرسە يېمەي يەنە بىر كېچە كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. تۆتىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا ئۇ تېخىمۇ بەك ھالىدىن كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئانا! سىز بىلىسىز، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىزنىڭ يۈز جېنىڭىز بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مەن بۇ دىنىمنى بىر نەرسىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ھەرگىز تاشلىمايمەن، خالىسىڭىز يەڭ، خالىسىڭىز يېمەڭ دېدىم. ئۇ مېنىڭ دىنىمدا قاتتىق چىڭ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ تاماق يېدى. ئاندىن اللە تائالا: ﴿ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[①]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللە تائالا بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشىنى بايان قىلدى، ئاندىن ئانىنىڭ ئىشىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى. بۇ ئامىباب ھالدا بايان قىلغاندىن كېيىن خاس ھالدا بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولۇپ، پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەنلىكنى ۋە ئەھمىيەت بەرگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئانىنىڭ بالا ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. اللە تائالانىڭ: ﴿ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى﴾ دېگەن سۆزى قىستۇرما جۈملىدۇر.

ئىمام زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرى: اللە تائالانىڭ ﴿ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى﴾

---

① ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 445 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىغا ۋە ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

دېگەن سۆزى بايان قىلىنغۇچى جۈملە بىلەن بايان قىلغۇچى جۈملىنىڭ ئارىسىدا قانداق قىستۇرما جۈملە بولىدۇ؟ دېسە، مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: الله تائالا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن ئانىنىڭ بالىغا ھامىلدار بولغاندىن باشلاپ ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىغانغا قەدەر بولغان بۇ ئۇزۇن ئارىلىقتا تارتىدىغان جاپا مۇشەققەتلىرىنى ۋە ئېغىرچىلىقلىرىنى بايان قىلدى. بۇ جۈملە بالىنىڭ بولۇپمۇ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىنچىكە رول ئوينايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئانىنىڭ ھەققىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىمگە ياخشىلىق قىلىمەن؟ دەپ سورىغان كىشىگە: «ئاناڭغا» دېگەن. ئاندىن يەنە: «ئاناڭغا» دېگەن. ئاندىن يەنە: «ئاناڭغا» دېگەن. ئۈچ قېتىمدىن كېيىن: «ئاتاڭغا» دېگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەرەبلەردىن بىرى ئانىسىنى يەلكىسىدە يۈدۈپ ھەجگە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە كېتىۋېتىپ مۇنداق بېيىت ئوقۇپتۇ:

يۈدۈپ ماڭدىم مەن ئانامنى،
ئۇمۇ يۈدۈۋاپتۇ سۈت ۋە باشقا ئوزۇقلۇقلارنى.
ھەر دەم بېرىپ تۇرىدۇ ئۇ ماڭا سۈت،
قايتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىكەن ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلغىنىنى.»[1]

2 ـ الله تائالا ئىنساننى ئاتا ـ ئانىغا شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇغاندا الله تائالاغا شۈكۈر قىلىشنى ئاتا ـ ئانىغا شۈكۈر قىلىشتىن بۇرۇن تىلغا ئېلىپ: ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾ دېدى. بۇ خىل ئۇسلۇب الله نىڭ ھەققىنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىدىن چوڭ ئىكەنلىكىنى، الله قا شۈكۈر قىلىشنىڭ ۋاجىپ ۋە لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بەندىلەرگە نېمەت ۋە ھەقىقىي مەرھەمەت ئاتا قىلغۇچى الله تائالادۇر. ئاتا ـ ئانىغا شۈكۈر قىلىش بولسا نېمەت ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر قىلىشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش ۋە پەيدا بولۇشىغىمۇ ھەقىقىي سەۋەب قىلغۇچى الله تائالادۇر. ئاتا ـ ئانا بولسا سىرتقى جەھەتتىن سەۋەبچىدۇر. شۇڭا ھەقىقىي سەۋەب سىرتقى سەۋەبنىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى كېرەك.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿دۇنيادا﴾ دېگەن سۆزى ئۇلارغا ھەمراھ بولۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش مۇددىتىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، دۇنيانىڭ كۈنلىرى ناھايىتى ئاز ۋاقىت بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈگەپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىنسانغا ئۇ كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرىش قىيىن ئەمەس.

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾ دېگەن سۆزى ياخشى كىشىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشنى ۋە سەلەفلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى كۆرسىتىدۇ. الله سەلەفلەرنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن! بەزى تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ ﴿تائەت بىلەن قايتقان ئادەم﴾ دېگەن سۆزىنى: ئۇ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ

---

[1] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

ئەنهۇنى كۆرسىتىدۇ يەنى ئىماندا ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكىن دېگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى، سەئد ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىسلامغا كىرگەن، دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

توغرىسى شۇكى، ئەلۇسىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ ئايەت ئاممىباب بولۇپ، مۇشۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەممە ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئېلىپ تېگىشنى ھارام قىلىدىغان ئېمىلداشلىقنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

فىقھىشۇناسلار ئېلىپ تېگىشنى ھارام قىلىشقا ئالاقدار ئېمىلداشلىقنىڭ مۇددىتىنىڭ ئىككى يىل ئىكەنلىكىگە الله تائالانىڭ: ﴿ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئېمىلداشلىقنىڭ تولۇق مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ. ئۇلار يەنە ئېمىلداشلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇددىتىنىڭ پەقەت ئىككى يىل ئىكەنلىكىگە الله تائالانىڭ سۈرە بەقەرەدىكى: ﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق كۆپچىلىك فىقھىشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھارام قىلغۇچى ئېمىلداشلىقنىڭ مۇددىتى ئىككى يېرىم يىل دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر﴾[2] دېگەن سۆزىدۇر[3].

ئۇ بۇ ئايەتنى مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن دەلىل قىلىدۇ: بىرىنچى، ئايەتتىكى "كۆتۈرۈش" دېگەن سۆز ئانىنىڭ قورساقتىكى بالىنى كۆتۈرۈشىنى ئەمەس، ئېمىتىش ئۈچۈن قولىدا كۆتۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ. گويا الله تائالا: ئانا بالىنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئېمىتىش ئۈچۈن 30 ئاي كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، دېمەكچى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا مەزكۇر ئايەتتىكى مۇددەت پەقەت بىرلا نەرسە ئۈچۈن بولۇپ، ئېمىلداشلىق مۇددىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، الله تائالا بۇ ئايىتى كەرىمدە كۆتۈرۈشتىن ۋە سۈتتىن ئايرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى بايان قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىدىنلا مۇددەتنى بايان قىلدى. شۇنداق بولغاندا بۇ مۇددەت ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن مۇستەقىل مەنە بېرىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەھقاف، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىبنى ئەنبارىنىڭ «ئەلبەيان فىي غەرىيبىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 255 ـ بەت.

www.munber.org

بۇ چۈشەندۈرۈشكە ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: بالىنى كۆتۈرۈش مۇددىتى 30 ئايدۇر، سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى ئىككىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ مۇددىتى ئىككى يېرىم يىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېمىلداشلىقنىڭ مۇددىتىنىڭ ئىككى يېرىم يىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ، ئۈستىدە قەرزى بار بىر ئادەمنىڭ: پالانىنىڭ ۋە پالانىنىڭ مەندە بىر يىللىق مۇددەت بىلەن ئالغان يۈز تەڭگىسى بار دېگىنىگە ئوخشايدۇ. بۇ بىر يىللىق مۇددەت ھەر ئىككىلى قەرزنىڭ مۇددىتى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئايەتتىكى 30 ئاي مۇددەتمۇ كۆتۈرۈش ۋە ئېمىتىشنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇددەتتۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ قارىشىغا ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى ئەبۇ يۈسۈف ۋە مۇھەممەد قوشۇلمىغان. بەلكى ئۇلارمۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئوخشاش: ھارام قىلغۇچى ئېمىلداشلىقنىڭ مۇددىتى پەقەت ئىككى يىلدۇر، دېگەن.

## كۈچلۈك قاراش

بۇ مەسىلە ھەققىدىكى دەلىللەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئىككى شاگىرتى ئۇنىڭ قارىشىغا قارشى چىققاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرۈمىز. گەرچە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دەلىلى ئورۇنلۇقتەك تۇرسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلىگە قارشى چۈشەندۈرۈشتە ئارتۇق ئاۋارە بولۇشقا بېرىپ تاقىلىدۇ.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى قانچە ئاي بولىدۇ؟

فىقھشۇناسلار قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئاز ۋاقتى ئالتە ئاي ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھۆكۈم اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر﴾[1] دېگەن سۆزىدىن ۋە: ﴿ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى﴾ دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغاندۇر. بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئاز ۋاقتى ئالتە ئاي ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر ئايال تۇغۇت قىلىدۇ. ئۇ تويى قىلغان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي بولغاندا تۇغىدۇ. ئاندىن ئۇ ئايال ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلماقچى بولغاندا ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: «ئەگەر ئۇ ئايال اللہ نىڭ كىتابىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ سىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلسا سىلەرنى يېڭىپ قويىدۇ، اللہ تائالا: ﴿ئۇنىڭغا

---

[1] سۈرە ئەھقاف، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر﴾ دېدى ۋە يەنە: ﴿ئانىلار (باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە ) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾[1] دېدى، قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ئالتە ئايدۇر، سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 24 ئايدۇر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنى قويىۋېتىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قىلغان دېيىلىدۇ.» ئىبنۇل ئەرەبى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۆكۈم ھەقىقەتەن ئەتراپلىق ئويلاپ چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر.»[2]

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

### ئاتىنىڭ بالىسىغا قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن قىساس ئېلىنامدۇ؟

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار: ئاتا ـ ئانىنىڭ بىرى بالىغا قارشى جىنايەت ئىشلىسە، بالا ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشقا ھەقلىق ئەمەس، بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بالىنى قارىلىغان بولسا، بوھتان جازاسىغا تارتىلمايدۇ ھەمدە بالىغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ تۆلىيەلمىگەن بولسا، سولاپمۇ قويۇلمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇلار مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: اللہ تائالا ئاتا ـ ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن﴾ دېدى. بالا ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىدىن قىساس ئېلىش ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىق ئەمەس. شۇڭا ئاتا قەرز سەۋەبىدىن سولاپ قويۇلمايدۇ. ئەگەر ئاتا بالىنى قارىلىغان بولسا، بوھتان جازاسىغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا زىت كېلىدىغان ئىشلاردۇر. بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئاتا ـ ئانا ئىككىسى سەۋەبچى بولغان. شۇڭا بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇشى توغرا ئەمەس. بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىلدىن يەنە بىرى شۇكى، بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بالا ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.»

### تۆتىنچى ھۆكۈم

### چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش لازىممۇ؟

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «چوڭ گۇناھلارنى قىلىشتا ۋە پەرزلەرنى ئادا قىلماسلىقتا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش لازىم ئەمەس، ئاتا ـ ئانىغا يوللۇق ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش لازىم. ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئانا بالىسىغا ئىچ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

www.munber.org

ئاغرىتىپ خۇيىدىن نامىزىغا چىقىشتىن توسسا، بالا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىقى لازىم.»[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت كاپىر ئاتا - ئانىغا، ئەگەر ئۇلار كەمبەغەل بولسا، پۇل - مال بىلەن قولدىن كېلىشىچە سىلە - رەھىم قىلىشنى، يۇمشاق سۆز قىلىشنى ۋە ئىسلام دىنىغا مۇلايىملىق بىلەن دەۋەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئەسمانىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئىنىك ئانىسى كەلگەندە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئانام مېنىڭ قېشىمغا مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭغا سىلە - رەھىم قىلسام بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى.»[2]

ئۆلىمالار بۇ ھۆكۈملەرنى اللە تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾ دېگەن سۆزىدىن چىقارغان بولۇپ، اللە قا شېرىك كەلتۈرۈشتە ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش ھارام بولغىنىدەك، باشقا گۇناھلارنى قىلىشتىمۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ھارام بولىدۇ. چۈنكى، «ياراتقۇچىغا بويسۇنماسلىق ھەققىدە يارىتىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىش يوق.» بۇ ئۇقۇمنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا مۆمىنلەرگە تۇنجى قېتىم سۆزلىگەن نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بۇ نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە باشلىق بولدۇم، مەن سىلەردىن ئالاھىدە ياخشى ئادەم ئەمەس، ئەگەر مەن ياخشى ئىش قىلسام، سىلەر ماڭا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر يامان ئىش قىلسام، مېنى تۈزىتىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا اللە قا ئىتائەت قىلسام، سىلەرمۇ ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر مەن اللە قا قارشى ئىش قىلسام، سىلەرنىڭ ماڭا ئىتائەت قىلىشىڭلار ھاجەتسىزدۇر.

### بەشىنچى ھۆكۈم

مۆمىن ئەمەس ئادەملەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش توغرا بولامدۇ؟

اللە تائالانىڭ: ﴿ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى سەلەفلەرنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى، مۇناپىقلار ۋە كاپىرلارغا ئوخشاش مۆمىنلەرنىڭ يولىغا قارشى كىشىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنە اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ: ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە)

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 - جىلد، 64 - بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 - جىلد، 65 - بەت.

جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1] شۇڭا تەۋھىد ۋە ئىمان ئەھلىنىڭ شۇئارى ئاستىغا يىغىلىش ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش لازىم. ئۇلارغا ئىقتىدا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش پۈتۈن ياخشىلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ھېكمەت، ئىلاھىي بەخش بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل قىلىش يولى بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2 ـ كىشىنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتكە شۈكۈر قىلىشى ۋاجىپتۇر. كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتمايدىغان ئادەم الله قىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.

3 ـ الله قا شېرىك كەلتۈرۈش الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئەڭ چوڭ جىنايەت بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى بىكار قىلىپ تاشلايدۇ.

4 ـ ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش الله تائالاغا ئىبادەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

5 ـ ئانىنىڭ بالىسى ئۈستىدىكى ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭدۇر. چۈنكى، ئانىنىڭ بالىسى ئۈچۈن تارتىدىغان جاپاسى كۆپتۇر.

6 ـ يامان ئىشنى قىلىشتا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس. «ئىتائەت قىلىش پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئىتائەت قىلىشقا ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئانىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە ئەھمىيەت بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئانىنىڭ ھەققىنى ئاتىنىڭ ھەققىدىن چوڭ قىلىپ بېكىتىدۇ. چۈنكى، ئانا بالىغا مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرىدۇ، تۇغۇش جەريانىدا قاتتىق تولغاق ئازابى تارتىدۇ، ئۇنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىش جەريانىدا ھەر تۈرلۈك دەرت ئەلەملەرگە مۇپتىلا بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە ئانىدىن باشقا كىممۇ ھەقلىق بولسۇن؟

ئانا بالىغا پۈتۈن مېھرى مۇھەببىتىنى بېغىشلايدۇ، يۈرەك باغرىدىن كۆيىدۇ، قان تومۇرىدىن سىرغىپ چىققان ئاق سۈتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ئۆزىنى ۋە بارلىقىنى

[1] سۈرە نىسا، 115 ـ ئايەت.

ئۇنىڭغا ئاتايدۇ، ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بەختسىز بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى راھەتكە چىقىرىش ئۈچۈن مۇشەققەت تارتىدۇ، بالىسىنىڭ كىلەچەكتە ئېچىلىدىغان باھار چېچەكلىرىنىڭ بىر دانىسى بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈش يولىدا كۆرمىگەنلىگەن ئېغىرچىلىقلارنى ۋە دەرت ئەلەملەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئانا بالىسىنىڭ قورقۇنچىسىنى كەتكۈزۈش ياكى ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تاتلىق ئۇيقۇسىنىڭ نەرىدىن كېچىپ قانچىلىغان كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ. بالىسى بىئارام ۋە راھەتسىز بولغان ۋاقىتلاردا ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئەللەي ئېيتىپ ئۆيىنىڭ تۆت تېمى ئارىسىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ قانچىلىغان ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېيىن ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش يولىغا مېڭىش ياكى ئۇلارغا يامانلىق قىلىش ۋە ئىتائەتسىزلىك قىلىش لايىق بولامدۇ؟!

دېمەك، ئانىنىڭ بالىسى ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭدۇر، بالىسىغا كۆرسەتكەن ئەجرى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. قىسقىسى، بالىنىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن الله تائالادىن كېيىن بىردىن ـ بىر سەۋەبچىسى ئانىدۇر. ئەگەر ئانىنىڭ ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۆيۈنۈشى بولمىسا ئىدى، ئانا ئەنە شۇنداق جاپا مۇشەققەتلەرگە ۋە دەرت ئەلەملەرگە بەرداشلىق بەرمىسە ئىدى، بىرمۇ بالا تەربىيىلەنمىگەن، بىرمۇ ئىنسان ھايات ياشىمىغان بولاتتى!

الله تائالا ئىنساننى ئاتا ـ ئانىغا شۈكۈر قىلىشقا، ئۇ ئىككىسىگە ئىتائەت قىلىشقا، ھەتتا ئۇ ئىككىسى مۇشرىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن الله تائالا كاپىر بولۇشقا ۋە الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدىغان ئاتا ـ ئانىغا ئەگىشىشتىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ: ﴿ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾. دېمەك، الله تائالاغا قارشى ئىشلاردا يارىتىلغۇچىغا ھېچ ئىتائەت قىلىش يوق. ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش شەرتى ئاستىدا ۋە توغرا شەرىئەت بەلگىلىگەن بەلگىلىمىلەر ئىچىدە بولىدۇ. چۈنكى، شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدە ياراتقۇچىنىڭ ھەققىمۇ، يارىتىلغۇچىنىڭ ھەققىمۇ زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش الله تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر...﴾[1].

[1] سۈرە ئەھقاف، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلام دەۋرىدە بالا بېقىۋېلىش

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ ٱتَّقِ ٱللَّهَ وَلَا تُطِعِ ٱلۡكَٰفِرِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقِينَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا
﴿١﴾ وَٱتَّبِعۡ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرًا ﴿٢﴾ وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ
وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٣﴾ مَّا جَعَلَ ٱللَّهُ لِرَجُلٍ مِّن قَلۡبَيۡنِ فِي جَوۡفِهِۦۚ وَمَا جَعَلَ أَزۡوَٰجَكُمُ
ٱلَّٰٓـِٔي تُظَٰهِرُونَ مِنۡهُنَّ أُمَّهَٰتِكُمۡۚ وَمَا جَعَلَ أَدۡعِيَآءَكُمۡ أَبۡنَآءَكُمۡۚ ذَٰلِكُمۡ قَوۡلُكُم بِأَفۡوَٰهِكُمۡۖ وَٱللَّهُ
يَقُولُ ٱلۡحَقَّ وَهُوَ يَهۡدِي ٱلسَّبِيلَ ﴿٤﴾ ٱدۡعُوهُمۡ لِأٓبَآئِهِمۡ هُوَ أَقۡسَطُ عِندَ ٱللَّهِۚ فَإِن لَّمۡ تَعۡلَمُوٓاْ
ءَابَآءَهُمۡ فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي ٱلدِّينِ وَمَوَٰلِيكُمۡۚ وَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٞ فِيمَآ أَخۡطَأۡتُم بِهِۦ وَلَٰكِن مَّا
تَعَمَّدَتۡ قُلُوبُكُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمًا ﴿٥﴾﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! اللە قا تەقۋادارلىق قىلىشنى (داۋاملاشتۇرغىن)، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، اللە ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر. ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشكىن. اللە ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ھەممە ئىشىڭدا) اللە قا يۆلەنگىن، اللە (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. اللە ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى اللە سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ اللە (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، اللە ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللە نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

ــ سۈرە ئەھزاب 1 ــ، 2 ــ، 3 ــ، 4 ــ، 5 ــ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

اَتَّقِ اَللَّهَ: (الله قا تەقۋادارلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن)، بۇ سۆز، الله قا تەقۋادارلىق قىلىشتا چىڭ تۇرغىن ۋە ھەمىشە تەقۋادارلىق قىلغىن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تەقۋادارلىق ناھايىتى كەڭ مەزمۇنغا ئىگە سۆز بولۇپ، ھەممە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ھەممە يامان ئىشلاردىن يېنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۆز ئەسلىدە ساقلىنىش، قوغدىنىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. تەقۋادار ئىنسان ياخشى ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئازابتىن ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلايدۇ.

اَلْكَٰفِرِينَ: (كاپىرلارغا)، بۇ سۆز «كافر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، الله نىڭ نېمەتلىرىگە تانغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى الكفر «كەفر» بولۇپ، پەردىلىمەك، يوشۇرماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنى يوشۇرغان ئادەم كاپىر بولغان بولىدۇ. شۇڭا دېھقانمۇ كاپىر دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئورۇقنى يەرگە كۆمىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿ئۈسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدىكى دېھقانلارمۇ، ''كافر'' دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

جەۋھەرى مۇنداق دەيدۇ: «كاپىر الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنى يوشۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالغانلىقى ئۈچۈن كاپىر دەپ ئاتالغان. الله تائالانىڭ نېمەتلىرى بولسا ئۇنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدۇر.»

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «كۇپۇرلۇق تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل مەنىدە كېلىدۇ: بىرىنچىسى، ئىنكار قىلىش بولۇپ، مۇنداق كاپىر الله نى ئەسلا تونىمايدۇ ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. الله نى دىلى ۋە تىلى بىلەن ئىنكار قىلىدۇ. ئىككىنچىسى تېنىش بولۇپ، مۇنداق كاپىر الله نى دىلى بىلەن تونۇيدۇ، لېكىن تىلى بىلەن ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئىبلىسنىڭ كۇپۇرلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئەھلى كىتابنىڭ كۇپۇرلىقىمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ: ﴿ئۇلار بىلىدىغان (يەنى تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى﴾[2]. ئۈچىنچىسى بويۇنتاۋلىق قىلىش بولۇپ، مۇنداق كاپىر الله نى دىلى بىلەن تونۇيدۇ، تىلى بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك قىلىش يۈزىسىدىن الله قا ئېتىقاد قىلمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى ئەبۇ جەھىل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. تۆتىنچىسى مۇناپىقلىق بولۇپ، مۇنداق كاپىر الله نى تىلى بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن دىلى بىلەن ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ دېگەن سۆزىگە ئېتىقاد قىلمايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرى مۇشۇنداق بولىدۇ.»[3]

[1] سۈرە ھەدىد، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى.

وَٱلْمُنَـٰفِقِينَ: (مۇناپىقلارغا)، بۇ سۆز «مۇنافىق» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، سىرتقى جەھەتتە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، دىلىدا كۇپۇرلۇقنى يوشۇرغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. مۇناپىق ئىسلام دىنىغا بىر يۈزى بىلەن كىرىپ، ئاندىن يەنە بىر يۈزى بىلەن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. مۇناپىقلىق سۆزى ھەدىسلەردە كۆپ تەكرارلانغان بولۇپ، ئىسلامىي ئاتالغۇدۇر. گەرچە ئەرەبلەر ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتالغۇ مەنىسىنى بىلمەيتتى. مۇناپىق ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىنى يوشۇرۇپ، ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئاشكارا قىلىدۇ.

وَكِيلًا: (ھامىي بولۇشقا)، بۇ سۆز ساقلىغۇچى، بەندىلەرنىڭ رىزىقلىرىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اللّٰه قا تەۋەككۇل قىلغۇچى بولسا رىزقىغا ۋە ئىشلىرىغا اللّٰه نىڭ كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، بارلىق ئىشلىرىدا يالغۇز اللّٰه قىلا يۆلىنىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقىغا يۆلەنمەيدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ﴿(ھەممە ئىشىڭدا) ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھايات اللّٰه قا يۆلەنگىن﴾[1] دېيىلىدۇ. ئۇ يەنە تەۋەككۇل قىلىش، تايىنىش ۋە ئىلتىجا قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى اللّٰه قا تەۋەككۇل قىلسا، اللّٰه ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾[2] يەنى كىمكى ئىشلىرىدا اللّٰه قا تايانسا ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلسا، اللّٰه ئۇنى قوغداشقا ۋە رىزقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا كۇپايە قىلىدۇ.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه قا يۆلەنگىن﴾ يەنى ھەممە ئىشلىرىڭنى اللّٰه قا تاپشۇرغىن، ﴿اللّٰه (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر﴾ يەنى اللّٰه ھەممە ئىشلىرىڭنى ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر[3].

تُظَـٰهِرُونَ: (زىھار قىلغان)، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەردىن بىرى خوتۇنىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا: سىز مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش، دەپ زىھار قىلاتتى. ئۇلار ئاياللىرىنى مۇشۇ سۆز بىلەن تالاق قىلاتتى. ئۇلاردا زىھار تالاق ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇنداق بىر دەۋردە قۇرئان كەرىم نازىل بولدى. ئىسلام دىنى كېلىپ ئۇلارنى زىھار قىلىشتىن توستى. خوتۇنىنى زىھار قىلغان ئادەمگە گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن كەففارەت بېرىش ۋاجىپ قىلىندى.

أَدْعِيَآءَكُمْ: (سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ)، بۇ سۆز «دەئىيىۇن» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بېقىۋالغان بالا، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە بېقىۋالغان بالا بېقىۋالغان ئاتىسىنىڭ نامىدا چاقىرىلاتتى. ئىسلام دىنى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ نامىدا چاقىرىشنى بېكىتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى زەيد ئىبنى ھارىسەنى بېقىۋالغان بولۇپ،

[1] سۈرە فۇرقان، 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەلاق، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد.

www.munber.org

بۇنىڭ ناھايىتى روشەن ھېكمىتى بار. بۇ ھېكمەتنى بىز اﷲ خالىسا ئالدىمىزدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

أَقْسَطُ: (توغرىدۇر)، بۇ سۆز توغرا، ئادىل، ئادالەت دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿اﷲ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1] ﴿ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار﴾[2].

وَمَوَالِيكُم: (دوستلىرىڭلاردۇر)، بۇ سۆز دىنىي دوستلىرىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ «مەۋلا» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئۆزى بىلەن باشقا بىرىنىڭ ئارىسىدا، خۇددى بىر تۇغقان بىلەن يەنە بىر تۇغقاننىڭ ئارىسىدا، قۇل بىلەن خوجايىن ئارىسىدا ئۆزئارا ئۆتىشىدىغان ھەقلەر بولغىنىدەك، ئۆزئارا ئۆتىشىدىغان ھەقلەر بار ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئايەتتە، ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر. شۇڭا سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇلاردىن بىرىنى چاقىرغاندا: ئى قېرىندىشىم! ئى دوستۇم! دېگەنگە ئوخشاش دىنىي قېرىنداشلىقنى ۋە دىنىي دوستلۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلسۇن.

غَفُورًا: (ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر)، يەنى اﷲ تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، يامانلىقلىرىنى كەچۈرىدۇ. ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن﴾[3].

رَّحِيمًا: (ناھايىتى مېھرىباندۇر)، اﷲ بەندىلىرىگە ناھايىتى رەھىمدىلدۇر، ئۇ رەھىمدىل بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالاشقۇچىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، ئۇنى گۇناھى ئۈچۈن جازالىمايدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ھەممىنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئىگىمىز اﷲ تائالا بۇ ئايەتلەردە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەقۋادارلىق قىلىشقا، ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇنى كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلىشتىن قورقىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار اﷲ نىڭ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بىرەر ئىشتا ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تېشى ئىچىنىڭ

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە راھمان، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تاھا، 82 ـ ئايەت.

دەل ئەكسىدۇر. ئۇلارنىڭ شەكلى ھەقىقىي ماھىيىتىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قىتلماسلىق ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش كېرەك. چۈنكى، ئۇلار الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن چىققان پاسىقلاردۇر.

گەرچە ئايەتتىكى خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسلام ئۈممىتىگە قارىتىلغان ئەمەلىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە توغرا يول كۆرسىتىش بولۇپ، ئۇلار تەقۋادارلىق يولىغا مېڭىشى، قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشى لازىم.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر دىن دەپ ئويلاپ ئاجايىپ غەلىتە بىدئەتلەرنى، نۇرغۇن يامان ۋە خوراپىي ئىشلارنى پەيدا قىلغان ئىدى. قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ پارلاق ھەقىقەتلىرى، كەسكىن دەلىللىرى بىلەن بۇ بىدئەتلەرنى بىكار قىلىش، ئەنە شۇ يامان ۋە خوراپىي ئىشلارنى ئۆزگەرتىش، ھەرقانداق ئىشنى توغرا ئاساس ئۈستىگە بېكىتىش ئۈچۈن نازىل بولدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ ئۆزەڭگە تەقۋادارلىقنى ئۆزلەشتۈرگىن. الله قا ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇرغىن، كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ دەۋەت قىلغان يۇمشاق بولۇش، ئۆزئارا يول قويۇش، ئىلاھلىرىنى يامانلىماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەسلىك قاتارلىق سەپسەتىلىرىگە ﴿ئىتائەت قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن﴾ بەندىلەرنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. ﴿ساڭا﴾ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان توغرا شەرىئەتكە ۋە ھېكمەتلىك دىنغا ﴿ئەگەشكىن﴾، مۇشرىكلاردىن ھېچ بىرىنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ قالمىغىن. الله ھەقىقەتەن سەن بىلەن بىللىدۇر. ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلغىن، پۈتۈن ئىشلىرىڭدا ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغىن. الله ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغان بەندىلىرىنى قوغدىغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگۈچىدۇر.

ئاندىن الله تائالا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ گۇمانلىرىغا، ئۇلار كېتىۋاتقان گۇمراھلىق ۋە بۆيۈنتاۋلۇقلىقا رەددىيە بېرىپ، خۇددى بىر شەخسنىڭ ﴿ئىچىدە﴾ ئىككى يۈرەك بولمىغىنىدەك، زىھار قىلىنغان خوتۇنىنىڭمۇ ئانا بولۇشىنىڭ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بېقىۋالغان بالىنىڭمۇ ئۆز پۇشتىدىن تېپىلغان بالىنىڭ ھۆكمىدە بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي ئانا ئۇنى تۇغقان ئانىدۇر. ﴿پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾[1]. ھەقىقىي بالا شۇ ئادەمنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدۇر. بىر ئىنسان ئۈچۈن ئىككى ئاتىنىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق تۇرسا، ئەنە شۇ نادانلار قانداقمۇ خوتۇنلىرىنى ئانىلىرى قاتارىدا كۆرىدۇ؟ قانداقمۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇشتىلىرىدىن بولمىغان تۇرسا، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى قىلىۋالىدۇ؟ بۇ قىپقىزىل يالغاندۇر ۋە الله قا توقۇلغان بوھتاندۇر. ﴿الله ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ﴾. ئەڭ ﴿توغرا يولغا باشلايدۇ﴾.

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا بېقىۋالغان ئەنە شۇ بالىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرىغا نىسبەت بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ ناھايىتى ئادىل ۋە ئىنتايىن ﴿توغرىدۇر﴾. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! ﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار ﴿سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر﴾، دىنىي دوستلىرىڭلاردۇر، شۇڭا سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇلاردىن بىرىنى چاقىرغاندا: ئى قېرىندىشىم! ئى دوستۇم! دېگەنگە ئوخشاش دىنىي قېرىنداشلىقنى ۋە دىنىي دوستلۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىسۇن. ﴿سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا﴾ سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ. ﴿الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾، بەندىلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ، يامانلىقلىرىنى كەچۈرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىدە بىرقانچە سەۋەبلەرنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ توغرا ۋە مەزمۇنلۇق بولغانلىرىنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۈلھى تۈزگەن ۋاقىتتا[1] ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھل ۋە ئەبۇ ئەئۋەر سۇلەمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، مۇئەتتەب ئىبنى قۇشەير ۋە جىددى ئىبنى قەيس قاتارلىقلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا كېلىشكە چاقىرىدۇ، ئۇنىڭغا بىرقانچە ئىشنى تەڭلەيدۇ، ئۇنىڭدىن لات بىلەن ئۇززانى يامانلاپ تىلغا ئالماسلىقنى، بۇ بۇتلارنىڭمۇ شاپائەت قىلالايدىغانلىقىنى سۆزلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى يامان كۆرىدۇ ۋە بۇ ھەقتە: ﴿ئى پەيغەمبەر! الله قا تەقۋادارلىق قىلىشنى (داۋاملاشتۇرغىن)، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ[2].

2 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، قۇرەيشلەردىن جەمىل ئىبنى مەئمەر فىھرى ئىسىملىك زېرەك بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى تۇتىۋالاتتى. قۇرەيشلەر: بۇ نەرسىلەرنى تۇتىۋالغان ئادەمنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئىككى يۈرەك بار، دېيىشتى. ئۇ ئادەممۇ: مېنىڭ ئىككى يۈرىكىم بار، ئۇنىڭ ھەر بىرىدە مۇھەممەدنىڭ ئەقلىدىن ياخشىراق پىكىر قىلالايمەن دەيتتى. بەدىر ئۇرۇشى بولغاندا مۇشرىكلار مەغلۇب بولدى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ

[1] بۇ سۈلھەدىن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
[2] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 180 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 349 ـ بەت.

ئىچىدە جەمىل ئىبنى مەئمەر بار ئىدى. ئۇ بىر ئايىقىنى قولىغا ئېسىۋالغان يەنە بىر ئايىقىنى پۇتىغا كىيگەن ھالدا كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئەبۇ سۇفيان ئۇچراپ قېلىپ: ئادەملەرگە نېمە بولدى؟ دېدى. ئۇ: ئۇلار مەغلۇب بولدى، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: سەن نېمىشقا بىر ئايىغىڭنى پۇتۇڭغا كىيىپ يەنە بىرىنى قولۇڭدا كۆتۈرۈۋالدىڭ؟ دېدى. ئۇ: مەن ھەر ئىككىلى ئايىغىمنى پۇتۇمغا كىيدىم دەپ ئويلاپتىمەن! دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئادەملەر: ئەگەر ئۇنىڭ ئىككى يۈرىكى بولسا، بىر ئايىغىنى قولىدا ئۇنتۇپ قالمايتتى، دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى تونۇپ يەتتى. كېيىن الله تائالا: ﴿الله ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى①.

3 ـ ئىمام سۇيۇتى، مۇجاھىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەنى بالا قىلىۋالدى. ئۇنى ۋەھيى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئازات قىلىۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھشىنىڭ قىزى زەينەبنى ئەمرىگە ئالغان چاغدا يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار: مۇھەممەد ئوغلىنىڭ قويۇۋەتكەن خوتۇنىنى ئالدى، ھالبۇكى، ئۇ مۇنداق قىلىشتىن توسۇۋاتاتتى، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ الله (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»②

4 ـ ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر بىز زەيد ئىبنى ھارىسەنى زەيد ئىبنى مۇھەممەد، دەپ چاقىراتتۇق.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ دەپ پەيغەمبەرلىك لەۋزى بىلەن نىدا قىلدى. شۇنداقلا الله تائالا ئۇنى ئەلچىلىك بىلەنمۇ سۈپەتلەپ: ﴿ئى رەسۇل!﴾③ دەپ نىدا قىلغان. الله تائالانىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك لەۋزى بىلەن چاقىرىشى ياكى ئەلچىلىك بىلەن سۈپەتلەپ چاقىرىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بىزگە

① ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 180 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 349 ـ بەت.
② ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 151 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرىگىمۇ قاراڭ.
③ سۈرە مائىدە، 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشنى تەلىم بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى پەقەت ھۆرمەت ۋە شەرەپكە ئىگە سۆز بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان سۆز بىلەن سۆيەتلەيمىز. ﴿(ئى مۆمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ــ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار﴾[1].

ئەبۇ ھەييان «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ ﴿ئى رەسۇل!﴾[2] دەپ نىدا قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىنى، ھۆرمىتىنى، مەرتىۋىسىنى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرلەر بولسا ئۆز ئىسمىدا نىدا قىلىندى.

مەسىلەن الله تائالانىڭ:

﴿ئى ئادەم!﴾[3]

﴿ئى نۇھ!﴾[4]

﴿ئى ئىبراھىم!﴾[5]

﴿ئى مۇسا!﴾[6]

﴿ئى داۋۇد!﴾[7]

﴿ئى ئىسا!﴾[8] دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشاش.

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلماقچى بولغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئوچۇق تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ﴿مۇھەممەد اللهنىڭ رەسۇلىدۇر﴾[9] ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر﴾[10]. الله تائالا ئىنسانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە ئۇلارغا ئۇنى شۇنداق ئاتاشنى ئۆگەتتى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نىدا قىلمىغاندىمۇ ئۇنى پەيغەمبەرلىك ياكى ئەلچىلىك بىلەن سۆيەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى﴾[11] ﴿پەيغەمبەر ئېيتتى: ئى

---

[1] سۈرە نۇر، 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە، 41 ـ ۋە 67 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇد، 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە سافقات، 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە ئەئراف، 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە ساد، 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە ئال ئىمران، 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[9] سۈرە فەتھى، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[10] سۈرە ئال ئىمران، 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[11] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرۋەردىگارىم!﴾[1] ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر﴾[2]. »[3]

مەن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، سەن بۇ مەنىلەرنى مۇلاھىزە قىلساڭ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنىلەر ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.

2 ـ ئەگەر بىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋادارلارنىڭ خوجايىنى تۇرسا، الله تائالانىڭ ئۇنى يەنە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇشىدا نېمە پايدا بار؟ دېسە، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بۇ، تەقۋادارلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا قىلىنغان بۇيرۇقتۇر. ئۇ، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾[4] يەنى ئىمان ئۈستىدە چىڭ تۇرۇڭلار. ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾[5] يەنى بىزنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بۇيرۇق سىرتقى جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان خىتاب بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە قارىتىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، بۇ ئايىتى كەرىم ﴿الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ دېگەن كۆپلۈك سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. »

ئىمام فەخرۇددىن رازى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئىشقا بۇيرۇش پەقەت بۇيرۇلغۇچى بۇيرۇلغان ئىشنى قىلمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى، ئولتۇرغان ئادەمگە: ئولتۇرغىن دېيىش، شۇك تۇرغان ئادەمگە: شۇك تۇرغىن، دېيىش توغرا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله قا تەقۋادار كىشى ئىدى. ئۇنداق بولسا ئۇنى يەنە تەقۋادارلىققا بۇيرۇشنىڭ پايدىسى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋادارلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇلدى. بىراۋنىڭ ئولتۇرغان بىر ئادەمگە: مەن سېنىڭ قېشىڭغا قايتىپ كەلگىچە ئولتۇرۇپ تۇرغىن دېيىشى، شۈك تۇرغان بىر ئادەمگە: شۈك تۇرۇپ توغرا قىلدىڭ، شۈك تۇرغىن، كاشىلىغا يولۇقمايسەن يەنى سۈكۈت قىلىشىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، دېيىشى توغرا بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆتكەن ھەر بىر مىنۇت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمى ۋە مەرتىۋىسى ئېشىپ بارىدۇ. شۇڭا ئۆتكەن ھەر بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿الله قا تەقۋادارلىق قىلغىن﴾ دېگەن سۆزى تەقۋادارلىقنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشنى داۋام قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ

[1] سۈرە فۇرقان، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 210 ـ بەت.
[4] سۈرە نىسا، 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە فاتىھە، 6 ـ ئايەت.

www.munber.org

بۇرۇنقى ھالى ھازىرقى ھالىغا نىسبەتەن نۇرغۇن ئەۋزەل ئىشلارنى تاشلاپ قويغانىدەك بىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇش مۇناسىپ بولىدۇ.»[1]

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق﴾ دېگەن سۆزىدىكى "ئىككى يۈرەك" دېگەن سۆزنى جاھىلىيەت ئەھلى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان باشقا خۇراپىي ئىشلاردىن بۇرۇن تىلغا ئېلىشتىكى سىر شۇكى، ئۇ بىر مەسىلىنىڭ ئورنىدا بايان قىلىنغان سۆزدۇر. مەسىال چوقۇم ئوچۇق ۋە روشەن بولۇشى لازىم. ئايەتتە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن ئۈچ ئىش تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىر ئادەمدە ئىككى يۈرەكنىڭ بولۇشى بولسا، ئەمەلىيەتكە ئەسلا ئۇيغۇن ئەمەس بىر ئىشتۇر. زىھار قىلىنغۇچى ئايالنى ئانا قىلىش ياكى ئېلىش مەڭگۈلۈك ھارام بولۇشتا ئانىغا ئوخشاش قىلىش بولسا، جاھىلىيەتنىڭ توقۇلمىلىرىدىندۇر. بېقىۋالغان بالىنى ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدەك قىلىش بولسا، شەرىئەت ئېتىراپ قىلمايدىغان بىر ئىشتۇر.

بۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتتىن ئەڭ يىراق بولغىنى بىر ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەكنىڭ بولۇشى بولغاچقا، الله تائالا ئۇنى ئەڭ دەسلەپ بايان قىلدى ۋە ئۇنى زىھار قىلىش ھەمدە بالا قىلىۋېلىش ئىشلىرىغا مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. گويا ئايەت مۇنداق دېمەكچى بولىدۇ: بىر ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك بولمىغىنىدەك، زىھار قىلىنغۇچى خوتۇنىڭىزمۇ ئانا بولۇشى، بېقىۋالغان بالىڭىزمۇ ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدەك بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. الله تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ سىرلىرىنى ئۆزى ياخشى بىلگۈچىدۇر.

4 ـ الله تائالانىڭ: ﴿بۇ (يەنى ئۇلارنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾ دېگەن سۆزىدە ناھايىتى ئىنچىكە نۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئېغىزلاردىن چىقىدىغان قۇرۇق سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتتىن ياكى ئەمەلىيەتتىن ھېچقانداق نىسبەتنى يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بىز ھېچ تەسىرى ياكى ئەمەلىيىتى يوق ئىشقا: بۇنىڭ ئېقى قەغەز، قارىسى سىيادۇر، دەيمىز.

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىگە مەلۇمكى، سۆز پەقەت ئېغىزدىن چىقىدۇ. ئۇنداق بولسا نېمىشقا الله تائالا: ﴿ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾ دەيدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: ئۇ بۇ سۆزدە ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتتىن ھېچ نىسبەت يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ پەقەت تىل بىلەن ئېيتىلغان قۇرۇق داۋا ئىكەنلىكىنى، توغرىلىقىدا ھېچ نىسبەت يوق باتىل ۋە سەپسەتىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلىدۇ.»[2]

5 ـ الله تائالانىڭ ﴿الله ھەق (سۆز) نى ئېيتىدۇ...﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزدە ناھايىتى ئىنچىكە مەنە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەقلىلىق ئادەم يا شەرىئەتكە، يا ئەقىلگە تايىنىپ سۆزلىشى كېرەك. بېقىۋالغان بالىنىڭ ئۆز

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 768 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى.

پۈشتىدىن بولغان بالا بولۇشى ھەقىقەت ئەمەس، شەرىئەتمۇ بۇنى توغرا تاپمايدۇ. ئۇلار: بېقىۋالغان بالىنىڭ قويىۋەتكەن خوتۇنىنى ئېلىش ھارام بولىدۇ، دېيىشىدۇ. الله تائالا بولسا: ئۇ ساڭا ھالالدۇر، دەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھېچ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئېغىزلاردىن چىقىدىغان، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرىغا ئوخشاش ھەقىقەتتىن يىراق بولغان قۇرۇق سۆزدۇر. الله نىڭ سۆزى بولسا ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋاجىپتۇر. ئۇ سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىن چىققان راست سۆزلىرىڭلاردىنمۇ ياخشىدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى قانداقمۇ ئاغزىڭلاردىن چىققان سۆزلىرىڭلارغا نىسبەت بەرگىلى بولىدۇ؟ »[1]

6 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر﴾ دېگەن سۆزى الله تائالانىڭ بارلىق ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئاسمان ـ زېمىندا ھېچ نەرسىنىڭ مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى، چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، پۈتۈن ئىشلارنى ھېكمەت بىلەن قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

7 ـ ئەرەبلەر قاتتىق ئەقىللىق ۋە زېرەك ھەر بىر ئادەمنى ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرىكى بار دەيتتى. جەمىل ئىبنى مەئمەر ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن مەككىلىكلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئىككى يۈرەك ئىگىسى دەپ ئاتايتتى، ئالاھىدە مەدھىيىلەيتتى. بۇ نادان بولسا: مەن مۇھەممەدتىن زېرەك ۋە ئەقىللىق دەپ جۆيلۈيتتى. ئۇ بەدىر ئۇرۇشى مەغلۇبىيىتىگە دۇچ كەلگەندە زېرەكلىكى يوققا چىقتى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا ئۇ ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، بىر پاي ئايىغىنى قولىدا كۆتۈرۈۋالغان، يەنە بىر پاي ئايىغىنى پۇتىغا كىيىۋالغان ھالەتتە بولۇپ، ئۇ بۇ ھالىنى بىلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يالغانچىلىقى كىشىلەرگە ئاشكارىلىنىپ كەتتى، ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى پاش بولدى.

8 ـ الله تائالانىڭ: ﴿بۇ الله نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر﴾ دېگەن سۆزى بېقىۋالغان باللارنى ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىدا چاقىرىش ناھايىتى توغرا، ئىنتايىن راست سۆزدۇر، ئۇ الله تائالانىڭ ھۆكمىدىكى ئادالەتتۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

### پەيغەمبەرلەردىن گۇناھ سادىر بولامدۇ؟

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 771 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.munber.org

ھەممىگە مەلۇمكى، پەيغەمبەرلەر (الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ئۇلارغا بولسۇن!) گۇناھلارنى ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشتىن پاكتۇر. گۇناھتىن پاك بولۇش ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. شۇڭا ئۇلاردىن گۇناھنىڭ سادىر بولۇشى ياكى ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا قارشىلىق قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانلار ئۈچۈن ئۈلگە قىلىنغان كىشىلەردۇر. بىز ئۇلارغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلدۇق. ئەگەر ئۇلاردىن گۇناھنىڭ سادىر بولۇشى دۇرۇس بولسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئەلۋەتتە ۋاجىپ بولمىغان بولاتتى. ياكى ئۇلارنىڭ ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان بولۇپ قالغان بولاتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارنى گۇناھلاردىن ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىغان. قۇرئان كەرىمدە سىرتتىن قارىماققا پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە قارشى كېلىدىغان پۈتۈن مەزمۇنلارنى چوقۇم توغرا رەۋىشتە چۈشىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئەسلى مەقسەتكە زىت كېلىپ قالمايدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن﴾ دېگەن سۆزى ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا مايىل بولۇپ قالغانلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ نىپاقلىقىغا ۋە گۇمراھلىقىغا قوشۇلۇشنى خالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. ئۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش شەكلى بىلەن پۈتۈن ئۇممەتنى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾. چۈنكى، سەن بىلگىنىڭدەك، بۇ ئايەت كۆپلۈك سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن تۈزۈلگەن.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

زىھار قىلىش ئىسلام شەرىئىتىدە ھارام قىلىندىمۇ؟

بۇ ئايەتلەر زىھار قىلىشنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەمەل قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەتلەردىن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تالاق تۈرلىرىدىن ئەڭ ئېغىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ تالاق خوتۇن بىلەن يېنىشىشنى مەڭگۈ ھارام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا زىھار قىلىنغان خوتۇن ئۆزىنى تۇغقان ئانىغا ئوخشاش ئانا بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇنى بىكار قىلىپ، ئوچۇق ئاشكارا بوھتان ۋە ئازغۇنلۇق ھېسابلىدى، زىھار قىلىشنى بولسا ھارام قىلدى. لېكىن زىھار قىلغان ئادەمنىڭ زىھار قىلغانلىق جىنايىتىگە كەففارەت بەرگەنگە قەدەر خوتۇنىنى ۋاقىتلىق ھارام قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۈچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، الله ، شەك - شۈبھىسىزكى، (تەۋبە

قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1]. دېمەك، زىھار قىلىش ئىسلامدا يامان ئىشتۇر، لېكىن ئىنسان ئۇنىڭ گۇناھىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كەففارەت بېرىش لازىم. زىھار ھۆكۈملىرى ئۈستىدە الله خالىسا سۈرە مۇجادىلەنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### ئىسلام دىنىدا بالا بېقىۋېلىش دۇرۇس بولامدۇ؟

ئىسلام دىنى زىھار قىلىشنى بىكار قىلغاندەك بالا قىلىۋېلىشنىمۇ ھارام قىلدى ۋە ئۇنى ئىسلام شەرىئىتىدە ھارام قىلىپ بېكىتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا بالا ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر ئادەمگە نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە ئۇچرىتىدىغان چوڭ گۇناھلاردىندۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر ئادەمنى ئاتام دەپ دەۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنىدىن باشقا بىر ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭ نە تەۋبىسىنى، نە فىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.»[2]

بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھېچكىم ئاتىسىدىن باشقا ئادەمنى بىلىپ تۇرۇپ ئاتام، دېمەيدۇ، ئەگەر ئۇنداق دەيدىغان بولسا كاپىر بولىدۇ.»[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى باشقا بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاتام دەپ دەۋا قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ھارام بولىدۇ.»[4]

ئەلۇسى «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى ئىنساننىڭ ئۆز ئاتىسىدىن باشقا ئادەمنى قەستەن ئاتام، دەپ چاقىرىشىنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەقەت جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك رەۋىشتە چاقىرىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنداق بولمىسا، مەسىلەن چوڭلار كىچىكلەرنى كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش شەكلىدە: ئى ئوغلۇم! دەپ چاقىرسا، سىرتتىن قارىماققا بۇنىڭ ھارام ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، مۇنداق چاقىرىش كۆپ يۈز بېرىدۇ.»[5]

ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى بىلەن ئوغلۇم دەپ چاقىرىشقا كەلسەك، بۇ ئايەتتە ئۇنى چەكلەيدىغان دەلىل يوق. بۇنىڭغا ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسمۇ

---

[1] سۈرە مۇجادەلە، 2 ـ ئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 21 ـ جىلد، 149 ـ بەت.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 21 ـ جىلد، 149 ـ بەت.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام جەسساسىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 354 ـ بەت.
[5] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 21 ـ جىلد، 149 ـ بەت.

www.munber.org

دەلىل بولىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنىڭ ئوغۇللىرى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى يىغىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئۇ بىزنىڭ يوتىلىرىمىزغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ: «ئى ئوغۇلچۇكلىرىم! كۈن چىقمىغىچە شەيتانغا تاش ئاتماڭلار» دېدى. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەسنى: «ئى ئوغۇلچۇكىم!» دەپ چاقىرغان.»[1]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

ئايىتى كەرىمدىكى سەۋەنلىك ۋە قەستەنلىك دېگەن سۆزلەر نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن باشقا بىر ئادەمنى سەۋەنلىكتىن ئاتام دەپ چاقىرغۇچىغا گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى، قەستەن ئاتام دەپ دەۋا قىلغۇچىغا گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايىتى كەرىمدىكى سەۋەنلىك ۋە قەستەنلىك، دېگەن سۆزلەر ھەققىدە ئوخشىمىغان مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلدى.

1 ـ مۇجاھىد مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايەتتىكى سەۋەنلىك ئۇنداق چاقىرىشنىڭ مەنئى قىلىنىشىدىن ۋە ھۆكۈمنىڭ ئوچۇق بايان قىلىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ، قەستەنلىك ئۇنداق چاقىرىشنىڭ مەنئى قىلىنىشىدىن ۋە ھۆكۈمنىڭ ئوچۇق بايان قىلىنىشىدىن كېيىنكى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ قەتادە مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايەتتىكى سەۋەنلىك مەقسەتسىز چاقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر سەن بىر ئادەمنى پالانى ئۇنىڭ ئاتىسىغۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنى ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىپ قالساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن سەن قەستەن ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئۇنى ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرساڭ، ساڭا گۇناھ بولىدۇ.»[2]

بىرىنچى قاراشقا ئاساسەن، گۇناھ بولمايدىغان سەۋەنلىك بېقىۋالغان بالىلارنى ئۆز بالىلىرى نامىدا چاقىرىش مەنئى قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. گۇناھ بولىدىغان قەستەنلىك بولسا، ئۇنداق چاقىرىش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىنكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: سىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىشتىن ئىلگىرى جاھىلىيەت دەۋرىدە بېقىۋالغان بالىلارنى ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن باشقا ئىسىمدا چاقىرغان بولساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن ئىسلام دىنى كەلگەن ۋە ھۆكۈملەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنداق قىلساڭلار گۇناھ بولىدۇ.

---

[1] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم»ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 354 ـ بەت.

ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن، سەۋەنلىك دېگەن سۆز مەقسەتلىك ياكى قەستەنلىك بولماستىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. قەستەنلىك دېگەن سۆز مەقسەتلىك ھالدا چىڭ تۇرۇپ قىلغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: سەۋەنلىك ياكى ئۇنتۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بىر ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن باشقا بىر ئادەمگە نىسبەت بېرىش تىلىڭلارغا كېلىپ قالغان بولسا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن سىلەر ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قەستەن باشقا بىر ئادەمگە نىسبەت بەرسەڭلار سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ.

ئەبۇ ھەييان «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە ئىككىنچى قاراشنى كۈچلەندۈرۈپ، بىرىنچى قاراشنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلەر الله تائالانىڭ: ﴿سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا﴾ دېگەن سۆزى بېقىۋالغان باللارنى بېقىۋالغان ئاتىلارنىڭ نامىدا چاقىرىش مەنئى قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى گۇناھىنىڭ ئۆلاردىن ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئاجىز قاراشتۇر. مەنئى قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئىش سەۋەنلىك دەپ سۈپەتلەنمەيدۇ. يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت سەۋەنلىكتىن ياكى كۆيۈنۈش ۋە ياخشى كۆرۈش شەكلىدە تىلغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بىر ئىنسان كىچىك بالىغا: ئى ئوغۇلچىكىم! دەيدۇ. شۇنداقلا چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن: ئى ئاتا! ياكى تاغا، دەيدۇ.»[①]

بەشىنچى ھۆكۈم

ئىسلام شەرىئىتىدە بىر ئادەمنى ئوغلۇم دەپ دەۋا قىلىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟

ئىسلام دىنى بىرىنى ئوغلۇم، دەپ ئۆزىگە تەۋە قىلىپ چاقىرىشنى چەكلىمىدى. ئۇ چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان بالا قىلىۋېلىش ھۆكمىگە ھېچقانداق جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئۆزىگە تەۋە قىلىپ چاقىرىشنىڭ دۇرۇس بولۇشىدا تەۋە قىلىپ چاقىرغۇچى تەۋە قىلىپ چاقىرىلغۇچىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى بىلىش ياكى ئۇنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىدىكى گۇمانى كۈچلۈك بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. شۇ چاغدىلا ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا ئۇ بالىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ چاقىرىشنى يوللۇق ۋە ھالال قىلىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا فىقھى كىتابلىرىدىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان شەرتلەر ئاستىدا ئۇ بالىنىڭ ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەمما بالام دەپ چاقىرىش چەكلەنگەن بالىغا كەلسەك، ئۆزىنىڭ ئەمەس بالىنى كەسكىن ھالدا بالام دەپ چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھۆكۈم بىلەن ئۇ ھۆكۈمنىڭ ئارىسىدا ئەنە شۇنداق چوڭ پەرق بار ئەمەسمۇ؟

ئالتىنچى ھۆكۈم

ئى قېرىندىشىم! دېيىش ياكى: ئى دوستۇم! دېيىش دۇرۇسمۇ؟

[①] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 212 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 772 ـ بەت.

www.munber.org

﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر﴾ دېگەن ئايىتى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسى ئاتىسىنى بىلمىگەن كىشىنى ئى قېرىندىشىم! ئى دوستۇم! دەپ چاقىرىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر نەسەبتىكى ۋە تۇغقانلىقتىكى قېرىنداشلىقنى ئەمەس، دىنىي قېرىنداشلىقنى ۋە دىنىي دوستلۇقنى كۆزلەپ شۇنداق چاقىرسا، دۇرۇس بولىدۇ. الله تائالا ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى دىنىي قېرىنداش قىلدى: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[1]. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ ئايەت نەسەبتىكى قېرىنداشلىقنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامدىكى قېرىنداشلىقنى ۋە دىنىي يېقىنلىقنى مەقسەت قىلىپ: بۇ مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر، دېيىشى دۇرۇس بولىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق چاقىرىشنى چاقىرىلغۇچى پاسىق بولمىغان ئادەمگە خاس قىلىدۇ. پاسىقنى ئى قېرىندىشىم! ئى دوستۇم! دەپ چاقىرىش ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھارامدۇر. چۈنكى، بىز پاسىققا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتىن چەكلەندۇق. مۇنداق ئادەم ئۆز ئىسمى بىلەن ياكى ئى الله نىڭ بەندىسى! ئى پالانى! دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن چاقىرىلىشى لازىم. بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇناپىقنى ئى خوجايىن! دېمەڭلار. ئەگەر ئۇ خوجايىن بولسا، پەرۋەردىگارىڭلار الله نى غەزەپلەندۈرگەن بولۇسىلەر.»

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش مۆمىننىڭ ئۇزۇقلۇقىدۇر. شۇنداقلا الله تائالانىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەنلەرگە قىلغان تەۋسىيەسىدۇر.

2 ـ ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ھەممە ئەھۋاللاردا ۋە ھەممە ۋاقىتلاردا الله قا تەۋەككۇل قىلىش ھەمدە ئۇنىڭغا يۆلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

3 ـ خوراپىي ئىشلار ۋە سەپسەتىلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە ھېچقانداق ئورنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

4 ـ ئەقىللىق ۋە زېرەك ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك بار دەپ بىلجىرلاش ئىسلام شەرىئىتىگە ھەمدە ساغلام ئەقىلگە زىت كېلىدىغان باتىل دەۋادۇر.

5 ـ زىھار قىلىنغان خوتۇننى ئانىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش جاھىلىيەت ئادەتلىرىنىڭ گۇمانلىرىدىنلا ئىبارەتتۇر.

6 ـ ئىسلام دىنىدا بالا قىلىۋېلىش ھارامدۇر. بالىلارنى ئۆز ئاتىلىرىغا نىسبەت بېرىپ چاقىرىش ۋاجىپتۇر.

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

7 ـ ئەگەر بىر ئادەم دىنني قېرىنداشلىقنى ۋە دىنني يېقىنلىقنى كۆزلەپ باشقا بىرىنى: ئى قېرىندىشىم! ئى دوستۇم! دېسە دۇرۇس بولىدۇ.

8 ـ الله تائالا ناھايىتى مېھرىباندۇر. الله تائالا بەندىنى سەۋەنلىك بىلەن سادىر بولغان گۇناھ ئۈچۈن جازالىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە مەغپىرەت قىلىدۇ.

## ھۆكۈملەرنىڭ ھېكمىتى

جاھىلىيەت دەۋرىدە بالا قىلىۋېلىشنىڭ پەيدا بولۇشى:

ئىسلام نۇرى ئىنسانىيەتكە ۋە ئەرەب ئۈممىتىگە ئۇلار جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن، گۇمراھلىق ۋە ئازغۇنلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقان، ئۆتمۈشنىڭ قالدۇقلىرى بولغان، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان، الله تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھېچقانداق دەلىل بولمىغان خوراپىي ئادەتلەرگە ۋە سەپسەتىلەرگە چوقۇنىۋاتقان بىر دەۋردە ئۆز نۇرىنى چاچتى.

ئىسلام دىنى ئۇلارنى ئۇلار ياشاۋاتقان گۇمراھلىقتىن، نادانلىقتىن، جاھالەتتىن، كۇپۇرلۇقتىن ۋە ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرماستىن، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئازغۇنلۇق ۋە مەستخۇشلۇق ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈشىگە قويۇپ بېرىشنى لايىق كۆرمەيدۇ.

الله تائالا ئەرەب ئۈممىتىگە مەرھەمەت قىلىپ، ئۇلارنى ئەنە شۇ نادانلىقنىڭ پاتقاقلىرىدىن تارتىپ چىقىرىشنى، بۇزۇق ئەقىدىلەردىن، باتىل ئادەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇشنى ۋە ئۇلارنى ئىمان نۇرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇشنى خالىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئىنسانلارنى الله نىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ياخشى ئۈممەت بولۇپ قالدى.

بالا قىلىۋېلىشنىڭ پەيدا بولۇشى جاھىلىيەت دەۋرىدە پەيدا بولغان يامان ئىشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرىدۇر. بۇ يامان ئىش كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تاراپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالدىغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان رەسمىي دىنغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنى ھېسابلىنىدۇ. ﴿بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز﴾[1].

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەردىن بەزىلەر باشقىلارنىڭ بالىسىنى بالا قىلىۋېلىپ: سەن مېنىڭ ئوغلۇم، مەن ساڭا مىراسخورلۇق قىلىمەن، سەنمۇ ماڭا مىراسخورلۇق قىلىسەن، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭ بالىسى بولۇپ كېتەتتى ۋە مىراسخورلۇق، نىكاھ، تالاق، قۇدا ـ باجا بولۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى قاتارلىقلاردىن، ھەممە ئۆز پۇشتىدىن بولغان، شەرىئەت تونۇيدىغان پەرزەنتلىككە ئائىت پۈتۈن ھۆكۈملەردىن بەھرىمەن بولاتتى.

[1] سۈرە زۇخرۇف، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

اللە تائالا ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ھېكمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىگە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ بالا بېقىۋېلىش ئادىتى بويىچە بىر بالا بېقىۋېلىشنى ئىلھام قىلدى. بۇ ھېكمەت ئەرەبلەر ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇ يامان ئىشنى بىكار قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتىگە بالا بېقىۋېلىش ھۆكمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەنى بالا قىلىۋالدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كىشىلەر ئۇنى ”زەيد ئىبنى مۇھەممەد“ دەپ چاقىرىدىغان بولدى. نىھايەت قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلىپ نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بالام، دېيىشنى رەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ نەسەبى ئۆز ئاتىسىغا قايتىپ، زەيد ئىبنى ھارىسە ئىبنى شۇرەھبىل، دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، زەيد ئىبنى ھارىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاتكەردىسى ئىدى. بىز ئۇنى زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىراتتۇق. نىھايەت قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللەنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۈگۈندىن باشلاپ سەن زەيد ئىبنى ھارىسە ئىبنى شۇرەھبىل» دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادەتلىرىنى قاتتىق يامان كۆرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ زەيدنى بالا قىلىۋالغانلىق سەۋەبىگە كەلسەك، ئۇ اللە تائالا ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولغان بىر ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بۇ قىسسە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بۇ قىسسىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: زەيد ئانىسى بىلەن تەي قەبىلىسىدىن بولغان ئانا تەرەپ تاغىلىرىنىڭ قېشىدا ئىدى. بۇ قەبىلىگە ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىر قەبىلە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئولجا ئېلىش ۋە بۇلاش ئادىتى بويىچە ئولجا ئېلىپ كېتىدۇ. ئولجىغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە زەيدمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ. ئۇنى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە ئانىمىز سېتىۋالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن زەيدنىڭ ھوشيارلىقى ۋە زېرەكلىكىگە ھەيران قالىدۇ. خەدىچە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ يېنىدا قالىدۇ[2].

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 - جىلد، 118 - بەت.

ئۇنىڭ ئاتىسى ھارىسە ئىبنى شۇرەھبىل ئۇنى ئۇلجىغا ئالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پىراقىدا كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ شېئىرلارنى توقۇيدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ مەككىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زەيدنىڭ بىر تاغىسى بىلەن دەرھال مەككىگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىدۇ ۋە: ئى مۇھەممەد! سىلەر بەيتۇللاھنىڭ ئەھلىسىلەر، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنى قويۇپ بېرىسىلەر، ئەسىرلەرگە تاماق بېرىسىلەر، مېنىڭ ئوغلۇم سېنىڭ يېنىڭدا ئىكەن، بىزگە ياخشىلىق قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگىن، سەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئوغلىسەن، بىز ساڭا سەن ياخشى كۆرىدىغان مالدىن فىدىيە بېرەيلى، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىنى بېرەيمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار: ئۇ نېمە؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۇنى ئىختىيارىغا قويىمەن، ئەگەر ئۇ سىلەرنى تاللىسا، ئۇ سىلەرنىڭدۇر، فىدىيە ئالمايمەن، ئەگەر ئۇ مېنى تاللىسا، مېنى تاللىغان كىشى ئۈچۈن فىدىيە ئېلىپ ئۇنى بېرىۋېتىشكە مەن رازى بولمايمەن» دەيدۇ. ئۇلار: ئەجەپمۇ ياخشى قىلدىڭ. الله ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن! دەپ دۇئا قىلىدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنى چاقىرىپ: «ئى زەيد! ئاۋۇ ئادەملەرنى تونۇمسەن؟» دەيدۇ. ئۇ: ھەئە، بۇ ئاتام، ئاۋۇ تاغام بولىدۇ، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى زەيد! بۇ ئاتاڭ، ئاۋۇ تاغاڭ ئىكەن، مېنىڭ كىملىكىمنى ئۆزەڭ بىلىسەن، بىزدىن خالىغان كىشىنى تاللىغىن» دەيدۇ. زەيدنىڭ ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقىدۇ ۋە: مەن سەندىن باشقا ھېچكىمنى مەڭگۈ تاللىمايمەن، سەن مەن ئۈچۈن ئاتا ۋە تاغىنىڭ ئورنىدىسەن، دەيدۇ.

ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن تاغىسى ئۇنىڭغا: ئى زەيد! ساڭا ۋاي! قۇللۇقنى ئەركىنلىكتىن ئۈستۈن كۆرەمسەن؟ دەيدۇ. زەيد: مەن بۇ ئادەمدىن شۇنداق ياخشىلىق كۆردۈمكى، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا پېتىنالمايمەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمنى مەڭگۈ تاللىمايمەن، دەيدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «گۇۋاھ بولۇڭلاركى، زەيد مېنىڭ ئوغلۇمدۇر، مەن ئۇنىڭغا مىراسخورلۇق قىلىمەن، ئۇمۇ ماڭا مىراسخورلۇق قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن تاغىسى زەيدنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىرىلىۋېرىدۇ. تاكى قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ

www.munber.org

ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللە نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زەيد ئىبنى ھارىسە دەپ چاقىرىلىدۇ[1].

اللە تائالانىڭ بۇ ھەقتە يەنە مۇنۇ سۆزى نازىل بولىدۇ: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)﴾[2].

شۇنىڭ بىلەن بالا قىلىۋېلىش ھۆكمىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان ئەنە شۇ بىدئەت ئىسلام دىنىنىڭ مەڭگۈ بەلگىلىمىسى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

---

[1] بۇ ۋەقەلىكنى ئىبنى مىردىۋەيھى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن تەپسىلى رىۋايەت قىلغان. سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرگە ۋە ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرگە قاراڭ.

[2] سۈرە ئەھزاب، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مىراسخورلۇق قىلىش

﴿ ٱلنَّبِىُّ أَوۡلَىٰ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ مِنۡ أَنفُسِهِمۡۖ وَأَزۡوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَٰتُهُمۡۗ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِى كِتَٰبِ ٱللَّهِ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ إِلَّآ أَن تَفۡعَلُوٓاْ إِلَىٰٓ أَوۡلِيَآئِكُم مَّعۡرُوفٗاۚ كَانَ ذَٰلِكَ فِى ٱلۡكِتَٰبِ مَسۡطُورٗا ﴿٦﴾ ﴾

﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، كىتابۇللادا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر، لېكىن (مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن بولغان) دوستلىرىڭلارغا ۋەسىيەت قىلساڭلار دۇرۇس بولىدۇ، بۇ (يەنى تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشى) كىتابتا (يەنى الله نىڭ كىتابىدا) يېزىلغاندۇر﴾.

—— سۈرە ئەھزاب 6 ـ ئايەت

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ٱلنَّبِىُّ أَوۡلَىٰ: (پەيغەمبەر چارىدۇر)، پەيغەمبەرلىك لەۋزى بىلەن خەۋەر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شان - شەرىپىگە ۋە مەرتىۋىسىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشنى ۋە ھۆرمەت قىلىشنى ھېس قىلدۇرىدۇ. پەيغەمبەرلىك ياكى ئەلچىلىك لەۋزى بىلەن خىتاب قىلىنغان ياكى خەۋەر قىلىنغان ھەرقانداق سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىنى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈندۇر. ﴿أَوۡلَىٰ﴾ دېگەن سۆز ئەڭ ھەقلىق، ئەڭ لايىق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەقلەردىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ چارىدۇر. بىر ئىنساننىڭ ئۆز جېنىغا بولغان ئىگىدارچىلىقى قانچىلىك چوڭ بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى بىرىنچى بولۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ، ھەققى بىرىنچى بولۇپ ئادا قىلىنىدۇ.

وَأَزۡوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَٰتُهُمۡ: (پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر)، يەنى ئېھتىرام بىلدۈرۈشنىڭ ۋە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ۋاجىب بولۇشى، نىكاھىغا ئېلىشنىڭ ھارام بولۇشى قاتارلىق ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ

ئورنىدىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا، مەسىلەن ئۇ ئاياللارغا قاراش، ئۇلار بىلەن خالىي قېلىش، ئۇلارغا مىراسخورلۇق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇلار يات ئاياللارغا ئوخشاشتۇر.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆمىنلەرنىڭ ھەقىقىي ئانىلىرى ئەمەستۇر، لېكىن ئۇلار نىكاھلىنىشنىڭ ھارام بولۇشىدا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدا قىلىندى. بۇنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ قەلبىگە كۈندەشلىك بىلەن ئەزىيەت يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنغان ئىشلاردىندۇر.»[①]

وَأُوْلُواْ ٱلْأَرْحَامِ: (ئۇرۇق - تۇغقانلار) — بۇ سۆز ئۇرۇق - تۇغقانلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، ئۇرۇق - تۇغقانلار تۇغقىنىغا مىراسخور بولۇشقا مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن ھەقلىقتۇر، چۈنكى، ئۇلار بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا تۇغقاندارچىلىق ئالاقىسى بار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

أَوْلَىٰ بِبَعْضٍ: (بەزىسى بەزىسىگە يېقىندۇر)، بۇ سۆز، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە مىراس ئېلىشتا يېقىندۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ھىجرەت قىلىش ۋە دىنىي قېرىنداشلىق ئورنىتىش بىلەن ئۆزئارا مىراسخورلۇق قىلغىلى بولاتتى. كېيىن الله بۇ ھۆكۈمنى مەنسۇخ قىلىپ، نەسەب ۋە تۇغقاندارچىلىق بىلەن مىراسخورلۇق قىلىش ھۆكمىنى بېكىتتى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز قۇرەيشلەر مەدىنىگە كەلگىنىمىزدە پۇل - مېلىمىز يوق ھالدا كەلگەن ئىدۇق. ئەنسارلارنىڭ ئەجەپ ياخشى قېرىنداشلار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بىز ئۇلار بىلەن قېرىنداشلىق ئورناتتۇق. ئۇلار بىزنى مىراسخور قىلدى، بىزمۇ ئۇلارنى مىراسخور قىلدۇق.

ئەبۇ بەكرى خارىجە ئىبنى زەيد بىلەن قېرىنداشلىق ئورناتتى. مەن كەئب ئىبنى مالىك بىلەن قېرىنداشلىق ئورناتتىم. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر كەئب ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ مال دۇنياسىغا مەندىن باشقا مىراسخورلۇق قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. كېيىن الله تائالا: ﴿كىتابۇللادا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزلىرىمىزنىڭ تۇغقانلىرىدىن مىراس ئېلىش قائىدىسىگە قايتتۇق.»

فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ: (كىتابۇللادا)، بۇ يەردىكى كىتاب قۇرئان كەرىمنى كۆرسىتىدۇ يەنى قۇرئان كەرىمدە نازىل بولغان مىراسقا ئائىت ھۆكۈملەردە، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر: بۇ يەردىكى كىتاب لەۋھۇلمەھپۇزنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئالدىنقى قاراش كۈچلۈكرەكتۇر.

① ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

أَوْلِيَآئِكُم مَّعْرُوفًا: (دوستلىرىڭلارغا ۋەسىيەت قىلساڭلار)، بۇ يەردىكى ئەۋلىيائ دېگەن سۆز دوستلار، دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئايەتنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان مۆمىنلەرنى ۋە مۇھاجىرلارنى كۆرسىتىدۇ. مەئرۇف دېگەن سۆز ۋەسىيەت دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزئارا مىراسخورلۇق قىلىشتا باشقىلاردىن ھەقلىقتۇر. شۇڭا تۇغقانلاردىن باشقىلارغا مىراس قالدۇرماڭلار. لېكىن مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن بولغان يات دوستلىرىڭلارغا ماللىرىڭلارنىڭ مەلۇم قىسمىنى ۋەسىيەت قالدۇرساڭلار، دۇرۇس بولىدۇ. بەلكى ئۇلار ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا مىراسخور تۇغقانلارغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر.

مَسْطُورًا: (يېزىلغاندۇر)، بۇ سۆز، قۇرئان كەرىمدە يېزىلىپ ئىسپاتلانغاندۇر، دېگەن مەنىنى ياكى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا يېزىلىپ ئىسپاتلانغاندۇر، ھەرگىز ئۆچۈرۈلمەيدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ھەممىنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىن بەندىلىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىنى ۋە ئالىي شان - شەرىپىنى خەۋەر قىلدۇ. ئۇنىڭ ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ﴾ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇ. ئۇنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىدىنمۇ چوڭدۇر. ئۇنىڭ ئىشى پۈتۈن ئىشلارنىڭ ئالدىغا، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ھەممە مۇھەببەتنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلىشقا، كىچىك ياكى چوڭ ئىشىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن مۆمىنلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەگەر ئۇ ئۇلارنى جىھادقا چاقىرسا، ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ناھايىتى تېزلىكتە ئاۋاز قوشۇشى، ئاتىنىڭ ياكى ئانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نىسبەتەن ئاتىنىڭ ئورنىدىدۇر. ئۇ ئۇلارغا پەقەت ياخشىلىق قىلىشنىلا خالايدۇ. ئۇلارنى پەقەت ئۇلارغا ياخشىلىق بولىدىغان، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارغىلا بۇيرۇيدۇ.

الله تائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىنى يۈكسەك شەرەپكە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئەڭ چوڭ ھەقلەردىن قىلغىنىدەك، ئۇنىڭ پاك ئاياللىرىنىمۇ ئالىي شەرەپكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى مۆمىنلەر ئۈچۈن ئانىلار قىلدى، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى ۋاجىپ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىكرام قىلىش، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئەرلەرنىڭ نىكاھىغا ئېلىشىنى ھارام قىلدى. بۇ، الله تائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىگە خاس قىلىپ ئاتا قىلغان خۇسۇسىيەتلەردىندۇر.

www.munber.org

ئاندىن اللہ تائالا ﴿ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ﴾ بەزىسى بەزىسىگە مىراسخور بولۇشتا باشقىلاردىن ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. نەسەبتىن كەلگەن يېقىن تۇغقان ئۆزىنىڭ تۇغقىنىغا مىراسخور بولۇشتا يىراق ۋە يات ئادەمدىن ھەقلىقتۇر. لېكىن، ئىنسان ۋەسىيەت قالدۇرماقچى بولسا، يات ئادەم ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا تۇغقاندىن ھەقلىقتۇر. چۈنكى، مىراسخورغا ۋەسىيەت قالدۇرۇلمايدۇ. يات ئادەملەر ئەمەس، بەلكى تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا مىراسخور بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم اللہ نىڭ ئادىل ھۆكمى بولۇپ، ئۇنى روشەن كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارغا دەستۇر قىلىپ نازىل قىلدى ۋە يېزىپ بېكىتىلگەن، مەڭگۈ ئۆچۈرۈلمەيدىغان، ئەمەل قىلىش لازىم بولغان ھۆكۈم قىلىپ بەلگىلىدى.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

اللہ تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۆمىنلەرنى بالا بېقىۋېلىشتىن قول ئۈزۈشكە بۇيرۇدى، شۇنداقلا بېقىۋالغان باللارنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىشقا ۋە ئۇلارنى ئۆز ئاتىلىرىغا نىسبەت بېرىشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەنى بالا قىلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بالا قىلىۋېلىشتىن قول ئۈزۈشكە ۋە ئۇنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشقا بۇيرۇلغان چاغدا، بۇ ھۆكۈم زەيدكە ئېغىر تۇيۇلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئايەتلەردىن كېيىن كەلگەن بۇ ئايەت زەيدكە تەسەللى بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاتا بولۇشتىن قول ئۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالا بىلەن باشقا باللارنى پەرقلەندۈرمەستىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق كۆيۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىگىدارچىلىقى مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنگە ئۆز نەپسىدىنمۇ ھەقلىقتۇر. شۇنداقلا ئۇ پۈتۈن تۇغقانلىرىدىن ئارتۇقتۇر. ئۇ ئىنسانلارنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇغۇچى، بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلىدىغان ئىشلاردىن توسقۇچىدۇر. ئۇ ھەر بىر مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئايالنىڭ مەنىۋىي ئاتىسىدۇر. ئۇنىڭ پاك ئاياللىرى مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالا قىلىۋالغان ئادەمگە ئاتىلىق قىلىشتىن قول ئۈزسە، بۇ ھېچ بىر مۆمىننى قايغۇغا سالماسلىقى لازىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋىي ئاتىدارچىلىقى مەڭگۈلۈكتۇر.

ئىش شۇنداق ئىكەن، مۆمىنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىدىنمۇ ياخشى كۆرۈشى، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمىدىن بالدۇر ئىجرا قىلىشى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىدىن ئۈستۈن قويۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولىمۇ راست ئېيتقان: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللہ

بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن ياخشى كۆرمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ.»[1]

ئى الله! بىزگە ئۇنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، ئۇنى بىزگە قىيامەت كۈنى شاپائەتچى قىلىپ بەرگىن!

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايىتى كەرىمنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا چىقماقچى بولغاندا كىشىلەرنى بۇ غازاتقا چىقىشقا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئادەملەردىن بەزىلەر: ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدىن رۇخسەت سوراپ باقايلى دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

2 ـ ئىمام قۇرتۇبى تەپسىرىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا جىنازە كەلتۈرۈلسە، كىشىلەردىن: «مېيىتنىڭ قەرزى بارمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر ئۇلار: ياق، دېسە، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەتتى، ئەگەر ئۇلار: ھەئە، قەرزى بار دېسە، ھەمراھلىرىنىڭ نامىزىنى سىلەر چۈشۈرۈڭلار، دەيتتى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇرتلارنى پەتھى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن مۆمىنگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەگىدارچىلىق قىلىشقا ھەممە ئىنسانلاردىن ھەقلىقمەن، ئەگەر خالىساڭلار ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار. قايسىبىر مۆمىن پۇل ـ مال قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن مىراسخورلۇق قىلىشقا تېگىشلىك كىم بولسا شۇلار مىراسخور بولىدۇ، ئەگەر ئۇ قەرز ياكى قارىغۇچىسى يوق بالا ـ چاقا قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇلارغا ئەگىدارچىلىق قىلىمەن.»[3]

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئەھۋال گۇناھلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ئەگەر ۋاپات بولغۇچىلار پۇل ـ مال قالدۇرۇپ كەتسە، تۇغقانلار ئۇنى تالىشىپ تۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇلار موھتاج بالا ـ چاقىلارنى قالدۇرۇپ كەتسە، تۇغقانلار ئۇلار بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تەپسىر قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ قويغان بۇ ئەگىدارچىلىقتىن پەقەت سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.»[4]

---

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 21 ـ جىلد، 151 ـ بەت.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 21 ـ جىلد، 151 ـ بەت.
[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 124 ـ بەت.

www.munber.org

ئەسكەرتىش: بىرىنچىدىن يۇقىرىدىكىلەر ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدۇر.

ئىككىنچىدىن ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتى ئايەتتىكى ئىگىدارچىلىقنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇڭ.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ بۇ ئايىتى كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىشلاردا ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ئۈستۈنلۈك شەرتسىز بايان قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاندىن ئەۋزەل ئىكەن، ئەلۋەتتە پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئەۋزەلدۇر.

2 ـ الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرى دەپ بايان قىلدى. شۇنداق بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ ئاتىسى بولىدۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ قول يازما قۇرئانىدا «ئۇ ئۇلارنىڭ ئاتىسىدۇر» دەپ يېزىلغان. ئۆمەر بۇ قىرائەتنى ئاڭلىغاندا ئۇنى ئىنكار قىلىپ: ئى ئوغۇل! ئۇنى ئۆچۈرىۋەتكىن، دېگەن. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: ئۇ، ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ قۇرئانىدا بار تۇرسا، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇبەينىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇبەي ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قۇرئاننى ئىملا قىلىپ بېرەتتى، سېنى بولسا بازارلاردا ئېلىپ ـ سېتىش مەشغۇل قىلاتتى، دېگەن[1].

الله تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾ دېگەن سۆزىدە ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياللىرى ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىدا، ھەمدە نىكاھلىنىشنىڭ ھارام بولۇشىدا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىغا ئوخشايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 ـ الله تائالانىڭ: ﴿كىتابۇللادا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر﴾ دېگەن سۆزى پەقەت مىراس ئېلىشتىكى يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ مىراسقا خاس ئىكەنلىكى جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ياردەملىشىشتە ۋە كۆيۈنۈشتە بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر. «ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇسۇلمانمۇ ئۇلارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار غەيرى دىندىكىلەرگە بىر قولدەك قارشى تۇرىدۇ.» ھەدىس شەرىپتە ئەنە شۇنداق بايان قىلىنغان. شۇڭا تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدىكى يېقىنلىق پەقەت مىراسقا قارىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشىنى، بىرلىشىشىنى ۋە ھەمكارلىشىشىنى ئالاھىدە تەكىتلەشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، مۇنداق قىلىش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپتۇر.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 125 ـ بەت.

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنىڭ قەرزىنى خەلىپىنىڭ ئادا قىلىشى ۋاجىپ بولامدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ كەمبەغەللەرنىڭ قەرزىنى دۆلەت خەزىنىسىدىن ئادا قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇ قەرز ياكى قارىغۇچىسى يوق بالا ـ چاقا قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن.» يەنى ئۇنىڭ قەرزىنى مەن ئۆتەيمەن، بالا ـ چاقىلىرىغا مەن قارايمەن.

خەلىپە بولسا الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئورۇنباسارىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ مۇسۇلمان كەمبەغەللىرىنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىشى ۋاجىپتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم بولۇپ، دۆلەت يوقسۇللارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن ۋە پەرزەنتلىرىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارنىڭ ئانىلىرىمۇ؟

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارنىڭ ئانىلىرىمۇ؟ ياكى ئەرلەرنىڭلا ئانىلىرىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى: بىرىنچى، ئۇلار ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ ئانىلىرىدۇر. ئىككىنچى، ئۇلار پەقەت ئەرلەرنىڭلا ئانىلىرىدۇر.»

ئىبنۇل ئەرەبى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىككىنچى قاراش توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇلارنى ئانا قىلىشتىن مەقسەت، نىكاھلىنىشنىڭ ھارام بولۇشىدا ئۇلار مۆمىن ئەرلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئورنىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ ئارىسىدا نىكاھلىنىش مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ئۆزئارا ھىجابلانمايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر ئايال ئائىشەگە: ئى ئانا! دېگەن. ئائىشە ئۇنىڭغا: مەن سىزنىڭ ئانىڭىز ئەمەس، مەن پەقەت ئەرلىرىڭلارنىڭ ئانىسىمەن، دېگەن.»[1]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ئاياللارنىڭ ئانىلىرى ئەمەس، پەقەت ئەرلەرنىڭلا ئانىلىرىدۇر، دەپ خاسلاشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە شۇكى، ئۇلار ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ ئانىلىرىدۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئەر ـ ئاياللار بىردەك ھۆرمەت قىلىشى

---

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

www.munber.org

كېرەك. بۇنى ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ شەرتسىز ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى يەنە ئۇبەينىڭ «ئۇ ئۇلارنىڭ ئاتىسىدۇر» دېگەن قىرائىتىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[1]

مەن ئىمام قۇرتۇبىنىڭ قارىشىنى كۈچلۈك، دەپ قارايمەن. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

نىكاھلىنىشنىڭ ھارام بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئاياللىرى ئۈچۈنمۇ؟

ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا بۇ ئايەتنى ۋە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس﴾[2]. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشنىڭ ھارام بولۇش ھۆكمى، مەيلى ئۇلاردىن تالاق قىلىنغان ياكى تالاق قىلىنمىغان ئاياللار بولسۇن، مەيلى بىر تۆشەكتە بولغان ياكى بىر تۆشەكتە بولمىغان ئاياللار بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممە پاك ئاياللىرىغا قارىتىلامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى دېگەن سۆز مەيلى تالاق قىلىنغان بولسۇن ياكى تالاق قىلىنمىغان بولسۇن، ئۇنىڭ خوتۇنى دەپ ئاتالغان ھەممە ئاياللىرىغا قارىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ ھۆكۈم ئۇنىڭ ھەممە ئاياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قاراش بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىدۇر.

2 ـ ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى ھارام بولۇش ھۆكمىنى پەقەت بىر تۆشەكتە بولغان ئاياللىرىغىلا قارىتىشنى توغرا تاپىدۇ. ئۇ بۇنىڭغا مۇنداق بىر رىۋايەتنى دەلىل قىلىدۇ: ئەشئەس ئىبنى قەيس ئىسىملىك ئادەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۇي كېچىسى پاناھ تىلىگەن ئايالنى نىكاھىغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلماقچى بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئايال بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغانلىقى خەۋەر قىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۆمەر ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشتىن توختاپ قالىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۆمەر ئۇ ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلماقچى بولىدۇ. ئاندىن ئۇ ئايال: نېمە ئۈچۈن بۇ جازانى بېرىسىلەر؟ مەن ھىجابقا بۇيرۇلمىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى دەپمۇ ئاتالمىغان تۇرسام؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇنى جازالاشتىن توختاپ قالىدۇ.

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 123 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## كۈچلۈك قاراش

ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامىنىڭ ”ھارام بولۇش ھۆكمى پەقەت بىر تۆشەكتە بولغان ئاياللىرىغىلا قارىتىلىدۇ“ دېگەن قارىشى توغرىدۇر. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۆشەكتە بولۇپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلغان ئايال بولسا، ئۇمۇ ھارام بولىدۇ. ئەمما پەقەتلا نىكاھلانغان ئايال بولسا، ھارام بولمايدۇ. پاناھ تىلىگەن ئايالنىڭ ئىشى مۇشۇنداق بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى نىكاھىغا ئالغان. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولغاندا، ئۇ ئايال: اللّٰه قا سىغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز بۇ ئىشتىن پاناھ تىلىدىڭىز» دېگەن. ئاندىن ئۇ ئايالنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىۋەتكەن. ئۇ ئايال مۇنداق دەيتتى: مەن بەختسىز ئايالمەن، چۈنكى، مەن ئەنە شۇ ئالىي شان ـ شەرەپتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالدىم[①].

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئۆزئارا مىراس ئالامدۇ؟

اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر﴾ دېگەن سۆزى تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشتا ياتلاردىن ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق ۋە ياردەملىشىش سەۋەبى بىلەن ياكى ھىجرەت قىلىش سەۋەبى بىلەن مىراسخور بولىدىغان ھۆكۈمنى مەنسۇخ قىلدى. مۇھاجىر ئۆزىنىڭ ئەنسارى قېرىندىشى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مىراسخور بولاتتى. ئاندىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىراسنى نەسەبتىن بولغان تۇغقانلار ئالىدىغان ھۆكۈم بارلىققا كەلدى.

بەزى فىقھشۇناسلار بۇ ئايىتى كەرىمدىن: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۇغقانلار ئانا تەرەپ تاغا، ئاتا تەرەپ ھاماچا، قىزلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش مۇئەييەن مىراس بەلگىلەنمىگەن، ھەمدە ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇللىرى، ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرى بولمىغان تۇغقانلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ تۇغقانلار ئۇنىڭدىن قالغان پۇل ـ مالغا مىراسخور بولۇشتا ئۇنى مۇسۇلمانلار دۆلەت خەزىنىسىگە بېرىۋېتىشتىن ھەقلىقتۇر دېگەن ھۆكۈمنى ئالغان بولۇپ، بۇ ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ۋە كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىلى شۇكى، بۇ ئايەت، مەيلى مۇئەييەن مىقداردا مىراس بەلگىلەنگەن تۇغقانلار بولسۇن، ياكى مېيىتنىڭ ئوغۇللىرى، ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرى بولسۇن، مەيلى ئانا تەرەپ تاغا، ئاتا تەرەپ ھاماچا، قىزلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تۇغقانلار بولسۇن، ھەممە تۇغقانلارنىڭ مىراس ئېلىشتا ياتلاردىن

---

① ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 167 ـ بەت.

ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت مېيىتنىڭ ھەممە تۇغقانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: مېيىت بىلەن مۇسۇلمانلار دۆلەت خەزىنىسى ئارىسىنى دىنىي قېرىنداشلىق ئالاقىسى باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تۇغقانلار ئارىسىنى دىنىي قېرىنداشلىق ئالاقىسىدىن سىرت تۇغقاندارچىلىقتىن ئىبارەت يەنە بىر نەرسە باغلاپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇلار ئارىسىدا دىنىي قېرىنداشلىق ۋە تۇغقاندارچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى يېقىنلىق مەۋجۇت بولىدۇ.

بۇ مۇنداق بىر مىسالغا ئوخشايدۇ: ئەگەر بىر قورساقتىن چىققان بىر قېرىندىشى ۋە ئاتا بىر قېرىندىشى بار ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن قالغان پۇل ـ مالنىڭ ھەممىسى بىر قورساقتىن چىققان قېرىندىشىغا قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆلگۈچىگە ئاتا ۋە ئانا تەرەپتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن تۇغقان كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تۇغقاندارچىلىقى ئاتا تەرەپتىن بولغان قېرىندىشىنىڭ تۇغقاندارچىلىقىدىن كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، ئاتا تەرەپتىن بولغان قېرىندىشى بىر تەرەپتىن تۇغقان كېلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھۆكمىمۇ مانا مۇشۇ مىسالدىكىدەك بولىدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئانا تەرەپ تاغا، ئاتا تەرەپ ھاماچا، قىزلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تۇغقانلار مىراس ئالالمايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئوغۇللىرى، ئاتا تەرەپ تۇغقانلىرى بولمىغان، مۇئەييەن مىقداردا مىراس بەلگىلەنگەن تۇغقانلىرىمۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار دۆلەت خەزىنىسى مىراسخورلۇق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن قالغان مال ـ مۈلك مۇسۇلمانلارغا تېگىشلىك بولىدۇ ۋە دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.»

ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىلى شۇكى، مىراس ئىشىدا چوقۇم قۇرئاندىن ۋە سۈننەتتىن دەلىل بولۇشى كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئەقىلگە ياكى كۆز قاراشقا تايىنىشقا بولمايدۇ. ئانا تەرەپ تاغا، ئاتا تەرەپ ھاماچا، قىزلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تۇغقانلارنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقى ھەققىدە كەسكىن دەلىل يوق. شۇڭا ئۇلار مىراس ئالالمايدۇ. نەتىجىدە مېيىتتىن قالغان پۇل ـ مال دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

**كۈچلۈك قاراش**

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ۋە كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ: ئانا تەرەپ تاغا، ئاتا تەرەپ ھاماچا، قىزلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تۇغقانلارمۇ مىراس ئالىدۇ دېگەن قارىشى توغرىدۇر. ئۇ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى شەرىئەت بەلگىلىمىرى دەلىللىرىدىن ئېنىق چىقىدۇ. بۇ تېما مىراس بىلىملىرى ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مۆمىنلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىگە ھۆرمەت قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش ھارامدۇر.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا ھۆرمەت قىلىش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپتۇر.

4 ـ ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش سەۋەبى بىلەن ئالىدىغان مىراس ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نەسەبتىن بولغان تۇغقاندارچىلىق بىلەن مىراس ئېلىش بېكىتىلدى.

5 ـ ئۇلۇغ شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى الله نىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولۇپ قۇرئان كەرىمگە يېزىپ قالدۇرۇلغان.

6 ـ ئانا تەرەپ تاغا، ئاتا تەرەپ ھاماچا، قىزلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش تۇغقانلار مىراس ئىشىدا مۇسۇلمانلار دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، دېگەن قاراش توغرىدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھەممىنى ياراتقۇچى الله تائالا ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىسلامىي جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئەقىدە ۋە دىن ئالاقىسىنى ئورناتتى، بۇ ئالاقىنى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە غەلىبىنىڭ نامايەندىسى، بەخت ـ سائادەت ۋە نىجاتلىقنىڭ يولى بولغان ئىسلامىي قېرىنداشلىق بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇسۇلمانلار ئەنە شۇ ئەقىدە ۋە دىن ئالاقىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن، ھىجرەت ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ سەۋەبى بىلەن بىر ـ بىرىگە مىراسخورلۇق قىلاتتى. ئەنسارى مۇھاجىر قېرىندىشىغا، مۇھاجىر ئەنسارى قېرىندىشىغا مىراسخورلۇق قىلاتتى، ئۆز تۇغقانلىرى مىراسخورلۇق قىلالمايتتى. نەتىجىدە مۆمىنلەر ئارىسىدا ئەقىدە ۋە ئىمان ئالاقىسى مۇستەھكەملەشتى، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئۈلگە قىلىندى. ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾[1].

ئىسلامى قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن، دىنىي ئالاقە قانداشلىقتىكى ئالاقىدىن كۈچىيىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار بىر تەنگە، بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىر بىناغا ئوخشاش بولۇپ كەتتى.

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئاندىن الله تائالا مۆمىنلەر ئارىسىدىكى دىنىي سەۋەب بىلەن، ھىجرەت ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش سەۋەبى بىلەن ئالىدىغان مىراسنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۇغقاندارچىلىق ۋە نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراس ئالىدىغان ھۆكۈمنى بېكىتتى. بۇ ئىسلام دىنىدا ئائىلە ئىتتىپاقىنى چىڭىتىشقا يۈزلىنىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق ئالاقىلىرى پۇختىلانسا، جەمئىيەتنىڭ ئۇلى كۈچىيىدۇ. ئەگەر بۇ ئالاقىلار بۇزۇلسا، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئىتتىپاقى بۇزۇلىدۇ.

الله تائالا ھەممە تۇغقانىنى مىراس ئالىدىغان قىلىپ بېكىتمىدى، ئەكسىچە تۇغقاندارچىلىق ئالاقىسى بىلەن بىرلىكتە ئىمان ئالاقىسىنىڭ بولۇشىنى ۋاجىپ قىلدى. ئەگەر بالا كاپىر بولسا، ئاتىسىغا مىراسخورلۇق قىلالمايدۇ. مۇسۇلمان ئەمەس قېرىنداشىمۇ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا مىراسخورلۇق قىلالمايدۇ. ئىسلام دىنى بۇ ھۆكۈم ئارقىلىق ئىمان ئالاقىسىنى نەسەب ئالاقىسى بىلەن بىرلەشتۈردى ۋە تۇغقاندارچىلىقنىڭ پەقەت ئىمان بولغاندىلا ئاندىن مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ ھۆرمىتىنى، دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە تۇغقانلىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغدىدى. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكمى بىلەن نازىل بولدى: ﴿الله نىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، الله ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]. الله تائالا يەنە بۇ سۆزىنىمۇ نازىل قىلدى: ﴿كىتابۇللادا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر﴾.

ئىمان كۈچىيىپ دىللارغا مۇستەھكەم ئورنىغاندىن كېيىن، ھىجرەت قىلىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش سەۋەبى بىلەن ئالىدىغان مىراس بۇ ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نەسەب سەۋەبى بىلەن ئالىدىغان مىراس ھۆكمى بېكىتىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مۆمىنگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ھەممە ئىنسانلاردىن ھەقلىقمەن، ئەگەر خالىساڭلار ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چارىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار، قايسىبىر مۆمىن پۇل - مال قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن مىراسخورلۇق قىلىشقا تېگىشلىك كىم بولسا شۇلار مىراسخور بولىدۇ، كىمكى قەرز ياكى قارىغۇچىسى يوق بالاچاقا قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن.»

[1] سۈرە ئەنفال، 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن قىلىنغان تالاق

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَكَحۡتُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَـٰتِ ثُمَّ طَلَّقۡتُمُوهُنَّ مِن قَبۡلِ أَن تَمَسُّوهُنَّ فَمَا لَكُمۡ عَلَيۡهِنَّ مِنۡ عِدَّةٖ تَعۡتَدُّونَهَاۖ فَمَتِّعُوهُنَّ وَسَرِّحُوهُنَّ سَرَاحٗا جَمِيلٗا ﴿٤٩﴾ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك، ئۇلارغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار﴾.

ـــ سۈرە ئەھزاب 49 ـ ئايەت

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

نَكَحۡتُمُ: (ئالساڭلار). ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «نىكاھ» بولۇپ، بەزىدە نىكاھلىنىش مەنىسىدە كەلسە، يەنە بەزىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ ئايەتتە بولسا ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا نىكاھلىنىش مەنىسىدە كەلگەن. بۇنى الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن﴾ دېگەن سۆزىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ سۆز لۇغەتتە قوشۇۋېلىش، جەم بولۇش مەنىلىرىدە، كېلىدۇ.

ٱلۡمُؤۡمِنَـٰتِ: (مۆمىن ئاياللارنى)، بۇ سۆز مۆمىن ئاياللار، دېگەن مەنىدە بولۇپ، خوتۇن ئېلىشتا مۆمىن ئاياللارنى تاللاشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿مۆمىن ئاياللار﴾ دېگەن سۆزىدىكى ئىمان شەرت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۆمىن ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە جۈپ تاللاشتا مۆمىن ئاياللارنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ. فىقھشۇناسلار مۇشۇ مەنىگە ئىتتىپاق كەلگەن. ئەگەر ئۇ سۆزدىكى ئىمان شەرت ئۈچۈن كەلگەن بولسا، ئەلۋەتتە، ئەھلى كىتاب ئاياللىرىنىڭ ھۆكمى مۆمىن ئاياللارنىڭ ھۆكمىدىن پەرقلىق بولغان بولاتتى. بىراق، ھەممىسىنىڭ ھۆكمى بىردۇر.

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈم ئەھلى كىتاب ئاياللىرىغىمۇ ئورتاق بولغان تۇرۇقلۇق مۆمىن ئاياللارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت مۆمىن ئەرلەرنى ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ تاللاشتا مۆمىن ئاياللارنى تاللاشقا ۋە مۆمىن ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا

ئەسكەرتىش ئۈچۈندۇر. قىسقىسى بۇ ئايەت ئەڭ ھەقلىق ۋە ئەڭ لايىق بولغان كىشىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.»[1]

تَمَسُّوهُنَّ: (ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «مەسس» بولۇپ، بۇ يەردە پۈتۈن فىقھشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىدا جىنسىي مۇناسىۋەت مەنىسىدە كەلگەن. ئۇ لۇغەتتە قول بىلەن تۇتماق، سىلىماق، قولنى تەنگە تەككۈزمەك دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، ئەگەر ئۇ بۇ يەردىمۇ مۇشۇ مەنىدە كەلگەن بولسا، ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن ۋە يالغۇز قالماستىن، پەقەت قول بىلەن تۇتقاندىن كېيىن تالاق قىلغان چاغدىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇ ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى لازىم بولغان بولاتتى. لېكىن فىقھشۇناسلاردىن ھېچ بىرى مۇنداق دەپ قارىمايدۇ. شەرىئەت تىلىغا ئاساسەن ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت مەنىسىدە مۇشۇنداق سىلىقلاشتۇرۇپ كېلىشى ناھايىتى مەشھۇر. چۈنكى، ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاقى بولۇپ، قۇرئان كەرىم سەت مەنىدىكى سۆزلەرنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئورنىغا مۇشۇنداق سىلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ.

عِدَّة: (ئىددەت)، بۇ سۆز لۇغەتتە سانىماق دېگەن مەنىدە بولۇپ، خوتۇن كىشىنىڭ ئىددەت تۇتۇشى مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنغان. چۈنكى، ئۇ ئېرى تالاق قىلغان ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۆلتۈرىدىغان كۈنلىرىنى سانايدۇ. شەرىئەتتە خوتۇن كىشىنىڭ بەچچىدانىدا بالا بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن، ياكى ئىبادەت ئۈچۈن ۋە ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىگە ھەسرەت چېكىپ قارا تۇتۇش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرىدىغان مۇددەتتۇر.

تَعْتَدُّونَهَا: (ئىددەت تۇتۇشى)، بۇ سۆز، ئاياللارغا ئىددەت تۇتقۇزۇش، ئۇلارنىڭ ئىددىتىنى تولۇق ساناش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە ئۇلارغا ئىددەت تۇتقۇزماسلىقىڭلار لازىم، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

فَمَتِّعُوهُنَّ: (ئۇلارغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىڭلار)، يەنى ئۇلارغا مۇتئە بېرىڭلار. مۇتئە ئەسلىدە پۇل ـ مال ياكى كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش كۆڭۈلنى ئالىدىغان نەرسىدۇر. بەزى فىقھشۇناسلار ئۇنى بىر كۆينەك، بىر لېچەك ۋە بىر پەلتۇ دەپ بەلگىلىگەن. توغرىسى، مۇتئە كىيىم ـ كېچەككە خاس قىلىنماسلىقى كېرەك. ئۇ شەرىئەت تىلىدا، تالاق قىلىنغان ئايالنى رازى قىلىش ۋە تالاق بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بەرگەن ھەممە نەرسە مۇتئە ھېسابلىنىدۇ.

وَسَرِّحُوهُنَّ: (ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار)، قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «تەسرىيھ» بولۇپ، بىر نەرسىنى قويۇۋەتمەك، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.»

سَرَاحًا جَمِيلاً: (چىرايلىقچە)، يەنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 22 ـ جىلد، 45 ـ بەت.

چىرايلىقچە ئۈزلىشىپ كېتىڭلار﴾[1]. ﴿ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم﴾[2].

چىرايلىقچە قويۇپ بېرىش بولسا، تالاق قىلىنغان ئايالغا يۇمشاق سۆز قىلىش، ئەزىيەت بەرمەسلىك، ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان ھەقلىرىنى مەھرۇم قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ سىلەر ﴿مۆمىن ئاياللارنى﴾ رەسمىي نىكاھ قىلىپ خوتۇنلۇققا ئالساڭلار، ﴿ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك﴾. سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئىددەت تۇتقۇزۇش ھەققىڭلار يوق. چۈنكى، سىلەر ئۇلارنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى قويۇۋەتتىڭلار. مۇنداق تالاق قىلىنغان خوتۇننى نەسەبىڭلارنى پاكلاش ئۈچۈن ئىددەت تۇتقۇزۇپ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇۋېلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، سىلەر ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىدىڭلار. شۇڭا بۇ يەردە بويىدا قېلىشنىڭ ئېھتىمالى يوق.

ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تالاقنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا كۆڭلۈلۈكلاردىن چىقىرىپ، پۇل ـ مال ياكى كىيىم ـ كېچەكتىن ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان نەرسە بېرىشىڭلار، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇشۇڭلار، ئۇلارنى ئۇلارغا يامان گەپ قىلماستىن، قاتتىق قول بولماستىن، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلەردىن مەھرۇم قىلماستىن چىرايلىقچە قويۇۋېتىشىڭلار سىلەرگە ۋاجىپتۇر. ئەنە شۇنداق قىلىش ھەققەتەن ئىمانىڭلارنىڭ ۋە الله تائالاغا بولغان ئىتائەتچانلىقىڭلارنىڭ تەلىپىدۇر. الله تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

ئىلگىرىكى ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشىنىڭ، دۇنياغا بېرىلمەسلىكىنىڭ، مۇكەممەل رەۋىشتە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە توختىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ئەمەس. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرىدۇر، مۆمىنلەرنىڭ

[1] سۈرە تەلاق، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئاتىلىرىدۇر. اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىگە نىسبەتەن بىرىلىشتەك بۇ ئالىي شان - شەرىپىنى قوغدىشىنى خالايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەر زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ قىسسىسى، ئۇنىڭ زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تالاق قىلىشى، شۇنىڭدىن كېيىن بالا قىلىۋېلىش ئادىتىنى بىكار قىلىش ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۇ ئايالنى اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىغا ئېلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئاندىن بۇ يەردە مۆمىنلەرگە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ھۆكمى بىلەن خىتاب قىلىنىپ، مۆمىنلەرنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىۋەتكەن ئاياللىرىغا قارىتا قانداق ئىشلارنى قىلىشىنىڭ ۋاجىپلىقى، مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك شەرىئەت ئەھكاملىرى بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇلار بۇ ئايەتنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقىدۇر. توغرىسىنى اللّٰه تائالا بىلگۈچىدۇر[1].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 - اللّٰه تائالانىڭ: ﴿سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار﴾ دېگەن سۆزى مۆمىن ئەرنىڭ پاك مۆمىن ئايالنى تاللاپ ئېلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، مۆمىن ئايالنىڭ ئىمانى ئۇنىڭ ئىپپەت نومۇسىنى ساقلايدۇ، پاھىشە ۋە يامان ئىشقا گىرىپتار بولۇشتىن توسىدۇ. ئۇ ئېرىنىڭ ئابرۇيىنى قوغدايدۇ، ئېرى بار چاغدىمۇ، بىر يەرلەرگە كەتكەن چاغدىمۇ ئېرىنى ھىمايە قىلىدۇ. اللّٰه تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿(ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن - جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر﴾[2].

2 - اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى ﴿ئاندىن﴾ دېگەن سۆز تالاقنى ئويدان ئويلىنىپ، چوقۇم تالاق قىلمىسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا ئاندىن تالاق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، تالاق اللّٰه يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتقا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بەزى فىقھشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئەسلىدە تالاق قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلىدۇ. پەقەت ئەر - خوتۇنلۇق ھايات بۇزۇلغان، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇش نەتىجە بەرمىگەن چاغدىلا ئاندىن تالاق قىلىشقا بولىدۇ. ھۆكۈم بىر بولۇپ، خوتۇن ئالغاندىن كېيىن ئۇنى دەرھال تالاق قىلغان ياكى بىر مەزگىلدىن كېيىن تالاق قىلغان كىشى ئوخشاشتۇر.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 - جىلد، 202 - بېتىگە مۇراجىئەت قىلىڭ.
[2] سۈرە بەقەرە، 221 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3 ـ ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن﴾ دېگەن سۆزىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەنىسى سىلىق ئىپادىلەنگەن. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشى، قەبىھ ياكى سەت سۆزنى قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، سىلىق ئىپادە بىلەن ئىپادىلىشى لازىم.

يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ھېلىقى ئايال شۇ ئېرى بىلەن يېنىشىۋېلىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا نىمىدېگەن چىرايلىق سۆزنى قىلدى ھە! «سىز رۇفائە بىلەن يېنىشىۋېلىشنى خالامسىز؟ ياق، سىز ئۇنىڭ شۇ نەرسىسىنى تېتىمىغىچە، ئۇمۇ سىزنىڭ شۇ نەرسىڭىزنى تېتىمىغىچە يېنىشالمايسىز.»

4 ـ ﷲ تائالانىڭ: ﴿بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك﴾ دېگەن سۆزىدە "سىلەر ئۈچۈن" دەپ ئىددەتنىڭ ئەرلەرگە نىسبەت بېرىلىشى ئىددەت ئەرنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ ئىددەت تۇتۇشىنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئەرنىڭ نەسەبىنى پاك ساقلاش ئۈچۈندۇر. ئەر ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ بالىسىنى پاكىز ساقلاشنى، زىرائىتىنىڭ باشقىلارنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلماسلىقىنى خالايدۇ. لېكىن مەشھۇر قاراشقا ئاساسەن، ئىددەت بەندىنىڭ خالىس ھەققى ئەمەس، ئۇنىڭدا شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ﷲ نىڭمۇ ھەققى بار. نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى بىلەن چىقىدىغان بۇزۇقچىلىقنى مەنئى قىلىش شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ﷲ نىڭ ھەققىدۇر.

ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئىددەت تۇتۇشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدا ﷲ نىڭمۇ، بەندىنىڭمۇ ھەققى بار. شۇڭا فىقھشۇناسلار: «ئىددەت تۇتۇش بولسا، بەچچىدانىدا بالا بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىش، ئىبادەت قىلىش، ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ئەرگە ھەسرەت چېكىپ قارا تۇتۇش قاتارلىق بىرقانچە ھېكمەت ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان.» بۇ ھەقتە ياخشى ئويلىنىش لازىم.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

نىكاھ قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق چۈشەمدۇ؟

فىقھشۇناسلار ﷲ تائالانىڭ: ﴿سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار﴾ دېگەن سۆزىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىش يوق» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ: نىكاھتىن ئىلگىرى تالاقنىڭ چۈشمەيدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿ئاندىن﴾ دېگەن سۆز تەرتىپنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئۇلار بىرىنىڭ: مەن

پالانىخانىنى ئالسام، ئۇ تالاقتۇر دېگىنىگە ياكى: مەن ئەمرىمگە ئالىدىغان ھەممە خوتۇن تالاقتۇر دېگىنىگە ئوخشاش ئاسقىغا ئېسىپ قويىدىغان تالاق ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشى بولۇپ، مۇنداق ئاسقىغا ئېسىپ قويىدىغان تالاقتا تالاق چۈشمەيدۇ. بۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان.

2 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىكنىڭ قارىشى بولۇپ، مۇنداق ئاسقىغا ئېسىپ قويىدىغان تالاق نىكاھلانغاندىن كېيىن چۈشىدۇ. بۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان.

### شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: تالاقنى ئاسقىغا ئېسىپ قويۇش نىكاھتىن ئىلگىرى تالىقنى بېرىشكە ئوخشايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئىگىدارچىلىقىدا يوق خوتۇننى تالاق قىلسا، تالاق چۈشمەيدۇ. چۈنكى، تالاق چوقۇم ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تايىنىدۇ. ئۇ بىرىنىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا يوق بىر يات ئايالغا: سىز تالاق، دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. مۇنداق دېيىش بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا تالاق چۈشمەيدۇ. شۇنىڭدەكلا ئاسقىغا ئېسىپ قويۇپ تالاق قىلغۇچىنىڭ تالىقى چۈشمەيدۇ.

2 ـ ئۇلار مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ: «ئىنسان ئىگىدارچىلىقىدا يوق نەرسىنى نەزىر قىلىپ ئاتىيالمايدۇ، ئىگىدارچىلىقىدا يوق قۇلنى ئازاد قىلالمايدۇ ۋە ئىگىدارچىلىقىدا يوق خوتۇننى تالاق قىلالمايدۇ.»①

بۇ قاراش كۆپچىلىك ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام بۇخارى «نىكاھتىن ئىلگىرى تالاق قىلىش يوق» دېگەن بۆلۈمدە ئۇلاردىن 24 كىشىنى ساناپ ئۆتكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭمۇ مۇشۇنداق قارايدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئاسقىغا ئېسىپ قويىدىغان تالاق ھەققىدە سورالغاندا: ئۇ ھېچنېمە ئەمەس دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭغا: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇ ھەقتە ساڭا قېتىلمايدۇ، ئۇ: نىكاھىغا ئالمىغان خوتۇننى تالاق قىلسا دۇرۇستۇر، دەيدۇ دېيىلگەندە، ئۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا الله رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر ئىش ئۇ دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، الله تائالا: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئالساڭلار» دېگەن بولاتتى، لېكىن ئۇ: ﴿سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار﴾ دېدى، دېگەن.

### مالىكى ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

① ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

مالىكى ۋە ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: تالاق قىلىش ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ياكى ئىگىدارچىلىققا ئىلاۋە قىلىشقا تايىنىدۇ. لېكىن ئۇنى ئىگىدارچىلىققا ئىلاۋە قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ شەرتى مەيدانغا كەلگىچە ئۇ ئاسقىدا ئېسىقلىق قالىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يات بىر ئايالغا: «ئەگەر مەن سىزنى نىكاھىمغا ئالسام، شۇ چاغدا سىز تالاق بولىسىز» دېسە، بۇ ئاسقىغا ئېسىلغان ۋە توغرا بولغان تالاق بولىدۇ. لېكىن ھازىرنىڭ ئۆزىدە تالاق بولمايدۇ. بۇ تالاق پەقەت ئۇ شۇ خوتۇننى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن چۈشىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ: «ئەگەر ئۆيگە كىرسىڭىز تالاق بولۇسىز» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. بۇ تالاق پەقەت شۇ ئايال ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئاندىن چۈشىدۇ. شۇنىڭدەكلا، ئالغاندىن كېيىن تالاق بولىدىغانلىقنى ئېسىپ قويغان تالاق، ئەرنىڭ شۇ ئايالغا نىكاھلانغىنىدىن كېيىن چۈشىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بۇ تالاق زۆرۈرىيەت ئېتىبارى بىلەن ئىگىدارچىلىقتا بولغان بولىدۇ. گويا ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى ئۆز ۋاقتىدا تالاق قىلغاندەك بولىدۇ.

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «يات ئايالنىڭ تالىقىنى بېرىش بىلەن ئۇنىڭ تالىقىنى نىكاھلىنىشقا ئېسىپ قويۇشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئېنىقتۇر. بىر ئەرنىڭ يات بىر ئايالغا: "سىز تالاق" دېيىشى بىمەنە سۆزدۇر. چۈنكى، ئۇ ئايال ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئىگىدارچىلىقىدا يوق خوتۇننى تالاق قىلغان بولىدۇ. بۇ نىكاھتىن ئىلگىرى قىلغان تالاق بولۇپ، ئەسلا چۈشمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ: ئەگەر مەن پالانخاننى ئالسام، ئۇ تالاقتۇر، دېگەن سۆزى ئۇنى ئىگىدارچىلىققا ئېسىپ قويغان بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئوچۇقتۇر.»

نۇرغۇن ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار. بۇ قاراشنىڭ دەلىلى كۈچلۈك ۋە ئەتراپلىقتۇر. ئىبنۇل ئەرەبى ۋە جەسساسمۇ بۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، نىكاھتىن كېيىن قىلغان تالاق فۇقەھشۇناسلارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا چۈشىدۇ. نىكاھتىن ئىلگىرى بېرىلگەن تالاق ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا چۈشمەيدۇ. نىكاھلىنىشقا ئېسىپ قويغان تالاق ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا چۈشىدۇ، شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا چۈشمەيدۇ. ﴿ھەر (ئۇممەت) نىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (يەنى قىبلىسى) بار﴾[1]. توغرىسىنى اللە تائالا ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

ئەر ـ خوتۇننىڭ توغرا رەۋىشتە يالغۇز قېلىشى ئىددەت تۇتۇشنى ۋە مەھرى ھەققى بېرىشنى ۋاجىپ قىلامدۇ؟

[1] سۈرە بەقەرە، 148 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى توغرا رەۋىشتە يالغۇز قالغان بولسىمۇ، بۇ يالغۇز قېلىشنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ۋاجىپ قىلىدىغان ئىددەت تۇتۇشنى ۋە مەھرى ھەققى بېرىشنى ۋاجىپ قىلمايدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئەگەر خوتۇن كىشى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنسا، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا ئىددەت تۇتۇشنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. يالغۇز قېلىش جىنسىي مۇناسىۋەت ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئايالغا ئىددەت تۇتقۇزۇش ۋە مەھرى ھەققى بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ.

مالىكى، ھەنەفىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەردىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار: يالغۇز قېلىش جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ ئايالغا تولۇق مەھرى ھەققى بېرىش ۋە ئىددەت تۇتقۇزۇش ۋاجىپ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك دەلىل كەلتۈرىدۇ:

1 ـ ئىمام دارۇقۇتنى، سەۋباندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى خوتۇن كىشىنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىسا، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇنىڭغا مەھرى ھەققى بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.»

2 ـ ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر ئەر ئىشىكنى تاقاپ، پەردىنى چۈشۈرۈپ، خوتۇنىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىسا، ئۇنىڭ مەھرى ھەققى بېرىشى، ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئايالغا مىراس بېرىلىدۇ.»

3 ـ زۇرارە ئىبنى ئەبۇ ئەۋفانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەر شۇنداق ھۆكۈم قىلغانكى، ئەگەر ئەر پەردىنى چۈشۈرۈپ، ئىشىكنى تاقىسا، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئەر ئۇنىڭغا تولۇق مەھرى ھەققى بېرىدۇ، ئايالمۇ ئىددەت تۇتۇشى كېرەك.»

### كۈچلۈك قاراش

كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى كۈچلۈكتۇر، پاكىتلىرى ئۆتكۈردۇر. ئەرنىڭ خوتۇنى بىلەن تولۇق بىر يىل بىللە قېلىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرپىدە يېتىپ ـ قوپۇشى، لېكىن ئۇ بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىكى ئېھتىمالى بار. شۇڭا ئەرگە مەھرى ھەققىنى تولۇق بېرىشنى، ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشنى ۋاجىپ قىلىشىمىز كېرەك. مۇنداق قىلغانلىق ئۇلارنىڭ توغرا رەۋىشتە يالغۇز قالغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغانلىقتۇر ۋە ئارىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزدە تۇتقانلىقتۇر.

توغرا رەۋىشتە يالغۇز قىلىش بىلەن ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ۋاجىپ بولىدۇ دېگۈچىلەر ئۇخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. ئۇلاردىن بەزىلەر: ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشى دىنىي جەھەتتىمۇ، ھۆكۈم جەھەتتىمۇ ۋاجىپتۇر، دېسە، يەنە بەزىلەر: ئۇنىڭ ئىددەت تۇتۇشى دىنىي جەھەتتە ئەمەس، ھۆكۈم جەھەتتە ۋاجىپتۇر، چۈنكى، قازى سىرتقى ئەھۋالغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، دەيدۇ. لېكىن ئالدىنقى قاراش بەكراق توغرىدۇر.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

يېنىشۇپلىشقا بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئېرى يېنىشۇالسا، ئاندىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇنى تالاق قىلىۋەتسە، ئۇ ئىددەتنى يېڭىلاپ تۇتامدۇ؟

يېنىشۇپلىشقا بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنى ئېرى يېنىشىۋالغاندىن كېيىن، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىۋەتسە، دېگەن مەسىلىدە فىقھشۇناسلار مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

1 ـ زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار: ئۇ ئايال يېڭىدىن ئىددەت تۇتمايدۇ. ئالدىنقى ئىددەت ئىككىنچى تالاق بىلەن بىكار قىلىندى. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىددەتنى تولۇقلىشى ۋاجىپ ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى ئاجىزدۇر.

2 ـ ئىمام شافىئىينىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇ ئايال بىرىنچى تالاقنىڭ ئىددىتىنى ئۇلاپ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ يېڭىدىن ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس.

3 ـ ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇ ئايال ئىددەتنى يېڭىدىن باشلاپ تۇتىدۇ. ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشنى تەكىتلەيدۇ.»

### زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

داۋۇد زاھىرى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى تەكىتلەيدىغانلار مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: يېنىشۇپلىشقا بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ بىلەن يېنىشۇالسا، ئاندىن ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن قويىۋەتسە، ئۇ ئايالغا ئالدىنقى ئىددىتىنى تولۇقلاش لازىم بولمايدۇ، شۇنداقلا ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلغان ھالدا ئۇ يېڭىدىن ئىددەت تۇتمايدۇ. چۈنكى، ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىندى.

### ئىمام شافىئىينىڭ دەلىلى

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: مۇنداق تالاق قىلىنغان ئايال ئالدىنقى ئىددىتىنى تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ يېڭىدىن ئىددەت تۇتۇشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئىككىنچى تالاق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىددەت كەلمەيدۇ. لېكىن بىرىنچى تالاقتا ۋاجىپ بولغان

www.munber.org

نەرسىنى بىكار قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قىلىنغان تالاقتۇر. شۇڭا ئىددەت تۇتۇش ھۆكمىگە ئەمەل قىلىپ، شەرىئەت بەلگىلىگۈچىنىڭ ھېكمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەرنىڭ ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىشى خوتۇنىنى ئىددەت ئىچىدە، يېنىشىۋېلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. كىمكى خوتۇنىنى ھەر بىر پاكىزلىقتا بىر قېتىم تالاق قىلسا، ئۇ ئايال ئالدىنقى ئىددىتىنى ئۇلاپ تۇتىدۇ، يېڭىلىمايدۇ.

## مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مۇنداق تالاق قىلىنغان ئايال يېڭىدىن ئىددەت تۇتىدۇ. گەرچە ئىككىنچى تالاق بىلەن يېنىششىنىڭ ئارىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ۋە يالغۇز قېلىش يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرنىڭ ئايالنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن تالاق قىلىشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ. شۇڭا ئايالنىڭ يېڭىدىن تولۇق ئىددەت تۇتۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن ئايالنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.»

قۇرتۇبى ئىمام مالىكتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئايال يېڭىدىن ئىددەت تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بولماي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقان بولسا، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال خىراجىتىنى بېرىش، تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقا جەھەتلەردە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالىلارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇ، بەسرە، كۇفە، مەككە، مەدىنە ۋە شام شەھەرلىرىنىڭ فىقھشۇناسلىرىنىڭ قارىشىدۇر.»

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### تالاق قىلىنغان ھەممە ئايالغا مۇتئە بېرىش ۋاجىپمۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارغا ئاز ــ تولا نەرسە بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئايالغا، مەيلى ئۇنىڭغا مەھرى ھەققى تەيىنلەنگەن بولسۇن ياكى تەيىنلەنمىگەن بولسۇن، مۇتئە بېرىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۈستەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾[1]. بۇ ئايەت تالاق قىلىنغان ھەممە ئايالغا مۇتئە بېرىشنى ۋاجىپ قىلىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 241 ـ ئايەت.

فىقھىشۇناسلار مۇتئە بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

1 ـ بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، مەھرى تەيىنلەنگەن بولسۇن ياكى تەيىنلەنمىگەن بولسۇن تالاق قىلىنغان ھەممە ئاياللىغا مۇتئە بېرىش ۋاجىپتۇر. بۇ ھەسەن بەسرىنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئاياللىغا مەھرى تەيىنلەنمىگەن بولسا مۇتئە بېرىش ۋاجىپتۇر. بۇ ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما مەھرى تەيىنلەنگەن ئايال بولسا، ئۇنىڭغا مۇتئە بېرىش مۇستەھەبتۇر.

3 ـ تالاق قىلىنغان پۈتۈن ئاياللارغا مۇتئە بېرىش مۇستەھەبتۇر. ھېچ بىر ئاياللىغا مۇتئە بېرىش ۋاجىپ ئەمەس. بۇ مالىكى مەزھىبىنىڭ قارىشىدۇر.

مۇتئە بېرىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ياكى مۇستەھەب بولۇشى ھەققىدە فىقھىشۇناسلارنىڭ ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، قۇرئان كەرىمدە بىرقانچە ئايەت كەلگەن بولۇپ، زاھىرى جەھەتتىن قارىماققا مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە قارشىدەك بىلىنىدۇ. بۇ ئايەتلەردىن بىرىدە مۇتئە بېرىشنى شەرتسىز ۋاجىپ قىلىدۇ. يەنە بىرىدە بېرىشكە تېگىشلىك مەھرى بەلگىلەنمىگەن بولسا مۇتئە بېرىشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. يەنە بىرىدە مۇتئە بېرىش ئەسلا تىلغا ئېلىنمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن فىقھىشۇناسلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەيدانغا كەلگەن.

بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى سۈرە ئەھزابتىكى: ﴿ئۇلارغا ئاز ـــ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇۋېتىڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايەتتۇر. يەنە بىرى سۈرە بەقەرەنىڭ 236 ـ ئايىتىدۇر: ﴿لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال) بېرىشىڭلار كېرەك، ئۇلارغا نەرسە بېرىڭلار، باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەرسۇن، (بۇ) ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر﴾. يەنە بىرى سۈرە بەقەرەنىڭ 237 ـ ئايىتىدۇر: ﴿ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مەھرى تەيىنلىنىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار﴾.

بىرىنچى ئايەت شەرتسىز مۇتئە بېرىشنى بايان قىلىدۇ. ئىككىنچى ئايەت يېقىنچىلىق قىلماسلىق ۋە مەھرىنى تەيىنلىمەسلىكتىن ئىبارەت ئىككى شەرت ئاستىدا مۇتئە بېرىشنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماي ياكى مەھرى تەيىنلەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنى تالاق قىلساڭلار (يەنى نىكاھىڭلارغا ئالغان ئايال بىلەن بىر يەردە بولمىغان ياكى مەھرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن شارائىتتا ئۇنى قويۇۋەتسەڭلار)، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا مۇتئە (يەنى بەلگىلىك مىقداردا پۇل ـ مال) بېرىشىڭلار كېرەك﴾.

www.munber.org

ئۈچىنچى ئايەت پەقەت مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى ۋاجىب قىلىدۇ، مۇتئە بېرىشنى تىلغا ئالمايدۇ. شۇڭا فىقھشۇناسلاردىن بەزىلەر سۈرە بەقەرەنىڭ ئايىتى سۈرە ئەھزابنىڭ ئايىتىنى خاسلاشتۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندا سۈرە ئەھزابنىڭ ئايىتى: «ئەگەر نىكاھ قىلىنغاندا ئۇلارنىڭ مەھرى تەيىنلەنمىگەن بولسا، ئۇلارغا ئاز ــ تولا نەرسە بېرىڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان.

بۇ قاراشنى، مۇتئە بېرىش پەقەت ئەرنىڭ ئايالنى تالاق قىلىش بىلەن رەنجىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ۋاجىب بولىدى، دېگەن قاراشمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئەگەر يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىنغان ئايالغا تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش ۋاجىب بولسا، بۇ ئۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئالغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا مۇتئە بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ.

### كۈچلۈك قاراش

يۇقىرىدىكى دەلىللەردىن ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ پاكىتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىدۇر. ئۇنىڭدا دەلىللەر بىرلىشىدۇ.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ئىنسان خوتۇن ئالغاندا پاك مۆمىن ئايالنى تاللاپ ئېلىشى كېرەك.

2 ـ تالاق قىلىش ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتنى بۇزۇش دېمەكتۇر. شۇڭا قاتتىق زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان ئەھۋال بولمىسا تالاق قىلىش توغرا ئەمەس.

3 ـ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددەت تۇتۇش ۋاجىب بولمايدۇ.

4 ـ ئەر تالاق قىلغان خوتۇنغا مۇتئە بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش لازىم.

5 ـ تالاق قىلىنغان ئايالغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ھارامدۇر. ئۇنى چىرايلىق رەۋىشتە قويۇپ بېرىش كېرەك.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ھەممىنى ياراتقۇچى الله تائالا ئىنسانلارنىڭ نەسلى قالدۇرۇشى ئۈچۈن ئۆيلىنىش ھۆكمىنى بەلگىلىدى، ئۇنىڭ ئالاقىلىرىنى ۋە ئاساسلىرىنى مۇستەھكەم قىلىپ بېكىتتى،

ئائىلىنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ھاياتنى ئۆزئارا چۈشىنىش، ياردەملىشىش، كۆيۈنۈش ۋە ياخشى كۆرۈش ئاساسىغا ئورناتتى. ﴿ئاياللار بىلەن ئۇنسى ــ ئۈلپەت ئېلىشىشىڭلار ئۈچۈن (اللە نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ــ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ــ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾[1].

ئىسلام دىنى زۆرۈر بولۇپ قالغان ئايرىم ئەھۋاللار ئاستىدا تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ ئىنساننى بەختلىك ھاياتتىن مەھرۇم قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدىغان قىيىنچىلىق تۇغۇلغاندا ئۇنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇ مەھكۇم بولغان بەختسىزلىكتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھۆكۈمدۇر.

تالاق ئىسلام دىنىدا اللە ئەڭ يامان كۆرىدىغان ھالال ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئۆيلەرنى بۇزىدۇ، ئائىلىنى ۋەيران قىلىدۇ، پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانا سۆيگۈسىدىن ئايرىۋېتىدۇ. لېكىن ئۇ چوقۇم تالاق قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا زۆرۈردۇر. شۇڭا تالاق قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى چوقۇم ناھايىتى چوڭ بولۇشى، تالاق قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئامىللار ناھايىتى ئېغىر بولۇشى، بۇ بەختسىزلىكتىن خوتۇننى تالاق قىلماي قۇتۇلۇش ئىمكانى قالمىغان بولۇشى لازىم.

ئىسلام دىنى بۇ داۋانى ھېكمەت بىلەن ئىشلىتىشكە، ئىنسان ئۇنىڭغا ئالدىراپلا قەدەم قويماستىن، چۈشقۇر ئويلانغان، پىكىر قىلغان، مۇلاھىزە قىلغان ۋە يىراققا نەزەر سالغاندىن كېيىن ئاندىن قەدەم قويۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، تالاق ئىنساننىڭ خاتىرجەملىكنى ۋە بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، تۇرمۇشنىڭ كاشىلىلىرىنى ۋە ھاياتنىڭ بەختسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. ئەگەر ئىنسان ئۇنى خاتىرجەملىك يولى ئۈچۈن ئىشلەتمىسە، ئۇنىڭ ھاياتى تېخىمۇ ئېغىرچىلىققا ۋە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئائىلىنى تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. دېمەك، ئۇ ئىككى بىسلىق قورالدۇر. ئىنسان ئۇنى يا بەختسىزلىككە گىرىپتار بولۇش ئۈچۈن يا بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ھەممىنى ياراتقۇچى اللە تائالا خوتۇننى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن تالاق قىلغان كىشىنىڭ ئۇ خوتۇننى دەرھال باشقا ئەرگە تېگىشتىن مەنئى قىلىش ھەققىنىڭ يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايالغا ئىددەت تۇتۇش ۋاجىپ ئەمەس. ئىددەت تۇتۇش پەقەت قورساقتا بالا بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىش ۋە ئەرنىڭ، ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ باشقا بىرىنىڭ نەسەبىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى، ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ باشقا بىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلماسلىقىدىن ئىبارەت ھەققىنى ساقلاش ئۈچۈن ۋاجىپ

---

[1] سۈرە رۇم، 21 ـ ئايەت.

www.munber.org

بولغان. شۇڭا ئەر ـ خوتۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئەر ئۇنى تالاق قىلسا، خوتۇنغا ئىددەت تۇتۇش ۋاجىپ بولمايدۇ ۋە ئەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىددەت تۇتقۇزۇش ھەققى يوق. ئۇ بۇ خوتۇننى چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ قويۇپ بېرىشى، ئۇنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى، ئاجرىشىش بىلەن يەتكۈزگەن يامانلىقتا ئۇنى ئەرگە تېگىشتىن چەكلەش بىلەن يامان مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى يامانلىق قىلماسلىقى ۋاجىپ بولىدۇ. ﴿ئۇلارغا ئاز ـــ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار﴾.

ئۇلۇغ ئىگىمىز اللە تائالا بۇ ھۆكۈم ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىدى، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشىنى ۋە زۇلۇم قىلىشىنى چەكلىدى، ئەر ـ خوتۇن ھەر بىرىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قوغدىدى، ئاياللارغا زۇلۇم قىلمىدى، ئەرلەرنىڭ ھەققىدىمۇ چەكتىن ئاشۇرىۋەتمىدى، ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىلىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن يولنى كەڭ ئېچىپ بەردى.

ئىسلام تەلىم ـ تەربىيىلىرى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە؟ ئۇنىڭ نىزامنامىلىرى ۋە ھۆكۈملىرى نېمىدېگەن ئادالەتلىك ـ ھە؟!

# پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خوتۇن ئېلىش ھۆكۈملىرى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِنَّآ أَحۡلَلۡنَا لَكَ أَزۡوَٰجَكَ ٱلَّٰتِيٓ ءَاتَيۡتَ أُجُورَهُنَّ وَمَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَ مِمَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَيۡكَ وَبَنَاتِ عَمِّكَ وَبَنَاتِ عَمَّٰتِكَ وَبَنَاتِ خَالِكَ وَبَنَاتِ خَٰلَٰتِكَ ٱلَّٰتِي هَاجَرۡنَ مَعَكَ وَٱمۡرَأَةٗ مُّؤۡمِنَةً إِن وَهَبَتۡ نَفۡسَهَا لِلنَّبِيِّ إِنۡ أَرَادَ ٱلنَّبِيُّ أَن يَسۡتَنكِحَهَا خَالِصَةٗ لَّكَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۗ قَدۡ عَلِمۡنَا مَا فَرَضۡنَا عَلَيۡهِمۡ فِيٓ أَزۡوَٰجِهِمۡ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُهُمۡ لِكَيۡلَا يَكُونَ عَلَيۡكَ حَرَجٞۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٥٠﴾ ۞ تُرۡجِي مَن تَشَآءُ مِنۡهُنَّ وَتُـٔۡوِيٓ إِلَيۡكَ مَن تَشَآءُۖ وَمَنِ ٱبۡتَغَيۡتَ مِمَّنۡ عَزَلۡتَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكَۚ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن تَقَرَّ أَعۡيُنُهُنَّ وَلَا يَحۡزَنَّ وَيَرۡضَيۡنَ بِمَآ ءَاتَيۡتَهُنَّ كُلُّهُنَّۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا فِي قُلُوبِكُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَلِيمٗا ﴿٥١﴾ لَّا يَحِلُّ لَكَ ٱلنِّسَآءُ مِنۢ بَعۡدُ وَلَآ أَن تَبَدَّلَ بِهِنَّ مِنۡ أَزۡوَٰجٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكَ حُسۡنُهُنَّ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ يَمِينُكَۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ رَّقِيبٗا ﴿٥٢﴾ ﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، اللہ ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق، ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرىنى، ئاناڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرىنى (ساڭا ھالال قىلدۇق). بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر، ساڭا ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (سېنى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇق)، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر، (مانا) بۇ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا، قايغۇرماسلىقىغا، بەرگەنلىرىڭگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر، اللہ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، اللہ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). (ئى پەيغەمبەر!

ئىلىكىڭدىكى ئاياللىرىڭدىن باشقا) يەنە خوتۇن ئالساڭ، ساڭا ھالال بولمايدۇ، باشقا ئاياللارنىڭ جامالى سېنى ئەجەبلەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەش (ساڭا ھالال بولمايدۇ). پەقەت سېنىڭ ئىلىكىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، الله ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.

ـ سۈرە ئەھزاب 50 ـ، 51 ـ، 52 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىلى

أَحْلَلْنَا: (ھالال قىلدۇق)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىھلال» بولۇپ، دۇرۇس قىلىش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. الله تائالا دۇرۇس قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر، ئۇ چەكلىگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى ئارقىغا سۈرۈشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار الله ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىلى ھارام قىلىدۇ﴾[1].

أُجُورَهُنَّ: (مەھرىلىرى)، بۇ سۆز ئاياللارنىڭ مەھرىلىرى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ ئالغان خوتۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەھرى ئەمەلىيەتتە ئەرنىڭ ئايالغا بەرگەن سوغىسى ۋە ھەدىيەسى ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار﴾[2]. مەھرى ئايالنى ھۆرمەتلەش، ئۇنى خۇشال قىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئۇ، فىقھشۇناسلار ئەسكەرتىپ ئۆتكىنىدەك، ئاياللاردىن ئالىدىغان مەنپەئەت ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان تاپان ھەققى ئەمەس.

مَلَكَتْ يَمِينُكَ: (ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى)، بۇ سۆز قولۇڭغا ئەسىر چۈشكەن چۆرىلەر ۋە دېدەكلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار الله يولىدا جانىنى ۋە پۇل ـ مالنى قۇربان قىلىپ، جاپالىق ئۇرۇش ۋە جىھاد قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن قىزلاردۇر. شۇڭا ئۇ قىزلارغا "قولغا ئەسىر چۈشكەن" دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن.

أَفَآءَ ٱللَّهُ: (الله غەنىمەت قىلىپ بەرگەن)، بۇ سۆز، سەفىييەگە ۋە جۇۋەيرىييەگە ئوخشاش الله ساڭا كاپىرلاردىن غەنىمەت قىلىپ بەرگەن قىزلارنى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ئازاد قىلىپ، ئاندىن نىكاھىغا ئالغان.

[1] سۈرە تەۋبە، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

هَاجَرْنَ مَعَكَ: (بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى)، بۇ سۆزدىكى ھىجرەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿مَعَكَ﴾ دېگەن سۆز "بىرلىكتە" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەمراھلىقتا بىللە بولۇشنى ئەمەس، ھىجرەتتە ئورتاق بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. قايسى بىر ئايال ھىجرەت قىلغان بولسا، مەيلى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىجرەت قىلغان بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىجرەت قىلمىغان بولسۇن، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىغا ئېلىشى ھالالدۇر.

يَسْتَنكِحَهَا: (ئۇنى ئېلىشنى)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىستىنكاھ» بولۇپ، نىكاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئۇنى ئېلىشنى خالىسا دېگەن سۆز ئۇنى ئېلىشقا ئىنتىلسە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردىكى خالاش ئىنتىلىش مەنىسىدە كەلگەن.

خَالِصَةً: (يالغۇز ساڭىلا)، بۇ سۆز، ساڭىلا خاس قىلدۇق، بۇ ھۆكۈمدە ھېچكىم ساڭا ئورتاق بولالمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى كەسىر اللہ تائالانىڭ: ﴿بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنى سەندىن باشقا بىرىگە بەخش قىلغان ئايال ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنى بىر ئادەمگە بەخش قىلسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا بىرەر نەرسە بەرمىگىچە ئۇ ئايال ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ. مۇجاھىد ۋە شەئبىمۇ مۇشۇنداق دېگەن.»[1]

مَا فَرَضْنَا عَلَيْهِمْ: (ئۇلار توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز)، بۇ سۆز، بىز مۆمىنلەرگە بەلگىلىگەن، ئاياللارغا خىراجەت ۋە مەھرى بېرىش، نىكاھلانغاندا گۇۋاھچى ھازىر قىلىش، تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ئالماسلىق ھۆكۈملىرىنى ۋە تۆت ھۆر خوتۇن بىلەن بىرلىكتە بىز ئۇلارغا مۇئەييەن سان بەلگىلىمەستىن رۇخسەت قىلغان قول ئاستىدىكى چۆرىلەر ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى بىلىمىز دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

حَرَجٌ: (ھەرەج)، بۇ سۆز سىقىلىش، قىيىن بولۇش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. اللہ تائالانىڭ: ﴿ساڭا ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (سېنى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇق)﴾ دېگەن سۆزى ساڭا دىنىڭدا سىقىلىش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بىز ساڭا ياخشى ۋە ئەۋزەل بولغان نەرسىنى خاس قىلدۇق، سېنىڭ دەۋەت قىلىشقا ۋە پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈشكە تولۇق ۋاقىت ئاجرىتىشىڭ ئۈچۈن بىز ساڭا كەڭچىلىك ۋە ئاسانلىق يارىتىپ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ھالال قىلدۇق.

---

[1] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

www.munber.org

تُرْجِي: (ئارقىغا سۈرسەڭ). ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىرجائ» بولۇپ، ئارقىغا سۈرمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مۇرجىئە پىرقىسىنىڭ نامىمۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن چىققان بىر قىسىم كىشىلەردۇر. ئۇلار: ئىمان شاھادەت ئېيتىشتىن ئىبارەتتۇر، ئىماننىڭ ئەمەل بىلەن ئالاقىسى يوق، دەپ قارايدۇ. ئۇلار: ئەگەر مۇسۇلمانلار ناماز ئۆتىمىگەن، روزا تۇتمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانى ئۇلارغا ئەلۋەتتە نىجاتلىق بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ.»①

ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئايالىرىڭدىن خالىغىنىڭنى تالاق قىلىپ، خالىغىنىڭنى ئەمرىڭدە ساقلىساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.»

مۇجاھىد ۋە زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: «ئايالىرىڭدىن خالىغىنىڭغا نۆۋەت تەقسىم قىلىپ، خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغان ئايالىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئازلىتىپ، خالىغان ئايالىڭنىڭ نۆۋىتىنى كۆپەيتسەڭ، بۇنىڭدا ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئەگەر ئايالىرىڭ بۇنىڭ اللہ نىڭ ھۆكمى ئىكەنلىكىنى ۋە اللہ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلىكىنى بىلسە، ئۇلاردىكى كۈندەشلىك ۋە نەپرەتلىنىش تۈگەيدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا رازى ۋە خۇشال بولىدۇ.»②

وَتُؤْوِي: (بىر يەردە بولساڭ)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىيۋائ» بولۇپ، قۇچاقلىماق، قوشۇۋالَماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. اللہ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿يۇسۇف ئۇكىسىنى قۇچاقلىدى﴾③. بەيئەت ئېلىش ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەنسارىلارغا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن مېنى ئۆزەڭلارغا قوشۇۋېلىش، ئاراڭلاردا مېنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن بەيئەت ئالىمەن.»

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئاياللىرى بىلەن، ئۇلارغا نۆۋەت تەقسىم قىلماستىن ۋە ئۇلار ئارىسىدا نۆۋەتنى تەڭ بۆلمەستىن، قانداق خالىسا شۇنداق ھەمراھ بولۇشنى رۇخسەت قىلىپ نازىل بولغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلار ئارىسىدا تەڭ نۆۋەت بۆلگەن دەپ قارايدۇ.»④

تَقَرَّ أَعْيُنُهُنَّ: (ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشىغا)، بۇ سۆز، ئەنە شۇ نۆۋەت تەقسىماتى بىلەن ئۇلار خۇشال بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشۇڭ ھەققىدە بىز ساڭا بەرگەن ئەنە شۇ ئىختىيارلىق ئۇلارنىڭ رازى بولۇشىغا،

---

① ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، رجأ بۆلۈمى.

② ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 243 ـ بەت.

③ سۈرە يۇسۇف، 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 407 ـ بەت.

قايغۇرماسلىقىغا ئەڭ يېقىندۇر. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئىختىيارلىقنىڭ الله تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى بىلسە، بۇ ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ. قايغۇرمايدۇ ۋە ھەسرەت چەكمەيدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، ھەممە ئاياللىرىڭنىڭ خۇشال ۋە رازى بولۇشىغا ئەڭ يېقىندۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھۆكۈمدە تەڭدۇر. ئاندىن سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۆۋەتنى تەڭ بۆلسەڭ، ئۇلار بۇنى سېنىڭ ئىلتىپاتىڭدىن دەپ بىلىدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە كۆپرەك نۆۋەت بۆلسەڭ، ئۇلار بۇنى الله نىڭ ھۆكمى دەپ بىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللىرى راھەت تاپىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

عَلِيمًا حَلِيمًا: (بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر)، بۇ سۆزلەر، الله ناھايىتى بەك بىلگۈچىدۇر، ئۇ سىلەر ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرغان ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ مېھرىباندۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، الله نىڭ جازانى كېچىكتۈرۈشى بىلەن سىلەر ئالدىنىپ قالماڭلار، الله تائالا ھەقىقەتەن مۆھلەت بېرىدۇ، ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىرقانچە تۈرلۈك ئاياللارنى ھالال قىلىپ بەردى. بۇلارنىڭ بىر تۈرى مەھرى بېرىپ ئالغان ئاياللاردۇر، يەنە بىر تۈرى قول ئاستىدىكى چۆرىلەردۇر، يەنە بىر تۈرى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى قۇرەش ئاياللىرىدىن ۋە بەنى زۆھرە قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىدىن ھىجرەت قىلغان ئاياللاردۇر، تۆتىنچى تۈرى بولسا، ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەخش قىلغان ئاياللار بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى تۈرلۈك ئاياللارنى مەھرىسىز ئالغان.

ياراتقۇچى الله تائالا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەشتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىنى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەردە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئورتاق بولالمايدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكنى تارتىش ۋە دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يارىتىپ بېرىلگەن كەڭچىلىك ۋە ئاسانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆتتىن كۆپ خوتۇن ئېلىشى، ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان ئاياللارنى مەھرىسىز ئېلىشىنىڭ خاس قىلىنىشى، خوتۇنلىرى ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولماسلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شان ـ شەرىپىنى كۆتۈرۈش، ھۆرمەتنى قىلىش ۋە الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىسىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان ئاياللارغا

www.munber.org

كۈندەشلىك قىلاتتىم ۋە: خوتۇن كىشى ئۆزىنى ئەرگە بەخش قىلىشتىن ھايا قىلمامدۇ؟ دەيتتىم. كېيىن اللە تائالا: ﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنى نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋەتتىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن مەن: پەرۋەردىگارىڭ اللە سەن ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى تېز قىلىپ بېرىدىكەن دېدىم.»

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى مۇنداق: ﴿ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، اللە ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن﴾، ئۇرۇشلاردا سېنىڭ قولۇڭغا ﴿ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق﴾. تۇغقانلىرىڭنىڭ قىزلىرىدىن ﴿ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرىنى، ئاناڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرىنى﴾ ساڭا ھالال قىلدۇق. ﴿بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى﴾. ھىجرەت قىلغان، اللە نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈپ ساڭا يېقىنلىشىش قىزغىنلىقى بىلەن ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان مۆمىن ئاياللارنىمۇ، ﴿ئەگەر﴾ سەن ئۇلاردىن خالىغىنىڭنى مەھرىسىز ئېلىشنى خالىساڭ، ﴿بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا﴾ ھالال قىلدۇق. مۆمىنلەرگە ئاياللىرى بىلەن نىكاھلىنىش شەرتلىرى توغرۇلۇق ۋە چۆرىلىرى بولمىغان ئاياللىرىغا مەھرى بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرۇلۇق ﴿بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر﴾.

ئى پەيغەمبەر! ﴿ساڭا﴾ سىقىلىش ياكى ﴿ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن﴾ ۋە ھەر جەھەتتىن ساڭا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن سېنى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇقكى، سەن ئاياللىرىڭدىن ﴿خالىغىنىڭنى﴾ قويىۋەتسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن نۆۋەتتىن باشقا ۋاقىتتا بىر يەردە بولساڭ، خالىغىنىڭغا نۆۋەت تەقسىم قىلىپ بەرسەڭ، قويىۋەتكەندىن كېيىن يېنىشىنى سەن خالىغان خوتۇنۇڭ بىلەن يېنىشساڭ بولىۋېرىدۇ. مانا ﴿بۇ﴾ ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ ئارام تېپىشىغا ئەڭ يېقىندۇر، چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭ اللە نىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى ۋە ساڭا شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن سەن قىلغان ھەممە ئىشقا رازى بولىدۇ ۋە ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ﴿اللە﴾ دىللارغا يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنىڭ ﴿ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر﴾ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئاسىيلىق قىلغان كىشىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىختىيار قىلىش ھەققىدە ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىرئاز نەرسە

بىرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بىرەي﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى قويۇۋېتىشىدىن قورقۇپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە مىلىڭنى ۋە كۆڭلۈڭنى ئۆزەڭ خالىغان شەكىلدە بېرىپ، بىزنى ئۆز ئەمرىڭدە ساقلاپ قالغىن دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ھالال قىلىش دېگەن سۆز دۈرۈس قىلىش، قىلسا بولىدىغان قىلىپ بېرىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. اللە تائالانىڭ: ﴿ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، اللە ساڭا غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق﴾ دېگەن سۆزىدە ھالال قىلىشنى اللە تائالاغا نىسبەت بېرىش ھالال قىلىشنىڭ ۋە ھارام قىلىشنىڭ اللە تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى پەقەت يالغۇز اللە نىڭلا بەلگىلەيدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە نىڭ نامىدىن يەتكۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت اللە غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان﴾[3].

2 ـ اللە تائالانىڭ ئايەتلىرى: ﴿سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى﴾ دەپ سۈپەتلىشى شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولغان ئىشنى تاللاپ بەرگەن[4].

مەھرى ھەققىنى نەق بېرىش ئۇنى كېچىكتۈرۈشتىن ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. مەھرىنى نەق بېرىش سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ تۇتقان يولى بولۇپ، كېچىكتۈرۈپ بېرىش ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا يوق ئىدى. ساھابىلاردىن بىرى خوتۇن ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكى ھەققىدە شىكايەت قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ تۆمۈر كىيىمىڭ قېنى؟»

كېيىنكى كۈنلەردە مەھرىنى نەق ۋە كېيىن دەپ ئىككىگە بۆلۈش ۋە ئۇنى كېچىكتۈرۈش ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەقەززاسى ھەمدە مەھرى ھەقلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 28 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبە رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 407 ـ بەت.

[3] سۈرە يۈسۈف، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

ئېشىپ كېتىشىنىڭ تەقەززاسى سەۋەبىدىن، ياكى كىشىلەرنىڭ ھالى بۇزۇلغاندىن كېيىن قىزنىڭ تالاق قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتقانلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. ئايەتتە مەھرى ھەققىنى بېرىش ئالاھىدە ئەسكەرتىش ئۈچۈن ياكى شەرت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئەۋزەللىكنى بايان قىلىش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغان.

3 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿اللہ ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى﴾ دېگەن سۆزىدە ئىگىدارچىلىقتىكى چۆرىلەرنى اللہ غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن چۆرىلەرگە خاسلاشتۇرۇش بۇ چۆرىلەرنىڭ پۇلغا سېتىۋالغان چۆرىلەردىن بەكرەك ھالال ۋە پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ئۇرۇش بولغان جايلاردىن غەنىمەت ئالغان نەرسىلەر «پاك غەنىمەت» دەپ، سودىلىشىپ ئالغان نەرسىلەر «يامان غەنىمەت» دەپ ئاتالغان. اللہ تائالا پەيغەمبىرىگە پەقەت پاك غەنىمەتنى خالايدۇ، يامان غەنىمەتنى خالىمايدۇ. بۇنى ئەبۇ ھەييان «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە بايان قىلغان[1].

4 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا﴾ دېگەن سۆزىدە سۆز ئۇسلۇبىنى ئىككىنچى شەخستىن ئۈچىنچى شەخسكە يۆتكەپ، ئاندىن يەنە ﴿يالغۇز ساڭىلا﴾ دېگەن سۆزىدە ئىككىنچى شەخسكە قايتۇرۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىككى يەردە پەيغەمبەرلىك ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىش بولسا، بۇ خۇسۇسىيەتنىڭ ئۇنى پەيغەمبەرلىك يۈزىدىن ھۆرمەتكە ئىگە قىلغانلىقنى بىلدۈرۈش سەۋەبىدىن اللہ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. تەكرارلاش بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئۈستۈرۈش ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىق يۈزىدىن ھۆرمەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر[2].

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە، ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى ساڭا بەخش قىلسا دېمەستىن، ﴿ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا﴾ دېيىشتىكى ھېكمەت شۇكى، ئەگەر ساڭا دېگەن بولسا، مۇنداق بەخش قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقىلارغىمۇ خۇددى ئاتىنىڭ ئەر قېرىندىشىنىڭ ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرى دۇرۇس بولغاندەك دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بېرىپ قالغان بولاتتى.»[3]

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

---

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 241 ـ بەت.

[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

[3] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 405 ـ بەت.

### ھەق بېرىش ياكى بەخش قىلىش سۆزلىرى بىلەن نىكاھلىنىش دۇرۇس بولامدۇ؟

فىقھشۇناسلار ئارىسىدا نىكاھ نىكاھنىڭ چۈشىشىنى بىلدۈرىدىغان ئوچۇق سۆز بىلەن چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچ ئىختىلاپ يوق. ئەمرىمگە ئالدىم، خوتۇنلۇققا ئالدىم دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن، ھەمدە شۇ سۆزلەردىن تۈرلىنىپ چىققان سۆزلەر بىلەن، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا مەنە كۆزدە تۇتۇلمىسا، نىكاھ چۈشىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەرگە سىلەر دىنىغا ۋە ئەخلاقىغا رازى بولىدىغان بىرى ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، سىلەر ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بېرىڭلار.»[2] دېمەك، نىكاھلىنىش ۋە خوتۇنلۇققا ئېلىش دېگەن سۆزلەر قۇرئاندا ۋە سۈننەتتە كەلگەن بولۇپ، نىكاھنىڭ چۈششىدىكى ئوچۇق سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

فىقھشۇناسلار يەنە نىكاھىمغا ئالدىم، ئەمرىمگە ئالدىم، خوتۇنلۇققا ئالدىم، نىكاھلاندىم، ئالدىم ـ تەگدىم دېگەن سۆزلەردىن باشقا سۆزلەر بىلەن نىكاھنىڭ چۈشمەيدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن.

ئەمما بەخش قىلىش دېگەن سۆز بىلەن نىكاھنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر رۇخسەت قىلغان. كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار رۇخسەت قىلمىغان.

### ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى:

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر بەخش قىلىش سۆزى بىلەن نىكاھنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

1 ـ اللہ تائالا: ﴿ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا﴾ دېدى. بۇ ئايەتتىكى دەلىل شۇكى، اللہ تائالا: ﴿پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا﴾ دەپ، بەخش قىلىش سۆزى بىلەنمۇ نىكاھنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. مانا بۇ، بەخش قىلىش سۆزى بىلەن نىكاھنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇس بولسا، بىزگىمۇ ھەم دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىشقا بۇيرۇلدۇق.

2 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى بەخش قىلىش لەۋزى بىلەن نىكاھلىنىشتا ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ﴿بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)﴾ دېگەن ئايىتى كەرىم ئىشارەت قىلغان ئالاھىدىلىكى پەقەت مەھرىسىز ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا قارىتىلىدۇ. بۇنى ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى اللہ تائالانىڭ ﴿ساڭا ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (سېنى

---

[1] سۈرە نىسا، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى مۇنداق: «ئۇنى ئۆيلەپ قويمىساڭلار، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق ۋە ئېغىر پىتنە ـ پاسات چىقىدۇ.»

ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇق)﴾ دېگەن سۆزى دەلىللەپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت ئۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ سىقىلىشنى تۈگەتكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. سىقىلىش بولسا مەھرى بېرىشنى لازىم قىلغاندا مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى، مەھرى پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشتۇر. نىكاھقا ئېلىش ياكى خوتۇنلۇققا ئېلىش لەۋزى بىلەن نىكاھنىڭ چۈشىدىغانلىقىدا ھېچقانداق توسالغۇ يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۆزىنى بەخش قىلغان ئاياللارنى مەھرىسىز ئېلىشقا قارىتىلىدۇ.»

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ قارىشىمىزنى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ رىۋايەت كۈچلەندۈرىدۇ: ئائىشە ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەخش قىلغان ئاياللارنى ئەيىبلەپ: «خوتۇن كىشى ئۆزىنى مەھرىسىز ئەرگە تېگىشكە تەڭلەشتىن خىجىل بولمامدۇ؟» دەيتتى. الله تائالانىڭ: ﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن سۆزى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇ: «پەرۋەردىگارىڭ الله سەن ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى تېز قىلىپ بېرىدىكەن» دېدى. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىندى.

4 ـ ئۇلار يەنە سەھل ئىبنى سەئدنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆزەمنى ساڭا بەخش قىلغىلى كەلدىم دېدى، بۇ ھەدىستە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ساھابىلاردىن بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر سېنىڭ ئۇ ئايالنى ئالغىڭ بولمىسا، ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن دەيدۇ... ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇنى ئېلىپ كەتكىن، مەن ئۇنى ساڭا سېنىڭ قۇرئاندىن بىلگەنلىرىڭنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇش بەدىلىگە ئىگە قىلدىم.»

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ساھابىگە ئىگە قىلىش لەۋزى بىلەن نىكاھ قىلىپ قويغان. بەخش قىلىش بولسا ئىگە قىلىش لەۋزىلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا بەخش قىلىش لەۋزى بىلەن نىكاھنىڭ چۈشىشىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ۋاجىپ بولىدۇ[1].

دېمەك، دۇرۇس قىلىشنى بىلدۈرىدىغان لەۋزىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەنلا نىكاھ چۈشمەيدۇ، چۈنكى، بۇ مۇتئە بېرىشكە قىياس قىلىنىدۇ. ئىگە قىلىشنى بىلدۈرىدىغان لەۋزىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن نىكاھ چۈشىدۇ، چۈنكى، بۇ ئېلىم ـ بېرىمدىكى ئىگە قىلىشقا قىياس قىلىنىدۇ.

### كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى:

---

[1] بۇ ھەقتىكى تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 366 ـ بېتىگە قاراڭ.

مالىكى، شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەردىن ئىبارەت كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار بەخش قىلىش لەۋزى بىلەن نىكاھنىڭ چۈشمەيدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ:

1 ـ الله تائالا پەيغەمبىرنى بەخش قىلىش لەۋزى بىلەن مەھرىسىز خوتۇن ئېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)﴾. الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر بىر مۆمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا﴾ دېگەن سۆزى ۋە: ﴿يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)﴾ دېگەن سۆزى بەخش قىلىش يولى ئارقىلىق ھالال قىلىنغان خوتۇن الله تائالانىڭ: ﴿بۇنى مۆمىنلەرگە ئەمەس﴾ دېگەن سۆزىنىڭ دەلىلى بىلەن پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لەۋزى ۋە مەنە جەھەتتە بەخش قىلىش خۇسۇسىيىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا خاستۇر. چۈنكى، لەۋزى مەنىگە تەۋەدۇر.

2 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولغان نەرسىلەردە باشقا بىرىنىڭ ئورتاق بولۇشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئايەت بەخش قىلىش لەۋزى بىلەن مەھرىسىز خوتۇن ئېلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنغان ئىشلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لەۋزىنى ئېتىبارغا ئالماي، مەنىنى ئېتىبارغا ئالغاندىمۇ بۇ خۇسۇسىيەت سىلەرگە قەيەردىن كېلىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرىگە بەخش قىلىش لەۋزى ئارقىلىق مەھرى بېرىشنى ۋاجىپ قىلىش بىلەن بىرگە نىكاھ قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى سىلەرگە قەيەردىن كېلىدۇ؟»

3 ـ ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ سەھل ئىبنى سەئدنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ساھابىگە: «ئۇنى ئېلىپ كەتكىن، مەن ئۇنى ساڭا سېنىڭ قۇرئاندىن بىلگەنلىرىڭنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇش بەدىلىگە ئىگە قىلدىم» دەپ، ئىگە قىلىش لەۋزى بىلەن ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ قويغان دېگەن دەلىلىگە كەلسەك، ئۇ ھەدىستە ئۇلارنىڭ قارىشىنى دەلىللەيدىغان دەلىل يوق. بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇنى ئېلىپ كەتكىن، مەن ئۇنى ساڭا ئېلىپ بەردىم.» دېمەك، ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدىغان ھەممە سۆز بىلەن نىكاھ چۈشمەيدۇ. ئىجارىگە بېرىش دېگەن سۆزمۇ ئىگە قىلىش مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ سۆز بىلەن پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا نىكاھ چۈشمەيدۇ[1].

### كۈچلۈك قاراش

ئىمام جەسساسنىڭ بايان قىلغىنىدەك، گەرچە ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئايەت بەخش قىلىش لەۋزى بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. زاھىرى جەھەتتە بەخش قىلىش

---

[1] تەپسىلى دەلىل ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 366 ـ بېتىگە قاراڭ.

www.munber.org

سۆزىدىن لەۋزى ۋە مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ لەۋزىنى ئالماي مەنىسىنى ئېلىش ئۈچۈن دەلىل كېرەك. نىكاھ سۆزلىرىدە قىياس قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر.

ئىمام مالىكمۇ (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، نىكاھ ئىشىدا بەخش قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھېچكىمگە دۇرۇس بولمايدۇ.»

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىدىغان ئايالنىڭ ھىجرەت قىلغان بولۇشى شەرتمۇ؟

ئايىتى كەرىم زاھىرى جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بىلەن ھىجرەت قىلمىغان ئايالنى ئەمرىگە ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى﴾. بەزى ئۆلىمالار مانا مۇشۇ زاھىرى مەنىنى تۇتقا قىلغان.

قازى ئەبۇ يەئلا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلمىغان ئاياللارنى ئېلىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»[①]

ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تەلەپ قويدى، مەن ئۆزرە ئېيتتىم، ئۇ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن: ﴿ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، اللّٰه ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق، ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرىنى، ئاناڭنىڭ ئەر قېرىندىشى ۋە ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ قىزلىرىنى (ساڭا ھالال قىلدۇق). بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى. مەن ئۇنىڭغا دۇرۇس بولماس ئىكەنمەن، چۈنكى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھىجرەت قىلمىغان ئىدىم. مەن ئازاد قىلىنغانلار[②]نىڭ قاتارىدىن ئىدىم.»

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھىجرەت قىلىش شەرت ئەمەس، بۇ ئايەت اللّٰه تائالانىڭ: ﴿سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى﴾ دېگەن سۆزىدىكىگە ئوخشاش، پەقەت ئەۋزەللىكنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالسا بولىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك ئاياللارنى تىلغا ئالدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋزەل ۋە مۇكەممەل بولغان ئىشنى بايان قىلىپ بەردى. ئايەتتە مەھرىنى تىلغا ئېلىش شەرت ئۈچۈن ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەۋزەللىكنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ھىجرەتنى تىلغا ئېلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

---

① ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 404 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 241 ـ بەت.

② بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغان چاغدا: «بېرىڭلار، سىلەر ئازادسىلەر» دەپ، ياخشىلىق قىلىپ قويۇۋەتكەن كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە ﴿بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى﴾ دەپ، ھىجرەت قىلغانلار خاسلاشتۇرۇلدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلغان نامەھرەم ئاياللار ھىجرەت قىلغان باشقا ئاياللاردىن ئەۋزەلدۇر. ھىجرەت قىلغان ئايالنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دېگەن قاراشمۇ بار.»[①]

ماۋەرەدى بۇ مەسلە ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراشنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىشى دۇرۇس بولغان ئاياللارنىڭ ھىجرەت قىلغان بولۇشى قەتئىي شەرت قىلىنىدۇ دېيىلگەن. يەنە بىرىدە: يات ئاياللار ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان تۇغقانلىرى ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ ھىجرەت قىلغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ، دېيىلگەن[②].

### كۈچلۈك قاراش

توغرا قاراش كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلارنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان كېلىدىغان ئاياللارنىڭ ھىجرەت قىلغان بولۇشىنىڭ شەرت قىلىنىشى مۇكەممەللىكنى ۋە ئەۋزەللىكنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈندۇر، دېگەن قارىشىدۇر.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىدا ئۆزىنى بەخش قىلغان بىرەر ئايال بولغانمۇ؟

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خېلى كۆپ ئاياللار ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان دەپ قارايدۇ. ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە بەزىلىرى كۈچلۈك، بەزىلىرى ئاجىز خېلى كۆپ رىۋايەتلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇممۇ شەرىك، ھەكىمنىڭ قىزى خەۋلە، ھەتىمنىڭ قىزى لەيلا قاتارلىقلار بار. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئالمىغان. ھارىسنىڭ قىزى مەيمۇنە ۋە خۇزەيمەنىڭ قىزى زەينەب ئۆزلىرىنى بەخش قىلغان ئاياللاردىن ئىدى، دېگەن قاراشمۇ بار. لېكىن ئاۋۋالقى قاراش توغرىدۇر[③].

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى، ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىدە ئۆزىنى بەخش قىلغان ئايال يوق ئىدى.»[④]

ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەخش قىلغان ئاياللار ناھايىتى كۆپتۇر. ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق

[①] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 241 ـ بەت.
[②] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 404 ـ بەت.
[③] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 404 ـ بەت.
[④] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى. ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى، 22 ـ جىلد، 23 ـ بەت.

www.munber.org

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەخش قىلغان ئاياللارغا كۈندەشلىك قىلاتتىم ۋە: خوتۇن كىشى ئۆزىنى بەخشىمۇ قىلامدۇ؟ دەيتتىم. الله تائالا: ﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولۇۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن: پەرۋەردىگارىڭ پەقەت سېنىڭ خاھىشىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشكە ئالدىرايدىكەن دېدىم.»[①]

## تۆتىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرى ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلىش ۋاجىپمۇ؟

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرى ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلىش ۋاجىپتۇر، چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن نۆۋەت تەقسىم قىلاتتى ۋە: «ئى الله! مانا بۇ مەن ئىگە بولالىغان تەقسىماتىم، مەن ئىگە بولالمىغان تەقسىماتىمدا مېنى جازاغا تارتمىغىن» دەيتتى[②]. ئۇ: «مەن ئىگە بولالمىغان تەقسىماتىم» دېگەن سۆزى بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش بەزى ئاياللىرىغا بولغان يۈرەكتىكى مايىللىقنى دېمەكچى بولىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەلىل كۆرسىتىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرى ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلىش ۋاجىپتۇر، چۈنكى، ئۇ ئاياللىرىدىن ئىزنى سوراپ: «مەن پالانى ئايالىمنىڭ يېنىدا قونۇپ قالسام رۇخسەت قىلامسىز؟» دەيتتى. بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ ئايىتى كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرىدىن قايسىسى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشنى خالىسا بولۇۋېرىدىغانلىقىنى، نۆۋەت تەقسىم قىلىشنىڭ ئۇنىڭغا ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇپ، نۆۋەتنى تەڭ تەقسىم قىلغان.

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئۇلار ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۆۋەت تەقسىم قىلىشىنىڭ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا خالىغان ئاياللىرىغا نۆۋەت تەقسىم قىلىش، خالىغان ئاياللىرىغا نۆۋەت تەقسىم قىلماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلگەن.»[③]

---

[①] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، سۈرە ئەھزابنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.
[②] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[③] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 368 ـ بەت.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «شافىئىي مەزھىبىدىن ۋە باشقىلاردىن بىر تۈركۈم ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرى ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلىش ۋاجىپ ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا مەزكۇر ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ.»

ئىمام بۇخارى، مۇئازدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئىچىمىزدىكى ئاياللاردىن بىرىنىڭ نۆۋەت كۈنىدە باشقا بىر ئايالىنىڭ يېنىدا قونماقچى بولسا، بىزدىن رۇخسەت سورايتتى.»

مۇئاز سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: سىز نېمە دەيتتىڭىز؟ دېدىم. ئۇ: مەن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدىغان بولسا، مەن سېنى باشقا بىرىگە ھەرگىز ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىمايمەن دەيتتىم، دېدى.»[1]

توغرا قاراش شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللىرى ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلىش ۋاجىپ ئەمەس. كۆپچىلىك ئۆلىمالارمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللىغان.

## شەك ـ شۈبھىلەر ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن رەددىيە

ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇرۇندىن تارتىپلا ئىسلام پەيغەمبىرى ھەققىدە شەك ـ شۈبھىلەرنى تۇغدۇرۇش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تەنە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە داغ تەككۈزۈشكە كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، مۆمىنلەرنى ئۆز دىنىغا قارىتا شەكلەندۈرۈش، ئىنسانلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلەرنى ۋە بوھتانلارنى توقۇپ چىققان. بىزنىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر ھەققىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بوھتانلارنى، توقۇلمىلارنى، گۇمراھ سۆزلەرنى ئاڭلىشىمىز ئانچە ھەيران قالارلىق ئەمەس. بۇ الله نىڭ ئىنسانلار ئىچىدە تۇتقان يولىدۇر. الله نىڭ تۇتقان يولىدا ھەرگىز ئۆزگىرىش تاپالمايسەن. الله تائالا تولىمۇ راست ئېيتىدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭ يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا ساڭا يېتەرلىكتۇر﴾[2].

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى.
[2] سۈرە فۇرقان، 31 ـ ئايەت.

www.munber.org

بىز مۆمىنلەرنىڭ پاك ئانىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئېلىشىدىكى ھېكمەت ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ھەسەتخور خرىستىئانلار ۋە مۇتەئەسسىپ غەرەبلىكلەردىن ئىبارەت دىن دۈشمەنلىرى كۆپ قېتىم قوزغاپ چىققان بۇزۇق شۈبھىلەرگە رەددىيە بېرىشنى ئەۋزەل بىلىمىز. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى بۇزۇش، ھەقىقەت نۇرلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش، بۇ كاتتا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىگىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزۈش ئۈچۈن ئەنە شۇ شۈبھىلەرنى كۆپ قېتىم تەكرارلىغان.

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ھەقىقەتەن شەھۋەتپەرەس ئادەم بولۇپ، شەھۋىتىنى قاندۇرۇش يولىنى بويلاپ ماڭاتتى، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋاجىپ قىلغاندەك، بىر خوتۇن بىلەن ياكى تۆت خوتۇن بىلەن كۇپايىلەنمەستىن، ئۇنىڭدىن كۆپ خوتۇن ئالغان. ئۇ شەھۋىتىنىڭ ئارقىغا كىرىپ ۋە ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ ئون ياكى ئونىدىنمۇ كۆپ خوتۇن ئالغان.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسا بىلەن مۇھەممەد ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. مەريەم ئوغلى ئىساغا ئوخشاش، ھاۋايى ھەۋىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئۆزىنى باسالىغان كىشى بىلەن، مۇھەممەدكە ئوخشاش، شەھۋىتىنىڭ ئارقىغا كىرىپ ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشى ئارىسىدا پەرق بار.» ﴿ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ﴾[1].

ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچى دۈشمەنلەردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ شەھۋەتپەرەس ئادەم بولماستىن، ئىنسانپەرۋەر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ توغرا يولنى بېسىپ مېڭىشتا ئىنسانلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئۇلار خوتۇن ئالغاندەك خوتۇن ئالدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ خرىستىئانلار ئۆز پەيغەمبىرى ھەققىدە ئېتىقاد قىلغاندەك، اللّٰه ئەمەس، اللّٰه نىڭ ئوغلىمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئىنساندۇر. اللّٰه ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىش ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىش بىلەن ئۇلاردىن ئارتۇق قىلغان. ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ بىدئەت پەيدا قىلىپ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپلىق قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ يولىنى بۇزغان ئەمەس. اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە باللار بەردۇق﴾[3].

---

[1] سۈرە كەھف، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە رەئد، 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئەنە شۇنداق ئەخمىقانە پىتنىلەرنى قوزغايدۇ؟ اللّٰه تائالا تولىمۇ راست ئېيتىدۇ: ﴿ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ. لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[1].

### شۇبھىلەرگە رەددىيە

بۇ يەردە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى شۇبھىلەرنى رەت قىلىدىغان ۋە ھەر بىر گۇناھكار يالغانچىنىڭ ئاغزىغا تاش كەپلەيدىغان ئىككى ئاساسىي نۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭدىن غاپىل قالماسلىقىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇن ئالغانلىق ھېكمىتى ھەققىدە سۆزلىگەن چېغىمىزدا ئاشۇ ئىككى نۇقتىنى كۆز ئالدىمىزدا تۇتۇشىمىز لازىم.

بىرىنچى، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ياشنىپ قالغان، يېشى 50 تىن ھالقىغاندىن كېيىن كۆپ خوتۇنلۇق بولغان.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن باشقا پۈتۈن پاك ئاياللىرى تۇل ئاياللاردۇر. ئۇ ئاياللىرى ئىچىدە يالغۇز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىلا كىچىك ۋە قىزلىق ھالىتىدە ئالغان.

مانا بۇ ئىككى نۇقتىدىن ئىلىپ ئېيتساق، ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى شەرقشۇناسلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چاپلىغان تۆھمەتلىرىنىڭ يالغان، دەۋالىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايمىز. ئەگەر ئۇ ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ، ياكى شەھۋەتنىڭ ئارقىغا كىرىپ ۋە ياكى پەقەت ئاياللاردىن ھوزۇر ئېلىشنى كۆزلەپ كۆپ خوتۇن ئالغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، قېرىپ قالغىنىدا خوتۇن ئالماستىن، ئەكسىچە ياش چېغىدا ئالاتتى، ياشنىپ قالغان تۇل ئاياللارنى ئالماستىن، ياش قىزلارنى ئالاتتى. چۈنكى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يۈزىدە خۇشاللىق ۋە خۇرسەنلىكنىڭ ئالامىتى بار ھالدا كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «خوتۇن ئالدىڭمۇ؟» دەپ سورىغان، ئۇ: ھەئە، دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسسالام: «قىز ئالدىڭمۇ، چوكانمۇ؟» دېگەن، ئۇ: چوكان ئالدىم دېگەن چاغدا، جابىرغا: «قىز ئالساڭ بولمامتى، ئۇ سەن بىلەن ئويىنىشاتتى، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئويىنىشاتتىڭ، ئۇ سېنى كۈلدۈرەتتى، سەنمۇ ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ» دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەسمىدى؟

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىز ئېلىشقا ئىشارەت قىلغان. چۈنكى، ئۇ ئاياللاردىن ھوزۇر ئېلىش ۋە شەھۋىتىنى قاندۇرۇش يولىنى بىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ

[1] سۈرە ھەج، 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەقسىتى ئاياللاردىن ھۇزۇرلىنىش ۋە شەھۋىتىنى قاندۇرۇش بولسا، قىزلارنى قويۇپ، تۇل ئاياللارنى ئېلىشنى، ياش ۋاقتىدا ئەمەس قېرىغىنىدا ئېلىشنى ئويلامتى؟

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈرەك قانلىرىنى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلىشقا ھەر دائىم تەييار ئىدى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلسا ئىدى، ئۇلاردىن ھېچ بىرى ئۇنى چىرايلىق، ياش قىزلاردىن خالىغىنى بىلەن ئۆيلەپ قويۇشتىن يانمايتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمىشقا ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان نەۋقىران چاغلىرىدا كۆپ خوتۇن ئالمىدى؟ نېمىشقا قىزلار بىلەن توي قىلماستىن، چوكانلار بىلەن توي قىلدى؟

مانا بۇ پاكىت ھەقىقەتەن يالغان سۆزلەرنى ۋە توقۇلمىلارنى رەت قىلىدۇ، ھەرقانداق شۈبھىلەرنى ۋە بوھتانلارنى بىتچىت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىگە تىل تەككۈزۈشنى ياكى ئۇنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەككۈزۈشنى ئىرادە قىلغان ھەر بىر گۇناھكارغا رەددىيە بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ ھاۋايى ھەۋەسنىڭ ئارقىغا كىرىش ياكى شەھۋىتىنى قاندۇرۇش بولماستىن، پەقەت كاتتا ھېكمەتلەر، ئۇلۇغ غايىلەر، يۈكسەك نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان. ئەگەر ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى قارىغۇلارچە مۇتەئەسسىپلىك قىلىشنى تاشلاپ، ئەقلى ۋە ۋىجدانى بىلەن ھۆكۈم قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشتىكى ئۇلۇغ غايىلىرىنى ۋە كاتتا نىشانلىرىنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاتىغان، دەۋەت ۋە ئىسلام دىنى ئۈچۈن قۇربان قىلغان بۇ ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك، رەھمىدىل پەيغەمبەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىدا ئاجايىپ يۈكسەك ئۆرنەكنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشتىكى ھېكمىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كۆپ خوتۇن ئېلىشى» نىڭ ھېكمىتى ناھايىتى كۆپ ۋە بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلارغا ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

1 ـ تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى ھېكمەت.

2 ـ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەش جەھەتتىكى ھېكمەت.

3 ـ ئىجتىمائىي ئەھۋاللار جەھەتتىكى ھېكمەت.

4 ـ سىياسىي ئەھۋاللار جەھەتتىكى ھېكمەت.

بۇ تۆت تۇرلۇك ھېكمەتنىڭ ھەر بىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز، ئاندىن كېيىن مۆمىنلەرنىڭ پاك ئانىلىرى ۋە ئۇلاردىن ھەر بىرىنى ئېلىشتىكى مۇستەقىل ھېكمەت ھەققىدە توختىلىمىز.

**بىرىنچى، تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى ھېكمەت**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشىدىكى ئاساسىي غايە ئاياللار ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئايال تەربىيىچىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى، بۇ تەربىيىچى ئاياللارنىڭ ئۇلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاياللار جەمئىيەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارغىمۇ ئەرلەرگە پەرز قىلىنغان ئىبادەتلەر پەرز قىلىنغان. ئەينى زاماندا نۇرغۇن ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شەرىئەت ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ ھەيز، نىپاس، جۇنۇبلۇق ھۆكۈملىرى، ئەر ـ خوتۇنلۇققا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ۋە باشقا ھۆكۈملەرگە ئوخشاش ئاياللارغا خاس بولغان ئىشلارنى سوراشتىن خىجىل بولاتتى. ئەگەر بىرەر ئايال مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردىن بىرىگە دۇچ كەلسە، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق قىلىش ھەققىدە سوراشتىن ھەقىقەتەن ھايا قىلاتتى.

مۇكەممەل ھايالىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقلىرىدىن ئىدى. ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغىنىدەك، ئۇ ھوجرىسىدىن چىقمايدىغان قىزبالىدىنمۇ ھايالىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار تەرىپىدىن سورالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئوچۇق ۋە تولۇق جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمايتتى. بەزى ۋاقىتلاردا سىلىقلاشتۇرۇپ جاۋاب بەرسە، ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق بىر ئەھۋالنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەيزدار ھالەتتە يۇيۇنۇش ھەققىدە سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قانداق يۇيۇنۇشنىڭ لازىملىقىنى دەپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: «خۇشپۇراق ئىشلىتىلگەن پاختا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تازىلاڭ» دەيدۇ. ئۇ: ئۇنىڭ بىلەن قانداق تازىلايمەن؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ بىلەن تازىلاڭ» دەيدۇ. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ بىلەن قانداق تازىلايمەن؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «سۇبھاناللاھ! ئۇنىڭ بىلەن تازىلاڭ» دەيدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن تارتىپ، پاختىنى پالانى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قان ئىزلىرىنى سۈرتۈۋېتىشىنى دېدىم ۋە ئۇ پاختىنى قويىدىغان جاينى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىپ بەردىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ھايا قىلاتتى. شۇنىڭدەكلا ھايا قىلىشنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوچۇق سوراشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئاياللارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى.

www.munber.org

بۇنىڭغا ئۇممۇ سەلىمەنىڭ سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز: ئۇممۇ سەلىمە مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالى ئۇممۇ سۇلەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! اللە ھەقتىن ھايا قىلمايدۇ، ئەگەر خوتۇن كىشى ئىھتىلام بولۇپ قالسا غۇسلى قىلامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەگەر ئۇ مەنىي كەلگەنلىكىنى كۆرسە» دېدى. ئۇممۇ سەلىمە: سىزگە ۋاي، ئاياللارنى رەسۋا قىلدىڭىز، خوتۇن كىشىمۇ ئىھتىلام بولامدۇ؟ دېدى. ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئۇممۇ سەلىمەگە: «ئەمىسە بالا ئانىسىغا قانداق ئوخشايدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە ئەرنىڭ مەنىيسى بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسىدىن تۇغۇلغان بالىنى دېمەكچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا ئانىسىغا ئوخشايدۇ. اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى يارىتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق﴾[1].

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى ئارىلاشما، دېگەن سۆز ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسىنىڭ بىرلىشىپ ئارىلاشقان ئارىلاشمىسىنى كۆرسىتىدۇ.»

ئەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان، ئەر كىشى جاۋاب بېرىش ئەپسىز بولغان سوئاللارغا كېيىنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى جاۋاب بېرىدىغان بولغان. شۇڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «اللە ئەنسارى ئاياللارغا رەھمەت قىلسۇن، ھايا قىلىش ئۇلارنى دىنى ئەھكاملارنى چۈشىنىشتىن توسۇپ قالالمىدى.»

ئاياللار قارىغۇ چۈشكەندە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھەيز، نىپاس ۋە جۇنۇبلۇقنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە باشقا دىنىي ھۆكۈملەرنى سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇئەللىم ئىدى. ئاياللار شۇلار ئارقىلىق اللە نىڭ دىنىنى چۈشەنگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، پاك سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۇنىڭ سۆزىنى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى ۋە تەستىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەگىشىشى ۋاجىپ بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرىدۇر. اللە پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنلىرى بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلغان مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاياللىرى بولغان ئەنە شۇ ئاياللار بولمىسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ۋە ئەھۋاللىرىنى بىزگە كىممۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتى؟

---

[1] سۈرە ئىنسان، 2 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ئىشلىرىنى ۋە پۈتۈن ئەھۋاللىرىنى بىزگە يەتكۈزۈشتە ئۇنىڭ پاك ئاياللىرىنىڭ (اللہ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرى ئەستە قالدۇرۇش زېھنى قۇۋۋىتى، ھوشيارلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن داڭ چىقىرىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرىنى نەقىل قىلىپ، ئۆگەتكۈچى ۋە ھەدىسشۇناس بولۇپ كەتكەن.

## ئىككىنچى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەش جەھەتتىكى ھېكمەت

ھازىر بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشىنىڭ ھېكمىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەش ھېكمىتى ئۈستىدە توختىلىمىز: بۇ ھېكمەت ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنى ئاسانلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ يامان ئادەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن بالا بېقىۋېلىش ئادىتىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتەيلى:

ئەرەبلەر ئىچىدە بالا بېقىۋېلىش ئادىتى دىن ۋە مىراس سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز پۇشتىدىن بولمىغان بالىنى بېقىۋالاتتى ۋە ئۇنى ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىنىڭ ھۆكمىدە قىلىپ، ھەقىقىي بالىسى قىلىۋالاتتى. مىراس، تالاق، ئۆيلىنىش، قۇدا - باجىلىقتىن كېلىپ چىققان مەھرەملىك، نىكاھلىنىشتىن كېلىپ چىققان مەھرەملىك ھۆكۈملىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئىچىدە ئەگىشىشكە تېگىشلىك دىنى قائىدە دەپ تونۇلغان ھەممە ئىشلاردا ئۇنىڭغا نەسەبتىن بولغان بالىلارنىڭ ھۆكمى بېرىلەتتى. ئۇلاردىن بىرى باشقا بىرىنىڭ بالىسىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا: سەن مېنىڭ ئوغلۇم، مەن ساڭا مىراسخور بولىمەن سەنمۇ ماڭا مىراسخور بولىسەن، دەيتتى.

ئىسلام دىنى ئەلۋەتتە ئۇلارنى باتىل ئۈستىدە قالدۇرمايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھالەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرۈشىگىمۇ يول قويمايدۇ. اللہ تائالا شۇنىڭغا ھازىرلىق قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى بىر بالا بېقىۋېلىشقا ئىلھام قىلغان. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە زەيد ئىبنى ھارىسەنى بالا قىلىۋالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى بالا قىلىۋالغانلىق سەۋەبى بايان قىلىنغان قىسسە ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تەپسىرشۇناسلار ۋە تارىخچىلار تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەن. گەپنى ئۇزارتىۋەتمەسلىكنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇ ۋەقەلىكنى بۇ يەردە بايان قىلىشىمىز ئىمكانسىز. ھۆرمەتلىك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئەنە شۇنداق بالا قىلىۋالغان. كىشىلەر شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىرىشاتتى[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زەيد ئىبنى ھارىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى بولۇپ، بىز ئۇنى ﴿ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللہ نىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر زەيد ئىبنى مۇھەممەد دەپ چاقىراتتۇق. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەمدى سەن زەيد ئىبنى ھارىسە ئىبنى شۇرەھبىل» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئاتا تەرەپ ھاماچىسىنىڭ قىزى زەينەب بىنتى جەھشنى ئېلىپ بېرىدۇ. زەينەب ئۇنىڭ بىلەن ئاز بىر زامان ئۆي تۇتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆيلىكى ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن كۈنگە يامانلىشىدۇ. زەينەب ئۇنىڭغا قوپال سۆزلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن شەرەپلىك دەپ قارايدۇ. چۈنكى، زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالا قىلىۋېلىشتىن ئىلگىرى قۇل ئىدى. زەينەب بولسا نەسەبى ئېسىل ئاق سۆڭەكلەردىن ئىدى.

اللہ تائالا مەيدانغا كەلتۈرمەكچى بولغان ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە زەيد زەينەبنى تالاق قىلىدۇ. اللہ تائالا بالا بېقىۋېلىش بىدئەتچىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىسلام ئۈلىنى پۇختا بەرپا قىلىش ۋە جاھىلىيەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى زەينەبنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ ۋە بۇزۇق ئادەملەرنىڭ: مۇھەممەد ئوغلىنىڭ قىزىنى ئالدى دەپ پىتنە چىقىرىشىدىن، سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى ئارقىغا سۈرىدۇ. نەتىجىدە اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق تاپا قىلىپ ئايەت نازىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ. اللہ دىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق. اللہ نىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ﴾[3].

بالا قىلىۋېلىش ھۆكمى ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان، ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان دىنىي قائىدە قىلىۋالغان ئەنە شۇ ئادەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇ يېڭى ۋە ئىلاھىي بەلگىلىمىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ اللہ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى نازىل بولىدۇ: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى ۋە ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ. بۇ قىسسە بۇ تەپسىرلەردە تەپسىلى بايان قىلىنغان.
[2] سۈرە ئەھزاب، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، اللە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ــ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللە قا مەخپىي ئەمەس)﴾[1].

بۇ نىكاھ اللە تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان. ئۇ ھەرگىزمۇ اللە نىڭ تۆھمەتخور ۋە پىتنىخور دۈشمەنلىرى ئېيتقاندەك ھاۋايى ھەۋەسكە، شەھۋەتكە بېرىلگەنلىكتىن بولغان ئەمەس. ئۇ جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك غايە ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن. اللە تائالا بۇ نىكاھنىڭ مەقسىتىنى: ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن﴾[2] دەپ، ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

اللە تائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بېقىۋالغان بالىسىنىڭ قويۇۋەتكەن خوتۇنىنى ئېلىپ بېرىشكە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىغا غالىبىيەتنىڭ پەرۋەردىگارى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغان بۇ نىكاھ بىلەن پەخىرلىنەتتى.

ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا ماختىنىپ: سىلەرنى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلاردىكىلەر نىكاھلاپ بەرگەن، مېنى بولسا اللە يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن نىكاھلاپ بەرگەن» دەيتتى.

بۇ نىكاھ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ۋۇجۇتقا چىقىرىلغان. ئۇ ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرغۇچى اللە نىڭ ئەمرى بىلەن بولغان بولۇپ، بىزنىڭ كەمتۈك ئەقىللىرىمىز ۋە ناقىس چۈشەنچىلىرىمىز ئۇنىڭ ھېكمىتىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمايدۇ. اللە تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن﴾[3].

## ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي ئەھۋاللار جەھەتتىكى ھېكمەت

ئىجتىمائىي ئەھۋاللار ھېكمىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باش ۋەزىرى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىنى ئېلىشىدىن ۋە ئىككىنچى ۋەزىرى ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىنى ئېلىشىدىن، ئاندىن قۇرەيشلەر بىلەن قۇدا ـ باجىلىق ۋە نەسەب جەھەتتىكى ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، قەبىلىلەر ۋە جەمەتلەر ئارا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۆزىنىڭ دەۋىتى ئەتراپىغا ئىمان كەلتۈرۈشتە، چوڭ بىلىش ۋە ھۆرمەت قىلىشتا، جەلپ قىلالىغانلىقىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 40 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىسرا، 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ئەڭ قەدىرلىك ئادىمى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئائىشەنى ئالدۇ. ئەبۇ بەكرى ئىسلامغا ئەڭ بۇرۇن كىرگەن بولۇپ، ئۆزىنى، جېنىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى ﷲ نىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش، ﷲ نىڭ پەيغەمبىرىنى مۇداپىئە قىلىش يولىغا تەقدىم قىلغان، ئىسلام يولىدا ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەن.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ياردىمىگە ئۆزىمىز جاۋاب قايتۇرالايمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەبۇ بەكرىنىڭ بىزگە قىلغان ياردىمىنىڭ مۇكاپاتىنى قىيامەت كۈنى ﷲ تائالا ئۆزى بېرىدۇ. ھېچكىمنىڭ مېلى ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلى ئەسقاتقاندەك ئەسقاتمىدى. مەن ئىسلامنى تەڭلىگەن ھەر بىر ئادەم ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىشتىن ئىككىلەنگەن ئىدى. پەقەت ئەبۇ بەكرى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلدى. ئەگەر مەن دوست تۇتۇشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتقان بولاتتىم. بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بۇ ھەمراھىڭلار ﷲ تائالانىڭ دوستىدۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنى دۇنيادا مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىش بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىشتىن چوڭ مۇكاپات تاپالمىغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قېيىنئاتا ۋە كۈيئوغۇللۇق، شۇنداقلا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بەرپا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ساداقىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ۋە ئۆزئارا ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى، راستچىللىقى، ئىخلاسى ۋە بۇ دىن يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقى يۈزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن قىزى ھەفسەنى ئالدۇ. ئۆمەر بولسا ئىسلام دىنىنىڭ قەھرىمانى بولۇپ، ﷲ ئۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، دىن شۇئارىنى كۆككە كۆتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قېيىنئاتا ۋە كۈيئوغۇللۇق يولى بىلەن قۇرغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ ئىسلام دىنى يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇكاپات بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېيىنئاتا ۋە كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۇنى بىرىنچى ۋەزىرى ئەبۇ بەكرى بىلەن تەڭ شەرەپكە ئىگە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ قىزلىرىنى ئېلىشى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ شەرەپ، بەلكى ئەڭ چوڭ مۇكاپات ۋە ياخشىلىق ئىدى. ئۇ ئىككىسىگە بۇ دۇنيادا بۇ شان ـ شەرەپتىن چوڭ مۇكاپات بېرىش مۇمكىن بولمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپادار ۋە ئىخلاسمەن ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن نېمىدېگەن كاتتا ۋاپادار ـ ھە! ئۇنىڭ سىياستى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە!

---

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىزلىرىنى بېرىپ ئۇلارنىمۇ ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى. بۇ تۆت ساھابە ساھابىلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دىنىنى نەشىر قىلىش ۋە دەۋىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرى بولغان. ئۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھېكمەت قوللانغان ـ ھە! ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى نېمىدېگەن كەڭ ـ ھە!

## تۆتىنچى، سىياسىي ئەھۋاللار جەھەتتىكى ھېكمەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى خوتۇنلىرىنى كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ۋە پۈتۈن قەبىلىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاش مەقسىتىدە ئالدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەگەر ئىنسان بىرەر قەبىلىدىن ياكى بىرەر جەمەتتىن خوتۇن ئالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق ۋە تۇغقانلىق مۇناسىۋەت مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئىش تەبىئىلا ئۇلارنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ خوتۇن ئېلىشتىن مەقسەت قىلغان بۇ ھېكمەتنىڭ بىزگە تېخىمۇ روشەن ئايدىڭلىشىشى ئۈچۈن بىز بۇنىڭغا مۇنداق بىرقانچە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەنى ئالدۇ. جۇۋەيرىيە ئەسلىدە قەۋمى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. ئۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن فىدىيە بېرىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش نىيىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئاز پۇل ـ مال ياردەم قىلىشىنى سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ فىدىيەسىنى بېرىش ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئېلىش تەكلىپىنى قويىدۇ. جۇۋەيرىيە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئالدۇ. ئاندىن مۇسۇلمانلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى تەرەپ تۇغقانلىرى بىزنىڭ قوللىرىمىزدا ئەسىر تۇتۇلسا قانداق بولىدۇ؟ دېيىشىپ، قوللىرىدىكى ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ. بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى بۇ ئېسىل ئەخلاقنى، بۇ يۈكسەك پەزىلەت ۋە ئادەمگەرچىلىكنى كۆرۈپ ھەممىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ، اللە نىڭ دىنىغا كىرىدۇ ۋە مۆمىنلەردىن بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇۋەيرىيەنى ئېلىشى جۇۋەيرىيەگە، ئۇنىڭ قەۋمىگە ۋە تۇغقانلىرىغا بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئازاد بولۇشىغا ۋە ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، جۇۋەيرىيەمۇ ئۆز قەۋمىگە بەرىكەت ئېلىپ كەلگەن ئايال بولۇپ قالىدۇ.

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىنى ئەسىرگە ئالدۇ. ئۇنىڭدىن بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئايرىۋېتىپ، قالغانلىرىنى مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ، ئاتلىق ئەسكەرگە ئىككى كىشىلىك، پىيادە ئەسكەرگە بىر كىشىلىك بېرىدۇ. ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە سابىت ئىبنى قەيسكە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاندىن جۇۋەيرىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى!

www.munber.org

مەن بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە بولىمەن، ساڭا مەلۇم بولغىنىدەك، مەن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم، سابىت مەن بىلەن مېنىڭ توققۇز ئۇقىيە پۇل بېرىپ ئۆزەمنى ئازاد قىلىشىمغا توختام تۈزدى، مېنىڭ قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغىن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بولسىچۇ؟» دەيدۇ. ئۇ: نېمە ئۇ؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز توختام تۈزگەن پۇلنى بەرسەم، ھەمدە سىزنى ئەمرىمگە ئالسام قانداق؟» دەيدۇ. ئۇ: بولىدۇ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمىسە شۇنداق قىلدىم» دەيدۇ. بۇ خەۋەر كىشىلەرگە يېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى تەرەپ تۇغقانلىرى قۇل قىلىنامدۇ؟ دېيىشىپ، قوللىرىدىكى بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىدىن ئەسىر ئېلىنغانلارنى ئازاد قىلىۋېتىدۇ. قەۋمىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ قىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىشى بىلەن ئازاد بولغانلار يۈز ئائىلىگە يېتىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىيەنى ئالىدۇ. خەيبەر ئۇرۇشىدا سەفىيەنىڭ ئېرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئۆتكۈر پىكىرلىك ۋە ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىدىغانلار: بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ مەلىكىسى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا توغرا كېلىدۇ، دېيىشىدۇ ۋە بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىيەنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئىككى ئىختىيارلىقنى بېرىدۇ: بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازاد قىلىدۇ، ئاندىن خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. يەنە بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ، ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ.

سەفىيە ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشنى تاللايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، كاتتا ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە ياخشى مۇئامىلىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. ئۇ ئىسلامغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىرىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاتىڭىز ماڭا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلغۇاتقان يەھۇدىيلارنىڭ بىرى ئىدى. ئاخىرى الله ئۇنى ئۆلتۈردى» دەيدۇ. سەفىييە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله تائالا ھەققەتەن كىتابى قۇرئان كەرىمدە: ﴿بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)﴾[1] دەپتۇ، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىز ئۆز يولۇڭىزنى ئۆزىڭىز تاللاڭ، ئەگەر سىز ئىسلامنى تاللىسىڭىز، مەن سىزنى ئۆزەمگە ئېلىپ قالىمەن، ئەگەر يەھۇدىي دىنىدا قېلىشنى تاللىسىڭىز مەن سىزنى ئازاد قىلىۋېتىشىم مۇمكىن، ئاندىن سىز تۇغقانلىرىڭىزنىڭ قېشىغا كەتسىڭىز بولىدۇ» دەيدۇ. سەفىييە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئىسلامنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، سەن مېنى

[1] سۈرە ئەنئام، 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى تەستىقلىغان ئىدىم، مېنىڭ يەھۇدىي دىنىغا ئېھتىياجىم يوق، ئۇ دىندا مېنىڭ ئاتام ياكى قېرىندىشىممۇ يوق، سەن ماڭا كۆپۈرلۈقنى ياكى ئىسلامنى تاللاش ھەققى بەردىڭ. مەن ئۇچۇن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مېنىڭ ئازاد بولۇشۇمدىن ۋە تۇغقانلىرىمنىڭ يېنىغا كېتىشىمدىن سۆيۈملۈكتۇر، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزىگە ئېلىپ قالىدۇ.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئەينى ۋاقىتتا شېرىكىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنى (رەملەنى) ئالىدۇ. ئۇنىڭ قىزى مەككىدىكى چاغدا مۇسۇلمان بولىدۇ. كېيىن دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن ئېرى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇ جايدا ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ھېچ ياردەمچىسى يوق ۋە قارىغۇچىسى يوق ھالدا يالغۇز بېشىغا قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇممۇ ھەبىبەنى ئۆزىگە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەجاشى بۇ خەۋەرنى ئۇممۇ ھەبىبەگە دەرھال يەتكۈزىدۇ. ئۇممۇ ھەبىبە بۇ تەكلىپتىن ناھايىتى بەك خۇشال بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەقەدەر خۇشال بولغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاتىسىنىڭ ياكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كاپىر ۋە مۇرتەد بولۇشقا مەجبۇرلايدىغانلىقىنى ياكى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ نەجاشى ئۇممۇ ھەبىبەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا قىممەت باھالىق سوغا سالاملار بىلەن بىرلىكتە 400 تىللا[1] مەھرى بېرىدۇ.

ئۇممۇ ھەبىبە مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ خەۋەر ئەبۇ سۇفيانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ تويىنى ئېتىراپ قىلىپ: ئۇ ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەمدۇر دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ماختىنىدۇ. ئۆزى بىلەن تەڭ مەرتىۋىدە تۇرۇش ياكى تۇرماسلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېمەيدۇ. ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىدۇ.

مانا بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزىنى ئېلىشىنىڭ بۈيۈك ھېكمىتى بىزگە ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ توي ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نەسەب ۋە تۇغقاندارچىلىق پەيدا قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان ساھابىلىرىگە يېتىدىغان ئەزىيەتلەرنىڭ يېنىكلىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. چۈنكى، ئەبۇ سۇفيان ئۆز ۋاقتىدا بەنى ئۇمەييە جەمەتى ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشى ئۇنىڭ دىلىنىڭ،

---

[1] ئىمام دارۇقۇتنىنىڭ رىۋايىتىدە تۆت مىڭ تەڭگە مەھرى ھەققى بەرگەن دېيىلىدۇ. ھەر ئىككىلى رىۋايەت توغرىدۇر. چۈنكى بىر تىللا ئون تەڭگىگە باراۋەر كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا 400 تىللا تۆت مىڭ تەڭگىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 165 ـ بېتىگە قاراڭ.

www.munber.org

تۇغقانلىرى ۋە جەمەتىنىڭ دىللىرىنىڭ يۇمشىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنۇ ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ بۇرۇن ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆزى تاللىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇممۇ ھەبىبە دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز دىيارىدىن چىقىپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياستى نېمىدېگەن ئۈستۈن، ھېكمىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە!

## مۆمىنلەرنىڭ پاك ئانىلىرى

بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆپ خوتۇنلۇق بولغانلىقى ھەققىدە توختالدۇق. ئەمدى مۆمىنلەرنىڭ پاك ئانىلىرى (اللّٰه تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ھەققىدە توختىلىمىز. اللّٰه تائالا ئۇلارنى دوستى ۋە تاللانغان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نېسىپ قىلدى، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارىغا نىسبەت بېرىلىش شەرىپىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا شەرەپ بىلەن ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى، ئۇلارنى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام قىلىش جەھەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى قىلدى، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۇلارنى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئېلىشنى ھارام قىلدى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾[1]. ﴿سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەققەتەن اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾[2].

ئەللامە قۇرتۇبى «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى ھۆرمەت قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئېھتىرام بىلدۈرۈش ۋە ئەرلەرنىڭ ئۇلارنى ئېلىشىنىڭ ھاراملىقى جەھەتلەردە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى قىلىپ شەرەپلەندۈردى. بۇ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈندۇر.»[3]

## مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئىسىملىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئالغان ئاياللىرى:
بىرىنچى، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.

[1] سۈرە ئەھزاب، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلدكە قاراڭ.

ئىككىنچى، زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
ئۈچىنچى، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
تۆتىنچى، ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
بەشىنچى، ئەسەد قەبىلىسىدىن جەھشنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
ئالتىنچى، خۇزەيمەنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
يەتتىنچى، مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئەبۇ ئۈمەييەنىڭ قىزى ھىند (ئۇممۇ سەلىمە) رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
سەككىزىنچى، ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى رەملە (ئۇممۇ ھەبىبە) رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
توققۇزىنچى، ھىلال قەبىلىسىدىن ھارىسنىڭ قىزى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
ئونىنچى، ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.
ئون بىرىنچى، ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.

**1 ـ خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:**

«ئەلئىسابە» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىشچە خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئالغان بولۇپ، ئۆزى 25 ياشتا، خەدىچە ئانىمىز 40 ياشتا تۇل ئايال ئىدى. خەدىچەنى دەسلەپ ئەبۇ ھالە ئىبنى زۇرارە ئالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىق ئىبنى ئائىز ئالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقى ۋە زېرەكلىكى سەۋەبىدىن تاللىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئېلىشى ھېكمەتلىك ۋە الله تەرىپىدىن نىسبەت قىلىنغان بىر توي ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئەقىل پاراسەتلىك كىشى بىلەن ئەقىل پاراسەتلىك كىشىنىڭ توي قىلىشى بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ياش پەرقى ئۇلارنىڭ توي قىلىش يولىغا توسالغۇ بولالمىغان. بۇ توي شەھۋەتنى ۋە ھاۋايى ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا مەقسەت قىلىنماستىن، ئىنسانىي ئۇلۇغ غايىنى مەقسەت قىلغان توي ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسىدۇر. الله تائالا ئۇنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ۋە دەۋەت خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھازىرلاپ، بۇ تەقۋا، پاك، ئەقىللىق، ھوشيار ئايالنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكنى يەتكۈزۈش ۋە دەۋەتنى كېڭەيتىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن مۇيەسسەر قىلغان. خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن تۇنجى ئايالدۇر.

خەدىچەنىڭ ئەقىللىق ۋە توغرا پىكىرلىك ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋەقەلەردىن بىرى شۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا تۇنجى قېتىم كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ قېشىغا يۈرىكى سالغان ھالدا قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «مېنى ئوراپ قويۇڭلار، مېنى ئوراپ قويۇڭلار» دەيدۇ. قورقۇنچىسى تۈگىگەندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋالنى خەدىچەگە سۆزلەپ بېرىپ: «مەن ئۆزەمدىن قورقۇپ قالدىم» دەيدۇ. خەدىچە ئۇنىڭغا:

www.munber.org

ساڭا خۇشخەۋەر بولسۇن، اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللہ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. سەن ھەققەتەن سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، راست سۆزلەيسەن، بىرىنىڭ كۆتۈرەلمىگەن نەرسىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىسەن، باشقىلار قىلالمىغان ياخشى ئىشنى قىلىسەن، مېھماننى ھۆرمەتلەيسەن، ھەق تەرەپدارلىرىغا ياردەم بېرىسەن، دەيدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلىق باھارىنى خەدىچە بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالمىغان. ھېچكىمنى ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمىگەن. گەرچە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرمىغان ۋە ئۇنى كۆرمىگەن تۇرسىمۇ، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تىلغا ئالغاندا ئۇنىڭغا كۈندەشلىك قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭغا قارشى گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ: يەنە شۇ خېلى بۇرۇن تۈگەپ كەتكەن قېرىنىڭ گېپىمۇ، اللہ ساڭا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشىنى بەردىغۇ؟ دەيدۇ (ئۇ بۇ سۆزى بىلەن ئۆزىنى دېمەكچى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭغا: «ياق، اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، اللہ ماڭا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشىنى بەرگىنى يوق، ئىنسانلار ماڭا ئىمان ئېيتمىغان چاغدا ئۇ ماڭا ئىمان ئېيتقان، ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغان چاغدا ئۇ مېنى تەستىقلىغان، ئىنسانلار مېنى مەھرۇم قالدۇرغان چاغدا ئۇ ماڭا پۇل ـ مېلى بىلەن ھەمنەپەس بولغان، اللہ ماڭا ئۇنىڭدىن پەرزەنت رىزىق قىلىپ بەردى، باشقا ئاياللىرىمدىن پەرزەنت رىزىق قىلىپ بەرمىدى» دەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلمىدىم.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ھېچ بىرىگە خەدىچىگە كۈندەشلىك قىلغاندەك كۈندەشلىك قىلمىدىم. مەن ئۇنى كۆرمىگەن، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم قوي سويغاندا ئۇنىڭدىن خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭغا: دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا ئايال يوقتەك ئۇنىڭ گېپىنى تولا قىلىسەن دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ مۇنداق، مۇنداق ئايال ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن بالا يۈزى كۆرگەن ئىدىم» دېگەن ئىدى.

خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى 15 يىل، پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن 10 يىل ياشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا ھەممە باللىرى ئۇنىڭدىن تۇغۇلدى. ئۇ اللہ نىڭ رەھمىتىگە مەمنۇن بولغان ۋە مەمنۇن قىلىنغان ھالدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 50 ياشقا كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا خوتۇنى يوق ئىدى. خەدىچە ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەنە شۇ بەزى ھېكمەتلەر تۈپەيلى پەيغەمبەر

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيھىسسالام كۆپ خوتۇنلۇق بولدى. اللّٰه تائالا خەدىچەدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلسۇن!

2 - زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خەدىچە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئالدۇ. ئۇ سەكران ئىبنى ئەمرى ئەنسارىدىن تۇل قالغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ يېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن چوڭ بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى تاللىشىدىكى ھېكمەت شۇكى، ئۇ ھىجرەت قىلغان مۆمىن ئاياللاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككىنچى ھىجرەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ياردەمچىسىز ۋە بالا - چاقىسىز يالغۇز بېشىغا قالغان ئىدى. ئەگەر ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قايتسا، ئۇلار ئۇنى مۇشرىك بولۇشقا زورلىغان ياكى ئۇنى ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىغان بولاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز كاپالىتىگە ئېلىشنى خالاپ ئەمرىگە ئالدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئىماندا راستچىل، اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىخلاسمەن بولغانلىقىغا قايتۇرۇلغان ياخشىلىق ۋە ئىززەت - ئىكرامدۇر.

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەرىزى تۆھمەتخور شەرقشۇناسلار گۇمان قىلغاندەك شەھۋەتنى قاندۇرۇش بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، 55 ياشقا كىرىپ قالغان بۇ قېرى تۇل ئايالنىڭ ئورنىغا تويى قىلمىغان ياش قىزلارنى ئالغان بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ۋە ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆلگىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋدە ئانىمىزنى ئېلىشتىكى غەرىزى پەقەت ئۇنى ئۆز كاپالىتىگە ئېلىپ ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر.

3 - ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىز ئالغان بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ پاك ئاياللىرى ئىچىدىكى بىردىن - بىر قىزدۇر. ئۇ ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللىرىنى قىز ئالمىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ زېرەك، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك ئايال ئىدى، بەلكى ئۇ خېلى كۆپ ساندىكى ئەرلەردىنمۇ بىلىملىك ئىدى. ساھابىلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ خېلى كۆپى قىيىن بولغان بەزى ھۆكۈملەرنى ئۇنىڭدىن سورايتتى. ئۇ ئۇلارغا ئۇ ھۆكۈملەرنى يېشىپ بېرەتتى.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا بىرەر ھەدىسنى چۈشىنىش قىيىن بولۇپ قالسا، ئائىشەدىن سورايتتۇق ۋە ئۇنىڭدىن قانائەتلىنەرلىك بىلىم ھاسىل قىلاتتۇق.»

ئەبۇ زۇھا، مەسرۇقتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مىراس مەسىلىلىرىنى سورىغانلىقىنى كۆرگەن.»

www.munber.org

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: «تىببى، فىقھى ۋە شېئىرى ئىلىملىرى جەھەتلەردە ئائىشەدىن بىلىملىك ئايالنى كۆرمىدىم.»

بۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس، ئەنە شۇ ھەدىس كىتابلىرى ئۇنىڭ ناھايىتى مول ئىلىمگە ئىگە ۋە ئەقلىنىڭ ناھايىتى ئۆتكۈر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ئەرلەر ئىچىدە ھېچكىم ئۇنىڭدىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى باشقا ئاياللىرىغا قارىغاندا بەك ياخشى كۆرەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەقسىماتتا ئادىل بولاتتى ۋە: «ئى ﷲ! بۇ مەن ئىگە بولالىغان تەقسىماتىم، مەن ئىگە بولالمىغان نەرسىدە مېنى جازالىمىغىن» دەيتتى.

ئىختىيارلىق ئايىتى① نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە بىلەن باشلاپ، ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە بىر ئىشنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەن، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئاتا ـ ئانىڭىزدىن مەسلىھەت ئېلىڭ» دېدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانامنىڭ ماڭا ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشنى بۇيرۇمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئائىشەگە: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر دۇنيا تېرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇزىنىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىرئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي﴾② دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئائىشە: مۇشۇ ئىشتىمۇ ئاتا ـ ئانامغا مەسلىھەت سالامدىمەن! مەن ﷲ نى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەيمەن، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن قۇدا ـ باجىلىق ئورنىتىشى بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا بېرىلگەن ناھايىتى چوڭ ياخشىلىق ۋە مۇكاپات بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ پاك سۈننىتىنى، ئەر ـ خوتۇنلۇق پەزىلەتلىرىنى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى، بولۇپمۇ، بىز يۇقىرىدا تەلىم ـ تەربىيە ھېكمىتى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئاياللارغا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى يېيىش ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ۋەسىلە بولغان.

4 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىزى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۇل ئالغان. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرى خۇنەيس ئىبنى ھۇزافە ئەنسارى بولۇپ، بەدىر ئۇرۇشىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن شېھىت بولۇپ كەتكەن. ئۇ قەھرىمانلىق كۆرسىتىش، باتۇرلۇق قىلىش ۋە جىھادتا قىلىشتا پارلاق سەھىپىلەرنى ياراتقان، تارىخ خاتىرىلىگەن قورقماس يۈرەك باتۇرلاردىن بىرى ئىدى.

① ئىختىيارلىق ئايىتى ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر دۇنيا تېرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇزىنىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي﴾ دېگەن سۆزىنى كۆرسىتىدۇ. سۈرە ئەھزاب، 28 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەھزاب، 28 ـ ئايەت.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيە ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ھەفسە ئانىمىزنىڭ ئاتىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سايە قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت ۋە ياخشىلىقتۇر.

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەفسىنىڭ ئېرى خۇنەيس ئىبنى ھۇزافە مەدىنىدە بەدىر ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ھەفسە تۇل بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئۆمەر ئوسمانغا ئۇچراپ: ئەگەر خالىساڭ ھەفسەنى ساڭا بېرەي دەيدۇ. ئوسمان: مەن مەسلىھەت قىلاي، دەيدۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن: مەن ئۇنى ئالماي دەپ ئويلاپ قالدىم، دەيدۇ.

ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن مەن ئەبۇ بەكرىگە: ئەگەر خالىساڭ ھەفسەنى ساڭا بېرەي، دېدىم. ئۇ لام ـ جىم، دېمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئوسمانغا قارىغاندا بەكرەك خاپا بولدۇم. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلەپ قويدى. مەن ئۇنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئاندىن ماڭا ئەبۇ بەكرى ئۇچراپ: سەن ماڭا ھەفسەنى بەرمەكچى بولغاندا مېنىڭ ساڭا جاۋاب قايتۇرمىغانلىقىمدىن خاپا بولدۇڭمۇ؟ دېدى. مەن: ھەئە دېدىم. ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى قىلغانلىقىنى بىلەتتىم، مەن ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىۋېتىشنى خالىمايتتىم، شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا جاۋاب بېرەلمىگەن ئىدىم، ئەگەر ئۇنى ئۇ ئالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئالاتتىم، دېدى.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مانا بۇ ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ھەقىقىي قەھرىمانلىق ۋە راستچىل ئەركەكلىكتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاشنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇ قىزىنى ياخشى بىر ئادەمگە تەكلەشتە ھېچ خىجىللىق ھېس قىلمىغان. چۈنكى، توي قىلىش ياخشى جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋەسىلىسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىز مۇسۇلمانلار قەيەردە؟ ئىسلام ھۆكۈملىرى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى قەيەردە؟ كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار باي، كۆپ پۇل ـ مالغا ئىگە لايىقىنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ قىزلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

5 ـ خۇزەيمەنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسەدىن كېيىن ئالغان. ئۇ بەدىر غازىتىدا تۇنجى قېتىملىق يەككە ئېلىشىشتا شېھىت بولغان قەھرىمان، باتۇر ۋە ئىسلام شېھىدى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى شېھىت بولغاندا ئۇ يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارنىڭ جاراھەتلىرىنى تېڭىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئېرىنىڭ شېھىت بولۇشى ئۇنى ۋەزىپىسىدىن توختىتىپ قويمىدى. نەتىجىدە الله تائالا مۆمىنلەرگە مۇشرىكلار بىلەن ئېلىشقان تۇنجى قېتىملىق جەڭدە غەلىبە ئاتا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ

www.munber.org

سەۋرچان، چىداملىق ۋە تىرىشچان ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بىرىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىن ئۆز ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن تەلەپ قويغان ۋە ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان. ئۇ ئۆز ياردەمچىسى ۋە ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەلھەم بەرگەن.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد مەھمۇد سەۋۋاف «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پاك ئاياللىرى» ناملىق قىممەتلىك كىتابچىسىدا ئۇنىڭ ئېرىنىڭ شېھىت بولۇش ۋەقەلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالىي ھىممەت ۋە كاتتا ئىرادىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى ئەمرىگە ئالغاندا ئۇ ئايال 60 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئارانلا ئىككى يىل ياشىدى. ئاندىن الله تائالا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ شەرەپلىك توي ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ غايىسىغا قارىتا ئۆزى چاغلاپ سۆزلەيدىغانلارنىڭ قارىشى نېمە؟ ئۇنىڭدا بوھتانچىلار بوھتان قىلغۇدەك بىر نەرسە تاپالامدۇ؟ ئۇلار ئۇنىڭدا ھاۋايى ھەۋەسكە ۋە شەھۋەتكە بېرىلگەنلىكنى كۆرسىتىدىغان بىرەر نەرسە تاپالامدۇ؟ ياكى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ئەھلى جاھانغا رەھمەت بولۇپ كەلگەن كاتتا پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن مېھرى ـ شەپقەت، ئالىي پەزىلەت ۋە ياخشىلىقمۇ؟

ئىسلام دۈشمەنلىرىدىن ئىبارەت غەرەزلىك سۆزلەيدىغان شەرقشۇناسلار الله دىن قورقسۇن، ئۇستىلىرىگە يۈكلەنگەن ئىلمىنىڭ ئامانىتىنى جايىدا ئادا قىلسۇن، پەسكەشلىك غايىلىرى يولىدا ئۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلمىسۇن. چۈنكى، ئۇلار شەرق ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىدۇ، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا ھاقارەت قىلىش، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ۋە تەنە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئىسلام ئىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ.»

6 ـ جەھشنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى چوكان ئالىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاتا تەرەپ ھاماچىسىنىڭ قىزى بولۇپ، دەسلەپ ئۇنى زەيد ئىبنى ھارىسە ئالغان ئىدى. زەيد ئۇنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بالا بېقىۋېلىش بىدئەتچىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ھېچ بىر ئاياللىرىنى ئېلىشتىكى ھېكمەت بىسىپ چۈشەلمەيدىغان ھېكمەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالىدۇ. بىز بۇ ھېكمەتنى يۇقىرىدا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەش ھېكمىتى ھەققىدە توختالغاندا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئىسلام دىنىغا ھەمدە ئىسلام پەيغەمبىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان ھىيلىگەر شەرقشۇناسلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ دىندىن چىققان يالاقچىلىرىدىن ئىبارەت بەزى مەقسەتلىك كىشىلەر بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ زەينەب بىلەن توي قىلىش ۋەقەلىكىنى ئۇنىڭ پاك پەيغەمبەرلىكىگە تىل تەككۈزۈش ئۈچۈن ياخشى يوچۇق قىلىدۇ. شۇنداقلا بەزى

تەپسىر كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان بەنى ئىسرائىلغا ئائىت بىر قىسىم رىۋايەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرخىل شۈبھىلەرنى ۋە يالغان سۆزلەرنى توقۇپ چىقىدۇ.

ئۇلار شۇنداق يامان گۇمانلارنى قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن زەيد يوق چاغدا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ زەينەبنى كۆرۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زەينەبكە ئۇنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە: دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، دەيدۇ. بۇنى زەينەب ئاڭلاپ قالىدۇ. ئېرى ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغىنىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنىڭ زەينەبكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ خېتىنى بەرمەكچى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: خوتۇنۇڭنى ئەمرىڭدە ساقلىغىن، دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ دىلىدا زەينەبكە نىسبەتەن رىغبىتى بار ئىدى. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ خېتىنى بېرىدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە كىشىنى گۇناھكار قىلىدىغان بۇ يالغان دەۋاغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنى كۆرۈپ قېلىپ كۆڭلى چۈشۈپ قالىدۇ، دېگەن سۆزى يالغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە زەينەب بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى ھىجاب پەرز بولمىغان ئىدى. زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەب بىلەن بىرگە ئۆسۈپ يېتىلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋېمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالمىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئېرى بولغان، ئۇ ئېرىگە ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ، ئىلگىرى بولمىغان مۇھەببەت يېڭىدىن پەيدا بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك كۆڭلى مۇنداق بۇزۇق ئالاقىدىن خالىيدۇر. الله تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز﴾[1].»

ئىبنۇل ئەرەبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بەني ئىسرائىلغا ئائىت ئەنە شۇ رىۋايەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارىدىكى سەنەدلىرىنىڭ ئۈزۈك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

زەينەبنىڭ تارىخىغا ۋە ئۇنىڭ زەيد بىلەن توي قىلىش ئەھۋالىغا كىچىككىنە نەزەر سالىدىغان بولساق، زەينەب بىلەن زەيد ئوتتۇرىسىدىكى يامان مۇئامىلىنىڭ پەقەت ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىناقسىزلىقتىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنەلەيمىز. زەينەب ئېسىلزادە ئايال بولۇپ، زەيد تېخى تۈنۈگۈنلا قۇل ئىدى. الله تائالا ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىكى قەبىلىۋازلىق ۋە جاھىلىيەت دەۋرىگە ئائىت ئېسىلزادىلىك مەنبەسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن زەينەبنى زەيد بىلەن توي قىلىش سىنىقىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئىسلام

[1] سۈرە تاھا، 131 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دىنى ئېسىلزادىلىكنى دىن ۋە تەقۋادارلىقتا ئۆلچەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبكە زەيد بىلەن توي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەندە زەينەب ئۇنىمايدۇ ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك دەپ ھېسابلاپ رەت قىلىدۇ. نەتىجىدە اللّٰه تائالانىڭ: ﴿اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ــ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى نازىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، زەيدكە تېگىشنى تاپشۇرىدۇ، لېكىن روھىنى تاپشۇرمايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زەينەبنى كىچىكىدىنلا تونۇيتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ ئاتا تەرەپ ھامماچىسىنىڭ قىزىدۇر. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا ئۇنىڭ زەينەبنى ئېلىشىغا كىممۇ توسقۇنلۇق قىلالايتتى؟ بىر ئىنسان بىر ئايالنى قىز ۋاقتىدا بىر شەخسكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇ شەخس ئۇنى خوتۇن قىلىپ بولغان ۋە ئۇ چوكان بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى ئېلىشقا قانداقمۇ رىغبەتلىنىدۇ؟

ئەنە شۇ دىن دۈشمەنلىرى ھەقىقەتەن ئەقىل يۈرگۈزمەيدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان سۆزلەرنى، بوھتان ۋە گۇمراھلىقنى چاپلايدۇ. سەن ئۇلارغا قارىغىنكى، ئۇلار: مۇھەممەد يوشۇرۇن تۇتقان نەرسە زەينەبكە بولغان مۇھەببىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تاپا ـ تەنىگە ئۇچرىغان دېيىشىدۇ. مۇشۇنداق بوھتان ئەقىلغا سىغامدۇ؟ ﴿ئى اللّٰه سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر﴾[2].

ئايىتى كەرىم شۇنى ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن بايان قىلىپ بېرىدۇكى، اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوشۇرغان نەرسىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ: ﴿اللّٰه ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ﴾[3]. اللّٰه تائالا نېمىنى ئاشكارىلاپ بەردى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەبكە بولغان مۇھەببىتىنى ياكى ئاشىقلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردىمۇ؟ ياق، يەنىلا ياق. اللّٰه تائالا ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللّٰه نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، زەينەب بىلەن توي قىلىش ئارقىلىق بالا بېقىۋېلىش ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولغان رىغبىتىدۇر. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ تەنە قىلىپ: مۇھەممەد ئوغلىنىڭ خوتۇنىنى ئالدى دېيىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىدە يوشۇرغان بۇ نەرسىنى ئوچۇق بايان قىلدى: ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى

[1] سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇر، 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق،﴾[1].

پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلىقىنى، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ چاپلىغان تۆھمەتلىرىدىن پاك ـ پاكىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەسكىن پاكىتلار ۋە پارلاق دەلىللەر ئالدىدا بوھتان توقۇغۇچىلارنىڭ يالغانچىلىقلىرى ئەنە شۇنداق مات بولىدۇ.

7 ـ مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قىزى ھىند (ئۇممۇ سەلىمە) رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەسەدتىن تۇل قالغاندا ئالدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ئىسلام دىنىغا دەسلەپ كىرگەنلەردىن بولۇپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئايالمۇ دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قېچىپ چىققان ئىدى. شۇ جەرياندا ئۇ ئېرىگە سەلىمە ئىسىملىك بىر قىز تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇممۇ سەلىمەنىڭ ئېرى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇ تۆت يېتىم بالىلىرى بىلەن ياردەمچىسىز ۋە قارىغۇچىسىز قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەمرىگە ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇشنى ھەمدە ئۇلارنى ئۆز كاپالىتىگە ئېلىشنى لايىق دەپ قارىمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەلەپ قويغان چاغدا ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ: مەن ياشىنىپ قالغان بىر ئايال، مەن يېتىم بالىلارنىڭ ئانىسى، مېنىڭ كۈندەشلىكىم ھەقىقەتەن قاتتىق دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق گەپ ئەۋەتىدۇ: «يېتىملەرگە كەلسەك، مەن ئۇلارنى ئۆز ئائىلەمگە قېتىۋالىمەن، اللّٰه قا كۆڭلىڭىزدىكى كۈندەشلىكنى كەتكۈزۈۋېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېشىغا پەرۋا قىلمايدۇ. نەتىجىدە ئۇ قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ يېتىم بالىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ، ئۇلارغا قوينىنى كەڭ ئاچىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئاتىسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، اللّٰه ئۇلارغا ئۆز ئاتىسىدىن رەھىمدىل بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نېسىپ قىلىدۇ.

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلىمە ئېسىل نەسەبتىن كېلىپ چىقىش، ھۆرمەتلىك ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇش ۋە ئىسلامغا دەسلەپتە كىرگەنلەردىن بولۇش شەرەپلىرىگە نائىل بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا پىكرى ئۆتكۈرلۈك ئارتۇقچىلىقى بار. بۇنىڭ دەلىلى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غەمگە سالغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىشى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بىزگە يېتەرلىكتۇر. بۇ ۋەقە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ

[1] سۈرە ئەھزاب، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قويغان شەرتلىرىگە ئاساسەن ئون يىل ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ سۈلھىنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىغان، گەرچە ئۇلار ئەڭ يۇكسەك ئىرادە ئىگىلىرى تۇرۇقلۇق بۇ سۈلھىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن.

بۇ سۈلھىنىڭ تەسىرىدىن بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قايتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ تەييارلىنىشقا بۇيرۇغان چاغدا ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا قاشاڭلىق قىلىدۇ ۋە ھېچكىم دەرھال ئىجرا قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ئۇممۇ سەلىمەنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئادەملەر ھالاك بولدى، مەن ئۇلارغا بۇيرۇق قىلسام، ئۇلار ئەمەل قىلمىدى» دەيدۇ. ئۇممۇ سەلىمە ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، چېچىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئەگىشىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ بۇيرۇقنىڭ يېنىشقا بولمايدىغان كەسكىن بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ساتراچقا بېشىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەس ـ بەستە ئەگەشتى، باشلىرىنى چۈشۈردى ۋە ئېھرامدىن چىقتى. مانا بۇ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلىمەنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغان ئىدى. اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنى رازى قىلغۇەتسۇن!

8 ـ ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى رەملە (ئۇممۇ ھەبىبە) رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى ئەمرىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشتىن تۇل قالغان بولۇپ، ئېرى ھەبەشىستاندا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى ئېلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەھرى ھەققى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن 4000 تەڭگە بېرىپ، ئۇممۇ ھەبىبەنى شۇرەھبىيل ئىبنى ھەسەنەنىڭ ھەمراھلىقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئېلىشىدىكى ھېكمەت ھەققىدە بىز يۇقىرىدىمۇ توختىلىپ ئۆتتۇق.

9 ـ ۋە 10 ـ ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارىس ئىبنى زىرارنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەنى ئالىدۇ. ئۇ مۇسافىئ ئىبنى سەفۋاندىن تۇل قالغان بولۇپ، ئېرى مۇرەيسىيئ ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە بۇ ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ئىسلامغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەڭ كۆپ جېدەل قىلىدىغان دۈشمەنلەردىن بىرى ئىدى. بىز

هۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلىشىدىكى ھېكمەتنى، شۇنداقلا ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىييەنى ئېلىشىدىكى ھېكمەتنى سىياسىي جەھەتتىكى ھېكمەت ھەققىدە توختالغاندا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

**11 ـ ھىلال قەبىلىسىدىن ھارىسنىڭ قىزى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:**

ئۇنىڭ ئىسمى بەررە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مەيمۇنە دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايالىدۇر. ئائىشە ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدە (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە) الله قا ئەڭ تەقۋادارلىق قىلىدىغان، بەك سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان ئايال ئىدى.» ئۇ ئەبۇ رەھىم ئىبنى ئابدۇلئۇززادىن تۇل قالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەيمۇنە بىلەن تويى قىلىشقا ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىزىقتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقاندارچىلىقنى ياخشى رەۋىشتە يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە ئالغانلىقى ھېچكىمگە يوشۇرۇن ئەمەس.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

مانا بۇلار مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئاياللىرى ھەققىدىكى قىسقىچە ئەھۋاللار بولۇپ، الله تائالا ئۇلارنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇش ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولۇش شەرىپىگە ئىگە قىلدى. الله تائالا ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر، سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ، (گۇماندىن خالى) ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئېلىشتا نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، دىنىنىڭ ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى كۆزلىگەن. نەتىجىدە قەبىلىلەرنىڭ چوڭلىرىنى ۋە جەمەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆزىگە تارتالىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشەدىن باشقا ھەممە ئاياللىرى تۇل ئىدى. ئۇ ھىجرەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا ئۇرۇش باشلانغان، ئۇرۇش كۆپ بولۇپ ئادەملەر كۆپلەپ ئۆلگەن يىللاردا كۆپ خوتۇنلۇق بولغان. بۇ يىللار ھىجرەتنىڭ 2 ـ يىلىدىن 8 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىق بولۇپ، 8 ـ يىلى مۇسۇلمانلار تولۇق غەلىبە

[1] سۈرە ئەھزاب، 32 ـ ئايەت.

www.munber.org

قازانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەر بىر خوتۇننى ئېلىشىدا بىزگە ئۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، يۈرەكلىك، ئالىي مەقسەتلىك ۋە گۈزەل مۇئامىلىلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەسكىن دەلىللەر ئاشكارا بولىدۇ. مانا بۇ، پەسكەش بوھتانچىلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا تامامەن خىلاپتۇر. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ دىلىغا ھاۋايى ھەۋەس ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ياشلىق باھارىدا توي قىلغان ۋە قىزلارنى ئالغان بولاتتى. لېكىن غەرب ئەللىرىدىكى ئەنە شۇ شەرقشۇناسلارنىڭ دىللىرىغا قاپقارا ئۆچمەنلىك تولۇپ كەتكەن. نەتىجىدە ئۇلارنى پارلاق ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى كۆرۈشتىن كور قىلغان. الله تائالا تولىمۇ راست ئېيتىدۇ: ﴿بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنى يوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ، (ئى كۇففارلار جامائەسى! الله نى بالىسى بار، خوتۇنى بار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سىلەرگە ۋاي!﴾[1].

[1] سۈرە ئەنبىيا، 18 ـ ئايەت.

## زىياپەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتَ ٱلنَّبِيِّ إِلَّآ أَن يُؤۡذَنَ لَكُمۡ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيۡرَ نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ وَلَٰكِنۡ إِذَا دُعِيتُمۡ فَٱدۡخُلُواْ فَإِذَا طَعِمۡتُمۡ فَٱنتَشِرُواْ وَلَا مُسۡتَـٔۡنِسِينَ لِحَدِيثٍۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ يُؤۡذِي ٱلنَّبِيَّ فَيَسۡتَحۡيِۦ مِنكُمۡۖ وَٱللَّهُ لَا يَسۡتَحۡيِۦ مِنَ ٱلۡحَقِّۚ وَإِذَا سَأَلۡتُمُوهُنَّ مَتَٰعٗا فَسۡـَٔلُوهُنَّ مِن وَرَآءِ حِجَابٖۚ ذَٰلِكُمۡ أَطۡهَرُ لِقُلُوبِكُمۡ وَقُلُوبِهِنَّۚ وَمَا كَانَ لَكُمۡ أَن تُؤۡذُواْ رَسُولَ ٱللَّهِ وَلَآ أَن تَنكِحُوٓاْ أَزۡوَٰجَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦٓ أَبَدًاۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمًا ٥٣ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، اللّٰه ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ، سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ. سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾.

ـــ سۈرە ئەھزاب 53 ـــ ئايەت

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يُؤۡذَنَ لَكُمۡ: (چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردىلا) يەنى تاماق يېيىشكە چاقىرىلغان چېغىڭلاردا. ئايەت: پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە پەقەت تاماققا چاقىرىلغان چېغىڭلاردىلا كىرىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ: (تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان)، ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنا دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا بىر نەرسىنىڭ

ۋايىغا يېتىشىنى، تەييار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ﴿تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار﴾ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

بەزى تەپسىرشۇناسلار: «ئىنا» دېگەن سۆز «ئانە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ۋاقتى كەلگەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەت بىرىنچى قاراشقا ئاساسەن تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار دېگەن مەنىنى، ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن تاماقنىڭ پىشىش ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ھەر ئىككىلى مەنە بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر[2].

فَٱنتَشِرُوا: (تارقاپ كېتىڭلار) يەنى چىقىپ كېتىڭلار ۋە تارقاپ كېتىڭلار. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللّٰه نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾[3] يەنى رىزىق تىلەش ۋە ئىشلەش ئۈچۈن زېمىنغا تاراپ كېتىڭلار.

مُسْتَئْنِسِينَ لِحَدِيثٍ: (پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش)، كىشىلەر ئادەتتە تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئۇزۇن ئولتۇراتتى، بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشاتتى. شۇڭا اللّٰه تائالا ئۇلارغا تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىش، ئۆي ئىگىلىرىنى بىئارام قىلماسلىق ئەخلاقىنى ئۆگەتتى. چۈنكى، تاماقتىن كېيىن يەنە ئولتۇرۇۋېلىش ئۆي ئىگىسىگە بىر خىل بىئاراملىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

إِنَّ ذَٰلِكُمْ: (بۇ ھەقىقەتەن)، بۇ كۆرسەتكۈچ ئىسىم ئالمىشى بولۇپ، پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە چاقىرىلماستىن كىرىشىنى ۋە تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئىككىنچى مەنىنى كۆرسىتىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار. ئايەت: تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ۋە تاماقتىن كېيىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش پەيغەمبەرنى رەنجىتىپ قويىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

فَيَسْتَحْيِۦ مِنكُمْ: (سىلەردىن خىجىل بولىدۇ) يەنى پەيغەمبەر سىلەرنى ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىشتىن خىجىل بولىدۇ. اللّٰه ھەقنى بايان قىلىشتىن خىجىل بولمايدۇ.

مَتَٰعًا: (بىرەر نەرسە)، بۇ سۆز ئائىلىدە موھتاج بولۇپ قالىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ لۇغەتتە: كىيىم ـ كېچەك، قازان ـ قومۇچ، قاچا ـ قۇچا ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ماددىي جەھەتتە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى، مەنىۋي جەھەتتە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلىشنى ۋە ئۇنىڭدىن سوئال سوراشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز يەنە بەزىدە

[1] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، أَنَ بۆلۈمى.

[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى ۋە ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

[3] سۈرە جۇمۇئە، 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرەر نەرسىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىش مەنىلىرىدە كېلىدۇ. ﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴾[1]. ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۇنيا پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى نەرسە ياخشى ئايالدۇر.»[2]

حِجَاب: (پەردە) يەنى كۆزنى توسىدىغان پەردە. ھىجابلىق ئايال پۈركەنجە بىلەن ئۆزىنى پەردىلىۋالىدۇ. پەردە بىر نەرسىنى پەردىلەيدىغان نەرسىنىڭ ئىسمىدۇر. ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسە پەردە دېيىلىدۇ. ﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار﴾[3].

ئايەت: ئەگەر سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن پايدىلىنىشقا ۋە مەنپەئەت ئېلىشقا تېگىشلىك بىرەر نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ۋە توساق ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

أَطْهَرَ: (ئەڭ پاك تۇتىدۇ) يەنى ئەڭ سالامەت ۋە ئەڭ پاكىز تۇتىدۇ. ئايەت: سىلەر ئاياللاردىن نەرسە سورىغاندا پەردە ئارقىسىدىن سورىساڭلار، ئەرلەر ئاياللار بىلەن ئارىلاشقاندا تۇغۇلىدىغان بىمەنە پىكىر ۋە ئېتىقسىز خىياللاردىن سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتقىلى بولىدۇ، ھەمدە شۈبھە ۋە يامان گۇمانلاردىن ئەڭ يىراق تۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئىسلام دىنى ئۇلار ئۈچۈن بېكىتكەن، ئۇلارنىڭ دىنىغا ۋە دۇنيالىقىغا پايدىلىق بولغان، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىدە پايدىلىق بولغان يوليورۇقلارغا ۋە ھېكمەتلىك كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىجىسىگە ھېچقانداق دەرىجە توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنى مەيلى سۆز بىلەن بولسۇن، مەيلى ئىش - ھەرىكەت بىلەن بولسۇن رەنجىتىش ﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ﷲ تائالا بىزنى ئىسلام دىنى تەلەپ قىلغان پەزىلەتلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەنە شۇ پەزىلەتلىك ئەخلاقلارنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ئايىتى كەرىم ناھايىتى مۇھىم ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىرى تاماق

[1] سۈرە ھەدىد، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە فۇسسىلەت، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يېيىش، ئىجازەت سوراش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشتىن ئىبارەت زىياپەت ئەخلاقىدۇر. يەنە بىرى ئايالللارغا قانداق خىتاب قىلىش، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىك ياكى خالىي قالماسلىقتىن ئىبارەت شەرئەت بەلگىلىگەن پەردىلىنىش ئەخلاقىدۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت﴾ ئىجازەت سوراپ كىرىڭلار. تاماق ۋاقتلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، تاماق ئۈستىگە كىرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. ياكى تاماقنىڭ پىشىدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن كىرىشكە ئىجازەت سورىماڭلار. پەقەت سىلەر زىياپەتكە چاقىرىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرگە تاماق تەييارلىغان بولسا، كىرسەڭلار بولىدۇ. تاماققا ﴿چاقىرىلغاندا﴾ كىرگەن بولساڭلار، ﴿تاماق يەپ﴾ بولغاندىن كېيىن دەرھال چىقىپ تارقاپ كېتىڭلار. تاماقتىن كېيىن ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىئارام قىلىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. ئۇ ھەقىقەتەن خىجىلچان بولغاچقا، سىلەرنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇيالمايدۇ. ياكى سىلەرنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇۋالغىنىڭلارغا نارازىلىق ئىزھار قىلالمايدۇ. ئۇ ئالىي ئەخلاق، رەھىمدىل قەلب ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭدىن پەقەت سىلەرنى خۇرسەن قىلىدىغان نەرسىلا سادىر بولىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ ئۇنى بىئارام قىلىشىڭلار، ئۇنى ياكى ئۇنىڭ ئەھلىنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار لايىق ئەمەس.

﴿ئەگەر﴾ سىلەر ئۇنىڭ پاك ئاياللىرىدىن بىرەر نەرسىنى سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، تۇساق ۋە ﴿پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار﴾، چۈنكى، مۇنداق قىلىش ﴿سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ﴾ ئەڭ ساپ، گۇمانلاردىن ئەڭ پاك، تۆھمەتلەردىن ئەڭ يىراق تۇتىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنى پاك تۇتىدۇ.

ئى مۆمىنلەر! الله سىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ھىدايەت قىلغان، سىلەرنى كۇپرى قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا چىقارغان پەيغەمبىرىڭلارنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار سىلەرگە لايىق ئەمەس. ئۇ سىلەرنىڭ ئاتاڭلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئاياللىرى ئاناڭلارغا ئوخشايدۇ. بىر مۆمىننىڭ ئۆز ئانىسىنى ئېلىشى دۇرۇس بولامدۇ؟ ئۇنى ھايات ۋاقتىدىمۇ، ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ رەنجىتمەڭلار. ﴿رەسۇلۇللاھتىن كېيىن﴾ ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ﴿مەڭگۈ﴾ ئالماڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىش ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھ بولۇپ، الله سىلەرنىڭ مۇنداق گۇناھىڭلارنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئۇ ﴿الله نىڭ دەرگاھىدا﴾ ئىنتايىن چوڭ گۇناھتۇر، جازاسىمۇ ئىنتايىن قاتتىقتۇر.

# نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

بۇ ئايىتى كەرىم زىياپەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ۋە ئايالLارنىڭ پەردىلىنىشىنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت ناھايىتى مۇھىم ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى بار.

**1** ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوتۇن ئالدى. ئاندىن خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. ئانام ئۇممۇ سۇلەيم ھەيس[1] دېگەن تاماقنى ئەتتى. ئاندىن ئۇنى بىر قاچىغا ئالدى. ئاندىن ماڭا مۇنداق دېدى: ئى ئەنەس! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: بۇنى ئانام ساڭا ئەۋەتتى، ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ساڭا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بىز ساڭا ئەۋەتكەن ئازغىنا تاماقتۇر، دەپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى دېگىن.»

ئەنەس سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا: ئانام ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ساڭا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بىز ساڭا ئەۋەتكەن ئازغىنا تاماقتۇر دېدى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «تاماقنى قويۇپ قويغىن» دېدى. ئاندىن: «سەن بېرىپ پالانىنى، پالانىنى ۋە ساڭا ئۇچرىغانلا كىشىلەرنى ماڭا چاقىرىپ بەرگىن» دېدى. ئۇ خېلى جىق ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتىغان ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسىملىرىنى دەپ بەرگەن كىشىلەرنى ۋە ماڭا ئۇچرىغان كىشىلەرنى چاقىردىم.

بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغۇچىلار ئەنەستىن: ئۇلار قاچە ئادەم ئىدى؟ دەپ سورىغاندا، ئەنەس: ئۇلار **300** گە يېقىن ئادەم ئىدى، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەنەس سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئەنەس! قاچىنى ماڭا بەرگىن» دېدى. ئادەملەر كىرىپ ئۆينىڭ سۇپىسىنى ۋە پەگاسىنى تولدۇرىۋەتكەن ئىدى. پەيغەبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوندىن، ئوندىن ھالقىسىمان بولۇپ ئولتۇرۇڭلار، ھەر ئادەم ئۆز ئالدىدىن يېسۇن» دېدى. ئۇلار ھېلىقى تاماقتىن تويغىچە يېدى. بىر تۈركۈم كىشىلەر تويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر كىردى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئەنەس! قاچىنى كۆتەر» دېدى. مەن تاماقنىڭ قاچىنى قويغاندا جىق ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنى كۆتۈرگەندە جىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. ساھابىلارنىڭ بىر قىسىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئايالى بولسا يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىۋالغان ئىدى.

---

[1] ئەرەبلەرنىڭ بىر خىل تامىقىنىڭ ئىسمى.

www.munber.org

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىئارام قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقىپ، ئاياللىرىغا بىر قۇر سالام قىلىپ چىقتى. ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇنى بىئارام قىپتۇق دەپ ئويلاپ، ھەممىسى دەرھال چىقىپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگىنىچە پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن بىر تەرەپتە ئولتۇرغان ئىدىم. ئۇزاق ئۆتمەيلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمغا قايتىپ چىقتى. الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار...﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىن چىقىپ بۇ ئايەتنى كىشىلەرگە ئوقۇپ بەردى.[1]

2 ـ پەردىلىنىشنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمگە كەلسەك، ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللىرىڭنىڭ قېشىغا ياخشى ئادەممۇ كىرىدۇ، يامان ئادەممۇ كىرىدۇ. مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى ھىجابلىنىشقا بۇيرۇساڭ بوپتىكەن دېدىم. شۇنىڭ بىلەن: ﴿سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار...﴾ دېگەن ھىجاب ئايىتى نازىل بولدى.»

مانا بۇ ئايەت قۇرئان كەرىمدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىگە مۇۋاپىق نازىل بولغان ئۈچ ئايەتنىڭ بىرىدۇر.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۈچ ئىشتا مېنىڭ پىكرىم پەرۋەردىگارىمغا مۇۋاپىقلىشىپ قالدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماقامى ئىبراھىمنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلساڭ بوپتىكەن دېدىم. ئاندىن: ﴿(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)﴾[2] دېگەن ئايەن نازىل بولدى. ھىجاب ھەققىدە ھىجاب ئايىتى نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭغا كۈندەشلىك قىلىشتا بىرلىشىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويىۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى ئاياللارنى بېرىشى مۇمكىن دېدىم. راست دېگەندەك، شۇ مەزمۇندا ئايەت نازىل بولدى.»[3]

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە باشقا رىۋايەتلەرمۇ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىبنۇل ئەرەبى ئېيتقاندەك، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان رىۋايەتلەردىن باشقا ھەممە رىۋايەتلەر ئاجىز ۋە ئىشەنچىسىزدۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە بەقەرە، 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرى﴾ دېگەن سۆزىدە ئۆيلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلىشى ئۇ ئۆيلەرنى شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ، ﴿الله نىڭ تۆگىسى﴾[1]، «الله نىڭ ئۆيى» دېگەن سۆزلەردىكى نىسبەتكە ئوخشاش بولۇپ، شۇ تۆگىنى ھەمدە شۇ ئۆينى ھۆرمەتكە ۋە شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرى ھۆرمەت جەھەتتە باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش ئەمەس. بۇ يەردە بايان قىلىنغان ھۆكۈملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە خاس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە شان ـ شەرىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار﴾ دېگەن سۆزى، گەرچە ئۆيگە كىرىشكە ئۇچۇق رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، چاقىرىلمىغان تاماققا كىرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان چاقىرىلمىغان مېھمانغا ئوخشاش ئالدىن چاقىرىلمىغان زىياپەتكە كىرىدىغان قىلىقنى قىلماسلىقى كېرەك[2].

3 ـ الله تائالا: ﴿لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار﴾ دەيدۇ. ئىمام فەخرۇددىن رازى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتا باركى، ئادەتتە بىر ئۆيگە رۇخسەتسىز كىرىپ ئادەتلەنگەن كىشىگە: ئۆيگە رۇخسەت سورىماي تۇرۇپ كىرمىگىن دېيىلسە، رەنجىپ قالىدۇ ۋە ئارا ئۈزۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن چاقىرىلغان تەقدىردىمۇ ئەسلا كىرمەيدۇ. شۇڭا الله تائالا: سىلەر بويىنى قاتتىق تەكەببۇرلارنىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشاش ئىشنى قىلماڭلار، بەلكى، بۇيرۇقنى ئاڭلايدىغان ۋە ئىتائەت قىلىدىغان كىشىلەر بولۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە: كىرمەڭلار دېيىلسە، كىرمەڭلار، ئەگەر كىرىڭلار دېيىلسە، كىرىڭلار دېمەكچى بولغان.»[3] مانا بۇ ھەقىقەتەن ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنىدۇر.

4 ـ الله تائالا: ﴿(تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار﴾ دەيدۇ. بۇ ئايەت تاماقتىن كېيىن يەنە پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۆيگە كېلىشتىكى مەقسەت زىياپەتكە قاتنىشىش بولۇپ، ئۇ ئاللىبۇرۇن تۈگەپ بولدى. شۇڭا ئائىلە كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ئۈچۈن يالغۇز قېلىشى كېرەك. تاماقتىن كېيىن ئولتۇرۇۋېلىش ياخشى ئىش ئەمەس بولۇپ، كىشىگە ئېغىر كېلىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت بارغان يەردە ئېغىر بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان.» بەزىلەر بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ: «مانا بۇ

[1] سۈرە شەمس، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 794 ـ بەت.

www.munber.org

اللە تائالا تەرپىدىن بېكىتىلگەن ئەخلاق بولۇپ، اللە تائالا ئۇنى بارغان يەردە ئېغىر بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان كىشىلەرگە ئۆگەتتى» دېگەن.

ئائىشە ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شەرىئەتنىڭ بارغان يەردە ئېغىر بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان كىشىلەرگە كەڭچىلىك قىلمىغانلىقى ساڭا يېتەرلىكتۇر.»[1]

5 ـ اللە تائالا: ﴿پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، اللە ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ﴾ دەيدۇ. خىجىل بولۇش ئۆز زاتىدا بولماستىن، پەقەت ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولىدۇ. چۈنكى، اللە تائالانىڭ: ﴿اللە ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ﴾ دېگەن سۆزى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. اللە تائالا ئايەتتە: «اللە سىلەردىن خىجىل بولمايدۇ» دېمىدى. سۆزدە قىسقارتىلما بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق شەكلى مۇنداق: پەيغەمبەر سىلەرنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشتىن ياكى سىلەرنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇشتىن خىجىل بولىدۇ. اللە ھەقنى بايان قىلىشتىن خىجىل بولمايدۇ.

بۇ ئايەتتە اللە تائالا ئۆزىنىڭ ھەقتىن خىجىل بولمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ھەقنى بايان قىلىشتىن سۈكۈت قىلماسلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولغان ۋە سۈكۈت قىلىشنى خىجىل بولۇش دەپ ئاتىغان.

6 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ﴾ دېگەن سۆزى كۆز بىلەن دىلنىڭ ئارىسىدا چەمبەرچاس ئالاقىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كۆز ھاۋايى ھەۋەسنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. قاراش شەھۋەتكە يول ئاچىدۇ. ئەگەر كۆز كۆرمىسە، كۆڭۈل تارتمايدۇ. كۆز كۆرمىگەندە دىلنى ئەڭ پاك تۇتقىلى بولىدۇ. شۇ چاغدىلا پىتنىدىن ئەڭ ياخشى ساقلانغىلى بولىدۇ.

7 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن اللە نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾ دېگەن سۆزىدىكى كۆرسەتكۈچ ئالماش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىشنى ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالانىڭ: ﴿اللە نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾ دېگەن سۆزى بۇ گۇناھنىڭ مۆلچەرلەش مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە چوڭ ۋە قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىنى ناھايىتى كاتتا قىلغانلىقى، ئۇ ھايات بولسۇن ياكى ۋاپات بولغان بولسۇن، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى لازىم قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا ئاگاھلاندۇرۇشنى ناھايىتى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ بايان قىلغان.»

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 247 ـ بەت.

# شەرىئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

### دەۋەتسىز تاماق يېيىش دۇرۇس بولامدۇ؟

فىقھشۇناسلار باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەتسىز كىرىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە، بىر ئادەمنىڭ تامىقىنى پەقەت ئۇنىڭ ئوچۇق ياكى ئىشارى ئىجازىتى بولغاندىلا ئاندىن يېيىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكى پەقەت چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بەرگەندىلا ئاندىن دۇرۇس بولىدۇ.»

بۇ ئايىتى كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز كىرىشنىڭ ھاراملىقىنى، شۇنداقلا چاقىرىلمىغان مېھمانىنىڭ قىلىقىنى قىلىپ چاقىرىلمىغان زىياپەتكە كىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق قىلغۇچى «چاقىرىلمىغان مېھمان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھۆكۈم پۈتۈن ئۆيلەر ھەققىدە ئاممىباپتۇر. بىر كىشىنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئۆيىگە ئىجازەتسىز كىرىشى دۇرۇس ئەمەس. شۇنداقلا تاماق ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز تاماق يېيىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس. مانا بۇ ئىسلام دىنى كۆرسەتكەن ئەڭ ئالىي ئىجتىمائىي ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماق يەيدىغان ۋاقتىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە تاماق تەييار بولۇشتىن ئىلگىرى كىرەتتى ۋە تاماق پىشقىچە كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئاندىن تاماقنى يەيتتى، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىنمۇ چىقىپ كەتمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن بىئارام بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.»[1]

ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مۆمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرىشتىن مەنئى قىلدى. ئۇلار بۇنىڭدىن چەكلىنىشتىن ئىلگىرى، جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرىۋېرەتتى. الله بۇ ئۇممەتكە كۆندەشلىكنى ئىرادە قىلدى ـ دە، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرمەسلىككە ئەمر قىلدى. بۇ ئايەت مۇنداق مەنە بېرىدۇ: مانا بۇ الله تائالانىڭ بۇ ئۇممەتكە قىلغان ياخشىلىقىدۇر. تاماق ئېتىلىدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پىشىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقاندا لۆممىدە كىرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. بۇ ھەققەتەن الله ياقتۇرمايدىغان ۋە ئەيىبلەيدىغان يامان ئىشتۇر. بۇ ئايەت چاقىرىلمىغان زىياپەتكە

---

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 246 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 413 ـ بەت.

www.munber.org

بېرىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەبلەر ئۇنداق كىشىنى «چاقىرىلمىغان مېھمان» دەپ ئاتايدۇ.»[①]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

زىياپەت تامىقىنى يېگەندىن كېيىن چىقىپ كەتمەي ئولتۇرۇش ھاراممۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار﴾ دېگەن سۆزى تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، الله ئۇنى مۆمىنلەرگە ئۆگەتتىدۇ. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتمەي ئولتۇرۇش ھارام ئەمەس، لېكىن ئۇ ئىسلام ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا خىلاپتۇر. چۈنكى، ئۇ ئۆي ئىگىلىرىنى بىئارام قىلىدۇ. بولۇپمۇ بىر ئېغىزلىق ئۆيى بار ئادەمنىڭ ئۆيىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. پەقەت ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ ئۆلتۇرۇشىغا ئىجازەت بەرگەن ياكى ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان بولسا ۋە ياكى ئۇ ئەيىبلەشكە تېگىشلىك دەرىجىدە ئېغىر بىسىپ ئولتۇرماستىن، ئادەملەر ئولتۇرۇپ ئادەتلەنگەن ئادەت بويىچە ئازغىنا ئولتۇرسا، گۇناھ بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ چىقىپ كېتىش ئەۋزەلدۇر. دېمەك، تاماقتىن كېيىن ئولتۇرۇۋېلىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ئائىلە كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ئۈچۈن يالغۇز قېلىشى كېرەك. تاماقتىن كېيىن ئولتۇرۇۋېرىش ياخشى ئىش ئەمەس بولۇپ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ساغلام تەبىئەتكە زىت كېلىدۇ.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

ھىجابلىنىش ھەققىدىكى بۇيرۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغىلا خاسمۇ ياكى ئاممىبابمۇ؟

بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە خاس قىلىپ نازىل بولغان. لېكىن ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەر ئاممىباب بولۇپ، پۈتۈن مۆمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلار، ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەممە ئىنسانلار باراۋەردۇر. ئاياللارغا ئارىلاشماسلىق، ئۇلاردىن نەرسە سوراپ ئالغاندا پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىش ھەققىدە قىلىنغان بۇ بۇيرۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغىلا خاس قىلىنغان ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھۆرمەت جەھەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى قىلىنغان، ھەمدە ئۇلار بىلەن توي قىلىش ھارام قىلىنغان تۇرۇقلۇق، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئۇلارغا قاراش دۇرۇس بولمىغان ئىكەن، شۇنداقلا ئۇلاردىن نەرسە سوراپ ئالغاندا پەقەت پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىش لازىم بولغان ئىكەن، ئۇلاردىن باشقا

① ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.

ئايالالر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنىڭ ياكى ئۇلار بىلەن پەردىسىز پاراڭلىشىشنىڭ تېخىمۇ ھارام ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. چۈنكى، ئايالار بىلەن ئارىلاشقاندا پىتنە چىقىش چوقۇمدۇر.

ھىجابلىنىش ھەققىدىكى بۇيرۇققا كەلسەك، ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئەمەس، بەلكى مۆمىنلەرنىڭ پۈتۈن ئاياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالانىڭ بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزى ئۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾[1]. بىرەر مۆمىن ئايال بۇ خىتابنىڭ سىرتىدا قالدىمۇ؟ ھەتتا بەزى ئازغۇنلارنىڭ: ھىجاب باشقا ئاياللارغا ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خاس پەرز قىلىنغان دەپ بىلجىرلىغىنىدەك، ھىجابلىنىش بۇيرۇقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغىلا خاس قىلىنغانمۇ؟

الله خالىسا بىز بۇ تېما ئۈستىدە ھىجابنىڭ پەرز بولۇشى ھەققىدە توختالغاندا كەڭ دائىرىدە توختىلىپ ئۆتىمىز ھەمدە ھىجابلانماسلىقنى ھالال سانىغان ئاشۇ كىشىلەر دەلىل قىلغان خاتا قاراشلارنى بايان قىلىمىز ۋە ئۇنى كەسكىن دەلىللەر بىلەن مات قىلىمىز. شۇ ماۋزۇغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

مېھمانغا قويۇلغان تاماق ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ ياكى يېيىشى ئۈچۈنلا رۇخسەت قىلىنغانمۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار﴾ دېگەن سۆزى مېھمانغا قويۇلغان تاماقنىڭ ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت يېيىش ئۈچۈن قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مېھمان ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتسە، بۇ ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى، ساھىبخان تاماقنى مېھماننىڭ ئىگە بولۇشى ياكى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشى ۋە ياكى باشقا بىرىگە بېرىۋېتىشى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ يېيىشى ئۈچۈن قويغان.

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مېھماننىڭ ئۆزىنىڭ مۈلكىنى ئەمەس، ساھىبخاننىڭ مۈلكىنى يەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا: ﴿تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار﴾ دېدى. دېمەك، الله تائالا مېھمانغا ئۇنى يېيىشتىن كۆپ ھەق بەرمىدى، شۇنداقلا ئۇنى باشقا بىرىگىمۇ نىسبەت بەرمىدى. شۇڭا ئىگىدارچىلىق ئەسلىدىكى پېتى قالىدۇ.»[2]

### بەشىنچى ھۆكۈم

[1] سۈرە ئەھزاب، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 227 ـ بەت.

www.munber.org

مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ نىكاھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاجراپ كېتەمدۇ؟

قۇرتۇبى «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ نىكاھىدا قېلىۋېرەمدۇ ياكى ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭ ئۇلار نىكاھتىن ئاجراپ كېتەمدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭ ئۇلار نىكاھتىن ئاجراپ كەتسە، ئۇلارغا ئىددەت تۇتۇش ۋاجىپمۇ ياكى ئىددەت تۇتمىسىمۇ بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: ئۇلارنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ۋاجىپ، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەمرىدە ساقلىغان ھالەتتە ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئىددەت تۇتۇش ئىبادەتتۇر، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇلار ئىددەت تۇتمايدۇ، چۈنكى، ئىددەت تۇتۇش باشقا ئەرگە تېگىش مۇددىتىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بۇ مۇددەتنى كۈتمەيدۇ، دەيدۇ.»

ئىمام قۇرتۇبى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككىنچى قاراش توغرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئائىلەمدىكىلەرنىڭ»، يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاياللىرىنىڭ خىراجىتىدىن باشقا نەرسە قالدۇرمىدىم.»

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا، ئۇلار ئۆز نىكاھىدا قېلىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھاياتى بويىچە خىراجەت ۋە تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلىنىشىنى قالدۇرغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ باشقا ئەرگە تېگىشى ھارامدۇر. مانا بۇ ئۇلار ئارىسىدىكى نىكاھنىڭ ئاجراپ كەتمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقا ئەرنىڭ ئۆز ئاياللىرى يېنىدا بولمىغان چاغلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئاخىرەتتىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئاياللىرىدۇر. باشقىلارنىڭ ئاياللىرى بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ھېچكىم ئايالى بىلەن ئاخىرەتتىمۇ بىر ئۆيدە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى جەننەتتە، يەنە بىرى دوزاختا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبنىڭ قېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا مۇناسىۋەتلىك سەۋەب ۋە مېنىڭ نەسەبىمدىن باشقا ھەممە سەۋەب ۋە نەسەب ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ماڭا مۇناسىۋەتلىك سەۋەب ۋە مېنىڭ نەسەبىم قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.»

ئەمما كەلبىيە ۋە باشقىلارغا ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويۇۋەتكەن ئاياللارغا كەلسەك، باشقىلارنىڭ ئۇلارنى ئېلىشى دۇرۇس بولامدۇ؟

بۇ مەسىلىدىمۇ ئىختىلاپ بار. توغرىسى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلبىيەنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىلنىڭ

ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بىز بۇ رىۋايەتنى يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنى ئالغان ئادەم ئەشئەس ئىبنى قەيس كىندىدۇر دېگەن قاراشمۇ بار. قازى ئەبۇ تەييىب مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئالغان كىشى مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەدۇر. بۇ ئىشقا ھېچكىم قارشى چىقمىغان. شۇڭا ئۇ بۇنىڭ بىرلىككە كەلگەن مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەتسىز كىرىش، شۇنداقلا ئالدىنئالا چاقىرىلماستىن كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

2 ـ تاماق پىششىتىن بۇرۇن كىرىش ۋە زىياپەت تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئولتۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش، ھۆرمەت قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇش ۋاجىپتۇر.

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن رەنجىتىش ھارامدۇر. ھەممە ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم.

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى ئېلىش ھارامدۇر. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدۇر.

6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى كىشىلەرنى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇشتىن توسۇپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئېغىرىنى سالماسلىق لازىم.

7 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى باشقا ئاياللار ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە ۋە نەمۇنىدۇر. شۇڭا ئۇلارغا پەردە ئارقىسىدىن گەپ قىلىش لازىم.

8 ـ ئاياللارغا ئارىلاشماسلىق كىشىنىڭ كۆڭلىنى پاك، دىلىنى سالامەت، كۆرپىسىنى پاكىز، تۆھمەتلەردىن يىراق تۇتىدۇ.

9 ـ قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 230 ـ بەت.

www.munber.org

# ھۆكۈملەرنىڭ ھېكمىتى

اﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئىززىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيلىرىگە مۆمىنلەرنىڭ رۇخسەتسىز كىرىشىنى ھارام قىلدى. كىشىلەرنى مەيلى ئۇنىڭ ئۆيلىرىگە ئالدىنئالا دەۋەت قىلىنماستىن كىرىشتە بولسۇن، مەيلى زىياپەت تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئولتۇرۇۋېلىشتا بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىرنى سېلىشنى مەنئى قىلدى. چۈنكى، ئەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلىش ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كېلىدۇ ۋە ئۇنى رەنجىتىدۇ. چاقىرىلمىغان ئۆيگە بېرىش ۋە ئۆي ئىگىلىرىگە ئېغىرنى سېلىش مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ھايالىق ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتقاندەك، ئۇ ھوجرىسىدىن چىقمايدىغان قىزدىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى. ئۆزىگە قانچىلىك ئەزىيەت ۋە زىيان يەتكەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ھېچ ئادەمگە ئۇ ياقتۇرمايدىغان نەرسە بىلەن جاۋاب قايتۇرماسلىق ئۇنىڭ ئەخلاقى ئىدى. زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ئولتۇرۇۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇماسلىق ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. چۈنكى، مۇنداق قىلىش بىر دەۋەتچىنىڭ ئەخلاقىغا توغرا كەلمەيدىغان ئىش تۇرسا، قانداقمۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقىغا، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارىنىڭ سۈپەتلىرىگە توغرا كەلسۇن؟ ﴿ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى﴾[1].

ئىسلام ئەخلاقنى تېخى ئۆزلىرىگە تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمىغان بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماق يەيدىغان ۋاقىتلىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۆيگە تاماق پىشىشتىن بۇرۇن كىرەتتى ۋە تاماق پىشقىچە ئولتۇراتتى. ئاندىن تاماقنى يەپ بولۇپ، چىقىپ كەتمەستىن يەنە پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. دېمەك، كىشىلەر ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئۆزلىرىنى كەمچىلىك ئۆتكۈزۈشتىن ۋە ۋىجدانغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە موھتاج بولغاچقا، اﷲ تائالا بۇ ئايەتلەرنى ئىسلام ئۈممىتىگە تەلىم بېرىش، ئۇلارنى توغرا ۋە تۈز يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل قىلغان.

ئىسمائىل ئىبنى ئەبۇ ھەكىم مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ، بارغان يەردە ئېغىر بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان كىشىلەرگە اﷲ تائالا ئۆگەتكەن ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردۇر.»

يەنە بىر ئالىم مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت بارغان يەردە ئېغىر بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بارغان يەردە ئېغىر بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان كىشىلەرگە كەڭچىلىك قىلمىغانلىقى ساڭا يېتەرلىك دەلىلدۇر.»

[1] سۈرە ئال ئىمران، 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇناپىقلارنىڭ بەزىلىرى سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بېرىپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنى ئىبرى ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئالغاندا: مۇھەممەد بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنى ئېلىۋېرەمدۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ ئۆلسە، ئۇنىڭ ئاياللىرىنى چوقۇم چەك تاشلاپ بۆلۈشۇالىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولدى. الله تائالا ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئېلىشنى ھارام قىلدى. ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ئانىلارنىڭ ھۆكمىنى بەردى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىنى پەرقلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. مۆمىننىڭ ئۇنى ياكى ئۇنىڭ ئاياللىرىنى رەنجىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنىڭ ئاتىسىدۇر. ئىنسان ئاتىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن، قۇرئان كەرىمنىڭ دەلىلى[1] بويىچە ئانىسى ھېسابلانغان ئايال بىلەن توي قىلسا توغرا بولامدۇ؟ الله تائالا تولىمۇ راست ئېيتىدۇ: ﴿سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾.

[1] الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىلىرىدىنمۇ چاردۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر...﴾ سۈرە ئەھزاب، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

﴿إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَـٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِىِّ ۚ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ صَلُّوا۟ عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا۟
تَسْلِيمًا ﴿٥٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا
مُّهِينًا ﴿٥٧﴾ وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتِ بِغَيْرِ مَا ٱكْتَسَبُوا۟ فَقَدِ ٱحْتَمَلُوا۟ بُهْتَـٰنًا
وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿٥٨﴾﴾

﴿الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللانىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر). الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللا يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ. مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾.

سۈرە ئەھزاب 56 ـ، 57 ـ، 58 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يُصَلُّونَ: (رەھمەت يوللايدۇ، مەغپىرەت تىلەيدۇ، دۇرۇد ئېيتىدۇ)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەسسەلات» بولۇپ، لۇغەتتە دۇئا قىلىش، مەغپىرەت تىلەش، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ﴾[1] يەنى ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلغىن.

[1] سۈرە تەۋبە، 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرز نامازمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئاتالغان. چۈنكى ئۇنىڭدا دۇئا قىلىش ۋە مەغپىرەت تىلەش بار. بۇ سۆز يەنە رەھمەت تىلەش مەنىسىدە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «ئى الله! ئەبۇ ئەۋفانىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت يوللىغىن.»

ئەزھەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس: ئى الله! ئەبۇ ئەفانىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلغىن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ.»

ئەبۇ ئالىيە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا يوللىغان رەھمىتى پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى ماختىغانلىقىدۇر. پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يوللىغان رەھمىتى ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇر.»[1]

ٱلنَّبِىِّ: (پەيغەمبەر)، جەۋھەرى مۇنداق دەيدۇ: ««ئەننەبىي» دېگەن سۆز الله نىڭ نامىدىن خەۋەر يەتكۈزگۈچى كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى «ئەنبىيائ» بولۇپ، پەيغەمبەرلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: قۇرئان كەرىمدە «ئەننەبىي» ياكى «ئەررەسۇل» (پەيغەمبەر، ئەلچى) دەپ كەلگەن خىتابنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئەلچىلەرنىڭ (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت يوللىسۇن!) ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ.

يُؤْذُونَ ٱللَّهَ: (الله نى رەنجىتىدىغانلار)، الله تائالانى رەنجىتىش بولسا، يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە مۇشرىكلارغا ئوخشاش، الله تائالانى ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن يەھۇدىيلار مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)﴾[2]. ﴿ئۇزەير الله نىڭ ئوغلىدۇر﴾[3]. خرىستىئانلار مۇنداق دېدى: ﴿مەسىھ (يەنى ئىسا) الله نىڭ ئوغلىدۇر﴾[4]. ﴿الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر﴾[5]. قۇرەيش كۇففارلىرى مۇنداق دېدى: «پەرىشتىلەر الله نىڭ قىزلىرىدۇر.» بۇنىڭدىن باشقا يەنە الله تائالا رازى بولمايدىغان كۇفرى ۋە ئىسيانكار سۆزلەرمۇ الله تائالانى رەنجىتىش ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىش بولسا، كاپىرلارنىڭ: ئۇ ﴿بىر مەجنۇن﴾[6]، ﴿ئۇ شائىردۇر﴾[1]، ﴿بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر﴾[2] دېگەن سۆزلىرىگە، ياكى ئۇنىڭ مۇبارەك

---

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 799 ـ بەت.
[2] سۈرە مائىدە، 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە تەۋبە، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە مائىدە، 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە ساففات، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى، سۈرە دۇخان، 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

يۈزىنى يېرىۋەتكەن، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا قوزۇق چىشىنى سۇندۇرىۋەتكەندەك ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىگە ئوخشايدۇ، شۇنداقلا مۇناپىقلار بىلەن كاپىرلار ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن ماددىي ۋە مەنىۋىي ئەزىيەتلەرگە ئوخشايدۇ.

لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ: (الله ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلدى)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «لەئن» بولۇپ، الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلىماق، يىراق قىلماق، لەنەت قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار لەنەت قىلىنغان ھالدا﴾③.

بُهۡتَـٰنًا: (بوھتاننى)، بۇ سۆز تۆھمەت، ئوچۇق يالغان سۆز دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمگە بوھتان قىلىش بولسا، ئۇ ئادەمدە قەتئىي يوق بولغان بىر ئىش بىلەن ئۇنىڭغا قارا چاپلاشنى كۆرسىتىدۇ. تۆھمەت بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان يالغان سۆز بوھتان دېيىلىدۇ.»④

مُّبِينًا: (روشەن)، بۇ سۆز ئوچۇق ـ ئاشكارا دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوچۇق يالغان سۆزدۇر، بوھتاندۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئېرىشكەن كاتتا ئابرۇيىنى، ئالىي مەرتىۋىسىنى ۋە يۈكسەك دەرىجىسىنى، ئۇنىڭ ئۈستىنكى ئالەمدىكى خوجايىنلىقىنى ۋە يۈكسەك ئورنىنى، الله تائالا ئۇنىڭغىلا خاس قىلغان مەدھىيىلەرنى ۋە گۈزەل زىكرىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەقىقەتەن﴾ پەيغەمبىرىگە رەھمەت يوللايدۇ، ئۇنىڭ شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇنىڭ پاك قوشۇنى بولغان ھۆرمەتلىك ﴿پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلىدۇ، مەغپىرەت تىلەيدۇ. الله دىن بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى، ئۇلۇغلىشىنى، ئۇنى ئەڭ ئالىي مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرۈشىنى، دىنىنى پۈتۈن دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇشىنى، ئۇنىڭ ئۆز ئۈممىتىنى نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ۋە كاتتا ئارتۇقچىلىقلارغا ئېرىشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب ئاتا قىلىشىنى تىلەيدۇ.

---

① سۈرە نۇر، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ساد، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى، سۈرە قەمەر، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە ئەھزاب، 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، Ǩŏ بۆلۈمى.

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار﴾، ئۇنىڭ ئىشىنى چوڭ بىلىڭلار، شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىڭلار، ئۇنىڭغا كۆپ دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى ناھايىتى چوڭدۇر. سىلەر ھەرقانچە قىلساڭلارمۇ ئۇنىڭ ھەققىنى ھەرگىز ئادا قىلىپ بولالمايسىلەر. ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن قۇتقۇزۇپ، ھىدايەت يولىغا باشلىدى. اللە سىلەرنى ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن كۇپۇرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا باشلىدى. ﴿سىلەرنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، اللە بەندىسىگە رۇشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى، اللە شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

شۇڭا سىلەر ئۇنىڭ گۈزەل ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھەرقانداق ۋاقىتتا: ئى اللە! مۇھەممەدكە رەھمەت يوللىغىن ۋە كۆپتىن ـ كۆپ ئامانلىق ئاتا قىلغىن، دەڭلار. ھەمدە اللە قا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ نامىڭلاردا كۆپ مۇكاپات بېرىشىنى تىلەڭلار.

كېيىنكى ئايەتتە اللە تائالا ﴿اللە نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى اللە ۋە رەسۇلۇللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار)﴾ نىڭ ھەقىقەتەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە اللە نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى، اللە نىڭ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. اللە ھەقىقەتەن ﴿ئۇلارغا خار قىلغۇچى﴾، چىدىغۇسىز، قاتتىق ۋە دەھشەتلىك ﴿ئازابنى تەييارلايدۇ﴾. شۇنداقلا ﴿مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە﴾ ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى نىسبەت بېرىپ، ئۇلارغا يالغان سۆز ۋە بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇلار دېمىگەن سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ نامىدىن توقۇپ چىقىرىپ، ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلارمۇ ئەنە شۇ يامان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

ئىلگىرىكى ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەتسىز كىرىشنىڭ ھاراملىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ پاك ئاياللىرىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى ئۈستىدە سۆزلەندى. اللە تائالا ئۇ ئايەتلەردە مۆمىنلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىدىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولماسلىقىنى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەشنىڭ، ئۇنىڭ شەرەپلىك مەرتىۋىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا رەھمەت يوللايدىغانلىقىنى، مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلغانلىقىنى، پەرىشتىلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. اللە

---

[1] سۈرە ھەدىد، 9 ـ ئايەت.

www.munber.org

تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت يوللايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ مۆمىنلەر ئۇنى ھۆرمەتلىمىسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ھۆرمەتلىنىشكە ۋە ئۇلۇغلىنىشقا لايىق كىشىدۇر. بۇ ئايەتلەر گويا مۆمىنلەرگە: الله تائالا ھەققەتەن ئۇنىڭغا رەھمەت يوللايدىغان، پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيدىغان تۇرسا، سىلەرنىڭ ئۇنى رەنجىتىشىڭلار ھەرگىز توغرا ئەمەس دېمەكچى بولغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بۇ ئايەتلەرنىڭ باغلىنىشلىقى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 - الله تائالا: ﴿الله ھەققەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەننى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ﴾ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەيدىغان بۇ جۈملە مۇشۇ سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ مەدھىيەنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىگىنىڭ خەۋىرى ﴿ھەققەتەن﴾ دېگەن سۆز بىلەن تەكىتلەنگەن. بۇ جۈملىنىڭ بېشى ﴿الله ھەققەتەن﴾ دەپ، ئىسىم بىلەن باشلانغان، ئاخىرى ﴿رەھمەت يوللايدۇ﴾ دەپ، پېئىل بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بۇ مەدھىيە ۋە ئۇلۇغلاشنىڭ ھەردائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىنچىكە سىرنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭ.

2 - بەزىلەر الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت يوللىسا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلىسە، بىزنىڭ ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دەپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا موھتاج بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، الله ئۇنىڭغا رەھمەت يوللىغان يەردە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق بولۇپ قالاتتى. بىز پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن دۇرۇد ئېيتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا بىزگە ساۋاب بېرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتسا، الله ئۇ كىشىگە شۇ دۇرۇدنىڭ بەدىلىگە ئون ھەسسە رەھمەت بېغىشلايدۇ.» پەرۋەردىگارىمىز الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئامانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

3 - ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «"ئەسسالات" دېگەن سۆز لۇغەتتە دۇئا قىلماق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئىپادىلىنىشى

ئەقىلگە ھەرگىز ئۇيغۇن ئەمەس. اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلمايدۇ. چۈنكى باشقا بىرىگە قىلىنغان دۇئا ئۈچىنچى بىر زاتتىن شۇ بىرىگە پايدا يەتكۈزۈشنى تىلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولسا بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، مەنىسى ئورتاق سۆزنى ھەر ئىككىلى مەنىسىدە ئىشلىتىش دۇرۇس بولىدۇ. بىر سۆزنىڭ لۇغەت ۋە كۆچمە مەنىلىرىنى بىرگە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇر. بۇ سۆز اللّٰه تائالا تەرىپىدىن بولسا، رەھمەت قىلىش، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن بولسا، مەغپىرەت تىلەش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر ئىككىلى مەنە رەھمەت قىلىنغۇچىنىڭ ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىنغۇچىنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئورتاق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىكى مەقسەت مەنىدىكى ئورتاقلىق مىقدارنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

4 ـ اللّٰه تائالا بىزنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستافا ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇدى. بىزنىڭ: «ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيمىز» دېگەن سۆزىمىز، ياكى بىرىنىڭ: «ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيمەن» دېگەن سۆزى يېتەرلىك بولاتتى. ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن بىز ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتقاندا: «اللهمّ صلّ على محمد ــ ئى اللّٰه! مۇھەممەدكە رەھمەت قىلغىن!» دەيمىز؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: اللّٰه تائالا ھەقىقەتەن بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇدى. لېكىن بىز ئېيتىدىغان دۇرۇدنىڭ مىقدارىنى بىلمەيمىز. شۇڭا بىز ئۇنى يەنە اللّٰه تائالاغا تاپشۇرۇپ: «اللهمّ صلّ أنت على محمد ـ ئى اللّٰه! مۇھەممەدكە سەن ئۆزەڭ رەھمەت قىلغىن! چۈنكى سەن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان رەھمەتنى ئۆزەڭ بىلىسەن. بىز ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. ئۇنىڭغا لايىق مىقداردىكى مەدھىيەنى بىلىشكە ئەقلىمىز يەتمەيدۇ. شۇڭا بىز بۇ ئىشنى ئۆزەڭگە تاپشۇرۇمىز» دەيمىز. «اللهمّ صلّ على محمد» دېگەن بۇ جۈملىنىڭ سىرىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك ئىكەنلىكىنى بايقىۋالىسىز.

5 ـ بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «اللهمّ صلّ على محمد دېگەن سۆزىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، دۇنيادا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۈستۈن قىلىش، دەۋىتىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش، شەرىئىتىنى مەڭگۈ قالدۇرۇش بىلەن، ئاخىرەتتە ئۇنى ئۈممىتىگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش، ئەجرىنى ۋە ساۋابىنى ھەسسىلەپ بېرىش، مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇننى ئاتا قىلىش بىلەن كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگىن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 796 ـ بەت.

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلەتلىرى

1 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىدە خۇشاللىق ئالامىتى بار ھالدا يېتىپ كەلدى. بىز: سېنىڭ يۈزىڭدە خۇشاللىقنىڭ ئالامىتىنى كۆرىۋاتىمىزغۇ؟ دېدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: «يېنىمغا جىبرىئىل كېلىپ شۇنداق دېدىكى: ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ اللە مۇنداق دەيدۇ: ساڭا دۇرۇد ئېيتقان ھەرقانداق كىشىگە ئون ھەسسە رەھمەت قىلسام، ساڭا ئامانلىق تىلىگەن ھەرقانداق كىشىگە ئون ھەسسە ئامانلىق بەرسەم، سەن رازى بولامسەن؟»[1]

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ماڭا قانچە كۆپ دۇرۇد ئېيتقان كىشى قىيامەت كۈنى ماڭا شۇنچە يېقىن بولىدۇ.»[2]

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئىسمىم يېنىدا تىلغا ئېلىنغاندا ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغان كىشى بېخىلنىڭ دەل ئۆزىدۇر.»[3]

ئى اللە! مەغپىرەتلىرىڭنى، رەھمىتىڭنى ۋە بەرىكەتلىرىڭنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى، بىزنىڭ خوجايىنىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە پۈتۈن ساھابىلىرىگە يوللىغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، ئۇنى ئىجابەت قىلغۇچىسەن!

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش ۋە ئامانلىق تىلەشتە قانداق سۆز قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش سۆز قۇرۇلمىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك سۈننىتىدە كۆپ خىل شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان. بۇ رىۋايەتلەردە ئۇنىڭغا مۆمىنلەر تەرىپىدىن قانداق رەۋىشتە دۇرۇد ئېيتىلغانلىقى ھەر خىل شەكىلدە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ھەر خىل بولۇشى كىشىگە شۇنى ھېس قىلدۇرىدۇكى، دۇرۇد ئېيتىشتىن مەقسەت دۇرۇدنى خاس بىر شەكىلدە بەلگىلەش ئەمەس، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە مەدھىيىلەيدىغان ھەر تۈرلۈك سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بىز تۆۋەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق رەۋىشتە دۇرۇد

---

[1] ئىمام نەسائى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ شەيبە رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتى بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن.
[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

ئېيتىلغانلىقى ھەققىدىكى بەزى سەھىھ رىۋايەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. چۈنكى ئۇنى تولۇق بايان قىلىش گەپنى ئۇزارتىۋېتىدۇ:

1 ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا قانداق ئامانلىق تىلەشنى بىلدۇق، بىراق ساڭا دۇرۇدنى قانداق ئېيتىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئى الله! ئىبراھىمغا رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن! سەن ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى الله! ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! سەن ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن[①] دېگىن» دېدى.[②]

2 ـ ئىمام مالىك، ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئى الله! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە رەھمەت يوللىغىن! ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! سەن ھەققەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن[③] دەڭلار» دېدى.[④]

3 ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە، ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ساڭا ئامانلىق تىلەش بولۇپ، بىز ئۇنى ھەققەتەن بىلدۇق. ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دېدۇق. ئۇ: «ئى الله! ئىبراھىمغا رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەدكە رەھمەت يوللىغىن! ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! سەن ھەققەتەن ئەھلى جاھاندا مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن[⑤] دەڭلار» دېدى.

4 ـ ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسائى، ئەبۇ مەسئۇد بەدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز سەئد ئىبنى ئۇبادىنىڭ سورۇنىدا تۇرساق، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قېشىمىزغا كەلدى. بەشىر ئىبنى سەئد ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله بىزنى ساڭا

---

① اللّهُمَّ صَلِّ عَلَى مَحَمَّدٍ وعَلَى آلِ مَحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إبْرَاهِيمَ إنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ . اللّهُمَّ بَارِكْ عَلى مُحمَّدٍ وعَلَى آلِ مَحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إبْرَاهِيمَ إنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ .

② ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. «فەتھۇلبارى» ناملىق كىتابنىڭ 11 ـ جىلد، 128 ـ بېتىگە قاراڭ.

③ اللّهُمَّ صَلِّ عَلَى مَحَمَّدٍ وأزواجِهِ وذُرِّيَّتِهِ كَمَا صَلَّيْتَ عَلى إبرَاهِيمَ وبَارِكْ عَلَى محَمَّدٍ وأَزْوَاجِهِ وذُرِّيتِهِ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إبْرَاهِيمَ إنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ .

④ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

⑤ اللّهُمَّ صَلِّ عَلَى مَحَمَّدٍ عَبْدِكَ وَ رَسُولِكَ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إبْرَاهِيمَ و بَارِكْ عَلى مُحَمَّدٍ وعَلَى آلِ مَحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ فِي العَالَمِيْنَ إنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ

www.munber.org

دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇدى، بىز ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەھەل جىم تۇرۇپ قالدى. بىز: بەشىر ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى سورىمىغان بولسا بوپتىكەن دەپ قالدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اللهّٰ! ئىبراھىمغا رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن! ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن[1] دەڭلار، ئامانلىق تىلەش بولسا بىلگىنىڭلاردەك بولىدۇ» دېدى. بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى اللهّٰ! ئۇممى (ساۋاتسىز) پەيغەمبەر مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن[2].»

بۇ ھەقتە يۇنىڭدىن باشقا يەنە سەھىھ دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان نۇرغۇن رىۋايەتلەر بولۇپ، كۆپ جايلىرىدا كەم ـ زىيادىلىك پەرقلىرى بار. دۇرۇد ئېيتىشتىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش بولغاچقا، سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان قايسى سۆز ئىبارىسىنى ئېلىپ ئىشلەتسەڭ بولۇۋېرىدۇ.

ئەمما ئامانلىق تىلەش سۆز قۇرۇلمىسىغا كەلسەك، ئۇ ناھايىتى ئۇقۇمۇشلۇق بولۇپ، مۆمىنلەر: «ئى اللهّٰ نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا ئامانلىق بولسۇن![3]» دېيىشى لازىم. ناماز ئوقۇغۇچىمۇ تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا: «ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئامانلىق، اللهّٰ نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن![4]» دەيدۇ.

ئامانلىق تىلەش بولسا، جىمى بالا ـ قازالاردىن، ئاپەتلەردىن ۋە كېسەللىكلەردىن سالامەت قېلىشنى تىلەپ دۇئا قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى سائىب مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئامانلىق تىلەش بولسا، بويسۇنۇش، قارشىلىق قىلماسلىق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئايەت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشقا بويسۇنۇڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

اللهّٰ نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت يوللىشى، پەرىشتىلەرنىڭ مەغپىرەت تىلىشى نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

”ئەسسالات“ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتە، دۇئا قىلماق، رەھمەت تىلىمەك، ئۇلۇغلىماق ۋە مەدھىيىلىمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئاخىرقى

---

[1] اللّهُمَّ صَلِّ عَلَى محَمَّدٍ وعَلَى آلِ محَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إبْرَاهيمَ و بَارِكْ عَلى مُحمَّدٍ وعَلَى آلِ محَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إبْرَاهيمَ إنَّكَ حَمِيدٌ مَجيدٌ.

[2] اللّهُمَّ صَلِّ عَلَى محَمَّدٍ النَّبيِّ الأُمِّيْ وعَلَى آلِ محَمَّدٍ.

[3] السّلام عَلَيكَ يَا رَسُولَ اللهِ.

[4] السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ.

مەندە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەدھىيەسى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾①.

بەزى ئۆلىمالار: ”ئەسسالات“ دېگەن سۆز الله تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسا، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە مەدھىيىلەش دېگەن مەنە بېرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە بىر قىسىم ئۆلىمالار مۇشۇ قاراشتا بولۇپ، بۇ خېلى ئورۇنلۇق قاراش دەپ قارىلىدۇ.

يەنە بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت يوللىشىنى ۋە مەغپىرەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ» ھەسەن بەسرى ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇشۇ قاراشتا بولغان.

بۇ سۆز الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى ۋە ئۇنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپمۇ قارىلىدۇ.

ئەمما بۇ سۆز بەندىلەر تەرىپىدىن بولسا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلىشىنى ۋە ئۇممىتىگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، ھەممە قاراشلارغا ئاساسەن، بۇ سۆز الله تەرىپىدىن بولسا باشقا مەنىنى، بەندىلەر تەرىپىدىن بولسا باشقا مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش سۈننەتمۇ ياكى پەرزمۇ؟

الله تائالا مۆمىنلەرنى ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇق پەرزنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش پەرزدۇر. ئۆلىمالار ﴿دۇرۇد ئېيتىڭلار﴾ دېگەن بۇيرۇقنىڭ پەرزنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا ئەمەل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆمرىدە بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتىش ۋە ئاماللىق تىلەشنىڭ پەرزلىكىگە بىرلىككە كەلگىلى تاس قالغان. بەلكى، ئىمام قۇرتۇبى ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. شۇنداق بولغاندا دۇرۇد ئېيتىش ۋە ئاماللىق تىلەش، كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلغانغا ئوخشاش ئورۇنلىنىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، بىر ئىنسان پەقەت كەلىمە شاھادەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئېيتقاندىلا ئاندىن ئىسلامغا توغرا رەۋىشتە كىرگەن بولىدۇ.

ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆمۈردە بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەر بىر ئولتۇرۇشتا، ھەر قېتىم ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇد ئېيتىش پەرزمۇ ياكى سۈننەتمۇ دېگەن ھۆكۈمدە ھەرخىل قاراشلارغا كەلگەن:

---

① سۈرە بەقەرە، 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

1 ـ بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ھەر قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇد ئېيتىش پەرزدۇر.»

2 ـ يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، شۇ ئولتۇرۇشتا پەقەت بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتىش پەرز بولىدۇ.»

3 ـ يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «دۇرۇدنى سانىغا ياكى ئولتۇرۇشقا قاراتماستىن، كۆپ ئېيتىش پەرز بولىدۇ. ئۆمۈردە بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتىش يېتەرلىك ئەمەس.»

**ھەر ئولتۇرۇشتا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ھەر قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇد ئېيتىش پەرزدۇر دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى:**

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇيرۇق تەكرارلىنىپ تۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتمىغان كىشىگە قاتتىق ئازابنىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئىسمىم يېنىدا تىلغا ئېلىنغاندا ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغان كىشى بېخىللىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر قەۋم بىرەر ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ، الله نى زىكىر قىلماستىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە دۇرۇد ئېيتماستىن شۇ ئولتۇرۇشتىن قوپۇپ كېتىدىغان بولسا، بۇ ئولتۇرۇش قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ.»

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئىسمىڭ تىلغا ئېلىنغاندا ساڭا دۇرۇد ئېيتمىغان كىشى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنسۇن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئامىن!» دېگەن[2].

ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇ دەلىللەر دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بولسا، الله قا زىكىر ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە ھەمدى ئېيتىشقا ئوخشاش بەندىنى الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت بولۇپ، ئۆمۈردە بىر قېتىم قىلىش پەرزدۇر، ھەر ۋاقىتتا قىلىش سۈننەت ۋە مۇستەھەبتۇر. شۇڭا كۆپ دۇرۇد ئېيتىش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتسا، الله ئۇ كىشىگە شۇ دۇرۇدنىڭ بەدىلىگە ئون ھەسسە رەھمەت بېغىشلايدۇ...»[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى

---

[1] ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام تەبەرانى بۇ ھەدىسنى «ئەلمۇئجەم ئەلكەبىر» ناملىق كىتابىدا كەئب ئىبنى ئۇجرەدىن رىۋايەت قىلغان، سەنەدتىكى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك ئادەملەردۇر.

[3] ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا دۇرۇد ئېيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن پەرز ئاساسىدا ئەمەس، سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئاساسىدا ئېيتىلىدۇ.

ئەللامە ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئېھتىيات يولىنى تۇتۇشنىڭ تەقەززاسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ تەلىپى، ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىسمى ھەر قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.»[1]

### كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ كۈچلۈكتۇر.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا نامازدا دۇرۇد ئېيتىش پەرزمۇ؟

فىقھشۇناسلار نامازدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراشتا كەلگەن:

1 ـ ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد: نامازدا دۇرۇد ئېيتىش پەرزدۇر، دۇرۇدسىز ناماز توغرا ئادا تاپمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

2 ـ ئىمام مالىك ۋە ئەبۇ ھەنىفە: نامازدا دۇرۇد ئېيتىش تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر، ناماز ئۇنىڭسىزمۇ توغرا ئادا تاپىدۇ، لېكىن نامازدا دۇرۇد ئېيتماسلىق ياخشى ۋە ياقتۇرۇلىدىغان ئىش ئەمەس دەپ قارايدۇ.

### شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەر نامازدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەرزلىكىگە بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە كەلگەن بۇيرۇق پەرزلىكنى تەقەززا قىلىدىغان بۇيرۇقتۇر. تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندىن باشقا ۋاقىتتا دۇرۇد ئېيتىش پەرز ئەمەس. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا نامازدا دۇرۇد ئېيتىش پەرزدۇر.

2 ـ كەئب ئىبنى ئۇجرەنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىز: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا قانداق ئامانلىق تىلەشنى بىلدۇق، بىراق ساڭا دۇرۇدنى قانداق ئېيتىمىز؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئى اللہ! ئىبراھىمغا رەھمەت يوللىغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 800 ـ بەت.

www.munber.org

مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە رەھمەت يوللىغىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى الله! ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن[①] دەڭلار» دېدى. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىندى.

ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا دۇرۇد ئېيتىشى پەرز بولىدۇ، ئەگەر دۇرۇد ئېيتمىسا، نامىزى توغرا ئادا تاپمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى شۇنى ئىپادىلەيدۇ. بىر تۈركۈم ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىسمۇ ئەنە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىمام ئەھمەدنىڭمۇ قارىشىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھمۇ شۇنداق قارايتتى.»[②]

## مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

مالىكىي ۋە ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ ئۇلار الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇغان بۇيرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ زاھىرى مەنىسى دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ئۇنى مەيلى نامازدا بولسۇن ياكى نامازنىڭ سىرتىدا بولسۇن بىر قېتىم ئورۇندىسا، پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئۇ كەلىمە تەۋھىد ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلايدىغان كەلىمە شاھادەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئىنسان ئۇنى ئۆمرىدە بىر قېتىم قىلسا، پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ. بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇق تەكرارلىقنى ئەمەس، پەرزلىكنى تەقەززا قىلىدۇ.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا تەشەھھۇدنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگەتكەن چاغدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن بۇنى قىلساڭ ياكى بۇنى دېسەڭ، نامىزىڭ تامام بولغان بولىدۇ. ئاندىن قوپۇپ كېتىشنى خالىساڭ، قوپۇپ كەتكىن، ئاندىن سەن خالىغان ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى تاللاپ ئوقۇغىن.»[③] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئۇنى دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇمىغان.

---

① اللّهُمَّ صَلِّ عَلَى محَمَّدٍ وعَلَى آلِ محَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إبْرَاهِيمَ إنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ. اللّهُمَّ بَارِكْ عَلى مُحمَّدٍ وعَلَى آلِ محَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إبْرَاهِيمَ إنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

② ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلدتىن قىسقارتىپ ئېلىندى. ئىمام ئىبنى جەۋزىينىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرگە ۋە «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

③ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى جەۋزىينىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرگە قاراڭ.

3 ـ مۇئاۋىيە سەلەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ بۇ نامىزىمىزدا ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر سۆزنى قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇ پەقەت تەسبىھ ئېيتىش، تەھلىل ئېيتىش (لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېيىش) ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە دۇرۇدنى تىلغا ئالمىدى.

4 ـ ساھابىلارنىڭ كۆپ قىسمىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلار نامازدا تەشەھھۇد ئېيتىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپتىكەن. بۇ تەشەھھۇد: «ئى پەيغەمبەر! ساڭا اللە نىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن!①» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولغان دۇرۇدنى ئېيتىشنى ۋاجىپ دەپ قارىمايتتى.

ئىمام ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام شافىئىي نامازدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش پەرز دەپ قارايدۇ. بىلىشىمىزچە، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ قاراشنى ئۆلىمالاردىن ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان. نامازدا دۇرۇد ئېيتىشنى پەرز دەپ قاراش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ روھىغا خىلاپتۇر.»②

ئىمام ئەبۇ بەكرى جەسساس «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم دەلىللەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن (ئۇنىڭ بەزىسىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق) مۇنداق دېگەن: «شەرھۇ مۇختەسەرىت تەھاۋى» ناملىق كىتابىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ توختالدۇق.

بەشىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەرلەردىن (ئۇلارغا اللە نىڭ رەھمىتى ۋە ئامانلىقى بولسۇن!) باشقىلارغا دۇرۇد ئېيتىش دۇرۇسمۇ؟

بەزى ئۆلىمالار: پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئادەمگە دۇرۇد ئېيتىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى دۇرۇدنىڭ مەنىسى دۇئا دېگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە ۋە پەيغەمبەرلەردىن باشقىلارغا دۇئا قىلىش دۇرۇستۇر دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى اللە! ئەبۇ ئەۋفانىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت يوللىغىن» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ.

كۆپىساندىكى ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: دۇرۇد دېگەن مەخسۇس بەلگە بولۇپ، پەيغەمبەرلەرگە خاستۇر. شۇڭا ئۇلاردىن باشقىلارغا دۇرۇد ئېيتىش دۇرۇس ئەمەس، مەسىلەن: «ئى اللە! ئىمام شافىئىيغا رەھمەت يوللىغىن دەپ، ياكى: ئى اللە! ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە رەھمەت يوللىغىن»③ دەپ دۇرۇد ئېيتىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ئىككىسىگە

① السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبي وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ.

② ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 370 ـ بەت.

③ اللهمّ صلّ على الشافعي، اللهمّ صلّ على أبي حنيفة.

www.munber.org

ئوخشاش ئادەملەرگە پەقەت الله دىن رەھمەت تىلەيمىز. ساھابىلار ۋە تابىئىنلار ھەققىدە: الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن! دېيىش دۇرۇس بولىدۇ. ئۇلارغا رەھمەت يوللاش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى دۇرۇد پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئەلچىلەرگە خاستۇر.

ئەللامە ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرلەردىن (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە ئامانلىقى بولسۇن!) باشقىلارغا دۇرۇد ئېيتىش ئەگەشتۈرۈلۈپ ئېيتىلغاندا دۇرۇس بولىدۇ، مۇستەقىل ھالدا دۇرۇد ئېيتىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەتتە پەيغەمبەرلەرنى تىلغا ئالغاندا ئېيتىلىدىغان مەخسۇس بەلگىگە ئايلىنىپ كەتكەن.»[1]

ئەبۇ سەئۇدنىڭ ”ئەگەشتۈرۈلۈپ“ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، مەسىلەن: «ئى الله! مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە، پەرزەنتلىرىگە ۋە مۆمىن ئەگەشكۈچىلىرىگە رەھمەت يوللىغىن»[2] دېسەك بولىدۇ. ئەمما: «ئى الله! مۇھەممەدنىڭ پەرزەنتلىرىگە رەھمەت يوللىغىن»[3] دېيىشىك، ياكى: «ئى الله! مۇھەممەدنىڭ ئاياللىرىغا رەھمەت يوللىغىن»[4] دېيىشىك توغرا بولمايدۇ. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتقان ۋاقىتىدا الله نىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن ئۆزەڭ خالىغان كىشىنى ئارقىغا قوشۇپ دۇرۇد ئېيتساڭ دۇرۇس بولىدۇ.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 - پەيغەمبەرلىك مەنسىبى ناھايىتى كاتتا مەنسەبتۇر. پەيغەمبەرنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسىمۇ ناھايىتى چوڭ مەرتىۋىدۇر.

2 - الله تائالانىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلىشى، پاك پەرىشتىلەرنىڭمۇ ئۇنى مەدھىيىلىشى پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ناھايىتى چوڭ بىلىش مۆمىنلەرگە ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۇ الله تائالانى چوڭ بىلگەنلىك ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

4 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەد»[5] دېگەنگە ئوخشاش، شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن سۆز قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىپ دۇرۇد ئېيتىش لازىم.

[1] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 6 - جىلد، 800 - بەت.
[2] اللهمّ صلّ على محمد وآله وذريته وأتباعه المؤمنين.
[3] اللهمّ صلّ على ذرية محمد .
[4] اللهمّ صلّ على أزواج محمد .
[5] اللهمّ صلّ على محمد .

5 ـ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ ئىلاھىي بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھەرقانداق ۋاقىتتا دۇرۇد ئېيتىشى سۈننەتتۇر.

6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىش اللہ تائالانى رەنجىتكەنلىك بولۇپ، اللہ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا ئۇچراشقا سەۋەب بولىدۇ.

7 ـ مۆمىنلەرگە ئەزىيەت بېرىش ۋە ئۇلارنى ئۇلاردا يوق نەرسىلەر بىلەن قارىلاش بولسا، مۇسۇلماننىڭ يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك چوڭ گۇناھلاردىن بىرىدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە مەدھىيەلەيدۇ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن ۋە ئەلچىلەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ، ئۇنى ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىسىگە ۋە ئالىي مەرتىۋىسىگە لايىق بولغان ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ. مۆمىنلەرنى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، بۇيرۇقىنى ئۇلۇغ، مەرتىۋىسىنى چوڭ بىلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۈستىنكى ئالەمدىن پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە رەھمەت يوللايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى مۆمىنلەرگە بۇ كاتتا پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋىسىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۇلۇغلىشى، ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشىگە سەۋەبچىدۇر. ﴿سىلەرنىڭ اللہ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن، ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن (بىز پەيغەمبەرنى ئەۋەتتۇق)﴾[1].

اللہ تائالا مۆمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇدى، ئۇنى قىلمىسا بولمايدىغان، ئۇنىڭسىز ئىمان تولۇقلانمايدىغان پەرز قىلىپ بېكىتتى، ئۇنىڭغا سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئەزىيەت بېرىشنى ھارام قىلدى، ئۇنىڭ كاتتا ۋە يۈكسەك مەرتىۋىسىگە يامانلىق ياكى دۈشمەنلىك بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى قىلىشنى مەنئى قىلدى ۋە مۇنداق قىلىشنى اللہ تائالاغا ئەزىيەت بەرگەنلىك قىلىپ بېكىتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش اللہ تائالانى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. ئۇنىڭ دەۋىتىنى مەسخىرە قىلىش اللہ تائالانى مەسخىرە قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ سۆزىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۇ اللہ نىڭ نامىدىن دەۋەت قىلغۇچىدۇر. اللہ تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە

---

[1] سۈرە فەتھى، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر الله نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)﴾[1].

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتكەن كىشىنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىغانلىقى ۋە غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغانلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىش نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق، ھەممە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئېرىشتۈرگەن ئارتۇقچىلىقتىن تانغانلىق بولىدۇ. الله نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت يوللىشىنى تىلەش بىزنىڭ گۇمراھلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزغا، كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان نۇرىغا چىقىرىلىشىمىزغا سەۋەب بولىدىغان تۇرسا، مۆمىنىنىڭ قانداقمۇ ئۇنى رەنجىتىشى لايىق بولسۇن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي رەھمەتنىڭ سىمۋولىدۇر، ئارتۇقچىلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ۋە كەڭ قوللۇقنىڭ نامايەندىسىدۇر. ﴿(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[2].

دۇرۇد ۋە سالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ياخشى ۋە پاك ساھابىلىرىگە بولسۇن!

---

[1] سۈرە نىسا، 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ئايەت.

# مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھىجابلىنىشى

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ قُل لِّأَزْوَٰجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَآءِ ٱلْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِن جَلَـٰبِيبِهِنَّ ۚ ذَٰلِكَ أَدْنَىٰٓ أَن يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٥٩﴾ ﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ــ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. الله (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

ــ سۈرە ئەھزاب 59 ـ ئايەت

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

لِّأَزْوَٰجِكَ: (ئاياللىرىڭغا)، ئاياللىرى دېگەن بۇ سۆز مۆمىنلەرنىڭ پاك ئانىلىرىنى (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) كۆرسىتىدۇ.

يُدْنِينَ: (ئورىۋالسۇن) يەنى باشلىرىدىن پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئازادە كىيىم كىيسۇن، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەلئىدنائ» بولۇپ، يېقىنلاشتۇرماق، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە: ئاياللار دېدەكلەردىن ۋە ناخشىچى ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن يۈزلىرىنى ۋە بەدەنلىرىنى ئورىۋالسۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

جَلَـٰبِيبِهِنَّ: (پۈركەنجىلىرى)، ئۇ سۆز «جىلباب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ياپىدىغان كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «جىلباب لېچەكتىن كەڭرى، توندىن كىچىك كىيىمنى كۆرسىتىدۇ. خوتۇن كىشى ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى ۋە كۆكسىنى ياپىدۇ.»

«ئەلجەلالەين» نامىق تەپسىردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ سۆز دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، خوتۇن كىشى ئۆزىنى ئورىۋالىدىغان كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرى باشلىرىنى ۋە يۈزلىرىنى ئورىۋېلىشقا، پەقەت ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكلىرى ئاسان تونۇلۇش ئۈچۈن بىر كۆزىنى ئوچۇق قويۇشقا بۇيرۇلغان.»

قىسقىسى، بۇ سۆز خوتۇن كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ياپىدىغان كىيىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ زامانىمىزدىكى پۈركەنجىگە ئوخشايدۇ. اللہ تائالادىن ئەۋرەتلىرىمىزنى يېپىشنى، گۇناھلاردىن سالامەت قىلىشنى تىلەيمىز.

[illegible]: (ئەك ئوڭاي). بۇ سۆز ئايەتتە ئاشۇرما دەرىجىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

غَفُورًا: (ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر) يەنى اللہ گۇناھلارنى كەچۈرگۈچىدۇر ۋە ئۆچۈرگۈچىدۇر. اللہ گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن يانغان ئادەمنى ئەپۇ قىلىدۇ. ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن﴾[1].

رَّحِيمًا: (ناھايىتى مېھرىباندۇر). اللہ بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ. ئۇلارغا كۆيىنىدۇ. اللہ تائالانىڭ ئۇلارنى ئۇلار تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان نەرسىگە تەكلىپ قىلماسلىقمۇ ئۇنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن مېھرى ـ شەپقىتىدۇر.

www.munber.org

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

اللہ تائالا بۇ ئايەتلەردە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا، ئۇنىڭ پەزىلەتلىك كۆرسەتمىلىرىگە، يەككە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى بولغان ھېكمەتلىك ئىنتىزاملىرىغا، بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئائىلىگە ئالاقىدار بولغان ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي ئىشقا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ بولسىمۇ شەرىئەت بەلگىلىگەن ھىجابلىنىش ھۆكمى بولۇپ، اللہ تائالا ئۇ ھۆكۈمنى مۇسۇلمان ئائىلىگە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئىپپىتىنى قوغداش، مەقسەتلىك نەزەرلەردىن، بۇزۇق سۆزلەردىن، كېسەل دىللاردىن، پەسكەش ئەرلەر نومۇسسىز ئاياللارغا قارىتىدىغان رەزىل نىيەتلەردىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن پەرز قىلغان. شۇڭا اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ اللہ نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە يەتكۈزگىن. ئالدى بىلەن ئۆزەڭدىن باشلاپ، مۆمىنلەرنىڭ پاك ئانىلىرى بولغان ئاياللىرىڭنى، ھۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ﴿قىزلىرىڭ﴾ نى شەرىئەتكە ئۇيغۇن پۈركەنجە كىيىشكە، ئىپپەتلىك بولۇش، ئۆزلىرىنى يېپىش ۋە ھايالىق بولۇشتا باشقا ئاياللارغا ئۈلگە بولۇشلىرى، بۇزۇق ئەرلەرنىڭ ئۇلارغا قارىتا تەمەدە بولۇپ قالمسالىقى ياكى گۇناھكار بىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە تىل تەككۈزۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن پەردىلىنىشكە بۇيرۇغىن. ﴿مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرى﴾ نىمۇ چىرايلىق جايلىرىنى ۋە زىنىنەت بۇيۇملىرىنى تولۇق ياپىدىغان، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تىل تەككۈزۈشىدىن

[1] سۈرە تاھا، 82 ـ ئايەت.

ساقلىيالايدىغان پۈركەنجە كىيىشكە بۇيرۇغىن. ئۇلارنى شۇنداق بۇيرۇغىنكى، ئۇلار غەيرەزلىك كىشىلەرگە نىشان بولۇپ قالماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، دىدەكلەردىن ۋە ناخشىچى ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇشلىرى، يامان نىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ چېقىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇزۇق ئاياللارغا ئوخشاپ قېلىشتىن يىراق بولۇشلىرى ئۈچۈن، يۈزلىرىنى ۋە پۈتۈن بەدەنلىرىنى ﴿پۈركەنجىلەر﴾ بىلەن ئورىۋالسۇن. ﴿بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ﴾ ئىپپەتلىك ۋە پاك ئاياللار ئىكەنلىكى ﴿ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ــ دە﴾، دىلىدا كېسەل بارلار ئۇلارغا قارىتا تەمەدە ﴿بولمايدۇ. الله﴾ بەندىلىرىگە ﴿ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾، الله نىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىدۇ، ﴿ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. چۈنكى بەندىلىرىگە پەقەت ئۇلارغا ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھۆكۈملەرنى شەرىئەت بەلگىلىمىسى قىلىپ بېكىتىپ بېرىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايىتى كەرىمنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ھۆر ئاياللار، دىدەكلەر كېچىدە ھاجەت قىلغىلى ھاجەت قىلغىدەك جايلارغا ۋە خورمىلىق باغلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھۆر ئاياللار ياكى دىدەكلەر ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرمەستىن چىقاتتى. مەدىنىدە بىر قىسىم بۇزۇق ئادەملەرمۇ بولۇپ، ئېخىچە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ دىدەكلەرگە چېقىلىدىغان يامان ئادەتلىرىنى تاشلىمىغان ئىدى. ئۇلار دىدەكلەر دەپ ئويلاپ ھۆر ئاياللارغىمۇ چېقىلىپ سالاتتى. ئۇلارغا: ھۆر ئاياللارغا نېمىشقا چېقىلدىڭلار؟ دېيىلسە، ئۇلار: بىز ئۇلارنى دىدەكلەرمىكىن دەپ ئويلاپتۇق دېيىشەتتى. شۇڭا ھۆر ئاياللار كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە، دىدەكلەردىن پەرقلىق بولۇپ، ھايالىق بولۇشلىرى ئۈچۈن بەدەنلىرىنى يېپىشقا، دىللىرىدا كېسەل بارلارنىڭ ئۇلارغا قارىتا تەمەدە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەيۋەتلىك يۆرۈشكە بۇيرۇلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى①.

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى شۇكى، بىر قىسىم بۇزۇق ئادەملەر كېچىدە ھاجەت ئۈچۈن چىققان ئاياللارغا ئازار بېرەتتى. ئەگەر ئۇلار لېچەك سېلىۋالغان ئايالنى كۆرسە: بۇ ھۆر ئايال ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا چېقىلمايتتى. ئەگەر ئۇلار لېچەكسىز ئايالنى كۆرسە: بۇ دىدەك ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا ئازار بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.» بۇ رىۋايەتنى سۇددى بايان قىلغان②.

---

① سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.
② ئىمام سۇيۇتى بۇ رىۋايەتنى «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئەبۇ ھاتەمنىڭ رىۋايىتى ئارقىلىق سۇددىدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 422 ـ بەت.

# تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللہ تائالا بۇ ئايەتتە شەرىئەت بەلگىلىگەن ھىجابقا لايىق ھىجابلىنىشقا بۇيرۇشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ۋە قىزلىرىدىن باشلىغان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ قالغان ئاياللارغا ئۈلگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە باشقا ئاياللارنىڭ ئەگىشىشى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا ھەممىدىن بۇرۇن ئەمەل قىلىشلىرى كېرەك. دەۋەت پەقەت دەۋەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلىغاندىلا ئاندىن مېۋە بېرىدۇ. گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا ۋە ئالىي پەزىلەتلەرگە ئالدى بىلەن ئەمەل قىلىشقا پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەردىنمۇ ھەقلىق كىشى بارمۇ؟ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى﴾ دېگەن سۆزىدىكى خىتابتا ئۇلارنى باشقا ئاياللاردىن بۇرۇن تىلغا ئېلىشنىڭ سىرى دەل مانا مۇشۇدۇر.

2 ـ ھىجابلىنىشقا بۇيرۇغان بۇ بۇيرۇق پەقەت شەرىئەتنىڭ ئەۋرەتنى يېپىش ھەققىدىكى ھۆكمى مۇقىملىشىپ بولغاندىن كېيىن كەلگەن. شۇڭا بۇ يەردە پەردىلىنىشكە قىلىنغان بۇ بۇيرۇق ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ پەرزلىكىگە قوشۇپ بېكىتىلگەن بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تەپسىرشۇناسلار ئايەتتىكى ”پۈركەنجە“ دېگەن سۆز ھەققىدە توختالغاندا ھەر خىل سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بۇ سۆزنىڭ خوتۇن كىشى ئادەتتىكى كىيىمىنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان، پۈتۈن بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان پۈركەنجىنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇ سۆز، بەزى كىشىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەۋرەتنى يېپىشنى ئەمەس، ھازىرقى زامانىمىزدىكى پۈركەنجىنى كۆرسىتىدۇ[1].

3 ـ ئايەتتە ھىجاب ھۆكمىنى: «ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا» دەپ، ئەنە شۇنداق تەپسىلى ۋە ئوچۇق بايان قىلىش ھىجابلىنىشنىڭ پەرز بولۇشى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خاستۇر دەپ جۆيلىشىدىغان كىشىلەرگە بېرىلگەن ئوچۇق رەددىيەدۇر. اللہ تائالانىڭ: ﴿مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا﴾ دېگەن سۆزى پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھىجابلىنىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى كەسكىن كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. پۈتۈن ئاياللار بۇ ھەممىگە شامىل، ئومۇمىي خىتابنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇنداق بولسا، مۇسۇلمان ئايالغا ھىجابلىنىش پەرز ئەمەس دەپ جۆيلىگۈچىلەر قانداقمۇ مۇشۇنداق دېيىشكە پېتىنغاندۇ؟

4 ـ ھۆر ئاياللارنى دېدەكلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان بۇ بۇيرۇق شەرىئەت بەلگىلىگۈچى اللہ نىڭ دېدەكلەرنىڭ ئىشىغا سەل قارىغانلىقىنى، ئۇلارغا يېتىدىغان ئەزىيەتلەرگە ۋە بۇزۇق ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى بۇزەك قىلىشىغا پەرۋا

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ جەمئىيەتنى پاك تۇتۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكى بىلەن قانداق بىرلىشىدۇ؟

بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: دېدەكلەر خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كوچىلارغا كۆپ چىقىدۇ، خوجايىنلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ بېرىپ ـ كېلىش قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەدىنىنى تولۇق ياپىدىغان پۈركەنجە كىيىشكە تەكلىپ قىلىنسا، ھەر قېتىم سىرتلارغا چىققاندا پۈركەنجە كىيىپ چىقىش ئۇلارغا ئېغىر كېلىدۇ ۋە جاپا بولۇپ قالىدۇ. ھۆر ئاياللار ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ﴿ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار﴾[1] دەپ ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلغان. ھۆر ئاياللار سىرتلارغا پەقەت زۆرۈر بولۇپ قالغاندىلا ئاندىن چىقىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا پۈركەنجە كىيىش دېدەكلەرگە قارىغاندا ئېغىر كەلمەيدۇ ۋە جاپا بولۇپ قالمايدۇ. ئىلگىرىكى ماۋزۇدىكى ئايەتتە: ﴿مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار﴾[2] دېيىلدى. بۇ ئايەت ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ”مۆمىنەلەر“ ھۆر ئاياللارنى ۋە دېدەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ــ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ﴾ دېگەن سۆزى ھىجابنىڭ نېمە ئۈچۈن پەرز بولغانلىق ھېكمىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى بىرەر ھېكمەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن.

كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ: ﴿تونۇلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى ئۇلارنىڭ ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى ئاسان تونىلىدۇ ۋە دېدەكلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەبۇ ھەييان كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار تۇتقان يولدىن باشقا بىر يولنى تۇتۇپ، ھىجابلىنىشقا بۇيرۇغان بۇ بۇيرۇقنى مەيلى ھۆر بولسۇن، مەيلى دېدەك بولسۇن، پۈتۈن ئاياللارغا قاراتقان ۋە الله تائالانىڭ: ﴿بۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك، ھايالىق، ئۆزلىرىنى پىششىق ساقلايدىغان ئاياللار ئىكەنلىكى ئاسان تونىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامان نىيەتلىك ۋە بۇزۇق كىشىلەر ئۇلارغا قارىتا تەمەدە بولمايدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئۇ «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا﴾ دېگەن سۆزى پۈتۈن ھۆر ئاياللارنى ۋە دېدەكلەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېدەكلەر كۆپ ئىش قىلىدىغان بولغاچقا، ھۆر ئاياللارغا قارىغاندا كۆپ پىتنىگە قالىدۇ. ئۇلارنى پۈتۈن ئاياللارنىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئوچۇق دەلىل كېرەك. الله تائالانىڭ: ﴿بۇنداق قىلغاندا ئۇلار ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ﴾ دېگەن سۆزى ئۇلار ئۆزلىرىنى

[1] سۈرە ئەھزاب، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب، 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پىششىق ياپقانلىقى ئۈچۈن ئىپپەتلىك ئاياللار ئىكەنلىكى ئاسان تونۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقىلارنىڭ چېقىلىشىغا يولۇقمايدۇ ۋە ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان ئىشقا ئۇچراپ قالمايدۇ. چۈنكى خوتۇن كىشى ئۆزىنى پىششىق ياپقان ۋە چىڭ ئورىغان چاغدا ھېچكىم ئۇنىڭغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، ياسىنىپ ۋە ئۈستى باشلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرىدىغان خوتۇن كىشىگە قارىتا تەمەدە بولىدىغانلار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

بۇ قاراش مۇشۇ مەسىلىدە ئەتراپلىق ئويلانغانلىقنى ۋە ھۆكۈمنى ئىنچىكىلىك بىلەن چىقارغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ ھەييان تاللىغان بۇ قاراشنى بىزمۇ تاللايمىز. چۈنكى بۇ قاراش ئىسلام دىنىنىڭ پەردىلىنىش ۋە ئۆزنى پىششىق ساقلاشتىكى مەقسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

پۈتۈن ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى پەرزمۇ؟

ئايىتى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسى شەرئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان پۈتۈن مۆمىن ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمان، ھۆر ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئاياللاردىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى الله تائالا: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى...﴾ دېدى. شۇڭا كاپىر ئايالغا ھىجابلىنىش پەرز ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. بىز ئۇلارنى ئۆز دىنىدا قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇق. چۈنكى ھىجابلىنىش الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلغانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەتتۇر. ھىجابلىنىش مۇسۇلمان ئايالغا نىسبەتەن پەرز ناماز ۋە روزىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان ئايال ھىجابنى ئىنكار قىلىپ ھىجابلانمىسا، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھىجابنىڭ پەرزلىكىگە ئېتىقاد قىلغان، لېكىن بۇزۇلغان جەمئىيەتكە ئەگىشىپ ھىجابلانمىغان بولسا، قۇرئاننىڭ تەلىم - تەربىيىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچى گۇناھكار بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾[2].

مۇسۇلمان ئەمەس ئايال گەرچە ھىجابلىنىشقا بۇيرۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەمئىيەتنى بۇزۇشىغا، ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ يۈرىشىگە، زامانىمىزدا بىز كۆرۈۋاتقان

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرول مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 - جىلد، 250 - بەت.
[2] سۈرە ئەھزاب، 33 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئايالاردەك سىرتلارغا ئىچ كىيىملەرنى كىيىپ چىقىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. بۇ پەردە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئەدەپ - ئەخلاقلار بولۇپ، ھەممە كىشى ئۆزىنىڭغا كۆڭۈل بۆلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىقتىن قوغداش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئەدەپ - ئەخلاقلارغا ئەمەل قىلىشتا مۇسۇلمان ئايالمۇ، كاپىر ئايالمۇ تەڭ باراۋەردۇر. بۇ شەرىئەت يولغا قويغان سىياسەتلەردىن بىرى بولۇپ، مۇسۇلمان ھاكىم ئۇنى ئىجرا قىلىشى كېرەك.

ئەمما دېدەكلەرگە كەلسەك، يۇقىرىدا ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرى بىلەن تونۇشتۇق. ئەللامە ئەبۇ ھەييانىنىڭ: ھىجابلىنىش ھەققىدىكى بۇ بۇيرۇق پۈتۈن ھۆر ئاياللارنى ۋە دېدەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن قارىشى كۈچلەندۈرۈپ ئۆتۈلدى. مانا بۇ، شەرىئەتنىڭ يۈز - ئابرۇينى قوغداش، جەمئىيەتنى بۇزۇق ئەخلاقلاردىن ۋە پىتنە - پاساتچىلىقتىن ھىمايە قىلىش روھى بىلەن تولىمۇ ماسلىشىدۇ. ئەمما ھىجابلانغۇچى ئايالنىڭ بالاغەتكە يېتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، شەرىئەت ئىبادەتلىرىگە تەكلىپ قىلىنىشنىڭ بىر شەرتىدۇر.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ھەر بىر مۇسۇلمان ئەردىن قىزلىرى ئون ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئۇلارنى شەرىئەتكە ئۈيغۇن پۈركەنچە كىيىشكە ئادەتلەندۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ كېيىنمۇ پۈركەنجە كىيىشى تەسكە توختىمايدۇ. گەرچە بۇ ياشتا پۈركەنجە كىيىشكە بۇيرۇش تەكلىپ شەكلىدە بولمىسىمۇ، پەقەت نامازغا بۇيرۇلغان بۇيرۇققا قىياس قىلغان ئاساستا ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىش شەكلىدە بولسا بولىۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرزەنتلىرىڭلارنى ئۇلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئۆتەشكە بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى ئۇرۇڭلار، ياتىدىغان يېرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىڭلار دېگەن.»[1]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### ھىجابلىنىش قانداق شەكىلدە بولىدۇ؟

الله تائالا مۆمىن ئاياللارنى ھىجابلىنىشقا، ئۆزلىرىنى پىششىق ساقلاش ۋە نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن پۈركەنجە كىيىشكە بۇيرۇدى. ئۆلىمالار قانداق ھىجابلىنىش ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلدى:

1 - ئىبنى جەرىر تەبەرى ئىبنى سىيرىيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەبىيدە سەلمانىدىن ﴿پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە سورىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئورانجىسىنى كۆتىرىپ، بېشىنىڭ ھەممە يېرىنى ئىككى

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

قېشى بىلەن قوشۇپ پىششىق ئورىدى، ئاندىن يۈزىنى ياپتى، ئاندىن سول يۈزى تەرەپتىن سول كۆزىنى ئوچۇق قويدى.»[1]

2 ـ ئىبنى جەرىر ۋە ئەبۇ ھەييان، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خوتۇن كىشى پۈركەنجىنى پىشانىسىنىڭ ئۈستىدىن قاتلاپ چىڭ چىگىدۇ، ئاندىن بۇرنىنىڭ ئۈستىدىن يۆگەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئوچۇق قالغان تەقدىردىمۇ، لېكىن پۈركەنجە ئۇنىڭ كۆكسىنى ۋە يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېپىشى كېرەك.»[2]

3 ـ قانداق ھىجابلىنىش ھەققىدە سۇددىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «خوتۇن كىشى ئىككى كۆزىنىڭ بىرىنى ۋە پىشانىسىنى ياپىدۇ، يۈزىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن پەقەت بىر كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ، قالغان يېرىنى ياپىدۇ.»

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ئەندۇلۇس شەھەرلىرىنىڭ ئادىتى ئەنە شۇنداق ئىدى، خوتۇن كىشىنىڭ بىر كۆزىدىن باشقا يېرى ئوچۇق قالمايتتى.»[3]

4 ـ ئابدۇرراززاق ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرى، گويا باشلىرىغا قارغىلار قونۇۋالغاندەك قارا كىيىملەر بىلەن ئورىنىپ چىقاتتى[4].

ئۈچىنچى ھۆكۈم

خوتۇن كىشىنىڭ يۈزىنى يېپىشى پەرزمۇ؟

بىز يۇقىرىدا، سۈرە نۇردا خوتۇن كىشىنىڭ زىننەتلىرىنى مەھرەملىرىدىن باشقىلارغا ئاشكارىلاشتىن مەنئى قىلىنغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ﴿(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن﴾[5].

يۈز ئەسلىدىنلا چىرايلىق بولغانلىق ئۈچۈن، گۈزەللىكنىڭ سىماسى بولغان ۋە پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان ئەزادۇر. شۇڭا يۈزنى يات ئەرلەردىن يېپىش زۆرۈردۇر. يۈز ئەۋرەت

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 250 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 250 ـ بەت.
[4] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 372 ـ بەت.
[5] سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئەمەس دېگۈچىلەر ئۇيا ـ ئەڭلىككە ئوخشاش ئادەتتە ھۆسۈن تۈزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زىننەت بۇيۇملىرىدىن ھېچ بىرىنىڭ يۈزگە ئىشلىتىلمەسلىكىنى، شۇنداقلا پىتنىدىن ئەمىن بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. پىتنىدىن ئەمىن بولالمىغاندا يۈزنى ئېچىش ھارام بولىدۇ[①].

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ زاماندا يۈزنى ئېچىشتىن كېلىپ چىقىدىغان پىتنىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئاياللىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن يۈزنى يېپىشنى پەرز دەپ قارايمىز. يۈزنى يېپىشنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدىغان شەرئەت دەلىللىرىنىڭ بەزىلىرىنى سۈرە نۇرنىڭ تەپسىرىدىكى «يۈزنى ئېچىش بىدئەتلىكى» دېگەن تېمىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە يۈزنى يېپىشنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە تەپسىرشۇناسلارنىڭ بەزى قاراشلىرىنى قوشۇپ بايان قىلىمىز.

## يۈزنى يېپىشنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە بىر قىسىم تەپسىرشۇناسلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى

1 ـ ئىبنى جەۋزى الله تائالانىڭ: ﴿يۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، ئۇلارنىڭ ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ۋە يۈزلىرىنى يېپىۋالسۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يۈركەنجە بولسا، پۈتۈن بەدەننى ئوراپ تۇرىدىغان كىيىمنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى قۇتەيبە شۇنداق دېگەن.»[②]

2 ـ ئەبۇ ھەييان «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە الله تائالانىڭ: ﴿يۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت، ئاياللار پۈتۈن بەدەنلىرىنى ئوراپ تۇرىدىغان كىيىم كىيسۇن دېگەن مەنىنى، ياكى يۈزلىرىنى يېپىۋالسۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئوچۇق قالىدىغان يەر ئاياللارنىڭ يۈزلىرى ئىدى.»[③]

3 ـ ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «يۈركەنجە لىچەكتىن چوڭ، توندىن كىچىك كىيىم بولۇپ، خوتۇن كىشى ئۇنىڭ بىر قىسمى بىلەن بېشىنى يۆگەيدۇ، قالغان قىسمىنى كۆكسىگە چۈشۈرىدۇ. ئايەتتە، ئاياللار بىرەر ئىش ئۈچۈن سىرتلارغا چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىنى ۋە بەدەنلىرىنى يېپىپ چىقسۇن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. سۆددىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: خوتۇن كىشى ئىككى كۆزىنىڭ بىرىنى ۋە

---

① «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ جىلد، 188 ــ 192 ـ بەتكىچە قاراڭ.
② ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 422 ـ بەت.
③ ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 250 ـ بەت.

پىشانىسىنى ياپىدۇ، يۈزىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن پەقەت بىر كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ، قالغان يېرىنى ياپىدۇ.»

4 ـ ئىمام ئەبۇ بەكرى رازى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: ﴿پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن بۇ ئايەت ياش ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى يات ئەرلەردىن يېپىشقا، بەدنىيەت كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا قارىتا تەمەدە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىرتلارغا چىققاندا بەدەنلىرىنى ياپقانلىقلىرىنى ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكلىرىنى ئىزھار قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[1].

5 ـ «ئەلجەلالەين» نامىق تەپسىردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ سۆز «جىلباب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، خوتۇن كىشى ئۆزىنى ئورىۋالىدىغان كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرى باشلىرىنى ۋە يۈزلىرىنى ئورىۋېلىشقا، پەقەت ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكلىرى ئاسان تونۇلۇش ئۈچۈن بىر كۆزىنى ئوچۇق قويۇشقا بۇيرۇلغان.»

6 ـ ئىبنى جەرىر تەبەرى، ئىبنى سىيرىيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەبىيدە سەلمانىدىن الله تائالانىڭ: ﴿پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە سورىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئورانجىنى كۆتىرىپ، بېشىنىڭ ھەممە يېرىنى ئىككى قېشى بىلەن قوشۇپ پىششىق ئورىدى، ئاندىن يۈزىنى ياپتى، ئاندىن سول يۈزى تەرەپتىن سول كۆزىنى ئوچۇق قويدى.» ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[2]. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىندى.

دېمەك، مەشھۇر تەپسىرشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىدىن بۇ قاراشلار ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان قاراشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۈزنى يېپىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى، يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزنى ئاچماسلىقنى، پەقەت توي قىلىش تەلۋىدە بولغان ئەرگە ئېچىشنىڭ ياكى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلىغاندا ئېچىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەج ئىبادەت قىلىش ۋاقتى بولۇپ، پىتنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھەج ۋاقتىدىكى ھالەتنى بۈگۈنكى كۈندىكى بەزى نادانلارغا ئوخشاش باشقا ۋاقىتلارغا قىياس قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار: «خوتۇن كىشىنىڭ ئېھرام ھالىتىدە يۈزىنى ئېچىشى دۇرۇس بولغان ئىكەن، باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىشى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى يۈز ئەۋرەت ئەمەس» دېيىشىدۇ. بۇ، ئىسلام شەرىئىتىنى چۈشەنمىگەن كىشىنىڭ سۆزلىرىدۇر.

كىمكى ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى، ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ ئاياللىرىدىن ئىبارەت پەزىلەتلىك ئاياللارنىڭ بىسىپ ماڭغان ئىزىنى، ئىسلام دىنىنىڭ

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» نامىلىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 372 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» نامىلىق تەپسىرى، 22 ـ جىلدىگە قاراڭ.

www.munber.org

ئالتۇن دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىش، ئۆزلىرىنى پىششىق ساقلاش ۋە ھۆرمىتىنى قوغداش جەھەتلەردە تۇتقا قىلغان ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى دەرس قىلىپ ئوقۇيدىكەن، ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى يېپىشى پەرز ئەمەس، بەلكى ئۇلار يۈزلىرىنى ئېچىۋېتىشى لازىم دەپ جار سېلىپ، يۈز ئەۋرەت ئەمەس دېگەننى باھانە قىلىپ مۇسۇلمان ئاياللارنى يۈزلىرىنى ئېچىۋېتىشقا دەۋەت قىلىدىغان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئەلۋەتتە تونۇپ يېتىدۇ. بۇ بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە ئىلىمنى يوشۇرغانلىق گۇناھىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق دەۋەت قىلغانلىقلىرىنى داۋا قىلىشىدۇ. بىراق ئۇلار بۇنىڭ دىن دۈشمەنلىرى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇلار ئۈچۈن ھازىرلىغان تۇزاق ئىكەنلىكىنى، دۈشمەنلەر ئۆزۈندىن بىرى مۇسۇلمان ئايالنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھىجابتىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن تەدرىجىي قول تىقىش مەقسىتىدە قوزغىغان پىتنە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالغان. بىز ئەلۋەتتە اللە نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

### شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھىجابنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھىجابتا زۆرۈر بولغان بەزى شەرتلەر بېكىتىلگەن، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ھىجاب پۈتۈن بەدەننى يېپىشى كېرەك. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن﴾. بىز يۇقىرىدا پۈركەنجىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. ئۇ بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى تولۇق ياپىدىغان كىيىمدۇر. ئايەتتىكى ”ئوراش“ دېگەن سۆز باشتىن پۈتنىڭ ئۇچىغىچە ئوراشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ياپىدىغان كىيىم شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھىجاب بولىدۇ.

2 ـ ھىجاب قېلىن بولۇشى، نېپىز بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ھىجابلىنىشتىن مەقسەت بەدەننى يېپىشتۇر. ئەگەر كىيگەن كىيىم بەدەننى ياپالمىسا، ھىجاب دەپ ئاتالمايدۇ. چۈنكى ئۇ بەدەننى كۆرۈشتىن توسۇپ قالالمايدۇ، نەزەردىن ساقلاپ قالالمايدۇ. ئائىشەنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما نېپىز كىيىم كىيگەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىۋالدى...»①.

3 ـ ھىجابنىڭ ئۆزىدە زىننەت بويۇملىرى ياكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى جەلپ قىلىدىغان پار ـ پۇر ۋە رەڭگا ـ رەڭ نەرسىلەر بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېچىلىپ قالغان زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن...﴾②. ﴿ئېچىلىپ قالغان زىننەتلىرىدىن﴾ دېگەن ئايەت مەقسەتلىك ۋە قەستەنلىك بولماستىن ئېچىلىپ قالغان زىننەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھىجابنىڭ ئۆزىدە زىننەت بويۇملىرى بولسا، ئۇنى

---

① ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

② سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېيىش دۇرۇس ئەمەس، ھەمدە ئۇ ھىجاب دەپمۇ ئاتالمايدۇ. چۈنكى ھىجاب زىننەت بويۇملىرىنىڭ يات ئەرلەرگە كۆرۈنۈپ قېلىشىنى مەنئى قىلىدىغان كىيىمدۇر.

4 ـ ھىجاب كەڭ ـ كۇشادە بولۇشى، تار بولماسلىقى كېرەك. بەدەن قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئۇيياتلىق جايلارنى ئايان قىلىپ قويىدىغان، بەدەننىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان جايلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان دەرىجىدە تار بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دوزاخقا كىرىدىغان ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر بولۇپ، مەن ئۇلارنى تېخى كۆرمىدىم. بىر تۈرى شۇنداق كىشىلەركى، (قوللىرىدا) كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئوخشاش قامچىلار بولۇپ، ئۇلار بۇ قامچىلار بىلەن ئادەملەرنى ئۇرىدۇ. يەنە بىر تۈرى شۇنداق ئاياللاركى، بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىدۇ، نايناقلاپ مېڭىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ، باشلىرى تۆگىنىڭ لوككىلىرىغا ئوخشاش لىڭشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى ئەللىۋەتتە مۇنداق، مۇنداق (ئۇزۇن) مۇساپىدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى ئەللىۋەتتە بەش يۈز يىللىق مۇساپىدىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق: يەنى ئۇلار شەكىلدە كىيىم كىيىۋالغان، ئەمەلىيەتتە بولسا بەدەنلىرى يالىڭاچتەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇلار بەدەنلىرىنى ياپالمايدىغان، ئۇيياتلىق جايلىرىنى يوشۇرالمايدىغان كىيىملەرنى كىيىدۇ. كىيىم كىيىشتىن مەقسەت بەدەننى يېپىشتۇر. ئەگەر كىيىم بەدەننى ياپالمىسا، ئۇنى كىيگۈچى يالىڭاچ دېگەن گەپ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «نايناقلاپ مېڭىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق: يەنى ئۇلار نايناقلاپ مېڭىپ ئەرلەرنىڭ دىللىرىنى ئۆزلىرىگە تارتىدۇ، پىتنە قوزغاش ۋە ھەيرەتتە قالدۇرۇش مەقسىتىدە نازاكەت بىلەن ماڭىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تۆگىنىڭ لوككىلىرىغا ئوخشاش» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق: يەنى ئۇلار چاچلىرىنى باشلىرىنىڭ ئۈستىگە تۈگۈۋالىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ باشلىرى تۆگىنىڭ لوككىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزە سۆزلىرىدىن بىرىدۇر.

5 ـ ئەرلەرگە پۇرىقى بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھىجاب ئەتىر چېچىلغان كىيىم بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نامەھرەم ئاياللغا قارىغان ھەر بىر كۆز زىناخوردۇر. ئەگەر خوتۇن كىشى ئەتىر چېچىپ، ئەرلەر سورۇنىدىن ئۆتسە، مۇنداق، مۇنداق بولىدۇ.» يەنى زىنا قىلغۇچى بولىدۇ[2]. يەنە بىر رىۋايەتتە

[1] ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۈرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر خوتۇن كىشى ئەتىر چېچىپ، ئەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئەرلەر ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قالسا، ئۇ خوتۇن زىنا قىلغۇچى بولىدۇ.»

مۇسا ئىبنى يەسارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: گۈپۈلدەپ پۇراق كېلىپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭغا: ئى غالىب الله نىڭ دېدىكى! قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ دېدى. ئۇ: مەسجىدكە ماڭدىم، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: خۇشپۇراق ئىشلەتتىڭىزمۇ؟ دېدى. ئۇ: ھەئە، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: سىز قايتىپ كېتىپ، يۇيۇۋېتىڭ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گۈپۈلدەپ پۇراق پۇراتقان ھالدا مەسجىدكە چىقىپ ناماز ئوقۇغان ئايال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ يۇيۇنمىغىچە الله تائالا ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېدى.[1]

6 ـ ھىجاب ئۇچۇن كىيگەن كىيىم ئەرلەرنىڭ كىيىمىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ياكى ئەرلەر كىيىدىغان كىيىملەر بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئەرگە، ئەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئايالغا لەنەت ئېيتتى.»[2]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا الله لەنەت ئېيتىدۇ» يەنى بۇ زاماننىڭ بەزى ئاياللىرىغا ئوخشاش، كىيىم ـ كېچەكلەردە ۋە شەكىلدە ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارنى الله تائالا رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ. الله تائالادىن بىزنى مۇنداق قىلىقلاردىن ساقلىشىنى ۋە ھىمايە قىلىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز!

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ھىجاب پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا شەرىئەت بەلگىلىمىسى قىلىپ بېكىتىلگەن پەرزدۇر.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرى ۋە ئۇنىڭ پاك ئاياللىرى باشقا ئاياللار ئۇچۇن ئۈلگە ۋە ئۆرنەكتۇر.

3 ـ شەرىئەتكە ئۇيغۇن پۈركەنجە زىننەت بۇيۇملارنى، ئادەتتىكى كىيىملەرنى ۋە بەدەننىڭ ھەممىسىنى يېپىشى كېرەك.

4 ـ ھىجاب مۇسۇلمان ئايالغا، ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا قويۇش ئۇچۇن ئەمەس، ئۇنىڭ شان ـ شەرىپىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوغداش ئۇچۇن پەرز قىلىنغان.

[1] ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان. مۇنزىرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ئۇلاشقان، رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ئىشەنچلىكتۇر».
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

5 ـ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھىجاب كىيىش ئايال كىشىنى پاك تۇتىدۇ، جەمئىيەتنى بۇزۇقچىلىق ۋە پاھىشىنىڭ تارىشىدىن ھىمايە قىلىدۇ.

6 ـ مۇسۇلمان ئايال الله نىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشى، ئىسلام دىنى پەرز قىلغان ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك.

7 ـ الله تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان بولۇپ، ئۇلارغا پەرز قىلغان ھۆكۈملەرنى ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بەلگىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

بەزى نادانلار ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئاياللارغا ھىجابنى پەرز قىلغان ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاتباسى خەلپىلىكى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلاردىن ئىبارەتتۇر دەپ بىلجىرلىشىدۇ. مۇنداق بىلجىرلاشنىڭ توغرا بولۇشتىن ھېچقانداق نېسۋىسى يوق. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ دېيىلسە، پەقەت مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى كۆرسىتىدۇ: بىرى، ئىسلام دىنىنى ۋە الله تائالانىڭ روشەن كىتابى قۇرئان كەرىمنى بىلمىگەنلىكنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىرى، ھەممىنى ھالال سانىغۇچى ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا يوشۇرۇنغان يامان غەرەزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھەق بىلەن باتىلنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قالماسلىقى، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى، ھەقىقەتنىڭ ئۆزنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ ئالدىدا تاڭ نۇرىدەك ئايدىڭلىششى ئۈچۈن مەن ھەقىقەتنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشنى خالىدىم. بۇ زاماندا ئۆزلىرىنى مەدەنىيەت ئىگىلىرى ۋە ئىلغار دەۋەتچىلەر دەۋالغان ئەنە شۇ ئازغۇن كىشىلەر نېمىدېگەن جىق ھە! ئۇلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان زىيىنى ناھايىتى ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىسلاھ قىلىش ئىسمى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ، بىنا قىلىش ئىسمى بىلەن ۋەيران قىلىدۇ، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ئىسمى بىلەن دەججاللىق قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلاھاتچىلار دەپ بازارغا سالىدۇ.

## ھىجاب ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر

1 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار...﴾[1].

[1] سۈرە ئەھزاب، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

2 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىرەر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار...﴾[①].

3 ـ الله تائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھسساالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ــ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. الله (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

4 ـ الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نا مەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن...﴾[②].

مانا بۇ ئايەتلەر بىزگە ھىجابنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا الله نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىكى كەسكىن دەلىللەر بىلەن پەرز قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەممىنى ھالال سانىغۇچى مەزكۇر ئەخمەقلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك، ئۇ ھەرگىزمۇ ئابباسىي خەلىپىلىكى تەرىپىدىن ئاياللارغا تېڭىلغان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلار ئەمەس. دېمەك، ياڭغاننىڭ ئۆمرى ناھايىتى قىسقىدۇر.

بۇ ئايەتلەردىن شۇنى بىلىۋالىمىزكى، ئىسلام دىنى ئەر ـ ئاياللارنىڭ دىللىرىدا قاتراپ يۈرىيدىغان شەيتانىي ۋەسۋەسىلەرنىڭ ۋە شەك ـ شۈبھىلەرنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىپ ھىجابنى پەرز قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ﴾[③].

ئىسلام دىنىنىڭ ھىجابنى پەرز قىلىشتىكى بىرىنچى مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئىپپىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بىز بۇ يەردە ئاياللارنىڭ ئىپپەتلىك ۋە ئىسىل پەزىلەتلىك پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇلارغا

[①] سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يامانلىق قىلىشنى تۆت كۆزلىرى بىلەن كۆتۈپ تۇرىدىغان دىللىرى كېسەل، كۆڭۈللىرى قارا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

ئەقىللىق ئادەم، ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى يېرتىپ تاشلاشنىڭ ۋە ئۇلارنى ئەنئەنىۋى كىيىملىرىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ ئاتالمىش «ئۆيلىنىش كرىزىسى» نى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا ھېچ شەك قىلمايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن ياشلار ئۆيلىنىشكە قىزىقمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇلار جىنسىي ھەۋەسلىرىنى قىلچە جاپا ـ مۇشەققەت تارتماستىنلا قاندۇرىدىغان ئاسان يولنى تېپىۋالغان. شۇڭا ئۇلار ئۆيلىنىشتىن بىھاجەت. بۇ قىلمىشنىڭ دۆلەتنى بۇزۇقچىلىققا ۋە ۋەيرانلىققا ئۇچرىتىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئۆيلەنمەسلىك مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا كەڭ يامراپ كەتكەن خىيانەتچىلىك ۋە ئۆيلەرنىڭ بۇزۇلۇشى پەقەت ئاياللارنىڭ ئەنە شۇنداق يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقماقتا.

سەييىد سابىق «فىقھۇسسۇننە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسىسى بولسا، كىيىم كىيىش ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر﴾[1].

كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بولسا، مەدەنىيەت ۋە ھازارەتنىڭ ئىككى نامايەندىسىدۇر. بۇ ئىككى نەرسىدىن ئايرىلىش ھايۋانلىققا ۋە ئىپتىدائىي ھاياتلىققا قايتقانلىقتۇر. ئاياللار ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە شان ـ شەرەپ، ھايا ۋە ئىپپەتتىن ئىبارەتتۇر. بۇ گۈزەل پەزىلەتلەرنى قوغداش ئاياللارنىڭ ئىنسانلىقىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە قوغدىغانلىق بولىدۇ. ئاياللارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلاردىن ۋە ئىپپەت نومۇستىن ئايرىلىپ قېلىشى ئۇلارغا ۋە جەمئىيەتكە ھەرگىز پايدىلىق ئەمەس. چۈنكى جىنسىي ھەۋەس باشقۇرۇش ئەڭ قىيىن ۋە تەس بولغان ھەۋەستۇر.»[2]

## «ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىششىنى مەنئى قىلىڭلار. ئاياللار ئەركىنلىككە چەك قويۇڭلار»!

قاھىرەدە چىقىدىغان جۇمھۇرىيەت گېزىتى ھېلىسيان ستانسبىرى ئىسىملىك ئامېرىكىلىق بىر ئايال مۇخبىرنىڭ مۇشۇ ماۋزۇ باشماقالا قىلىنغان بىر ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئامېرىكىلىق بۇ يازغۇچى مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىدە بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن بۇ ماقالىنى يازغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب جەمئىيىتى ھەقىقەتەن

---

[1] سۈرە ئەئراف، 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سەييىد سابىقنىڭ «فىقھۇسسەننە» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 209 ـ بەت.

www.munber.org

كامىل ۋە ساغلام بىر جەمئىيەتتۇر. ئۆز قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ياش قىز ـ ئوغۇللىرىغا ئەقلىغا سىغدىغان بەلگىلىمىلەر ئىچىدە بەلگىلەپ بېرىش بۇ جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ جەمئىيەت ياۋروپا ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتلىرىدىن پەرقلىقتۇر. سىلەردە ئاياللارغا چەكلىمە بەلگىلەپ بېرىدىغان، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەشنى بەلگىلەپ بېرىدىغان مىراسىي قائىدە ـ يوسۇنلار بار. بۇگۈنكى كۈندە جەمئىيەتكە، ئامېرىكىدىكى ۋە ياۋروپادىكى ئائىلىلەرگە تەھدىت سېلىۋاتقان «غەرىبچە ئەركىنلىك» نىڭ بولماسلىقى سىلەرگە تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

ئەرەب جەمئىيىتى قىزلارغا بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىمىلەر ياخشى ۋە پايدىلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئۆزەڭلارنىڭ ئەنئەنىۋي قائىدە ـ يوسۇنۇڭلارغا ۋە ئەخلاقلىرىڭلارغا چىڭ يېپىشىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشىنى مەنئى قىلىڭلار، قىزلارنىڭ ئەركىنلىكىگە چەك قويۇڭلار. بەلكى، ھىجاب دەۋرىگە قايتىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا ئوخشاش ئەركىنلىشىش، ھەممە ئىشتا ئىختىيارى بولۇش، ھەممە پەسكەشلىكنى قىلىشقا يول قويۇشتىن كۆپ ياخشىدۇر.

ئەر ـ ئاياللارنى ئۆزئارا ئارىلىشىشتىن مەنئى قىلىڭلار، بىز ئامېرىكىدا بۇنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ كەتتۇق. ئامېرىكا جەمئىيىتى چۈشۈنۈكسىز بولۇپ قالغان، ھەممە ئىشتا ئىختىيارى بولۇش ۋە يېرىم ـ يالىڭاچ يۈرۈشنىڭ پۈتۈن شەكىللىرى بىلەن تولۇپ تاشقان بىر جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ يۈرۈشى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن، تېخى 20 ياشقا تولمىغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر تۈرمىلەرنى، زىندانلارنى، قاۋاقخانىلارنى ۋە يەر ئاستى ئۆيلەرنى تولدۇرىۋەتتى. بىز كىچىك قىزلىرىمىزغا ۋە ئوغۇللىرىمىزغا بەرگەن ئەركىنلىك ئۇلارنى توپ ـ توپ قارا گۇرۇھلارغا، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئادەم سېتىش ئەتكەسچىلىرىگە ئايلاندۇرىۋەتتى.

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشى، يۈگەنسىزلىك ۋە ئەركىنلىك ھەقىقەتەن ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا جەمئىيەتلىرىدە ئائىلىلەرگە ئېغىر تەھدىت سالماقتا، ياخشى ئادەت ۋە ئەخلاقلارنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىپ تاشلىماقتا. بۇ يېڭى جەمئىيەتتە تېخى يىگىرمىگە كىرمىگەن قىز ھېچ ئەيمەنمەستىن ياش ئوغۇللار بىلەن بىمالال ئارىلىشىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ھاراق ئىچىدۇ، مەدىنىيەت، ئەركىنلىك ۋە يۈگەنسىزلىك ئىسمى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قەدەم باسىدۇ. ئۇ ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىدۇ، ئائىلىسىنىڭ كۆز ئالدىدا خالىغان كىشى بىلەن قۇچاقلىشىدۇ. بەلكى ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا، ئوقۇتقۇچىلىرىغا ۋە نازارەتچىلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ئۇلارغا ئەركىنلىك ۋە ئۆزئارا ئارىلىشىش ئىسمى بىلەن، يۈگەنسىزلىك ۋە ھەممە ئىشتا ئىختىيارى بولۇش ئىسمى بىلەن جەڭ ئېلان قىلىدۇ. بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا ئەرگە تېگىدۇ، بىرقانچە سائەتتىن كېيىن تالاق

قىلىنىدۇ. ئۇ بىر ئىمزا، يىگىرمە تەڭگە پۇل ۋە بىر ئاخشاملىق تويدىن ئارتۇق چىقىم تارتمايدۇ.»[1]

مەن مۇنداق باھا بېرىمەن: مانا بۇ، ئامېرىكىلىق بىر يازغۇچى ئايالنىڭ قارىشىدۇر. دۈشمەنلەرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى دەلىل بولۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ. اللّٰه تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾[2].

[1] «قاھىرە جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنىڭ 1962 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چىققان سانىدىن ئېلىندى.
[2] سۈرە ئەھزاب، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## ھەيكەللەر ۋە رەسىملەرنىڭ ھۆكمى

﴿ ۞ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ مِنَّا فَضۡلٗاۖ يَٰجِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُۥ وَٱلطَّيۡرَۖ وَأَلَنَّا لَهُ ٱلۡحَدِيدَ ١٠ أَنِ
ٱعۡمَلۡ سَٰبِغَٰتٖ وَقَدِّرۡ فِي ٱلسَّرۡدِۖ وَٱعۡمَلُواْ صَٰلِحًاۖ إِنِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ١١ وَلِسُلَيۡمَٰنَ ٱلرِّيحَ
غُدُوُّهَا شَهۡرٞ وَرَوَاحُهَا شَهۡرٞۖ وَأَسَلۡنَا لَهُۥ عَيۡنَ ٱلۡقِطۡرِۖ وَمِنَ ٱلۡجِنِّ مَن يَعۡمَلُ بَيۡنَ يَدَيۡهِ بِإِذۡنِ
رَبِّهِۦۖ وَمَن يَزِغۡ مِنۡهُمۡ عَنۡ أَمۡرِنَا نُذِقۡهُ مِنۡ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ١٢ يَعۡمَلُونَ لَهُۥ مَا يَشَآءُ مِن مَّحَٰرِيبَ
وَتَمَٰثِيلَ وَجِفَانٖ كَٱلۡجَوَابِ وَقُدُورٖ رَّاسِيَٰتٍۚ ٱعۡمَلُوٓاْ ءَالَ دَاوُۥدَ شُكۡرٗاۚ وَقَلِيلٞ مِّنۡ عِبَادِيَ
ٱلشَّكُورُ ١٣ فَلَمَّا قَضَيۡنَا عَلَيۡهِ ٱلۡمَوۡتَ مَا دَلَّهُمۡ عَلَىٰ مَوۡتِهِۦٓ إِلَّا دَآبَّةُ ٱلۡأَرۡضِ تَأۡكُلُ مِنسَأَتَهُۥۖ
فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ ٱلۡجِنُّ أَن لَّوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ٱلۡغَيۡبَ مَا لَبِثُواْ فِي ٱلۡعَذَابِ ٱلۡمُهِينِ ١٤ ﴾

﴿بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق. (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە تەكشى قىلغىن، (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن». سۇلەيمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز. ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، (ئېيتتۇقكى) «ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (الله نىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار»، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز. سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى،

ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى﴾.

— سۈرە سەبەئ 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

فَضْلا: (پەزل) يەنى ئۇنىڭغا چوڭ ئىشلارنى بېرىپ، شۇ ئىشلار بىلەن ئۇنى باشقىلارغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلدۇق. بۇ ئارتۇقچىلىق پەيغەمبەرلىكنى ۋە زەبۇرنى بەرگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاپ بېرىشى، ئاۋازىنىڭ چىرايلىق بولۇشى قاتارلىقلارغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نېمەتلەرگە ئوخشاش، الله تائالا ئۇنىڭغىلا بەرگەن، باشقا پەيغەمبەرلەرگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

أَوِّبِي مَعَهُ: (داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار) يەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىشنى تەكرارلاڭلار. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى﴾[1].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام زەبۇرنى ئوقۇسا، تاغلار ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەكس سادا ياڭرىتاتتى، قۇشلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ كېتەتتى. گويا ئۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشنىڭ ئۆزىنى قىلغاندەك بولاتتى.»[2]

سَبِغَت: (ساۋۇتلارنى) يەنى كەڭرى تۆمۈر كىيىملەرنى ياسىغىن.

ئايەتتە پەقەت سۈپەتلا تىلغا ئېلىندى، چۈنكى ئۇ سۈپەتلەنگۈچى ئىسمنى ئېنىق كۆرسىتەلەيدۇ. دېمەك، ئۇ سۆز كىيگۈچىنىڭ ھەممە يېرىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا چوڭ كېلىپ قېلىپ يەرگە سۆرىلىپ قالىدىغان كەڭرى تۆمۈر كىيىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز تۆمۈر كىيىمنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ سۈپەت بولۇپ، مۇكەممەللىك ۋە تولۇقلۇقنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنچە تۆمۈر كىيىمنى بىۋاستە بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ قالغان.»[3]

---

[1] سۈرە ساد، 18 ـ ئايەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 265 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 255 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، ھەممە يېرى مۇكەممەل، تولۇق ۋە كەڭرى تۆمۈر كىيىملەرنى ياسىغىن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆمۈردىن ياسالغان، رەختىن ۋە باشقا نەرسىدىن تىكىلگەن، ھەممە يەرنى يېپىپمۇ ئېشىپ قالىدىغان كىيىمنىڭ كەڭرىلىكى مۇشۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.»[1]

وَقَدِّرْ فِي ٱلسَّرْدِ ۖ: (ساۋۇتلارنى ياساشتا تەكشى قىلغىن) يەنى تەكشى توقۇغىن. بۇ سۆز، ساۋۇتنىڭ ھالقىلىرىنى سونۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە كىچىك قىلىپ قويماستىن، ئوق ۋە نەيزىلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ ئىگىسىنى قوغدىيالمايدىغان دەرىجىدە كەڭرى قىلىپ قويماستىن، ئۆلچەمگە لايىق شەكىلدە تەڭشەپ ياسىغىن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى ساۋۇتلار قېلىن بولۇپ، ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئۇ ساۋۇتلارنى يېنىك ۋە پىششىق بولۇشنى ئۆلچەم قىلىپ ياساشقا بۇيرۇلغان.»[2]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ساۋۇتلارنى پىششىق ياساشنى، ئۇنىڭ ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان، ئېگىز ـ پەس بولۇپ قالمايدىغان تەكشى شەكىلدە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.»[3]

عَيْنَ ٱلْقِطْرِ: (مىس چىقىدىغان بۇلاقنى)، زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «(ئەلقىتر) دېگەن بۇ سۆز مىسنى كۆرسىتىدۇ. مىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئېرىتىپ بېرىلگەن. مىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ئېرىتىپ بېرىلمىگەن ئىدى.»

تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا، خۇددى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈرنى ئوتتا تاۋلىماستىن ئىشلىتىشى ئۈچۈن يۇمشاق قىلىپ بەرگەندەك، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغىمۇ مىسنى ئوتتا تاۋلىماستىن، ئۇنىڭ بىلەن خالىغان نەرسىنى ياسىشى ئۈچۈن بۇلاق قىلىپ ئاقتۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ مىس ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز خۇددى سۇ ئاققاندەك ئاقتى. بۈگۈنمۇ ئىنسانلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن شۇ مىستىن نەرسە كېرەك ياسايدۇ.»[4]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «مىسنىڭ ئېقىشىنى ئۈچ كۈنگە خاسلاشتۇرۇش تازا ئېنىق گەپ ئەمەس. ئۇ نەقىل قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى مۇمكىن. زاھىرى مەنىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۆجىزە سۈپىتىدە ئۇنىڭ مىس تاۋلاش كېيىندىن سۇ بۇلاقلىرىغا ئوخشاش بۇلاق بولۇپ ئاقاتتى.»[5]

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 267 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 255 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 269 ـ بەت.
[4] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 438 ـ بەت.
[5] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 270 ـ بەت.

يَزِغ: (خىلاپلىق قىلىدىكەن)، بۇ سۆز، كىمكى بىزنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمرىمىزدىن بۇرۇلۇپ كېتىدىكەن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

مَحَّارِيب: (كاتتا سارايلارنى)، بۇ سۆز، ناھايىتى چوڭ قەسىرلەرنى، پۇختا تۇرالغۇ جايلارنى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز «مىھراب» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، لۇغەتتە ئېگىز جاينى كۆرسىتىدۇ. ناماز ئوقۇيدىغان جايمۇ مىھراب دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئېگىز قىلىپ سېلىنغان ۋە ھۆرمەت قىلىنىدىغان جايدۇر. ئەبۇ ئوبەيدىنىڭ: قورو ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مىھرابتۇر، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ سۆز، چىرايلىق سېلىنغان، پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان ئۆينى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.»①

بۇ سۆز مەسجىدلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇ سۆز مەسجىدلەرنى ۋە ئېگىز قىلىپ سېلىنغان سارايلارنى كۆرسىتىدۇ.»

الله تائالا بۇ سارايلارنىڭ جىنلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن سېلىنغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ زامانلاردىكى ئىنسانلار بىناكارلىق ئىلىملىرىنى بىلمىگەچكە، مۇنداق چوڭ ۋە ئېگىز سارايلارنى سېلىش ئۇلارغا قىيىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. جىنلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانلار ئاجىزلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى.

وَتَمَاثِيل: (ھەيكەللەرنى)، بۇ سۆز «تىمسال» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، لۇغەتتە رەسىم دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز الله ياراتقان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىپ ياسالغان نەرسىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدۇر.»②

وَجِفَان: (چوڭ لىگەنلەرنى)، بۇ سۆز «جەفنە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ناھايىتى چوڭ قاچىلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەبۇ ئوبەيدە مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ ئەنە شۇنداق چوڭ قاچىسى بار ئىدى. ئۇ قاچىدىن ئۆرە تۇرغان ئادەممۇ، ئۇلاغ ئۈستىدىكى ئادەممۇ نەرسە ئېلىپ

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 271 ـ بەت.
② ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، Ŏǯŋ بۆلۈمى.

www.munber.org

يېيىلەيتتى. مەدائىنى ئۇ قاچىغا بىر كىچىك بالىنىڭ چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.»[①]

كَٱلْجَوَابِ: (كۆلدەك)، بۇ سۆز «ئەلجابىيە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىشى بولۇپ، سۇ يىغىلىدىغان ناھايىتى چوڭ كۆل دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «جىنلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا تۆگىلەر سۇ ئىچىدىغان كۆلدەك چوڭ قاچىلارنى ياساپ بېرەتتى. بىر قاچىنىڭ ئەتراپىغا مىڭ ئادەم يىغىلىپ، ئۇنىڭدىن كەڭ تاشا تاماق يېيەلەيتتى.»

رَّاسِيَٰتٍۚ: (مىدىرلىمايدىغان)، بۇ سۆز ئۇ قازانلارنىڭ ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن يۆتكىگىلى بولمايدىغانلىقىنى، قويۇلغان يېرىدە ناھايىتى چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تاغلارمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئاتالغان. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز زېمىنغا ئېگىز تاغلارنى ئورناتتۇق﴾[②].

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، چوڭلۇقىدىن كۆتۈرگىلى بولمايدىغان، مىدىرلاتقىلىمۇ بولمايدىغان، مەزمۇت ئورناپ كەتكەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ قازىنىمۇ ئەنە شۇنداق چوڭ بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇ قازانغا شۇتا بىلەن چىقىلاتتى.»[③]

ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قازاننىڭ قويۇلغان يېرىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بولۇپ، بىرى، ئۇنىڭ تۇۋۈلۈكى ئۆزى بىلەن بىللە ئىدى. بۇ قاراشنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە بىرى، ئۇ قازان چوڭ بولغانلىقتىن ئۆرۈلۈپ كەتمەيتتى. بۇ قاراشنى ئىبنى قۇتەيبە ئوتتۇرىغا قويغان.»[④]

دَآبَّةُ ٱلۡأَرۡضِ: (قۇرۇتلار)، ياغاچلارنى يەپ تېشىۋېتىدىغان ھاشارەتلەر قۇرۇت، دەپ ئاتىلىدۇ.

مِنسَأَتَهُۥ: (ھاسىسى)، بۇ سۆز ھاسا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

خَرَّ: (يىقىلغان)، بۇ سۆز، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكى يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ٱلۡعَذَابِ ٱلۡمُهِينِ: (خار قىلغۇچى ئازاب)، بۇ سۆز، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام جىنلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان جاپالىق ۋە ئېغىر ئەمگەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[①] بەغدادىنىڭ «ئەلجەمانۇ فىي تەشبىيھاتىل قۇرئان» ناملىق كىتابى، 174 ـ بەتكە قاراڭ.
[②] سۈرە مۇرسەلات، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[③] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 276 ـ بەت.
[④] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 439 ـ بەت.

تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار: جىنلار كەلگۈسىدە بولىدىغان غەيب ئىشلارنى بىلىدۇ دەپ قارايتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مەسجىدىدە ھاسىسىغا تايانغان ھالەتتە ناماز ئوقۇۋېتىپ ئۆرە تۇرغان پېتى ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇ شۇ ھالەتتە بىر يىل تۇرىدۇ. جىنلار بولسا ئەنە شۇ جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تاكى قۇرۇتلار ئۇنىڭ ھاسىسىنى يەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ. جىنلار ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئىنسانلارمۇ جىنلارنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر جىنلار غەيبنى بىلگەن بولسا ئىدى، مۇشۇنچىۋالا ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىپ تۇرمىغان بولاتتى.»

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالا بۇ ئايەتلەردە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ﴿داۋۇد﴾ ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان روشەن ئارتۇقچىلىقلاردىن ۋە كاتتا مەنسەبتىن ئىبارەت نېمەتلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىكنى، پادىشاھلىقنى، سانى كۆپ، قوراللىرى سەرخىل بولغان قوشۇنلارنى نېسىپ قىلدى، ئۇنىڭغا يەنە چىرايلىق ۋە يېقىملىق ئاۋازنى ئاتا قىلدى. ئۇ بۇ ئاۋازى بىلەن تەسبىھ ئېيتسا، ئېگىز تاغلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتاتتى. ئەگەر ئۇ زەبۇرنى ئوقۇسا، ئۇۋىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ۋە ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىۋاتقان قۇشلارمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تەسىرىدىن ئۇچۇشتىن توختاپ قالاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە زەبۇرنى ئوقۇيتتى، تەسبىھ ئېيتاتتى ۋە الله نى ئۇلۇغلايتتى. بۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىدۇر.

الله تائالا ﴿تۆمۈرنى داۋۇد﴾ ئەلەيھىسسالامغا يۇمشاق قىلىپ بەردى. تۆمۈر ئۇنىڭ ئىككى قولى ئارىسىدا خېمىرغا ئوخشاش بولۇپ كېتەتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئىنسانىنى ئۇرۇشلاردا قوغدايدىغان كەڭرى ساۋۇتلارنى ياسايتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جەڭلەردە سىلەرنى (ياردار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلامسىلەر؟ (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار)﴾[1].

الله تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلغىنىدەك، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغىمۇ مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇنىڭغا ﴿شامالنى﴾ بويسۇندۇرۇپ بەردى، جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەتتى، ﴿ئۇنىڭغا﴾ مىس چىقىدىغان ﴿بۇلاقنى﴾ ئاققۇزۇپ بەردى. مىس الله نىڭ قۇدرىتى بىلەن خۇددى سۇ ئاققاندەك ئاقاتتى. شامال بىرقانچە سائەت ئىچىدىلا ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىلەرنى باساتتى. ئۇنى ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئۇچۇرتۇپ، شەھەردىن

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 80 ـ ئايەت.

www.munber.org

شەھەرگە يۆتكەيتتى. بىر كۈندىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئىككى ئايلىق مۇساپىنى باساتتى. ﴿شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى﴾ يەنى شامال سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ چۈشكىچە بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ باراتتى، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەتتى. ئۇ شامال خۇددى ھازىرقى زامانىۋي ئايروپىلانغا ئوخشاش، ناھايىتى چوڭ قوشۇننى كۆتۈرۈپ بىرقانچە سائەت ئىچىدىلا ئىككى ئايلىق مۇساپىگە يۆتكەيتتى.

الله تائالا يەنە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. جىنلار ئىنسانلار ئاجىزلىق قىلىدىغان كاتتا سارايلارنى، ئاجايىب ھەيكەللەرنى، كۆلگە ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ قاچىلارنى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېغىرلىقىدىن مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان مەزمۇت قازانلارنى ياساپ بېرەتتى. الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن الله تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇدى.

كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ھالەتتە ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى، جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان جىنلارغا ئۇنىڭ ۋاپاتىنى قانداق بىلدۈرمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھاسىسىغا تايانغان ھالەتتە تەخمىنەن بىر يىل تۇرغان، ھالبۇكى، ئۇ ئۆلۈك ئىدى. جىنلار بۇنى بىلمەي قالدى. تاكى قۇرۇتلار ھاسىنى يېگەندىن كېيىن ھاسا سۇنۇپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكى يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. شۇ چاغدىلا جىنلار ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. ﴿ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى﴾، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىش ئۈچۈن بويسۇنغان ھالدا شۇنچە ئۇزۇن مۇددەت قالمىغان بولاتتى.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇكى، كاپىرلار ئۆز نەزەرلىرىدە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ۋە قىيامەت كۈننى ھەرگىز ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس دەپ ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارغا تاغ ۋە قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىشى، تۆمۈرنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، گەرچە تۆمۈر قاتتىق جىسىم بولسىمۇ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قولى ئارىسىدا خۇددى شام ياكى خېمىردەك بولۇپ كېتىشى، شۇنداقلا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قوشۇننى ئۇ خالىغان يەرگە ئېلىپ بارىدىغان شامالنىڭ بويسۇندۇرۇلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ قۇدرىتى بىلەن مىسنىڭ خۇددى سۇ ئاققاندەك ئاققۇزۇپ بېرىلىشى، جىنلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان جاپالىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە بويسۇندۇرۇلىشى قاتارلىق ئادەتتە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمىغان، ئىنكار قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان.

شۇنداق ئىكەن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تىرىلىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى الله تائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر. مانا بۇ، بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالا پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى بەزى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلدى، ئۇنىڭغا تاغلارنى ۋە قۇشلارنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىشقا بويسۇندۇرۇپ بەردى، تۆمۈرنى يۇمشاق قىلىپ بەردى، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھلىقنى بىرگە ئاتا قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغىمۇ پەيغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھلىقنى بىرگە ئاتا قىلدى. مانا بۇلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بېرىلگەن ئارتۇقچىلىقلاردۇر.

ئىبنى ئاببا س مۇنداق دەيدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام تەسبىھ ئېيتسا، قۇشلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتاتتى. ئەگەر ئۇ زەبۇرنى تىلاۋەت قىلسا، ئۇنىڭ تىلاۋىتىنى بىرمۇ جانلىق قالماي تىڭشايتتى، ئۇنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ يىغلايتتى.»

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ مۇنداق دەيدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام تاغلارغا: تەسبىھ ئېيتىڭلار دەيتتى، قۇشلارغا: سىلەرمۇ قېتىلىڭلار، دەيتتى. ئاندىن زەبۇرنى چىرايلىق ئاۋازى بىلەن تىلاۋەت قىلىشقا باشلايتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭدىن چىرايلىق مەنزىرىنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى.»

2 ـ الله تائالانىڭ ﴿پەزل﴾ دېگەن سۆزى بۇ پەزلنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېنىقسىز كەلتۈرۈلدى. يەنى بۇ ئايەت: بىز پەيغەمبەرلەر ئىچىدىن داۋۇدنى ناھايىتى چوڭ خۇسۇسىي ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلدۇق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿دەرگاھىمىزدىن﴾ دېگەن سۆزىمۇ بۇ ئارتۇقچىلىقنىڭ ناھايىتى كاتتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ الله تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىۋاسىتە بېرىلگەن ئارتۇقچىلىقتۇر. الله تائالانىڭ ھېلىقى ياخشى بەندە ھەققىدە: ﴿ئۇ ئىككىسى (بېلىقنى ئۇنتۇغان چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ مەرھەمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى (يەنى ئىلمىي غەيبنى) بىز بىلدۈرگەن بىر بەندىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى﴾[①] دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان.

3 ـ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە 16 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇ ئۇنىڭ قىسسىسىنى تولۇق بايان قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، پەقەت الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ساناش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. شۇ

---

[①] سۈرە كەھف، 65 ـ ئايەت.

www.munber.org

نېمەتلەردىن بىرى بولسا، ئۇنىڭ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتىكى زېرەكلىكى، ھەمدە ئۆتكۈر پىكىرلىكىدۇر: ﴿داۋۇد بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىد ئىدۇق. قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق﴾①.

شۇ نېمەتلەردىن يەنە بىرى بولسا، ئۇنىڭ قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشىدۇر: ﴿سۇلەيمان (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى دېدى﴾②.

شۇ نېمەتلەردىن يەنە بىرى بولسا، ئۇنىڭغا شامالنىڭ بويسۇندۇرۇلىشى ۋە شامالنىڭ ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ خالىغان يەرگە لەرزان مېڭىشىدۇر: ﴿سۇلەيمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى﴾.

شۇ نېمەتلەردىن يەنە بىرى بولسا، ئۇنىڭغا ئېرىتىلگەن مىسنى ئاققۇزۇپ بېرىشتۇر. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ قاتتىق مېتاللارنى ئېرىتىش ئىشىنى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: ﴿ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق﴾.

شۇ نېمەتلەردىن يەنە بىرى بولسا، ئۇنىڭغا جىنلارنى ئىنسانلار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بويسۇندۇرۇپ بېرىشتۇر: ﴿ھەمدە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق﴾③. ﴿بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى﴾.

الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ مەنسەپنى، كەڭ زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە بەرمىگەن كاتتا پادىشاھلىقنى بەردى: ﴿سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن﴾④. الله تائالا ماڭا بۇ ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە خاس ئاتا قىلغان.

4 ـ ئەللامە ئەبۇ سەئۇد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە تاغلار بىلەن قۇشلار الله تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغۇچى، ھۆكمىگە بويسۇنغۇچى ۋە

---

① سۈرە ئەنبىيا، 78 ـــ 79 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نەملە، 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ساد، 37 ـ ئايەت.
④ سۈرە ساد، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خىتاب قىلىنغۇچى ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئورنىدا قويۇلدى. بۇ پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ۋە جانسىز جىسىملارنىڭ، سۆزلىيەلەيدىغان ۋە سۆزلىيەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ اللە تائالانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن باش تارتمايدىغانلىقىنى، اللە تائالانىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە كاتتا زات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۆكەممەل بۈيۈكلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئەقىللىق كىشىلەرگە مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.»[①]

5 ـ اللە تائالا: ﴿شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى﴾ دېدى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ شامال چۈشكىچە بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى، شۇنداق قىلىپ بىر كۈندە ئىككى ئايلىق مۇساپىنى باساتتى.»[②]

6 ـ اللە تائالا: ﴿بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى...﴾ دېدى. ئەگەر بىرى: جىنلار بىلەن بىرگە بولۇش ئىنسانغا زىيانلىقتۇر، شۇڭا اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»﴾[③]. شۇنداق ئىكەن، شەيتانلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا نېمىشقا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلدى؟ دېسە، بۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ:

جىنلار بىلەن ئەنە شۇنداق بىرگە بولۇش ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش اللە تائالانىڭ بۇيرۇقى، ھەمدە ئۇنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن بولغان. بۇنى اللە تائالانىڭ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە﴾ دېگەن سۆزى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ زىيانلىق بولماستىن، ئەكسىچە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا پايدىلىق بولغان. ئايەتتىكى "پەرۋەردىگار" دېگەن سۆز بۇ يەردە تەربىيىلەش، قوغداش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ ھىمايىسىدە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىدە بولغان. شۇڭا ئۇنىڭغا جىنلار تەرىپىدىن زىيان يەتمىگەن[④].

7 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز﴾ دېگەن سۆزى ئىنتايىن ئىنچىكە بىر مەسىلىگە ئىشارەت قىلغان بولۇپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بويسۇندۇرۇلغان جىنلارنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلەر بولماستىن، مۇرتەد كاپىرلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنى ئازابلىمايتتى، ئۇلارغا ئازابنىڭ تۈرلىرىنىمۇ تېتىتمايتتى. چۈنكى پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ناھايىتى بەك كۆيىنىدۇ. بۇ

---

① ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 8 ـ بەت.
② ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 6 ـ جىلد، 438 ـ بەت.
③ سۈرە مۇئمىنۇن، 97 ـــ 98 ـ ئايەتلەر.
④ ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 10 ـ بەت.

www.munber.org

مەنىنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى﴾. چۈنكى مۆمىن پەيغەمبەرنىڭ زامانىدا پەيغەمبەر تەرىپىدىن خار قىلغۇچى ئازابتا قالمايدۇ[1].

8 ـ الله تائالانىڭ: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾ دېگەن سۆزى دىل، تىل ھەم ئەمەللەر بىلەن ئېيتىلغان تولۇق ۋە مۇكەممەل شۈكۈرنىڭ ئەمەلىيەتتە چىقىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى الله تائالاغا شۈكۈر ئېيتىشقا مۇۋەپپەق بولۇش الله تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن، يەنە بىر قېتىم شۈكۈر ئېيتىشقا ئۇندەيدىغان نېمەتتۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاخىرقى قېتىملىق شۈكۈر ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا: «شۈكۈر ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلغان ئادەم شۈكۈر ئېيتىدۇ، ئەمما الله تائالانىڭ نېمەتلىرىگە مۇناسىپ شەكىلدە شۈكۈر ئېيتىشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ» دېيىلىدۇ. ﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[2]. شۇنداق بولسىمۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە شۈكۈر قىلىدىغان ئىنسانلار بەك ئاز. الله نىڭ نېمەتلىرىگە كۈپۈرلۇق قىلىدىغانلار بەك كۆپ. پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرەت الله تائالاغا مەنسۇپتۇر.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ھەيكەللەرنى قوللىنىش رۇخسەتمىدى؟

الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى﴾ دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت بۇ ئايىتى كەرىمنىڭ زاھىرى مەنىسى ھەيكەل قوللىنىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى، ئۇنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە رۇخسەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىم الله تائالانىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان جىنلارنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت نېمىتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. جىنلار: ﴿سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى﴾ ياساپ بېرەتتى. بۇ نەرسىلەرنى، نېمەتلەرنى تىلغا ئالغان يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئۇنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 12 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] سۈرە بەقەرە، 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە ھەرخىل قاراشلىرى بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز:

1 ـ قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن بۇ ھەيكەللەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە دۇرۇس ئىدى. ئۇنى ئىسلام شەرىئىتى مەنسۇخ قىلدى. ھەممىگە مەلۇمكى، بىزدىن ئىلگىرىكى شەرىئەتنىڭ بىرەر ھۆكمى بىزنىڭ دىنىمىزدا مەنسۇخ قىلىنمىسا، ئۇ بىز ئۈچۈنمۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھۆكۈم بولىدۇ. ئايەتتىكى ھۆكۈم بىزنىڭ دىنىمىزدا مەنسۇخ قىلىنغان. شۇڭا بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ھەيكەل ۋە رەسىم قوللىنىش كەسكىن ھالدا ھارامدۇر.

2 ـ اللہ نىڭ پەيغەمبىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قوللىنىلغان ھەيكەللەر ئىنسانلىغا ياكى قۇشلارغا ۋە ياكى ھايۋانلىغا ئوخشاش جېنى بار نەرسىلەرنىڭ ھەيكەللىرى بولماستىن، پەقەت دەل ـ دەرەخلەر، دېڭىزلار ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە ئوخشاش جېنى يوق نەرسىلەرنىڭ ھەيكەللىرى ئىدى. شۇنداق بولغاندا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىزنىڭ شەرىئىتىمىزگە مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ. اللہ خالىسا، بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

#### ھەيكەللەرنىڭ ۋە سىزما رەسىملەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھۆكمى نېمە؟

قۇرئان كەرىم ھەيكەللەرنى قاتتىق سۆكىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)﴾[1] قۇرئان كەرىم ھەيكەللەرنى ۋە بۇتلارنى ئىلاھ قىلىۋالغان كىشىلەرگە قاتتىق تەنبىھ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) ئۆزەڭلار ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى اللہ ياراتقاندۇر﴾[2].

قۇرئان كەرىمدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى چاققانلىق ھەققىدىكى قىسسىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەممىگە مەلۇمدۇر. بىزنىڭ كاتتا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ كەبىگە ۋە سەفا بىلەن مەرۋىگە قويۇلغان بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى تەۋھىد دىنىدۇر، شېرىكنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئىسلام دىنىدا شېرىكتىن چوڭ گۇناھ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى بۇتپەرەسلىككە ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشقا قاتتىق قارشى تۇرغان. ئىسلام شەرىئىتى ھەيكەللەرنى قوللىنىشنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئۇ اللہ قا شېرىك كەلتۈرىدىغان بۇ قەبىھ ئىشنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. پاك سۈننەت رەسىمنى ۋە رەسىم سىزغۇچىلارنى قاتتىق سۆكىدۇ، رەسىم ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سافات، 95 ـــ 96 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىپ ئېيتالايمىزكى، ئىسلام دىنى ھەيكەللەرنى ۋە رەسىملەرنى قوللىنىشنى قەتئىي ھارام قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەيكەل ۋە رەسىملەرنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يېتىكلى تاس قالغان. بۇ دەلىللەرنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

## رەسىمنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىللەر

بىرىنچى دەلىل، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلار اللّٰہ ياراتقان نەرسىگە ئوخشىتىپ نەرسە پەيدا قىلغانلاردۇر.»

ئىككىنچى دەلىل، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا: سىلەر پەيدا قىلغان بۇ نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار، دېيىلىدۇ.»

ئۈچىنچى دەلىل، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد، ئەبۇ زۇرئەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ قورۇسىغا كىردىم. ئەبۇ ھۇرەيرە قورۇدا سىزىلىۋاتقان ھەيكەللەرنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: اللّٰہ تائالا ئېيتىدۇكى، «مەن ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ بىر تال قوناق پەيدا قىلغان، ياكى بىر تال دان پەيدا قىلغان ۋە ياكى بىر تال ئارپا پەيدا قىلغان كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

تۆتىنچى دەلىل، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رەسىملەرنى سىزىمەن، بۇ ھەقتە ماڭا پەتۋا بەرگىن دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا: ماڭا يېقىن كەلگىن دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇ يەنە: ماڭا يېقىن كەلگىن دېدى. ئۇ تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتىپ بېرەي، مەن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «رەسىم سىزغۇچى دوزاختا بولىدۇ. ئۇنىڭ سىزغان ھەر بىر سۈرىتىگە جان پەيدا قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ جەھەننەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئازابلىنىدۇ.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن مۇشۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن دېسەڭ، دەل ـ دەرەخلەرنى ۋە جېنى يوق نەرسىلەرنى سىزغىن» دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «كىمكى بىر رەسىم سىزىدىكەن، اللّٰہ ئۇنى شۇ رەسىمگە جان كىرگۈزگۈچە ئازابلايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئۇنىڭغا

مەڭگۈ جان كىرگۈزەلمەيدۇ.» ئاندىن ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن مۇشۇ ئىشنى قىلمەن دەپ تۇرىۋالساڭ، بۇ دەل - دەرەخلەرنى ۋە جېنى يوق ھەرقانداق نەرسىنى سىزساڭ بولىدۇ» دېدى.

بەشىنچى دەلىل، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن رەسىم چۈشۈرۈلگەن بىر دانە ياستۇق سېتىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى، ئۆيگە كىرمىدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى كۆرۈپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئۆتۈنۈپ تەۋبە قىلىمەن، نېمە گۇناھ قىلدىم؟ دېدىم. ئۇ: «بۇ ياستۇقنىڭ نېمە ئىشى بار؟» دېدى. مەن: سىزنى ئولتۇرسۇن ۋە يۆلەنسۇن دەپ، ساتىۋالدىم، دېدىم. ئۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا: سىلەر پەيدا قىلغان بۇ نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار دېيىلىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «رەسىملەر بار ئۆيلەرگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ.»

ئالتىنچى دەلىل، ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ ھەيياج ئەسەدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: بىلگىنكى، مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئەۋەتكەن نەرسە ئۈستىگە ئەۋەتىمەن[1]: «ھېچقانداق رەسىمنى قويماي چېقىپ تاشلىغىن، ئېگىز قىلىپ ياسىۋالغان قەبرىلەرنى تۈزلەپ تاشلىغىن.»

يەتتىنچى دەلىل، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر غازاتقا چىقىپ كەتتى. مەن ھەر خىل رەڭدە بويالغان بىر پارچە لاتىنى ئېلىپ، ئىشىككە پەردە قىلىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى كۆردى. مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئۇنى تارتىپ ئېلىپ يىرتىۋەتتى. ئاندىن: «الله ھەققەتەن بىزنى تاش ۋە توپىلارغا كىيىم كىيدۈرۈشكە بۇيرۇمىدى» دېدى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ لاتىنى كېسىپ، ئىچىگە خورما ياغىچىنىڭ قوۋۇزاقلىرىنى تىقىپ ئىككى دانە ياستۇق قىلدىم. ئۇ بۇ ئىشىمنى ئەيىبلىمىدى.

سەككىزىنچى دەلىل، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا ئۇنىڭ بەزى ئاياللىرى «مارىيە» دەپ ئاتىلىدىغان چىركاۋنى تىلغا ئالدى. ئۇممۇ سەلىمە بىلەن ئۇممۇ ھەبىبە ھەبەشىستان زېمىنىغا بارغان ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئۇ چىركاۋنىڭ چىرايلىقلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىكى رەسىملەرنى تىلغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇلار ئىچىدىن ياخشى

[1] ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئادەمنى مەلۇم جايغا خىزمەتكە تەيىنلەپ ئەۋەتكەندە بۇ سۆزنى قىلغان.

www.munber.org

بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇلار ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە مەسجىد سېلىشۇاتتى. ئاندىن ئۇ مەسجىدنىڭ ئىچىگە ئەنە شۇ رەسىملەرنى سىزىشۇاتتى. ئۇلار اللە نىڭ ئەڭ يامان بەندىلىرىدۇر.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ دەلىللەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن دەلىللەر رەسىمنىڭ قەتئىي ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنىنى دەرس قىلىپ ئوقۇغان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىمنى، رەسىم سىزىشنى كەسىپ قىلىۋېلىشنى ۋە ئۇنى سېتىشنى ھارام قىلغانلىقىنى ھەققىي بىلىپ يېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيكەل ئۇچراتسا، پاچاقلاپ تاشلايتتى.

رەسىم سىزغۇچىلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەزھەب ئۆلىمالىرى رەسىم سىزىشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئىتتىپاق كەلگەن. ھېچكىم بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلمىغان. بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئايرىم قاراشلىرى بولۇپ، ئۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز. شۇنداقلا رەسىمنىڭ ھارام قىلىنغانلىق سەۋەبىنى بايان قىلىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن فوتو سۈرەتنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىمىز ۋە ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە دەلىللەر ئاساسىدا يەكۈنلەپ چىققان قاراشلىرىنى بايان قىلىمىز.

## رەسىمنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى سەۋەب

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسلىرىدىن بىزگە شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ھەيكەللەرنىڭ ۋە رەسىملەرنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى سەۋەب بولسا، اللە تائالا ياراتقان نەرسىگە ئوخشاشلىق پەيدا قىلغانلىقتىندۇر. بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

1 ـ ھەدىس: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلار اللە ياراتقان نەرسىگە ئوخشىتىپ نەرسە پەيدا قىلغانلاردۇر.»

2 ـ ھەدىس: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا: سىلەر پەيدا قىلغان بۇ نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار دېيىلىدۇ.»

3 ـ ھەدىس: «مەن ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ بىر تال قوناق پەيدا قىلغان، ياكى بىر تال دان پەيدا قىلغان ۋە ياكى بىر تال ئارپا پەيدا قىلغان كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟»

دېمەك، بۇنىڭدىكى سەۋەب اللە تائالا ياراتقان نەرسىگە ئوخشىتىپ نەرسە پەيدا قىلغانلىقتۇر.

شۇنداقلا رەسىمنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ھېكمەت بولسا، بۇتپەرەسلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن يىراق بولۇش، تەۋھىد ئەقىدىسىنى شېرىكتىن قوغداش ۋە بۇتلارغا

چوقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگىمۇ بۇتپەرەسلىك پەقەت ھەيكەللەرنى ياساش ۋە رەسىم سىزىش يولى بىلەن كىرگەن. ئۈممۇ سەلەمە بىلەن ئۈممۇ ھەبىبەنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىمۇ بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلار ئىچىدىن ياخشى بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇلار ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە مەسجىد سېلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ مەسجىدنىڭ ئىچىگە ئەنە شۇ رەسىملەرنى سىزىۋالىدۇ. ئۇلار اللە نىڭ ئەڭ يامان بەندىلىرىدۇر.»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى چوقۇنغان، قۇرئان كەرىم تىلغا ئالغان ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسىر قاتارلىق بۇتلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى ئىكەن. ئۇ ياخشى ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەۋمى ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارغا چوقۇنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان.

سۆئلەبى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ اللە تائالانىڭ: ﴿ئۇلار: «مەبۇدلىرىڭلارنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار، ۋەدنى، سۇۋائنى، يەغۇسنى، يەئۇقنى ۋە نەسرىنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار» دېدى﴾[1] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «بۇ بۇتلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىدۇر. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن شەيتانلار ئۇلارنىڭ قەۋمىگە: ئۇلارنىڭ سورۇن تۈزەيدىغان يەرلىرىگە ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەڭلار ۋە بۇ ھەيكەللەرنى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتاڭلار، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرۇڭلار، دېدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارمۇ ئۆلۈپ تۈگىدى، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئىنسانلار اللە نى قويۇپ شۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى.»[2]

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ھەيكەللەرگە ۋە بۇتلارغا چوقۇنغان سەۋەبتىن بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە رەسىم سىزىشنى مەنئى قىلىش پەرز بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇلار سۈرەتلەرنى ياسايتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. شۇڭا اللە تائالا بۇتقا چوقۇنۇشنىڭ يولىنى قەتئىي كېسىپ تاشلاپ، ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرمىدى.»

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەگەر بىر ئادەم ئۆلۈپ قالسا، ياغاچتىن ئۇنىڭ ھەيكىلىنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياساپ، ئۆيىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىكەن. ئەگەر ئۆلگۈچى ئەر كىشى بولسا ئۆزىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويىدىكەن، ئايال كىشى بولسا زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ قويىدىكەن ۋە شۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېتىدىكەن. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا ياكى ئۇ ياقتۇرمايدىغان ئىش قايتا يۈز بەرسە،

---

[1] سۈرە نۇھ، 23 ـ ئايەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 308 ـ بەت.

www.munber.org

ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ شۇ ھەيكەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلايدىكەن ۋە ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىدىكەن. كۆز يېشى تۆكۈش بىلەن كۆڭلىنى قاپلىۋالغان قايغۇ ھەسرەتلىرىگە تەسكىن تاپقۇزىدىكەن. ئاندىن ئىشىكنى تاقاپ قايتىپ كېتىدىكەن. زاماننىڭ ئۆزۈرىشى بىلەن ئۇلار شۇ ھەيكەلگە بۇتلارنىڭ قاتارىدا چوقۇنىدىكەن.»[1]

## سۈرەتلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۆلىمالار سۈرەتلەرنى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ:

1 ـ سايىسى چۈشىدىغان سۈرەتلەردۇر. ئۇلار ھاك، مىس، تاش ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان بولۇپ، ھەيكەل دەپ ئاتىلىدۇ.

2 ـ سايىسى چۈشمەيدىغان سۈرەتلەردۇر. ئۇلار قەغەزگە سىزىلغان، تاملارغا ئويۇلغان، گىلەم، ياستۇق ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرگە چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەر بولۇپ، بۇلار رەسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، سايىسى بار ھەرقانداق نەرسە ھەيكەل، سايىسى يوق ھەرقانداق نەرسە رەسىم دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقانداق ھەيكەلنى رەسىم دېگىلى بولىدۇ، ھەرقانداق رەسىمنى ھەيكەل دېگىلى بولمايدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەيكەل دېگەن الله ياراتقان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىپ ياسالغان نەرسىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدۇر.»[2]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿ھەيكەللەر﴾ دېگەن سۆزى جانلىق بولسۇن ياكى جانسىز بولسۇن، ئوخشىتىپ ياسالغان ياكى سىزىلغان سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. چاقچۇق، مىس ۋە مەرمەردىن ياسالغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ ھەيكەللەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ سۈرەتلىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىبادەتكە بولغان تىرىشچانلىقىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشى ئۈچۈن مەسجىدلەرگە سىزىپ قويۇلغان، دەپ بايان قىلىنىدۇ.

ئەگەر: «سىزىش چەكلەنگەن رەسىملەرنى ئۇلار قانداق قىلىپ دۇرۇس دەپ قارىغان؟» دېيىلسە، بۇنىڭغا: «ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە رەسىم سىزىش چەكلەنمىگەن ئىدى. بۇ ھۆكۈم بىزنىڭ شەرىئىتىمىز بىلەن مەنسۇخ قىلىندى» دەپ جاۋاب بېرىمىز.[1]

---

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد. سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 60 ـ بەت.

[2] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، [illegible] بۆلۈمى.

# رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ ھارام بولغان تۈرلىرى

رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى ھارام بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىنسان ياكى ھايۋانغا ئوخشاش جېنى بار نەرسىگە ئوخشىتىپ ياسالغان ھەيكەللەر پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن ھارامدۇر. چۈنكى بىر ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىت بار، سۈرەت بار، ھەيكەل بار ۋە جۇنۇب بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ.»[2]

ئىككىنچى، جېنى بار نەرسىگە ئوخشىتىپ قول بىلەن سىزىلغان رەسىملەر ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنداق رەسىملەرنى سىزغانلار قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا: سىلەر پەيدا قىلغان بۇ نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار دېيىلىدۇ.»[3] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى بىر رەسىمنى سىزسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ.»[4]

ئۈچىنچى، ئەگەر رەسىم ھەممە ئەزالىرى تولۇق شەكىلدە سىزىلغان بولسا، ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى ھەدىستە: «قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ» دېگەن. يەنە ئائىشەنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: مەن سۈرەت چۈشۈرۈلگەن نىپىز پەردە تۇتتۇالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمغا كىرگەندە چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاندىن پەردىنى ئېلىپ يىرتىۋەتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلار اللّٰه ياراتقان نەرسىگە ئوخشىتىپ نەرسە پەيدا قىلغانلاردۇر.» ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ لاتىنى كېسىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى دانە ياستۇق قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ياستۇقلارغا جەينەگىدەپ ئولتۇراتتى.»[5]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەردىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئۇنىڭ ھارامىقىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشەنىڭ پەردىنى كېسىپ ئىككى دانە ياستۇق قىلىشى پارچىلانغان، پۈتۈن سۈرەت بولمىغان نەرسىنى ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ھەدىستىن ھەممە ئەزالىرى تولۇق بولمىغان رەسىمنىڭ ھارام ئەمەسلىكىنى چىقىرىدۇ.

تۆتىنچى، ئەگەر سۈرەت ئاشكارا بولۇپ، چوڭ بىلىشنى ھېس قىلدۇرسا، كىرگەن ئادەمنىڭ كۆزۈشى ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلغان بولسا، ئىختىلاپسىز ھارامدۇر. چۈنكى ئائىشە

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 272 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىندى.
[4] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 273 ـ بەتكە قاراڭ.

www.munber.org

رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇشنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پەردىسى بار ئىدى. ئۆيگە كىرگۈچى كىرىشىگىلا ئۇنى كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بۇنى كۆزۈمدىن نېرى قىلىڭ، ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە مال - دۇنيانى ئەسلەپ قالىدىكەنمەن» دېدى.»[1]

ئەبۇ تەلھە ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر غازاتقا چىقتى. مەن ھەر خىل رەڭدە بويالغان بىر پارچە لاتىنى ئېلىپ، ئىشىككە پەردە قىلىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى كۆردى. مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئۇنى تارتىپ ئېلىپ يىرتىۋەتتى. ئاندىن: «الله ھەققەتەن بىزنى تاش ۋە توپىلارغا كىيىم كىيدۈرۈشكە بۇيرۇمىدى» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇ لاتىنى كېسىپ، ئىچىگە خورما ياغىچىنىڭ قوۋزاقلىرىنى تىقىپ ئىككى دانە ياستۇق قىلدىم. ئۇ بۇ ئىشىمنى ئەيىبلىمىدى.»[2]

## رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ دۇرۇس بولغان تۈرلىرى

رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى دۇرۇس بولىدۇ:

بىرىنچى، قاتتىق جىسىملار، دەريالار، دەل - دەرەخلەر ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە ئوخشاش جانسىز نەرسىلەردىن رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل ياساش ھارام ئەمەستۇر. چۈنكى ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىدە بىر ئادەم ئۇنىڭدىن: مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رەسىملەرنى سىزىمەن، بۇ ھەقتە ماڭا پەتىۋا بەرگىن دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن مۇشۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن دېسەڭ، دەل - دەرەخلەرنى ۋە جېنى يوق نەرسىلەرنى سىزغىن» دەيدۇ[3].

ئىككىنچى، تۇلۇق بىر گەۋدە شەكىللەنمىگەن ھەرقانداق رەسىملەر، مەسىلەن: يالغۇز قول، كۆز ۋە پۇتقا ئوخشاش رەسىملەر ھارام ئەمەس. چۈنكى ئۇ پۈتۈن نەرسىنىڭ رەسىمى ئەمەس. ئائىشەنىڭ: «مەن ئۇ لاتىنى كېسىپ، ئىچىگە خورما ياغىچىنىڭ قوۋزاقلىرىنى تىقىپ ئىككى دانە ياستۇق قىلدىم. ئۇ بۇ ئىشىمنى ئەيىبلىمىدى» دېگەن ھەدىسىمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ھەدىس يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ئۈچىنچى، ھارام قىلىنغان سۈرەتلەر ئىچىدىن قىزلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى مۇستەسنا قىلىنىدۇ. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىمۇ بايان قىلىندى.

دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى يەتتە ياشقا كىرگەندە نىكاھىغا ئالغان، توققۇز ياشقا كىرگەندە بىر تۆشەكتە بولغان. شۇ چاغدا ئائىشەنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئۆزى بىلەن بىللە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ئۇ 18 ياش ئىدى.»[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكى چېغىمدا قىزلار بىلەن ئوينايتتىم. مەن بىلەن بىللە ئوينايدىغان قىزلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرسە، ئۇلار ئۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ يوشۇرۇنىۋالاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ئۇلار قېشىمغا كىرەتتى ۋە مەن بىلەن بىللە ئويناتتى.»[2]

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «قىزلارنىڭ ئويۇنچۇق ئويناشلىرى زۆرۈرىيەت بولغانلىقتىن ۋە قىزلارنىڭ كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنى قانداق بېقىشنى مەشىق قىلىشلىرى ئۈچۈن ئويۇنچۇق ئويناشقا موھتاج بولغانلىقتىن رۇخسەت قىلىنغان. يەنە كېلىپ بۇ ئويۇنلارنىڭ ئىزى قالمايدۇ. بۇ خۇددى تاتلىق - تۇرۇم نەرسىلەرنى ياساپ ۋە خېمىر يۇغۇرۇپ ئوينىغاندەكلا ئىشتۇر. شۇڭا ئويۇنچۇق ئويناش رۇخسەت قىلىنغان.»

## ئۆلىمالارنىڭ رەسىم ھەققىدىكى قاراشلىرى

قازى ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: ھەدىسلەرنىڭ تەقەززاسى رەسىملەرنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن «پەقەت رەختكە چۈشۈرۈلگەن رەسىم دۇرۇس بولىدۇ» دېگەن ھەدىس بايان قىلىنىپ، بۇ خىل رەسىم رەسىملەر ئىچىدىن خاسلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىم چۈشۈرۈلگەن رەخت ھەققىدە ئائىشەگە: «بۇنى كۆزۈمدىن نېرى قىلغىن، ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە مال - دۇنيانى ئەسلەپ قالىدىكەنمەن» دېگەن سۆزى بىلەن بۇ خىل رەسىمگىمۇ نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىم چۈشۈرۈلگەن رەختنى ئائىشەنىڭ ئالدىدا يىرتىۋەتكەنلىكى ئۇنى مەنئى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئائىشەنىڭ ئۇ لاتىنى كېسىپ ئىككى دانە ياستۇق تىككىشى بىلەن، بۇ رەسىم ئۆزگىرىپ رەسىملىك شەكلىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ياستۇقلارنى ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇس بولغانلىقى رەسىمنىڭ بىرەر تولۇق گەۋدە شەكىللەندۈرمىگەن تەقدىردە دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر بىرەر گەۋدە شەكىللەنگەن تەقدىردە دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۈرەت چۈشۈرۈلگەن ياستۇق ھەققىدە: «سېنى ئولتۇرسۇن ۋە يۆلەنسۇن دەپ، ساڭا سېتىۋالدىم» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ياستۇقنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىدۇ ۋە قاتتىق ئازابنىڭ بارلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش

① ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
② ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىرىدۇ. سۈرەتكە قاراپ ناماز ئوقۇش ھەققىدىكى ھەدىستىن، رەختكە چۈشۈرۈلگەن سۈرەتنىڭ دۈرۈسلىقى ئايدىڭلىشىدۇ. ئاندىن ئۇنى مەنئى قىلغان ھەدىس ئۇ ھۆكۈمنىڭ مەنسۇخ قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئىش ئەنە شۇنداق مۇقىملاشقان.[1]

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: رەسىم سىزىش بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ھارامدۇر. رەسىم سىزغۇچىلار ھەققىدە قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. بەزى ئۆلىمالار رەسىملەر ئىچىدىن مەلۇم تۈرنى ئايرىپ قارىغان. سەھل ئىبنى ھەنىفنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «اللە رەسىم سىزغۇچىلارغا لەنەت قىلىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ھېچ نەرسىنى ئايرىپ قارىمىغان. بەزى ئادەملەرنىڭ رەسىم سىزىشقا ئىجازەت بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبنى ئەتىييە مۇنداق دەيدۇ: ئىلىم ئىگىلىرى بولغان ئىماملاردىن ھېچ بىرىنىڭ رەسىم سىزىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن.[2]

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ھەق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جانلىقلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ھارام ئەمەس ئىدى، ئۇ پەقەت بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە ھارامدۇر. بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە سۈرەت مەيلى سايىلىك بولسۇن، مەيلى قاتتىق قەغەزگە ياكى تامغا ئويۇلغان ئاتنىڭ سۈرىتىگە ئوخشاش سايىسىز بولسۇن، ئۇنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. شەرىئىتىمىزدە رەسىم سىزغۇچىلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرىدىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا باشقا ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ تورۇۋېلىشمۇ ھەرگىز توغرا ئەمەس.»[3]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەسىم سىزغۇچىلارغا ھېچكىمنى ئايرىماستىن لەنەت ئېيتقان ۋە مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارغا: سىلەر پەيدا قىلغان بۇ نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار دېيىلىدۇ.»

ئىمام تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى دوزاختىن بىر پارچە ئوت چىقىدۇ. ئۇنىڭ كۆرىدىغان ئىككى كۆزى، ئاڭلايدىغان ئىككى قۇلىقى، سۆزلەيدىغان تىلى بولۇپ: مەن: ھەددىدىن ئاشقۇچى ھەر بىر زالىم، اللە قا باشقا ئىلاھنى قوشۇپ چوقۇنغۇچى ھەر بىر ئادەم ۋە رەسىم سىزغۇچىلار قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى جازالاشقا تەيىنلەندىم، دەيدۇ.»[4]

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 265 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 22 ـ جىلد، 119 ـ بەت.
[4] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدىكى: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولغۇچىلار رەسىم سىزغۇچىلاردۇر» دېگەن ھەدىسمۇ قايسى تۈردىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رەسىم سىزىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.[1]

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «رەسىم سىزىش پەقەت سايىسى يوق نەرسە بولغان تەقدىردە دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەسسىلىپ تۇرىدىغان ياكى ياستۇقلارغا ئوخشاش ئاستىغا قويۇپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىگە سىزىلغان بولۇشى كېرەك.»

ئەللامە ئىبنى ھەجەر سەھىھ بۇخارىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: يىغىپ ئېيتقاندا، رەسىم پۈتۈن گەۋدىلىك نەرسە بولسا، بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارام بولىدۇ. ئەگەر رەسىم رەختكە چۈشۈرۈلگەن بولسا، بۇ ھەقتە مۇنداق تۆت قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىمەن: بىرىنچى، «پەقەت رەختكە چۈشۈرۈلگەن رەسىم دۇرۇس بولىدۇ» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلغان ئاساستا شەرتسىز دۇرۇس بولىدۇ. ئىككىنچى، ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا شەرتسىز مەنئى قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، ئەگەر رەسىم پۈتۈن گەۋدە شەكلىدە بولسا، ھارام بولىدۇ. ئەگەر بېشى كېسىلگەن ياكى ئەزالىرى پارچىلانغان شەكىلدە بولسا، دۇرۇس بولىدۇ. مانا بۇ ئەڭ توغرا قاراشتۇر. تۆتىنچى، ئەگەر رەسىم دەسسىلىدىغان نەرسىدە بولسا، دۇرۇس بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، دۇرۇس بولمايدۇ[2]. بۇ ھۆكۈمدىن قىزلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئايرىپ قارىلىدۇ.

## فوتو سۈرەتنىڭ ھۆكمى

كېيىنكى زاماندا ياشىغان بەزى فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: فوتو سۈرەت قول بىلەن سىزىلغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىنغان رەسىم دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىم سىزىشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىفلىرى فوتو سۈرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ﷲ ياراتقان نەرسىگە ئوخشىتىپ نەرسە پەيدا قىلغانلىق ئەمەس. شۇڭا فوتو سۈرەتكە دەلىل بىلەن مۇستەسنا قىلىنغان، رەختكە چۈشۈرۈلگەن رەسىمنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ.

سايىس مۇنداق دەيدۇ: «ئاتالمىش فوتو سۈرەتنىڭ ھۆكمىنى بىلىشنى خالايدىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. بىز مۇنداق دەپ قارايمىز: ئۇنىڭ ھۆكمى رەختكە چۈشۈرۈلگەن رەسىمنىڭ ھۆكمىدۇر دېيىشىشكە مۇمكىن بولىدۇ. ئۇنىڭ دەلىل بىلەن مۇستەسنا قىلىنغانلىقىنى بىلىسەن. سەن: فوتو سۈرەت رەسىم ئەمەس، بەلكى ئۇ، رەسىمنى تۇتۇۋالغانلىقتۇر دېسەڭمۇ بولىدۇ. ئۇ پەقەت ئەينەككە چۈشكەن سۈرەتكە ئوخشايدۇ. سېنىڭ ئەينەككە چۈشكەن سۈرەتنى، گەرچە ئۇنى بىر ئادەم تارتقان بولسىمۇ، رەسىم

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 14 ـ جىلد، 274 ـ بەتكە قاراڭ.
[2] ئىبنى ھەجەرنىڭ «شەرھۇ سەھىيھىل بۇخارى» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

www.munber.org

دېيىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. رەسىم ئاپىراتى تارتقان بۇ رەسىم ئەينەكتىكى سۈرەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. فوتو سۈرەت ئەينىكىنىڭ ئەڭ چوڭ قىلىدىغان ئىشى ئۆزىگە چۈشكەن رەسىمنى ئىسپاتلاپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاددىي ئەينەك بولسا مۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئاندىن ئاپىرات ئۆزىگە ئېلىنغان بۇ سۈرەت ياكى بۇ شەيئىنى خىيال ئالاھىدە تەييارلانغان سۈرەت يۇيۇش ماددىسىغا قويىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن رەسىم كۆپىيىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سىزىلغان رەسىم ئەمەس. ئۇ پەقەت مەۋجۇت بولغان رەسىملەرنى ئىزھار قىلىش، داۋام قىلدۇرۇش ۋە ئۆچۈپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ساھادىكى مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرى مەۋجۇتتۇر، پەقەت ئۇنى يوشۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە توسقۇنلۇق قىلمىسىلا، ئۇنى كۆن نۇرىنىڭ تەسىرى بىلەن يۈتكەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىردىن ـ بىر نەرسە سۈرەت يۇيۇش ماددىسىدۇر.» ئىسلام شەرىئىتىدە، رەختكە چۈشۈرۈلگەن رەسىمگە ئايرىم ھۆكۈم بېرىلگىنىدەك، بۇنىڭغا ئوخشاش سۈرەتلەرنىڭ دۇرۇسلىقىغا يوچۇق بولغان ئىكەن، فوتو سۈرەتلەرنى ھارام قىلىش ھاجەتسىز، بولۇپمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ھارام قىلىش تېخىمۇ ھاجەتسىزدۇر.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: شەك ـ شۈبھىسىزكى، فوتو سۈرەتلەر رەسىم تۈرلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇشتىن ھەرگىز چەتتە قالمايدۇ. رەسىم ئاپىراتىدىن چىققان نەرسە رەسىم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھۈنەرنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان شەخس لۇغەتتە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتتە رەسىم تارتقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە ئۇ قول بىلەن سىزىلمىغانلىقى ۋە الله ياراتقان نەرسىگە ئوخشىتىش پەيدا قىلغانلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن رەسىمنى ھارام قىلىدىغان ئۈچۈق دەلىلنىڭ ئىچىگە كىرمىسىمۇ، بىراق ئۇ رەسىم تۈرلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇشتىن ھەرگىزمۇ چەتتە قالمايدۇ. شۇڭا بۇ رۇخسەتنى زۆرۈرىيەت مىقدارىغا قىسقارتىش لازىم. ئۇنىڭ قولغا كېلىدىغان پايدىلىق تەرىپىگە ياندىشىپ چوڭ بۇزۇقچىلىق كېلىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە كۆپ ساندىكى ژورناللارنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ژورناللار ياشلىرىمىزنى زەھەرلەۋاتىدۇ. پىتنە ۋە شەھۋەت قوزغاشتا داڭ چىقىرىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئايال كىشىنىڭ سۈرىتى پىشانىدىن تەر چىقىپ كەتكىدەك شەكىلدە، دىنىنى ۋە ئەخلاقنى بۇزىدىغان ھەر خىل قىياپەتلەر ۋە شەكىللەر بىلەن بېسىلىۋاتىدۇ.

يالىڭاچ سۈرەتلەر، شەھۋانىي مەنزىرىلەر ۋە پىتنە قوزغايدىغان ھەرخىل شەكىللەرنىڭ ھەممىسى يالىڭاچ رەسىملەرنى باسىدىغان ژورناللاردا چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆپ ساندىكى بەتلىرى ئەنە شۇ ھاياسىز رەسىملەرنىڭ ھەر تۈرلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ئەقىللىق ئادەم ئۇنىڭ ھاراملىقىدا ھېچ شەك قىلمايدۇ. گەرچە بۇلار قول بىلەن سىزىلغان رەسىملەر بولمىسىمۇ، لېكىن كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە ھارام بولۇش جەھەتتە قول بىلەن سىزغان رەسىملەردىن ئېغىردۇر.

[1] سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 61 ـ بەت.

رەسىملەرنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى پەقەت الله ياراتقان نەرسىگە ئوخشاشلىق پەيدا قىلغانلىقتىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە نىگىزلىك يەنە بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇنى ئەقىلدىن قاچۇرۇپ قويماسلىق لازىم. ئۇ بولسىمۇ، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرگە بۇتپەرەسلىك شۇنداق يول بىلەن كىرگەنكى، ئۇلار ئىچىدە ياخشى بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇلار ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزاتتى. ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئەۋلادلار الله نى قويۇپ، ئاشۇ سۈرەتكە چوقۇناتتى.

بەزى ئىنسانلار چوقىيتىلغان ۋە بېزەلگەن رەسىملەرنى ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويىشىدۇ. گەرچە بۇ رەسىملەر ئەسلەش ئۈچۈن بولغان، قول بىلەن سىزىلمىغان بولسىمۇ، پاك شەرىئەتىمىز ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىلمىش كەلگۈسىدە كىشىلەرنى ئاشۇ رەسىملەرنى ئۇلۇغلاشقا ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەھلى كىتابلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ياخشى كىشىلىرىنى شۇنداق قىلغان ئىدى.

فوتو سۈرەتلەرنى بۇ ھەقىقىي رەسىم ئەمەس، ئۇ پەقەت ئاپىراتقا چۈشكەن سايىنى تۇتۇپ قېلىشتۇر دېگەن ئاساستا شەرتسىز دۇرۇس قىلىۋېتىش توغرا ئەمەس. بەلكى بۇ رۇخسەتنى، كىملىكنى ئىسپاتلاشقا ۋە ئىنسانلار موھتاج بولىۋاتقان دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە ئوخشاش زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان ئىشلارغا قىسقارتىش لازىم.

## رەسىمنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە تارقىتىلغان شۇبھىلەر

ئۆزلىرىنى بىلىملىك دەۋالغان، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى كىشىلەر غەرب ھازارتىگە ئوخشاش ئىلگىرىلەش ۋە «تەرەققىي قىلغان پەن، ساغلام لەززەت» دەپ تەسۋىرلەنگەن خىيالى تەسەۋۋۇرغا سىڭىپ كىرىش مەقسىتىدە، ياكى راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەنلەرگە يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھاۋايى ھەۋىسى بويىچە مېڭىش ئارقىلىق مەنسەپكە ئېرىشىش مەقسىتىدە رەسىم ھارام ئەمەس دېگەن بەزى شۇبھىلەرنى تۇغدۇرغان.

بىرىنچى شۇبھە

ئۇلار: رەسىمنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەر پەقەت ئىسلام دەۋىتىنىڭ شېرىكلىككە ۋە بۇتپەرەسلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى تەقەززا قىلغان ۋاقىتلىق ئىجرائىي ئىشلاردىنلا ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت بۇتپەرەسلىكنىڭ يولىنى ئۈزۈل - كېسىل كېسىپ تاشلاش ئىدى. شۇڭا بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنۇش خەۋپى يوقىغاندىن كېيىن رەسىمنى ھارام قىلىشقا بولغان ئېھتىياج تۈگىدى دەپ، بىلجىرلىشىدۇ.

بۇ شۇبھىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئەھمەد شاكىرنىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇنى بىتچىت قىلىش ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزىنى نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئۇ «ئەلمۇسنەد» نىڭ 7166 - نومۇرلۇق ھەدىسىگە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە

www.munber.org

يېتىپ كېلىشىچە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تىلغا ئالمىغان ۋە رەسمىنى هارام قىلىشنىڭ شەرتى قىلمىغان سەۋەبلەرنى دەلىل قىلىش بىلەن بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى مۇنداق بۇرمىلىغان: رەسىم پەقەت ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ بۇتپەرەسلىك زامانىغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا هارام قىلىنغان ئىدى. ئەمما هازىر ئۇنىڭغا نۇرغۇن زامان ئۆتۈپ كەتتى. نەتىجىدە رەسىمنى هارام قىلىش سەۋەبى تۈگىدى. هازىر ئىنسانلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشقا قايتىپ كېتىش خەۋپى يوق.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىۋاتقان، قەبرىلەرگە ۋە قەبرىدە ياتقانلارغا چوقۇنۇشتەك، قىيىنچىلىقتا ۋە ئېغىرچىلىقتا يولۇققاندا قەبرىلەرگە ئىلتىجا قىلىشتەك بۇتپەرەسلىكنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشىۋاتىدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان بولسىمۇ، بۇتپەرەسلىك ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇترىتقۇلۇق قىلىشقا ئالدىراپ قايتىپ بولغان.

نادانلارچە بېرىلگەن بۇ پەتىۋالارنىڭ تەسىرىدىن يۇرتلىرىمىز تولۇق بۇتپەرەسلىكنىڭ نامايەندىلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇلۇغلاش مەقسىتىدە ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەيكىلى تىكلەنگەن كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرى شەھەرلەرگە تولۇپ تاشتى. ئاندىن ئۇلار بىزگە: بۇ ھەيكەللەر ئۇلۇغلاش مەقسىتىدە تىكلەنمىگەن دەپ جار سېلىشماقتا. ئۆزىنى ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى بىردىن ـ بىر ئىسلام دۆلىتى ساناۋاتقان بىر دۆلەتمۇ ”گۈزەل ـ سەنئەت ئىنستىتوتى“ نامىلىق، بىمالال ۋە ئوچۇق ئاشكارا بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان بىر ئىنستىتوت قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئىنستىتوتقا ياش قىز ـ ئوغۇللار ئارىلاش كىرىپ ئوقۇيدۇ. قىزلار يالىڭاچ ئۆرە تۇرىدۇ، يالىڭاچ ئولتۇرىدۇ ۋە يالىڭاچ يېنىچە ياتىدۇ، بۇزۇق ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ. ئۇلار ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايدۇ. ئاندىن ئۇلار بىزگە: بۇ دېگەن سەنئەت... دېيىشەمدۇ؟! »[1]

## ئىككىنچى شۈبهە

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «رەسىمنىڭ هاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئاھاد[2] دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەر بولۇپ، كەسكىنلىكنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. قولىمىزدا هاراملىقنى كەسكىن هالدا كۆرسىتىدىغان دەلىل بولمىغاچقا، ئىسلام دىنىغا، ئۇنىڭ گۈزەل ـ سەنئەتلەردىن بىرەر سەنئەتنى هارام قىلىدىغانلىقىنى نىسبەت بېرىش مۇمكىن ئەمەس.»

بۇ شۈبهىگە مۇنداق رەددىيە بېرىمىز: مانا بۇ، پاك شەرىئىتىمىزنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىدىن ئىسپاتلانغان ھەرقانداق سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئەمەللەر، مەيلى ئۇ مۇتەۋاتىر يولى بىلەن ياكى ئاھاد يولى بىلەن نەقىل قىلىنسۇن، ئوخشاشلا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ

---

[1] مۇسنەدى ئەھمەدنىڭ 7166 ـ نومۇرلۇق ھەدىسىگە قاراڭ.
[2] ”ئاھاد“ دېگەن، پەقەت بىر ـ ئىككى كىشى تەرىپىدىنلا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ كەلگەن مەسىلىدۇر. شۇنى بىلىش زۆرۈركى، شەرىئەتنىڭ فىقھى ھۆكۈملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاھاد ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان. ئۇلار ئويلىغاندەك، ئاھاد ھەدىسلەر كەسكىنلىكنى ئىپادىلىمىسە، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ كۆپى ئەلۋەتتە يوققا چىقىدۇ. بۇ، فىقھى ئالىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپ ئەمەس. ئۇ پەقەت پاك شەرىئەتنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىنى ۋە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ ھۆكۈم چىقىرىش يوللىرىنى بىلمەيدىغان نادانىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ئىنتايىن ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئەنە شۇنداق خاتا دەلىللەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تونۇلمىغان، سەنەدلىرى ئاجىز، رىۋايەت قىلغۇچىلىرى مەجھۇل بولغانلىقتىن دەلىل قىلىشقا سالاھىيىتى توشمايدىغان ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ. بۇ ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىشىدۇ، ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ خاھىشى بويىچە مۇنازىرە قىلىشىدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) باشچىلىقىدىكى فىقھشۇناسلار بۇ شۇبھىگە قانائەتلىنەرلىك رەددىيە بەرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا ئىسپاتلانغان ئاھاد ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن. مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئاھاد ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىپ كېلىشمەكتە ۋە ئۇنى دەلىل قىلىشماقتا. چۈنكى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئەلۋەتتە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ كۆپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتساق، رەسىمنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا نەقىل قىلىشماقتا. شۇڭا شەك تۇغدۇرغۇچىلارنىڭ بۇ ئىشكىتىن كىرىشىگە ھېچقانداق يوچۇق يوق. بىز ساڭا شۇنىمۇ بىلدۈرۈپ قويايلىكى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ئىچىدە رەسىم سىزىش ياكى ھەيكەل ئۇيۇش ئىشلىرى ئۇ قەدەر كەڭ يېيىلىپ كەتمىدى. مۇسۇلمان ھۈنەر - سەنئەتكارلىرى رەسىم سىزىش ۋە ھەيكەل ياساشتىن بۇرۇلۇپ، قول - ھۈنەرۋەنچىلىكنى، ئەرەبلەرنىڭ يېزىش ماھارەتلىرىنى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكىللىرىنى ۋە باشقىلارنى ئىشلىتىشكە يۈزلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ رەسىم سىزىشنى ھارام قىلغانلىقىنى بىلگەنلىكىدىن بولغان. ئەگەر رەسىم سىزىش ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ھارام بولمىسا ئىدى، ئۇلار ئۇنى تاشلاپ باشقا نەرسىگە بۇرۇلمىغان بولاتتى. ئەنە شۇ بۇزۇق ئىدىيەدىكى كىشىلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن بۇ دەلىللەر يېتەرلىكتۇر.

### ئۈچىنچى شۇبھە

ئۇلار رەسىم سىزىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا قۇرئان كەرىمدىن بەزى ئايەتلەرنى دەلىل قىلىشىدۇ. بىراق ئۇ ئايەتلەرنى ئۇنىڭغا دەلىل قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ شەرىئىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بولماستىن، ئىسلام شەرىئىتى بىلەن مەنسۇخ

www.munber.org

قىلىنغان ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردۇر. شۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى بولسا، بىز ھازىر تونختىلىۋاتقان ماۋزۇدىكى ئايەت بولۇپ، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئىبارەت: ﴿ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن ـ ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، (ئېيتتۇقكى) « ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (الله نىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار »، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾.

بۇ ئايەتتە كەرىمدە رەسىمنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق. ئۇ پەقەت سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىشلەپ بېرىدىغان جىنلارنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئايەت مەزكۇر ھەيكەللەرنىڭ جېنى بار نەرسىلەرنىڭ ھەيكەللىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىلگىرى ئۆتكەن شەرىئەتتۇر. ئۆلىمالار: بىزدىن ئىلگىرىكى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە مەنسۇخ قىلىنمىسىلا، بىز ئۈچۈنمۇ شەرىئەت ھۆكمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. ئىسلام شەرىئىتىدە ھەيكەل ۋە رەسىملەرنى قوللىنىش مەنسۇخ قىلىنغان. شۇڭا ئۇ ئايەتنى دەلىل قىلىشقا بولمايدۇ.

مانا بۇ، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ئىتتىپاق كەلگەن قائىدىدۇر. الله تائالادىن باشقا نەرسىگە سالام نىيىتى بىلەن سەجدە قىلىش يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە دۇرۇس ئىدى. بىزنىڭ شەرىئىتىمىز ئۇنى ھارام قىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلغانلىقىنى الله دىن باشقا نەرسىگە سەجدە قىلىشقا دەلىل قىلىش توغرا ئەمەس. بىزنىڭ شەرىئىتىمىز ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. رەسىم سىزىش ھەققەتەن ھارام قىلىندى. شۇڭا بۇ ئايەتنى كەرىمنى دەلىل قىلىش ھەرگىز توغرا ئەمەس.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ الله تائالا پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئالاھىدە ئاتا قىلغان كاتتا ئارتۇقچىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىشى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر مۆجىزىدۇر.

3 ـ ھۈنەرۋەنلىك قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ. الله تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتكەن.

4 ـ الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا، خۇددى ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تاغلارنى ۋە قۇشلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەندەك، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭىدىغان شامالنى بويسۇندۇرۇپ بېرىپ كاتتا شەرەپكە ئىگە قىلغان.

5 ـ جىنلار الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرەتتى.

6 ـ ھەيكەل ياساش سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە دۇرۇس ئىدى. ئاندىن ئۇ ئىسلام شەرىئىتىدە مەنسۇخ قىلىندى.

7 ـ پەيغەمبەرلىك مەنسىپى پادىشاھلىق مەنسىپىدىن ئۈستۈندۇر. الله تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بىلەن پادىشاھلىقنى بىرگە بەرگەن.

8 ـ الله نىڭ بەندىلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئاتا قىلغان پەزلى كەرەمى ناھايىتى چوڭدۇر. شۇڭا ئۇلار الله بەرگەن نېمەتلەر ئۈچۈن الله قا شۈكۈر قىلىشى كېرەك.

9 ـ جىنلار غەيبنى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى ۋە جاپالىق ئەمگەكتە ئۇزۇنغىچە قالمىغان بولاتتى.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىنسانلار بۇتپەرەسلىككە غەرق بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ناچارلىشىپ، ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتكەن، ھەتتا ئۇلار بۇت ۋە ھەيكەللەرگە ھېچ تەپ تارتماستىن چوقۇنىدىغان بولۇپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام شەرىئىتى مەيدانغا كەلدى. شۇ چاغدا كەبىنىڭ ئەتراپىدا 360 دانە بۇت بولۇپ، يىلنىڭ ھەر بىر كۈنىگە بىرسى توغرا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئورنىغا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندا ئۇ بۇتلارنى ئۆزى چېقىپ تاشلىدى. الله تائالانىڭ: ﴿ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزىنى تەكرارلىغاچ[2]، ئۇ بۇتلارنىڭ ئىززىنىمۇ قويمىدى.

بۇتپەرەسلىك ئەرەبلەر ئىچىگە ئەھلى كىتاب ئارقىلىق ھەممە ھەيكەل ياساش، رەسىم سىزىش سەۋەبى بىلەن كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە خۇددى قوناقشىخىغا تۇتاشقان ئوتتەك ناھايىتى تېز تاراپ كەتكەن، ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن ئەرەب يېرىم ئارىلى بۇتپەرەسلىكنىڭ بۆشىكى، بۇتقا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنغۇچىلارنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن رەسىم سىزىشنى، ھەيكەل ياساشنى،

---

[1] سۈرە ئىسرا، 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەككە فەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىردى. بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىغا 360 بۇت قويۇلغان ئىدى. ئۇ قولىدىكى تاياق بىلەن بۇتلارنى چوقۇپ مۇنداق دەيتتى: «﴿ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ﴾ (سۈرە ئىسرا، 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، ﴿ھەق (يەنى ئىسلام) كەلدى (باتىل يوقالدى)، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ، (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ﴾» (سۈرە سەبەئ، 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

www.munber.org

مەيلى يېقىندىن بولسۇن ياكى يىراقتىن بولسۇن بۇتپەرەسلىككە ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. ئىسلام ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلىش، ئۇممەتنى قوغداش، جەمئىيەتنى شېرىكلىكنىڭ ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ مەينەتچىلىكىدىن پاكىز تازىلاش ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى رەسىم سىزغۇچىلارغا ئارتىپ، ئۇلارنى ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ رەسىمىنى سىزىشتىن مەنئى قىلدى. ئىسلام دىنى بۇنىڭ بىلەن بۇتپەرەسلىكنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىيالىدى. شېرىكلىكنى بوشۇكىدىلا ئۇجۇقتۇرىۋەتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بۇتپەرەسلىك ۋە شېرىكلىكنىڭ پۈتۈن نامايەندىلىرىدىن پاك - پاكىز تازىلىدى.

بۇتپەرەسلىكنىڭ زامانى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققى قىلىش پىكرى بىلەن ئاللىبۇرۇن تۈگەپ كەتتى، شۇڭا بۇتلارغا ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنىدىغان كىشىلەر كۆپ سانني تەشكىل قىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، رەسىم سىزىش ھۆكمى نېمىشقا داۋام قىلىدۇ؟ دەيدىغان بىرى چىقىشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر زامان ئەكس تەسىرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاممىۋى كوچىلارغا ھەيكەللەرنى تىكلەش، مەھەللە ۋە ئۆيلەردە رەسىملەرنىڭ كۆپىيىشى كەلگۈسىدە ئۇنى ئۇلۇغلاشقا ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھەرگىز يىراق سانىغىلى بولمايدۇ. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرمۇ شۇنداق قىلغان. ئەگەر ئۇلار ئىچىدە ياخشى بىر ئادەم ئۆلۈپ قالسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ۋە ئەمەللىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈرىتىنى ياسايتتى، ئاندىن بۇ سۈرەتلەرنى ئوچۇق كۆرۈنىدىغان جايلارغا قويۇپ قوياتتى. ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئۇ سۈرەتلەرنى ئۇلۇغلايتتى. ئاندىن ئۇلاردىنمۇ كېيىن كەلگەنلەر الله نى قويۇپ ئۇ سۈرەتلەرگە چوقۇناتتى.

بىز بۇ دەۋر ئىچىدىمۇ ئىنساننىڭ ئەقلى تېز قوبۇل قىلىدىغان يامان ئىشلارنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرىۋاتىمىز. چۈنكى رەزىللىكلەر ئېسىل پەزىلەتلەرنى بېسىپ چۈشتى. توغرا چۈشەنچىلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقلار ئۆزگىرىپ كەتتى. ئېچىلىش، يالىڭاشلىنىش، كىيىمسىزلىنىش ۋە ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ يۈرۈشىدىن ئىبارەت ھەممە پەسكەشلىكلەرنىڭ نامايەندىلىرى بۇ ئەسىردە تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ قالماقتا. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئاجايىپ غارايىپ ئىشلارنى، بىر قارىماققا كىشىنى كۈلكىگە سالىدىغان، يەنە بىر قارىماققا يىغلىتىدىغان بۇ سۈرەتلەرنى كۆرگەن قايسى بىر ئىنسان ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالايدۇ!

بىز ھازىر «نۇر دەۋرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋردىمۇ كالىغا چوقۇنىدىغان، ئۇنىڭ تېزەكلىرى بىلەن بەرىكەت تىلەيدىغان كىشىلەرنى كۆرىۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنىڭ ھاۋايى ھەۋەس تەرەپكە كېتىپ قالمايدىغانلىقىغا قانداق ئىشەنچ قىلالايمىز؟ كالىغا چوقۇنغان ئادەمنىڭ رەسىمگە چوقۇنۇشىنى ھەرگىزمۇ يىراق سانىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسىمنى ھارام قىلىش الله تەرىپىدىن

بەلگىلەنگەن ھۆكۈمدۇر. بۇ ھۆكۈم ھەمىشە ئىنسانلارنىڭ ئەقلىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنى الله بەلگىلىگەن. الله نىڭ دىنى مەڭگۈلۈكتۇر.

www.munber.org

# شەرىئەتنىڭ ھىيلە ئىشلىتىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسى

﴿ وَٱذْكُرْ عَبْدَنَآ أَيُّوبَ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّى مَسَّنِىَ ٱلشَّيْطَٰنُ بِنُصْبٍ وَعَذَابٍ ﴿٤١﴾ ٱرْكُضْ
بِرِجْلِكَ ۖ هَٰذَا مُغْتَسَلٌۢ بَارِدٌ وَشَرَابٌ ﴿٤٢﴾ وَوَهَبْنَا لَهُۥٓ أَهْلَهُۥ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنَّا وَذِكْرَىٰ
لِأُو۟لِى ٱلْأَلْبَٰبِ ﴿٤٣﴾ وَخُذْ بِيَدِكَ ضِغْثًا فَٱضْرِب بِّهِۦ وَلَا تَحْنَثْ ۗ إِنَّا وَجَدْنَٰهُ صَابِرًا ۚ نِّعْمَ ٱلْعَبْدُ ۖ
إِنَّهُۥٓ أَوَّابٌ ﴿٤٤﴾ ﴾

﴿بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ): «شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) «بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق). بىز ئۇنىڭ (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) ئەھلى ـ ئەۋلادىنى (يېڭىدىن) بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر ئارتۇق بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. (ئۇنىڭغا) «قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن» (دېدۇق). بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللّٰه غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾.

—— سۈرە ساد 41 ـ، 42 ـ، 43 ـ، 44 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

بِنُصْبٍ: (جاپا ـ مۇشەققەت)، بۇ سۆز جاپا ـ مۇشەققەت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز كېسەل، بالا ـ قازا، يامانلىق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.»①

ئەبۇ ئوبەيدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز يامانلىق، بالا ـ قازا دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.»①

① ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، ÆÔ بۆلۈمى.

ئايەتتە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىنى، ئۇنىڭ بەدىنىگە چىرمىشىپ كەتكەن ۋە ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغان ھەر تۈرلۈك بالالارنى كۆرسىتىدۇ.

اُرْكُضْ: (تەپكىن)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «رەكز» بولۇپ، پۇت بىلەن تېپىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئايەتتە، پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپسەڭ، سۇ بۇلاق بولۇپ چىقىدۇ. ئاندىن شۇ سۇ بىلەن يۇيۇنساڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىچسەڭ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

مُغْتَسَلٌ: (يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان سۇدۇر)، بۇ سۆز يۇيۇنىدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ. يۇيۇنىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. لېكىن ئالدىنقى قاراش توغرىدۇر.

ضِغْثًا: (بىر باغلام چۆپ)، ئۇنىڭ لۇغەتتىكى ئەسلى مەنىسى ئارىلاشما نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ھەر خىل چۆپلەردىن توپلانغان بىر تۇتام چۆپ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[2]

بۇ سۆز ھۆل - قۇرۇق ئارىلاش بىر باغلام چۆپ دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز خورما دەرىخىنىڭ نۇرغۇن يېرىقى بار سېپىنى كۆرسىتىدۇ.»[3]

ئايەتتە مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: اللە تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى خورما دەرىخىنىڭ چۆپلىرىدىن يۈز تال ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنى بىرنى ئۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ئايالى ھەققىدە قىلغان بۇ قەسىمىنى بۇزماسلىققا بۇيرۇغان.

وَلَا تَحْنَثْ: (قەسىمىڭنى بۇزمىغىن)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ھىنس» بولۇپ، قەسەمگە خىلاپلىق قىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز قەسەمگە خىلاپلىق قىلىش ۋە ئۇنى بۇزۇش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە گۇناھ، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قەسەم گۇناھ ياكى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ.» يەنى قەسەم قىلغان ئادەم يا قىلغان قەسىمىگە پۇشايمان قىلىدۇ يا قەسىمنى

---

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 15 ـ جىلد، 207 ـ بەت.
② ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، Q8ȑ بۆلۈمى.
③ ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 15 ـ جىلد، 213 ـ بەت.

www.munber.org

بۇزۇپ گۇناھكار بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇشۇ مەنىدە: ﴿ئۇلار چوڭ گۇناھتا (يەنى كۇفرىدا) چىڭ تۇرغان ئىدى﴾[1] دېيىلىدۇ.[2]

أَوَّاب: (تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەۋب» بولۇپ، قايتماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. دېمەك، ئۇ سۆز الله قا تەۋبە قىلىشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا قايتقۇچى، پۈتۈن ئىشلىرىدا الله قا يۈزلەنگۈچى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

ئى مۇھەممەد! ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ)﴾ ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقان، بېشىغا كەلگەن سىناقلار سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا يېلىنىۋاتقان، الله نىڭ بۇ سىناقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ: پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئىغىر بالالارغا، قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە يولۇقتۇم ﴿دەپ نىدا قىلىۋاتقان﴾ بەندىمىز ﴿ئەييۇب﴾ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى قەۋمىڭگە ئەسلەتكىن.

مېھرىبان ۋە كەرەملىك الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ يولۇققان ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭدىكى دەرت ـ ئەلەملەرنى ۋە كېسەللەرنى تۈگەتتى. ئۇنى ئۆزىگە شىپا بولىدىغان بىر بولاقنىڭ چىقىشى ئۈچۈن پۇتى بىلەن يەرگە تېپىشكە بۇيرۇدى.

بىز ئۇنىڭغا: ﴿بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر﴾، ئۇ سۇ بىلەن يۇيۇنغىن ۋە ئۇنىڭدىن ئىچكىن، الله نىڭ ئىزنى بىلەن ساقىيىپ كېتىسەن، دېدۇق. ئۇ يەرنى تېپىۋىدى، ئۇنىڭغا بىر بۇلاق سۈيى چىقتى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇندى، نەتىجىدە ئۇنىڭ تاشقى كېسەللىكلىرى شىپا تاپتى. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىچتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىچكى كېسەللىكلىرى شىپا تاپتى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا، تەبىئىي تىرىكچىلىك ھالىتىگە قايتتى. ئۇ ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى سېغىندى. ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن يوقالغان ئائىلىسىگە قايتىدىن ئېرىشتى. الله ئۇنىڭغا سالامەتلىكنى بەخش قىلدى. ئۇنىڭ نەسلى كۆپىيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتتى.

الله تائالا بۇ سەۋرچان، ئىتائەتمەن بەندىسىنى نېمەتكە ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، الله نىڭ بەندىلىرىگە الله نىڭ پەزلى ۋە كەرەمىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز پەزلى مەرھەمىتى بىلەن ناھايىتى كۆپ مال ـ مۈلك ئاتا قىلدى. چۈنكى الله نىڭ بەندىلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئادىمى بولغان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بۇ سىناقلارنى ئەسلىسە، الله نىڭ ئۆزلىرىنى، خۇددى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ياخشى ئاقىۋەتكە ۋە كاتتا نېمەتلەرگە ئېرىشتۈرگىنىدەك، كاتتا نېمەتلەرگە ئېرىشتۈرۈشى ئۈچۈن،

---

[1] سۈرە ۋاقىئە، 46 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، Q̄|ǵ بۆلۈمى.

دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا ۋە مۇسىبەتلىرىگە سەۋر قىلىشقا، ئۆزلىرىگە يەتكەن جاپا ـ مۇشەققەتلەردە، خۇددى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالاغا ئىلتىجا قىلغاندەك، ﷲ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشقا ئۆزلىرىنى ئۈندەيدۇ.

ﷲ تائالانىڭ بۈيۈك ھېكمىتى پەقەت ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىلا نېمەتلەرگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن سىناقلارغا سەۋر قىلىشىغا ياردەملەشكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتقان ئايالىنى تاشلاپ قويۇشنى ھەرگىزمۇ تەقەززا قىلمايتتى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ مەلۇم خاتالىقى تۈپەيلى ئۇنى يۈز دەررە ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان ئىدى. شۇڭا ﷲ تائالا ئۇنىڭ سەۋرچان ئايالىغا ياخشى مۇكاپات بېرىپ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ئۇرۇشقا قىلغان قەسىمىدىن ئاسان چىقىشىغا پەتىۋا بېرىدۇ. ﷲ تائالا ئۇنى يۈز تال چىۋىق توپلاپ، شۇ چىۋىقلار بىلەن ئايالىنى بىرنى ئۇرۇشقا، قەسىمىنى بۇزماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە ﷲ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، بۇ گۇۋاھلىق ئۇنىڭ بالالارغا ﴿سەۋرچان﴾ ئىكەنلىكىنى، بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنىڭ ئۇنى پەرۋەردىگارى ﷲ نىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلىشقا ئېلىپ بارمىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ بېرىدىغان مەڭگۈلۈك گۇۋاھلىق بولۇپ قېلىۋەرمەكتە. دېمەك، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ﷲ نىڭ ئەڭ ياخشى بەندىسى ئىدى. ھەممىشە ﷲ قا ئىتائەت قىلىشقا يۈزلىنەتتى. ﷲ رازى بولىدىغان ئىشقا ئۆزىنى بەك ئۇراتتى. ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى نارازىلىق بىلدۈرۈش ۋە شىكايەت قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، پەقەت ئاسمان ـ زېمىننىڭ خەزىنىلىرى قولىدا بولغان، ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممىگە قادىر ﷲ قا قاتتىق يېلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولغان ئىدى.

## بۇ قىسسىنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىش بولسا، بۇ تىرىكچىلىك دۇنياسىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئەسلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ قىسسە گويا ﷲ تائالانىڭ مۇنداق دېمەكچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە، ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان قاتتىق مۇئامىلىلىرىگە، تۇسقۇنلۇق قىلىش ۋە يۈز ئۆرۈش بىلەن دەۋىتىڭگە قارشى تۇرۇشلىرىغا سەۋر قىلغىن. دۇنيادا ئەڭ كۆپ نېمەت، مال ـ مۈلك ۋە يۈز ـ ئابرۇي بېرىلگەن كىشى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدۇر. ئەڭ كۆپ سىناقلارغا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەركە يولۇققان كىشى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدۇر. ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئويلىساڭ، دۇنيانىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىسەن. ئەقىللىق كىشى جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چوقۇم سەۋر قىلىشى لازىم.

www.munber.org

# تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىككى تۈرلۈك سىناق بايان قىلىنغان بولۇپ، بىرى ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەر ۋە ياخشىلىقلارنىڭ قولدىن كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا يەتكەن ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتتۇر. يەنە بىرى ئۇنىڭ بەدىنىنى چىرمىۋالغان يىرگىنىشلىك ئەھۋال ۋە قاتتىق دەرت ـ ئەلەمدۇر. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن بۇ مۇسىبەتنىڭ بىرى ماددىي جەھەتتە، يەنە بىرى جىسمانىي جەھەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا بۇ ئايىتى كەرىمدە «جاپا ـ مۇشەققەت» ۋە «ئازاب» دېگەن ئىككى سۆزنى ئىشلەتكەن. جاپا ـ مۇشەققەت بولسا، جىسمانىي جەھەتتىكى مۇسىبەتنى، ئازاب بولسا، بالا ـ چاقىلارغا ۋە مال ـ مۈلۈككە كەلگەن سىناقنى تەمسىل قىلىدۇ[1].

2 ـ ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە يەتكەن بالانى پەرۋەردىگارىغا شىكايەت قىلىپ: ﴿ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى﴾[2] دېگەن ئىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ: ﴿شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى﴾ دېگەن تۇرۇۋقلۇق، الله تائالا بۇ پەيغەمبىرىنى سەۋرچان دەپ سۈپەتلىدى ۋە: ﴿بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق﴾ دەپ مەدھىيىلىدى. مانا بۇ الله تائالاغا شىكايەت قىلىشنىڭ سەۋر قىلىشقا زىت كېلىپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالاممۇ ھەقىقەتەن مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت الله غىلا ئېيتىمەن﴾[3]. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى: ﴿ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (الله غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾ دەپ ماختىدى. ئەگەر الله تائالاغا شىكايەت قىلىش سەۋر قىلىشقا زىت بولىدىغان بولسا ئىدى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ بۇ مەدھىيەگە لاياقەتلىك بولمىغان بولاتتى.

3 ـ ئىشلارنى ھەقىقىي ۋۇجۇتقا چىقارغۇچى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله بولسىمۇ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام الله تائالا بىلەن ئەدەپلىك مۇئامىلىدە بولۇش ئۈچۈن: ﴿شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى﴾ دېگەن سۆزىدە بەدىنىگە، بالىلىرىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە يەتكەن بۇ بالالارنى شەيتانغا يۈكلىدى. ياخشى ـ يامان ۋە پايدا ـ زىياننىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ قولىدىدۇر. لېكىن يامانلىق الله قا نىسبەت بېرىلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىگە ياكى شەيتانغا نىسبەت بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاققا رىئايە قىلىپ، ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتنى شەيتانغا نىسبەت بەرگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدىمۇ شۇ مەنە ئىپادىلىنىدۇ: ﴿ئۇ مېنى تاماق بىلەن

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 206 ـ بەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا، 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە يۈسۈف، 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ﴾[1]. چۈنكى ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن تاماق بىلەن تەمىنلەشنى اللە غا، كېسەللىكنى ئۆزىگە نىسبەت بەرگەن.

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «اللە نىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزۈشىگە شەيتاننىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ۋەسۋەسىگە سالغانلىقى ۋە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە بويسۇنغانلىقى سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى شەيتانغا نىسبەت بەرگەن. ئۆزىگە يەتكەن بۇ مۇسىبەتلەرنى ھەقىقىي ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى اللە بولغان، اللە دىن باشقا ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا قادىر بولالمايدىغان تۇرسىمۇ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئەدەپلىك بولۇش ئۈچۈن دۇئاسىدا ئۇنى اللە قا نىسبەت بەرمىگەن.»[2]

4 ـ سۇفيان، بىرى ئىغىر سىناقا دۇچ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا سەۋر قىلغان، يەنە بىرى كۆپ نېمەت بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغان ئىككى بەندە ھەققىدە سورالدى. سۇفيان بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى: ھەر ئىككىلىسى تەڭ بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا بىرى سەۋرچان، يەنە بىرى شۈكۈر قىلغۇچى ئىككى بەندىنى ئوخشاش بىر مەدھىيە بىلەن مەدھىيىلىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ: ﴿ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللە غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾ دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ: ﴿سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ (اللە غا) ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى﴾[3] دېدى[4].

بەزى ئۆلىمالار: شۈكۈر قىلغۇچى باي سەۋر قىلغۇچى كەمبەغەلدىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى بايلىق كىشىنى ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ئىغىر سىناقتۇر. اللە نىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللە نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز﴾[5]. ئەكسىچە سەۋر قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپتۇر، دەپ قارايدۇ. بىراق بۇ قاراش تازا كۈچكە ئىگە ئەمەس.

5 ـ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرىسى ماقال تەمسىل قىلىنىپ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرىسىگە ئوخشاش سەۋر» دېيىلىدۇ. كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام جىسمىغا، ئائىلىسىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە كەلگەن بالالارغا **18** يىل سەۋر قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن اللە قا شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ خوتۇنىدىن: نېمەت ئىچىدە قانچە يىل تۇردۇق؟ دەپ

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 79 — 80 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىمام زەمەخشەرىنىڭ «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرى. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 400 ـ بەت.

[3] سۈرە ساد، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 15 ـ جىلد، 215 ـ بەت.

[5] سۈرە سەبەئ، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

سورىغان. ئايالى: 70 يىل دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئايالىغا: سىزگە ۋاي! بىز نېمەت ئىچىدە 70 يىل تۇرۇپتىمىز. سەۋر قىلىڭ، بالا ئىچىدىمۇ 70 يىل تۇرايلى دېگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ يەنە ئايالىغا: مەن ئاللاھ دىن ماڭا شىپالىق بېرىشىنى تىلەشتىن خىجىل بولىمەن، مەن ماڭا كەلگەن بالا ئىچىدە ماڭا بېرىلگەن نېمەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتنى تېخى ئۆتكۈزۈپ بولالمىدىم، دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سەۋرىدە تەمسىل قىلىنىدۇ.

6 - ئىمام بۇخارى ۋە نەسائى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر توپ ئالتۇن چېكەتكە چۈشتى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى كىيىمىگە ئوچۇملاپ ئۇسۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: ئى ئەييۇب! مەن سېنى سەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان نەرسىدىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ؟ دەپ نىدا قىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: شۇنداق، ئى پەرۋەردىگارىم! لېكىن مەن سېنىڭ بەرىكىتىڭدىن ھېچ بىھاجەت بولمايمەن، دېدى.»

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بېشىغا كەلگەن بالالارغا سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ناھايىتى مول مال - مۈلك ۋە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ئورنىغا نەچچە ھەسسە بالا - چاقىلارنى ئاتا قىلدى ۋە ئۇلاردا بەرىكەت بەردى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)﴾[1].»

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى ئۇرۇشقا قەسەم قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسەمىڭنى بۇزمىغىن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى ئۇرۇشقا قەسەم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئاللاھ ماڭا شىپالىق بەرسە، ئايالىمنى چوقۇم يۈز قامچا ئۇرىمەن دەپ قەسەم قىلغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ ئۇنى

[1] سۈرە ئەنبىيا، 84 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەسىمنى بۇزماسلىققا، چۆپتىن بىر تۇتام ئېلىپ ياكى چىۋىقتىن بىر باغلام ئېلىپ، ئايالىنى شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا، بۇ ئارقىلىق قەسىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.»

ئايەت بۇ قەسەمنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلمايدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ قەسەمنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئۇزۇن سۆزلەرنى قىلغان. بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كېسەل تارتقانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغان ئىدى. بىر كۈنى شەيتان بۇ ئايالغا بىر دوختۇر سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ يولىدا ئولتۇردى. ئايال ئۇنىڭغا: ئى اللە نىڭ بەندىسى! بۇ يەردە بالاغا يولۇققان بىر ئىنسان بار، سەن ئۇنى داۋالىيالامسەن؟ دېدى. ئۇ: ھەئە، ئەگەر ئۇ ساقايغاندىن كېيىن ماڭا: مېنى سەن ساقايتتىڭ دېيىشنى خالىسا، مەن ئۇنى ساقايتىمەن، دېدى. ئاندىن ئايال ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: ئۇ دېگەن شەيتاندۇر، مەن اللە نىڭ نامى بىلەن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر اللە ماڭا شىپالىق بەرسە، مەن سىزنى يۈز قامچا ئۇرىمەن، دېدى.»[1]

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئىبلىس ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ئەييۇبقا يەتكەن بالالارنى مەن يەتكۈزدۈم، مەن زېمىننىڭ ئىلاھىمەن، ئەگەر سىز ماڭا بىر قېتىم سەجدە قىلسىڭىز، مەن چوقۇم ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن دەيدۇ. ئايال ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئەگەر اللە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە، ئايالىنى ئۇرۇشقا قەسەم ئىچىدۇ.»

اللە تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە بۇ ۋەقەلىك تەپسىلى بايان قىلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بالالارنىڭ ۋە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى ئۇرۇشقا قىلغان بۇ قەسىمىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ھەر خىل خىيالىي قىسسىلەر توقۇپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بولمايدىغان باتىل قىسسىلەردۇر، يەنە بەزىلىرى ئاجىز ۋە زەئىپ قىسسىلەردۇر.

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «تەپسىرشۇناسلار بايان قىلغان قىسسىلەرنىڭ بىرىدە: ئىبلىسنىڭ يەتتىنچى قات ئاسماندا ئورنى بار ئىدى. ئۇ پەرۋەردىگارى اللە دىن ئەييۇبنى باشقۇرۇش ھەققى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. اللە ئۇنىڭغا: مەن ساڭا ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇش ھەققىنى بەردىم... دېدى دېيىلگەن. بۇ ھەقىقەتەن يالغان سۆزدۇر. چۈنكى ئىبلىس اللە نىڭ لەنەت قىلىشى ۋە غەزەپ قىلىشى بىلەن ئاسماندىن يەرگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن تۇرسا، اللە نىڭ رىزاسىغا ئېرىشىدىغان ئورۇنغا قانداق ئۆرلەيدۇ؟ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورۇنلىرىدا قانداق كىرىپ يۈرىدۇ ۋە ئۈستۈنكى قات ئاسمانغا قانداق تېشىپ چىقالايدۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن ھاماقەتلەرچە ئېيتىلغان سۆزدۇر.

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 5 ـ جىلد، 316 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 144 ـ بەت.

www.munber.org

ئۇلارنىڭ: «اللّٰه تائالا ئىبلىسقا: بەندەم ئەييۇبقا بىر نەرسە قىلىشقا قادىر بولالىدىڭمۇ؟ دېدى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ قەتئىي يالغان سۆزدۇر. چۈنكى اللّٰه تائالا لەنەتى ئىبلىسنىڭ قوشۇنى بولغان كاپىرلارغا ھەرگىز گەپ قىلمايدۇ. اللّٰه تائالا ئىنسانلارنى گۇمراھلىققا باشلايدىغان مەلئۇنلارغا قانداقمۇ گەپ قىلسۇن؟

ئۇلارنىڭ: «اللّٰه ئۇنىڭغا: مەن ساڭا ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇش ھەققىنى بەردىم دېدى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ شۇنداق قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ بۇ قىسسىدە يۈز بېرىشى ئەقىلدىن يىراق. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ: «ئىبلىس ئۇنى باشقۇرۇش ھەققىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنىگە پۈۋلىدى» دېگەن سۆزى ئەقىلدىن تېخىمۇ يىراق. لەنەتى ئىبلىسنىڭ بۇ ئىشقا قولى تەگمەي تۇرۇپمۇ، پەيغەمبەرلەرگە، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە ۋە مال ـ مۈلكلىرىگە چېقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن خۇرسەن بولماي تۇرۇپمۇ اللّٰه تائالا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا قادىردۇر.

ئەمما ئۇلارنىڭ: «ئىبلىس ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا: مەن زېمىننىڭ ئىلاھىمەن، ئەگەر اللّٰه نى ياد ئېتىشنى تاشلاپ ماڭا سەجدە قىلىسىڭىز، مەن چوقۇم ئەييۇبنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن دېدى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بىلىڭلاركى، ئەگەر ئۇ سىلەرنىڭ كېسىلى بار بىرىڭلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ بۇ سۆزنى قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ زېمىننىڭ ئىلاھى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى ۋە ئۇنىڭ بالادىن قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ ـ يۇ. قانداق قىلىپ پەيغەمبەرنىڭ ئايالى بۇ ئىشتىن شەكلەنمىسۇن؟ ئەگەر ئۇ بىر نادان قارا تەنلىكنىڭ ياكى بىر دۆت بەربەرى[1] نىڭ خوتۇنى بولسىمۇ، ئۇ سۆزنى توغرا دەپ قوبۇل قىلمىغان بولاتتى.»

ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشى ھەققىدە اللّٰه تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككى ئايىتىدە خەۋەر قىلغان مەلۇماتتىن باشقىسى توغرا ئەمەس. اللّٰه تائالا ئۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئەييۇبنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى﴾[2]. يەنە بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر توپ ئالتۇن چېكەتكە چۈشتى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى كىيىمىگە ئوچۇملاپ ئۇسۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: ئى ئەييۇب! مەن سېنى سەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان نەرسىدىن بىھاجەت

[1] بەربەرى ئاپرىقىنىڭ غەربى شىمالىدا ياشايدىغان بىر مىللەتنىڭ ئىسمى.
[2] سۈرە ئەنبىيا، 83 ـ ئايەت.

قىلمىدىمۇ؟ دەپ نىدا قىلدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: شۇنداق، ئى پەرۋەردىگارىم! لېكىن مەن سېنىڭ بەرىكىتىڭدىن ھېچ بىھاجەت بولمايمەن، دېدى» دېگەن سۆزىدىن باشقا سۆز قىلغانلىقى توغرا ئەمەس.

قۇرئاندىمۇ، سۈننەتتىمۇ بىر يۇقىرىدا بايان قىلغان مەلۇماتتىن باشقا مەلۇمات يوق ئىكەن، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىغا كىم يەتكۈزىدۇ؟ ئۇ بۇ خەۋەرنى قايسى تىل بىلەن ئاڭلىدى؟ بەنى ئىسرائىلغا ئائىت رىۋايەتلەر ئۇلىمالارنىڭ قارىشىدا ئەلۋەتتە رەت قىلىنىدۇ. شۇڭا سەن ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ قۇرلىرىدىن كۆزۈڭنى بۇرىغىن، ئۇنى ئاڭلاشتىن قۇلىقىڭنى گاس قىلىۋالغىن. ئۇ ساڭا خىيالى نەرسىدىن باشقا پىكىر بەرمەيدۇ، دىلىڭنى زەھەرلەشتىن باشقا ھەسسە قوشمايدۇ.»[1]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرىسىنى ئىسپاتلاشتا بەزى تەپسىرشۇناسلار كىتابلىرىنىڭ چۆرىسىگە يېزىۋەتكەن بەنى ئىسرائىلغا ئائىت بۇ قىسسىلەرگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ نامىدىن ئېيتىش ۋە ئۇلارغا نىسبەت بېرىش توغرا بولمىغان بۇ ئاجايىب ھېكايىلەرگە ئېتىقاد قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى بۇ قىسسە ۋە ھېكايىلەر پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) نىڭ «مەسۇم» لۇق سۈپىتىگە زىت كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى مەنسەپلىرى بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ. شۇڭا بىز الله تائالا كىتابى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان مەلۇماتقىلا تايىنىشىمىز، بۇنىڭغا ئوخشاش خوراپىي ۋە يالغان سۆزلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن بەزىلەر يەنە مۇنداق ھېكايىنى توقىغان: ئەييۇبنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ گۆشى ئېقىپ كەتتى. قۇرۇتلار ئۇنىڭ بەدىنىنى تېشىپ چىقتى. يىراق - يېقىن ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن سەسكىنىدىغان، ياتمۇ، دوستمۇ ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراشقا چىدىمىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتكەنلىكتىن ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، بىر ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىلدى... بەزى مەددالار تۇتىۋالغان بۇ يالغان ھېكايىلەر ۋە بەنى ئىسرائىلغا ئائىت بۇ قىسسىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر قىسىم تەپسىر كىتابلىرىغا سىڭىپ كىرگەن. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسۇملۇقىغا زىت كېلىدىغان ئىشلاردۇر.

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ تايىنىشى لازىم بولغان مەلۇمات شۇكى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن بۇ بالا بولسا، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ چىدىشى قىيىن بولغان، ئېغىرلىقىدىن زارلىنىدىغان، بولۇپمۇ ئۇزۇن سۈرگەندە شۇنداق بولىدىغان قاتتىق كېسەلدۇر. بۇ كېسەل سەسكىنىش ۋە يىرگىنىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ئايالىغا ئاچچىقلانغان ۋە ئۇنى يۈز قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان. الله ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا چىقىش يولى بېرىپ، بۇ قەسەمنى يېنىك بىر شەكىلدە ئورۇنداشقا نېسىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىنى ئۇرۇش ئۈچۈن يۈز تال

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 15 - جىلد، 209 - بەتكىمۇ قاراڭ.

www.munber.org

چۈشۈپ يىغىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايىلىنى بىرنى ئۇرغان. قەسەمنى بۇزمىغان. الله ئۇنىڭغا بەرگەن بالانى ۋە ئېغىر سىناقنى كۆتۈرۈۋەتكەن.

## ئىككىنچى ھۆكۈم

ئەرنىڭ خوتۇننى ئەدەپلەپ قويۇش يۈزىسىدىن ئۇرۇشى رۇخسەتمۇ؟

بەزى ئۆلىمالار ئەرنىڭ خوتۇننى ئەدەپلەپ قويۇش يۈزىسىدىن ئۇرۇشىنىڭ دۇرۇسلىقىغا بۇ ئايىتى كەرىمنى دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتا خاتالىق ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى يۈز قامچا ئۇرۇشقا قەسەم قىلغان. الله تائالا ئۇنى خورما دەرىخىنىڭ كۆپ نوتىلىق بىر شېخىنى ئېلىپ ياكى بىر باغلام چۈشۈپ ئېلىپ خوتۇننى شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇغان. بۇ ئۇنىڭ قەسەمنى بۇزماستىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇرۇش دۇرۇس بولمىسا ئىدى، قۇرئان ئۇنى مۇقىملاشتۇرمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئۇرۇشنىڭ ئەڭ يېنىك شەكلىنى كۆرسەتمىگەن بولاتتى.

بۇ ئايەت خوتۇننى ئەدەپلەش چەك ـ چېگرىسىنىڭ ئىچىدا ئۇرۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنى قاتتىق ئۇرىۋاتماستىن ئۇرۇڭلار...»

ئۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى ئۇرۇشنى يامان كۆرۈش بىلەن زىت بولۇپ قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ: «الله نىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئۇرماڭلار» دېگەن. كېيىن ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئاياللار ئەرلىرىگە ياندىغان بولۇپ كەتتى، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان. ئاندىن نۇرغۇن ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەرلىرىدىن شىكايەت قىلغان. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللار مۇھەممەدنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئەرلىرىدىن شىكايەت قىلىپ كەپتۇ. ئاياللىرىنى ئۇرغانلار سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلاردىن ئەمەس.»[1]

جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار﴾[2] دېگەن سۆزنى بايان قىلىپ، سەركەشلىك قىلغان ئاياللارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بولسا، سەركەشلىك قىلمىغان ئايالنىمۇ ئەدەپلەش يۈزىسىدىن ئۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾[3] دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ئايەت ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، بۇخارى «تارىخ»ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە نىسا، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىسسىمۇ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى كۆرسەتكەن مەسىلىنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئايالىنى بىر كاچات ئۇرىدۇ. بۇ خوتۇننىڭ تۇغقانلىرى قىساس ئالماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە الله: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلىدۇ.»[1]

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

الله تائالانىڭ بىر باغلام چۆپ بىلەن ئايالىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇغان بۇ ھۆكمى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا خاسمۇ ياكى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئامىمبابمۇ؟

ئۆلىمالار الله تائالا پەيغەمبىرى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا تەۋسىيە قىلغان بۇ ھۆكۈم ئۇنىڭغىلا خاسمۇ ياكى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئامىمبابمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

مۇجاھىد: بۇ ھۆكۈم ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغىلا خاستۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان. بۇ ئىمام مالىكنىڭمۇ ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭمۇ (الله تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇر.

ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ ۋە ئىبنى ئەبۇ لەيلا: بۇ ھۆكۈم ئامىمبابتۇر، بۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا الله تائالانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بېرىلگەن رۇخسەتتۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام شافىئىي ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ (الله تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) قارىشىدۇر[2].

## تۆتىنچى ھۆكۈم

ئۇرۇشنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم بولۇشى شەرت قىلىنامدۇ؟

يۇقىرىدىكى ھۆكۈمگە ئاساسەن فىقھشۇناسلار: بىرەر قۇلىنى ئون قامچا ئۇرۇشقا قەسەم ئىچكەن ئادەم ئون قامچا يىغىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇلىنى بىرلا قېتىم ئۇرسا، بۇ يېتەرلىك بولامدۇ ياكى چوقۇم ئايرىم ـ ئايرىم ئۇرۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام مالىك ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئايرىم ـ ئايرىم ئۇرمىغىچە قەسىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولمايدۇ.»

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 383 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى ۋە ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر توپلىغان بۇ قامچىدىن بىرسى تەگسە، قەسىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. ئايرىم - ئايرىم ئۇرۇش شەرت قىلىنمايدۇ.»[①]

## بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 - بۇ ھۆكۈم ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا خاستۇر. چۈنكى اللە تائالا: ﴿سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾[②] دېگەن. يەنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى يۈز قامچا ئۇرۇشقا تېگىشلىك ئىش قىلمىغان ئىدى. شۇڭا اللە تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا بۇ ھەقتە چىقىش يولى قىلىپ بەرگەن.

2 - قەسەم قىلغۇچى ئۇرۇش بىلەن ئاغرىتىشنى مەقسەت قىلىپ قەسەم قىلغان. توپلاپ ئۇرۇش ئاغرىتالمايدۇ.

3 - قەسەم نىيەتكە ئاساسەن ئورۇندىلىدۇ. ئەگەر نىيەت تېپىلمىسا، لۇغەتنىڭ مەنىسىگە ۋە ئۆرپ - ئادەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. لۇغەتنىڭ مەنىسى بىر ئۇرغۇچىغا بىر ئۆرۈملۈك قامچا بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇشقا، يەنە بىر ئۇرغۇچىغا بىرقانچە ئۆرۈملۈك قامچا بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. ئۆرپ - ئادەتتىمۇ شۇنداق. شۇڭا ئۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان قەسەم بىزدىكى ھۆكۈمگە ئاساسەن ئۆرپ - ئادەتنىڭ ۋە لۇغەتنىڭ مەنىسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىجرا قىلىنىشى كېرەك.

## ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 - ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ ئامبىاب ھۆكمى ۋە بىزدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن ھۆكۈم بىزنىڭ دىنىمىزدا مەنسۇخ قىلىنمىسىلا، ئۇ بىز ئۈچۈنمۇ شەرىئەت ھۆكمى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە بولسا ئۇ ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرىدىغان ھۆكۈم كەلدى. ئۇنىڭ مەنسۇخ قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانمىدى.

2 - ئۇلار ئەبۇ ئۇمامىنىڭ بىر قىسىم ئەنسارى ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: ئۇلاردىن بىر ئادەم كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ۋە بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ قىزلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىدۇ. ئۇ بۇ قىزنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىچە ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. كېسەلنىڭ قېشىغا ئۆز ئادەملىرى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇ ئۇلارغا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپ: مەن ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەتىۋا سوراپ بېرىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپ: بىز بىرەر ئادەمنىڭ ئۇنىڭدەك ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرمىدۇق. ئەگەر بىز ئۇنى ئالدىڭغا كۆتۈرۈپ كەلسەك، ئەلۋەتتە

---

① ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 382 - بەت.
② سۈرە مائىدە، 48 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۆڭەكلىرى ئاجراپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئادەمدۇر، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يۈز تال چىۋىق ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى شۇنىڭ بىلەن بىرنى ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ[1].

مەزكۇر ئايەت بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنى قىلغۇچى سانىنى شەرت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى قەسىمىنى بۇزماي، ئەنە شۇ شەكىلدە ئۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى اللہ تائالا: ﴿ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن﴾ دېدى.»

لېكىن بۇ ھۆكۈمنى جازالاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، پەقەت ھەدىستە كۆرسىتىلگەن شەرت بويىچە ئەمەللەشتۈرۈلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا جازالانغۇچى كېسەلنىڭ كېسىلى مەزكۇر ھەدىس شېرىفتە سۆپەتلەنگەن چەككە يەتكەن بولۇشى كېرەك.

**بەشىنچى ھۆكۈم**

ئىسلام شەرىئىتىدە ھىيلە ئىشلىتىش دۇرۇس بولامدۇ؟

ئىمام جەسساس «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت قىلسا بولىدىغان، ھەمدە ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دۇرۇس بولىدىغان ئىشلارغا يېتىشتە ھىيلە ئىشلەتسە دۇرۇس بولىدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى اللہ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى قەسىمىدىن چىقىش ئۈچۈن بىر باغلام چۆپ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى كۆپ زەخىملەنمىگەن.»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: شەرىئەتتە مانا بۇ ئۆلچەم بويىچە قىلسا بولىدىغان، ھەمدە ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دۇرۇس بولىدىغان ئىشلارغا يېتىشتە ھىيلە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما اللہ پەرز قىلغان ئىشلاردىن قېچىشقا، اللہ ئىنسانلارغا يۈكلىگەن پەرزلەردىن قۇتۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارغا ھىيلە ئىشلىتىشكە كەلسەك، مۇنداق ھىيلىنى دىلى ساغلام كىشى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەقىللىق مۇسۇلمان ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. چۈنكى اللہ پەرز قىلغان ئىشلار چوقۇم ئورۇندىلىشى ئۈچۈن پەرز قىلىنغان. شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى اللہ نىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ئوينىشىش ئۈچۈن يول تېپىشقا ئەمەس، يەر يۈزىدە ئىجرا قىلىنىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن.

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 384 ـ بەت.

www.munber.org

بەزى ئۆلىمالار ھىيلە ئىشلىتىشنىڭ شەرتسىز دۇرۇسلىقىغا بۇ ئايەتنى ۋە اللە تائالانىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدىكى: ﴿يۈسۈف ئۇلارنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، قەدەھنى ئۇكىسىنىڭ يۈكى ئىچىگە سېلىپ قويدى﴾[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئەمما ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىش يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۇكىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى باشقا قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا ئارتۇقچە ئىزھار قىلىشى ئۈچۈن اللە نىڭ ئىزنى بىلەن مەيدانغا چىقىرىلغان. بۇنى اللە تائالانىڭ: ﴿بىز يۈسۈفكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق، (مىسىر) پادىشاھىنىڭ قانۇنى بويىچە يۈسۈف ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتى، لېكىن اللە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خالىدى﴾[2] دېگەن سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ[3].

ئىمام ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قارىشىمچە، زاكاتنى ساقىت قىلىش ھىيلىسىگە ۋە دېدەكنى پاكلاش ھىيلىسىگە ئوخشاش، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بىرەر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ھەرقانداق ھىيلىنى ئىشلىتىش قوبۇل قىلىنمايدۇ. مانا بۇ، بۇ مەسىلىدىكى ئوتتۇرھال يولدۇر. بەزى ئۆلىمالار ھىيلە ئىشلىتىشنى شەرتسىز دۇرۇس قىلغان. يەنە بەزىلەر ئۇنى شەرتسىز دۇرۇس قىلمىغان.»[4]

### ئالتىنچى ھۆكۈم

اللە تائالانىڭ قىلغان ئىشلىرىدا پايدا ـ مەنپەئەت كۆزلىنەمدۇ؟

ئىمام فەخرۇددىن رازى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى اللە تائالانىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەت ياكى زىيان بىلەن ئىللەت كۆرسىتىلىشتىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿اللە نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ــ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ــ سوراق قىلىنىدۇ﴾[5]. چۈنكى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھېچ گۇناھ قىلمىغان بولۇپ، گەرچە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن سىنالغان بولسىمۇ، گۇناھ قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن سىنالغان ئەمەس. اللە تائالا ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق دەرت ـ ئەلەملەرنى ۋە ئېغىر كېسەللەرنى بەرمەي تۇرۇپمۇ، ئۇنى ھەرقانداق ياخشىلىققا ئېرىشتۈرۈشكە قادىردۇر. شۇنداق بولغاندا شۇ ئېغىر كېسەللەر ۋە بالالارنىڭ پايدىسى قالمايدۇ. مانا بۇ ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئېنىق بولغان ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، اللە تائالا قىلغانلىرىدىن سورالمايدۇ.»[6]

### يەتتىنچى ھۆكۈم

---

[1] سۈرە يۈسۈف، 70 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۈسۈف، 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ئەئلامۇل مۇۋەققىئىين» ناملىق كىتابىغا قاراڭ. ئۇ بۇ مەۋزۇدا ناھايىتى ياخشى توختالغان.
[4] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 209 ـ بەت.
[5] سۈرە ئەنبىيا، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 208 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەۋزەلمۇ ياكى ئۇنىڭدىن كەففارەت بېرىپ قۇتۇلۇش ئەۋزەلمۇ؟

ئايىتى كەرىم قەسەمنى گۇناھ بولىدىغان ئىش بولمىسىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كەففارەت بېرىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «كەففارەت بېرىش ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ھۆكۈم قىلىپ بېكىتىلمىگەن. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، اللە تائالا ئۇنى ئەلۋەتتە كەففارەت بېرىشكە بۇيرۇيتتى.» ئىبنۇل ئەرەبىمۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شۇنداق بايان قىلغان.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ: ئۇلارنىڭ شەرئىتىدە كەففارەت بېرىش ھۆكمى بەلگىلەنمىگەن ئىدى دېگەن سۆزى توغرا ئەمەس. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بېشىغا كەلگەن بالا ئىچىدە 18 يىل قالدۇ. ئىبنى شىھاب رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلدۇ: ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ھەمراھى ئۇنىڭغا: سەن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان چوڭ گۇناھنى قىلغان ئوخشايسەن، دەيدۇ. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى مەن بىلەلمىدىم. پەرۋەردىگارىم بىلىدۇكى، مەن پەقەت جېدەللىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ياكى بىرقانچە ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ جېدەللىشىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئائىلەمگە قايتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىچكەن قەسەملىرىنىڭ نامىدا كەففارەت بەرمەكچى بولدۇم. مەن ھېچكىمنىڭ اللە نى تىلغا ئېلىپ گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقىنى، اللە نى پەقەت ھەق ئىشتا تىلغا ئېلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆزلىگەن ئىدىم، دەيدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارىغا: ﴿ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن﴾[1] دەپ دۇئا قىلدۇ...

بۇ ھەدىس ھەقىقەتەن كەففارەتنىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرئىتىدە بارلىقىنى، كىمكى باشقا بىرىنىڭ نامىدا ئۇنىڭ ئىزنىسىز كەففارەت بەرسە، ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ۋاجىپنى ئادا قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ گەردىنىدىن كەففارەتنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»[2]

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ اللە تائالا پەيغەمبىرى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بالالار ئۇنىڭ ئىمانىنى سىناش ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بولغان.

[1] سۈرە ئەنبىيا، 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 15 ـ جىلد، 215 ـ بەت.

www.munber.org

2 ـ ئىنسان بۇ دۇنيادا ئىمانغا چۇشلۇق سىنىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرلەر ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

3 ـ الله تائالاغا زارلىنىش ۋە ئۇنىڭغا شىكايەت قىلىش ماختاشقا تېگىشلىك سەۋرنىڭ دەرىجىسى بىلەن زىت كېلىپ قالمايدۇ.

4 ـ الله تائالا كەمبەغەللىك بىلەن سىنىغاندەك، بايلىق بىلەنمۇ سىنايدۇ. مۆمىن كەڭرىچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ الله قا شۈكۈر قىلىدۇ.

5 ـ ئەگەر ئىنسان الله دىن قورقسا، الله ئۇنىڭغا ئىشلىرىدا، خۇددى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا قىلغاندەك، چىقىش يولى قىلىپ بېرىدۇ.

6 ـ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سەۋرچان بولغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇنى مۇكاپاتلاپ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى يۈز تال چىۋىق بىلەن بىرنى ئۇرۇشقا پەتىۋا بەردى.

7 ـ ھىيلە ئىشلىتىش ھەقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈنلا بولمىسا، دۇرۇس بولىدۇ.

8 ـ ئىنسان قەسىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك، ئەگەر بۇ يەردە بىرەر مەنپەئەت بولسا، ئۇنى بۇزۇپ، كەففارەت بېرىش ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغاندىن ياخشىدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئالىي بەلگىلىمىلىرى ۋە يۈكسەك تەلىم ـ تەربىيىلىرى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە پۈتۈن ۋەزىيەتلىرىدە ۋە ئەھۋاللىرىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن نازىل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق ئىشقا ئادىل بىر ھۆكۈم بېرىدۇ. ھۆكۈملىرى ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىرىدە ئىنسانلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىنسانلار تەبىئىتىنىڭ ھەر خىل بولۇشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. الله تائالا ئەرگە ئايالىنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلغاندا، ھەممىدىن بۇرۇن بۇ ئۇرۇشنىڭ قاتتىق بولماسلىقىدىن، ئەدەپلەش ۋە تەنبىھ بېرىش چەك ـ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىدىن ئىبارەت بەلگىلىمە ئىچىدە بولۇش شەرتى بىلەن رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئايالنى ئۇرۇش ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئايالنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى تاياقتا ئادەتلىنىپ قالغان ۋە تاياق سايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، پەقەت ئۇرۇش بىلەنلا ئادەم قىلىش مۇمكىن بولغان مەخسۇس ئاياللاردا ناھايىتى روشەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئاياللارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان.

ئىسلام شەھىدى سەييىد قۇتۇب «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق سىنالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقى كەڭ

تارقىغان مەشھۇر بىر مەسىلە بولۇپ، سىناق ۋە سەۋر ئۈچۈن مىسال قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ بەنى ئىسرائىلغا ئائىت قىسسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ قىسسىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆمۈۋالغان. بۇ قىسسىدىكى ئىشەنچلىك چەك ـ چېگرا شۇكى، قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەندەك، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ياخشى، اللە قا تەۋبە بىلەن بەك يۈزلىنىدىغان بەندە ئىدى. اللە تائالا ئۇنى ئېغىر سىناقلار بىلەن سىنايدۇ. ئۇ گۈزەل بىر رەۋىشتە سەۋر قىلىدۇ. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى، ئائىلىسى ۋە سالامەتلىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىش بىلەن سىنالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. لېكىن ئۇ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئۈزۈلمەس ئالاقىسى، قەتئىي ئىشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلغان نەرسىگە قانائەت قىلىشى بىلەن ھايات سۈرىدۇ. شەيتان: اللە ئەييۇبنى ياخشى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا بۇ بالالارنى بەرمىگەن بولاتتى دەپ، ئۇنىڭ ئايالى قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق قىلىۋاتقان ئاز بىر قىسىم سەمىمىي دوستلىرىنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېسەل ۋە بالالارنىڭ ئەزىيىتىدىنمۇ قاتتىق ئەزىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا بۇ ۋەسۋەسىلەردىن بىر قىسمىنى سۆزلىگەندە، ئۇ، ئەگەر اللە ئۆزىگە شىپالىق بەرسە ئايالىنى چوقۇم ئۇرۇشقا قەسەم ئىچىپ مۇئەييەن سان بەلگىلەيدۇ. ئېيتىلىشچە يۈز قامچا ئۇرماقچى بولغان.

شۇ چاغدىلا ئەييۇب ئەلەيھىسسالام شەيتاننىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىدىن، ئۆزىنىڭ سەمىمىي دوستلىرىغا شەيتان ئارىلىشىپ كۆڭلىگە ئەنە شۇنداق ئازابلارنى سالغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىدۇ: ﴿شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى﴾. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى، سەۋرچانلىقى، شەيتاننىڭ ئورۇنۇشلىرىدىن ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈشلىرىدىن نەپرەتلىنىشى ھەقىقىي تۈردە ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالا ئۇنى ئۆز رەھمىتى ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا بەرگەن سىناقلارنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇنى پۇتى بىلەن يەرگە تېپىشكە بۇيرۇيدۇ. يەردىن سوغۇق سۇلۇق بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ شۇ سۇدا يۇيۇنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىچىدۇ. كېسىلى شىپا تېپىپ ساقىيىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۇزۇك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) «بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر» (دېدۇق). بىز ئۇنىڭ (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) ئەھلى ـ ئەۋلادىنى (يېڭىدىن) بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر ئارتۇق بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾.

بەزى رىۋايەتلەر: «شەك ـ شۈبھىسىزكى اللە ئۇنىڭغا ئوغۇللىرىنى تىرىلدۈرۈپ بەردى ۋە بىر ھەسسە كۆپ پەرزەنت بەردى» دەيدۇ. لېكىن بۇ رىۋايەتتە اللە نىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئوغۇللىرىنى تىرىلدۈرۈپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىل يوق. ئۇنىڭ مەنىسى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن اللە

www.munber.org

نىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن يوق كىشىلەرگە ئوخشاش بولۇپ كەتكەن ئوغۇللىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، الله نىڭ ئۇنىڭغا ئىخمۇ كۆپ نېمەت ۋە مەرھەمەت ئاتا قىلىشىنى، ئەقىل ـ ئىدراك ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت بولۇشقا پايدىلىق بولغان ئىشلارغا ئىخمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى ئىرادە قىلىپ، بۇرۇنقى ئوغۇللىرىغا ئۇلاردىن باشقا پەرزەنتلەرنى قوشۇپ رىزىق قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرستىشىمۇ مۇمكىن. مۇھىمى، بۇ قىسسىنى بايان قىلىشتىن مەقسەت الله نىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەن، ئاندىن ئۇ سىناقلارغا سەۋر قىلغان، الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولغان بەندىلىرىگە الله نىڭ ئاتا قىلىدىغان پەزلى ۋە مەرھەمىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى ئۇرۇش ئۈچۈن قىلغان قەسىمىگە كەلسەك، ئۇنى باققان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالالارغا ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن تارتقان ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان ئايالىغا الله مەرھەمەت قىلىپ، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى بەلگىلىگەن سانغا تەڭ بىر تۇتام چىۋىق ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنى بىرنى ئۇرۇشقا. شۇ ئارقىلىق قەسىمىگە ئەمەل قىلىشقا، ئۇنى بۇزماسلىققا بۇيرۇپ: ﴿قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن﴾ دېگەن.

بۇ ئاسانلىق ۋە ئەنە شۇ كاتتا نېمەتلەر بولسا، الله نىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ بالالارغا سەۋر قىلغانلىقى، الله قا ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئىتائەت ۋە ئىلتىجا قىلغانلىقى ئۈچۈن بەرگەن مۇكاپاتىدۇر. ﴿بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (الله غا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر﴾ »[1].

[1] سەييىد قۇتۇبنىڭ «فـي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 23 ـ جىلد، 101 ـــ 103 ـ بەتكىچە.

# ئىسلام دىنىدىكى ئۇرۇش

﴿ فَإِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَضَرْبَ ٱلرِّقَابِ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَثْخَنتُمُوهُمْ فَشُدُّواْ ٱلْوَثَاقَ فَإِمَّا مَنًّۢا بَعْدُ وَإِمَّا فِدَآءً حَتَّىٰ تَضَعَ ٱلْحَرْبُ أَوْزَارَهَا ۚ ذَٰلِكَ وَلَوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَٱنتَصَرَ مِنْهُمْ وَلَٰكِن لِّيَبْلُوَاْ بَعْضَكُم بِبَعْضٍ ۗ وَٱلَّذِينَ قُتِلُواْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَلَن يُضِلَّ أَعْمَٰلَهُمْ ﴿٤﴾ سَيَهْدِيهِمْ وَيُصْلِحُ بَالَهُمْ ﴿٥﴾ وَيُدْخِلُهُمُ ٱلْجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمْ ﴿٦﴾ ﴾

﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيداندا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىگە چېپىڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر اللە خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن اللە بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى)، اللە نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى اللە بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. اللە ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ. اللە ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، اللە ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ)﴾.

— سۈرە مۇھەممەد 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

أَثْخَنتُمُوهُمْ: (سىلەر ئۇلارنى قىرىپ) يەنى دۈشمەنلەرنى كۆپ ئۆلتۈرۈڭلار ۋە كۆپ يارىدار قىلىڭلار.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ سۆز تومۇرى «ئىسخان» بولۇپ، قاتتىق ۋە كۈچلۈك بولغان، ۋايىغا يەتكەن، كۆپ بولغان ھەرقانداق ئىشنى كۆرسىتىدۇ. اللە تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ،

ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى﴾[1] يەنى بۇ ئايەت دۈشمەنلەرنى قىرغىن قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ.»[2]

اَلْوَثَاقَ: (ئەسىر)، بۇ سۆز ئەسلىدە سۆز تومۇرى بولۇپ، ئارغامچا ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن باغلىنىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە، ئەسىر ئېلىنغان دۈشمەنلەرنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى باغلاپ ئەسىر ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مَنًّا: (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن)، بۇ سۆز ئەسىرنى فىدىيە ۋە بەدەل ئالماستىن قويۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

فِدَآءً: (فىدىيە ئېلىپ)، بۇ سۆز ئەسىرنى پۇل ـ مال ئېلىپ قويۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

أَوْزَارَهَا: (ئۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى)، بۇ سۆز «ۋىزر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، گۇناھ دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بەزىدە ئېغىر يۈك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ ياراغ ۋە ئات ـ ئۇلاغنى كۆرسىتىدۇ. قورال ـ ياراغ كۆتۈرىدىغان نەرسە بولغاچقا ''ئېغىر يۈك'' دەپ ئاتالغان.

ئايەت: تاكى ئۇرۇش تۈگىگەن، قوراللار قويۇلغان، مۇشرىكلارنىڭ شانۇشەۋكىتى ئاجىزلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش بولمايدىغان ۋاقىتقا قەدەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ذَٰلِكَ: (مانا شۇنداق)، بۇ سۆز كۆرسەتكۈچ ئالماشلىق رولىنى ئوينايدۇ.

لَٱنتَصَرَ: (ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى) يەنى الله سىلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا ياكى جىھادقا چىقىشقا تەكلىپ قىلماستىنلا ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى. الله تائالا مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدۇرماي تۇرۇپمۇ كاپىرلارنى تەل ـ تۆكۈس يوقىتىشقا قادىردۇر. لېكىن الله تائالا مۇسۇلمانلارنى جىھاد بىلەن سىنايدۇ: ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾[3].

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى﴾ دېگەن سۆزى ئۇلارنى يەرگە

[1] سۈرە ئەنفال، 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، ﺙﺃﻕ بۆلۈمى.
[3] سۈرە مۇھەممەد، 31 ـ ئايەت.

www.munber.org

يۇتقۇزىۋېتىش ياكى قاتتىق ئاۋاز قىلىش، ياكى سۇغا غەرق قىلىش ۋە ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلۈم بېرىشتىن ئىبارەت بىر قىسىم ھالاك قىلىش سەۋەبلىرى بىلەن جازالىغان بولاتتى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

لِّيَبْلُوَاْ بَعْضَكُم بِبَعْضٍ: (الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن) يەنى الله تائالا سىلەرنى ﴿بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن﴾ ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە الله تائالا مۆمىنگە ساۋاب بېرىدۇ، شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئىگە قىلىدۇ، كاپىرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئازابلاش بىلەن خار قىلىدۇ.

فَلَن يُضِلَّ أَعْمَالَهُمْ: (ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ) يەنى الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئەمەللەر ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلار ئەشۇ ئەمەللىرىنىڭ تولۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

عَرَّفَهَا لَهُمْ: (الله ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى) يەنى الله ئۇلارغا جەننەتنى بايان قىلىپ بەردى، جەننەتتىكى ئۆيلىرىنى بىلدۈردى. شۇڭا ئۇلار ئۇ ئۆيلىرىگە خاتالاشماستىن كىرىدۇ. ياكى الله ئۇلارغا جەننەتنى دۇنيادا ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن تونۇتتى. الله تائالا جەننەتنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۈدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە ھەرخىل بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ﴾[2].

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە شۇنداق بۇيرۇق قىلىدۇكى، ئۇلار ئۇرۇشتا كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارغا قىلچە ئىچ ئاغرىتماسلىق لازىم، بەلكى ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىگە قوراللىرىنى ھۆكۈم قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى قىلىچلىرى بىلەن قىرىپ تاشلاش كېرەك. ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، ئۇلارنى يەڭگەن ۋە ئۇلارنىڭ شانۇشەۋكىتىنى يەرگە ئۇرغاندىن كېيىنلا تىرىك قالغانلارنى باغلاپ ئەسىر ئالسا بولىدۇ. ئۇرۇش تۈگىگەن، مۇشرىكلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقان ۋە ئۇلارنىڭ شانۇشەۋكىتى يەرگە ئۇرۇلغاندىن كېيىن مۆمىنلەرگە شۇنداق ئىختىيارلىق بېرىلىدۇكى، ئۇلار ئەسىرلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ئۇلارنى ئۇلاردىن بەدەل ئالماستىن قويۇۋەتسىمۇ، يا ئۇلارنى قويۇۋېتىش بەدىلىگە ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رەھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 - جىلد، 42 - بەت.
[2] سۈرە مۇھەممەد، 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ تائالا مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا ئۇرۇش چىقارماي تۇرۇپ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا قادىر تۇرۇقلۇق، يەنىلا جىهاد قىلىشنى پەرز قىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ھېكمەت بولسا ئىنسانلارنى سىناش، ئۇلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى، ﷲ يولىدا تارتقان ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان ياكى بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) ﷲ سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[1].

ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىهاد قىلغۇچىلاردىن شېهىتلىك شەربىتىنى ئىچتۈرگەنلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈ ساقلىنىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا خۇشال ـ خۇرام يايراپ يۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئايەتلەر مۆمىنلەرنى جىهاد قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارنى يا جىهاد بىلەن غەلىبە قازىنىپ دۇنيادا ئەزىز ياشاش، يا ﷲ يولىدا شېهىت بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ﷲ يولىدا ئۇرۇشقا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ قۇرئان كەرىم ئۆلتۈرۈش دېگەن سۆزنى ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىگە چېپىڭلار﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىكى سىر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنى بۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىگەندە، ”ئۆلتۈرۈش“ دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىيەلمەيدىغان قوپاللىق ۋە قاتتىقلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ گەردەنگە چېپىپ، بەدەننىڭ باش ئەزاسى ۋە سەزگۈ ئەزالارنىڭ مەركىزى بولغان ئەڭ مۇھىم ئەزانى ئۇياققا ئۇچۇرتىۋېتىپ، باشسىز گەۋدىنى قورقۇنچلۇق ھالەتتە بۇ ياققا چۇشۇرۇۋېتىش ئەڭ ۋەھشىي رەۋىشتە ئۆلتۈرۈشنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ﷲ تائالا بىزنى مۇنداق ئۆلۈمدىن ساقلىسۇن! ئەگەر ﷲ تائالا: «ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن بولسا، بۇ ئىنچىكە ۋە نازۇك مەنە ئىپادىلەنمىگەن بولاتتى. مەزكۇر ئىپادىلەش يەنە مۆمىنلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى، ئۇلارنىڭ گويا قىلىچلىرىنى كاپىرلارنىڭ گەردەنلىرىگە شىلتىپ، ئۇلارنى چېپىشقا ھەر زامان قادىر بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

2 ـ ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار﴾ يەنى ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىپ، ئۇلار ھەققىدە بىرەر قارارغا كەلگەنگە قەدەر قول ئاستىڭلاردا پىششىق ساقلاڭلار. ئادەتتە ئەسىرنى قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىڭ باغلاپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ﷲ تائالا: ﴿ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار﴾ دېگەن. بۇ ئايەت

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 142 ـ ئايەت.

www.munber.org

دۈشمەن ئاجىزلىغاندا ئۇنى ئۆلتۈرمەستىن ئەسىر ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى شەرىئەت يارىدارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەلىم ـ تەربىيىسىدىن ئىبارەتتۇر.

3 ـ الله تائالا: ﴿ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾ دېدى. الله تائالا ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بېرىش بىلەن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشنى تىلغا ئالدى. ئۆلتۈرۈش ۋە قۇل قىلىشنى تىلغا ئالمىدى. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسەتنىڭ قان تۆكۈش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش بولماستىن، مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىزلاشسا، ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئايىتى كەرىمدە ئەسىرنى ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بېرىشنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن تىلغا ئېلىش بولسا، جاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى پۇل ـ مال تەلەپ قىلىشتىن ئۈستۈن كۆرۈشنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. الله يولىدىكى مۇجاھىد غەنىمەتكە ئېرىشىش ۋە دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، الله نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ.

4 ـ الله تائالانىڭ ئايىتى كەرىمدىكى: ﴿تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر﴾ دېگەن سۆزى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇرۇشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قاتتىق يامان كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ﴿ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى﴾ دېگەن سۆز ئۇرۇش جىنايەتلىرىنىڭ ئۇرۇش قوزغىغان كاپىرلارغا قايتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۇفرىلىق قىلىشى ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بولمىسا ئىدى، زېمىندا ئۇرۇش بولمىغان بولاتتى.

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇشنىڭ ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى قويۇشى بولسا، ئۇرۇشنى پۈتۈنلەي پاسسىپ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشنى، كاپىرلار جامائەتلىرى ئىچىدە ئىسلام جامائەتلىرىدىن بىرەر جامائەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان بىرمۇ كاپىر جامائەتنى قالدۇرماي يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. الله تائالا: «تاكى ئۇرۇش قالمىغانغا قەدەر» دېمەستىن، ﴿تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر﴾ دېدى. چۈنكى بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدا خۇددى سېنىڭ: «بەنى ئۇمەييە دۆلىتى مۇنقەرز بولدى» دېگەن سۆزۈڭ بىلەن «بەنى ئۇمەييە دولىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى» دېگەن سۆزۈڭنىڭ ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش چوڭ پەرق بار. ئىككىنچى جۈملىنىڭ كۈچلۈك مەنىنى ئىپادىلىشىدە شەك ـ شۈبھە يوق. بۇ ئايەتتىمۇ مۇشۇنداق ئىپادە بار.»[1]

5 ـ ئەگەر بىرى: الله تائالا كاپىرلارنى ھالاك قىلىشقا ئۆزى قادىر بولغاندىكىن، ئۇلارنى ئۆزى ھالاك قىلماي نېمىشقا مۆمىنلەرنى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟ دېسە، بۇنىڭغا

---

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 529 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: الله تائالا جىهاد بىلەن بەندىلىرىنى سىناشنى ئىرادە قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇرۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياكى بېرەلمەيدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن كاپىرلارنى ئۇلارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. شۇنداقلا زېمىننى كاپىرلارنىڭ ناپاكلىقىدىن تازىلاش، ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن مۆمىنلەرنى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كاپىرلارنى مۆمىنلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ﴿لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىهادقا ئەمر قىلدى)﴾ دېگەن بۇ ئايىتى كەرىمە دەل مۇشۇ نۇقتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر بىرى: شەك ـ شۈبهىسىزكى، الله تائالا كىمنىڭ مۆمىن، كىمنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ گۇناهكار ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ ئىتائەت قىلغۇچى، كىمنىڭ ئاسىيلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ سىناشنىڭ پايدىسى نېمە؟ دېسە، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: الله تائالا تەرىپىدىن بولغان سىناق بىلىشنى ۋە ئۇقۇشنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت مۆمىنگە ساۋاب بېرىشنى، كاپىرنى ئۇنىڭغا قارشى پاكىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئازابلاشنى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزۈپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ياكى بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: سىناشتىن مەقسەت ئىنسانلارغا ياكى پەرىشتىلەرگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارغا راستچىل مۆمىن بىلەن مۇناپىقنىڭ، تەقۋادار كىشى بىلەن بەتبەخت كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ. بۇ سىناش الله تائالاغا نىسبەتەن ئەمەس. چۈنكى الله تائالا ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

6 ـ الله تائالا مۆمىنلەرنى ئەسىرلەرنى ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بېرىشكە ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ، ئىسلام دىنى تەۋسىيە قىلىدىغان گۈزەل ـ ئەخلاقلاردىن بىرىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەشئەسنىڭ تەخمىنەن **5000** ئادىمىنى ھەججاج ئىبنى يۇسۇف ئەسىر ئېلىنغان چاغدا ئۇلاردىن **3000** نى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا كىندە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم كېلىپ: ئى ھەججاج! الله ساڭا سۈننەتتىن ۋە سېخىلىقتىن ياخشى مۇكاپات بەرمىسۇن! دەيدۇ. ھەججاج: نېمىشقا شۇنداق بولسۇن؟ دەيدۇ. ئۇ: چۈنكى الله تائالا كاپىرلار ھەققىدە: ﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىگە چېپىڭلار. سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾ دېدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ئېھسانمۇ قىلماپسەن، فىدىيەمۇ ئالماپسەن، سىلەرنىڭ بىر شائىرىڭلار قەۋمىنى گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن سۈپەتلەپ:

ئۆلتۈرمەيمىز ئەسىرلەرنى ۋەلېكىن قويۇپ بېرىمىز،<br>
گەر ئېغىر كەلسە گەردەنگە قەرزلەرنى يۇدۇش.

www.munber.org

دېگەن ئىكەن دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەججاج: بۇ ئۆلۈكلەرگە ئىسست! ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق ياخشى سۆزنى قىلىدىغان ئادەم يوقمىدى؟ قالغان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىڭلار دەيدۇ. نەتىجىدە شۇ كۈنى بۇ ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن تىرىك قالغان **2000** غا يېقىن ئەسىر قويۇپ بېرىلىدۇ[1].

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

بۇ ئايەتتى كەرىمدىكى ﴿كۇففارلار﴾ دېگەن سۆز نېمە مەننى بېرىدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار اللہ تائالانىڭ: ﴿كۇففارلار﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئۇلار بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىك كۇففارلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قاراش ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان.

2 ـ ئۇلار ئىسلام دىنىغا قارشى چىققان ھەرقانداق مۇشرىكنى، مۇسۇلمانلار بىلەن سۈلھىلەشمىگەن ياكى زىممى بولمىغان ھەرقانداق ئەھلى كىتابنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا پۈتۈن كۇففارلار مۇستەسنا قىلىنماستىن كىرىدۇ. مانا بۇ، ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى بولۇپ، كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار شۇنداق قارايدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراش توغرىدۇر. چۈنكى ئايەت ئومۇمىي مەننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنى خاسلاشتۇرۇشقا دەلىل يوق.»

### ئىككىنچى ھۆكۈم

اللہ تائالانىڭ ئايەتى كەرىمدىكى: ﴿ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىگە چېپىڭلار﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەننى بېرىدۇ؟

سۇددى ۋە كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار: ئۇ سۆز ئۆلتۈرۈش دېگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئۇ سۆز ئەسىرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈش دېگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

كۈچلۈك قاراش بىرىنچى قاراشتۇر. چۈنكى اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىگە چېپىڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت بۇ ئايەتى كەرىم دۈشمەننى قىرىپ تاشلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشنى گەردەنلەرگە چېپىشنىڭ غايىسى قىلغان. شۇنداق

[1] بۇ ۋەقەلىكنى ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 226 ـ بەتتىن كۆرۈڭ.

بولغاندا ئەسىرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈش قەيەردە قالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسىر ئېلىش دۈشمەننى قىرىپ تاشلىغان ۋە ئاجىزلاتقاندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر، بەلكى ئەڭ توغرىدۇر.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

فىدىيە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تۈرلىرىچۇ؟

بەزى تەپسىرشۇناسلار: فىدىيە بولسا ئەسىرنى ئازاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار: فىدىيە بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلەردىن بەدەل ئېلىپ ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ بەدەل كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇش بولىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش بەدىلىگە ئالىدىغان پۇل - مال ياكى قورال - ياراغ بولىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ بەدەل مەنىۋىي مەنپەئەت بولىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بەدىر غازىتىدا شۇنداق بولغان بولۇپ، ئۆزى ئۈچۈن فىدىيە قىلىپ بەرگىدەك پۇل - مېلى بولمىغان ئەسىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئون بالىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا بۇيرۇغان.

دېمەك، فىدىيە مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىدىن ئالىدىغان پۇل - مال، قورال - ياراغ ۋە مەنىۋىي مەنپەئەتنىڭ ھەممىنى، ياكى ئەسىرلەر بىلەن ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇشنى ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ[①].

### تۆتىنچى ھۆكۈم

اللہ تائالانىڭ: ﴿تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەنىنى بېرىدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى كەرىمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشلارغا كەلگەن: بىرىنچى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «تاكى ئۇرۇش قىلغۇدەك بىرمۇ مۇشرىك قالمىغانغا قەدەر.» ئىككىنچى، مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «تاكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىن قالمىغانغا قەدەر.» ئۈچىنچى، سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: «تاكى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشكەنگە قەدەر. شۇ چاغدىلا ئۇرۇش تۈگەيدۇ.»

ئاخىرقى قاراش ئاجىزدۇر. چۈنكى ئايەتتە مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل يوق. ئۇنىڭ چۈشىدىغانلىقى ھەققىدىكى دەلىل ھەدىس شەرىفلەردىن ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ چۈشىشى بىلەن ئىنسانلار ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. يەر يۈزىدە بىرمۇ كاپىر قالمايدۇ. پاك سۈننەت بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن

---

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 - جىلد، 228 - بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 7 - جىلد، 397 - بەت.

www.munber.org

ئايەت بۇ مەنىنى يېقىندىنمۇ، يىراقتىنمۇ كۆرسەتمەيدۇ. بۇ ئايىتى كەرىم كۆرسىتىدىغان مەنە شۇكى، اللە نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى يەرگە ئۇرۇش بىلەن ئىمانىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ۋە كۇفرىنىڭ يىمىرىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. اللە تائالا سۈرە ئەنفالدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾[1].

## بەشىنچى ھۆكۈم

### ئەسىرنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇسمۇ؟

فىقھشۇناسلار ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ھەتتا ئىمام جەسساس: «بۇ ھەقتە بىرەر ئالىمنىڭ ئىختىلاپ قىلغانلىقىنى بىلمەيمىز» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئەنە شۇ ھەدىسلەردىندۇر:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شائىر ئەبۇ ئىززەنى ئۆلتۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

2 ـ ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت ۋە نەزر ئىبنى هارىس بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن.

3 ـ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە چۈشكەن، سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، بالا ـ چاقىلىرىنى ئولجا ئېلىشقا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن.

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنىڭ بىر قىسمىنى سۈلھى بىلەن، يەنە بىر قىسمىنى قورال بىلەن فەتھى قىلىدۇ ۋە ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيققە ھېچ نەرسىنى يوشۇرماسلىقنى شەرت قىلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ خىيانەت قىلغانلىقى ۋە مەلۇم نەرسىلەرنى يوشۇرغانلىقى پاش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن ھىلال ئىبنى خەتەلنى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ سەرھنى ۋە مەقىيس ئىبنى ھۇبابەنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ: «ئۇلارنى كەبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلىۋالغان ھالەتتە تاپساڭلارمۇ ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى[2].

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن يەر يۈزىدىكى بۇزغۇنچىلىقنىڭ شوم بۇيىسىنى كېسىپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنفال، 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 391 ـ بەت.

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «غازىلاردىن ھېچكىمنىڭ ئەسىرنى ئۆز ئالدىغا ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا، خەلىپە ئۇنىڭغا تەنبىھ جازاسى بېرىدۇ. لېكىن ئۇ ھېچ نەرسە تۆلىمەيدۇ. ئەگەر ئەسىرلەر ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ئىسلامغا كىرسە، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان يامانلىقى تۈگىگەن بولغاچقا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئەسلى كۇفرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن قۇل قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام قۇللۇققا زىت كېلىپ قالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلار ئەسىرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئىسلامغا كىرگەن بولسا، بۇ چاغدا ئۇلار ئازاد بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنىڭ سەۋەبى تېپىلىشتىن ئىلگىرىكى ئىسلامدۇر.»①

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپىنىڭ ئەسىرنى ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق دېگەن قاراش بار. ھەججاجدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ بىر ئەسىرنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بەرگەندە، ئابدۇللاھ ئۇنى رەت قىلىپ: اللہ تائالا بىزنى بۇ ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمەس دېگەن ۋە: ﴿سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.

بىز بۇ مەسىلىگە مۇنداق دەيمىز: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. اللہ تائالانىڭ: ئەسىرنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار يا فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، دەپ چۈشەندۈرۈشى ئۇنىڭدىن باشقا مەنىنى مەنئى قىلمايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئەسىرنى ھەججاجنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئۆلتۈرۈشنى يامان كۆرگەن بولۇشى، شۇڭا يۇقىرىدىكى سۆزى بىلەن ئۆزرە ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن.»②

## ئالتىنچى ھۆكۈم

### ئەسىردىن فىدىيە ئېلىش دۇرۇسمۇ؟

فىقھشۇناسلار ئەسىردىن فىدىيە ئېلىش مەسىلىسىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

1 ـ ھەنەفى مەزھىبى بولۇپ، ئەسىرنى پۇل ـ مال ئېلىپ قويۇپ بېرىشكە ۋە ئۇنى ئۇرۇش قىلغۇچىلارغا تەرەپكە سېتىپ بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەنە بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەمما ئەسىرلەرنى مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە ئالماشتۇرۇشقا كەلسەك، ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا دۇرۇستۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: «ئۇلارنى مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە ئالماشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ» دەيدۇ.

2 ـ ئىمام شافىئىي، مالىك ۋە ئەھمەدتىن ئىبارەت كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار ئەسىردىن فىدىيە ئېلىش دۇرۇس دەپ قارايدۇ.

① ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 40 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
② ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 229 ـ بەت.

www.munber.org

## ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر ئەسىردىن فىدىيە ئېلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ:

1 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىدتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى: ﴿ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾ دېگەن بۇ ئايىتى كەرىم الله تائالانىڭ: ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[1] دېگەن سۆزى بىلەن ۋە: ﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز، دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار﴾[2] دېگەن سۆزى بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان.

قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇ ئايەتنى سۈرە ئەنفالنىڭ: ﴿ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن)﴾[3] دېگەن ئايىتى بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان.»

بۇ ئايەتلەرنى دەلىل قىلىشنىڭ ئىسپاتى شۇكى، سۈرە تەۋبە ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان سۈرىدۇر. شۇڭا ئاياللار، كىچىك باللار ۋە جىزيە ئېلىنىدىغانلارغا ئوخشاش ھايات قالدۇرۇشقا دەلىل بار كاپىرلاردىن باشقا ھەرقانداق مۇشرىكنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋاجىپتۇر. شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، كېيىن نازىل بولغان ئايەت بۇرۇن نازىل بولغان ئايەتنى مەنسۇخ قىلىدۇ.

2 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەسىرنى ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بېرىشكىمۇ، فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش مۇشرىكلارنى مۇسۇلمانلاردىن كۈچلۈك قىلىپ قويۇشقا سەۋەب بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە قويۇپ بېرىلگەن ئەسىرلەر بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ يەنە كېلىدۇ. بىز بولساق زېمىننى كۇفرىدىن ۋە مۇشرىكلارنىڭ پەسكەشلىكلىرىدىن تازىلاشقا بۇيرۇلدۇق.»

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بەدىر ئۇرۇشى ئەسىرلىرى ھەققىدىكى ھۆكۈمنىڭمۇ بىز يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ئايەتلەر بىلەن مەنسۇخ قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ھەقتە تاپا قىلىپ الله تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)،

[1] سۈرە تەۋبە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنفال، 57 ـ ئايەت.

ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى﴾[1] دېگەن سۆزى نازىل بولدى. شۇڭا بەدىر ئەسىرلىرى ھەققىدىكى ھۆكۈمنى فىدىيە ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل قىلىشقا بولمايدۇ.

4 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن: «مۇشرىكلار تەرەپتىن مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن كىشىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىمىز» دېيىلگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ پەقەت دەۋەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئىش ئىدى. كېيىن ئۇ مەنسۇخ قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار ئارىسىدا ياشاشنى مەنئى قىلىپ: «كىمكى مۇشرىكلار ئارىسىدا ياشايدىكەن، بىزنىڭ كاپالىتىمىزدىن ئادا ـ جۇدادۇر» دېگەن.[2]

## كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار ئەسىردىن فىدىيە ئېلىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىغا بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بىز ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ اللە تائالا: ﴿ئۇلارنى چىڭ باغلاپ ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾ دېدى. بۇ ئايىتى كەرىم ئەسىردىن فىدىيە ئېلىشقا ھېچقانداق شەرت قويماستىن ئىجازەت قىلدى. شۇڭا خەلىپىنىڭ بۇ ئايىتى كەرىمگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ئەسىرنى ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بېرىش ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ۋە ياكى ئۇنى قۇل قىلىش ئىختىيارى بار.

2 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ھۆكۈمدۇر، مەنسۇخ ئەمەس. چۈنكى ھۆكۈم كەسكىن دەلىل بولغاندا ئاندىن مەنسۇخ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى ئايەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولسا، مەنسۇخ دېيىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىرلەشتۈرۈش تامامەن مۇمكىندۇر. اللە تائالانىڭ سۈرە تەۋبەدىكى: ﴿مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[3] دېگەن سۆزى بولسا، بىز ئۇچۇن مۇشرىكلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈشكە قىلىنغان بۇيرۇقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئەسىرگە چۈشسە، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن قولىمىزنى يىغىپ، اللە تائالانىڭ: ﴿ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، يا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىمىز، يا فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىمىز.

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنۇ ۋەقەلىكنى دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر ئۇرۇشى ئەسىرلىرىنى پۇل ـ مال ئېلىپ قويۇپ بەردى. ئۇلاردىن پۇل ـ مېلى بولمىغانلارنى

---

[1] سۈرە ئەنفال، 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.
[3] سۈرە تەۋبە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىدىن ئون بالىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلى ئىشى بىلەن ئىسپاتلانغان.

4 ـ ئۇلار ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. ئىمران ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ: سەقىف قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىۋالدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىۋالدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەسىرنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. ئەسىر: مەن نېمىشقا سولاپ قويۇلدۇم؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىتتىپاقداشلىرىڭنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن» دەيدۇ. ئۇ: مەن مۇسۇلمان، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن ئۇ سۆزنى ئۆزەڭگە ئىگە بولالايدىغان چاغدا ئېيتقان بولساڭ، ئەلۋەتتە تولۇق قۇتۇلغان بولاتتىڭ» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولىغا ماڭىدۇ. ئەسىر ئۇنى توۋلاپ: مەن ئاچ، ماڭا تاماق بەرگىن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ، بۇ سېنىڭ ئېھتىياجىڭ» دەيدۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سەقىف قەبىلىسى ئەسىرگە ئېلىۋالغان ئىككى مۇسۇلمانغا ئالماشتۇرىدۇ.①

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ، مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى مۇشرىك ئەسىرلەرگە ئالماشتۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»

5 ـ ئۇلار يەنە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ، ئىمران ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئىككى مۇسۇلماننى ئەسىرگە ئېلىۋالغان بىر مۇشرىكقا ئالماشتۇردى.»②

6 ـ ئۇلار يەنە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. ئىياس ئىبنى سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن يۇرۇشكە ئاتلاندۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىزگە باشلىق قىلىپ قويغان ئىدى... ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا كوچىدا ئۇچراپ قېلىپ: «ئى سەلەمە! ھېلىقى ئايالنى ماڭا بېرىۋەتكىن» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالنى ماڭا ئولجا ئېلىنغان غەنىمەت قاتارىدا بەرگەن ئىدى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇ ئايالنى ياقتۇرۇپ قالدىم، بىراق ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىدىم، دېدىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا كوچىدا يەنە ئۇچراپ قېلىپ: «ئى سەلەمە! ئاتاڭ اللە ئۈچۈن پىدا بولسۇنكى، ھېلىقى ئايالنى ماڭا بېرىۋەتكىن» دېدى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ سېنىڭ بولسۇن. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىدىم

① سايىسنىڭ «تەفسىرۇ ئاياتىل ئەھكام» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 75 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 392 ـ بەت.
② بۇ ھەدىس ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رىۋايەت قىلغان يۇقىرىدىكى ۋەقەلىكنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى مەككىگە ئەۋەتىپ مەككىدە ئەسىر چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇلدۇردى.[1]

7 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق ئەقلى دەلىل كەلتۈرىدۇ: مۇسۇلماننى قۇتقۇلدۇرۇش مۇسۇلمانغا پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كاپىرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى ناھايىتى چوڭدۇر. ئەمما كاپىر ئەسىرنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىزگە يانىدىغان زىيانغا كەلسەك، كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە ئازابلىشىدىن قۇتقۇلغان مۇسۇلماننىڭ پايدىسى ئۇنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىككى ئەسىرنى ئالماشتۇرۇشتا بىر زىياننىڭ ئورنىغا ئوخشاش بىر پايدا قولغا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا پايدا ـ زىيان تەڭلىشىدۇ. مۇسۇلماننى قۇتقۇلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئاللە تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بولسا، ئارتۇق پايدىدۇر. بۇنىڭدا كاپىردىن كېلىدىغان زىياننى بېسىپ چۈشىدىغان تەرىپى بار.

مانا بۇلار كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ، ئەسىرنى مەيلى پۇل ـ مال ئېلىپ قويۇپ بېرىش بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان ئەسىرگە ئالماشتۇرۇش بولسۇن، فىدىيەگە نىسبەتەن كەلتۈرگەن دەلىللىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

ئەمما ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئەسىرلەرنى ھېچ نەرسە ئالماي دۈشمەنلىشىۋاتقان تەرەپكە قويۇپ بېرىشكە كەلسەك، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، مالىك ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشىدا دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىمام شافىئىي دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارىغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمامە خەلقىنىڭ ئاقساقىلى سۇمامە ئىبنى ئۇسالنى ياخشىلىق قىلىپ قويىۋەتكەن. كېيىن ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە ياخشى مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدىي ھايات بولغان بولسا، ئاندىن ئۇ بۇ سېسىقلار ھەققىدە (بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىر چۈشكەن مۇشرىكلار ھەققىدە) ماڭا گەپ قىلسا، مەن ئۇلارنى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەلۋەتتە قويۇپ بەرگەن بولاتتىم.»[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئەسىرلەرنى ياخشىلىق قىلىپ ھېچ نەرسە ئالماي قويۇپ بېرىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

### كۈچلۈك قاراش

بىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ئۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك ۋە ئاقىلانە تەدبىرلىك ئىختىساس ئىگىلىرىگە قويۇپ بېرىشنى توغرا تاپتۇق. ئەگەر ئۇلار ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشنى پايدىلىق دەپ قارىسا، ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلار پۇل ـ مال ئېلىپ قويۇپ

[1] ئىمام مۇسلىم ئىياس ئىبنى سەلەمەنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 40 ـ بەت.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 41 ـ بەت.

www.munber.org

بېرىشنى ياكى مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە ئالماشتۇرۇشنى پايدىلىق دەپ قارىسا، شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇلارنى ئېلىپ قېلىشنى پايدىلىق دەپ قارىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ قول ئاستىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۈرىۋاتقان ۋەزىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك پايدا - مەنپەئەتلەرنى مۆلچەرلەپ ئىش قىلىشىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ھېكمەتلىك سىياسەت مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىسىدە تولۇق تېپىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ئەسىر ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى ئەسىر ئالغان، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغانلارنى ئۆلتۈرگەن، فىدىيە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەن، فىدىيە ئالماي قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلارنى ھېچ نەرسە ئالماي قويۇپ بەرگەن.

سۈرە ئەنفالدىكى تەنقىدىي ئايەتلەرگە كەلسەك، ئۇمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلاھىي ۋە ھېكمەتلىك كۆرسەتمىدۇر. چۈنكى بۇ ئايەتلەر بەدىر غازىتىدا نازىل بولغان. بۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئارىسىدىكى تۇنجى ئۇرۇش بولۇپ، ۋەزىيەت رەھىمدىل بولۇشتىن بەكراق قاتتىق قول بولۇشنى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى، قىرىپ تاشلاشنى ۋە قېنىنى تۆكۈشنى، نەتىجىدە مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا يەنە بىر قېتىم قەدەم بېسىش تەمەسىنى يوق قىلىشنى ۋە كۇفرىنىڭ ھەيۋىسىنى بوشۇكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەگەر مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا رەھىمدىللىقنىڭ يوقلۇقىنى بىلسە، ئۇلاردىن ئەلۋەتتە ئەيمىنىدۇ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قەدەم بېسىشتىن قورقىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا مۇۋاپىق ھالدا ئايەت نازىل بولغان نۇقتا دەل مۇشۇ ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيگەن، شانۇشەۋكىتى كۈچەيگەن ۋە دۆلەت ئۇلارنىڭ قولىدا بولغان چاغدا ئەسىرلەرنى ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ھېچ نەرسە ئالماي قويۇپ بېرىش ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. ئىسلام دۆلىتى مۇنتىزىملاشقان ۋە قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن ئەسىرنى فىدىيە ئالماي قويۇپ بېرىش بولسا، ئاجىزلىقنى ئەمەس كۈچ - قۇۋۋەتنى نامايەن قىلىدۇ، خارلىقنى ۋە بىچارىلىكنى ئەمەس غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىزھار قىلىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەردە ئاممىۋىي مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇرۇش بولسا ھىيلە ۋە تاكتىكىدىن ئىبارەتتۇر. بىچارە ۋە ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ئۈستۈنلۈكنىڭ ئىپادىسى ئەمەس.

## ئايەتلەر كۆرستىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ مۆمىن اللە يولىدا اللە نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ جۈرئەتلىك ۋە قورقماس بولۇشى لازىم.

2 ـ دۈشمەننى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈپ قىرىپ تاشلاش ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىشنى ۋە كۈچىنى ئاجىزلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3 ـ ئىسلام دىنىدىكى ئۇرۇش مۇقەددەس ئۇرۇشتۇر. ئۇ مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارنىڭ ناپاكلىقىنى يەر يۈزىدىن تازىلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

4 ـ دۈشمەنلەرنى كۆپلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قالغانلىرىنى ئەسىر ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىش ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلەرگە بولغان مېھرى ـ شەپقەتلىرىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

5 ـ ئەسىرلەرنى بەدەل ئالماي قويۇپ بېرىش ياكى ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىشتە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

6 ـ اللە يولىدا جىھاد قىلىش بۇ ئۇممەت ئىچىدە يەر يۈزىدە بىرمۇ مۇشرىك قالمىغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

7 ـ اللە تائالا مۇشرىكلارنى جازالاشقا قادىردۇر. لېكىن ئۇ مۆمىنلەرنىڭ اللە يولىدا شېھىت بولۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىنى خالايدۇ.

8 ـ دۇنيا تىرىكچىلىكى مۆمىن ۋە كاپىر ئۈچۈن بىر سىناقتۇر. اللە تائالا مۆمىنگە ساۋاب بېرىش، كاپىرنى ئازابلاش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن سىنايدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنى ئۇرۇشنىڭ يۇرتلارغا ئېغىر پالاكەت ۋە ۋەيرانچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قوغدىنىشنىڭ زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن يەنىلا ئۇرۇش قىلىشنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇرۇش مەجبۇري ھەل قىلغۇچ چارىسى بولۇپ، زومىگەرلىككە، زۇلۇمغا ۋە دۈشمەنلىككە قارشى تۇرۇش ھەمدە زېمىننى خىيانەتكار مۇشرىكلارنىڭ ناپاكلىقىدىن تازىلاش ئۈچۈن ئۇرۇشتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئىسلام دىنى جىھاد قىلىشقا دەۋەت قىلىش، ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇرۇشنى قىلمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئىشلاردىن بىرى دەپ ئەنگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ۋە رەھىمدىل بولۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنى ئازابلاشنى ياكى قىيناشنى ھارام قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قۇلاق، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالىرىنى كېسىۋېتىشنى، يارىدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى، ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلىدۇ.

www.munber.org

جىھاد قىلىش بولسا قان تۆكۈشنى، پۇل - مال تارتىۋېلىشنى ۋە يۇرتلارنى خانىۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇ يەر يۈزىدە ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىش، زالىملارنىڭ زۇلمىغا خاتىمە بېرىش، دەۋەتنى ئامانلىقتا ئېرىشتۈرۈش، مۇستەملىكە قىلغۇچىلارغا ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەقسەت قىلىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر اللہ ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللہ نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى اللہ نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللہ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اللہ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللہ يولىدا جىھاد قىلغۇچى قوشۇنلارغا ۋە ئەسكەرلەرگە قىلىدىغان تەۋسىيەلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۇلارنى اللہ قا ئىتائەت قىلىشقا، دۈشمەنلەرگىمۇ خىيانەت قىلماسلىققا ۋە ئەھدىگە خىلاپلىق قىلماسلىققا بۇيرۇيتتى.

ئىمام مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قوشۇنغا ياكى ئەترەتكە بىر ئادەمنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىسە، ئۇنىڭ ئۆزىگە اللہ قا تەقۋادارلىق قىلىشقا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلاتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بولغان مۇسۇلمانلارغا ياخشى ئىش قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «غازاتقا اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن، اللہ يولىدا ئاتلىنىڭلار، اللہ نى ئىنكار قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. غازات قىلىڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، ئەھدىگە خىلاپلىق قىلماڭلار، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قۇلاق، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالىرىنى كېسىۋالماڭلار. بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرىمۇ مۇشۇنداق قىلغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇسامە ئىبنى زەيدنى شامغا ئەۋەتكەن چاغدا ئۇنىڭغا: «خىيانەت قىلماڭلار، غەنىمەتنى تىقىۋالماڭلار، ئەھدىگە خىلاپلىق قىلماڭلار، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قۇلاق، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالىرىنى كېسىۋالماڭلار، كىچىك بالىلارنى، ياشانغانلارنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەڭلار. خورما دەرەخلىرىنى كەسمەڭلار، ئۇنىڭغا ئوت قويىۋەتمەڭلار، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كەسمەڭلار، قوي، كالا ۋە تۆگىلەرنى بوغۇزلىماڭلار، پەقەت يېيىش ئۈچۈن بوغۇزلىساڭلار بولىدۇ. ئۆزلىرىنى چېركاۋلارغا بەخشەندە قىلىۋەتكەن كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتىسىلەر. ئۇلارغا ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنى بەخشەندە قىلىۋەتكەن جايلارغا چېقىلماڭلار» دەپ تەۋسىيە قىلغان.

ئىسلام دىنى ئۇرۇشتا ئەنە شۇنداق رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا رەھىمدىللىقتا ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇرۇش قىلىشنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا مۇئەييەن بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا پەقەت جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىدىغان ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇرۇشتىن ئۆزاق تۇرغان

[1] سۈرە ھەج، 40 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادەمگە كەلسەك، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇنىڭغا چېقىلىش دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار﴾[1]، ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى اللە يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى اللە ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

ئىسلام دىنى ئاياللارنى، ياشانغانلارنى، كىچىك بالىلارنى، كېسەللەرنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ چېركاۋلىرىدا ياشايدىغان راھىبلارنى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىۋېتىشنى، يارىدارلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى، قېچىپ كەتكەنلەرنى قوغلاشنى، ئۆيلەرگە ۋە دەل ـ دەرەخلەرگە ئوت قويۇشنى ھارام قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئاجىزلارنى قوغداش، زۇلۇمغا ۋە دۈشمەنلىككە قارشى تۇرۇشتا ئىنسانپەرۋەرلىك نەزەرىيەسىگە ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە رىئايە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇرۇش ئوپېراتسىيەگە ئوخشاش بولۇپ، ئوپېراتسىيە چوقۇم ئىنسان جىسمىدىكى كېسەل جايدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

بۇ مىسلىسىز رەھىمدىللىقنى قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىم تەربىيىسىدىن كۆرۈشىمىز ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى بۇ تەلىم تەربىيە مۆمىنلەرنى ئەسىرلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، ئاندىن ئۇلارنى بەدەل ئالماي ياكى بەدەل ئېلىپ قويۇپ بېرىشكە چاقىرىدۇ. نەتىجىدە ھەقنىڭ غەلىبە قىلىشى، ناھەقنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئۇرۇشنى ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق بولغان رەۋىشتە ئاخىرلاشتۇرماقچى بولىدۇ. بۈيۈك اللە تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر﴾.

اللە قا شۈكرى، ئىسلام دىنى نېمىدېگەن رەھىمدىل ـ ھە! ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ھۆكۈملىرى نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار ـ ھە!

[1] سۈرە بەقەرە، 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە، 190 ـ ئايەت.

www.munber.org

# ئەمەلنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن تاشلاپ قويۇش

﴿ ۞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوٓاْ أَعْمَـٰلَكُمْ ﴿٣٣﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ مَاتُواْ وَهُمْ كُفَّارٌ فَلَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَهُمْ ﴿٣٤﴾ فَلَا تَهِنُواْ وَتَدْعُوٓاْ إِلَى ٱلسَّلْمِ وَأَنتُمُ ٱلْأَعْلَوْنَ وَٱللَّهُ مَعَكُمْ وَلَن يَتِرَكُمْ أَعْمَـٰلَكُمْ ﴿٣٥﴾ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! اﷲ قا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) اﷲ نىڭ يولىدىن توسقانلار، ئاندىن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنى اﷲ ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ. (كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھكە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر، اﷲ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، اﷲ ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ﴾.

ــ سۈرە مۇھەممەد 33 ـ، 34 ـ، 35 ــ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

وَلَا تُبْطِلُوٓاْ: (بىكار قىلىۋەتمەڭلار) يەنى ساۋابىنى زايە قىلىۋەتمەڭلار. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «بۇتلەن» بولۇپ، زايە قىلماق، زىيان سالماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

وَصَدُّوا: (توسقانلار) يەنى يۈز ئۆرۈگۈزگەنلەر. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «سەدد» بولۇپ، توسماق ۋە يۈز ئۆرۈمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴾[1].

فَلَا تَهِنُواْ: (بوشاپ قالماڭلار) يەنى سەل قارىماڭلار، ئاجىزلىق قىلماڭلار، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشتىن قورقۇپ قالماڭلار. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ۋەھن» بولۇپ، روھىي ۋە ئەمەلىي ئاجىزلىقنى بىلدۈرىدۇ. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار اﷲ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى﴾[2].

---

[1] سۈرە نىسا، 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران، 146 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَلَن يَتِرَكُمۡ: (ھەرگىز كېمەيتىۋەتمەيدۇ) يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، سىلەرگە ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى الوتر «ۋىتر» بولۇپ، ھەققىنى ۋە پۇل - مېلىنى كېمەيتىۋەتمەك، ئايرىۋەتمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى نامازدىگەرنى ئوقۇماي ئۆتكۈزىۋەتسە، گويا ئۇ ئائىلىسىدىن ۋە پۇل - مېلىدىن ئايرىلىپ كەتكەندەك بولىدۇ.»

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىرىنى تۇغقىنىدىن ياكى پۇل - مېلىدىن ئايرىۋېتىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز ئەسلىدە يالغۇز قويماق، دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەمەلنى زايە قىلىۋېتىش ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىش بىراۋنى يالغۇز قويۇشقا ئوخشىتىلغان. مانا بۇ سۆزنىڭ پاساھىتىنى بىلدۈرىدۇ.»[1]

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە ئىماننى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىمان بىلەن سۈپەتلەپ خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى بۇ سۈپەت ئۇلارنى الله تائالانىڭ بۇ خىتابىتىن كېيىن كېلىدىغان ئەمر پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىش بىلەن ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىشنىڭ بىردىن بىر يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش بولسا، الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مۆمىنگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن سۈننىتىگە ئەگىشىش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئاندىن الله تائالا مۆمىنلەرنى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىشتىن توسىدۇ. بەزى مۆمىنلەر دەسلەپ تائەت - ئىبادەتتىن شۇنداق كۆپ ئەمەللەرنى قىلىدۇ. لېكىن ئۇنى گۇناھ ئىشلەش، رىيا قىلىش، ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن زايە قىلىۋېتىدۇ. ئۇلۇغ الله ئۇلارنى ئەنە شۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ. شۇڭا ھەر بىر مۆمىن ئىلگىرى قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىنى قوغدىشى لازىم.

كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزى خالىغان كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن تۆۋەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا ھېچكىم: ئەگەر مۆمىن ئەمەللىرىنى گۇناھ ئىشلەش بىلەن بىكار قىلىۋەتسە، ھالاك بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىقى كېرەك. الله نىڭ پەزلى كەرەمى

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 85 - بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 - جىلد، 256 - بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رووھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 - جىلد، 80 - بەت.

www.munber.org

مەڭگۈلۈك بولۇپ، مۆمىننىڭ گۇناھىنى ئۇنىڭ ئەمەلى بىلەن مەغپىرەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆز پەزلى كەرەمى بىلەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ھالى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ھالى دۇنيادىمۇ خارلىق ۋە خورلۇق ئىچىدە بولىدۇ. ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا ھەرگىز بوشاپ قالماڭلار. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشتىن قورقماڭلار. غەلىبە كېيىن بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن سىلەرگە مەنسۇپتۇر. سىلەر كۈچسىزلىكىڭلارنى بىلدۈرۈپ ۋە ئاجىزلىقىڭلارنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇپ كاپىرلارنى سۈلھىگە چاقىرماڭلار. مۇنداق قىلىش سەلتەنەتنى پەسكەشلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكتۇر. ﴿ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر﴾، غەلىبە، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئۈستۈنلۈك ۋە سەلتەنەت سىلەرگە مەنسۇپتۇر. چۈنكى اللە ﴿سىلەر بىلەن بىرگىدۇر﴾. ئۇ سىلەرگە ياردەم ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن مەدەت بېرىدۇ. اللە ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەستىن، ئۇنىڭ ساۋابىنى سىلەرگە تولۇق بېرىدۇ.

## مۇھىم پايدىلار

1 ـ ئەبدۇ ئىبنى ھۇمەيد، مۇھەممەد ئىبنى نەسر مەرۋەزى ۋە ئىبنى ئەبۇ ھاتەم، ئەبۇ ئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ﴿اللە قا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر، (لا ئىلاھە ئىللەللاھ ـــ بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق) دېگەن سۆز بىلەن ھېچ بىر گۇناھ زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇنداقلا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن قىلىنغان ئەمەل مەنپەئەت قىلمايدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئۇلار گۇناھنىڭ ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىشىدىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىشتى.» ئەبدۇ ئىبنى ھۇمەيدنىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇلار چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىشىدىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىشتى» دېيىلگەن.

2 ـ ئىبنى نەسر مەرۋەزى، ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى مەردۇۋەيھى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ﴿اللە قا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى قوبۇل بولىدۇ، دەپ قارايتتۇق. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن بىز: بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنى بىكار قىلىۋېتىدىغان نەرسە نېمىدۇر؟ دېيىشتۇق. ئاندىن: دوزاختا مەھكۇم قىلىپ قويىدىغان چوڭ گۇناھلار ۋە يامان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن دېيىشتۇق. ئاندىن چوڭ گۇناھ قىلغان بىرەر ئادەمنى كۆرسەك، ئۇ تۈگەشتى دەيتتۇق. نەتىجىدە بۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿اللە ھەقىقەتەن اللە قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى

مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1]. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن بىز ئۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن توختىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بىز چوڭ گۇناھلاردىن بىرىنى قىلغان ئادەمنى كۆرسەك ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەيدىغان، ئۇنداق گۇناھلارنى قىلمىغان ئادەمنى كۆرسەك ئۇنىڭغا ياخشى ئاقىۋەت ئۈمىد قىلىدىغان بولدۇق.»[2]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1** ـ ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن اللہ تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ”ئىتائەت قىلىڭلار“ دېگەن پېئىل قايتا تەكرارلانغان.»[3]

**2** ـ اللہ تائالا: ﴿ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار...﴾ دېدى.

فەخرۇددىن رازى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ مۇنداق بىرقانچە مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئېھتىمالى بار:

بىرىنچى، سىلەر ئەمەل قىلىۋاتقان نەرسە ئۈستىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇڭلار، اللہ قا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سەن اللہ قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾[4].

ئىككىنچى، خۇددى ئەھلى كىتابلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقىش بىلەن ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتكەندەك، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلماسلىق بىلەن ﴿ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىنى اللہ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزۈڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾[5].

ئۈچىنچى، قىلغان ياخشى ئىشىڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە باشقىلارنى رەنجىتىش بىلەن ﴿ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) «سىلەر

---

[1] سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 85 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 80 ـ بەت.
[4] سۈرە زۇمەر، 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھۇجۇرات، 2 ـ ئايەت.

www.munber.org

ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى الله سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۆمىن) بولساڭلار» دېگىن﴾[1] دەيدۇ.»[2]

تەپسىرشۇناسلار ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدىغان نەرسە ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن:

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چوڭ گۇناھلار ۋە قەبىھ ئىشلاردۇر.»

ئەتائ مۇنداق دەيدۇ: «شەك ۋە مۇناپىقلىقتۇر.» بۇ قاراش ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «رىيا ۋە كۆز ـ كۆز قىلىشتۇر.» بۇ قاراش ئىبنى جۇرەيجدىن نەقىل قىلىنغان.

مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: «مىننەت قىلىشتۇر.»

يەخرىلىنىپ كېتىشتۇر پەخىرلىنىپ كېتىش ياخشىلىقلارنى خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

ئەمەللەردىن سەدىقە كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنى مىننەت قىلىش ۋە ئالغان كىشىنى رەنجىتىش بىلەن شۇ ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولۇپ، ھەسەننىڭ سۆزى ھەممە مەنىنى يىغىنچاقلايدۇ.»[3]

3 ـ الله تائالا: ﴿ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر﴾ دېدى.

ئايەتتىكى غالىبلىق مەرتىۋىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى سىلەر ئۇلاردىن ئىززەتلىكسىلەر. چۈنكى سىلەر مۆمىندۇرسىلەر. گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار سىلەرگە غالىپ كەلسىمۇ، پاكىت سىلەرگە مەنسۇپ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەلىبە الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ﴾[4].

﴿ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر﴾ دېگەن بۇ ئايەت، سىلەر الله نى ئۇلاردىن بەك بىلىسىلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دېمەك قارىلىدۇ. جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر الله قا ئۇلاردىن يېقىنسىلەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 17 ـ ئايەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 551 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 255 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 79 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 413 ـ بەت.
[4] سۈرە مۇنافىقۇن، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر. ئىمان مۆمىنلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

4 ـ فەخرۇددىن رازى اللہ تائالانىڭ: ﴿الله ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ۋەدىدۇر. چۈنكى الله تائالا: ﴿الله سىلەر بىلەن بىرگىدۇر﴾ دېگەن بولغاچقا غەلىبە سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار بىلەن ئەمەس، الله نىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا بىرى: مەن ئەرزىگىدەك بىرەر ئەمەل قىلالمىدىم، مەن قەدىرلىنىشكە ھەقلىق ئەمەسمەن دېيىشى مۇمكىن. الله تائالا بۇ ئۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن: «الله سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنداق تۇرسىمۇ ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. گويا غەلىبە سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار بىلەن ۋە سىلەر تەرىپىدىن بولغاندەك، سىلەر بۇنىڭغا مۇستەقىل ئېرىشكەندەك قىلىندى. شۇڭا الله سىلەرگە جاپا ـ مۇشەققەت تارتقۇچىنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ» دېگەن.[1]

5 ـ ئايىتى كەرىم مۆمىنلەرنى ئەزىز ياشاشقا ۋە قەدرىنى قىلىشقا، چاقىرىدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلەرگە قارشى قىلچە بوشاپ قالماستىن ياكى سەل قارىماستىن جىھاد قىلىشقا ۋە كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. چۈنكى مۆمىن خورلۇق ۋە خارلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشكە رازى بولمايدۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

الله تائالانىڭ: ﴿ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە.

بۇ ئايەت الله تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەپ بىرەر ئەمەلنى باشلىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنى تولۇق ئادا قىلماستىن تاشلاپ قويۇشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ھۆكۈم ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر بىرى ھەج قىلىشتىن باشقا بىرەر نەپلە ئىبادەتنى باشلىغاندىن كېيىن ئۇنى تولۇقلىماستىن تاشلىۋەتسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، بىراق ھەجنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم. ئەمما ناماز ۋە روزىغا كەلسەك، ئۇنى تولۇقلاش سۈننەتتۇر، پەرز ئەمەس.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىك مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ بىرەر نەپلە ئەمەلنى بىكار قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ گەردىنىگە ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش پەرز بولىدۇ.

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 552 ـ بەت.

www.munber.org

### بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ نەپلە ئىبادەتتۇر. نەپلە ئىبادەت قىلغۇچى ئۆزىنى ئۆزى ئىبادەتكە بۇيرۇيدۇ. ئۇنى ئىبادەتكە مەجبۇرلاش نەپلە ئىبادەتنى نەپلە بولۇش سۈپىتىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەشكە يول يوقتۇر﴾[1].

ئۇلار مەزكۇر ئايەتلەرنى دەلىل قىلغۇچىلارغا جاۋاب بېرىشتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئايەت پەرز ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايەت كىشىلەرنى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىشتىن توستى. ئەمما نەپلە ئىبادەتكە كەلسەك، ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى نەپلە ئىبادەت ئۇنى قىلغۇچىغا پەرز ئەمەس. گەرچە مەزكۇر ئايەتنىڭ لەۋزى ئاممىباب بولسىمۇ، ئاممىباب نەرسىنى خاسلاشتۇرۇش دۇرۇستۇر. ئۇنى خاسلاشتۇرۇشنىڭ دەلىلى شۇكى، نەپلە ئىبادەت ئارتۇق قىلىنغان ئىبادەتتۇر. ئارتۇق قىلىنغان ئىبادەت ئىختىيارلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.»

### ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى

اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن سۆزى نەپلە ئىبادەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئەمەلنى بىكار قىلغانلىق بولىدۇ. اللّٰه تائالا ئەمەلنى بىكار قىلىشتىن توستى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ۋە ھەفسە ئىككىمىز روزا تۇتىۋالغان ئىدۇق. بىزگە ھەدىيە تاماق كېلىپ قالدى. بىز ئۇنىڭدىن يېدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كىردى. ھەفسە مەندىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ (ئۇ ئاتىسىنىڭ قىزى ئىدى ئەلۋەتتە): ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ۋە ئائىشە ئىككىمىز نەپلە روزا تۇتقان ئىدۇق. بىزگە ھەدىيە تاماق كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز روزىمىزنى بۇزىۋەتتۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئورنىغا بىر كۈن قازاسىنى قىلىۋېلىڭلار» دېدى.[2]

ئۇلار بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ: نەپلە ئىبادەت قىلغۇچى ئۆزىنى ئۆزى ئىبادەتكە بۇيرۇيدۇ، دېگەن دەلىلىگە جاۋاب بېرىشتە مۇنداق دەيدۇ: «نەپلە ئەمەلنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۇنى ئەيىبلەشكە يول يوق. ئەمما ئۇنى باشلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى شۇ ئىبادەتكە لازىم قىلىپ، ئۇنى قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىگە لازىم قىلغان ئىشنى ئادا قىلىشى ۋە بەل باغلىغان ئىشقا ۋاپا قىلىشى پەرز بولىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى اللّٰه بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز

[1] سۈرە تەۋبە، 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام مالىك، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار﴾[1]. يەنە كېلىپ مەزكۇر ئايەتتىكى لەۋزى ئاممىباب بولۇپ، نەپلە ئىبادەتلەرنىمۇ، باشقا ئىبادەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»[2]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

اللہ تائالانىڭ: ﴿(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىكە چاقىرماڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە.

بۇ ئايەت مۇشرىكلاردىن سۈلھى تۈزەشنى تەلەپ قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما كاپىرلار كۈچلۈك ۋە سان جەھەتتە مۇسۇلمانلار تولىمۇ نىسبەتەن كۆپ بولسا، مۇسۇلمان قوماندان سۈلھى تۈزەش ۋە كېلىشىم قىلىشنى پايدىلىق دەپ قارىسا، ئۇنىڭ سۈلھى تۈزەش ھەققى بار. قۇرەيش كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇۋالغان، ئۇنى سۈلھى تۈزەشكە ۋە ئۆزئارا ئون يىل ئۇرۇش توختىتىشقا چاقىرغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلغان[3].

### مۇھىم پايدا

اللہ تائالانىڭ: ﴿(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىكە چاقىرماڭلار﴾ دېگەن سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە سۈلھ بىلەن كىرمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە قورال كۈچى بىلەن كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى اللہ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇنى كاپىرلار بىلەن سۈلھى تۈزەشتىن توسىدۇ.

---

[1] سۈرە مائىدە، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 413 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 393 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 255 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 413 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 393 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 256 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 80 ـ بەت.

www.munber.org

# كەلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈش

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن جَآءَكُمۡ فَاسِقُۢ بِنَبَإٖ فَتَبَيَّنُوٓاْ أَن تُصِيبُواْ قَوۡمَۢا بِجَهَٰلَةٖ فَتُصۡبِحُواْ
عَلَىٰ مَا فَعَلۡتُمۡ نَٰدِمِينَ ﴿٦﴾ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ فِيكُمۡ رَسُولَ ٱللَّهِۚ لَوۡ يُطِيعُكُمۡ فِي كَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِ لَعَنِتُّمۡ
وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ حَبَّبَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡإِيمَٰنَ وَزَيَّنَهُۥ فِي قُلُوبِكُمۡ وَكَرَّهَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡكُفۡرَ وَٱلۡفُسُوقَ وَٱلۡعِصۡيَانَۚ
أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلرَّٰشِدُونَ ﴿٧﴾ فَضۡلٗا مِّنَ ٱللَّهِ وَنِعۡمَةٗۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ﴿٨﴾ وَإِن طَآئِفَتَانِ مِنَ
ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱقۡتَتَلُواْ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَهُمَاۖ فَإِنۢ بَغَتۡ إِحۡدَىٰهُمَا عَلَى ٱلۡأُخۡرَىٰ فَقَٰتِلُواْ ٱلَّتِي تَبۡغِي حَتَّىٰ
تَفِيٓءَ إِلَىٰٓ أَمۡرِ ٱللَّهِۚ فَإِن فَآءَتۡ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَهُمَا بِٱلۡعَدۡلِ وَأَقۡسِطُوٓاْۖ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ
﴿٩﴾ إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ إِخۡوَةٞ فَأَصۡلِحُواْ بَيۡنَ أَخَوَيۡكُمۡۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٠﴾ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى الله نىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار. لېكىن الله سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار الله نىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، الله دىن قورقۇڭلار﴾.

ــ سۈرە ھۇجۇرات 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

فَاسِق: (پاسىق ئادەم)، بۇ سۆز شەرىئەت بەلگىلىملىرىدىن چىقىپ كەتكۈچى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «فىسق» بولۇپ، چىقىپ كەتمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ياخشى ئىشتىن چىقىپ كەتكۈچى پاسىق، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز گۇناھ قىلماق، الله تائالانىڭ ئەمرىنى تەرك ئەتمەك، ھەق يولدىن چىقىپ كەتمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مۇشۇ مەنىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى﴾[1]. بۇزۇق ئاياللارمۇ پاسىق دەپ ئاتىلىدۇ.»[2]

راغىب مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز كۇفرىدىن ئامېباب مەنىگە ئىگىدۇر. چۈنكى ئۇ ئازراق گۇناھقىمۇ، كۆپ گۇناھقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئۇ كۆپ گۇناھنى كۆرسىتىش بىلەن تونۇلغان. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ، شەرىئەتنىڭ بەزى ئەھكاملىرىغا ياكى پۈتۈن ئەھكاملىرىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەن ئادەم «پاسىق» دېيىلىدۇ.[3]

بِنَبَإٍ: (بىرەر خەۋەر)، بۇ سۆز لۇغەتتە خەۋەر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ھۆپۆپنىڭ تىلىدا مۇنداق دېگەن: ﴿ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم﴾[4].

فَتَبَيَّنُوا: (ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «تەبەييۇن» بولۇپ، ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى ۋە تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇ ئىسپاتلاشقا يېقىن مەنە بېرىدۇ. بۇ يەردە ئىنسان قىلىۋاتقان ئىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاش، ئىسپاتلاش، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئايەتتە، ئەگەر پاسىق ئادەم ئاقىۋەتى ناھايىتى خەتەرلىك بولغان بىرەر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلسە، يامان ئاقىۋەتتىن ئەمىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى ئېنىقلاپ ۋە ئىسپاتلاپ چىقمىغىچە ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلماڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بِجَهَالَةٍ: (بىلمەستىن) يەنى ئۇلارنىڭ ھالىنى ئۇقماستىن ياكى ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىلمىگەنلىكىڭلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن.

---

[1] سۈرە كەھف، 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، ĘÊʐ بۆلۈمى.
[3] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 145 ـ بەت.
[4] سۈرە نەمل، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

نَدِمِين: (پۇشايمان قىلىپ)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «نەدەم» بولۇپ، يۈز بەرگەن بىر ئىشقا يۈز بەرمىسە بوپتىكەن دەپ ئارزۇ قىلىش بىلەن قايغۇرماق، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

لَعَنِتُّمْ: (چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار) يەنى چوقۇم جاپا ـ مۇشەققەتكە قالاتتىڭلار.

ئىبنى ئەسىر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئەنەت» بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەت، يامان ئەھۋال ۋە ھالاكەت، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.»

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ھالاكەت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار﴾ دېگەن سۆزى سىلەر چوقۇم يامان ئاقىۋەتكە ۋە ھالاكەتكە چۈشۈپ قالاتتىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

اَلرَّاشِدُونَ: (توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر)، ئۇ سۆز «راشىد» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. دەسلەپكى تۆت خەلىپىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن «توغرا يولدا بولغۇچى خەلىپىلەر» دەپ ئاتالغان.

ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «رەشەد» بولۇپ، ھەق يولدا چىڭ تۇرۇپ ماڭماق، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ[2].

بَغَتْ: (تاجاۋۇز قىلسا)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «بەغيى» بولۇپ، يوغانلىق قىلماق ۋە بۇزۇقچىلىق قىلماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى﴾[3]. بۇ سۆز ئەسلىدە زۇلۇم قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىشتا چەك ـ چېگرىدىن ھالقىپ كەتمەك، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تاجاۋۇزچى گۇرۇھ بولسا ئادىل خەلىپىگە ئىتائەت قىلىشتىن چىققان زالىم گۇرۇھتۇر. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەممارغا ۋاي! ئۇنى تاجاۋۇزچى گۇرۇھ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.»

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، ھالقىپ كەتكەن ھەرقانداق ئىشنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ﴿بىر بىرىمىز ـ بىرىمىزگە چېقىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز﴾[4] دېيىلىدۇ.»

تَفِيءَ: (قايتقان) يەنى ئىتائەت قىلىشقا قايتقان. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى) اللّٰه ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. اللّٰه

[1] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، Ǩ/ʒ بۆلۈمى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 314 ـ بەت.
[3] سۈرە قەسەس، 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ساد، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «فەيئى» بولۇپ، ئىسىم بولۇپ كەلگەندە كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۇرۇشسىز كەلگەن غەنىمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

اَلْمُقْسِطِينَ: (ئادىللىق بىلەن)، بۇ سۆز ھەق مەيداندا تۇرۇپ ئادىللىق قىلغان ھالدا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى﴾ ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن، اللە نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى تەستىقلىغان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنى اللە نىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ھەقتۇر، دەپ چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن بىلگەن مۆمىنلەر! سىلەرگە يېتىپ كەلگەن خەۋەرنىڭ ھەممىسىگە قۇلاق سالماڭلار، ھەممە ئادەمگە ئىشىنىپ كەتمەڭلار، بەلكى توغرىلىقى ئېنىق بولمىغان، راستلىقى تەكشۈرۈلمىگەن خەۋەرنىڭ كاساپىتىدىن مۆمىن قېرىنداشلىرىڭلارنى ﴿رەنجىتىپ قويۇپ﴾، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار ۋە ئېسىپاتلاپ چىقىڭلار. چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلىش سىلەرگە ئەسقاتمايدۇ.

ئى مۆمىنلەر! ﴿بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا﴾ كاتتا خوجايىن، بۈيۈك پەيغەمبەر بولغان ﴿رەسۇلۇللاھ (يەنى اللە نىڭ پەيغەمبىرى) بار﴾. ئۇ خاتالىقلاردىن ساقلانغۇچى، ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغان كىشى بولۇپ، اللە ئۇنىڭغا نۇرغۇن يوشۇرۇن ئىشلارنى بىلدۈرگەن. شۇڭا سىلەر ئۇنى ئۆز پىكرىڭلارغا كەلتۈرۈشكە تىرىشماڭلار. ﴿ئەگەر﴾ ئۇ سىلەر تەۋسىيە قىلغان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە سىلەرگە قوشۇلىدىغان ۋە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، ھالاك بولۇپ كېتەتتىڭلار. ﴿لېكىن اللە﴾ ئۆز پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن ئۇنى ۋە سىلەرنى قوغدىدى، ئۇنىڭ مۆمىن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىللىرىنى يورۇتتى، ئۇلارغا ﴿ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى﴾، ئۇلارغا ﴿پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى﴾ يامان كۆرسەتتى، ئۇلارنى ياخشىلىق ۋە بەخت ـ سائادەت يولىغا يېتەكلىدى.

كېيىنكى ئايەتتە اللە تائالا مۇنداق يالغان خەۋەرلەرنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزگىرىشى ئارا جېدەل چىقىرىشقا، دۈشمەنلىشىشكە ۋە ئۇرۇشۇپ قېلىشقا ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! قېرىنداشلىرىڭلاردىن ئۇرۇش قىلىشقا ۋە دۈشمەنلىشىشكە تەييارلىنىۋاتقان ئىككى گۇرۇھنى كۆرسەڭلار ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىڭلارنى سەرپ قىلىڭلار، ئۇلارنى اللە نىڭ ھۆكمىگە كېلىشكە چاقىرىڭلار. ﴿ئەگەر﴾ ئۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرى ﴿ئىككىنچىسىگە﴾ تاجاۋۇز قىلسا، زۇلۇم قىلىپ ۋە ھەددىدىن ئېشىپ بەلگىلەنگەن

[1] سۈرە بەقەرە، 226 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

چەك ـ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتسە، يەر يۈزىدە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى باشلىماقچى بولسا، ئەنە شۇ تاجاۋۇز قىلغۇچى گۇرۇھ ئۆزىنىڭ ئەقلى ـ ھوشىنى تېپىپ، ﴿تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە رازى بولغانغا، تاجاۋۇزچىلىق ۋە دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى قەتئىي توختاتقانغا قەدەر ﴿ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾. ئەگەر ئۇلار دۈشمەنلىكنى توختاتسا، ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار﴾. چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. ئۇلارنى دۈشمەنلىشىپ يۈرۈشكە، پارچىلىنىپ ھەر تەرەپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىشقا تاشلاپ قويۇش مۇسۇلمانلارغا ياراشمايدۇ. چۈنكى پۈتۈن مۆمىنلەر ﴿قېرىنداش﴾ بولۇپ، ئۇلارنى مۇستەھكەم ئىمان بىرلەشتۈرىدۇ. جېدەل چىقارغان ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ قويماي تۇرۇپ ساپلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق يولى يوق. تۈزەش بەختكە ئېرىشىشنىڭ، ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىن بىر يولىدۇر. الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ۋە ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن خۇشاللىنىشىڭلار ئۈچۈن ﴿الله دىن قورقۇڭلار﴾.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىمام ئەھمەد، ھارىس ئىبنى زىرار خۇزائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ مېنى ئىسلامغا چاقىردى. مەن ئىسلامغا كىردىم ۋە ئىسلامغا كىرگەنلىكىمنى جاكارلىدىم. ئۇ مېنى زاكات بېرىشكە چاقىردى. مەن زاكات بېرىشنى قوبۇل قىلدىم. ئاندىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەمدى مەن قەۋمىمگە قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە ۋە زاكاتنى ئادا قىلىشقا چاقىراي. سۆزۈمنى قوبۇل قىلىپ ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ زاكىتىنى يىغىپ قوياي. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! پالانى ۋاقىتتا كەلگەندە سەن ماڭا ئادەم ئەۋەتكىن. ئۇ مەن يىغقان زاكاتنى ساڭا ئېلىپ كەتسۇن، دېدىم.

شۇنداق قىلىپ ھارىس ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلاردىن زاكات يىغدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلغان ۋاقىتمۇ يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتمەكچى بولغان ئادەم كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھارىس: چوقۇم الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى غەزەپلىنىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەردى دەپ ئويلاپ، قەۋمىنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا: بىز يىغىپ قويغان زاكاتنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئادەم ئەۋەتمەكچى بولۇپ ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇ ماڭا ئەۋەتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ كەلمەسلىكى ئۇنىڭ ماڭا ئاچچىقلىنىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، دەپ

قارايمەن. سىلەر بىز بىلەن مېڭىڭلار، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارايلى، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە ھارىسنىڭ قېشىغا ئۇ يىغىپ قويغان زاكاتنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى ئەۋەتكەن ئىدى. ۋەلىد يولغا چىقىپ مەلۇم جايغا كەلگەندە ئۈزۈچە قورقۇپ قالدۇ ۋە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ھارىس ماڭا زاكاتنى بەرمىدى ۋە مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىسقا قارشى بىر قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ھارىس ئادەملىرى بىلەن يولدا كېلىۋاتقاندا قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. قوشۇن مەدىنىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان ئىدى. قوشۇندىكىلەر: ھارىس دېگەن مۇشۇ دەيدۇ. ھارىس ئۇلارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن: قەيەرگە ماڭدىڭلار؟ دەيدۇ. ئۇلار: سېنىڭ قېشىڭغا دەيدۇ. ئۇ: نېمىشقا؟ دەيدۇ. ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە سەن ئۇنىڭغا زاكاتنى بەرمەپسەن ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپسەن، دەيدۇ. ئۇ: ئۇنداق ئەمەس، مۇھەممەدنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى كۆرمىدىم، ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدى، دەيدۇ.

ھارىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئۇ: «زاكاتنى بەرمەپسەن ۋە ئەلچىمنى ئۆلتۈرمەكچى بوپسەنغۇ؟» دەيدۇ. ھارىس: ئۇنداق ئەمەس، سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى كۆرمىدىم، ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى قېشىمغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەن الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ماڭا ئاچچىقى كېلىپ قالغان بولۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزەم يېتىپ كەلدىم، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ.»[1]

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «تەپسىرشۇناسلارنىڭ: بۇ ئايەت ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ سەۋەبى بىلەن نازىل بولغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەنى مۇستەلىق قەبىلىسىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى... دېگەن باياناتلىرىغا كەلسەك، ئەگەر ئۇلار: گەرچە بۇ ئايەت ئەينى زاماندا ۋەلىدنىڭ ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا نازىل بولغان بولسىمۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا پاسىق ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن نازىل بولغان دەپ قارىسا، بۇ ناھايىتى ياخشى قاراش بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار: بۇ ئايەت پەقەت مۇشۇ ۋەقەلىك ئۈچۈن نازىل بولغان دەپ قارىسا، بۇ قاراش ئاجىزدۇر. چۈنكى ۋەلىد ئۇلارغا يامانلىق قىلىشنى كۆزلىمىگەن. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتى بولسا، ۋەلىد ھارىسنىڭ جامائىتىنى كۆرگەن چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھارىسىنىڭ ئادەملىرى ۋەلىدنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش قىلغىلى چىقىپتۇ دەپ ئويلاپ، دەرھال قايتىپ كەلگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئۇلارنى ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش قىلغىلى چىقتى دەپ، خەۋەر قىلغان.»

ئىمام فەخرۇددىن رازى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت پالانى ئىشنىڭ سەۋەبىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرنىڭ قارىشى ئاجىزدۇر. چۈنكى الله تائالا: مەن ئۇ ئايەتنى پالانى ئىشنىڭ سەۋەبىدىن نازىل قىلدىم، دېمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ بۇ ئايەتنىڭ پەقەت شۇ ۋەقەلىكنىلا بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ھەدىس رىۋايەت قىلىنمىغان. بۇ ئايەت شۇ ۋاقىتتا شۇ ۋەقەلىككە مۇناسىۋەتلىك نازىل بولغان بولۇپ، ئايەتنىڭ نازىل بولۇش تارىخىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىزنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنى تەكىتلەيدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، پاسىق دېگەن سۆزنى ۋەلىدكە ئىشلىتىش ناھايىتى يىراقتۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزىچە خۇدىكسىراپ ۋە گۇمان قىلىپ خاتالاشقان. خاتالاشقۇچى پاسىق دەپ ئاتالمايدۇ. پاسىق دېگەن سۆز كۆپىنچە ئورۇنلاردا الله تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى پاسىق قەۋمنى الله ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1]، ﴿شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى﴾[2]، ﴿الله نىڭ ئىتائەتىدىن چىققانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[3]... دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشاش ئىمان دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشنى كۆرسىتىدىغان تۇرسا، ۋەلىدنى قانداقمۇ پاسىق ئادەم دېگىلى بولسۇن؟»[4]

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا﴾ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئىبنى جەرىر ۋە باشقىلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ قېشىغا كەلگەن بولساڭ؟ دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشىكىگە مىنىپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى. مۇسۇلمانلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇ: مەندىن يىراق تۇرغىن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئېشىكىڭنىڭ سېسىق پۇرىقى ماڭا ئەزىيەت بەردى، دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكىنىڭ پۇرىقى ئەلۋەتتە سېنىڭ پۇرىقىڭدىن خۇشپۇراقتۇر، دېدى. ئابدۇللاھنىڭ قەۋمىدىن بىر ئادەم ئابدۇللاھقا يان بېسىپ ئاچچىقلاندى. ئەنسارىنىڭ قەۋمى تەرەپتىكىلەرمۇ ئەنسارىغا يان بېسىپ ئاچچىقلاندى. نەتىجىدە ئۇلار ئىككى تەرەپ بولۇپ

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە كەھف، 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە سەجدە، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 589 ـ بەت.

خورما دەرەخلىرىنىڭ قوۋۇرزاقلىرى، قول ۋە ئاياقلار بىلەن بىر - بىرىنى ئۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەققىدە: ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.»[1]

ئىككىنچى، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى ئۇبادەنى يوقلىغىلى چىققان ئىدى. ئۇ ئولتۇرۇشقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي تونىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ: بىزگە توپا تۇزۇتماڭلار، دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكىنىڭ پۇرىقى ئەلۋەتتە سېنىڭ پۇرىقىڭدىن خۇشپۇراقتۇر، دېدى. نەتىجىدە ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئادىمى تەرەپكە يان بېسىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. ھەتتا ئۇلار قول، ئاياق ۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى بىلەن بىر - بىرىنى ئۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.»

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

**1** - سۈرە ھۇجۇرات «گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەدەپ سۈرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ سۈرە مۆمىنلەرنى گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ سۈرىدە اللە تائالانىڭ ئىمان بىلەن سۈپەتلەش نىداسى بولغان: ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ دېگەن سۆزى بەش قېتىم تەكرار تىلغا ئېلىنغان. ھەر قېتىمدا بىر گۈزەل ئەخلاقا ۋە بىر ئېسىل پەزىلەتكە تەۋسىيە قىلىدۇ. بىز بۇ گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقلارنى تۆۋەندىكى ئابزاسلاردا بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىشنىڭ، پىكىر ياكى سۆز بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتمەسلىك كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر اللە نىڭ ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار...﴾[2] يەنى اللە نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر سۆزنى ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن سىلەر ئۇ سۆزنى ياكى ئۇ ئىشنى قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭلار.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەشنى، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كاتتا بىلىشنى، ئۇ بار يەردە يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر!

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 6 - جىلد، 90 - بەت.
[2] سۈرە ھۇجۇرات، 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

(رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار...﴾[1].

ئۈچىنچى، كەلگەن خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنىڭ ۋە بۇزغۇنچى پاسىقلارنىڭ سۆزلىرىگە تايانماسلىقنىڭ كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾.

تۆتىنچى، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن ۋە يامان لەقەملەر بىلەن ئاتاشتىن مەنئى قىلىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللہ نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (اللہ نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار...﴾[2].

بەشىنچى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشتىن، غەيۋەت قىلىشتىن، گۇمان قىلىشتىن ۋە باشقا ناچار ئەخلاقلاردىن مەنئى قىلىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار...﴾[3].

**18** ئايەتتىن ئاشمايدىغان بۇ سۈرە ئىنسانىيەت ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتلەرنى ۋە گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاقلارنى ئۆزىگە جەم قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «گۈزەل ئەدەپ ئەخلاق سۈرىسى» دەپ ئاتىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇ سۈرە اللہ بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئىنسان ئۆزى بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، مۆمىنلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ۋە پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئەدەپ ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تەرتىپلىك شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**2** - ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ دېگەن نىدا بىلەن خىتاب قىلىش قىلىنغۇچىلارغا بۇ خىتابتىن كېيىنكى ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇلارنى بۇ خىتابقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرىدۇ. ئۇلارنى ئىمان بىلەن سۈپەتلەش ئۇلارنىڭ ئىمانغا بولغان قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، ئىماننى قوغداشنىڭ لازىملىقىنى، ئۇنىڭغا

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھۇجۇرات، 11 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھۇجۇرات، 12 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەخلى ـ تەرۈز يەتكۈزۈشنى مەنئى قىلىشنى جاكارلايدۇ[①]. بۇ پىكىرلەرنى ئەللامە ئەبۇ سەئۇد ئوتتۇرىغا قويغان.

3 ـ اﷲ تائالا: ﴿ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە﴾ دېدى. بۇ ئايەت ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر نۇقتىغا ئىشارەت قىلغان بولۇپ، مۆمىن ھەمىشە ھوشيار ۋە سەگەك بولۇشى، ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىنى، كېلىش مەنبەسىنى بىلمەي تۇرۇپ قوبۇل قىلماسلىقى لازىم. «پاسىق» دېگەن سۆز ئامىباب مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئېنىقسىز كەلتۈرگەن. شۇنداق بولغاندا ئايەت: ئەگەر سىلەرگە قايسى بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[②].

4 ـ فەخرۇددىن رازى (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: اﷲ تائالا: ﴿ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾ يەنى ئۇنى ئىسپاتلاپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېچىپ تاشلاڭلار، دېگەندىن كېيىن: ﴿بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (يەنى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى) بار﴾ دېدى. بۇ ئايەت شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئۇ خەۋەرنى پاش قىلىش سىلەرگە ناھايىتى ئاسان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا مۇراجىئەت قىلساڭلار ئىش ھەل بولىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئوچۇقلاشمىغان ئىشلارنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، توغرا يول كۆرسىتىدۇ. گويا اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىشىنى تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەر بىلمىگەننى بىلىدۇ، ھېچكىمگە ئىتائەت قىلمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم چىقارمايدۇ، يالغان سۆزلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئاقمايدۇ. چۈنكى ئۇ سىلەر ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن پىكىرلەرگە تايانمايدۇ. ئۇ پەقەت اﷲ نىڭ دەرگاھىدىن كەلگەن ۋەھيىگە تايىنىدۇ» دېمەكچى بولغان.[③]

5 ـ اﷲ تائالا: ﴿ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار﴾ دېدى. گويا اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دېمەكچى بولغان: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بىرەر خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ راستلىقىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئالدىراپ تېنەپ ئىش كۆرىدىغان، ئاندىن بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى قىيىن ئەھۋالغا، ھالاكەتكە تاشلايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش بولماڭلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدرىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلىڭلار. بۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار.»

---

① ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 581 ـ بەت.
② ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 145 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
③ ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 592 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.munber.org

6 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئەنە شۇلار اللە نىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر﴾ دېگەن سۆزىدە ئىككىنچى شەخستىن ئۈچىنچى شەخسكە يۆتكىلىش ئۇسلۇبى بار. بۇ يۆتكىلىش بالاغەت ئۇسلۇبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىشنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى اللە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزگەن ۋە ئۇنى دىللىرىدا كۆركەم قىلغان، پاسىقلىقنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكەن ئەنە شۇ كىشىلەر ئالىي دەرىجىلەرگە ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلار اللە نىڭ پەزلى ـ كەرەمى بىلەن توغرا يولدا بولۇش مەرتىۋىسىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بولغۇچىلاردۇر.

7 ـ فەخرۇددىن رازى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا ئايەتنىڭ بېشىدا: ﴿ئى مۆمىنلەر!﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن ئايەتتىكى خىتاب مۆمىنلەرگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا اللە تائالا كېيىنكى ئايەتتە «سىلەردىن» دېسىمۇ بولىدىغان يەردە ئۇنداق دېمەستىن: ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا﴾ دېدى. بۇ جۈملىنى مۇشۇنداق كەلتۈرۈش مۆمىنلەرنىڭ ئىككى تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشۇپ قېلىشىنىڭ ناھايىتى يامان ئىش ئىكەنلىكىنى، مۇنداق ئىشنىڭ ئۇلاردىن سادىر بولۇشىنىڭ ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.»[1]

8 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾ دېگەن سۆزىدە ئوخشىتىش بولۇپ، مۆمىنلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەملىشىشنىڭ لازىملىقىدا قېرىنداشلارغا ئوخشىتىلغان. اللە تائالا مۆمىنلەر ئارىسىدىكى بۇ قېرىنداشلىقنى تەكىتلەش ۋە ئۇلار ئارىسىدا خۇددى نەسەبتىن بولغان قېرىنداشلىققا ئوخشاش قېرىنداشلىقنىڭ بولۇشىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾ دېگەن. ئىسلام دىنى ئۇلار ئۈچۈن ئاتىغا ئوخشايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان قېرىنداشلىق تۇغقاندارچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان قېرىنداشلىقنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىمان ئالاقىسى نەسەب ئالاقىسىدىن كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدۇ.

9 ـ ئۆلىمالارنىڭ بىرى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇ تۆكۈلگەن قانلار بولۇپ، اللە تائالا قوللىرىمىزنى ئۇنىڭدىن پاك قىلدى. شۇڭا تىللىرىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن مەينەت قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگە ئىشقا ئوخشاپ قالىدۇ.»

ھەسەن بەسرى ئۇلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قاتناشقان، بىز قاتناشمىغان بىر ئۇرۇشتۇر. ئۇلار ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدۇ، بىز بىلمەيمىز. ئۇلار بىرلىككە كەلگەن ئىشلارغا بىز ئەگىشىمىز. ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلاردا بىز توختاپ قالىمىز.»

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 7 ـ جىلد، 592 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مۇھاسىبى مۇنداق دەيدۇ: «بىز بۇ مەسىلىدە ھەسەنگە ئوخشاش سۆزنى قىلىشىمىز، ئۆزىمىز پىكىر پەيدا قىلماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئىجتىھاد قىلغانلىقىنى ۋە ﷲ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك.»①

## شەرئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

بىر ئادىل ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىس قوبۇل قىلىنامدۇ؟

ئۆلىمالار ﴿ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە﴾ دېگەن بۇ ئايىتى كەرىمنى بىر ئادىل ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى قوبۇل قىلىشقا دەلىل قىلغان. بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىش مۇنداق ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ:

1 ـ ﷲ تائالا بىر پاسىق ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇدى. ئەگەر بىر ئادىل ئادەمنىڭ خەۋىرى قوبۇل قىلىنمايدىغان بولسا ئىدى، بۇ يەردە خەۋەرنى ئېنىقلاشنى تىلغا ئېلىشنىڭ پايدىسى بولمىغان بولاتتى. چۈنكى بىر ئادىل ئادەمنىڭ خەۋىرىمۇ، بىر پاسىق ئادەمنىڭ خەۋىرىمۇ رەت قىلىنىدۇ. بىر پاسىق ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇش بولسا، بىر ئادىل ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق دەلىل كەلتۈرۈش بولسا، فىقھى قائىدىلىرىنى قويغۇچى ئۆلىمالار ئېيتقاندەك، «قارشى چۈشەنچە ئېلىش» قائىدىسىگە چۈشىدۇ.

2 ـ خەۋەرنى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبى پاسىقلىقتۇر. چۈنكى خەۋەر بىر ئامانەت بولۇپ، پاسىقلىق ئۇنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئەگەر خەۋەرنى رەت قىلىشنىڭ سەۋەبى تېپىلمىسا، ئۇنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا بىر ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى رەت قىلىشنىڭ بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئىسپاتلانسا، بىر ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك بولىدۇ.

نامەلۇم ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە كەلسەك، ئۇنىڭ ئادىل ياكى پاسىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ فىقھشۇناسلىرى مۇنداق ئادەمنىڭ ھەدىسىنىمۇ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى دەلىلى شۇكى، مەزكۇر ئايەت پاسىقنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشنىڭ لازىملىقىنى شەرت قىلىپ قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر پاسىقلىق تېپىلمىسا، ئۇنى ئېنىقلاپ كۆرۈش لازىم بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ خەۋىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلى ھالەت ساقلاپ قېلىنىدۇ. چۈنكى مۆمىننىڭ ئەسلى ھالىتى ئادىل بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 322 ـ بەت.

www.munber.org

سەن كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، مۇنداق دەلىل كەلتۈرۈش ئەسلى ھالەتنىڭ ئادىل بولۇش ئاساسىغا قورۇلغان. لېكىن بەزى فىقھشۇناسلار بۇنىڭغا قارشى چىقىپ: «ئەسلى ھالەت پاسىقلىقتۇر، چۈنكى ئۇ كۆپ يۈز بېرىدۇ، ئادىللىق بەزىدە يۈز بېرىدۇ. شۇڭا نامەلۇم ئادەمنىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئادىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغىچە قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەيدۇ.

### كۈچلۈك قاراش

زاھىرى مەندىن ئالغاندا، نامەلۇم ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى مۇشۇ قائىدە ئاساسىدا بولىدۇ. ئەگەر ئەسلى ھالەتنىڭ ئادىل بولۇشى توغرا بولسا، ئۇنىڭ پاسىقلىقى ئىسپاتلانغانغا قەدەر ئۇ ئادىل پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئەگەر ئەسلى ھالەتنىڭ ئادىل بولۇشى توغرا بولمىسا، ئۇنىڭ ئادىللىقى ئىسپاتلانغانغا قەدەر ئۇ پاسىقلىق ھۆكمىدە قېلىۋېرىدۇ. بۇ مەسىلىنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن فىقھى قائىدىلىرى ھەققىدىكى كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم[①].

### ئىككىنچى ھۆكۈم

ساھابىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇشىنى تەكشۈرۈش كېرەكمۇ؟

بەزى ئۆلىمالار: بۇ ئايەتنى كەرىمنى دەلىل قىلىپ، ساھابىلارنىڭ ئىچىدە ئادىل ئەمەسلىرى بار، چۈنكى اللّٰه تائالا ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەگە پاسىقلىق لەقىمىنى ئىشلەتتى. چۈنكى ئۇ ئايەت ئۇنىڭ ھەققىدە نازىل بولغان. ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى لەۋزىنىڭ ئاممىبابلىقىدىن چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ئۇ كىشى ساھابىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ، اللّٰه مۇمىنلەرنى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە بۇيرۇدى. شۇڭا ساھابىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلىشى ئۈچۈن چوقۇم ئادىل بولۇشىنى تەكشۈرۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىختىلاپ بار. ئۇنىڭدا كۆپلىگەن قاراش بولۇپ، تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ ساھابىلارنىڭ ھەممىسى ئادىلدۇر. ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇشى تەكشۈرۈلمەيدۇ. بۇ كۆپچىلىك سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ ساھابىلار باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش بولۇپ، ھەدىس رىۋايەت قىلىش ۋە گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ ئادىل بولۇشى تەكشۈرۈلىدۇ. پەقەت ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئادىللىقى ئوچۇق ئاشكارا بولغان ياكى ئادىللىقىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدىغان ساھابىلارنىڭ ئادىللىقى تەكشۈرۈلمىسىمۇ بولىدۇ.

---

[①] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 146 ـ بەت.

3 ـ ئۇلار ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىغىچە ئادىلدۇر. ئۇنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئادىللىقى تەكشۈرۈلىدۇ. بۇ بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

4 ـ ئۇلار ئادىلدۇر. پەقەت ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى چىققانلار ھەق خەلىپىگە قارشى چىقىش بىلەن پاسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئادىل ئەمەس. بۇ مۆئتەزىلە مەزھىبىنىڭ قارىشىدۇر[1].

## كۆپچىلىك قاراش

ھەقىقەت كۆپچىلىك سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، ساھابىلارنىڭ ھەممىسى ئادىلدۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغانلىقىنىڭ بەرىكىتىگە ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارنى قۇرئان كەرىمدە كۆپ ماختىغانلىقىنىڭ بەرىكىتىگە ئېرىشكەن. الله تائالا ئۇلارنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر﴾[3]، ﴿مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾[4]، ﴿ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر﴾[5]، ﴿الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار الله دىن مەمنۇن بولىدۇ﴾[6]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلارنى ماختايدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

پاك سۈننەتتىمۇ ئۇلارنى ماختىغان، مەدھىيىلىگەن، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئىنسانلارغا بولغان ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىس شېرىفلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى كىشىلەر مېنىڭ زامانىمدىكى كىشىلەردۇر، ئاندىن قالسا ئۇلاردىن كېيىنكىلەردۇر، ئاندىن قالسا ئۇلاردىن كېيىنكىلەردۇر...»[7]

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 146 ـ بەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە فەتھى، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھەشر، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە مائىدە، 119 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار (الله يولىدا) ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ بىر مۇد سەدىقىسىگە، بەلكى ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ.»[1]

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ نامى بىلەن، الله نىڭ نامى بىلەن ساھابىلىرىمغا ھۆرمەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن. مەندىن كېيىن ئۇلاردىن غەرەزلىك پايدىلانماڭلار. ساھابىرىلىمنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. ساھابىلىرىمنى يامان كۆرگۈچىلەرنى مەنمۇ يامان كۆرىمەن. كىمكى ئۇلارنى رەنجىتسە، مېنى رەنجىتكەن بولىدۇ. كىمكى مېنى رەنجىتسە، الله نى رەنجىتكەن بولىدۇ. كىمكى الله نى رەنجىتسە، ئۇزاققا قالماي الله ئۇنى جازالايدۇ.»[2]

قۇرئان كەرىمدە ۋە سۈننەتتە كەلگەن بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ساھابىلارنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن بىزنىڭ ئۇلارغا مەڭگۈلۈك پاسىقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشىمىز دۇرۇس ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنا جىنايىتىنى ئىشلەپ سالغان ئەنە شۇ مائىز ئەسلەمىنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇ تەۋبە ئۈممەت ئارىسىدا تەقسىم قىلىنغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كەڭرى يەتكەن بولاتتى.»[3]

ساھابىلار مەسۇم ئەمەس، دېگەن ئېتىقادقا ئاساسەن، بىر قىسىم ساھابىلار گۇناھ ئىشلىگەن ۋە بىر ـ بىرىگە قارشى ھەرىكەتتە بولغان، دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ، ئۇلار ئادىل ئەمەس دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى گۇۋاھلىقى ۋە رىۋايەت قىلغان ھەدىسى رەت قىلىنىدىغان پاسىق ئادەم گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشتا چىڭ تۇرغان ئادەمدۇر. ساھابىلارنىڭ ئىچىدە گۇناھ ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان ئادەم يوق. سەن ئىمام فەخرۇددىن رازى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشنى بىلدىڭ. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ۋەلىد ئىبنى ئوقبەنىڭ سەۋەبى بىلەنلا نازىل بولغان بولماستىن، ھەر بىر پاسىق ئادەمنىڭ ھۆكمىنى ئومۇمەن بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن نازىل بولغان. بۇ ئايەت شۇ ۋاقىتتا شۇ ۋەقەلىككە مۇناسىۋەتلىك نازىل بولغان بولۇپ، ئايەتنىڭ نازىل بولۇش تارىخىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.» ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ بۇ سۆزى ئىنتايىن نەپىستۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغىن[4].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

---

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇ، ئىمام مۇسلىم مائىز ئىبنى مالىك ئەسلەمىنىڭ ۋەقەلىكىدە رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدۇر.
[4] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىگە قاراڭ.

پاسىق ئادەمنىڭ ياكى بىدئەتخورنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنامدۇ؟

ئۆلىمالار: ﴿ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾ دېگەن ئايىتى كەرىمگە ئەمەل قىلغان ئاساستا پاسىق ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئامانەت ۋە قەرزدۇر. پاسىقلىق ئۇ ئامانەتنى بۇزىۋېتىدۇ. چۈنكى پاسىقنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا يالغان سۆزلەش ئېھتىمالى بار.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «پاسىقلىقى ئىسپاتلانغان ئادەمنىڭ يەتكۈزگەن ھەدىسلىرى ئۆلىمالارنىڭ بىرلىك قارىشى بىلەن باتىل بولىدۇ. چۈنكى ھەدىس ئامانەتتۇر. پاسىقلىق ئۇ ئامانەتنى بۇزۇپ قويىدىغان ئالامەتتۇر.»[1]

ئىمام جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالانىڭ: ﴿ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾ دېگەن سۆزى پاسىق ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى شەرتسىز قوبۇل قىلماسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق گۇۋاھلىق خەۋەردۇر. شۇنىڭدەكلا ئۇنىڭ باشقا خەۋەرلىرىمۇ شەرتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەپ جاكارلايمىز: پاسىق ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ھېچ بىرىدە قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا يەتكۈزگەن ھەدىس ۋە خەۋەرلىرىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. دىن ئىشلىرىدىن بىرەر بەلگىلىمىنى ياكى بىرەر ھۆكۈمنى ئىسپاتلاشقا ۋە ياكى بىرەر ئىنسانغا قارشى ھەق ئىسپاتلاشقا ئالاقىدار بولغان ھەرقانداق خەۋەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.»[2]

ئۆلىمالار پاسىق ئادەمنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان، باشقا بىرىگە گۇۋاھلىق بولمايدىغان ئىشلار ھەققىدىكى خەۋىرىنى قوبۇل قىلىشنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا دەپ قارىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى قىلغان ئىقرارىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن ئۇ: پالانىنىڭ مەندە يۈز تەڭگىسى بار دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى خۇددى كاپىرنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى قوبۇل قىلىنغىنىغا ئوخشاش قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بارلىقىنى ئىقرار قىلىشىدا ئادىللىق شەرت قىلىنمايدۇ.

2 ـ ئۇنىڭ ھەدىيە ۋە ۋەكىللىك قىلىش ھەققىدىكى سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن ئۇ: پالانى بۇ سوغىنى ساڭا ھەدىيە قىلدى دېسە، ئۇ سوغىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشلىتىش دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ: مېنى پالانى بۇ قۇلنى سېتىپ قويۇشقا ۋەكىل قىلدى دېسە، ئۇنىڭدىن ئۇ قۇلنى سېتىپ ئىشلىتىش دۇرۇس بولىدۇ.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 312 ـ بەت.
[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 2 ـ جىلد، 398 ـ بەت.

www.munber.org

3 ـ شۇنداقلا ئۇنىڭ كىرىشكە ئىزنى بېرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن بىر ئادەم كىرىشكە ئىزنى سورىسا، ئۇ ئۇنىڭغا: كىرگىن دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە ئادىللىق شەرت قىلىنمايدۇ. مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە باشقا بىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئىشلا بولمىسا، ئۇنىڭ خەۋىرىنى قوبۇل قىلىش مۇشۇ شەكىلدە بولىدۇ.

ئۆلىمالار ئۇنىڭ نىكاھقا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىشىدا مۇنداق ئوخشىمىغان قاراشلارغا كەلگەن:

ئىمام شافىئىي ۋە باشقىلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: پاسىق ئادەم نىكاھقا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ نىكاھ ئىشلىرىنى ياخشى ئىدارە قىلمايدۇ. ئۇ پاسىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئىگە بولغان ئايالنىڭ نىكاھ ئىشىغا زىيان سېلىپ قويىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مالىك مۇنداق دەپ قارايدۇ: پاسىق ئادەمنىڭ نىكاھ ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى ئۇ، ئۇ ئايالنىڭ پۇل ـ مېلىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئادىل ئادەمگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا ئىگە بولالايدۇ. گەرچە ئۇ پاسىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆيۈنۈشلىكى مۇكەممەل بولۇپ، ئۆزىگە مەھرەم بولغان ئايالنى بۇ كۆيۈنۈشلىكىنىڭ كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىدۇ، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىدۇ، ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ. ئۇ ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلىشقا ئىگە بولغان ئىكەن، نىكاھ ئىشىغا ئىگە بولۇشى تېخىمۇ ئەلادۇر[①].

بىدئەت پەيدا قىلغۇچىغا كەلسەك، ئۇ پاسىق بولۇپ، ئۇنىڭ پاسىقلىقى ئېتىقاد سەۋەبىدىن بولغان. ئۇ، مەسىلىلەر ھەققىدىكى دەلىللەرنى جەبرىيە ۋە قەدەرىيە پىرقىلىرىغا ئوخشاش بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇنداق ئادەم ئوچۇق بىدئەت پەيدا قىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىمام شافىئىيغا (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئوخشاش فىقھى قائىدىلىرىنى تۈزگۈچى ئىماملاردىن بىر قىسمى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىمۇ، رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنىمۇ رەت قىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىمۇ، رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر بۇ مەسىلىنى ئايرىپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى دىن سەۋەبى بىلەن بىدئەت پەيدا قىلغۇچىنىڭ ئۆز خاھىشىنى كۈچلەندۈرۈشى ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا چاقىرىشى يىراق ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ رىۋايىتىنى رەت قىلىمىز، گۇۋاھلىقىنى رەت قىلمايمىز. چۈنكى ئۆز پىكرىگە دەۋەت قىلىش دەلىل كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ رىۋايىتىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.» بۇ قاراش فىقھى ۋە ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قارىشىدۇر[②].

**تۆتىنچى ھۆكۈم**

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 312 ـ بەت.
[②] بۇ مەسىلىنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 26 ـ جىلد، 147 ـ بەتكە قاراڭ.

پاسقىنىڭ باشلىق بولۇشى دۇرۇسمۇ؟

ئىبنۇل ئەرەبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئىمام شافىئىي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىماملار پاسقىنىڭ ئىمام بولۇشىنى دۇرۇس دەپ قارايدۇ. بىر تال دانچىلىك مالغا ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەمگە تاغدەك قەرز ئۈچۈن ئىشىنىش قانداقمۇ دۇرۇس بولسۇن؟! بۇ مەسىلە ئەسلىدە كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان باشلىقلارغا قارىتىلاتتى. لېكىن ئۇلاردىن دىنلىرى بۇزۇلغان، ئۇلارنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى تەرك ئېتىش مۇمكىن بولمىغان ۋە ئۇلارنى ئەمەللىرىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىشمۇ مۇمكىن بولمىغان بىر مەزگىللەردە، ئۇلار بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇلۇپ كەلدى. ئوسمان: «ئىنسانلار قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەل نامازدۇر. ئەگەر باشلىقلار ياخشى ئىش قىلسا، سەنمۇ ياخشى قىلغىن، ئەگەر ئۇلار يامان ئىش قىلسا، سەن ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن يىراق تۇرغىن» دېگەن. ئاندىن كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر باشلىقلاردىن قورقۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان بولسا، نامىزىنى خالىس الله ئۈچۈن قايتا ئوقۇيدىغان بولدى. بەزىلەر باشلىقلار بىلەن ئوقۇغان شۇ نامىزىنى ھېساب قىلىدىغان بولدى.

مەن: ئۇلار نامىزىنى قايتا ئوقۇشى كېرەك دەيمەن. ھېچكىمنىڭ ئۆزى رازى بولمايدىغان ئىماملارنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى تاشلىشى توغرا ئەمەس. لېكىن ئۇ ئىچىدە نامىزىنى قايتا ئوقۇيدۇ. بۇ باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، دەپ قارايمەن.

ئەمما ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇ ۋالىي بولسا، ئۇنىڭ ھەققە مۇۋاپىق بولغان ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەققە مۇۋاپىق بولمىغان ھۆكۈملىرى رەت قىلىنىدۇ. ئۇ ئىجرا قىلغان ھۆكۈمنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇزۇشقا بولمايدۇ. بۇ قاراشتىن باشقا رىۋايەت قىلىنغان ئەسىرلەرگە ياكى قاراشلارغا قاراپ قالماڭلار. بۇ ھەقتە سۆز ناھايىتى كۆپتۇر. ھەق بولسا ئاشكارىدۇر[1].

بەشىنچى ھۆكۈم

ئىسلام ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپمۇ؟

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: خەلىپىگە ياكى مۇسۇلمانلاردىن بىرىگە قارشى چىققانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپ. لېكىن ئۇلارنى بىرلىشىشكە، سۈلھىگە ۋە ئارىنى تۈزەشكە پايدىلىق بولغان يولغا مېڭىشقا دەۋەت قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇلار يەنىلا قارشىلىق قىلىشتا چىڭ تۇرسا، الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

---

[1] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 312 ـ بەت.

www.munber.org

ئۆزلىرىنى بىلمىلىك دەپ دەۋا قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر مۆمىنلەر ئىچىدىن ھاكىمىيەتكە قارشى چىققانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۆمىننى تىللاش پاسىقلىقتۇر. ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېچىش كۇفرىدۇر»[①] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىشىدۇ.

بۇ ھەدىس ئۇلار ئۈچۈن دەلىل بولۇپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم تاجاۋۇزچى مۆمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغان تۇرسا، بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەدىس الله تائالانىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن قانداقمۇ دەلىل بولالايدۇ؟

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مۆمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى توسقۇچى كىشىنىڭ قارىشىنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر تاجاۋۇزچى مۆمىنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش كۇفرى بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە الله تائالا كۇفرىغا بۇيرۇغان بولۇپ قالاتتى. الله تائالا مۇنداق قىلىشتىن پاكتۇر. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتمىگەن لېكىن زاكات بەرگىلى ئۇنىمىغان كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە ئەسكەرلىرىنى قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئارقىدىن قوغلىماسلىققا، يارىدارلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، مال ـ مۈلكلىرىنى ئولجا ئالماسلىققا بۇيرۇغان. كاپىرلارنىڭ ھۆكمى بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.»[②]

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىدا چىققان ھەر بىر ئىختىلاپتىن يىراق تۇرۇش ۋە ئۆيدىن تالاغا چىقماسلىق ۋاجىپ بولسا ئىدى، جىنايەت جازالىرى ئىجرا قىلىنمىغان، خاتالىقلار خاتا دېيىلمىگەن بولاتتى، مۇناپىقلار ۋە بۇزۇق كىشىلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى گۇرۇھ تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكلىرىدىن الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ھالال ساناشقا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئولجا ئېلىشقا، قانلىرىنى تۆكۈشكە ئەلۋەتتە يول تاپقان، مۇسۇلمانلار بولسا ئۇلارغا قول ئۇزارتمىغان بولاتتى. مۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاراڭلاردىكى ھاماقەت كىشىلەرنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىڭلار» دېگەن سۆزىگە خىلاپتۇر.»[③]

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار تاجاۋۇزچى مۆمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ئۈچۈن بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

**1** ـ الله تائالا: ﴿تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار...﴾ دېدى.

**2** ـ «ئاخىر زامان بولغاندا ياش قورامىغا يەتمىگەن، ئەقلى كەمتۈك بىر تۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىدۇ، قۇرئان ئوقۇيدۇ.

---

[①] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 317 ـ بەت.
[③] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 317 ـ بەتتىن نەقىل قىلىنغان.

ئۇلارنىڭ ئىمانى كېكىردەكلىرىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار دىندىن خۇددى ئوقيا ئوقى كىرىپچىدىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىك ئۈچۈن قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەجىر بار»[1] دېگەن ھەدىس.

3 ـ «كەلگۈسىدە ئۇممىتىم ئىچىدە ئىختىلاپ ۋە تەپرىقىچىلىك بولىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ياخشى سۆزلەيدۇ، يامان ئىش قىلىدۇ. ئۇلار دىندىن خۇددى ئوقيا ئوقى كىرىپچىدىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار دىنغا قايتالماي مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ يامان ۋە ناچار ئەخلاقلىق كىشىلەردۇر. ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۈچۈن ياكى ئۇلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ئۈچۈن خۇش بېشارەت بولسۇن» بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ ئالامىتى نېمە؟ دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ ئالامىتى چېچىنى چۈشۈرۈش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ[2].

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەممار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنى تاجاۋۇزچى پىرقە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.»

مانا بۇ ھەدىسلەر تاجاۋۇزچى مۆمىنلەرگە، ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئەقىدىلىرى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچى گۇناھكارلارغا ۋە ئازغۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «تاجاۋۇزچى مۆمىنلەرنى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىدىن قىلىچتىن باشقا نەرسە ياندۇرالمىغان ھالەتتە ئۇلارغا قارشى قىلىچ بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىختىلاپ قىلمىغان. ئۇلارغا قارىماسەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى توغرا دەپ قارىغان. ئەگەر ئۇلار خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇشنى توغرا تاپماي جىم ئولتۇرغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە خاۋارىجلار ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن، بالىلىرىنى ۋە ئاياللىرىنى ئولجا ئالغان بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن سەئد، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئىبنى ئۆمەرگە ئوخشاش بىر قىسىم ساھابىلار ئەلى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشقا چىقمىغانغۇ؟ دېسە، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا چىقمىدى... چۈنكى ئۇلار تاجاۋۇزچى پىرقىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى توغرا تاپمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىقى: خەلىپە ئۇرۇش قىلىشقا ئۆز يېنىدىكى كىشىلەر بىلەن كۇپايە قىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىمىزدىن بىھاجەتتۇر دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا چىقماسلىقنى دۇرۇس دەپ قارىغان. قارىماسەنكى، ئۇلار خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇش

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 400 ـ بەت.

www.munber.org

قىلىشقا چىقمىدى. ئۇلار خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان يېتەرلىك كىشىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى بىھاجەت دەپ قارىغان.»[1]

### ئالتىنچى ھۆكۈم

تاجاۋۇزچى پىرقىنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن غەنىمەت بولامدۇ؟

ئۆلىمالار: تاجاۋۇزچى پىرقىنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن غەنىمەت بولامدۇ؟ ياكى سۈلھى تۈزگەن ۋە ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلارغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلەمدۇ؟ دېگەن ھۆكۈمدە بىر نەچچە خىل قاراشلارغا كەلدى.

1 ـ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى[2] مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى غەنىمەت بولمايدۇ. پەقەت ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ قورال ـ لىرى ۋە ئاتلىرى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراقلىرى ۋە مال ـ مۈلكى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.»

2 ـ ئەبۇ يۈسۈف مۇنداق دەيدۇ: «تاجاۋۇزچى پىرقىنىڭ قولىدىكى قورال ـ ياراق ۋە مال ـ مۈلكلەر غەنىمەت بولۇپ، بەشىنىڭ بىرى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، قالغىنى ماجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.»

3 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە مال ـ مۈلكى ئولجا ئېلىنمايدۇ.» ئىمام شافىئىيمۇ مۇشۇ قاراشتا.

### ئەبۇ يۈسۈفنىڭ دەلىلى

ئۇلار تاجاۋۇزچى ۋە ئىسيانكارلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى غەنىمەت ئېلىنىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

### كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى

ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ھالال قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىنى ھالال قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار كاپىرلار ئەمەس. ئۇلار پەقەت تاجاۋۇزچى ياكى ئىتائەتتىن چىققۇچى پاسىق مۆمىنلەردۇر. ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۇلارنى مۇسۇلمانلار سېپىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈندۇر.

ئۇلار ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنۇ رىۋايىتىنى دەلىل قىلىدۇ. خاۋارىجلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەيىبلىگەن چاغدا، ئەلى مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئانائىشلار ئائىشەنى ئولجا

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 401 ـ بەت.
[2] ئۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شاگىرتى ئۇ ۋە ئەبۇ يۈسۈف ئىككىسى «ساھىبانى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى باشقا دىيەكلەرنى ھالال سانىغاندەك ھالال سانىماقچىمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار كاپىر بولىسىلەر.»①

ئۇلار يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئابدۇللاھ! بۇ ئۈممەت ئىچىدە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتى قىلغان كىشىلەر ھەققىدە الله نىڭ قانداق ھۆكمى بارلىقىنى بىلەمسەن؟ دەيدۇ. ئابدۇللاھ: بۇنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يارىدارلىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئەسىرلىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، قېچىپ كەتكەنلەر قوغلانمايدۇ، غەنىمەتلىرى تەقسىم قىلىنمايدۇ» دەيدۇ②.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ مەزھىبىمىزدە ئەمەل قىلىنىۋاتقان ھۆكۈم شۇكى، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا قېچىپ كەتكەنلەرنى قوغلىمايتتى، يارىدارلارنى ئۆلتۈرمەيتتى، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەيتتى، ھېچكىمگە كاپالەت بەرمەيتتى، مال - مۈلككە چېقىلمايتتى. ئۇلار بىز ئۈچۈن ئۈلگىدۇر.»③

### كۈچلۈك قاراش

توغرىسى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى ئۇلار كاپىرلار ئەمەس. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى ئولجا ئالساق، ئۇلار بىزگە قارشى بىرلىشىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇسۇلمانلار سېپىگە قايتۇرۇشقا مۇمكىن بولمايدۇ.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا:

ئەللامە قۇرتۇبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلاردىن ھېچكىمگە بىرەر خاتالىقنى كەسكىن قىلىپ نىسبەت بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلغان ئىشلىرىدا ئىجتىھاد قىلغان ۋە الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن يېتەكچىدۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل - جېدەللەردىن تىلىمىزنى قەتئىي ساقلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆھبەتداش بولغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى تىللاشتىن توسقانلىقى، الله تائالانىڭ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغانلىقى ۋە ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پەقەت ياخشى ئىش - ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل رىۋايەت يوللىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تەلھە يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرگەن شەھىدتۇر» دېگەن سۆزى رىۋايەت قىلىنغان. ئەگەر ئۇ قاتناشقان ئۇرۇش ئىسيانكارلىق بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ شۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن

① ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 402 - بەت.
② ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 - جىلد، 320 - بەت.
③ ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 - جىلد، 320 - بەت.

www.munber.org

شەھىد بولمىغان بولاتتى. چۈنكى شەھىدلىك پەقەت ئىتائەتمەنلىك بىلەن قىلىنغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەندە بولىدۇ.

بۇنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، زۇبەيرنىڭ قاتىلىنىڭ دوزاختا كىرىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەفىييەنىڭ ئوغلى (زۇبەير) نىڭ قاتىلىنىڭ دوزاختا بولىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر تاپقىن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئەمەلىيەت شۇنداق ئىكەن، تەلھە بىلەن زۇبەيرنىڭ ئىسيانكار ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئەلگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش بىلەن گۇناھكار بولۇپ قالمىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى ساھابىلار ئارىسىدا چىققان ئىچكى ئۇرۇشتا تۆكۈلگەن قان ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: ﴿ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ ساۋابى) ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار (نىڭ ساۋابى) ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس﴾[1] دېگەن ئايەت بىلەن جاۋاب بەرگەن.»[2]

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ يەتكۈزۈلگەن خەۋەرلەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈش، الله قا ئىتائەت قىلىشتىن چىققان پاسىقنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگە ئىشىنىپ كەتمەسلىك لازىم.

2 ـ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ھۆكۈم قىلىۋەتمەستىن، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھۆكۈم قىلىشنى بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈش زۆرۈردۇر.

3 ـ مۆمىنلەر ھەرقانداق ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىشى لازىم. ئىمان ئەھلىدىن ھېچكىمنىڭ بىرەر ئىشقا ئۆنىڭسىز[3] ھۆكۈم قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

4 ـ مۆمىنلەر پىرقىلىرى ئارىسىدا جەڭگى ـ جېدەل چىققان چاغدا مۇسۇلمانلار سىپىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ پارچىلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ۋاجىپتۇر.

5 ـ مۆمىنلەردىن بولغان ئىككى پىرقىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە تاجاۋۇز قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش مۇمكىن بولمىغان چاغدا بۇ پىتنىنى قىلىچنىڭ بىسى بىلەن كۆمۈپ تاشلاش ۋاجىپ بولىدۇ.

6 ـ مۆمىنلەر قېرىنداش بولۇپ، ئۇلارنى ئەقىدە ۋە ئىمان ئالاقىسى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ ئالاقە نەسەب ۋە قانداشلىق ئالاقىسىدىن كۈچلۈكتۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 134 ـ ئايەت.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 16 ـ جىلد، 322 ـ بەت.

[3] ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن سۈننەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ.

7 ـ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاجىز كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرگە قارشى تۇرۇش مۆمىنلەرگە ۋاجىپتۇر.

# ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام دىنى مۆمىنلەرنى دۈشمەنلىرى قۇرغان تۇزاقلاردىن يىراق بولۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەن ھەر بىر خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە، مۆمىنلەرنىڭ ھەر بىر ئىشدا ئېھتىياتچان بولۇشقا، ھوشيار تۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا پاكىتقا تايىنىشقا چاقىرىدۇ. قانچىلىغان ئۇرۇش ماجرالار بىر قىسىم بۇزۇق نىيەتلىك پاسىق ئادەملەرنىڭ يەتكۈزگەن يالغان خەۋىرى تۈپەيلىدىن چىققان ـ ھە! ئىسلام ئۈممىتىگە ياخشىلىقنى خالىمايدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش، ھەمدە ئۇلارنىڭ ساپلىقىغا ۋە خۇشاللىقىغا داغ تەككۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارغا پەقەت يامانلىق، بالايى ئاپەت ۋە پىتنە پاساتلارنىڭ يېتىشىنىلا خالايدىغان ھېيلىگەر بەتنىيەت كىشىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئەۋجىگە چىققان ئۇرۇشلار تۈپەيلى قانچىلىغان قانلار ناھەق تۆكۈلدى ـ ھە!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۆمىنلەرنى ھەرقانداق خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈشتىن، بولۇپمۇ پاسىق ئادەمنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى پاسىق ئادەم دىنغا توغرا دۇرۇس ھۆرمەت قىلمايدۇ، يالغان سۆزى ۋە توقۇپ چىققان بوھتاندىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر زىيانلارغا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بۇزىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ شۇم خەۋىرى گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدىغان ناھايىتى چوڭ پاجىئەگە ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ قىسسىسىدىمۇ، ئەگەر الله تائالا ۋەھيى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرمىگەن بولسا ئىدى، شۇنداق بىر يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققىلى تاس قالغان ئىدى. خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈش گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ قېنىنى ساقلاپ قالدى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلدى.

ئىسلام دىنى يەنە زۇلۇمغا ۋە ئىسيانكارلىققا، مەيلى ئۇنىڭ مەنبەسى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇرۇشۇپ قالغان پىرقىلەرنىڭ، جەڭگى ـ جېدەل قىلغان گۇرۇھلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەشكە چاقىرىدۇ. ئەگەر سۈلھى مەنپەئەت قىلمىسا، سۈلھىگە چاقىرىش نەتىجە بەرمىسە، قىلىچ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدىغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتۈپ، تاجاۋۇزچى پىرقە تاكى الله نىڭ دىنىغا قايتقانغا، توغرا يولنى تاپقانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

www.munber.org

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ھەر تۈرلۈك جېدەل - ماجىرادىن، پارچىلىنىشتىن، ئىسلام ئۈممىتىگە پەقەت يامانلىقى ۋە بالايى ئاپەتلا يېتىپ كېلىدىغان بۆزۈق خاھىشلارنىڭ ئارقىغا كىرىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىيالايدىغان شەرىئەت بەلگىلىمىسىنى ھېكمەتلىك تۈتقا ۋە ئاساسىي قائىدە قىلىپ بېكىتتى.

# قۇرئان كەرىمنى پەقەت پاك كىشىلەرنىڭلا تۇتۇشىغا بولىدىغانلىقى

﴿ ۞ فَلَآ أُقۡسِمُ بِمَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ ﴿٧٥﴾ وَإِنَّهُۥ لَقَسَمٌ لَّوۡ تَعۡلَمُونَ عَظِيمٌ ﴿٧٦﴾ إِنَّهُۥ لَقُرۡءَانٌ
كَرِيمٌ ﴿٧٧﴾ فِي كِتَٰبٍ مَّكۡنُونٍ ﴿٧٨﴾ لَّا يَمَسُّهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُطَهَّرُونَ ﴿٧٩﴾ تَنزِيلٌ مِّن رَّبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾
أَفَبِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ أَنتُم مُّدۡهِنُونَ ﴿٨١﴾ وَتَجۡعَلُونَ رِزۡقَكُمۡ أَنَّكُمۡ تُكَذِّبُونَ ﴿٨٢﴾ فَلَوۡلَآ إِذَا بَلَغَتِ
ٱلۡحُلۡقُومَ ﴿٨٣﴾ وَأَنتُمۡ حِينَئِذٖ تَنظُرُونَ ﴿٨٤﴾ وَنَحۡنُ أَقۡرَبُ إِلَيۡهِ مِنكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُبۡصِرُونَ ﴿٨٥﴾ فَلَوۡلَآ
إِن كُنتُمۡ غَيۡرَ مَدِينِينَ ﴿٨٦﴾ تَرۡجِعُونَهَآ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٨٧﴾ ﴾

﴿يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار اللە نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ. ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. (ئى كۇففارلار جامائەسى!) بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلامسىلەر؟ (سىلەر اللە نىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە) شۈكۈر قىلىشىنىڭ ئورنىغا، (رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلامسىلەر؟ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر. بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر). ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە) قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴾.

**ــ سۈرە ۋاقىئە 75 ـ، 76 ـ، 77 ـ، 78 ـ، 79 ـ، 80 ـ، 81 ـ، 82 ـ 83 ـ، 84 ـ، 85 ـ، 86 ـ، 87 ـ ئايەتلەر**

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

بِمَوَٰقِعِ ٱلنُّجُومِ: (يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن)، «مەۋاقىئ» دېگەن سۆز «مەۋقەئ» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ چۈشىدىغان جايى، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ”يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى“ دېگەن سۆز يۇلتۇزلارنىڭ چىقىدىغان جايلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ مۇئەييەن ئوربىتىسى ۋە جايى بولۇپ، ئۇ ئۆز

ئوربىتىسى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، ئۆز جايىدىن ھەرگىز ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ ھەر بىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ﴾[1].

مَّكۡنُونٍ: (ساقلانغان) يەنى يوشۇرۇلغان. دېمەك بۇ سۆز: قۇرئان كەرىم لەۋھۇلمەھپۇزدا الله تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەردىن باشقىلاردىن يوشۇرۇپ ساقلانغان بولۇپ، ئۇنى شۇ پەرىشتىلەردىن باشقىلار بىلمەيتتى، دېگەن مەنىنى ياكى: قۇرئان كەرىم دۇنيادا الله تائالانىڭ قوغدىشى بىلەن ئۆزگەرتىلىش ۋە ئالماشتۇرۇلۇشتىن ساقلانغان، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[2] ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغاندۇر.» مۇجاھىد ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قولىمىزدىكى قۇرئان كەرىمدۇر.»

ٱلۡمُطَهَّرُونَ: (پاك بولغانلار)، بۇ سۆز پاك پەرىشتىلەرنى ياكى ناماز ئۆتەشنى مەنئى قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەردىن پاك بولغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى مەنىگە ئاساسەن، قۇرئان كەرىمنى جۇنۇبلۇقتىن پاك بولغان ياكى تاھارىتى بار كىشىلەرلا تۇتىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

مُّدۡهِنُونَ: (ئىنكار قىلامسىلەر؟) يەنى ئۇنىڭغا سەل قارامسىلەر ۋە ئۇنى يالغانغا چىقىرامسىلەر؟

بَلَغَتِ ٱلۡحُلۡقُومَ: (جان ھەلقۇمغا يەتكەن) يەنى جان چىقىش گىرداۋىگە بېرىپ قالغان.

غَيۡرَ مَدِينِينَ: (جازاغا تارتىلمايدىغان) يەنى ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب ئېلىنمايدىغان بولسا ياكى ئەمەللىرىڭلارغا قارىتا جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار. ئۇ سۆز «دانە» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، جازاغا تارتماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆزەڭ خالىغان ئىشنى قىل، ئىشىڭغا قارىتا جازاغا تارتىلىسەن.»

تَرۡجِعُونَهَا: (قايتۇرالامسىلەر؟) يەنى جاننى تەنگە قايتۇرالامسىلەر؟ بۇ سۆز ئايەتتە مۇنداق مەنە بېرىدۇ: ئەگەر سىلەر سىلەردىن ھېساب ئالىدىغان ۋە سىلەرگە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغان الله دىن تانساڭلار، ئۇنداقتا بۇ جاننى تەنگە قايتۇرمامسىلەر؟ ئەگەر بۇ سىلەر ئۈچۈن مۇمكىن بولمىسا، بىلىپ قويۇڭلاركى، ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ قولىدىدۇر[3].

[1] سۈرە ئەنبىيا، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھىجر، 9 ـ ئايەت.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 157 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 109 ـ بەت.

www.munber.org

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾ يەنى ئەنە شۇ ئاسمان جىسىملىرى بىلەن، ئۇنىڭ جايلىرى، ئورۇنلىرى ۋە شۇ يۇلتۇزلار ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئوربىتىلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ﴿ئەگەر﴾ بىلسەڭلار، يۇلتۇزلار شۇ يۇلتۇزلارنى ياراتقان اللە تائالانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىش بۇ قەسەمنىڭ ناھايىتى ﴿كاتتا﴾ قەسەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن قەسەم قىلىشقا موھتاج بولمايدىغان دەرىجىدە ئوپئوچۇق ۋە روشەندۇر. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، بۇ قۇرئان ﴿ئۇلۇغ﴾ كىتابتۇر. ئۇ نە سېھىرگەرلىكنى، پالچىلىقنى ئۆگەتمەيدۇ، ئۇ يالغاندىن توقۇپ چىقىلغان كىتابمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان، ﴿كىتابتا﴾ يەنى اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىكى لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان، باتىل نەرسىلەر ئارىلىشىپ قېلىشتىن، ئۆزگەرتىلىشتىن ۋە ئالماشتۇرۇلۇشتىن قوغدالغان كىتابتۇر.

بۇ ئۇلۇغ كىتاب قۇرئان كەرىمنى شەيتانلار ئېلىپ چۈشمىگەن. شەيتانلار ئۇنى تۇتالمايدۇ. اللە تائالانىڭ ئىلمى ئەزەلىيىسىدە ۋە قوغدىشى ئاستىدا ساقلانغان بۇ كىتابنى پاك پەرىشتىلەر ئېلىپ چۈشكەن. شۇڭا ئۇنى پەقەت شۇ پاك پەرىشتىلەرگە ئوخشاش پاك كىشىلەرلا تۇتۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ غالىب پەرۋەردىگار اللە تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئۇنى پەقەت پاك كىشىلەرنىڭ تۇتۇشى اللە تائالانىڭ سۆزىنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەر مۇشۇنداق قۇرئاننى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقىرامسىلەر؟ ﴿سىلەر﴾ اللە نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا، سىلەرگە نېمەت بەرگۈچى، مەرھەمەت قىلغۇچى اللە نىڭ پەزلى - مەرھەمىتىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەر جان ﴿ھەلقۇمغا﴾ يەتكەن ۋە نامەلۇم بىر يولغا ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا قانداق قىلماقچى؟ دۇنياغا قايتىشقا ياكى ئۆزەڭلاردىن ئۆلۈمنى مەنئى قىلىشقا ئىگە بولالامسىلەر؟ ۋە ياكى بىرىڭلارنىڭ جېنى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئۇنىڭ تېنىگە قايتۇرۇشقا قادىر بولالامسىلەر؟

﴿ئەگەر جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار﴾ ياكى سىلەر گۇمان قىلغاندەك، ھېساب ئېلىش، جازاغا تارتىش ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈش بولمىسا، بۇ چاغدا سىلەر ھېساب ئېلىنىشتىن ۋە جازاغا تارتىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر. ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا، ھەلقۇمغا يېتىپ قالغان جاننى تەنگە قايتۇرۇڭلار، ئۇنى ئۇ كېتىۋاتقان ھېساب ۋە جازا يولىدىن توسۇپ قېلىڭلار. ھالبۇكى، سىلەر جان ئۈزۈۋاتقان بۇ كىشى ئەتراپىدا ﴿قاراپ تۇرىسىلەر﴾. بۇ چاغدا بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇنىڭغا ﴿سىلەردىن يېقىن﴾ دۇر. ﴿لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر)﴾. ئۇنىڭ جېنى چوڭ جازا كۈنىگە قاراپ مېڭىۋېرىدۇ. سىلەر بولساڭلار ئاجىزانە ھالدا تۇرۇپ قالىسىلەر. چوڭ جازا كۈنىدە ئەڭ

ئادىل الله تائالا تەرىپىدىن ئەمەللىرىڭلارغا قارىتا تولۇق مۇكاپات ياكى جازاغا ئېرىشىسىلەر.

## ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى

الله تائالا ئىلگىرىكى ئايەتلەردە الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆلگەن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىللەرنى، كاتتا پاكىتلارنى بايان قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ پەيغەمبەرلىكنى، پەيغەمبەرلىكنىڭ مەنبەسىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان بۇ قۇرئاننىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلدى. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ كەلمەكتە.

الله تائالا بۇ قۇرئاننىڭ، مۇشرىكلار گۇمان قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يازغان كىتاب ئەمەسلىكىنى، ئۇ پەقەت ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كاتتا قەسەم بىلەن قەسەم قىلغان. مانا بۇلار ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بۇ ئايەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىشتۇر.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىشتىكى سىر بولسا، الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ كاتتا، ھېكمىتىنىڭ مۇكەممەل، ياراتقان نەرسىلىرىنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغۇسىز دەرىجىدە ئاجايىپ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر. يارىتىلغان نەرسىنىڭ چوڭلىقى ھەقىقەتەن ياراتقۇچىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدۇ[①]. بىپايان ئاسمان ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇياش ۋە ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ

[①] ئەينى زاماندا بۇ ئايەت بىلەن خىتاب قىلىنغۇچىلاردىن پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلا يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرىنى بىلەتتى. بىراق بۇ دەۋردە بولسا، الله تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار الله نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر﴾ دېگەن سۆزىدە قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى ئاشكارىلانماقتا. ئاسترونومىيە ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىز چېكىنى بىلمەيدىغان بۇ بىپايان بوشلۇقتىكى ساناپ تۈگەتكۈسىز يۇلتۇزلاردىن بېرىككەن (گالاكتىكا) يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئىچىدىن پەقەت قۇياش سىستېمىسىغا نىسبەت بېرىلىدىغان بىر يۇلتۇز تۈركىملا بىر مىلىيارت يۇلتۇزغا يېتىدۇ.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، نەچچە مىلىياردتىن ئاشىدىغان چوڭ ـ كىچىك بۇ يۇلتۇزلاردىن بەزىلىرىنى كۆز بىلەن، بەزىلىرىنى مەخسۇس ئۈسكۈنىلەر بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. بەزىلىرىنى بولسا كۆز بىلەن كۆرۈش تۇگۇل مەخسۇس ئۈسكۈنىلەر بىلەنمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ... بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى بۇ پايانسىز پەلەكتە سەير قىلىدۇ. بىراق ھېچبىر يۇلتۇزنىڭ يەنە بىر يۇلتۇزغا يېقىنلىشىپ قېلىش ياكى سوقۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى مەۋجۇت بولمايدۇ. سىز، بىرى ئاق دېڭىزدا، يەنە بىرى تىنچ ئوكياندا بىر يۆلۈنۈشكە قاراپ ناھايىتى تېز كېتىۋاتقان ئىككى كېمىنىڭ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ گەرچە بۇ ئېھتىماللىق مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولمىسىمۇ، بىراق ئەقىلدىن تولىمۇ يىراق.» بۇ ئىزاھات «الله ۋە يېڭى ئىلىم ـ پەن» ناملىق كىتابنىڭ 33 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

www.munber.org

ئالامەتلىرى بولۇپ، ھەممىنى ياراتقۇچى، يوقتىن بار قىلغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اﷲ نىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جىسىملار اﷲ نىڭ بار ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. ئەبۇ ئەتاھىيىە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

ھەر بىر نەرسىنىڭ بار بىر بەلگىسى،
كۆرسىتىدۇ ئۇ، اﷲ نىڭ بىرلىكىنى.

2 ـ اﷲ تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار اﷲ نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر﴾ دېگەن سۆزىدە ﴿ئەگەر بىلسەڭلار﴾ دېگەن قىستۇرما جۈملە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ جۈملە ئۇ قەسەمنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ قەسەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە بۇ كائىناتنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ[1]. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ چوڭ ئىشتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[2].

3 ـ قەسەم قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمنىڭ مۇددىئاسى بولغان قۇرئاننىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يۇلتۇزلارغا قاراپ يول تېپىشى ئۈچۈن اﷲ تائالا يۇلتۇزلارنى يورۇق قىلىپ ياراتقان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى بولسا، ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇق ۋە جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا يېتەكلەيدۇ. ئالدىنقىسى بولسا ماددىي قاراڭغۇلۇقنى، كېيىنكىسى بولسا، مەنىۋىي قاراڭغۇلۇقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردىكى قەسەم يۇلتۇزلاردىن ئىبارەت ماددىي يېتەكچى بىلەن قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت مەنىۋىي يېتەكچىنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ نازۇك ۋە ئىنچىكە سىرنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭ.

4 ـ اﷲ تائالا: ﴿ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴾ دېدى. ئايەتنىڭ لەۋزى خەۋەر شەكلىدە بولسىمۇ، مەنىسى تەلەپنى ئىپادىلەيدۇ يەنى: ئۇنى جۇنۇب بولسا يۇيۇنۇپ، تاھارىتى بولمىسا تاھارەت ئېلىپ پاك بولغان كىشىلەرلا تۇتسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم «سەھىھ مۇسلىم» دا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەننىڭ قۇرئاننى تۇتۇشىدىن ئەنسىرەپ، دۈشمەن زېمىنىغا قۇرئان ئېلىپ سەپەر قىلىشنى مەنئى قىلغان.»

---

[1] بۇ، يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى خىتابى بىلەن خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ بىلگەنلىرىدىن نەچچە ھەسسە چوڭدۇر. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾. سۈرە ياسىن، 40 ـ ئايەت.
[2] سۈرە غافىر، 57 ـ ئايەت.

بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭغا ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلىغان مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرى ئىبنى ھەزمگە يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: «قۇرئاننى پەقەت پاك كىشىلەرلا تۇتسۇن.»[①]

## شەرئىەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايەتتىكى «كىتابتا ساقلانغان» دېگەن سۆز نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار «كىتابتا ساقلانغان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلگەن:

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا ساقلانغان يەنى كۆزلەردىن يوشۇرۇلغان. ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋە مىكائىل ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بەزى پەرىشتىلەردىن باشقىلار بىلمەيدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى كىتاب لەۋھۇلمەھپۇز ئەمەس، ئۇ قولىمىزدىكى قۇرئان كەرىمدۇر. بۇ قۇرئان كەرىم يادلاش بىلەن دىللاردا ساقلانغىنىدەك، قۇرلارغا يېزىپ قالدۇرۇش بىلەن كىتاب ھالىتىدە ساقلانماقتا. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر﴾[②] دەيدۇ.»

بۇ قاراشقا ئاساسەن، ﴿ساقلانغاندۇر﴾ دېگەن سۆز ئۆزگەرتىلىشتىن ۋە ئالماشتۇرۇلۇشتىن ساقلانغاندۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ، اﷲ تائالانىڭ: ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[③] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش بولىدۇ.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

اﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايىتى كەرىمدىكى: ﴿ئۇنى﴾ دېگەن ئالماش قۇرئان كەرىمگە يانامدۇ ياكى بەزىلەرنىڭ قارىشى بويىچە لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن كىتابقا يانامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغا قاراشلاردا بولغان. ئەگەر ئالماش قۇرئان كەرىمگە يانسا، بۇ قۇرئان

---

[①] ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى.

[②] سۈرە ئەبەسە، 13 ـ ئايەت.

[③] سۈرە ھىجر، 9 ـ ئايەت.

www.munber.org

كەرىمنى پەقەت جۇنۇب بولغاندا يۇيۇنۇپ، تاھارەتتى بولمىغاندا تاھارەت ئېلىپ پاك بولغان كىشىلەرلا تۇتىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ ئالماش لەۋھۇلمەھپۇزغا يانىدۇ دېگەنلەر «پاك بولغانلار» دېگەن سۆزنى پەرىشتىلەر دەپ تەپسىر قىلغان. ئۇلار بۇ قارىشىغا الله تائالانىڭ: ﴿ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر. (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر﴾[1] دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئۇ ئايەتكە ئوخشايدۇ. شۇنداق بولغاندا «پاك بولغانلار» پەرىشتىلەردۇر.»[2]

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

#### قۇرئان كەرىمنى تۇتۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

قۇرئان كەرىم الله تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش كېرەك. ئۇنى پەقەت پاك ھالەتتە تۇتۇش ئۇنى ئۇلۇغلىغانلىق ۋە قەدىرلىگەنلىك بولىدۇ. تاھارەتتى بولمىغان كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى فىقھشۇناسلار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلە بولۇشقا تاس قالغان. فىقھشۇناسلاردىن قۇرئاننى تاھارەتتى بولمىغانلارغا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلغانلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنلا رۇخسەت قىلغان. شۇڭا تاھارەتتى بولمىغان ۋە جۇنۇب بولغاندا يۇيۇنمىغان كىشىلەرنىڭ، ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئاياللارنىڭ پاك بولمىغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاننى تۇتۇشى ھارامدۇر.

ئىبنى تەيمىيە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ شەرئىي ھۆكۈمگە ئىنتايىن نازۇك رەۋىشتە قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ھۆكۈمنى ئىشارەت يولى بىلەن كۆرسىتىدۇ. الله تائالا ئاسماندىكى قىممەتلىك سەھىپىلەرنى پەقەت پاك پەرىشتىلەرنىڭ تۇتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىكەن، بىزنىڭ قولىمىزدىكى سەھىپىلەرنىمۇ پەقەت پاك كىشىلەرلا تۇتۇشى كېرەك.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: مانا بۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتتۇر. قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتۇشنىڭ ھاراملىقىغا فىقھشۇناسلار ئىتتىپاق كەلگەن.

#### مۇھىم ئەسكەرتىش

بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، تاھارەتتى بولمىغان ئادەمنىڭ قۇرئان كەرىمنى تۇتۇشى ھارامدۇر. بۇ ھۆكۈمگە ھېچقانداق قارشىلىق يوق. پەقەت فىقھشۇناسلار ئارىسىدىكى

---

[1] سۈرە ئەبەسە، 13 ــ 16 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى.

ئىختىلاپ بولسا، «بۇ ھۆكۈم ئايىتى كەرىمدىن چىقىرىلغانمۇ ياكى باشقا بىر دەلىلدىن ئېلىنغانمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بولغان.

بەزى فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: قۇرئاننى تاھارەتسىز تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدىكى شەرئىي ھۆكۈم بۇ ئايىتى كەرىمنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان. چۈنكى ئۇ مەنىنى قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان خەۋەردۇر. گويا اللّٰه تائالا مۇنداق دېمەكچى بولغان: «ئۇنى پەقەت تاھارەت بىلەن تۇتۇڭلار.»

يەنە بەزى فىقھشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھۆكۈم بۇ ئايىتى كەرىم بىلەن ئەمەس، سۈننەت بىلەن ئىسپاتلانغان.» ئۇلار بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان مۇنداق بىرقانچە نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1 ـ بۇ يەردىكى ئايەتلەر مەككىدە نازىل بولغان. ھەممىگە مەلۇمكى، قۇرئان كەرىم مەككە دەۋرىدە دىنىنىڭ شاخچە ھۆكۈملىرىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئەقىدە قىسمىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن.

2 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ئايەت خەۋەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنى مەنىنى قىلىش مەنىسىدە چۈشەندۈرۈش خەۋەرنى خەۋەر ھالىتىدىن تەلەپ ھالىتىگە چىقىرىپ قويىدۇ. ئەسلىدە سۆز ھەقىقىي مەنىسىدە چۈشەندۈرۈلۈشى لازىم.»

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، سۈننەت ۋە ئەسەرلەر قۇرئان كەرىمنى تۇتۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام ئىبنى ھىببان، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەن ئەھلىگە بىر پارچە خەت يازغان. ئۇ خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قۇرئان كەرىمنى پەقەت پاك كىشىلا تۇتسۇن.» كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىفە ۋە شافىئىي (اللّٰه ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلار بار. كۆپ ساندىكى ساھابىلار بالىلىرىنى قۇرئان تۇتۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇيتتى. ئۆمەرنىڭ قىسسىسىمۇ مەشھۇردۇر. بۇ ھەقتە مۇشىنچىلىك توختالساق يېتەر. گەپنى يەنە ئۇزارتىش ھاجەتسىزدۇر.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

### قەسەم قىلىشتىكى ھېكمەت نېمە؟

ئەرەبلەر بىرەر سۆزنى تەكىتلىمەكچى بولغاندا قەسەم ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ قالغان. قۇرئان كەرىم بولسا ئەرەب تىلى بىلەن نازىل بولدى. قۇرئان ئايەتلىرى ھەققەتەن سۆزنى تەكىتلەشتە ھەر خىل قەسەملەرنى ۋە ھەر تۈرلۈك گۈزەل ئىپادىلەش ماھارەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەسەمنىڭ مۇددىئاسى ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتنى ئىسپاتلاش ئەمەس. چۈنكى دەۋەت كەسكىن دەلىللەر ۋە روشەن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاب قىلىنغۇچى يا قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگۈچى، يا قۇرئاننى ئىنكار

www.munber.org

قىلغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىرىگە قارىتىلىدۇ. مۆمىن قەسەمگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن خەۋەرلەرنى قەسەم قىلىنمىسىمۇ تەستىق قىلىۋېرىدۇ. ئايەتلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار مەنپەئەت قىلمىغان ئىنكار قىلغۇچىغا دەلىللەر تەسىر كۆرسەتمىگەندىن كېيىن، ئۇ، يالغۇز قەسەمگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدۇ.

دېمەك، قەسەم سۆزنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى توختالماقچى بولغان تېمىنىڭ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە قارىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئاللاھ تائالا بىرەر شەيئى بىلەن قەسەم قىلغان ۋاقىتتا، ئىنسانلار بۇ مەخلۇق بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىپ، ئۇنىڭ سىرى ۋە مەنىسى نېمىدۇ؟ ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلماي بۇ نەرسە بىلەن قەسەم قىلغاندۇ؟ دەپ بىر ـ بىرىدىن سورىشىدۇ. شۇ چاغدىلا بۇ قەسەمنىڭ ھېكمىتى ۋە سىرى تەتقىق قىلىنىدۇ.

## بەشىنچى ھۆكۈم

### قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان قەسەملەر قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟

قۇرئان كەرىمدىكى قەسەم بولسا يا قەسەمنىڭ ئۆزىگە، يا قەسەمنىڭ مۇددىئاسىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىرقانچە تۈر ۋە شەكىلگە بۆلىنىدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالا ئۆز زاتى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. مەسىلەن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزەڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزەڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴾[2].

2 ـ ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى﴾[3]، ﴿قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى﴾[4]، ﴿سۇبھى بىلەن، (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كېچىسى بىلەن قەسەمكى﴾[5].

3 ـ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىم بىلەن قەسەم قىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ص، شانلىق قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن مۆجىزىدۇر)﴾[6]، ﴿حم. روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى﴾[7]، ﴿ق. شەرەپلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن﴾[1].

---

[1] سۈرە زارىيات، 23 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر، 92 ــ 93 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە تىن، 1 ـ ئايەت.
[4] سۈرە شەمس، 1 ـ ئايەت.
[5] سۈرە فەجر، 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.
[6] ساد، 1 ـ ئايەت.
[7] سۈرە زۇخرۇف، 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.

يۇقىرىدىكىلەر قەسەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك قەسەمدۇر. قەسەمنىڭ مۇددىئاسىغا مۇناسىۋەتلىك قەسەمگە كەلسەك، ئۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ اللە تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلىغانلىغا ئوخشاش، ئىمان ئاساسىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان، دۈشمەنلەرگە قارشى ئات سېلىپ تۇرغان، (اللە دىن مەدەت تىلەپ) كالامۇللە نى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان (غازات قىلغۇچى) قوشۇن بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار شەك ـ شۈبھىسىز بىر ئىلاھتۇر﴾[2].

2 ـ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن بىز توختىلىۋاتقان ئايەت ئۇنىڭ بىر مىسالىدۇر: ﴿يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار اللە نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر﴾.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يىس. ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن﴾[3].

4 ـ مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چاپلىغان يامان سۈپەتنى رەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ: ﴿ن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن، (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن﴾[4].

## ئالتىنچى ھۆكۈم

اللە تائالادىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇس بولامدۇ؟

ئۆلىمالار اللە تائالادىن ياكى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ هاراملىقىغا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قەسەم قىلسا، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن. بولمىسا قەسەم قىلمىسۇن.» بۇ ھۆكۈم مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەندۇر. ئەمما ياراتقۇچى اللە تائالاغا نىسبەتەن، ئۇ ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر ئىچىدىن خالىغان شەيئى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. چۈنكى بىرەر نەرسە بىلەن قەسەم قىلىش شۇ نەرسىنىڭ ناھايىتى كاتتا ۋە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. اللە تائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە شۇنداق قەسەم قىلغان. بىز توختىلىۋاتقان ئايەتمۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىنتىزاملىق

---

[1] سۈرە قاف، 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سافڧات، 1 ــ 4 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ياسىن، 1 ــ 3 ـ ئايەتكىچە.
[4] سۈرە قەلەم، 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

ۋە يـۈختا قانۇنىيـەت بىلـەن يارىتىلغانلىقىغـا ئەسـكەرتكەن بولـۇپ، ئـۇ، يـاراتقۇچى الله تائالانىڭ ناھايىتى كاتتا ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شـەك ـ شۈبھىسـىزكى، الله سىلەرنى ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلەن قەسەم قىلىشتىن توسىدۇ. كىمكى قەسەم قىلسا، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن. بولمىسا قەسەم قىلمىسۇن.»

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ يۇلتۇزلار ۋە ئاسمان جىسىملىرى بىلەن قەسەم قىلىش بۇ كائىناتنى يوقتىن بار قىلغان ياراتقۇچى، ئىدارە قىلغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله نىڭ ناھايىتى كاتتا ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

2 ـ قۇرئان كەرىم الله نىڭ سۆزىدۇر. ئۇ شېئىر ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس، پالخورلۇقمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

3 ـ قىممەتلىك كىتاب قۇرئان كەرىمنى شەيتانلار ئېلىپ چۈشمىگەن. ئۇنى ھەقىقەتەن پاك پەرىشتىلەر ئېلىپ چۈشكەن. شۇڭا ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتۇشى كېرەك.

4 ـ قۇرئان كەرىم ئالماشتۇرۇلۇشتىن ۋە ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلانغان، خاتالىقتىن قوغدالغان كىتابتۇر. چۈنكى الله تائالا ئۇنى قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

5 ـ نېمەتلەر ئۈچۈن تېنىش، ئىنكار قىلىش ۋە يالغانغا چىقىرىش بىلەن ئەمەس، شۈكۈر قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك.

6 ـ ئەگەر ئىنسان ئەمەلگە قارىتا جازاغا تارتىلمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلىيالىغان بولاتتى.

7 ـ ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ ھاياتلىقنىڭ ئارقىدىن جازا ۋە مۇكاپات ھاياتىنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

قۇرئان كەرىم الله تائالانىڭ ئۇلۇغ كىتابىدۇر، بەندىلىرىگە بېكىتكەن دەستۇرىدۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىدۇر، ساماۋىي كىتابلار ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان، مەرتىۋە ۋە دەرىجە جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى كىتابتۇر. ئۇنى نازىل قىلغۇچى الله تائالا ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ

يېتەكچى نىزامنامىلىرىنى ۋە بەخت - سائادەت نىزامنامىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقۇچى نۇر قىلدى. شۇڭا بۇ ئۇلۇغ قۇرئان ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇلۇغلىنىشى كېرەك. مۇسۇلمانلار ئۇنى پۈتۈن تىرىكچىلىكىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئۇنى تىلاۋەت قىلغاندىمۇ، ئەمەل قىلغاندىمۇ، ئەمەلىيلەشتۈرگەندىمۇ ئۆزلىرىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار قۇرئانغا ئەمەل قىلغان ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاش بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئىنسان ئۇنى پەقەت تاھارەت بىلەن تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ اللە نىڭ سۆزىدۇر. اللە نىڭ سۆزى اللە ئۆزى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن ئۇلۇغدۇر. شۇڭا مۆمىنىنىڭ ئۇنىڭغا سەل قارىشى ۋە ئۇنى تاھارەتسىز تۇتۇشى توغرا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرى ئىبنى ھەزمگە قىلغان تەۋسىيەسىدە مۇنداق يازغان: «قۇرئان كەرىمنى پەقەت پاك كىشىلا تۇتسۇن.» قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلىغانلىقى ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشنى بايان قىلغانلىقى بۇ ھەقتە يېتەرلىك دەلىلدۇر.

قۇرئان كەرىمنى اللە تائالامۇ ئۇلۇغلاپ، ئەڭ مەشھۇر ئاي رامىزان ئېيىدا، ئەڭ ئەۋزەل كېچە شەبى قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلغان، ئۇنى نازىل قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ۋاستىچى قىلىپ تاللىغان، ئۇنىڭ ھەققىدە: ﴿ئۇ (يەنى قۇرئان ئايەتلىرى) قىممەتلىك، (قەدرى) يۇقىرى پاك سەھىپىلەرگە يېزىلغاندۇر. (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر﴾[1] دەپ خەۋەر قىلغان تۇرسا، مۇسۇلمانلارنىڭ روشەن بايان قىلىنغان بۇ ئۇلۇغ كىتابنى ئۇلۇغلىشى ۋە غايەت زور دەرىجىدە چوڭ بىلىشى ۋاجىپ بولمىسا بولامتىمۇ؟!

بۇ قىممەتلىك سەھىپىلەرنى تۇتۇشقا پۈتۈكچى، پاك ۋە ياخشى پەرىشتىلەر مۇشەررەپ بولغان ئىكەن، پاك پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن، ھەممىدە اللە تائالا ئۆزگەرتىلىشتىن، ئالماشتۇرۇلۇشتىن قوغداشنى ۋە ھىمايە قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇ ئۇلۇغ كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن زېمىن ئەھلىمۇ ئۇنى پەقەت تاھارەت بىلەن تۇتۇشى ناھايىتى ئەۋزەلدۇر. اللە تائالا تولىمۇ راست ئېيتىدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[2].

---

[1] سۈرە ئەبەسە، 13 ــ 16 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 41 ــ 42 - ئايەتلەر.

www.munber.org

# ئىسلامدىكى زىھار ۋە ئۇنىڭ كەففارىتى

﴿ قَدْ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوْلَ ٱلَّتِى تُجَـٰدِلُكَ فِى زَوْجِهَا وَتَشْتَكِىٓ إِلَى ٱللَّهِ وَٱللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَآ ۚ إِنَّ
ٱللَّهَ سَمِيعٌۢ بَصِيرٌ ١ ٱلَّذِينَ يُظَـٰهِرُونَ مِنكُم مِّن نِّسَآئِهِم مَّا هُنَّ أُمَّهَـٰتِهِمْ ۖ إِنْ أُمَّهَـٰتُهُمْ إِلَّا
ٱلَّـٰٓـِٔى وَلَدْنَهُمْ ۚ وَإِنَّهُمْ لَيَقُولُونَ مُنكَرًا مِّنَ ٱلْقَوْلِ وَزُورًا ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٌ ٢ وَٱلَّذِينَ
يُظَـٰهِرُونَ مِن نِّسَآئِهِمْ ثُمَّ يَعُودُونَ لِمَا قَالُوا۟ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مِّن قَبْلِ أَن يَتَمَآسَّا ۚ ذَٰلِكُمْ
تُوعَظُونَ بِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ٣ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ مِن قَبْلِ
أَن يَتَمَآسَّا ۖ فَمَن لَّمْ يَسْتَطِعْ فَإِطْعَامُ سِتِّينَ مِسْكِينًا ۚ ذَٰلِكَ لِتُؤْمِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۚ وَتِلْكَ
حُدُودُ ٱللَّهِ ۗ وَلِلْكَـٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ ٤ ﴾

﴿الله ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە الله قا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، الله ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، الله، شەك - شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىدىن (يەنى زىھار قىلغانلىقىدىن) يانغانلار (ئەر - ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىنىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازاد قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، (قېرىلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالمىغان ئادەم 60 مىسكىنگە (بىر ۋاخ) تاماق بېرىشى لازىم، بۇ (ئەھكام) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (ئەمىر قىلغان ئىشلارغا) تەستىق قىلىشىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىندى). بۇلار الله نىڭ قانۇنىدۇر، (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾.

ـــ سۈرە مۇجادەلە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

سَمِعَ ٱللَّهُ: (الله ئاڭلىدى)، ئاڭلاش بىلەن كۆرۈش بولسا، ئىلىم، قۇدرەت، تىرىكلىك ۋە ئىرادىگە ئوخشاش سۈپەت بولۇپ، ياراتقۇچى الله تائالا ھەمىشە سۈپەتلىنىدىغان زاتىي سۈپەتلەردىندۇر. «الله ئاڭلىغۇچىدۇر» دېگەن سۆز ئاۋازلارنى قۇلاقسىز ئاڭلىغۇچىدۇر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى الله تائالاغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ[1].

ئەبۇ سەئۇد مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ ئۇ ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى ئۇنىڭ شۇ سۆزىنى بىلگەنلىكىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى الله تائالانىڭ: ﴿الله ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ﴾ يەنى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بولغان سۆزنى بىلىپ تۇرىدۇ دېگەن سۆزى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.»[2]

تُجَـٰدِلُكَ: (سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن) يەنى ئېرى ھەققىدە ساڭا مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «مۇجادەلە» بولۇپ، مۇنازىرىلەشمەك، جېدەللەشمەك، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇنازىلىرىشىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان قەۋم ئېزىپ كېتىدۇ.» بۇ ھەدىس: ھەقنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، باتىل ئۈستىدە مۇنازىرىلەشكەن ۋە باتىلنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر ئېزىپ كېتىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ھەقنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىش ماختاشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن﴾[3].

بۇ سۆز مەزكۇر ئايەتتە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتنى كۆرسىتىدۇ[4].

وَتَشۡتَكِيٓ: (شىكايەت قىلغان)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «شەكۋا» بولۇپ، كۆڭۈلسىزلىك، قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى ئىزھار قىلىش، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇشۇ مەنىدە: ﴿مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت اللە غىلا ئېيتىمەن﴾[5] دېيىلىدۇ[6].

تَحَاوُرَكُمَآ: (ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «مۇھاۋەرە» بولۇپ، سۆھبەتلەشمەك، سۆزلەشمەك، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

www.munber.org

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 272 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 150 ـ بەت.
[3] سۈرە نەھل، 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 3 ـ بەت.
[5] سۈرە يۈسۈف، 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 3 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 181 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 272 ـ بەت.

يُظَٰهِرُونَ: (زىھار قىلغانلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «زىھار» بولۇپ، «زەھر» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇ سۆز دۈمبە، ئۇچا دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئەرنىڭ ئايالىنى زىھار قىلىشى بولسا، ئايالىغا: «سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش» دېگەن سۆزدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ سۆز ئەسلىدە دۈمبىنى دۈمبىگە تەگلەشتۈرۈشنى ئىپادىلەيتتى. كېيىنچە، ئەر خوتۇننى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش بىلەن ئەر ـ خوتۇنلۇقنى ھارام قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالغان.

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئۇنىڭ لەۋزى ۋە مەنىسىگە ئاساسەن ھەر خىل مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: دۈمبىنى دۈمبىگە تەگلەشتۈرمەك، تىركەشمەك، يارەملەشمەك، غەلىبە قىلماق، بىر كىيىمنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە كىيمەك، ئەر ئايالىنى زىھار قىلماق يەنى ئايالىغا: سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېمەك، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئاخىرقى مەنە ئۇ سۆزنىڭ ئايەتلەردىكى مەنىسىدۇر.»①

ٱلَّٰٓـِٔي : (ئاياللار)، ئۇ سۆز «ئەللەتى» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئاياللارنى كۆرسىتىدىغان كۆرسەتكۈچ ئالماشتۇر. اللہ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا﴾②.

مُنكَرًا: (يامان)، يامان ئىش ياخشى ئىشنىڭ ئەكسىدۇر. شەرىئەت قەبىھ كۆرسەتكەن، ھارام قىلغان ۋە يامان كۆرسەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياماندۇر③.

وَزُورًا ۚ : (يالغان)، بۇ سۆز يالغان، ئوپئوچۇق باتىل دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. يالغان گۇۋاھلىق دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ④.

فَتَحۡرِيرُ رَقَبَةٍ: (بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم) يەنى قۇلنى اللہ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئازاد قىلىشى لازىم. قۇل باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قۇلنى ياكى دېدەكنى كۆرسىتىدۇ.

يَتَمَآسَّا: (ئەر ـ ئايال ئىككىسى يېقىنچىلىق قىلىش)، ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «مەسس» بولۇپ، بىرەر نەرسىنى قول بىلەن تۇتماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىنچە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى ئۇنىڭدا بەدەن بەدەنگە چاپلىنىدۇ. بۇ ئايەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىپادىلەيدۇ⑤.

---

① ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 4 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 273 ـ بەت.
② سۈرە نىسا، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، ÄÖ بۆلۈمى.
④ ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 279 ـ بەت.
⑤ ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 185 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 233 ـ بەت.

مِسْكِينًا: (مىسكىن)، ئۇ سۆز ھېچ نەرسىسى يوق ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئائىلىسىنى تەمىنلەشكە يەتكىدەك نەرسىسى يوق ئادەمنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. ئۇ سۆزنىڭ لۇغەتتىكى ئەسلى مەنىسى "بويسۇنغۇچى" دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئايەتتە ئومۇمەن كەمبەغەللەرنى كۆرسىتىدۇ. مىسكىننىڭ ھالى كۆنى كەمبەغەلنىڭ ھالى كۆنىدىن ياخشىراقتۇر[1].

حُدُود: (قانۇن)، ئۇ سۆز «ھەدد» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئىككى نەرسىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ياكى بىرىنىڭ يەنە بىرىنى بېسىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىلنى كۆرسىتىدۇ. ﴿الله نىڭ قانۇنى﴾ بولسا، الله ھارام ۋە ھالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردۇر. شۇڭا، الله تائالا قىلماسلىقنى بۇيرۇغان ياكى قىلىشنى مەنئى قىلغان ئىشلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ۋە ياكى ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىق لازىم.

بۇ يەردە الله تائالانىڭ: ﴿بۇلار الله نىڭ قانۇنىدۇر﴾ دېگەن سۆزى الله قا ئىتائەتسىزلىك قىلىش بىلەن ئىتائەت قىلىشنىڭ ئارىسىدىكى پاسىلنى كۆرسىتىدۇ. الله قا ئىتائەتسىزلىك قىلىش بولسا ئايالىنى زىھار قىلىشتۇر، ئىتائەت قىلىش بولسا شۇ گۇناھ ئۈچۈن كەففارەت بېرىشتۇر[2].

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھەممە نەرسىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى يېقىندۇر. ئەگەر بىرى ئۇنىڭغا دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. بۇ ئايال ئېرى سالغان زۇلۇم ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئېرى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىشلىتىدىغان سۆزنى ئىشلىتىپ ئۇنى ئۆزىگە ھارام قىلغان ئىدى. بۇ سۆز ئىسلام دىنىدىمۇ ئايالنى ئېرىگە ھارام قىلىش رولىنى ئويناپ قېلىۋېرەمدۇ؟

ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ، زېمىندىمۇ، ئاسماندىمۇ ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدىغان ئۇلۇغ ئىگىسى الله تائالاغا دۇئا بىلەن يۈزلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەنھا قالغانلىقى، تۇغقانلىرىنىڭ، باققۇچىسى ۋە ياردەمچىسىنىڭ يوقلىقى، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، باللىرىنىڭ كىچىكلىكى، ئەگەر ئۇلارنى ئېرىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويسا، زايە بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ئەگەر ئۇلارنى ئۆزى ئېلىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئاچ قالىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىدۇ.

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 18 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 288 ـ بەت.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ھۆكۈملەرنى ئۆزلىگىدىن بەلگىلىمەيتتى. ئۇ پەقەت پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىيگە ئەگىشەتتى. ئۇنىڭغا زىھار ھەققىدە بولسا تېخى ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئېرىگە ھارام بولغانلىقىنى كەسكىن قىلىپ ئېيتىۋەتمەستىن، پەقەت: «مەن سىزنى ئېرىڭىزگە ھارام بولۇپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەن ئىدى. ئايال بولسا ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى.

كەرەملىك الله تەنھا قالغان بۇ بىچارە ئايالنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇ. ۋەھيى نازىل بولۇپ، ئەرگە مۇنداق خىتاب قىلدۇ: سەن زىھار قىلغان ئايالىڭ سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، سېنىڭ ئاناڭ بولسا ھەقىقەتتە سېنى تۇغقان ئايالدۇر، ئاناڭ سېنى تۇغقانلىقى ئۈچۈن ساڭا ھارام قىلىندى، الله ساڭا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى قانداق قىلىپ الله ساڭا ھارام قىلغان نەرسە بىلەن سۈپەتلەيسەن؟ سەن ھەقىقەتەن يالغان سۆزنى قىلىش تۇگۇل، شەرىئەتتە يامان كۆرۈلىدىغان سۆزنى قىلدىڭ. شۇنداق بولسىمۇ، ﴿الله﴾ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئاندىن تەۋبە قىلغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، شەرىئەت قانۇنى ئۈستىدە توختىغان، الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئەمر پەرمانلىرىغا ئەگەشكەن ئادەمگە ﴿مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾. كىمكى ئايالىنى زىھار قىلىپ، ئۇنىڭغا: سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاش دېسە، ئاندىن بۇ سۆزنى بۇزۇپ الله ھالال قىلغان ئايالىغا قايتماقچى بولسا، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇل ئازاد قىلىشى لازىم. مانا بۇ ئايالىنى زىھار قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمى بولۇپ، مۆمىنلەر ﴿بۇنىڭ بىلەن﴾ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن قىلمىشلىرىدىن الله تائالانىڭ تولۇق ﴿خەۋەردار﴾ ئىكەنلىكىنى بىلىشى، شۇڭا الله تائالا توسقان ئىشلاردىن يېنىشى لازىم.

قۇل سېتىۋالغىدەك پۇلى بولمىغان ياكى سېتىۋېلىپ ئاندىن ئازاد قىلىشقا ﴿قۇل تاپالمىغان ئادەم﴾ ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ﴿ئىلگىرى، ئۇدا ئىككى ئاي﴾ روزا تۇتۇشى لازىم. ئەگەر ئاجىز بولۇپ، روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىسا، ياكى كېسەل بولۇپ روزا تۇتقاندا كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال بولسا، ﴿60 مىسكىنگە﴾ ئۇلار تويغىدەك تاماق بېرىشى لازىم. مانا ﴿بۇ﴾ الله نىڭ زىھار ھەققىدىكى ھۆكمى بولۇپ، ئۇنىڭ الله تائالانىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى ﴿تەستىق قىلىشىڭلار﴾، ئۇنىڭغا ئەگىشىشىڭلار، سىلەرگە بەلگىلەنگەن بۇ قانۇن ئۈستىدە توختىشىڭلار، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بەلگىلەندى.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پۈتۈن ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا قادىر بولغان الله بۈيۈكتۇركى، مۇنازىرلەشكۈچى ئايال پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سۆزلىگىلى تۇردى. مەن بولسام ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇراتتىم. ئۇنىڭ بەزى سۆزىنى ئاڭلاپ قالاتتىم، بەزىسىنى ئاڭلىيالمايتتىم. ئۇ بولسا ئېرى ھەققىدە شىكايەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ياشلىق باھارىم تۈگىدى، مەن ئۇنىڭغا نەچچە بالا تۇغۇپ بەردىم، مەن ئەمدى ياشىنىپ قالغان، بالا تۇغۇشتىن توختىغان بىر ۋاقىتتا ئۇ مېنى زىھار قىلدى، ئى اللە! مەن ھەققەتەن ساڭا دەردىمنى ئېيتىمەن، دېدى. ئۇ تېخى ئورنىدىن قوزغالماستىنلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنى ئېلىپ چۈشتى.»[1]

2 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەم ئايالىغا: سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دېسە، ئايالى ئۇنىڭغا ھارام بولۇپ كېتەتتى. ئىسلام دىنىدا تۇنجى زىھار قىلغان ئادەم ئەۋس ئىدى. كېيىن ئۇ پۇشايمان قىلىپ، ئايالىغا: سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى سوراپ بېقىڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى. نەتىجىدە بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى.»[2]

3 ـ مالىك ئىبنى سۆئلەبەنىڭ قىزى خەۋلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئېرىم ئەۋس ئىبنى سامىت مېنى زىھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېرىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مەن بىلەن مۇنازىرىلەشتى ۋە: «اللە دىن قورقۇڭ، ئۇ تاغىڭىزنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى. مەن تېخى ئورنۇمدىن قوزغالماستىنلا قۇرئان نازىل بولدى: ﴿اللە ھەققەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اللە قا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، اللە ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اللە ھەققەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۈچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ، اللە، شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىدىن (يەنى زىھار قىلغانلىقىدىن) يانغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم...﴾

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئېرىڭىز) بىر قۇل ئازاد قىلسۇن» دېدى. مەن: ئۇ قۇل تاپالمايدۇ، دېدىم. ئۇ: «ئۇنداق بولسا ئۇزۇلدۇرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتسۇن» دېدى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم، روزا تۇتقىدەك كۈچى يوق، دېدىم. ئۇ: «ئۇنداق بولسا 60 مىسكىنگە تاماق بەرسۇن» دېدى. مەن: ئۇنىڭ سەدىقە

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە نەسائى قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان. ئۇنى ۋاھىدى، تەبەرى، ھاكىم، زەھەبى، ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقىمۇ رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام بەيھەقى ۋە سۇيۇتى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىلغۇدەك نەرسىسى يوق، دېدىم. ئۇ: «مەن ئۇنىڭغا بىر ئەرەق[1] خورما ياردەم قىلىمەن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر ئەرەق خورما ياردەم قىلاي، دېدىم. ئۇ: «ھەققەتەن ياخشى ئىش قىلدىڭىز، سىز بېرىپ ئۇ ئىككى ئەرەق خورما بىلەن ئۇنىڭ نامىدىن 60 مىسكىننى تويغۇزۇڭ ۋە تاغىڭىزنىڭ ئوغلى بىلەن يېنىشىۋېلىڭ» دېدى. بىر ئەرەق 60 ساغا تەڭ كېلىدىكەن[2].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ الله تائالانىڭ ئۇ ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى ئۇنىڭ شۇ سۆزىنى بىلگەنلىكىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ ـ الله، قا ھەمدى ئېيتقان كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى» دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، الله ھەققەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋەقەلىك مەخلۇقاتلارنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن، قايغۇ ـ ھەسرىتىگە ياراتقۇچى الله دىن باشقا ھېچكىمنىڭ ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن الله نىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خىتابتا ﴿ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى﴾ دەپ، ئۇ ئايالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىش بولسا، ئۇ ئايالنى بۇ قىممەتلىك خىتاب بىلەن شەرەپلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.»[3]

3 ـ زىھار قىلغۇچى ئايالىنى: ئۇ ئانام دېمەستىن، پەقەت ئانىسىغا ئوخشاتتى. شۇنداق ئىكەن، قانداق قىلىپ يامان ۋە يالغان سۆزنى قىلغان بولىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابىدا ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چوقۇم يالغان سۆز بولىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ ئايالىغا: سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاش دېگەن سۆزى يا خەۋەر بولىدۇ، يا تەلەپ بولىدۇ. ئۇنى خەۋەر دېسەك، ئەلۋەتتە يالغان سۆز بولىدۇ. چۈنكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئايال ھالالدۇر، ئانا ھارامدۇر. ھالال ئايالنى ھارام ئايالغا ئوخشىتىش بولسا، ھالال ۋە ھارام نەرسىنى سۈپەتلەشتىكى يالغانچىلىق بولىدۇ. ئۇنى تەلەپ دېسەك، يەنىلا يالغان سۆز بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسى: شەرىئەت ئۇ سۆزنى ھارام قىلىشنىڭ سەۋەبى قىلدى، دېگەنلىك بولىدۇ. شەرىئەتتە مۇنداق ئوخشىتىش

[1] بىر ئەرەق 130 كىلو 560 گىرامغا تەڭ.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 154 ـ بەت.

بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھۆكۈمنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا شۇ سۆزنى تەلەپ قىلىش يالغان سۆز ھېسابلىنىدۇ.»[1]

4 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتتىدۇ. ئۆمەر ئىشەككە مىنىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كىشىلەر بار ئىدى. ئۇ ئايال ئۆمەرنى ئۇزۇن توختىتىپ، ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلدۇ ۋە: «ئى ئۆمەر! مەن سەن بىلەن زاماندىش، سەن كىچىك چېغىڭدا ”ئۆمەير“ دەپ چاقىرىلاتتىڭ، چوڭ بولغاندا: ئى ئۆمەر! دېيىلىدىغان بولدۇڭ. ئاندىن: ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! دېيىلىدىغان بولدۇڭ. ئى ئۆمەر! پۇقرالىرىڭ ھەققىدە الله دىن قورققىن، بىلىشىڭ كېرەككى، ئۆلۈمگە ھەقىقىي ئىشەنگەن كىشى ياخشى ئىشلارنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتىن قورقىدۇ. ھېساب بېرىشكە ھەقىقىي ئىشەنگەن كىشى ئازابتىن قورقىدۇ» دېدى. ئۆمەر بولسا توختاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! مۇشۇ موماي ئۈچۈنمۇ مۇشۇنچىۋالا ئۇزۇن تۇرامسەن؟ دېدى. ئۆمەر: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ ئايال مېنى ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىتىۋالغان تەقدىردىمۇ، مەن پەرز نامازدىن باشقا ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشايتتىم. سىلەر بۇ مومايىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ سۆئلەبەنىڭ قىزى خەۋلە بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭ سۆزىنى يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ئۈستىدىن ئاڭلىغان. ئۇنىڭ سۆزىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاڭلىغان تۇرسا، ئۆمەر ئاڭلىمىسۇنمۇ؟» دېدى[2].

مەن مۇنداق باھا بېرىمەن: ئى ئۆمەر! سەندىن الله رازى بولسۇن! مانا بۇ راستچىللارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ﴾ دېگەن سۆزىدىكى ﴿سىلەردىن﴾ دېگەن خىتاب ئەرەبلەرنى ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ زىھار قىلىش ئادىتىنى قاتتىق قامچىلايدۇ. چۈنكى زىھار قىلىش ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قەسەملىرىدىن بىرى بولۇپ، باشقا ئۈممەتلەر ئىچىدە يوق ئىدى[3].

6 ـ ئىمام تىرمىزى سەلەمە ئىبنى سەخر بەيازىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئاياللارغا بەك ئامراق ئادەم ئىدىم. ھېچكىم مەندەك ئامراق بولمىسا كېرەك. رامىزان ئېيى كىرگەن چاغدا ئايالىم بىلەن تەكرار مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قېلىش تۈپەيلى تاڭ ئېتىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ قالدىم. شۇڭا رامىزان ئېيى چىقىپ كەتسۇن دەپ، ئايالىمنى زىھار قىلدىم. بىز شۇنداق كېتىۋاتقان كۈنلەردىن بىر ئاخشىمى ئايالىم مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ بەدىنى ئېچىلىپ قالدى. مەن ئۆزەمنى تۇتالماي قىلغۇلۇقنى قىلىپ سالدىم. تاڭ ئاتقاندا ئەھۋالنى قەۋمىمگە ئېيتتىم ۋە: سىلەر مەن بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىشىپ بېرىڭلار، دېدىم. ئۇلار: الله نىڭ

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 153 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 269 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 152 ـ بەت.

www.munber.org

نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنداق قىلالمايمىز، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزەم بىرىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتىم. ئۇ: «ئى ئەبۇ سەلەمە! سەن شۇنداق قىلدىڭمۇ؟» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئىككى قېتىم شۇنداق قىلدىم، مەن الله نىڭ ئەمرىگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييارمەن، الله ساڭا كۆرسەتكەن بويىچە ھۆكۈم قىلىپ قويغىن، دېدىم. ئۇ: «بىر قۇل ئازاد قىلغىن» دېدى. مەن: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، خوتۇنۇمدىن باشقا مەن ئىگىدارچىلىق قىلغۇدەك قۇل يوق، دېدىم. ئۇ: «ئۇنداق بولسا ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتقىن» دېدى. مەن: روزىغا چىداپ بولالماي شۇنداق قىلغان تۇرسام؟ دېدىم. ئۇ: «ئۇنداق بولسا 60 مىسكىنگە بىر ۋەسەق[1] خورما بەرگىن» دېدى. مەن: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله بىلەن قەسەمكى، بىزگە يېگۈدەك تاماق بولمىغانلىقتىن بىز ئاچ قورساق ئۆتتۈۋاتىمىز! دېدىم. ئۇ: «ئۇنداق بولسا سەن بەنى زەرىق قەبىلىسىنىڭ سەدىقىسىگە مەسئۇل كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ساڭا بىر ۋەسەق خورما بەرسۇن، ئاندىن سەن ئۇنى 60 مىسكىنگە يېگۈزگىن، ئېشىپ قالغىنىنى سەن ۋە خوتۇن باللىرىڭ بىرگە يەڭلار» دېدى. ئاندىن مەن قەۋمىمنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ: سىلەر مەسىلىنى قىيىنلاشتۇرۇۋاتقان ۋە يامان پىكىردە بولغان ئىدىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسانچىلىق يارىتىپ بەردى ۋە ياخشى پىكىر بەردى، ئۇ ماڭا سىلەرنىڭ سەدىقەڭلارنى بۇيرۇپ بەردى، دېدىم.[2]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

### زىھار قىلىش تالاققا ئوخشاش بولغا قويۇلدىمۇ ياكى ھارام قىلىندىمۇ؟

جاھىلىيەت دەۋرىدە زىھار قىلىش تالاق ھېسابلىناتتى. بەلكى ئۇ ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئەڭ ئېغىر تالاق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭدا خوتۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەڭگۈ ھارام قىلىنغان، ھېچقانداق ئەھۋال ئاستىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغان ئانىغا ئوخشىتىلىدۇ. ئىسلام دىنى كېلىپ، بۇ ھۆكۈمنى بىكار قىلدى. زىھارنى ئەر كەففارەت بەرگەنگە قەدەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھارام قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىپ بېكىتتى. ئۇنى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر تالاق ھېسابلىغاندەك، تالاق قىلىپ بېكىتمىدى. شۇڭا بىرى ئايالىنى تالاق قىلىشنى ئىرادە قىلىپ زىھار قىلسا، زىھار بولاتتى. ئەگەر زىھار قىلىشنى ئىرادە قىلىپ تالاق قىلسا،

---

[1] بىر ۋەسەق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سا ئۆلچىمىدە 60 سا كېلىدۇ.

[2] ئىمام تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 271 ـ بەت.

تالاق بولاتتى. ئېتىبار نىيەتكە ئەمەس، سۆزگە باغلىقتۇر. ئۇ ئىككى سۆزنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا بولالمايدۇ.

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «زىھار جاھىلىيەت دەۋرىدە تالاق ھېسابلىناتتى. ئىسلام دىنى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇڭا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھۆكۈمگە قايتىشقا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئەۋس ئىبنى سامىت ھەققىدە خوتۇنىنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن تالاق قىلىش نىيىتى بىلەن زىھار قىلغان ئىدى. شۇنداق تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا تالاقنىڭ ھۆكمى ئەمەس، زىھارنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئوپئوچۇق ھۆكۈمدۇر. شۇڭا الله تائالا ھۆكۈم بەلگىلەش بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغان ئۇ ھۆكۈمنى كىنايە قىلىشقا بولمايدۇ. الله نىڭ ھۆكمى ھەقتۇر ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپتۇر. الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت بۇ ئايىتى كەرىم زىھار قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەلكى شافىئىي مەزھىبىنىڭ فىقھشۇناسلىرى زىھار قىلىشنى چوڭ گۇناھلاردىن دەپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلغان كىشىنى شەرىئەتنى ئىنكار قىلغۇچى سەركەش دەپ ھېسابلىغان. ئۆلىمالار زىھار قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا قەدەم بېسىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ يالغان ۋە بوھتان سۆزدۇر. ئۇ تالاقتىن باشقا نەرسىدۇر. تالاق قىلىش بولسا يولغا قويۇلغان، ئەمما زىھار قىلىش بولسا مەنئى قىلىنغان. ئەگەر ئىنسان زىھار قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، ھارام ئىشنى قىلغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.»[1]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

زىھار قىلىش قانداق ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

ئەگەر ئەر خوتۇنىنى زىھار قىلسا، ئۇنىڭغا مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلىش لازىم بولىدۇ:

1 ـ ئەر زىھار قىلغانلىقىنىڭ كەففارىتىنى بەرگەنگە قەدەر، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھارامدۇر. چۈنكى الله تائالا: ﴿(ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم﴾ دېدى.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىدىن (يەنى زىھار قىلغانلىقىدىن) يانغانلار...﴾ دېگەنلىكى ئۈچۈن زىھار قىلغانلىقىدىن يېنىش بىلەن كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. الله خالىسا، "يېنىش" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۈچىنچى ھۆكۈمدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرگە ۋە «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

www.munber.org

ئەرنىڭ زىھار قىلغان ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشى ھارام بولغىنىدەك، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرىكى يۈز بېرىدىغان سۆيۈش، قۇچاقلاش ۋە باشقا بەھرىمەن بولۇش ئىشلىرىمۇ ھارام بولىدۇ. بۇ، ھەنەفى، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن ئىبارەت كۆپچىلىكنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام سەۋرى، شافىئىي (ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە) مۇنداق دەيدۇ: «ھارام بولغان نەرسە پەقەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتۇر. چۈنكى يېقىنچىلىق قىلىش كۆچمە مەنىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىپادىلەيدۇ.»[①]

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ﴿(ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى﴾ دېگەن ئايەت ئامىباب بولۇپ، بارلىق بەھرىمەن بولۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھارام بولۇش سەۋەبى: سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش دەپ ئوخشاتقانلىق تۈپەيلىدىن بولغان. شۇڭا ئانىنى قۇچاقلاش ۋە بارلىق بەھرىمەن بولۇش ئىشلىرىنى قىلىش ھارام بولغىنىدەك، بۇ ئوخشىتىشقا ئەمەل قىلغان ئاساستا، زىھار قىلىنغان خوتۇن بىلەن بارلىق بەھرىمەن بولۇش ئىشلىرى ھارام بولىدۇ.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىنى زىھار قىلغان ئادەمنى كەففارەت بەرگەنگە قەدەر ئايالىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان[②].

ئىمام شافىئىي ۋە سەۋرىنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئايەت يېقىنچىلىق قىلىشنى بايان قىلدى. ئۇ كۆچمە مەنىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ھارام بولغان نەرسە شۇنىڭغا قىسقارتىلىشى كېرەك.

2 ـ زىھار قىلىشنىڭ سەۋەبىدىن ھارام بولۇش نىكاھقا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە ئەمەس. شۇڭا ئۇ كىندىك بىلەن تىزنىڭ ئارىسىدىكى جايلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى ھارام قىلىدىغان ھەيزگە ئوخشايدۇ.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشى بەكرەك توغرىدۇر. چۈنكى پاسىل ئەتراپىدا يۈرگەن كىشى پاسىلدىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمام فەخرۇددىن رازى ئىمام شافىئىينىڭ بۇ ھەقتە بىرى، پەقەت جىنسىي

---

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 274 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 423 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييازنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 233 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 156 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 6 ـ بەت.

[②] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «اللە ساڭا رەھمەت قىلسۇن! سېنىڭ شۇنداق قىلىشىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەيدۇ. ئۇ: مەن ئاي يورۇقىدا خوتۇنۇمنىڭ خالخالىنى كۆرۈپ قالدىم دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە سېنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىغىچە خوتۇنۇڭغا يېقىن كەلمىگىن» دەيدۇ.

مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ھارام بولىدۇ دېگەن، يەنە بىرى، بارلىق بەھرىمەن بولۇش ئىشلىرى ھارام بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىككى قارىشىنىڭ بارلىقىنى نەقىل قىلىپ: «كېيىنكى قاراش كۈچلۈكتۇر»[1] دەيدۇ.

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

ئايەتتىكى كەرىمدىكى «يېنىش» دېگەن سۆز نېمە مەنە بېرىدۇ؟

فىقھشۇنارلار الله تائالانىڭ: ﴿ئاندىن قىلغان سۆزىدىن (يەنى زىھار قىلغانلىقىدىن) يانغانلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى «يېنىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشقا كەلگەن.

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يېنىش ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقا يېنىشنى ئىرادە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.»

2 ـ ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يېنىش ئايالىنى زىھار قىلغاندىن كېيىن تالاق قىلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۇنى نىكاھىدا تۇتۇشقا يېنىشنى كۆرسىتىدۇ.»

3 ـ ئىمام مالىك ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يېنىش ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقا يېنىشنى ياكى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ۋە ئۇنى نىكاھىدا ساقلاشقا يېنىشنى ئىرادە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.»

4 ـ زاھىرى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يېنىش زىھار قىلىش سۆزىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاشنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىمىسا، زىھار چۈشمەيدۇ.»

ئالدىنقى ئۈچ قاراش مەنە جەھەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر. چۈنكى نىكاھىدا تۇتۇشقا يېنىش، ياكى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقا يېنىش ۋە ياكى زىھار قىلغاندىن كېيىن تالاقسىز تۇتۇپ تۇرۇشقا يېنىشنىڭ ھەممىسى ئايالىنى زىھار قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ۋە زىھار قىلغان ئايالى بىلەن بىرگە ياشاشقا ئىرادە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە: «ئۇلار زىھار قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە ھارام قىلغان نەرسىنى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن ھالال قىلىشقا يانغانلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ھەقتە يەتتە خىل قاراشنىڭ بارلىقىنى ساناپ ئۆتكەن. ئىمام فەررائ مۇنداق دەيدۇ: «ئايەت: قىلغان سۆزىدىن قايتقانلار، قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ ئۇنى بۇزغانلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

### زاھىرى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

زاھىرى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «يېنىش دېگەن سۆز زىھار قىلىش لەۋزىنى تەكرارلاش ۋە ئۇنى قايتا تىلغا ئېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا زىھار قىلغۇچى ئۇ

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 156 ـ بەت.

www.munber.org

سۆزنى قايتا تەكرارلىمىسا يەنى ئىككىنچى قېتىم زىھار قىلمىسا، كەففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ: ئۇ كىشى شۇ ئىشقا ياندى دېگەن سۆزى ئۇ كىشى شۇ ئىشنى ئىككىنچى قېتىم يەنە قىلدى دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. اللّٰه تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى﴾[1]. شۇڭا زىھار ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانمىسا، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ھارام بولمايدۇ.»

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەرەب تىلى سۆزلۈكلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ سۆزىدۇر.»

ئەبۇ ئەلى فارىسى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇلار داۋا قىلغاندەك ئەمەس. چۈنكى يېنىش دېگەن سۆز ئىنسان ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ئىشقا يېنىشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن ئاخىرەت كۈنى: «ئاخىر قايتىدىغان جاي» دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئاخىرەتتە ھېچكىم يوق. ئاندىن ئىنسانلار ئۇ جايغا قايتىپ بارىدۇ.»

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراش داۋۇد زاھىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ نادانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ كەسكىن ھالدا خاتا سۆزدۇر. چۈنكى زىھار قىلغۇچىلارنىڭ ۋەقەلىكلىرى رىۋايەت قىلىندى. ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئۇ سۆزنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىغانلىقى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنە جەھەتتىنمۇ ئۇ سۆزنىڭ خاتالىقى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى اللّٰه تائالا ئۇنى: «يامان سۆز، يالغان سۆز» دەپ سۈپەتلىدى. شۇنداق ئىكەن، قانداقمۇ: ئەگەر سەن ھارام قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن بۇ سۆزنى ياندۇرۇپ قىلساڭ، ئاندىن كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، دېيىلسۇن؟»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن، كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ: بۇ يېنىش زىھار قىلىش لەۋزىنى تەكرارلاشنى ئەمەس، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشقا يېنىشنى، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئىرادە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قارىشى لۇغەت جەھەتتىنمۇ، شەرىئەت جەھەتتىنمۇ ئەقلىغا سىغىدىغان توغرا قاراشتۇر. چۈنكى زىھار قىلغۇچى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئۆزىگە ھارام قىلدى. ئۇ بۇ سۆزنى بۇزۇپ، ئايالىنى ئۆزىگە قايتۇرۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئەمما زاھىرى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ سۆزىگە كەلسەك، ئۇ خاتا قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ دەلىلى يوق. بەلكى ئۇ خاتا چۈشەنچىنىڭ تەسىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار شەرىئەتنىڭ نۇرغۇن ھۆكۈملىرىدە تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان. ئەۋس ئىبنى سامىتنىڭ ھەدىسى

[1] سۈرە ئەنئام، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 281 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 184 ـ بەت.

ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر. چۈنكى ئۇ ئايالىنى ئىككىنچى قېتىم زىھار قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇنى كەففارەت بېرىشكە بۇيرۇغان. سەلەمە ئىبنى سەخرنىڭ ھەدىسىدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەففارەت بېرىشكە بۇيرۇغان. ھالبۇكى، ئۇ زىھار قىلىش سۆزىنى تەكرارلىمىغان. بۇ ئىككى شەخسنىڭ ۋەقەلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مانا بۇلار يېتەرلىك كەسكىن دەلىلدۇر. خاتالىقلاردىن مەسۇم بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئالدىدا ھېچكىمنىڭ قارىشى ئېناۋەتكە ئېلىنمايدۇ.

## تۆتىنچى ھۆكۈم

زىممىي ۋە ئەھلى كىتابقا ئوخشاش مۇسۇلمان ئەمەس ئادەم زىھار قىلسا بولامدۇ؟

ھەنەفى، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن ئىبارەت كۆپچىلىك ئۆلىمالار: زىممىي ئادەم زىھار قىلسا زىھار بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى الله تائالا: ﴿سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلار﴾ دېدى. الله تائالانىڭ: ﴿سىلەردىن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى مۇسۇلمان ئەمەس ئادەمنىڭ بۇ ھۆكۈمگە كىرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «زىممىي كەففارەت بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەردىن ئەمەس. چۈنكى كەففارەتتە قۇل ئازاد قىلىش ۋە روزا تۇتۇش بار. روزا تۇتۇش ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەمەس ئادەمگە دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ زىھار قىلىشى زىھار ھېسابلانمايدۇ.» ئۇ ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا زىھار پەقەت ئەقلى - ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان ئەردىن سادىر بولىدۇ.

شافىئىي مەزھىبىگە كەلسەك، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «زىممىي ئادەم قىلغان تالاق توغرا بولغان ۋە ئۇنىڭغا تالاقنىڭ ھۆكۈملىرى يۈكلەنگەندەك، ئۇنىڭ زىھار قىلىشىمۇ زىھار ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قۇل ئازاد قىلىش ۋە تاماق بېرىش بىلەن كەففارەت بېرىدۇ. روزا تۇتۇش بىلەن كەففارەت بەرمەيدۇ. چۈنكى روزا تۇتۇش ئىبادەتتۇر. ئىبادەت پەقەت مۇسۇلماندىن قوبۇل قىلىنىدۇ.»[1]

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئىمام شافىئىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كەففارەت بېرىشتە نىيەتنى، قۇل ئازاد قىلىشتا ئىماننى شەرت قىلىدىغان تۇرۇقلۇق زىممىنىڭ زىھار قىلىشى زىھار ھېسابلىنىدۇ دەيدۇ. كاپىر مۆمىنگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغۇ؟»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. ئۇلارنىڭ قۇل ئازاد قىلىش ۋە روزا تۇتۇش بىلەن كەففارەت بېرىشكە كەلتۈرگەن دەلىلى تېخىمۇ

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رەھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 5 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 276 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 233 ـ بەت.

www.munber.org

كۆچلۈكتۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئايىتى كەرىمدىكى ﴿سىلەردىن﴾ دېگەن سۆيەتىنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن دەلىل كەلتۈرۈشكە كەلسەك، بۇ تازا كۈچكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى ئايەت پەقەت ئەرەبلەر ئىچىدە تونۇلۇپ كېلىۋاتقان زىھار قىلىش ئادىتىنى قامچىلاپ ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەپ كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ قارىشىنى كۆرسىتىدىغان نەرسە يوق.

## بەشىنچى ھۆكۈم

### دېدەكنى زىھار قىلسا دۇرۇس بولامدۇ؟

1 - ھەنەفى، ھەنبەلى ۋە شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرى مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر بىر ئادەم دېدىكىنى زىھار قىلسا، زىھار ھېسابلانمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىھارنىڭ ھۆكۈملىرى يۈكلەنمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا: ﴿ئاياللىرىنى﴾ دېدى. ئاياللار، دېگەن بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە دېدەكلەرگە ئەمەس، ئەرلىك خوتۇنلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ دەلىل بولالايدۇ: ﴿يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن﴾[1]. شۇڭا ئايەتتىكى ئاياللار دېگەن سۆز ھۆر ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ.

2 - ئىمام مالىك مۇنداق دەپ قارايدۇ: دېدەكنى زىھار قىلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھۆر ئايالغا ئوخشايدۇ.

3 - ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دېدەكنى زىھار قىلغان ئادەم زىھار قىلغۇچى بولمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا زىھارنىڭ كەففارىتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.»[2]

## ئالتىنچى ھۆكۈم

### خوتۇن كىشى زىھار قىلسا بولامدۇ؟

فىقھشۇناسلار ئاياللارنىڭ زىھار قىلىش ھەققىنىڭ يوقلۇقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئەگەر بىر ئايال: «سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش» دەپ، ئېرىنى زىھار قىلسا، ئۇ ئايالغا كەففارەت كەلمەيدۇ ۋە ھېچقانداق مەجبۇرىيەت يۈكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارسىزدۇر.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، مەنە جەھەتتە تولىمۇ توغرا سۆزدۇر. چۈنكى نىكاھتا نىكاھنى چېگىش ۋە ئۇنى ئاجرىتىش، ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىش ئىشلىرى ئەرلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئاياللارنىڭ قولىدا ئەمەس.»

---

[1] سۈرە نۇر 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 - جىلد، 421 - بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 189 - بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 152 - بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 - جىلد، 10 - بەت.

ئىمام ئەھمەدنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر ئېرى ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق قىلسا، ئايالىغا كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.»[1]

## يەتتىنچى ھۆكۈم

### زىهار ئانا بىلەنلا قىلىنامدۇ؟

1 ـ كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەپ قارايدۇ: زىهار ئانا بىلەنلا قىلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە شۇنداق بايان قىلىندى. پاك سۈننەتتىمۇ شۇنداق بايان قىلىندى. ئەگەر ئەر ئايالىغا: «سەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاش» دېسە، زىهار قىلغۇچى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنىڭغا: «سەن مەن ئۈچۈن ھەمشىرەمنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاش» دېسە، ياكى: «قىزىمنىڭ ئۈچىسىغا ئوخشاش» دېسە، زىهار قىلغۇچى بولمايدۇ.

2 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (ۋە ئىمام شافىئىي ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە): مەھرەم بولىدىغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئانىغا قىياس قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا زىهار قىلىش ئەرنىڭ ئايالىنى نەسەب سەۋەبى بىلەن ياكى قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبى بىلەن ۋە ياكى ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئېلىشى مەڭگۈ ھارام بولغان مەھرەم ئاياللارنىڭ بىرىگە ئوخشىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى سەۋەب مەڭگۈلۈك ھارام بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئەر ئايالىنى ھۆرمەتلەش ۋە چوڭ بىلىش يۈزىسىدىن: ئى ھەمشىرەم! دېسە، ياكى: ئى ئانا! دېسە، زىهار قىلغۇچى بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق دېيىشى ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئەبۇ تەمىيمە ھەجىيمىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ ئايالىغا: ئى ھەمشىرەم! دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ سۆزنى ياقتۇرمىغان ۋە ئۇنى ئۇنداق سۆزنى قىلىشتىن توسقان.

## سەككىزىنچى ھۆكۈم

### زىهارنىڭ كەففارىتى قايسىلار؟

ئۇنىڭ كەففارىتى بىر قۇل ئازاد قىلىشتۇر. ئەگەر زىهار قىلغۇچى ئازاد قىلىشقا قۇل تاپالمىسا، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتىدۇ. ئەگەر روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىسا، 60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تويغىدەك تاماق بېرىدۇ. بۇ ھۆكۈملەرنى ئايەت ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1 ـ قۇل ئازاد قىلىش: ئايەتتە ”قۇل“ دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى. ئۇنداقتا قانداقلا بىر قۇلنى ئازاد قىلسا، ئەگەر ئۇ قۇل كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ كۇپايە قىلامدۇ؟

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: زىهارنىڭ كەففارەتتە مەيلى كاپىر قۇل بولسۇن ياكى مۆمىن قۇل بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى دېدەك بولسۇن، مەيلى چوڭ

[1] «ئەلفىقهۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا، ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرگە ۋە ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرگە قاراڭ.

www.munber.org

بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھەتتا بوۋاق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئازاد قىلىش كۇپايە قىلىدۇ. قۇل دېگەن ئىسىم ھەممىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شافىئىي ۋە مالىكى مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: قۇل ئازاد قىلىشتا ئىمان شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا مۆمىن قۇلدىن باشقىنى ئازاد قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى اللّٰه تائالا قاتىللىق جىنايىتىنى بايان قىلغان ئايەتتە: ﴿بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم﴾[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن، شەرتسىز بايان قىلىنغان ئايەت شەرتلىك بايان قىلىنغان ئايەت بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ھەر ئىككىلى ئايەتتىكى سەۋەبتە جىنايەتكە رۇخسەت قىلماسلىق بىرلىشىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «شەرتسىز بايان قىلىنغان ئايەت شەرتلىك بايان قىلىنغان ئايەت بىلەن چۈشەندۈرۈلمەيدۇ، پەقەت بىر ھۆكۈم ۋە بىر ۋەقەلىكتىن بولغان ئەھۋالدا شۇنداق چۈشەندۈرۈلسە بولىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنداق قىلىش ئەقلىي جەھەتتىنمۇ توغرا بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى ھەم شەرتسىز ھەم شەرتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: قەسەمنىڭ كەففارىتىدە روزا تۇتۇش بايان قىلىنغان ئايەتنى ئالساق، ئۇ ئايەت شەرتسىز بايان قىلىنغان، ھەممە باشقا قىرائەتلەرگە ئوخشاش ئوقۇش دۇرۇس بولغان مەشھۇر قىرائەتتە بۇ روزىنى ئۇزۇلدۇرمەي تۇتۇش شەرت قىلىنىپ كەلگەن.»[2]

بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ئاساسىي ۋە شاخچە ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان كىتابلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەدنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىككى خىل قارىشىنىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىنغان[3].

2 - ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇش: كىمكى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭ ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. ئاي يېڭى چىققان ئاي بىلەن باشلىنىدۇ. 29 كۈنلۈك ئاي بىلەن 30 كۈنلۈك ئاينىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. ئەگەر ئۇ يېڭى چىققان ئايغا قارىماي روزا تۇتسا، ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا چوقۇم 60 كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك.

شافىئىي ۋە مالىكىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا بولسا، ئۇ يېڭى چىققان ئاينى كۆرگۈچە روزا تۇتىدۇ. ئاندىن يېڭى چىققان ئاي بىلەن بىر ئاي روزا تۇتىدۇ، ئاندىن ئالدىنقى ئاينىڭ كېمىنى سان بىلەن تولدۇرىدۇ[4].

---

[1] سۈرە نىسا، 92 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 - جىلد، 11 - بەت.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 157 - بەت.
[4] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 - جىلد، 14 - بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 234 - بەت.

3 ـ 60 مىسكىنگە تاماق بېرىش: كىمكى، يا روزا تۇتۇشقا ئەسلىدىنلا قادىر بولالماسلىق بىلەن، يا قېرىپ قېلىش ياكى كېسەل بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن (ئادەتتە بۇ كېسەلنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد بولمىسا ياكى دوختۇر[1] روزا تۇتماسلىقتا تەۋسىيە قىلغان بولسا) ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالماسلىق بىلەن ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتالمىسا، مۇنداق ئەھۋالدا ئۇ 60 مىسكىنگە تاماق بېرىشى لازىم.

فىقھشۇناسلار ھەر بىر مىسكىنگە بېرىلىدىغان تاماقنىڭ مىقدارى ھەققىدە مۇنداق قاراشلارغا كەلدى:

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «زاھىرى مەنىدىن ئالغاندا قانداقلا تاماق بەرسە بولىدۇ. قانداق تاماق بېرىشنى بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتىكى ئادەت خاسلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ تاماقنى مۇد بىلەن ئۆلچەمەستىن، تويغىچە تاماق بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.»[2]

ئىمام مالىك ۋە شافىئىينىڭ قارىشىدا 60 مىسكىندىن ئاز ئادەمگە تاماق بەرسە كەففارەت ئادا تاپمايدۇ[3].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ھەر كۈنى بىر مىسكىنگە بىرىم سا تاماق بېرىپ سانىنى تولدۇرسا، كەففارەت ئادا بولىدۇ.»[4]

### توققۇزىنچى ھۆكۈم

كەففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان بولسا، كەففارەت ئېغىرلىتىلامدۇ؟

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر زىھار قىلغۇچى كەففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولسا، گۇناھكار بولىدۇ ۋە اللە قا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. كەففارەتنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئۇنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ.

2 ـ كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۇ گۇناھكار بولىدۇ ۋە اللە قا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ گۇناھىدىن تەۋبە قىلىشى، مەغپىرەت تىلىشى، بىر قېتىم كەففارەت بەرگەنگە قەدەر ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشنى توختىتىشى كېرەك.

ئەبۇ بەكرى رازى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «زىھار قىلىش كەففارەتنى ۋاجىپ قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھارام قىلىدۇ. بۇ ھارام قىلىنغان

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 14 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 234 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 387 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 234 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 158 ـ بەت.
[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 277 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 157 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 233 ـ بەت.

www.munber.org

ھۆكۈم پەقەت كەففارەت بېرىش بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەر ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمىسا، ئۇنىڭغا كەففارەت كەلمەيدۇ. خوتۇنى ئۆلۈپ قالغان ياكى ھايات ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئەرگە ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. چۈنكى زىھارنىڭ ھۆكمى كەففارەت بەرگەنگە قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ۋاقىتلىق ھارام قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. قاچانغىچە كەففارەت بەرمىسە، ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر جىنسىي مۇناسىۋەت قىلسا، زىھار ۋە كەففارەت ساقىت بولىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، زىھارنىڭ ھۆكمىنى ۋە زىھارنىڭ سەۋەبىدىن ۋاجىپ بولغان كەففارەتنى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى﴾. قاچان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش يۈز بەرسە، شەرت يوقىلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە كەففارەت ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ھەربىر پەرز ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئىگە بولىدۇ ياكى شەرتكە باغلىق بولىدۇ. قاچانكى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە ۋە شەرت تېپىلمىسا، ئالدىنقى سۆز بويىچە ھۆكۈمنى ۋاجىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئوخشاش ھۆكۈمنى ئىككىنچى بىر ۋاقىتتا ۋاجىپ قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر دەلىل كېرەك بولىدۇ. زىھارنىڭ ھۆكمىمۇ، ئەگەر كەففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ئايەتكە ئاساسەن ئەنە شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بىر ئادەم خوتۇنىنى زىھار قىلىدۇ، ئاندىن كەففارەت بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ مەسىلىنى سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «اللە دىن مەغپىرەت تىلىگىن، كەففارەت بەرگەنگە قەدەر ئۇ ئىشنى قايتا تەكرارلىمىغىن» دەيدۇ. دېمەك، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىنكى ھارام بولۇش بولسا، سۈننەت بىلەن ۋاجىپ بولغان.»[①]

### كۈچلۈك قاراش

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشى توغرا بولۇپ، زىھار قىلغۇچى بۇ قىلمىشى بىلەن گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا بىر قېتىم كەففارەت بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

**1** ـ ئەگەر دۇئا قىلغۇچى ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلسا، اللە راستچىل شىكايەتچىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

[①] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 420 ـ بەت. ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە، نەسائى، دارۇقۇتنى، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

2 ـ خوتۇنىنى نىكاھلىنىش مەڭگۈ ھارام بولغان مەھرەم ئاياللاردىن بىرىگە ئوخشىتىش دۇرۇس ئەمەس.

3 ـ زىھارنىڭ كەففارىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى خوتۇنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش دۇرۇس ئەمەس.

4 ـ كەففارەت تۈرلىرى تەرتىپ بويىچە بولۇپ، ئالدىنقىسىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلمىگىچە كېيىنكىسىگە ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

5 ـ الله نىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش ۋاجىپتۇر. ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى توي قىلىشنى مەڭگۈلۈك تۇرمۇش يولى قىلىپ بېكىتتى. ئۇنى پەقەت پۈتۈن لەززەتلەرنى ئۇزۇپ تاشلايدىغان ياكى الله ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ھالال نەرسىدىن ئىبارەت تالاق ئۈزۈۋېتەلەيدۇ. ئەر ئۇچۈن توي قىلىش بىلەن خوتۇنىنىڭ ھەممە نەرسىسى الله تائالا ئۇنىڭغا ھالال قىلىپ بەرگەن بەلگىلىمىلەر ئىچىدە ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان الله ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، ھالال نەرسىنى ھارام قىلسا، ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن بولىدۇ ۋە الله ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن قانۇنلاردىن ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جازاسى ئېغىردۇر.

كەففارەتنىڭ بىرىنچى تۈرى بولسا، جەمئىيەتكە پايدىلىق قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قۇل ئازات قىلىشتۇر. مانا بۇ، قۇللارنى ئازادلىققا چىقىرىش يوللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر زىھار قىلغۇچى قۇل سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇدا ئىككى ئاي ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتىدۇ. روزا تۇتۇش بولسا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تۈزەيدىغان، ئىچكى دۇنياسىنى تەربىيىلەيدىغان، قېيىپ كەتكەن يەرلىرىنى تۈزلەيدىغان مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھۆكۈم تەن ـ سالامەتلىكى ساغلام ئادەمگە قارىتىلىدۇ. الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. شۇڭا روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمايدىغان كېسەل ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋاجىپ يەنە جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان نەرسىگە يۆتكىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ 60 مىسكىنگە بىر ۋاخ تويغىدەك تاماق بېرىدۇ. كەففارەتنىڭ تۈرلىرى مانا مۇشۇنداق رەۋىشتە جەمئىيەت بىلەن شۇ ئادەمگە پايدىلىق بولغان مەنپەئەتلەر ئارىسىدا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ.

www.munber.org

بۇ، ھالال نەرسىنى ھارام قىلغان ئادەمنىڭ جازاسى بولۇپ، مۆمىنلەر بۇ ئېغىر جازادىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلىشىش

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قِيلَ لَكُمۡ تَفَسَّحُواْ فِي ٱلۡمَجَٰلِسِ فَٱفۡسَحُواْ يَفۡسَحِ ٱللَّهُ لَكُمۡۖ
وَإِذَا قِيلَ ٱنشُزُواْ فَٱنشُزُواْ يَرۡفَعِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡعِلۡمَ دَرَجَٰتٖۚ وَٱللَّهُ بِمَا
تَعۡمَلُونَ خَبِيرٞ ﴿١١﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نَٰجَيۡتُمُ ٱلرَّسُولَ فَقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَةٗۚ
ذَٰلِكَ خَيۡرٞ لَّكُمۡ وَأَطۡهَرُۚ فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴿١٢﴾ ءَأَشۡفَقۡتُمۡ أَن تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ
يَدَيۡ نَجۡوَىٰكُمۡ صَدَقَٰتٖۚ فَإِذۡ لَمۡ تَفۡعَلُواْ وَتَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ
وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿١٣﴾ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سورۇندا بەزىلەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، اللّٰه سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، اللّٰه سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، اللّٰه سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار. ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ، ئاندىن سۆزلىشىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىراقتۇر ۋە پاكراقتۇر، ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان نەرسە) تاپالمىساڭلار (سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ) چۈنكى اللّٰه ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (سىلەر رەسۇلۇللا بىلەن) مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟ سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، اللّٰه سىلەرنى ئەپۇ قىلدى، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن اللّٰه تولۇق خەۋەرداردۇر﴾.

ـــ سۈرە مۇجادەلە 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

تَفَسَّحُوا: (ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار) يەنى سورۇننى كېڭەيتىپ، بىر ـ بىرىڭلارغا ئورۇن ھازىرلاپ بېرىڭلار.

اَنْشُزُوا: (ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «نەشز» بولۇپ، تۆپىلىك، دۆڭ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە: ﴿(باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار﴾ دېيىلدى. يەنى بۇ ئايەت: ئورنۇڭلاردىن قوپۇپ بېرىڭلار دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن قوپۇپ، ئورۇن بوشىتىپ بېرىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[1].

دَرَجَتٍ: (بىر قانچە دەرىجە) يەنى يۇقىرى مەرتىۋە. ئۇ سۆز «دەرىجە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، يۇقىرى مەرتىۋىنى كۆرسىتىدۇ.

نَجْوَىٰكُمْ: (مەخپىي سۆزۈڭلار)، «نەجۋا» دېگەن بۇ سۆز ئۆزئارا مەخپىي سۆزلىشىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە: ئەگەر سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرەر ئىش ئۈستىدە مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

وَأَطْهَرُ: (پاكراقتۇر) يەنى شۇنداق قىلىش ئۆزەڭلار ئۈچۈن اللہ نىڭ دەرگاھىدا پاكراق ۋە ياخشىراقتۇر.

ءَأَشْفَقْتُمْ: (قورقتۇڭلارمۇ؟)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىشفاق» بولۇپ، يامان ئىش يۈز بېرىشىدىن قورقماق، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە: سىلەر سەدىقە بېرىشتىن قورقتۇڭلارمۇ، بېخىللىق قىلدىڭلارمۇ، سەدىقە بېرىش سىلەرگە ئېغىر كەلدىمۇ؟ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ﴿قورقتۇڭلارمۇ؟﴾ دېگەن ئايەت سەدىقە بېرىشتىن بېخىللىق قىلدىڭلارمۇ؟ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[2].

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سورۇندا بەزىلەر سىلەرگە﴾: يېڭى كەلگەن قېرىنداشلىرىڭلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار دېسە، ئۇلارغا ﴿ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار﴾، ئۇلارمۇ سورۇندىن تېگىشلىك ئورنىنى ئالسۇن. شۇنداق قىلىش ئاراڭلاردىكى دوستلۇق ۋە مېھرى - مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ئۆزئارا ئىناق بولۇشقا، كۆڭۈلنى پاك تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئورۇن چىقىرىپ بەرسەڭلار، اللہ تائالا سىلەرگە رەھمىتىنى كەڭ قىلىدۇ، دىللىرىڭلارنى نۇرلاندۇرىدۇ، سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭچىلىك يارىتىپ بېرىدۇ.

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 28 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 303 ـ بەت

www.munber.org

ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە: نامازغا تۇرۇڭلار، جىھادقا ئاتلىنىڭلار، ياخشى ئىش قىلىشقا يۈرۈڭلار دېيىلسە، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىڭلار ياكى سىلەرگە: باشقىلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار دېيىلسە، ئىتائەت قىلىڭلار. الله تائالا ھەقىقەتەن ئىتائەتمەن بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. مۆمىنلەرنىڭ ۋە ئىگەللىگەن ئىلىملىرى بىلەن الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەيدىغان ئەمەلىيەتچان ئۆلىمالارنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. «الله كىمگە ياخشىلىقنى ئىراده قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ.»[1] الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يۇقىرى مەرتىۋە سورۇنلارنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇش بىلەن ئەمەس، ئىلىم ۋە ئىمان بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرەر ئىش ئۈستىدە مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولغاندا سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. مۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ، كەمبەغەللەرگە پايدا يەتكۈزىدۇ. ئىخلاسمەن مۆمىن بىلەن قىزىلكۆز مۇناپىقنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلىش دىللار ۋە قەلبلەر ئۈچۈن ﴿پاكراقتۇر﴾. الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىرەكتۇر. ئەگەر مۆمىن سەدىقە بېرىشكە مۇيەسسەر بولالمىسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئاندىن كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا ئىنسانىنىڭ سەدىقە ۋە باشقا ئەمەللەرگە ئوخشاش ياخشى ئەمەللەردىن قورقماسلىقىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەدىقە بېرىشكە پۇل ـ مال كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن قورقتۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سىلەر بۇيرۇلغان بۇ سەدىقىنى بېرەلمىسەڭلار، ﴿الله سىلەرنى ئەپۇ قىلدى﴾ ۋە سەدىقە بەرمەسلىككە ڭلارغا رۇخسەت قىلدى. ﴿نامازنى ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار﴾، بۇ ئىككى ئىبادەتتە ۋە باشقا ئىبادەتلەردە بوشاڭلىق قىلماڭلار. چۈنكى الله ﴿قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جۈمە كۈنى سۇپا ئىگىلىرى ئارىسىدا تار بىر جايدا ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر قىسىم كىشىلەر كەلدى. ئۇلار ئىچىدە سابىت ئىبنى قەيس بار ئىدى. سورۇنغا ئادەملەر بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاچقا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ! دەپ سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

سالامىنى ئېلىپ ئالدى. ئاندىن ئۇلار ئولتۇرغانلارغا سالام قىلدى. ئۇلارمۇ ئۇلارنىڭ سالامىنى ئېلىپ ئالدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىشىنى كۈتۈپ بىر مەھەل ئۆرە تۇرۇپ قېلىشتى. لېكىن ئولتۇرغانلار ئۇلارغا ئورۇن چىقىرىپ بەرمىدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلدى. ئاندىن ئۇ ئەتراپىدىكى بەزى كىشىلەرگە: «ئى پالانى! سەن ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئى پوستانى! سەن ئورنۇڭدىن تۇرغىن» دەپ، كەلگەنلەرنىڭ سانىغا تەڭ بىرقانچە كىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. بۇ ئەھۋالمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزۇلغانلارغا ئېغىر كەلدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن نارازىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مۇناپىقلار بۇ ئىشنى پۇرسەت بىلىپ: بالدۇر كېلىپ ئورۇن ئالغان ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى سورۇنغا كېچىكىپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن قوپۇرۇۋېتىپ ئادىل ئىش قىلمىدى، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سورۇندا بەزىلەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، اللە سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى[1].

2 ـ ئىبنى ئابباس ۋە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ئۆزلىرىنى باشقىلارغا مەرتىۋىلىك كىشىلەردەك كۆرسىتىشنى كۆزلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئېھتىياجى يوق ئىشلاردىمۇ مەخپىي سۆزلىشىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەڭ قورساق ئادەم بولۇپ، ھېچكىمنى رەت قىلمايتتى. شۇڭا: ﴿ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.»[2]

3 ـ مۇقاتىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بايلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تولا مەخپىي سۆزلىشەتتى، سورۇندا كەمبەغەللەرگە سۆز قىلىش پۇرسىتى بەرمەيتتى. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئۇزۇن ئولتۇرۇشنى ۋە مەخپىي سۆزلىشىشنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ﴿ئى مۆمىنلەر! پەيغەمبەر بىلەن مەخپىي سۆزلەشمەكچى بولساڭلار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.»[3]

---

[1] ئىبنى ئەبۇ ھاتەم بۇ ھەدىسنى مۇقاتىل ئىبنى ھەييانىدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 297 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 28 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 191 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 164 ـ بەت.

[2] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 237 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 30 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 301 ـ بەت.

[3] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 30 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 195 ـ بەت.

www.munber.org

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللہ تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزئارا دۈشمەنلىككە ۋە نەپرەتلىنىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ، بۇ ئايەتلەردە دوستلۇقنى ۋە مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇرۇشقا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلاشقا قاتتىق ھېرىس ئىدى. شۇڭا ئۇلار قېرىنداشلىرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن سورۇنلاردا ئۇلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىشكە بۇيرۇلدى. گۇناھ بولىدىغان ۋە دۈشمەنلىكنى قوزغايدىغان ئىشلار بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشنى مەنئى قىلغان ئايەتلەردىن كېيىن بۇ ئايەتلەرنىڭ كېلىشىدىكى سىر دەل مانا مۇشۇدۇر.

2 ـ اللہ تائالا ئايەتنىڭ بېشىدا مۆمىنلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۆلىمالارنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلدى. گەرچە ئۆلىمالار مۆمىنلەرنىڭ ئىچىگە كىرسىمۇ، ئۇلارنى يەنە ئايرىم بايان قىلىش ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى مەقسەت قىلىدۇ.

3 ـ مۆمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشكەندە سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇشتا مۇنداق بىرقانچە مۇھىم پايدىلار بار: بىرىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشنى ئۇلۇغ بىلىش. ئىككىنچى، كۆپ ساندىكى كەمبەغەللەرگە ئەنە شۇ سەدىقىلەر بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزۈش. ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىغاندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى مەنئى قىلىش. تۆتىنچى، ئىخلاسمەن مۆمىن بىلەن مۇناپىقنىڭ، دۇنيانى ياخشى كۆرگۈچى بىلەن ئاخىرەتنى ياخشى كۆرگۈچىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش.

4 ـ قۇرئان كەرىم ئۆلىمالارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىنى، اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يۈكسەك دەرىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك شان ـ شەرەپ ۋە پەخىردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم ئىگەللەۋاتقان چاغدا ئۆلۈم كەلگەن كىشى بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا پەقەت بىر دەرىجە قالىدۇ.»[1]

زېرەك ياشلاردىن بىرى ئەقىل بىلەن بىلىم ئارىسىدا قىزىقارلىق بىر سۆھبەت ھازىرلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز. بۇ ئەدىب مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى ئالىمنىڭ ئىلمى ئەقلىلىقنىڭ ئەقلى بىلەن قايسىسىنىڭ شان ـ شەرەپكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئىلىم: مەن ئالىمنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم، دەپتۇ. ئەقىل: مېھرىبان اللہ مەن بىلەن تونۇلدى دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىلىم ئۇنىڭغا ئىنتايىن پاساھەتلىك ئۇسلۇبتا: اللہ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدىغان كىتابى قۇرئان

[1] ئىمام دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 29 ـ بەت.

كەرىمدە قايسىمىز بىلەن سۆيەتلەنگەن؟ دەپتۇ. نەتىجىدە ئەقلىگە ئۆز سەردارىنىڭ ئىلىم ئىگىلىكى ئايدىڭلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلىمنىڭ بىشىغا سۆيۈپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ئايىتى كەرىمدىكى «سورۇن» دىگەن سۆز نىمە مەنە بىرىدۇ؟

تەپسىرشۇناسلار ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق ئۈچ قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئۇ سۆز مەخسۇس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورىنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇجاھىدنىڭ قارىشىدۇر.

2 ـ جەڭ مەيدانلىرىنى ۋە ئۇرۇش ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ساھابىلار شېھىت بولۇشقا قاتتىق ھېرىس بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى باشقىلارغا بوشىتىپ بىرىشنى خالىمايتتى. بۇ ئىبنى ئابباس ۋە ھەسەننىڭ قارىشىدۇر.

3 ـ زىكىر ئېيتىلىدىغان سورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قەتادىنىڭ قارىشىدۇر. مانا بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر.

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقتىكى توغرا قاراش شۇكى، اللّٰه تائالا مۆمىنلەرنى سورۇندا باشقىلارغا ئورۇن چىقىرىپ بىرىشكە بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىنىلا خاس قىلىپ، جەڭ مەيدانلىرىنى ئايرىۋەتكىنى يوق. چۈنكى ھەر ئىككىلى جاي "سورۇن" دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ سورۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرى ۋە جەڭ مەيدانلىرىدىن ئىبارەت ھەممە سورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»[①]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «توغرا قاراش شۇكى، بۇ ئايەت ئاممىباب بولۇپ، مۇسۇلمانلار ياخشى ئىشنى قىلىش ۋە ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن يىغىلغان پۈتۈن سورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى ئۇ جەڭ مەيدانلىرى بولسۇن، مەيلى زىكىر ئېيتىلىدىغان سورۇن بولسۇن، مەيلى جۈمە كۈنىدىكى سورۇن بولسۇن، بەربىر ھەممىسى ئوخشاشتۇر. ھەممە ئادەم بالدۇر كېلىپ ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر.»[②]

### ئىككىنچى ھۆكۈم

بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئىزنىسىز ئولتۇرۇشقا بولامدۇ؟

---

[①] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان»ناملىق تەپسىرى. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 192 ـ بەت.

[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 292 ـ بەت.

www.munber.org

ئايىتى كەرىم سورىنىڭ يېڭى كەلگۈچىگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنى تەۋسىيە قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقلاردىن بىرىدۇر. لېكىن ئىنسانىنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئورنىدا ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى قوپۇپ بېرىشكە بۇيرۇشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى قوپۇرۇۋەتمىسۇن، لېكىن ئازراق جاي بوشىتىپ بىر ـ بىرىڭلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار.»[1]

قىلسا بولىدىغان ئىشقا كىم بالدۇر كەلسە، ئۇ ئىشقا شۇ ھەقلىق، دېگەن ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىنماقتا. سورۇنمۇ مۇشۇنداق ئىشنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا يېڭى كەلگۈچى ئۆلگۈرگەن يېرىدە ئولتۇرۇشى كېرەك. لېكىن ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاق كىشىلەردىن پەزىلەت ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنى تۆرگە باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ مانا مۇشۇنداق بولۇپ كەلمەكتە. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرىدا بۇ ئالىي ئەخلاقنا ئەمەل قىلغان بولۇپ، ھىجرەت قىلغانلارنى، ئىلىم ئىگىلىرىنى ۋە پېشقەدەملەرنى تۆرگە باشلايتتى. بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن سابىت ئىبنى قەيس بىلەن بىرلىكتە كەلگەن كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشى بولسا، ئىنسانلارغا بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆگىتىش، بولۇپمۇ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن پەزىلەت ۋە ئىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر.

ئىبنۇل ئەرەبى ئۆز سەنىدى بىلەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسجىدتە ئىدۇق. ئۇنى ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئورىۋالغان ئىدى. شۇ ئەسنادا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب كېلىپ ئۆرە تۇرۇدى ۋە سالام بەردى. ئاندىن سىغىپ ئولتۇرغىدەك ئورۇن بارمىكىن دەپ ئەتراپقا قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قايسىسى ئورۇن چىقىرىپ بېرەركىن دەپ ساھابىلارنىڭ يۈزلىرىگە قارىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئورنىدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىپ: ئى ئەلى! مانا بۇ يەردە ئولتۇرغىن دېدى. ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇردى. ئاندىن: ئى ئەبۇ بەكرى! پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى پەزىلەت ئىگىلىرىلا بىلەلەيدۇ، دېدى.»[2]

سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ساھابىلارنىڭ ئالدىغا قوياتتى. ساھابىلار بۇ ھەقتە ئۆمەرگە گەپ قىلىشىدى، ئۆمەر ئۇلارنى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى بىر سورۇنغا

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 301 ـ بەت.

چاقىرىپ، ئاندىن ئۇلاردىن ﴿اللہ نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى سورىدى. ئۇلار شۈك تۇرۇشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلى بولۇپ، بۇ ئايەت ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەجىلىنىڭ توشقانلىقىنى بىلدۈرگەن، دېدى. ئاندىن ئۆمەر: مەنمۇ بۇ ئايەتنى سەن چۈشەنگەندەك چۈشىنىمەن، دېدى. ئاندىن: مۇشۇ سەۋەبتىن مەن بۇ يىگىتنى ئالدىغا قويىمەن، دېدى[2].

ئەگەر بىر ئىنسان بىرەر ئىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، كېيىن ئۇ جايغا قايتىپ كەلسە، ئۇ شۇ جايدا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئورنىدىن قوپسا، ئاندىن ئۇ جايغا قايتىپ كەلسە، ئۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر.»[3]

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

پەزىلەتلىك ۋە ياخشى كىشىلەر كەلگەندە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇش دۇرۇس بولامدۇ؟

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: كەلگەن ئادەم مۇسۇلمان بولۇپ، پەزىلەتلىك ۋە ياخشى كىشىلەردىن بولسا، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇش دۇرۇستۇر. چۈنكى مۇسۇلمانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋاجىپتۇر. ئىسلام دىنى ئۇنىڭ دىنىغا ۋە ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە چاقىرىدۇ. چۈنكى ئۇ مېھرى - مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن قېرىندىشىڭغا سۆزلىگەندە ئۇنىڭغا ئوچۇق - يورۇق بولۇش چاغلىق ياخشى ئىشنىمۇ ھەرگىز كىچىك سانىمىغىن.»[4]

كەلگۈچى پاسىق بولمىغان، ئورۇندىن قوپۇش چوڭچىلىق قىلىشقا ۋە پەخىرلىنىشكە سەۋەب بولۇپ قالمىغان، ھەر قېتىم كىرگەندە ياكى چىققاندا ۋە ھەر ۋاقىتتا ئىنسانغا ئورۇندىن تۇرۇش ئادەت بولۇپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كەلگۈچىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندىن قوپۇش دۇرۇستۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئورۇندىن قوپۇش ياخشى ئەمەس.

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «فىقھشۇناسلار كەلگۈچىگە ئورۇندىن تۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە بىرقانچە قاراشقا كەلگەن. بەزىلەر: «خوجايىنىڭلارغا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇش دۇرۇس دەپ قارىغان. بەزىلەر: «كىمكى ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ چوڭ بىلىپ قوپۇشنى ياخشى كۆرسە، جايىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن»[5] دېگەن ھەدىسنى

---

[1] سۈرە نەسر، 1 ـ ئايەت.
[2] ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن ئۆزۈن رىۋايەت بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە قىسقارتىپ ئېلىندى.
[3] ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[4] ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[5] ئىمام ئەبۇ داۋۇد مۇئاۋىيەدىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دەلىل قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇشنى مەنئى قىلغان. يەنە بەزىلەر بۇ مەسىلىنى تەپسىلى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: سەپەردىن كەلگەن كىشىگە ئورۇندىن تۇرۇش ۋە ھاكىمغا ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدە ئورۇندىن تۇرۇش دۇرۇستۇر. بۇنى سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ۋەقەلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەنى قورەيزە قەبىلىسىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن چاقىرتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇسۇلمانلارغا: «خوجايىنىڭلارغا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېگەن. بۇنىڭدىن پەقەت ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ قاتتىق كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.»①

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن، كۆپچىلىك ئۆلىمالار: يېڭى كەلگۈچى پاسىق ياكى ئىسيانكار ياكى چوڭ گۇناھ ئىشلىگۈچى ياكى چوڭچىلىق قىلىدىغانلىقى ۋە مەغرۇرلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلەن نام چىقارغۇچى ئادەم بولمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇشنى دۇرۇس دەپ قارىغان. ئەمما بەزىلەرنىڭ ئورۇندىن تۇرۇشنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن «كىمكى ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ چوڭ بىلىپ قوپۇشىنى ياخشى كۆرسە، جايىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن» دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ھەدىس ئۇلارغا دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ھەدىسنى: كىشىلەر كىمگە ئورنىدىن تۇرسا، ئۇ ئۆز جايىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن دېمەستىن، «كىمكى ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ چوڭ بىلىپ قوپۇشىنى ياخشى كۆرسە، جايىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن» دەپ، مەغرۇرلىنىشنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ۋە چوڭچىلىق قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ سۈپەت پەقەت مەغرۇرلۇق قىلىدىغان مۇتەكەببىرگىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ئىككى جۈملىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنىڭدىن غاپىل قېلىش توغرا ئەمەس.

ئەمما بەزىلەر مۇنداق سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئۆرە تۇرۇش نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇندىن تۇرۇش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ ئىبادەتكە ئوخشاپ قالىدۇ... بۇ ئۇچىغا چىققان بىر نادانلىق بولۇپ، ھۆكۈملەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ چىقىرالايدىغان فىقھشۇناس ئالىمدىن سادىر بولمايدۇ.

ناماز بولسا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش، قىرائەت قىلىش، ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدەك بەزى قاراشلارغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇن پەرزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ بىرى: ئالىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش ھارامدۇر، چۈنكى ئۇ نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزدۇر، بىرەر ئادەمنىڭ ئالدىدا قىرائەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزدۇر،

① ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «قۇرئان ئەزىم» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەر بار يەردە دۇرۇد ئېيتىش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزدۇر دېيەلىسۇن؟

ئورنىدىن تۇرۇشنى ھارام بولۇش جەھەتتە رۇكۇ (تېز پۈكۈش) ۋە سەجدىگە قىياس قىلىش خاتا قىياستۇر. چۈنكى رۇكۇ ۋە سەجدە اللە دىن باشقا ھېچكىمگە دۇرۇس ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن بىراۋنى بىراۋغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە خوتۇن كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم.» دېمەك، اللە تىن باشقىغا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشنىڭ ھاراملىقىغا كەسكىن دەلىل كەلگەن. ئەمما ئورۇندىن تۇرۇش، ئولتۇرۇش ۋە يېنىچە يېتىش قاتارلىقلار بۇ ھۆكۈمگە كىرمەيدۇ. اللە بىزنى نادانلىقنىڭ يامانلىقىدىن، ئىلىمگە ۋە ئۆلىمالارغا تىل ئۇزارتقۇچىلارنىڭ ھاماقەتلىكىدىن ساقلىسۇن!

## تۆتىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشكەندە سەدىقە بېرىش ۋاجىپمۇ؟

ئۆلىمالار اللە تائالانىڭ: ﴿ئالدى بىلەن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ، ئاندىن سۆزلىشىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدىكى بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرەمدۇ ياكى سۈننەتنى بىلدۈرەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇنداق قاراشقا كەلدى.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بۇيرۇق ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قاراشنى اللە تائالانىڭ شۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا دېگەن مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿چۈنكى اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. قىلمىسا بولمايدىغان پەرز ئىشلاردىلا مۇشۇنداق دېيىلىدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بۇيرۇق سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىكنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى اللە تائالا شۇ ئايەتتە: ﴿بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىراقتۇر ۋە پاكراقتۇر﴾ دېدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئالامەت بۇيرۇقنى زاھىرى مەنىسىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇيرۇق پەرزگە ئەمەس، پەقەت نەپلە ئىبادەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، اللە تائالا ئۇ ئايەتتىن كېيىنكىلا ئايەتتە: ﴿(سىلەر رەسۇلۇللا بىلەن) مەخپىي سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟﴾ دېدى. مانا بۇ، ئالدىنقى ئايەتتىكى بۇيرۇقنىڭ ۋاجىپلىقنى بىلدۈرۈش ئېھتىمالىنى يوققا چىقىرىدۇ. شۇڭا بۇ بۇيرۇق سۈننەت ۋە مۇستەھەپلىكنى بىلدۈرۈپ قېلىۋېرىدۇ.»[①]

ئۆلىمالار ئۇ ئايەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇ ئايەتنى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن مۇنۇ ئايەت مەنسۇخ قىلغان: ﴿(سىلەر رەسۇلۇللا بىلەن) مەخپىي

---

[①] تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 154 ـ بېتىگە ۋە ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 302 ـ بېتىگە قاراڭ.

www.munber.org

سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقىلەر بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟﴾

ئۇلار ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئايەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى ئايەتتىن قانچىلىك كېيىن نازىل بولغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارغا كەلگەن:

بەزىلەر: ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئون كۈن ئىجرا قىلىنغان، ئاندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بىر كۈننىڭ مەلۇم قىسمىغىچە ئىجرا قىلىنغان، ئاندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، دەپ قارايدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «اللہ نىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە بىر ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭغا مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئەمەل قىلىپ باقمىغان، مەندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ئەمەل قىلمىدى. مېنىڭ بىر تىللا پۇلۇم بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئون تەڭگە سېتىۋالدىم. ئاندىن ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلەشكىنىمدە ئالدى بىلەن بىر تەڭگىنى سەدىقە قىلدىم. ئاندىن بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئەمەل قىلالمىدى.»[1]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت بىرەر ھۆكۈمنى ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتكە كەلسەك، ئۇ ئاجىز رىۋايەتتۇر. چۈنكى اللہ تائالا: ﴿سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار﴾ دېدى. مانا بۇ ئايەت ھېچكىمنىڭ بىرەر نەرسە سەدىقە بەرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.»[2]

## ئايەتلەر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ سورۇنغا كەلگۈچىگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۇ گۈزەل ئەخلاقلاردىن بىرىدۇر.

2 ـ سورۇندا مۆمىنگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىش اللہ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدۇ.

3 ـ اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىگە ۋە ئىززەت ـ ئىكرامغا پەقەت ئىلىم ۋە ئىمان بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش لازىم، مەخپىي سۆزلىشىش بىلەن ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق سالماسلىق كېرەك.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 302 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 31 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 428 ـ بەت.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 17 ـ جىلد، 303 ـ بەت.

5 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي سۆزلىشىشتىن بۇرۇن سەدىقە بېرىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەشنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىر نامايەندىدۇر.

6 - ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى مەنسۇخ قىلىش بولسا، الله تائالا تەرىپىدىن بەندىلىرى ئۈستىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

7 - ناماز ئۆتەش، زاكات بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرزلىرىدىندۇر. شۇڭا ئۇ ئىككىسى قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە يانمۇيان بايان قىلىنىدۇ.

www.munber.org

## مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى نىكاھ

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا جَآءَكُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ مُهَٰجِرَٰتٖ فَٱمۡتَحِنُوهُنَّۖ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ
بِإِيمَٰنِهِنَّۖ فَإِنۡ عَلِمۡتُمُوهُنَّ مُؤۡمِنَٰتٖ فَلَا تَرۡجِعُوهُنَّ إِلَى ٱلۡكُفَّارِۖ لَا هُنَّ حِلّٞ لَّهُمۡ وَلَا هُمۡ
يَحِلُّونَ لَهُنَّۖ وَءَاتُوهُم مَّآ أَنفَقُواْۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ أَن تَنكِحُوهُنَّ إِذَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّۚ
وَلَا تُمۡسِكُواْ بِعِصَمِ ٱلۡكَوَافِرِ وَسۡـَٔلُواْ مَآ أَنفَقۡتُمۡ وَلۡيَسۡـَٔلُواْ مَآ أَنفَقُواْۚ ذَٰلِكُمۡ حُكۡمُ ٱللَّهِۖ يَحۡكُمُ
بَيۡنَكُمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ١٠ وَإِن فَاتَكُمۡ شَيۡءٞ مِّنۡ أَزۡوَٰجِكُمۡ إِلَى ٱلۡكُفَّارِ فَعَاقَبۡتُمۡ فَـَٔاتُواْ
ٱلَّذِينَ ذَهَبَتۡ أَزۡوَٰجُهُم مِّثۡلَ مَآ أَنفَقُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِيٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤۡمِنُونَ ١١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ
إِذَا جَآءَكَ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ يُبَايِعۡنَكَ عَلَىٰٓ أَن لَّا يُشۡرِكۡنَ بِٱللَّهِ شَيۡـٔٗا وَلَا يَسۡرِقۡنَ وَلَا يَزۡنِينَ وَلَا
يَقۡتُلۡنَ أَوۡلَٰدَهُنَّ وَلَا يَأۡتِينَ بِبُهۡتَٰنٖ يَفۡتَرِينَهُۥ بَيۡنَ أَيۡدِيهِنَّ وَأَرۡجُلِهِنَّ وَلَا يَعۡصِينَكَ فِي مَعۡرُوفٖ
فَبَايِعۡهُنَّ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُنَّ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ١٢ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَوَلَّوۡاْ قَوۡمًا غَضِبَ
ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ قَدۡ يَئِسُواْ مِنَ ٱلۡأٓخِرَةِ كَمَا يَئِسَ ٱلۡكُفَّارُ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡقُبُورِ ١٣ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كاپىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرلىرىنى تەلەپ قىلسۇن، الله نىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. الله ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەگەر سىلەرنىڭ بەزى ئاياللىرىڭلار كاپىرلارغا كىرىپ كەتسە، (كاپىرلار بىلەن) ئۇرۇشۇپ غەنىمەت ئالغان ۋاقتىڭلاردا، ئاياللىرى كاپىرلارغا كىرىپ كەتكەن كىشىلەرگە (غەنىمەتتىن) ئۇلارنىڭ بەرگەن مەھرىنىڭ مىقدارىنى بېرىڭلار (يەنى مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ ئايالى كۇففارلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، سىلەر كۇففارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالغان غەنىمەت مالدىن مەزكۇر ئايالنىڭ ئېرىگە مەھرى مىقدارى مال بېرىڭلار)، سىلەر ئۆزەڭلار ئىشەنگەن الله دىن

قورقۇڭلار. ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، اﷲ قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن اﷲ دىن مەغپىرەت تىلىگىن، اﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى مۆمىنلەر! اﷲ غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ (ساۋابىدىن) قەبرىلىرىدە ياتقان كۇففارلار ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك ھەقىقەتەن ئۈمىدىنى ئۈزدى﴾.

ــ سۈرە مۇمتەھىنە 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ ئايەتلەر

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

مُهَـٰجِرَٰت: (ھىجرەت قىلغان ئاياللار) يەنى كاپىرلار يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللار. ھىجرەت قىلىش لۇغەتتە بىر زېمىندىن يەنە بىر زېمىنغا چىقىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. شەرىئەتتە كاپىر يۇرتىدىن ئىمان يۇرتىغا كۆچۈپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. بىر ھەدىستە: «مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق، لېكىن جىھاد قىلىش ۋە جىھادقا نىيەت قىلىش باردۇر» دېيىلگەن. بۇ ھەدىس: مەككە فەتھى بولۇپ بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە ئوخشاش ئىسلام يۇرتىغا ئايلىنىپ كەتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ھىجرەت قىلىش توختىدى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[1].

ئەزھەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ئارىسىدىكى ئەسلى ھىجرەت بەدەۋىي ئەرەبنىڭ سەھرادىن شەھەرگە كۆچۈشنى كۆرسىتىدۇ. مۇھاجىرلار مۇھاجىر، دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىنى ۋە تۇرالغۇ جايلىرىنى تاشلاپ، اﷲ نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا بالا ـ چاقىلىرى ۋە پۇل ـ مېلى يوق يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەن.»[2]

فَٱمۡتَحِنُوهُنَّ: (ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىمتىھان» بولۇپ، لۇغەتتە سىنىماق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنىڭ ئىمانىنى سىرتقى جەھەتتە سىناپ كۆرۈشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى دىللاردىكى نەرسىلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچى اﷲ دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىز زاھىرى ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز. يوشۇرۇن سىرلارغا

www.munber.org

---

[1] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، ÀDzŁ بۆلۈمى.

[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 241 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 65 ـ بەت.

ﷲ تائالا ئۆزى ئىگىدۇر. ئۇنى ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ﷲ ئوبدان بىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

وَءَاتُوهُم مَّآ أَنفَقُواْ: (كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار)، مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئايالنى بىر مۇسۇلمان ئالسا شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ھېچكىم ئالمىسا، ئۇنىڭ كاپىر ئېرىگە ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ.»①

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىشتىكى ھۆكۈم پەقەت ئەھدە تۈزۈشكەن كاپىرلارنىڭ ئاياللىرىغا قارىتىلىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەھدە بولمىغان كاپىرلارغا مەھرى قايتۇرۇلمايدۇ.»

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىش قەتادە ئېيتقان بويىچە بولىدۇ.»

أُجُورَهُنَّ: (ئۇلارنىڭ مەھرلىرىنى)، ئۇ «ئەجر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، مەھرى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەھرى «ئەجر» دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئۇ سىرتقى جەھەتتە خوتۇننىڭ شۇ يېرىنىڭ ھەققىدۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا شۇ جاينىڭ مۇھىملىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل ـ مالدۇر.

بِعِصَمِ ٱلْكَوَافِرِ: (كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا)، «ئىسمەم» دېگەن سۆز «ئىسمەت» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، ئەھدە ۋە باشقا نەرسىگە ئوخشاش تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئارغامچا دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ تۇتۇپ تۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ②. ئۇ سۆز بۇ يەردە نىكاھتا تۇتۇپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

«ئەلكەۋافىر» دېگەن سۆز «كافىرە» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك ئىشلىتىلىشى بولۇپ، كاپىر ئايال دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتتە، كاپىر ئاياللىرىڭلارغا نىكاھىڭلارنىڭ ئىددىتىنى تۇتقۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ بولدى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ مەككىدە كاپىر ئايالى بولسا، ئۇنىڭ ئىددىتىنى ساقلىمىسۇن، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئايالى ئەمەس. ئىككى يۇرت بىر ـ بىرىگە قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئارىدىكى نىكاھ ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بولدى.»③

---

① ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان»ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 65 ـ بەت.
② ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 65 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 78 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 242 ـ بەت.
③ ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 65 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 78 ـ بەت.

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر خوتۇن كىشى كاپىر بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مۆمىنىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ يەنى نىكاھ تۈگىنى يېشىلىپ كېتىدۇ.»[1]

وَسۡـَٔلُواْ مَآ أَنفَقۡتُمۡ: (ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار) يەنى ئەگەر سىلەردىن بىر ئايال مۇرتەد بولۇپ سىلەر ئەھدە تۈزگەن كاپىرلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، بەرگەن مەھرىنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلىڭلار.

وَلۡيَسۡـَٔلُواْ مَآ أَنفَقُواْ: (كاپىرلارمۇ مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن) يەنى مۇشرىكلارنىڭ سىلەرگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللىرى سىلەرگە ياتلىق بولسا، ئۇلارمۇ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىلىرىنى ئۇلارنىڭ مۆمىن ئەرلىرىدىن تەلەپ قىلسۇن. ئايەت، خۇددى ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارغا قېچىپ كەتكەن ئاياللىرىڭلارنىڭ مەھرىلىرىنى سىلەرگە تۆلەپ بەرگەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلىپ سىلەر تەرەپكە كەلگەن ئاياللىرىنىڭ مەھرىلىرىنى ئۇلارغا تۆلەپ بېرىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[2].

فَاتَكُمۡ: (كىرىپ كەتسە) يەنى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن چىقىپ قېچىپ كەتسە.

فَعَاقَبۡتُمۡ: (غەنىمەت ئالساڭلار)، زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، ئۇرۇشتا ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇلاردىن غەنىمەت ئالساڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[3]

بِبُهۡتَٰنٖ: (يالغاندىن)، بۇ سۆز يالغان، ناھەق، ناھەقلىكىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان توقۇلما، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ھەدىستە مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولدۇڭ.» يەنى ئۇ دېمىگەن سۆزنى ئۇنىڭ نامىدا توقۇدۇڭ[4]. ئايەتتە ئېرىدىن باشقا ئادەمدىن تاپقان بالىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز ئايەتتە، ئەرلىرىدىن بولمىغان بالىلىرىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىقنى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

فەررائ مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە خوتۇن كىشى ھارامدىن بالا تاپاتتى. ئاندىن ئېرىگە: بۇ سەندىن بولغان بالا دەيتتى. مانا بۇ ئۇلار يالغاندىن تاپقان بالىدۇر.»[5] بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر.

---

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 242 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 72 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 242 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 243 ـ بەت.
[4] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، Ǩŏ بۆلۈمى.
[5] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 80 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 72 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 246 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 193 ـ بەت.

www.munber.org

مَعۡرُوف: (ياخشى ئىشلاردىن)، بۇ سۆز، شەرىئەت ياخشى دەپ قارايدىغان، ساغلام ئەقىل ئېگىلىرى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يامان ئىشنىڭ زىتىدۇر.

لَا تَتَوَلَّوۡاْ قَوۡمًا: (قەۋمنى دوست تۇتماڭلار) يەنى مۆمىنلەرنى تاشلاپ، ئۇلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. "قەۋم" دېگەن سۆز يەھۇدىيلارنى ياكى پۈتۈن كاپىرلارنى كۆرسىتىدۇ.

يَئِسُواْ مِنَ ٱلۡأٓخِرَةِ : (ئۇلار ئاخىرەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى) يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «يەئىس» بولۇپ، بىر نەرسىدىن ئۈمىدنى ئۈزمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇ ئۈمىد قىلىشنىڭ زىتىدۇر[1].

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار﴾ دىنىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيگەن ھالدا كاپىر يۇرتىدىن ئىمان يۇرتىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي رىغبەت قىلىپ كەلدىمۇ؟ ياكى مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ، ياكى بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئەرلىرىدىن قېچىپ كەلدىمۇ؟ سىلەر بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ ئىمانىنى سىناپ بېقىڭلار.

ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر بەزى ئالامەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مۆمىن ئاياللار ئىكەنلىكىنى بايقىساڭلار، ئۇلارنى ﴿كاپىرلارغا﴾ قايتۇرۇپ بېرىش سىلەرگە ھالال بولمايدۇ. چۈنكى الله تائالا مۆمىن ئايالنى مۇشرىك ئەرگە ھالال قىلمايدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ كاپىر ئەرلىرىگە ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭلار لازىم، ئۇ مۆمىن ئاياللارنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى يېڭىدىن مەھرى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

كىمنىڭ كاپىر ئايالى بولۇپ، ئېرى بىلەن ھىجرەت قىلمىغان بولسا، ئەر بۇ ئايالىنىڭ ئىددىتىنى ساقلىمىسۇن. كۇفرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ، نىكاھ تۈگۈنى يېشىلىپ كەتتى. چۈنكى ئىسلام دىنى مۇشرىك ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇشنى ھالال قىلمايدۇ. قايسى بىر ئايال ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ كۇفرى دىيارىغا قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭغا مۇشرىك ئايالغا قىلغان مۇئامىلىنى قىلىڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ مۇرتەد بولۇشى بىلەن نىكاھ ئۈزۈلىدۇ، ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىسى تۈگەيدۇ ۋە مۆمىننىڭ نىكاھىدا قېلىش سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. لېكىن كاپىرلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئاياللىرىڭلارغا بەرگەن مەھرىلىرىڭلارنى

[1] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، È‌ÂÑ بۆلۈمى.

ئۇلاردىن، خۇددى ئۇلار سىلەر تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەتكەن ئاياللىرىنىڭ مەھرىلىرىنى سىلەردىن تەلەپ قىلغاندەك، تەلەپ قىلىڭلار. ﴿اﷲ نىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ﴾ بولۇپ، اﷲ ئۇنى سىلەرگە بەلگىلەپ بەردى. شۇڭا ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. چۈنكى ﴿اﷲ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾. اﷲ پەقەت ھېكمەت تەقەززا قىلغان نەرسىنىلا ھۆكۈم قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەردىن بەزى ئاياللار مۇشرىكلار تەرەپكە قېچىپ كەتسە، سىلەر ئۇ ئاياللارغا بەرگەن مەھرىلەرنى مۇشرىكلاردىن تەلەپ قىلغان ۋاقتىڭلاردا ئۇلار بۇنى سىلەرگە بەرمىسە، ئاندىن ئۇرۇشتا ئۇلارنى يېڭىپ، ئۇلاردىن غەنىمەت ئالساڭلار، شۇ چاغدا ئاياللىرى قېچىپ كەتكەن ئەرلەرگە ﴿ئۇلارنىڭ بەرگەن﴾ مەھرىنى غەنىمەتتىن قايتۇرۇپ بېرىڭلار. سىلەر ئۆزەڭلار ئىشەنگەن، ھېكمەت بىلەن بەلگىلىگەن ئادىل شەرىئىتىگە ئىمان كەلتۈرگەن ﴿اﷲ دىن قورقۇڭلار﴾.

ئى مۇھەممەد! ئەگەر ﴿مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ﴾ بەيئەت قىلماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىشى ۋە بۇيرۇقىڭغا ئىتائەت قىلىشى شەرتى ئاستىدا ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۇچۇن ﴿اﷲ قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىنى﴾ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر قىلغاندەك نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ تىرىك كۆمۈۋەتمەسلىككە، ئەرلىرىدىن بولمىغان باللارنى ئەرلىرىنىڭ قىلىۋالماسلىققا، ﴿سەن بۇيرۇغان﴾ بۇيرۇقتىن ياكى ﴿ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا﴾ شەرت قويغىن. ئەگەر ئۇلار بۇ شەرتلەرگە قوشۇلسا، سەن يۇقىرىقى شەرتلەر ۋە ئىسلامنىڭ باشقا ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش شەرتلىرى ئاساسىدا ﴿ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن﴾. ئەگەر ئۇلار بۇ بەيئەتكە تولۇق ئەمەل قىلسا، ئۇلار ئۇچۇن اﷲ دىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلىگىن، ﴿اﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. توغرا يولدا ماڭغان، گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلغان ۋە اﷲ تەرەپكە قايتقان بەندە ئۇچۇن اﷲ بەكمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ، بەكمۇ رەھمەت قىلىدۇ.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان يىلى مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن، ئۇنىڭ قېشىغا مەككە ئەھلىدىن كەلگەن كىشىنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە، ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن مەككىگە كەلگەن كىشى مۇشرىكلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا سۈلھى تۈزۈپ، توختامنامە يېزىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۆھۈر باسىدۇ. توختامنامە يېزىلىپ بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ھۇدەيبىيەدىن ئايرىلمىغان بىر پەيتتە ھارىسنىڭ قىزى سۇبەيئە ئەسلەمى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى كاپىر ئىدى. ئۇ ئايالىغا قاراپ: ئى مۇھەممەد! ئايالىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، سەن بىز تەرەپتىن ساڭا كەلگەن ئادەمنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىش

www.munber.org

شەرتىگە قوشۇلغان ئىدىڭ، بۇ توختامنامىنىڭ رىېڭى تېخى قۇرۇمىدى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدۇ.»[1]

مەن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈمەنكى، بۇ رىۋايەتتە ئۇ ئايالنىڭ سۇبەيئە ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. تەپسىرشۇناسلارنىڭ مەشھۇر رىۋايىتىدە بولسا ئۇ ئايال ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇمدۇر. ئىمام قۇرتۇبى، ئىبنى جەۋزى ۋە باشقىلار ئۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن[2].

2 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر قىسىم كەمبەغەل مۇسۇلمانلار مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى يەھۇدىيلارغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق يەھۇدىيلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرى ۋە يېمەكلىرىدىن ئاز ـ تولا نەرسىگە ئېرىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! اللہ غەزەپ قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلار...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى[3].

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللار مۆمىن تۇرسا، بۇلارنى سىناشنىڭ پايدىسى نېمە؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: سىناش پەقەت ھىجرەت قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن بولۇپ، اللہ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈپ ھىجرەت قىلدىمۇ ياكى مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلدىمۇ؟ بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنى سىناشقا بۇيرۇلدۇق. چۈنكى مەككىدە ئېرىدىن نارازى بولغان ئايال: مەن چوقۇم مۇھەممەدنىڭ قېشىغا كېتىمەن دەيتتى».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئايالدىن قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ: «يالغۇز ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىز ئېرىڭىزدىن نارازى بولۇپ چىقمىغانسىز؟ اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىز بىر زېمىندىن يەنە بىر زېمىنغا قىزىقىپ چىقمىغانسىز؟ اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىز مال ـ دۇنيانى

---

[1] ھافىز ئىبنى ھەجەر: «بۇ ھەدىسنى ئىمام بەغەۋى، ئىبنى ئابباستىن سەنەدسىز ھالدا مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان» دېدى. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 61 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 238 ـ بەت.

[2] قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 61 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 239 ـ بەت.

[3] بۇ ھەدىسنى ئىمام ۋاھىدى «ئەسبابۇننۇزۇل» ناملىق كىتابىدا ۋە ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 76 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 247 ـ بەت.

كۆزلەپ چىقمىغانسىز؟ اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىز پەقەت اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈپ چىققانسىز؟ » دەيتتى. ئەگەر ئايال مۇشۇ شەرتلەر ئاستىدا قەسەم قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئېرىگە ئايالىغا بەرگەن مەھرىنى ۋە خەجلىگەن پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرەتتى، ئايالىنى قايتۇرۇپ بەرمەيتتى[1].

2 ـ ﴿ئۇلارنىڭ ئىمانىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ﴾ دېگەن بۇ قىستۇرما جۈملىنى بايان قىلىشتىكى سىر بىزگە زاھىرى مەلۇماتنىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما كىشىنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدىغان ھەقىقي ئىلىمگە كەلسەك، ئىشىنىڭ ئەمەلي ئەھۋالىنى ئىگەللەش ۋە ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى اللە ئۆز ئىلمى دائىرىسىدە ساقلاپ قالغان بىلىملەردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز زاھىرى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىمىز. يوشۇرۇن سىرلارغا اللە تائالا ئۆزى ئىگىدۇر. ھەممىنى بىلگۈچى اللە يوشۇرۇن سىرلارنى ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.

3 ـ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىكتىكى سىر شۇكى، ئاياللارنىڭ كۆڭلى نازۇك بولىدۇ، تېز ئۆزگىرىدۇ، ئەرلەرگە قارىغاندا ئاسان ئېزىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار اللە يولىدا ئۇچرىغان بالالارنى ۋە ئەزىيەتلەرنى يۇدۇپ كېتىشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىغا رەھىم قىلىپ ئۇلارنى كاپىر مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى مەنئى قىلدى.

4 ـ اللە تائالا مۆمىنلەرنى كاپىر ئەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەن ئايالىغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش روھىدۇر.

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كاپىر ئەرنىڭ ئايالىدىن ۋە پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلەپ زىيانغا ئۇچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدى. چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەنئى قىلىشى بىلەن ئايالىغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغان بولغاچقا، پۇل ـ مېلىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا بۇيرۇلدى. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىش روھىدۇر.»[2]

5 ـ اللە تائالانىڭ: ﴿ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس﴾ دېگەن سۆزى ئىمان بىلەن كۇپرى ئارىسىدا پەقەت ئالاقە يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر ئايال ئىسلامغا كىرگەن بولۇپ، ئېرى كاپىر بولسا، ئايال ئېرىگە ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۆمىن، ئېرى كاپىر بولغاچقا، ئىككىسى بىر تېپتىن بولمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئىككىسىنىڭ

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 62 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 190 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 240 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەيياننىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 256 ـ بەت.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 64 ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 257 ـ بەتكىمۇ قاراڭ.

www.munber.org

ئارىسىدىكى ئالاقە ھەقىقەتەن ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئەقىدە ئالاقىسىنىڭ نەسەب ئالاقىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سەن بۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغىن.

6 ـ رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردىن بەيئەت ئالغان ۋاقىتتا ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند بەيئەت قىلغان ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغانلىرى تۈپەيلى ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نىقاب تارتىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ: ﴿ئوغرىلىق قىلماسلىققا﴾ دېگەن سۆزىنى ئوقۇغاندا، ھىند: ئەبۇ سۇفيان ھەقىقەتەن بېخىل ئادەم، مەن ئۇنىڭ مېلىدىن ئۆزىمىزگە يەتكىدەك ئوزۇقلۇقنى ئېلىۋالىمەن، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: ئۇ سىزگە ھالال بولسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ھىندىنى تونۇۋالدى. ئۇ: «سىز ھىندىمۇ؟» دېدى. ھىند: اللە ئىلگىرىكى گۇناھلارنى ئەپۇ قىلدى، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى ئەپۇ قىلغىن، اللە سېنى ئەپۇ قىلسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ: ﴿زىنا قىلماسلىققا﴾ دېگەن سۆزىنى ئوقۇغاندا، ھىند: ھۆر ئايالمۇ زىنا قىلامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ: ﴿بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە﴾ دېگەن سۆزىنى ئوقۇغاندا، ئۇ: بىز ئۇلارنى كىچىكىدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلدۇق، سىلەر ئۇلارنى چوڭ بولغاندا ئۆلتۈردۈڭلار، دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ يىقىلىپ قالدى. ھىندىنىڭ ھەنزەلە ئىسىملىك بىر بالىسى بەدىر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ: ﴿باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا﴾ دېگەن سۆزىنى ئوقۇغاندا، ھىند: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يالغانچىلىق ھەقىقەتەن ناھايىتى يامان ئىشتۇر، سەن بىزنى پەقەت توغرا ئىشقا ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇيدىكەنسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ: ﴿سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا﴾ دېگەن سۆزىنى ئوقۇغاندا، ئۇ: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز سەن بۇيرۇغان بىرەر ئىشتىن باش تارتىشنى ئويلىغان بولساق بۇ سورۇندا ئولتۇرامتۇق؟ دېدى[1].

7 ـ فەررائ مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە خوتۇن كىشى ھارامدىن بالا تاپاتتى. ئاندىن ئېرىگە: بۇ سەندىن بولغان بالا، دەيتتى. مانا بۇ ئۇلار يالغاندىن تاپقان بالىدۇر.»

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 71 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەيياننىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 258 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 192 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 244 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 81 ـ بەت.

# شەرئەت ھۆكۈملىرى

## بىرىنچى ھۆكۈم

### ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ئەرلەر ۋە ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانمىدى؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئارىسىدا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلدى. بۇ سۈلھىدە: قۇرەيشلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن كىشىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن قۇرەيشلەرگە كەلگەن كىشىنى ئۇلار ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ، دەپ يېزىلغان ئىدى. سۈلھى توختامنامىسى يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇقبەنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلىپ كەلدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر ئايال كىشى، ساڭا مەلۇم بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭ ھالى ئاجىزلىقتا مايىلدۇر، سەن مېنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرسەڭ، ئۇلار مېنى دىنىمدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قىينايدۇ، مەن بۇنىڭغا چىداپ بولالمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا: «بۇ شەرت ئاياللارغا ئەمەس، ئەرلەرگە قويۇلغان ئىدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ كۇلسۇمنى سىناپ باقتى. ئۇنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرمىدى[1].

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار: سۈلھى توختامنامىسىغا ئاياللار دېگەن سۆز كىرگۈزۈلگەنمۇ؟ ياكى ئۇلار توختامنامىنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئىچىدە بارمىدى؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشتا بولغان. بىر قىسىم ئۆلىمالار: «توختامنامىدە ئاياللارنى قايتۇرۇپ بېرىش ئوچۇق سۆز بىلەن شەرت قىلىنغان ئىدى، ئاندىن الله تائالا توختامنامىدىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتىنى بىكار قىلدى ۋە ئۇنى توختامنامىغا كىرگۈزۈشنى مەنئى قىلدى، ئۇنى پەقەت ئەرلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگە قىلىپ قالدۇردى» دەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «توختامنامىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىش ئوچۇق يېزىلمىغان ئىدى، ئۇنىڭدا پەقەت ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىنى قايتۇرۇپ بېرىش يېزىلغان. سىرتتىن قارىماققا توختامنامىنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا الله تائالا ئۇنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن ئاياللارنىڭ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى مۇنداق ئىككى ئىش تۈپەيلى پەرقلەندۈردى: بىرى، مۆمىن ئاياللار ئۈيۋاتلىق جايغا ساھىپ بولۇپ،

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 62 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 239 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 256 ـ بەت.

www.munber.org

كاپىرلارغا ھارامدۇر. يەنە بىرى، ئاياللارنىڭ كۆڭلى نازۇك بولىدۇ، تېز ئۆزگۈرىدۇ. ئەمما مۇشرىك ئايال كەلسە، ئۇ كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.»[1]

ئىمام قۇرتۇبى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپىنچە ئۆلىمالار بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيشلەر بىلەن، مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەنلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە تۈزگەن سۈلھىسىدىن ئاياللارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن دەپ قارايدۇ. بۇ، قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرى سۈننەتنىڭ قىسمەن ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ دەپ قارايدىغانلارنىڭ قارىشىدۇر.»[2]

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ئىمام فەخرۇددىن رازى زەھھاكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: بۇ سۈلھى يۇقىرىدىكىدەك شەكىلدە يېزىلغان ئەمەس. ئۇ، ئاياللار ھەققىدە مەخسۇس تېكىستنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەكلى: «بىز تەرەپتىن سېنىڭ دىنىڭدا ئەمەس بىر ئايال قېشىڭغا كەلسە، ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىسەن، ئەگەر ئۇ ئايال سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى بولسا، ئېرىگە ئايالغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىسەن» دەپ يېزىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەرت قويغان[3].

بۇ قاراشقا ئاساسەن، ئايەت بۇ سۈلھىگە قوشۇلغان ۋە ئۇنى مۇقەررەرلەشتۈرگان بولىدۇ. بۇ قاراشقا كۆڭۈل تەسكىن تاپىدۇ ۋە خاتىرجەم بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قاراشلار بولسا، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىش مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپتۇر» دېگەن روھىغا زىت كېلىدۇ. سۈلھىلەشكەن ئىككى تەرەپتىن ھېچ بىرىنىڭ بەزى نەرسىلەرنى مەخسۇس قىلىۋېلىشى ياكى ئۇنى ئىككىنچى تەرەپنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ بىكار قىلىشى توغرا ئەمەس. شۇڭا زەھھاكنىڭ قارىشى ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

سەييىد قۇتۇب (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سۈلھى تېكىستىدە ئاياللار ھەققىدە كەسكىن بىر نەرسە يېزىلمىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ئىككى ئايەت نازىل بولۇپ، ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللارنى كۇففارلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى ئاياللار جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز بولغاچقا، دىنى تۈپەيلى دۇچ كەلگەن قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك خەۋپى بار. مۇشۇنداق خەلقئارالىق ۋەزىيەتنىڭ ھۆكۈملىرى ئاياللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە باشقىلارنىڭ يولىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەستىن، زۇلۇم ۋە جەۋرى ـ جاپا سالماستىن، ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق مۇئامىلىلىرىنى ھەل قىلىش

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 62 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 63 ـ بەت.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 191 ـ بەت.

پرىنسىپى بويىچە ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان ئەڭ ئادىل نىزامنامە ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش ئۈچۈن نازىل بولغان.»[①]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

بىر مۇشرىك ئايال مۇسۇلمان بولۇپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلسە، ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس﴾ دېگەن سۆزى مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن ئايالنىڭ ئېرىدىن ئاجراپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايال ئېرىگە ھالال ئەمەس، ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ھالال ئەمەس. ئۇ ئايال ئىسلام دىنىغا كىرىش سەۋەبىدىن ياكى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى يۇرتتا[②] بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئېرىدىن ئاجراپ كېتەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە فىقھشۇناسلار مۇنداق ئىككى قاراشقا كەلگەن:

1 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: ئەر ـ خوتۇنلۇق ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى يۇرتتا بولۇپ قېلىشى بىلەن ئاجراپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

2 ـ شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەردىن ئىبارەت كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار: ئەر ـ خوتۇنلۇق ئايالنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئاجراپ كېتىدۇ، ئاجراش شۇ ئايالنىڭ ئىددىتى تۈگىگەندە يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگەشتىن بۇرۇن ئېرى مۇسۇلمان بولسا، خوتۇن ئۇنىڭ بولۇبېرىدۇ، دەپ قارايدۇ[③].

### ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ اللہ تائالا: ﴿ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار﴾ دېدى. ئەگەر ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنمۇ ئارىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق مەۋجۇد بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئەر ئۇنىڭغا ھەقلىق بولۇپ، ئەر قەيەرنى خالىسا ئايالى شۇ يەردە بولاتتى.

2 ـ اللہ تائالا: ﴿كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار﴾ دېدى. ئەگەر ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنمۇ ئارىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق مەۋجۇد بولسا ئىدى، ئەر مەھرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھەقلىق بولمىغان بولاتتى. چۈنكى ئەر بىرلا ۋاقىتتا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىگە ۋە ئۇنىڭ بەدىلى بولغان مەھرىگە ئىگە بولالمايدۇ.

3 ـ اللہ تائالا: ﴿ئۇلارنىڭ مەھرلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېدى. ئەگەر ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنمۇ ئارىدا ئىلگىرىكى نىكاھ مەۋجۇد بولسا ئىدى، باشقا بىرىنىڭ ئۇ ئايالنى ئېلىشى دۇرۇس بولمايتتى.

---

① سەييىد قۇتۇبنىڭ «فىي زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 67 ـ بەت، يەتتىنچى باسمىسى.
② ئوخشىمىغان ئىككى يۇرتنىڭ بىرى ئىسلام يۇرتىنى، يەنە بىرى مۇشرىك يۇرتىنى كۆرسىتىدۇ.
③ ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 63 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 438 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 242 ـ بەت.

www.munber.org

4 ـ الله تائالا: ﴿كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار﴾ دېدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇ ئايەت مۇنداق مەنە بېرىدۇ: كاپىر ئايالنى نىكاھىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇنى ئىددەتمۇ تۇتقۇزماڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ باشقا خوتۇن ئېلىشىڭلارغا توسالغۇ بولمىسۇن.

5 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «فىقھىشۇناسلار ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان ئايالنىڭ كاپىرلار تەرەپتە ئېرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئىددىتى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ دۇرۇسلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. بۇنى دۇرۇس قىلىشقا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى يۇرتتا بولۇپ قېلىشىدىن باشقا سەۋەب يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولجىغا چۈشكەن ئاياللار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ھامىلدار ئايال تۇغۇپ بولغىچە، ھامىلدار بولمىغان ئايال ھەيز كۆرۈش بىلەن پاكلانمىغىچە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقا بولمايدۇ.»[①]

## كۆپچىلىك فىقھىشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئاجراپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ئىسلام دىنىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمان بولغان ئايالنىڭ كاپىرغا تۆشەك بولۇشى ياخشى ئىش ئەمەس. ئەگەر ئاجراپ كېتىش سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى يۇرتتا بولۇشى بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە مۇشرىك ئايالنىڭ بىز تەرەپكە كېلىشى ۋە ئامانلىقتا ئېرىشىشى بىلەن تەڭ، گەرچە ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، نىكاھتىن ئاجراپ كېتىشى لازىم بولاتتى. مۇنداق قاراشنى ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويمىغان.

2 ـ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر مۇسۇلمان ئايال ئىددەت تۇتىۋاتقان مەزگىلدە كاپىر ئېرى مۇسۇلمان بولسا، خوتۇن ئۇنىڭ بولىۋېرىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىسا، ئىككىسى ئاجراشتۇرۇۋېتىلىدۇ.»[②]

3 ـ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى زەينەبنى ئەبۇ ئاس ئىبنى رەبىئكە ئىلگىرىكى نىكاھى بىلەن قايتۇرۇپ بەردى. زەينەب مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن، ئېرى مەككىدە مۇشرىك ھالەتتە قالغان ئىدى. ئېرى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.»[③]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا: ﴿ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس﴾ دېدى يەنى الله مۆمىن ئايالنى كاپىر ئەرگە ھالال قىلمىدى، شۇنداقلا مۆمىن ئەرنىڭ مۇشرىك ئايالنى ئېلىشىنىمۇ ھالال قىلمىدى. مانا بۇ، مۇسۇلمان ئايالنى ئېرىدىن ئۇنىڭ ھىجرەت قىلىشى ئەمەس، ئىسلام دىنىغا كىرىشى ئاجرىتىۋېتىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر. الله ھالال

[①] بۇ ھەقتىكى تەپسىلى دەلىللەر ئۈچۈن ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 439 ـ بەتكە قاراڭ.
[②] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 66 ـ بەت.
[③] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 66 ـ بەت.

قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى يۇرتتا بولۇش ئەمەس، ئىسلام دىنىغا كىرىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى.»[1]

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىرى مۇسۇلمان بولۇپ كاپىر يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقسا، يەنە بىرى كاپىر يۇرتىدا قالسا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ ئاجراپ كېتىدۇ.» ئۇلار ھىجرەت قىلغۇچى ئايال ئىددەت تۇتمايدۇ دەپ قارايدۇ ۋە: ﴿ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايىتى كەرىمگە ئەمەل قىلغان ئاساستا، ئۇنىڭ ھامىلدار بولمىسىلا ئىددەت تۇتماستىن ئەرگە تېگىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەت ئۇنىڭغا ئىددەت تۇتۇشنى لازىم قىلمايدۇ. ئۇ ھىجرەت قىلىش بىلەن تەڭ ئېرىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئەر - خوتۇنلۇق ئايالنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئاجراپ كېتىدۇ، يالغۇز ھىجرەت قىلىش بىلەن ئاجراپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئايال توي قىلغاندىن كېيىن ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولسا، نىكاھ دەرھال ئاجراپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىددەت تۇتۇش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولسا، ئىددىتى تۈگىگىچە تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئېرى ئۇنىڭ ئىددىتى توشۇشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولسا، خوتۇنى ئۇنىڭ نىكاھىدا قېلىۋېرىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ نىكاھىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.»

بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ پاكىتى بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەر ۋە مۇنۇ رىۋايەتتىن ئىبارەتتۇر: ئەبۇ سۇفيان ئايالى ھىند بىنتى ئۇتبىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولدى، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ خوتىنىمۇ مۇسۇلمان بولدى. شۇڭا ئۇلار ئىلگىرىكى نىكاھى بويىچە تۇرمۇشنى داۋام قىلىپ كېتىۋەردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىددىتى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى[2].

بىز ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم. ﷲ مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### بۇتپەرەس مۇشرىك ئايال بىلەن توي قىلىش دۇرۇسمۇ؟

ﷲ تائالانىڭ: ﴿كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار﴾ دېگەن سۆزى كاپىر مۇشرىك ئايالنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئايەت: مۇشرىك

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 63 ـ بەت.
[2] بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىمام ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىگە، ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرىگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

www.munber.org

ئاياللىرىغلارنى ئەمرىغلاردا ساقلىماڭلار يەنى ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا بار دەپ قارىماڭلار. چۈنكى ئۇ نىكاھ باتىلدۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. اﷲ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[1] دېگەن سۆزىمۇ مۇشرىك ئايالنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ مۇشرىكلارغا خاس ئىكەنلىكىگە، ئەھلى كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى ئەھلى كىتاب ئاياللارنى ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[2].

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالاردىن ھېچكىم ئەھلى كىتاب ئاياللارنى ئېلىشنى ھارام دەپ قارىمىغان.»

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: فىقھشۇناسلار يۇقىرىدىكى دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ، ساماۋىي دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مۇشرىك ئايالنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا، ئەھلى كىتابتىن خرىستىئان ياكى يەھۇدىي ئايالنى ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. پەقەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ: مۆمىن ئەر خرىستىئان ئايالنى ياكى يەھۇدىي ئايالنى ئالسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: اﷲ تائالا مۆمىنلەرگە مۇشرىك ئاياللارنى ئېلىشنى ھارام قىلدى، مەن بىر ئايالنىڭ: پەرۋەردىگارىم ئىسادۇر دېيىشىدىن ياكى: پەرۋەردىگارىم اﷲ نىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندىدۇر دېيىشىدىن چوڭ شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ قارىشى مۆمىننىڭ خرىستىئان ياكى يەھۇدىي ئايالنى ئېلىشىنى ھارام دەپ قارىغانلىقىنى ئەمەس، ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئايالنى ئېلىشنىڭ ھالاللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل ناھايىتى ئوچۇقتۇر. ئۇ خرىستىئان ياكى يەھۇدىي ئايالنى ئالغان مۆمىننىڭ دىنىدىن ئېزىپ كېتىشىدىن ياكى ئايالنىڭ بالىلارنى خرىستىئانلاشتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ بۇنى ياقتۇرمىغان.

### تۆتىنچى ھۆكۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردىن قانداق بەيئەت ئالغان؟

مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردىن بەيئەت ئالدى. ئۇ ئۇلاردىن ﴿ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، اﷲ قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت

---

[1] سۈرە بەقەرە، 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نۇمۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن﴾ دېگەن ئايەتتىكى مەزكۇر شەرتلەر ئاستىدا بەيئەت ئالدى. سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرمۇ ئايال بىلەن قول ئېلىشمىغان، ئۇلاردىن پەقەت سۆز بىلەن بەيئەت ئالغان. مانا بۇ دەلىل ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرلەرنىڭ بەيئەت قىلىش شەكلى بولسا، ئەر قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا قوياتتى ۋە ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىش، جىھاد قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ھەمدە بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلاتتى. ئەمما ئاياللارنىڭ بەيئەت قىلىش شەكلى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر ئايال بىلەن قول ئېلىشقانلىقى ياكى قولىنى بىرەر ئايالنىڭ قولىغا قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىغان. ئۇلاردىن پەقەت سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئېلىنغان. بۇنى تۆۋەندىكى دەلىللەر ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

### ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر

1 ـ ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار...﴾ دېگەن سۆزىدىن ﴿اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېگەن سۆزىگىچە بولغان ئايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۆزى تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللارنى سىناپ كۆرەتتى. مۆمىن ئاياللاردىن كىمكى بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سىزدىن سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئالدىم» دەيتتى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ بەيئەت ئالغاندا بىرمۇ ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىدى. ئاياللاردىن پەقەت: «مەن سىزدىن شۇنىڭغا ئاساسەن بەيئەت ئالدىم» دېگەن سۆزى بىلەنلا بەيئەت ئالغان ئىدى[①].

2 ـ ئىمام ئەھمەد رەقىقەنىڭ قىزى ئۇمەيمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاياللار بىلەن بىرلىكتە كەلدىم. ئۇ بىزدىن قۇرئاندىكى: اللّٰه قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە... دېگەن شەرتلەر ئاساسىدا بەيئەت ئالدى. ئۇ: «سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار يېتىدىغان ۋە سىلەر تاقەت كەلتۈرەلەيدىغان نەرسىدە بەيئەت ئالىمەن» دېدى. بىز: اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئۆزىمىزدىنمۇ مېھرىباندۇر، دېدۇق. بىز يەنە: ئى اللّٰه نىڭ

---

[①] ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ «ئەلفەتھۇلبارى» ناملىق كىتابى، 8 ـ جىلد، 488 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 71 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 81 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 245 ـ بەت. ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 6 ـ جىلد، 209 ـ بەت.

www.munber.org

پەيغەمبىرى! بىز بىلەن قول ئېلىشمامسەن؟ دېدۇق. ئۇ: «مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشمايمەن، مېنىڭ بىر ئايالغا قىلغان سۆزۈم يۈز ئايالغا قىلغام سۆزۈمدۇر» دېدى[1].

3 ـ سەھىھ مۇسلىمدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بەيئەت ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر ئاياللار ئۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ، مەن سىلەردىن بەيئەت ئېلىپ بولدۇم» دەيتتى. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىرمۇ ئايالنىڭ قولىغا تېگىپ باقمىدى. ئۇ ئۇلاردىن سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئالغان ئىدى. ئۇ ئۇلاردىن بەيئەت ئالغان چاغدا ئۇلارغا: «مەن سىلەردىن سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئالدىم» دەيتتى[2].

ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن سىزدىن سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئالدىم» دېگەن سۆزى بولسا بەيئەت ئالغانلىقىنى سۆز بىلەن ئېيتقانلىقىنى، ئادەتتە ئەرلەردىن بەيئەت ئالغاندا ئۇلار بىلەن قول ئېلىشقاندەك قول ئېلىشمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[3].

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللاردىن سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيئەت ئالغاندا ياكى باشقا ۋاقىتلاردا ئاياللار بىلەن قول ئېلىشقانلىقى ئىسپاتلانمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھلاردىن پاك تۇرۇپمۇ ئاياللار بىلەن قول ئېلىشمىغانلىقى ئىسلام ئۇممىتىگە بۇ ئەخلاقنى تەلىم بېرىش ۋە ئۇلارغا توغرا يولدا مېڭىشنى تەۋسىيە قىلىش ئۈچۈندۇر. پاك دىيانەتلىك، پەزىلەتلىك ۋە شەرەپلىك بولغان، ئۆزىنىڭ پاك، دىلىنىڭ ساپ ئىكەنلىكىدە ھېچكىم شەك قىلمايدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىگەن، بەيئەت ئېلىش ئىشى ناھايىتى چوڭ ۋە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش بولسىمۇ، ئۇلاردىن بەيئەت ئېلىشتا سۆز بىلەنلا كۇپايىلەنگەن تۇرسا، باشقا ئەرلەرنىڭ شەھۋىتى غالىب كېلىدىغان، پىتنىگە قېلىشتىن ئەمىن بولغىلى بولمايدىغان، شەيتان قان تومۇرلىرىدا قاتراپ تۇرىدىغان سەۋەبلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈششى قانداقمۇ دۇرۇس بولىدۇ؟ بەزى ئىنسانلار قانداقمۇ: ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ھارام ئەمەس دەپ بىلجىرلىشىدۇ؟ ﴿(ئى اللہ!) سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر﴾[4].

### بەشىنچى ھۆكۈم

---

[1] ئىمام ئەھمەد، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 81 ـ بەت.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 71 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ «ئەلفەتھۇلبارى» ناملىق كىتابى، 8 ـ جىلد، 488 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرىگە ۋە ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرىگە قاراڭ.
[4] سۈرە نۇر، 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە تائالانىڭ: ﴿سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەنە بېرىدۇ؟

ئۆلىمالار بۇ ئايىتى كەرىمنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان مۇنداق ئۈچ قاراشقا كەلگەن:

1 ـ بۇ ئايەت: «ئۆلۈككە ئۈن سېلىپ يىغلىماسلىققا» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىبنى ئاببباس شۇنداق دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

2 ـ بۇ ئايەت: «ئۆلۈك ئۈچۈن ئاھ ـ ۋاھ دەپ تووۋلىماسلىققا، يۈزلىرىنى تاتىلىماسلىققا، چاچلىرىنى يۇلماسلىققا، ياقىلىرىنى يىرتماسلىققا» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. زەيد ئىبنى ئەسلەم شۇنداق دېگەن.

3 ـ بۇ ئايەت: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇيرۇغان پۈتۈن شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدىن ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن باش تارتماسلىققا» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قاراش كۈچلۈكتۇر.

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: توغرا بولغان قاراش شۇكى، بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە توسقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭغا ئۆلۈك ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلاش، كىيىملەرنى يىرتىش، چاچ يۇلۇش، نامەھرەم ئەر بىلەن خىلۋەتتە بولۇش ۋە باشقا يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوڭ گۇناھلار بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىدۇر. سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۈممىتىم ئىچىدە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىدىن تۆت ئىش بار...» دەپ، ئۇنىڭدىن بىرىنى: «ئۆلۈك ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلاشتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[1].

## ئايەتلەر كۆرسەتدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنى سىناپ كۆرۈش بولسا، ھىجرەت قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈندۇر.

2 ـ بىز زاھىرى ئەھۋالغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىمىز. يوشۇرۇن ئەھۋاللارغا اللە تائالا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

3 ـ اللە تائالاغا ئىمان كەلتۈرمىگەن مۇشرىك ئاياللارنى ئېلىش ھارامدۇر.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 74 ـ بەت.

4 ـ خوتۇن كىشىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇشرىك ئېرى ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇڭا ئۇ ئېرىگە هارام بولىدۇ.

5 ـ ئايالاردىن بەيئەت ئېلىش قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەر ئاساسىدا بولىدۇ.

6 ـ باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىش الله تائالا بەلگىلەپ بەرگەن چەك ـ چېگرا دائىرىسىدە بولىدۇ.

7 ـ ئىلگىرى الله نىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرگەن ئەھلى كىتاب ئاياللارنى ئېلىش دۇرۇستۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھىكمىتى

پاك ئىسلام شەرىئىتى مۇشرىك ئاياللارنى ئېلىشنى هارام قىلدى، مۇسۇلمانىنى الله قا ئىمان كەلتۈرمىگەن، بىرەر ساماۋى كىتابقا ياكى بىرەر پەيغەمبەرگە ئېتىقاد قىلمىغان، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ۋە قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىغان ئايالنى ئەمرىدە ساقلاشتىن مەنئى قىلدى. چۈنكى مۇنداق نىكاھتىن دىنىي ۋە ئىجتىمائىي يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ، ئەرگە ۋە پەرزەنتلەرگە ناھايىتى چوڭ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە چوڭ جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسى بولغان ئائىلە هاياتىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئىنسانلار توي قىلغاندا ئىلاھىي قانۇنىيەت روهلار بىلەن روهلارنىڭ بىرى ـ بىرىگە قوشۇلۇشىنى، تەنلەر بىلەن تەنلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە هەملىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بېغىشلايدىغان، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان، ئۆزئارا ياردەملىشىش، چۈشىنىشىش ھەم بىرلىشىش هاسىل قىلىدىغان خاتىرجەم ۋە بەختلىك هاياتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

مۇنداق چۈشىنىشىش ۋە ئۆزئارا بىرلىشىشنىڭ بىر ـ بىرىگە نەپرەتلىنىدىغان ئىككى قەلبتىن، بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى كۆڭۈلدىن، بىرى ياخشى مۆمىن، يەنە بىرى بۇزۇق مۇشرىك بولغان ئىككى دىلدىن تېپىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۆۋەتتە كەلگەندە ئۆزئارا تېخىمۇ نەپرەتلىنىشكە، ئۆچەكىشىشكە ۋە جېدەللىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇشرىك ئايال بىلەن توي قىلىشنى هارام قىلدى ۋە ئۇنى الله نىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان باتىل توي دەپ ھېسابلىدى.

يامان ئىشتىن توسىدىغان، ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدىغان، خىيانەت قىلىشنى هارام قىلىدىغان، ئامانەتدار بولۇشنى ۋاجىپ قىلىدىغان دىنى يوق مۇشرىك ئايالنى ئالغان ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن هاياتى بويىچە بەختلىك بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھەمراھ

بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭدۇر.

ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتى ئۆزئارا ئارىلىشىش، بىرلىشىش ۋە مۇستەھكەملىنىشنى دېمەكتۇر. مۇنداق ئارىلاشماي تۇرۇپ، توغرا رەۋىشتە ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ھېچقانداق ھېسداشلىق ئورنىنى ئالالمايدىغان بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتنىڭ ئاساسى بولسا، پەقەت ئىماندىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر دىل ئىماندىن قۇرۇق قالسا، مۆمىننىڭ دىلى ئىمانغا ئىنكاس قايتۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدۇ، كۆڭلى ئۇنىڭغا تەسكىن تاپمايدۇ، ئەمەللىرىگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ سۆزىنى تولىمۇ راست ئېيتقان: «ئىنسانلارنىڭ روھلىرى توپلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزئارا تونۇشقان روھلار بىرلىشىدۇ، تونۇشمىغان روھلار بىر ـ بىرى بىلەن قارشىلىشىدۇ.»

www.munber.org

# جۈمە نامىزى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا نُودِىَ لِلصَّلَوٰةِ مِن يَوۡمِ ٱلۡجُمُعَةِ فَٱسۡعَوۡاْ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِ وَذَرُواْ
ٱلۡبَيۡعَۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٌ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٩﴾ فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُواْ فِى ٱلۡأَرۡضِ
وَٱبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِ ٱللَّهِ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ﴿١٠﴾ وَإِذَا رَأَوۡاْ تِجَـٰرَةً أَوۡ لَهۡوًا ٱنفَضُّوٓاْ
إِلَيۡهَا وَتَرَكُوكَ قَآئِمًاۚ قُلۡ مَا عِندَ ٱللَّهِ خَيۡرٌ مِّنَ ٱللَّهۡوِ وَمِنَ ٱلتِّجَـٰرَةِۚ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١﴾ ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، الله نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، الله رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»﴾.

ــ سۈرە جۇمۇئە 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

نُودِىَ: (ئەزان ئېيتىلسا)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «نىدائ» بولۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا چاقىرىش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئايەتتە جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئېيتىلغان ئەزاننى كۆرسىتىدۇ.

ٱلۡجُمُعَةِ: (جۈمە)، جۈمە كۈنى ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈنىدۇر. جۈمە كۈنى ھەپتىنىڭ كۈنلىرىدىن ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان مۇئەييەن بىر كۈنگە ئىسىم بولۇپ كەلمەكتە. ئەسلىدە ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى ”توپلانماق“ بولۇپ، جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن توپلىنىدىغان بولغاچقا، ”جۈمە“ دەپ ئاتالغان. ئەرەبلەر ئىلگىرى ئۇ كۈننى ”ئەرۇبە

كۈنى“ دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنى تۇنجى قېتىم ”جۇمە كۈنى“ دەپ ئاتىغان كىشى كەئب ئىبنى لۇئەيدۇر. سۇھەيلى مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەرۇبە، دېگەن سۆز ”رەھمەت“ دېگەن مەنىدە كېلىدىكەن.»[1]

فَٱسۡعَوۡا۟: (ئالدىراپ بېرىڭلار)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «سەئيى» بولۇپ، ئالدىراپ ماڭماق، تېز ماڭماق، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئەمما ئايەتتە: نامازغا بەك ئالدىراپ كەتمەستىن مېڭىپ كېلىڭلار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، يۈگۈرگەنچە كەلمەي، ئارامخۇدا مېڭىپ كېلىڭلار، نامازنىڭ ئۈلگۈرگەن قىسمىنى ئوقۇڭلار، ئۈلگۈرەلمىگەن قىسمىنى ئۆزەڭلار تاماملىۋېلىڭلار.»[2]

ذِكۡرِ ٱللَّهِ: (اللە نى ياد ئېتىش)، اللە نى ياد ئېتىش جۇمە نامىزنى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇنىڭغا اللە تائالانىڭ: ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، اللە نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. ئۇ سۆز جۇمە خۇتبىسىنى كۆرسىتىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار.

توغرا ۋە كۈچلۈك قاراش شۇكى، ئۇ سۆز جۇمە خۇتبىسىنى ۋە نامىزنى بىرلىكتە كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى اللە نى ياد ئېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

وَذَرُوا۟ ٱلۡبَيۡعَ: (ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار) يەنى ئېلىم ـ سېتىمنى، مۇئامىلە ئىشلىرىنى، تىجارەت ۋە خىزمەت ئىشلىرىنى قويۇپ تۇرۇڭلار.

ئەلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز مۇئامىلە ئىشلىرىنى قويۇپ تۇرۇڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا ئېلىم ـ سېتىمنى، ئىجارە ئىشلىرىنى ۋە باشقا پۈتۈن مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»[3]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە مەخسۇس ئېلىم ـ سېتىم تىلغا ئېلىندى. چۈنكى ئۇ بازاردىكى كىشىلەر ئەڭ كۆپ شۇغۇللىنىدىغان ئىشتۇر.»[4]

قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ: (ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا) يەنى نامازنى ئادا قىلىپ بولساڭلار. اللە تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن﴾[5].

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 99 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 97 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 264 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 102 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 103 ـ بەت.
[4] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 107 ـ بەت.
[5] سۈرە بەقەرە، 200 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

فَٱنتَشِرُوا: (تارىلىپ كېتىڭلار) يەنى ئۆزەڭلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن زېمىنغا تاراپ كېتىڭلار. اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار﴾[1].

وَٱبْتَغُوا: (تەلەپ قىلىڭلار). اﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿اﷲ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن﴾[2].

فَضْلِ ٱللَّهِ: (اﷲ نىڭ پەزلى). اﷲ نىڭ پەزلى رىزىق، تىجارەت ۋە ھالال كەسىپنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۆمىنلەر دۇنيالىقتىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇلغىنى يوق. ئۇلار پەقەت كېسەل يوقلاشقا، جىنازە نامازلىرىغا قاتنىشىشقا. اﷲ يولىدىكى قېرىنداشلارنى زىيارەت قىلىشقا بۇيرۇلغان.»[3]

ٱنفَضُّوٓاْ إِلَيۡهَا: (ئۇنىڭغا يۈگۈرىدۇ) يەنى شۇ تەرەپكە كېتىپ، سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتىدۇ.

ئايەتتىكى ئالماش تىجارەتكە قايتۇرۇلدى. چۈنكى تىجارەت ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى.

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «ئايەت: ئەگەر ئۇلار بىرەر تىجارەتنى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقان پېتىڭ تاشلاپ قويۇپ، تىجارەتكە يۈگۈرىدۇ. ياكى ئۇلار بىرەر تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقان پېتىڭ تاشلاپ قويۇپ، تاماشاغا يۈگۈرىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن قىسقارتىۋېتىلگەن.»[4]

وَتَرَكُوكَ قَآئِمًا: (سېنى ئۆرە تۇرغان پېتىڭ تاشلاپ) يەنى مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇۋاتقان پېتىڭ تاشلاپ قويۇپ. بۇ ئايەت خۇتبە ئوقۇغاندا ئۆرە تۇرۇشنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ: (رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر)، چۈنكى اﷲ ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىبادەت قىلغان كىشىگىمۇ، ئۆزىنى ئىنكار قىلغان ۋە تانغان كىشىگىمۇ رىزىق بېرىدۇ. اﷲ ئۆزىدىن رىزىق تىلىگەن كىشىگە، مەيلى ئۇ مۆمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، ئوخشاشلا رىزىق بېرىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە قەسەس، 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىبنى مەردۇۋەيھى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 103 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 109 ـ بەت.
[4] ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 209 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 269 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 111 ـ بەت.

ئىمام تەبەرى: ﴿الله رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، شۇڭا رىزىقلارنى تىلەشتە ئۇنىڭغىلا ئىلتىجا قىلىڭلار، ئۇنىڭدىنلا ئۆز پەزلى مەرھەمىتىنى سىلەرگە كەڭ قىلىشىنى تىلەڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىدىن رىزىق تىلىمەڭلار.»[1]

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۆمىنلەر! الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر مۇئەززىنىنىڭ ﴿جۇمە﴾ نامىزىغا توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، ئىشلىرىڭلارنى ۋە مەشغۇلاتلىرىڭلارنى تاشلاڭلار، ﴿ئېلىم ـ سېتىم﴾ ئىشلىرىنى قويۇپ قويۇپ، الله نى ياد ئېتىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا ئالدىراڭلار، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن جۇمە نامىزىنى ئوقۇشقا بېرىڭلار. ﴿ئەگەر﴾ سىلەر ئىلىم ۋە توغرا چۈشەنچە ئىگىلىرى بولساڭلار، بۇ ﴿سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ ۋە ئەۋزەلدۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىقتۇر، ئۇ ئۆزەڭلارغا نۇرغۇن ياخشىلىق ۋە بەرىكەت بولۇپ قايتىدۇ. ئەگەر نامازنى ئادا قىلىپ بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ﴿زېمىنغا﴾ تارىلىڭلار ۋە ﴿الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾، چۈنكى رىزىق الله نىڭ قولىدىدۇر. ئۇ نېمەت ئاتا قىلغۇچى ۋە كەڭ رىزىق بەرگۈچى بولۇپ، نەرسە تىلىگۈچىنىڭ تىلىكىنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ، ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەمەلىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ، ئۆز پەزلى ۋە ياخشىلىقىدىن ھېچكىمنى مەھرۇم قىلمايدۇ. ﴿مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾.

كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا بۇ پانىي دۇنيانى مەڭگۈلۈك ئاخىرەتتىن ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر پايدىلىق تىجارەتنىڭ بارلىقىنى ياكى بىرەر سودا كارۋىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ياكى دۇنيانىڭ تاماشالىرىدىن، زىبۇزىننەتلىرىدىن، شات ـ خوراملىقىدىن بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىن تارقاپ، شۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى تەرەپكە كېتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ﴿ئۆرە تۇرۇپ﴾ خۇتبە ئوقۇۋاتقان پېتى تاشلاپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشەنسە ئىدى، ﴿الله نىڭ دەرگاھىدىكى﴾ نەرسىنىڭ يەنى ساۋابنىڭ ﴿تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشى﴾ ۋە مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلەتتى. الله تائالا ﴿رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى﴾ بولۇپ، خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ. ياخشىلار ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە ھەممىدىن ياخشىدۇر. الله تائالا تولىمۇ راست ئېيتقان: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، الله نىڭ

[1] ئىمام تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بەيان» ناملىق تەپسىرى. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 270 ـ بەت.

www.munber.org

دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[1].

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 - ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەلۇم بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. دەل شۇ ئەسنادا مەدىنىگە بىر كارۋان يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى كارۋان تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا پەقەت 12 ئادەملا قالدى. قالغانلار ئىچىدە مەن، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر بار ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ...﴾ دېگەن ئايەتنى سۈرىنىڭ ئاخىرغىچىلىك نازىل قىلدى.»[2]

2 - ئىمام ئىبنى كەسىر جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەلۇم بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. دەل شۇ ئەسنادا مەدىنىگە بىر كارۋان يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى كارۋان تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پەقەت 12 ئادەملا قالغان ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەرمۇ ئەگىشىپ كەتكەن بولساڭلار، بۇ يەردە سىلەردىن ھېچكىم قالمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى بىر جىلغا ئوت ئېقىتىپ كەتكەن بولاتتى» دېدى. شۇنداقلا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە...﴾ دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولدى[3].

3 - ئەبۇ ھەييان «ئەلبەھرۇل مۇھىت» ناملىق تەپسىرىدە بۇ تاشلاپ قويۇپ كېتىشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنە ئەھلىگە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، مال باھاسى ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. شۇ ئەسنادا دەھىيە ئىسىملىك بىر ئادەم ئاشلىق ئېلىپ كەلگەن بىر كارۋان بىلەن يېتىپ كەلدى. ئادەتتە ئۇلار شەھەرگە كىرگەندە شەھەردىكى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ كىرەتتى. بۇ كارۋانمۇ شۇنداق كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلار ئۇنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئۈچۈن

---

[1] سۈرە نەھل، 96 - ئايەت.

[2] ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ «فەتھۇلبارى» ناملىق كىتابى، 8 - جىلد، 493 - بەت. سەھىھ مۇسلىم، 2 - جىلد، 590 - بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 - جىلد، 104 - بەت.

[3] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابى، 4 - جىلد، 221 - بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 269 - بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 - جىلد، 105 - بەت.

يۈگۈرۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنبەر ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقان پېتى تاشلاپ قويىدى. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت 12 ئادەم قالغان ئىدى. جابىر مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ 12 ئادەمنىڭ بىرى ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.»[①]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ جۈمە كۈنى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرۇبە كۈنى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ كۈننى جۈمە كۈنى دەپ ئاتىغان تۇنجى كىشى كەئب ئىبنى لۇئەيدۇر. ئۇ كۈننىڭ شۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىشتىن بۇرۇن مەدىنە ئەھلى بىر ئارىغا جەم بولدى. ئەنسارىلار: «يەھۇدىيلارنىڭ ھەر يەتتە كۈندە بىر ئارىغا جەم بولىدىغان بىر كۈنى بار، خرىستىئانلارنىڭمۇ شۇنداق بىر كۈنى بار، كېلىڭلار، بىزمۇ ئۆزىمىزگە بىر ئارىغا كېلىپ الله تائالانى ياد ئېتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدىغان بىر كۈن قىلىۋالايلى» دېيىشتى. ئۇلار يەنە: «شەنبە كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ كۈنىدۇر، يەكشەنبە كۈنى خرىستىئانلارنىڭ كۈنىدۇر، بىز ئەرۇبە كۈننى بېكىتەيلى» دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ ئارقىسىغا يىغىلىپ ناماز ئوقۇشقا كېلىشتى. شۇ كۈنى ئۇ ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە ئۇلارغا ۋەز ئېيتتى. ئۇلار يىغىلغان شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇ كۈن جۈمە كۈنى دەپ ئاتالدى. شۇ كۈنى بىر قوي سويۇلدى. ئۇلار گۆشنى چۈشلۈك ۋە كەچلەك تاماق قىلىپ يېدى. ئۇ ئىسلامدىكى تۇنجى جۈمە نامىزى ئىدى[②].

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿الله نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ئىنتايىن ئىنچىكە نۇقتا بولۇپ، مۆمىن جۈمە نامىزىغا جەڭگىۋار، روھلۇق، قىزغىن ۋە قەتئىي ئىرادە ھالىتىدە بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئايەتتىكى «سەئيى» دېگەن سۆز يۈگۈرۈپ مېڭىشنى ئەمەس، قىزغىنلىق، تىرىشچانلىق ۋە روھلۇق ھالەتتە مېڭىشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى نامازغا يۈگۈرۈپ مېڭىش مەنئى قىلىنغان.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ سۆز پۇت بىلەن يۈگۈرۈشنى ئەمەس، دىل بىلەن يۈگۈرۈشنى، نىيەت بىلەن يۈگۈرۈشنى ۋە رىغبەت بىلەن

www.munber.org

---

[①] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 268 ـ بەت.
[②] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 99 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 97 ـ بەت.

يۇگۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۆمىنلەر نامازغا پۈت بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىشتىن مەنئى قىلىنغان. ئۇلار نامازغا پەقەت ئارامخۇدا ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ماڭىدۇ.»[①]

3 - ﴿ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئايەتتە ئېلىم - سېتىملا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېلىم - سېتىمنى ۋە باشقا بارلىق مۇئامىلە تۈرلىرىنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە جۈمە نامىزى ۋاقتىدا ھارام قىلىنغان ئىشلار ئىچىدىن پەقەت ئېلىم - سېتىم تىلغا ئېلىندى. چۈنكى بازاردىكى كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئىنسانلار ئۇ كۈندە يېزا - قىشلاقلاردىن شەھەرلەرگە كېلىپ، كۈن چۈش بولغاندا تىجارەتكە تازا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتنىڭ تىجارىتىگە ئالدىراشقا، نامازنى ئادا قىلىپ بولغانغا قەدەر دۇنيانىڭ تىجارىتىنى قويۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇلدى.»[②]

4 - ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئەمەللىرىدە، ھەرىكەتلىرىدە ۋە سۈكۈت قىلغان ئىشلىرىدا، گەرچە ئۇنىڭدىكى سىرنى بىلەلمىسىمۇ، ئەگىشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىندۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلاردىن بىرى جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىپ بازارنى بىرئاز ئايلىنىدىكەن، ئاندىن مەسجىدكە قايتىپ كېلىپ اللہ تائالا خالىغان مىقداردا ناماز ئوقۇيدىكەن. ئۇنىڭغا: بۇ ئىشنى نېمىشقا قىلىسەن؟ دېيىلگەندە، ئۇ: مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە: ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا﴾ دېگەن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان ئىكەن[③].

5 - ئەراك ئىبنى مالىك جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا مەسجىدنىڭ دەرۋازىسىدا توختاپ تۇرۇپ: «ئى اللہ! مەن سېنىڭ چاقىرىقىڭنى قوبۇل قىلىپ سەن پەرز قىلغان نامازنى ئوقۇدۇم، ئاندىن ماڭا بۇيرۇق قىلغىنىڭ بويىچە تارقىدىم، ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دەيتتى[④].

6 - اللہ تائالانىڭ: ﴿اللہ نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە ئىنتايىن ئىنچىكە نۇقتا بولۇپ، اللہ تائالا مۆمىنلەرنى رىزىق تەلەپ قىلىشقا ئالدىراشقا ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇدى. بۇ مەشغۇلات كىشىنى غەپلەتتە قويىدىغان بولغاچقا، بەلكى ئۇنىڭ پۇل - مال توپلاشقا بولغان رىغبىتى ئۇنى يالغان سۆزلەشكە، ئالدامچىلىق قىلىشقا

---

[①] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد، 103 - بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 207 - بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 268 - بەت.
[②] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 - جىلد، 268 - بەت.
[③] ئىبنى مەردۇۋەيھى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 - جىلد، 104 - بەت.
[④] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 - جىلد، 109 - بەت.

ۋە ھىيلە ئىشلىتىشكە ئۇنىدەش ئېھتىمالى بولغاچقا، ھەر بىر مۇسۇلمان دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بايلىقنىڭ تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەت ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى، الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىنىڭ ياخشى ۋە ئەبەدىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن الله تائالانى ياد ئېتىشكە بۇيرۇلدى. شۇنداق قىلغاندا ئۇنى دۇنيا تىجارىتى ئاخىرەت تىجارىتىدىن مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۆمىنلەرنى سۆيەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ﴾[1]. الله نى كۆپ ياد ئېتىشكە بۇيرۇشتىكى سىر دەل مۇشۇ بولۇپ، ئۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىڭ.

## جۈمە كۈنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە

1 ـ جۈمە كۈنى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ ياخشى كۈندۇر. ئىمام مۇسلىم «سەھىھ مۇسلىم» دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەڭ ياخشى كۈن جۈمە كۈنىدۇر، ئادەم ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنىدە يارىتىلغان، ئۇ شۇ كۈنىدە جەننەتكە كىرگۈزۈلدى، شۇ كۈنىدە جەننەتتىن چىقىرىلدى. قىيامەتمۇ پەقەت جۈمە كۈنى قايىم بولىدۇ.»[2]

2 ـ ئىمام مالىك «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەڭ ياخشى كۈن جۈمە كۈنىدۇر، ئادەم ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنىدە يارىتىلغان، ئۇ شۇ كۈنىدە جەننەتتىن چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ تەۋبىسى شۇ كۈنىدە قوبۇل بولغان، ئۇ شۇ كۈنىدە ۋاپات بولغان، شۇ كۈنىدە قىيامەت قايىم بولىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندىن باشلاپ ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن باشقا پۈتۈن جانلىق قىيامەت كۈنىدىن قورققان ھالدا شۇ كۈنىدە چىلىنىدىغان سۇرغا قۇلاق سالىدۇ. ئۇ كۈنىدە خاس بىر ۋاقىت بولۇپ، مۇسۇلمان بەندە الله دىن نەرسە تىلەپ دۇئا قىلغان ھالدا شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇللۇشۇپ قالسا، الله ئۇنىڭغا تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ.»[3]

3 ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد سۈنەنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەڭ ئەۋزەل كۈنلىرىڭلار جۈمە كۈنىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنىدە يارىتىلغان ۋە شۇ كۈنىدە قەبزى روھ قىلىنغان. شۇ كۈنىدە سۇر چېلىنىدۇ، شۇ كۈنىدە پۈتۈن جانلىقلار ئۆلىدۇ. شۇ كۈنىدە ماڭا كۆپ دۇرۇت ئېيتىڭلار، سىلەرنىڭ ئېيتقان دۇرۇدۇڭلار ماڭا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ.» بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى

[1] سۈرە نۇر، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سەھىھ مۇسلىم، 2 ـ جىلد، 585 ـ بەت.
[3] ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى قاتارلىقلارمۇ ئۇ ھەدىسنى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! سەن چىرىپ كەتكەن تۇرساڭ، بىزنىڭ ساڭا ئېيتقان دۇرۇدىمىز ساڭا قانداق توغرىلىنىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللّٰه تائالا زېمىنغا پەيغەمبەرلەرنىڭ تەنلىرىنى يېيىشنى ھارام قىلدى» دېدى[1].

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

### قايسى ئەزان چىققاندا جۈمە نامىزىغا ئالدىراش ۋاجىپ بولىدۇ؟

اللّٰه تائالانىڭ: ﴿جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللّٰه نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئېلىم ـ سېتىمنى تاشلاپ مەسجىدكە ئالدىراشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۆلىمالار قايسى ئەزان چىققاندا جۈمە نامىزىغا ئالدىراشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە مۇنداق ئوخشىمىغان قاراشلارغا كەلگەن:

1 ـ بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەزان بولسا، ئەزان مۇنارى ئۈستىدە ئېيتىلغان تۇنجى ئەزاننى كۆرسىتىدۇ.»

2 ـ يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەزان ئىمام مۇنبەر ئۈستىگە چىققاندا ئۇنىڭ ئالدىدا ئېيتىلغان ئەزاننى كۆرسىتىدۇ.»

### ئالدىنقى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ ئەزان نامازنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. نامازغا ئالدىراپ بېرىش بولسا ئەزان چىققاندا ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ ئەزان مۇنار ئۈستىدە ئېيتىلىدىغان، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇپ يولغا قويغان بىرىنچى ئەزاننى كۆرسىتىدۇ. ئەينى زاماندا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ مەسجىدتىن خېلى يىراقلارغىچە ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بازارغا سېلىنغان، «زەۋرائ» دېيىلىدىغان ئۆيىدە بىرىنچى ئەزاننى ئېيتىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. بۇ ئىش ئۇنىڭ زامانىدىن باشلاپ بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزگىچە مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

2 ـ ئۇلار ئىمام بۇخارى «سەھىھ بۇخارى» دا سائىب ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. سائىب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا جۈمە كۈنىدىكى تۇنجى ئەزان ئىمام مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرغاندا ئېيتىلاتتى. ئوسمان

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە ئادەملەر كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ «زەۋرائ» دېگەن ئۆيدە ئۈچىنچى ئەزان[1]نى ئېيتىشنى قوشۇپ يولغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەزان ئېيتىش ئىشى مۇشۇنداق داۋام قىلدى.»

3 ـ ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ئىككىنچى ئەزان ئوقۇلغاندا نامازغا ئالدىراشقا كەلسەك، بۇ ۋاقىت ئىمامنىڭ مۇنبەرگە چىقىدىغان ۋاقتى بولغاچقا، يىراقتىن كېلىدىغان كىشىلەر خۇتبە تىڭشاشتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ خۇتبە تىڭشىشى ئۈچۈنلا جۈمە نامىزىنى يېنىكلىتىپ، ئىككى رەكئەت قىلىپ بەلگىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى مەسجىدكە يېقىن بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن نامازنىڭ بىرىنچى ۋاقتىدا كېلىشكە قاتتىق ھېرىس بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەزاننىڭ تەكرار ئوقۇلۇشىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىمامنىڭ ئالدىدا ئوقۇلغان ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان دەرھال كېلىپ خۇتبىنىڭ بېشىغا ئۈلگۈرەلەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى مەسجىدكە يېقىن ئىدى.»

ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەر مۇشۇ قاراشقا تايىنىدۇ. ھەنەفى مەزھىبىنىڭ فىقھشۇناس ئىماملىرىدىن «ئەلكەنز» ناملىق كىتابىنىڭ ساھىبى مۇنداق دەيدۇ: «بىرىنچى ئەزان چىقىشى بىلەنلا ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ نامازغا ئالدىراش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، الله نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار﴾ دېدى. نامازغا ئالدىراش ئەزان چىققانلىقى ئۈچۈنلا ھېسابقا ئېلىنىدۇ.» بۇ قاراش ھەنەفى مەزھىبىدە توغرا تېپىلغان.

«ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئېيتىلىدىغان ئىككىنچى ئەزان ھېسابقا ئېلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇشۇ ئەزاندىن باشقا ئەزان يوق ئىدى» دەپمۇ قارىلىدۇ. لېكىن بۇ قاراش ئاجىزدۇر. چۈنكى بۇ قاراش نامازغا ئالدىراشنىڭ ۋاجىپلىقىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بولسا، نامازخان پەرزدىن ئىلگىرىكى سۈننەت نامازنى ئوقۇشقا ۋە خۇتبىنى تىڭشاشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. بەلكى پەرز نامازغا ئۈلگۈرەلمەسلىك خەۋپىمۇ بار[2].

## ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

[1] ھافىز ئىبنى ھەجەر «فەتھۇلبارى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ: «ئۈچىنچى ئەزاننى ئېيتىشنى قوشۇپ يولغا قويدى» دېگەن سۆزى ۋەكىئىنىڭ ئەبۇ زىئبدىن قىلغان رىۋايىتىدە: «ئوسمان بىرىنچى ئەزاننى ئېيتىشقا يارلىق چۈشۈردى» دەپ ئىپادىلەنگەن. ئىمام شافىئىدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن بۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق يوق. چۈنكى ئۇ ئەزان قوشۇپ يولغا قويۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا ئۈچىنچى ئەزان دەپ ئاتىلىدۇ، ئەسلىدىنلا ئېيتىلىدىغان ئەزان بىلەن تەكبىردىن بۇرۇن ئېيتىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا بىرىنچى ئەزان دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۈچىنچى ئەزان نامازغا ئېيتىلغان تەكبىرنى كۆرسىتىدۇ.»

[2] «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا، ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرگە ۋە ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرگە قاراڭ.

www.munber.org

1 ـ ئىلىم ـ سېتىمنى قويۇپ نامازغا ئالدىراپ بېرىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان ئەزان بولسا ئىمامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئېيتىلىدىغان ئىككىنچى ئەزاندىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇشۇ ئەزان بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا مۆمىنلەرنىڭ ئۈستىلىرىدىكى پەرزنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشىغا ئەڭ ھېرىس ئىنساندۇر. ئەگەر نامازغا ئالدىراش بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەرز بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇلارغا بايان قىلىپ بەرگەن ۋە ئەزان بىلەن خۇتبىنىڭ ئارىلىقىدا كىشىلەرنىڭ نامازغا كېلىشكە يەتكىدەك ۋاقىت چىقىرىپ بەرگەن بولاتتى.

2 ـ الله تائالانىڭ: ﴿جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىمام مۇنبەرگە چىقسا ۋە مۇئەززىن ئەزان ئېيتسا نامازغا ئەزان ئېيتىلغان بولىدۇ.»[1]

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، ئۇ ئايەتنى ئەسەر بىلەن (يەنى نەقلى دەلىل بىلەن) تەپسىر قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن باشقا قاراشنى ئېتىبارغا ئېلىشقا بولمايدۇ.»

3 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ناماز ئوقۇغۇچى خۇتبىدە سۆزلىنىدىغان نۇرغۇن پايدىلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن بالدۇر كېلىشى ياخشىدۇر. چۈنكى بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن ئىلىم ـ سېتىمنى ھارام قىلىش ۋە گۇناھكار بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئايرىم ئىشتۇر، سۈننەت دەپ قارالغان ئىشنى قىلىشقا ئۆلگۈرۈشمۇ ئايرىم ئىشتۇر. جۈمە كۈنى پەرز نامازدىن ئىلگىرى ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان سۈننەت نامازغا كەلسەك، سۈننەتكە ئۆلگۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ پەرز نامازنىڭ ۋاقتىدىن ئىلگىرى نامازغا ئالدىراپ كېلىشنى پەرز قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەزان چىققاندا ئىلىم ـ سېتىم ھارام بولىدىغان ئەزان بولسا، ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا ئېيتىلىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق ئەزان بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مۇشۇ ئەزان بار ئىدى.»

### كۈچلۈك قاراش

بۇ قاراش كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ھەنەفى مەزھىبىدىكى بەزى فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. بۇ قاراشنىڭ كۈچلۈك بولۇش ئېھتىمالى بار.

### ئىككىنچى ھۆكۈم

ئەزان چىققاندا قىلىنغان ئىلىم ـ سېتىم بۇزۇلامدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿ئىلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئەزان چىققاندا ئىلىم ـ سېتىم قىلىشنىڭ ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرىنى قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار: ئەزان چىققاندا پۈتۈشكەن سودا توغرا بولامدۇ ياكى بۇزۇلامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى.

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 444 ـ بەت.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سودا بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ﴿ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئايەتتە سودا قىلىش مەنئى قىلىنغان.»

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سودا ھارامدۇر. لېكىن ئۇ بۇزۇلمايدۇ. ئۇ، تارتىۋېلىنغان زېمىندا ئوقۇلغان نامازغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ ناماز مەكروھلۇق بىلەن ئادا تاپىدۇ.»

ئىمام قۇرتۇبى «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «سودا ھارام بولىدىغان ۋاقىت ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراش بار: بىرى، كۈن قايرىلغاندىن باشلاپ نامازنى ئوقۇپ بولغىچە بولغان ۋاقىتتۇر. زەھھاك، ھەسەن ۋە ئەتائ شۇنداق دېگەن. يەنە بىرى، خۇتبىگە ئوقۇلغان ئەزاندىن باشلاپ نامازغىچە بولغان ۋاقىتتۇر. بۇ قاراشنى ئىمام شافىئىي ئوتتۇرىغا قويغان.»

ئىمام قۇرتۇبى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىدە نامازغا ئەزان چىققاندا ئېلىم ـ سېتىم قىلىشنى تاشلاش لازىم. ئۇنىڭ قارىشىدا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قىلىنغان سودا بۇزۇلىدۇ. لېكىن قۇل ئازاد قىلىش، نىكاھ، تالاق ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلاردا كىشىلەر ئادەتتە سودىدا مەشغۇل بولۇپ قالغاندەك ئۇزۇن مەشغۇل بولۇپ قالمايدۇ. مالىكى مەزھىبىدىكىلەر: «شۇنىڭدەك شېرىكلىشىش، بەخش قىلىش، سەدىقە بېرىش ئىشلىرىمۇ ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدىغان بولغاچقا بۇزۇلمايدۇ» دەيدۇ.

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «توغرا قاراش شۇكى، پۈتۈن سودا ئىشلىرى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئېلىم ـ سېتىم قىلىش كىشىنى مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان بولغاچقا مەنئى قىلىندى. شۇڭا مۇئامىلە ئىشلىرىدىن كىشىنى جۇمە نامىزىدىن مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان ھەممە ئىش شەرىئەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھارام بولىدۇ، مۇنداق ئىشنى توسۇش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇزۇلىدۇ.»

بەزى ئۆلىمالار مەزكۇر ۋاقىتتا ئېلىم ـ سېتىم قىلىش دۇرۇستۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئېلىم ـ سېتىم قىلىشنى مەنئى قىلغان ئايەتنى ئۇ ۋاقىتتا ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇش ياخشى بولغانلىقتىن مەنئى قىلىنغان دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ قارىشىغا الله تائالانىڭ: ﴿بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلغان. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىبىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىدا بۇ ۋاقىتتا پۈتۈشكەن مۇئامىلە ئىشلىرى دۇرۇس بولىدۇ، بۇزۇلمايدۇ.

زەمەخشەرى «ئەلكەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «كۆپۈنچە ئۆلىمالار ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈشكەن سودا بۇزۇلمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى ئېلىم ـ سېتىم قىلىشنىڭ ئۆزى ھارام ئەمەس، لېكىن ئۇ پەرزنى ئادا قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىنغان. ئۇ، تارتىۋېلىنغان زېمىندا، تارتىۋېلىنغان كىيىمدە

www.munber.org

ۋە تارتىۋېلىنغان سۇ بىلەن ئالغان تاھارەتتە ئوقۇغان نامازغا ئوخشايدۇ. بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈشكەن سودا بۇزۇلىدۇ دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.»

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: توغرا قاراش شۇكى، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈشكەن سودا بۇزۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ دىنىمىز ئاساسىدا بولمىغان ھەرقانداق ئەمەل رەت قىلىنىدۇ.» يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ[1].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### جۈمە نامىزىنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن خۇتبە ئوقۇش شەرتمۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿الله نى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار﴾ دېگەن سۆزى جۈمە نامىزىنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن خۇتبە ئوقۇشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى الله نى ياد ئېتىشنى مەيلى: «ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتتۇر» دەيلى، ياكى: «ئۇ ۋەز ـ نەسىھەت ۋە نامازدۇر» دەيلى بەرىبىر ئۇنىڭغا جۈمە خۇتبىسى كىرىدۇ. شۇڭا ئۇ چوقۇم نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن شەرت قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى جۈمە نامىزى پەقەت خۇتبە ئوقۇلۇشى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت تىڭشىشى ئۈچۈنلا يەڭگىللىتىلگەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن خۇتبە ئوقۇش پەرزدۇر. بۇ كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر.

بىراق ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ فىقھشۇناسلىرى مۇنداق دەيدۇ: «خۇتبىدە كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە خۇتبە دەپ ئاتىلىپ قالغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنىڭ بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى الله تائالا ئايەتتە خۇتبىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياكى قىسقا بولۇشىنى، خۇتبە دەپ ئاتىلىشىنى ياكى خۇتبە دەپ ئاتالماسلىقىنى تەپسىلى بايان قىلماستىن، پەقەت الله تائالانى ياد ئېتىشنىلا تىلغا ئالدى. شۇڭا خۇتبىدە الله نى زىكىر قىلىشلا شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاز دېگەندە الله نى زىكىر قىلىش دېگىلى بولىدىغان نەرسە خۇتبە بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان، خۇتبە دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ۋە ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقان زىكىر بولسا، ۋاجىپ ياكى سۈننەتتۇر، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭسىز ناماز ئادا تاپمايدىغان شەرت ئەمەس.»

شافىئىي ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ فىقھشۇناسلىرى خاتىپنىڭ مەخسۇس شەرتلىرى تولۇق بولغان مۇكەممەل ئىككى خۇتبىنى ئوقۇشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ شەرتلەر ئىچىدە الله قا ھەمدى ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش، الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن ئايەت ئوقۇش، الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش قاتارلىقلار بار. شافىئىي مەزھىبىنىڭ فىقھشۇناسلىرى بۇ شەرتلەرگە مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللار ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى زىيادە قىلغان.

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 108 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 103 ـ بەت.

مالىكى مەزھىبىنىڭ فىقھشۇناسلىرى خۇتبىدە پەقەت بىرلا شەرتنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ خۇتبە كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە ۋەز ـ نەسىھەت ۋە خۇتبە، دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەر ئىچىدىن كىشىلەرنى كەلگۈسى يامان ئاقىۋەتتىن قورقۇتۇشنى ياكى كەلگۈسى بەخت ـ سائادەتتىن خۇش خەۋەر بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك[1].

«ئەررەۋزە ئەننەدىييە» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىلىشىڭ كېرەككى، شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان خۇتبە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ياخشىلىققا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئادەتلەنگەن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر. مانا بۇ خۇتبىنىڭ ھەقىقىي روھى بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن خۇتبە ئوقۇش يولغا قويۇلغان. ئەمما اللە قا ھەمدى ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش، قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇش قاتارلىقلارنى شەرت قىلىشقا كەلسەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇتبىنىڭ شەرىئەت نامىدىن يولغا قويۇلۇشىنىڭ ئاساسى مەقسىتىدىن سىرتتا قالىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى ئۇنىڭ قىلمىسا بولمايدىغان ئىش ۋە چوقۇم ئورۇندىلىشى لازىم بولغان شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

بۇ مەسىلىگە ئىنساپ بىلەن قارايدىغان بولساق، خۇتبىدىكى ئاساسى مەقسەت ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى اللە قا ھەمدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادىتىدە بولسا ئۇلارنىڭ بىرى بىرەر ئورۇندا ئۆرە تۇرۇپ بىرەر سۆزنى قىلماقچى بولغاندا سۆزىنى اللە قا ھەمدۇسانا ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن باشلايتتى. (بۇ نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن ئەۋزەل ئىش ھە!) لېكىن ئۇ ئاساسى مەقسەت ئەمەس، بەلكى ئاساسى مەقسەت ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزدۇر. ئەگەر بىرى: بىرەر زىياپەتتە سۆز قىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان ئادەم پەقەت اللە تائالاغا ھەمدى ئېيتىۋېلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىۋېلىش ئۈچۈنلا ئولتۇرىغا چىققان دېسە، بۇ سۆز كىشىلەر تەرىپىدىن ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. بەلكى ساغلام تەبىئەتلىك كىشى ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ مۇقەررەرلەشسە، جۇمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ توختالماقچى بولغان ئاساسى سۆز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىسەن. ئەگەر خاتىپ بۇنى ئادا قىلسا، شەرىئەت جەھەتتە يولغا قويۇلغان ئىشنى ئادا قىلغان بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن اللە تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتسا ياكى ۋەز ـ نەسىھىتىدە قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان ئايەتلىرىنى كەلتۈرۈپ ئۆتسە، خۇتبە ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئادا تاپقان بولىدۇ.»

تۆتىنچى ھۆكۈم

[1] فىقھشۇناسلارنىڭ «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتاب، 1 ـ جىلد، 390 ـ بەتتىكى قاراشلىرىغا ۋە دەلىللىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

جۈمە نامىزى قانچە ئادەم بىلەن ئوقۇلسا ئادا تاپىدۇ؟

فىقھشۇناسلار جۈمە نامىزىنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن شەرت قىلىنغان شەرتلەردىن بىرى جامائەت ئىكەنلىكىدە بىردەك پىكىرگە كەلگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جۈمە نامىزى ھەر بىر مۇسۇلمانغا جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن پەرز قىلىنغاندۇر، پەقەت تۆت تۈرلۈك ئادەمگە پەرز ئەمەس بولۇپ، ئۇلار: قۇل، خوتۇن كىشى، كىچىك بالا ۋە كېسەلدىن ئىبارەتتۇر.»[1] بۇ نامازنىڭ جۈمە نامىزى دەپ ئاتىلىشىلا جامائەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يالغۇز ناماز ئوقۇغان ئادەم جۈمە نامىزى ئوقۇدى، دېيىلمەيدۇ. شۇڭا جۈمە نامىزى ئۈچۈن چوقۇم جامائەت بولۇشى كېرەك.

ئۇلار قانچە ئادەم بىلەن جۈمە نامىزى ئۆتەشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان 15 پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنى ھافىز ئىبنى ھەجەر «فەتھۇلبارى» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان. ئايىتى كەرىم بولسا مۇئەييەن سانىنى ئېنىق كۆرسەتمىگەن. شۇنداقلا پاك سۈننەتتىمۇ جۈمە ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان جامائەت سانى ئوچۇق ۋە توغرا شەكىلدە رىۋايەت قىلىنمىغان. شۇڭا فىقھشۇناسلار مۇنداق بىرقانچە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1 ـ ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «تۆت ئادەم بولۇپ، بىرى ئىمام بولسا جۈمە ئوقۇشقا بولىدۇ.» ئۈچ ئادەم بولسىمۇ بولىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

2 ـ شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ئاز دېگەندە 40 ئادەمدىن تەشكىل تاپقان چوڭ جامائەت بولۇشى كېرەك.»

3 ـ مالىكىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «مۇئەييەن سان شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى بىرەر مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان، ئۆزئارا ئېلىم ـ سېتىم بولۇپ تۇرىدىغان جامائەت شەرت قىلىنىدۇ. ئۈچ ئادەم بىلەن، تۆت ئادەم بىلەن ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئادەم بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇشقا بولمايدۇ.»

ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «مالىكىي مەزھىبىنىڭ قارىشى دەلىل جەھەتتە قالغان مەزھەبلەردىن كۈچلۈك بولۇش ئېھتىمالى بار.»[2]

بۇ يەردە يەنە جۈمە نامىزىغا ئالاقىدار نۇرغۇن ھۆكۈملەر بولۇپ، شاخچە ھۆكۈملەر تولۇق بايان قىلىنغان كىتابلارغا قارالسا بولىدۇ. بىز ئۇنى بايان قىلماي ئۆتۈپ كەتتۇق. چۈنكى بۇ ئايىتى كەرىمدە ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ دەلىلى يوق. الله مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر.

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا، «فەتھۇلبارى» غا ۋە ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 102 ـ بەتكە قاراڭ.

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ جۈمە نامىزى ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان مۇسۇلمانلارغا مەلۇم شەرتلەر تولۇقلانغان ئەھۋال ئاستىدا پەرزدۇر.

2 ـ خۇتبە تىڭشاش ۋە جۈمەنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ بېرىش ۋاجىپتۇر.

3 ـ ئەزان چىققاندىن باشلاپ ناماز ئوقۇلۇپ بولغانغا قەدەر ئېلىم ـ سېتىم قىلىش ۋە باشقا مۇئامىلە ئىشلىرىنى قىلىش ھارام بولىدۇ.

4 ـ نامازدىن بۇرۇن ۋە نامازدىن كېيىن تىجارەت ۋە تىرىكچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش دۇرۇستۇر.

5 ـ رىزىق اللە نىڭ قولىدىدۇر. شۇنداقتىمۇ ئىنسان ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرىنى قىلىشى كېرەك.

6 ـ مۆمىننىڭ دۇنيا تىجارىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاخىرەت تىجارىتىدىن غەپلەتتە قېلىشى توغرا ئەمەس.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ناماز بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئارىسىدا ئالاقە رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ كىشىنى قەيسەر ئىرادىگە كەلتۈرىدىغان ۋە ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە جەمئىيەتتە ئۆزئارا قويۇق ئالاقە قىلىشنى ۋە ئۇلپەتداش بولۇشنى كۈچەيتىدۇ. نامازدا جەمئىيەت ئەزالىرى ياخشىلىق ئۈستىدە ئۇچرىشىدۇ، ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە تەقۋادارلىق قىلىشقا ياردەملىشىدۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈزدىكى بەش ۋاخ نامازنى ئالساق، بەزى كىشىلەر دۇنيالىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەسجىدتىن ئۇزاقلىشىپ كېتىدۇ ـ دە ، بەش ۋاخ نامازنىڭ بەزىسىنى جامائەت بىلەن ئوقۇيالماي قالىدۇ، ياكى ناماز ئۈچۈن مەسجىدكە كەلمەسلىكنى يېنىك قاراپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە ئوقۇشنى پەرز قىلدى، اللە نىڭ سۆزلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ۋە خاتىپنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ئىمانىي ئوزۇق ئېلىش، مۆمىن قېرىنداشلىرى بىلەن بىر ئارىغا جەم بولۇش، كېلەلمىگەننى ئىزدەش، موھتاجغا ياردەم قىلىش، كېسەلنى يوقلاش، ئۇرۇشۇپ قالغانلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ۋە كەمچىلىك ئۆتكۈزۈۋاتقانلارغا ئايىماي نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا باشقىلارغا سالام بېرىش، ئېھتىرام قىلىش، ئوچۇق چىراي بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بولغان، جەمئىيەتكە تىنچلىق ۋە

www.munber.org

ئامانلىق كەلتۈرىدىغان گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن نامازغا ئالدىراپ كېلىشكە ۋە ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇدى.

# تالاق ھۆكۈملىرى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِذَا طَلَّقۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ وَأَحۡصُواْ ٱلۡعِدَّةَۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ رَبَّكُمۡۖ
لَا تُخۡرِجُوهُنَّ مِنۢ بُيُوتِهِنَّ وَلَا يَخۡرُجۡنَ إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖۚ وَتِلۡكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ
وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ ٱللَّهِ فَقَدۡ ظَلَمَ نَفۡسَهُۥۚ لَا تَدۡرِي لَعَلَّ ٱللَّهَ يُحۡدِثُ بَعۡدَ ذَٰلِكَ أَمۡرٗا ﴿١﴾ فَإِذَا بَلَغۡنَ
أَجَلَهُنَّ فَأَمۡسِكُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٍ أَوۡ فَارِقُوهُنَّ بِمَعۡرُوفٖ وَأَشۡهِدُواْ ذَوَيۡ عَدۡلٖ مِّنكُمۡ وَأَقِيمُواْ
ٱلشَّهَٰدَةَ لِلَّهِۚ ذَٰلِكُمۡ يُوعَظُ بِهِۦ مَن كَانَ يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ
مَخۡرَجٗا ﴿٢﴾ وَيَرۡزُقۡهُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَحۡتَسِبُۚ وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَٰلِغُ أَمۡرِهِۦۚ
قَدۡ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَيۡءٖ قَدۡرٗا ﴿٣﴾ ﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار. (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەتنى ساناڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار اللّٰه دىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ، ئەنە شۇ اللّٰه نىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى اللّٰه نىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، سەن بىلمەيسەنكى، اللّٰه شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزۈلۈشۈپ كېتىڭلار، (يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) اللّٰه قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، كىمكى اللّٰه دىن قورقىدىكەن، اللّٰه ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اللّٰه ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى اللّٰه قا تەۋەككۈل قىلسا، اللّٰه ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾.

ــ سۈرە تالاق 1 ــ، 2 ــ، 3 ــ ئايەتلەر

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

لِعِدَّتِهِنَّ: (ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە) يەنى ئۇلارنىڭ ئىددەت تۇتۇشىغا لايىق زاماندا، ياكى ئۇلارنىڭ ئىددەت تۇتۇش زامانىنىڭ كىلىشىگە.

جۇرجانى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، ئۇلار ئىددەت تۇتسا بولىدىغان زاماندا دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ ئىددىتى بولسا ئۇنىڭ ھەيز كۈنلىرىنى ۋە ئېرىگە ھازا تۇتۇش كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ سۆز ئەسلىدە ساناقتىن كىلىپ چىققان. چۈنكى تالاق قىلىنغان ئايال مۇئەييەن قېتىم ھەيز كۆرۈش كۈنلىرىنى، ياكى ھامىلدارلىق كۈنلىرىنى ۋە ياكى تۆت ئاي ئون كۈننى ساناپ توشقۇزىدۇ.»[1]

وَأَحْصُوا: (ساناڭلار) يەنى تولۇق ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرگىچە بولغان كۈنلەرنى دىققەت بىلەن ساناپ تولۇق توشقۇزۇڭلار. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «ئىھسائ» بولۇپ، ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش ساناقنى تاش بىلەن ساناشنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنچە ئۇ ساناق ئۈچۈن ھەقىقي ئاتالغۇ بولۇپ قالغان[2].

وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ: (اللّٰه دىن قورقۇڭلار) يەنى سىلەر بىلەن اللّٰه نىڭ ئازابى ئارىسىدا سىلەرنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان قالقان بەرپا قىلىڭلار. بۇ، اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن يېنىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ[3].

فَـٰحِشَةَ: (پاھىشە)، بۇ سۆز، قەبىھ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. قەبىھ گۇناھلار ۋە يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى پاھىشە دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا زىنامۇ پاھىشە دەپ ئاتالغان. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[4].

حُدُودَ ٱللَّهِ: (اللّٰه نىڭ قانۇنىدۇر)، اللّٰه نىڭ قانۇنى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن ھالال ۋە ھارام قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن بەلگىلىمىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى مەنئى قىلىنغان ئىشنى قىلغۇچىنى جازالاش ئۈچۈن بېكىتىپ بەرگەن بەلگىلىمىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ئوغرىلىق قىلغۇچىنى جازالاش قانۇنىغا ئوخشاش[5].

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 153 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 288 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەبۇ ھەيياننىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 282 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 133 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى.
[4] سۈرە ئىسرا، 32 ـ ئايەت.
[5] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 255 ـ بەت.

www.munber.org

ظَلَمَ نَفْسَهُ: (ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ)، زۇلۇم بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدىن باشقا يەردە قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

أَجَلَهُن: (ئۇلارنىڭ ئىددىتى)، «ئەجەل» دېگەن بۇ سۆز ۋاقىتنىڭ توشۇشى، ئاخىرقى مۇددەت دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە: ئۇلار ئىددىتى توشىدىغان ۋاقىتقا يېقىنلاشسا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[①].

بِمَعْرُوف: (چىرايلىقچە)، بۇ سۆز ياخشى دەپ قارالغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە يامان ئىشنىڭ زىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ كۆپ مەنىنى ئۆزىگە جەم قىلغان سۆز بولۇپ، الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا يېقىنلىق ئىزدەش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، شەرىئەت ياخشى دەپ قارىغان ھەممە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، شەرىئەت مەنئى قىلغان ھەممە يامان ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

چىرايلىقچە يېنىشىۋېلىش بولسا ئەرنىڭ ئايالىغا بولغان ھەققىنى ئادا قىلىشنى، چىقىشىپ ئۆتۈشنى، ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چىرايلىقچە ئۈزۈلۈشۈپ كېتىش بولسا ئايالىنىڭ مەھرىنى ئادا قىلىشنى، كۆڭلىنى ياساپ ئاز ـ تولا نەرسە بېرىشنى، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەقلەرنى ئادا قىلىشنى، شەرتلەرگە ۋاپا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ[②].

ذَوَىْ عَدْلٍ: (ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى) يەنى ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئىككى ئادەمنى. سۆزى ۋە ھۆكمىگە كىشىلەر رازى بولىدىغان ئادەم ئادىل دېيىلىدۇ. ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ئادىل گۇۋاھچى مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى كېرەك.»[③]

يَتَوَكَّل: (تەۋەككۇل قىلسا) يەنى الله تائالا رىزىق بېرىشكە ۋە ئىشلىرىمنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىشكە كەپىلدۇر دەپ بىلىپ، پۈتۈن ئىشلىرىدا الله قا تايانسا ۋە يۆلەنسە، ئۇ ھالدا يالغۇز الله غىلا ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ[④].

حَسْبُهُ: (ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ)، مۆمىننىڭ مۇنۇ سۆزى مۇشۇ مەنىدە كېلىدۇ: «الله ماڭا كۇپايىدۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!»

بَالِغ: (يېتەلەيدۇ) يەنى ئەمرىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئايەتتە، الله سىلەردىن كۈتكەن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[①] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 134 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 226 ـ بەت.
[②] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 226 ـ بەت.
[③] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 159 ـ بەت.
[④] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 292 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 161 ـ بەت.

قَدَرًا: (مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت)، ھەر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىنىپ بولغانلىقى الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ۋە ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بەندە رىزىق ۋە باشقا ئىشلارنىڭ پەقەت الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىرگە بويسۇنۇش ۋە الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشتىن باشقا يول قالمايدۇ[①].

# ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا ئىسلام ئۇممىتىنى ياخشىلىققا يېتەكلىگۈچى، ھەقىقەتكە باشلىغۇچى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شەرەپلەندۈرۈپ ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلىپ، شۇنداقلا ئۇممىتىگە ئەسكەرتىش بېرىپ ۋە تەلىم بېرىپ شۇنداق خىتاب قىلىدۇكى، ئەگەر بىر مۇسۇلمان خوتۇنىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ تالاق قىلىش ھەققى بار، لېكىن ئۇ ئۇنى تالاق قىلسا بولىدىغان ۋاقىتتا رىئايە قىلىشى، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن پاكلىق ھالىتىدە تالاق قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ تالاق قىلسا، ئۆزى ھەم خوتۇنى خوتۇنىنىڭ ئىددىتىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تۈتقۇنىنىڭ ئاجراپ كەتكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن ۋاقىتنى ياخشى ھېسابلىشى ۋە ئىددەت كۈنلىرىنى ئىنچىكىلەپ سانىشى كېرەك. مۆمىن ئەمەلىنىڭ توغرا ۋە ساغلام بولۇشى ئۈچۈن ئادا قىلىۋاتقان ھەر بىر ئەمەلىدە، ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقان ھەر بىر ئىشىدا الله قا تەقۋادارلىق قىلىشنى، الله دىن قورقۇشنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشى لازىم.

ئىددەت تۈتىۋاتقان ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئەرنىڭ ئۇنى ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەس. ئايالنىڭمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى، گەرچە ئېرى چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت بەرگەن تەقدىردىمۇ، دۇرۇس ئەمەس. پەقەت ئايال ھەقىقەتەن پاھىشە قىلغان بولۇپ، ئەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشى قىيىن بولۇپ قالسا، ئايال شۇ سەۋەبتىن ئۆيدىن چىقىپ كەتسە بولىدۇ. مانا بۇ الله نىڭ ئەمرى ۋە ھۆكمىدۇر. ئۇ الله نىڭ ئايرىغۇچى چېگرىسى بولۇپ، الله ئۇنى بەندىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلىگەن. كىمكى بۇ بەلگىلىمىدىن ئۆتۈپ كەتسە، الله چەكلىگەن ئىشنى قىلغان، يامان ۋە ئۆزىگە پۇشايمان بولىدىغان ئىشقا گىرىپتار بولغان بولىدۇ. ئۇ بىلمەيدۇكى، ﴿الله شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن)﴾ ئۇنىڭ دىلىدا ئۇنى ئۆزگەرتىدىغان، ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ قېلىشنى خالايدىغان ﴿بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن﴾. ئەگەر ئۇ تالاق ئىشىدا ئالدىراقسانلىق قىلمىسا ۋە قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەگەشسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خالىغان ئىشنى قىلىشقا كەڭچىلىك يارىتىپ

---

① ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 136 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 225 ـ بەت.

www.munber.org

بېرىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، پۇشايمانغا قالىدۇ. ۋاقىت كەتكەندە پۇشايمان قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى!

ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇشقا يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئەرنىڭ قانداق قىلىش ئىختىيارى بولۇپ، ئىش ئۇنىڭ قولىدىدۇر. ئەگەر ئۇ خالىسا ئايالنى ئۆيىگە ياندۇرۇپ ئەكېلىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا ئايالغا مۇلايىم ۋە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئايالدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى خالىسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ھەقلىرىنى تولۇق بەرگەن ئاساستا ئاجرىشىپ كەتسە بولىدۇ. مەيلى ئۇ ئاجرىشىپ كېتىشنى تاللىغان بولسۇن، ياكى ئۆي تۇتۇشنى تاللىغان بولسۇن، بۇ ئىشتا دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە توغرا يولدا ماڭىدىغان ئىككى ئادىل ئەرنى گۇۋاھ قىلىشى كېرەك.

گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىقنى الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئادا قىلىشى، ئۇنى يوشۇرماسلىقى كېرەك. بۇ الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بۇيرۇق بولۇپ، مۆمىن ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، بويسۇنىدۇ. ئالدىدا ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان ئىشلىرىدىن سوراققا تارتىلىدىغان بىر كۈننىڭ بارلىقىنى ئويدان بىلىدۇ.

الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش بەندىگە ماددىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەنىۋي جەھەتتىن بولسۇن قىيىن ئەھۋاللاردىن ﴿چىقىش يولى بېرىدۇ﴾. ھەممىگە قادىر الله تەقۋادار بەندىسىگە ئۇ ئويلاپ باقمىغان ۋە خىيال قىلىپ باقمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. ﴿كىمكى﴾ پۈتۈن ئىشلىرىدا الله قا قايتىپ، ھەقىقىي رەۋىشتە الله قا ﴿تەۋەككۇل قىلسا﴾، الله ئۇنىڭ غەملىرىگە كۇپايە قىلىدۇ، ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدۇ. الله نىڭ مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەمرى ۋە ھۆكمى چوقۇم ئىجرا قىلىنىدۇ. الله ئۆزى خالىغان ۋە ئىختىيار قىلغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. لېكىن ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى بەلگىلەنگەن. ھەر بىر ئىشنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى بار.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىمام ئىبنى ماجە سۈنەنىدە سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تالاق قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىۋالغان.»

قەتادە ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تالاق قىلدى. ھەفسە ئۆيىگە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇنىڭ بىلەن

يېنىشۋالغىن، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيدىغان، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدىغان ئايالدۇر، ئۇ سېنىڭ جەننەتتىكى ئاياللىرىڭدىن بىرىدۇر» دېيىلگەن.

كەلبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەفسىگە ئاچچىقلانغانلىقى ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن مەخپىيەتلىكنى ئائىشەگە ئاشكارىلىۋەتكەن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر تالاق قىلغان. ئاندىن بۇ ئايەت نازىل بولغان.»

2 ـ سۇددىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ خوتۇنىنى ھەيزلىك ھالىتىدە بىر تالاق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خوتۇنى بىلەن يېنىشۋېلىشقا، ئاندىن ئۇنى ھەيزدىن پاكلانغان، ئاندىن ھەيز كۆرگەن، ئاندىن يەنە پاكلانغانغا قەدەر تۇتۇپ تۇرۇشقا، ئاندىن تالاق قىلماقچى بولسا، شۇنداق پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى تالاق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەنە شۇ، اللہ تائالا ئاياللارنىڭ تالاق قىلىنىشىغا بۇيرۇغان ئىددەتتۇر.»[1]

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ اللہ تائالانىڭ: ﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ دېگەن سۆزىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان نىدا ۋە خىتاب، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ سەمىگە سېلىش ئۈچۈندۇر. بۇ خىتابنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىشنىڭ مۇنداق بىرقانچە ئېھتىماللىقى بار:

بىرىنچى، خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان خىتابنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان خىتاب دەپ بىلىش بىلەن كۇپايىلىنىشتۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. پەقەت ئۇنىڭغا خاس قىلىنغان ئىشلاردا ئەگەشمىسىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئايەتنىڭ تولۇق شەكلى مۇنداق بولىدۇ: ئى پەيغەمبەر! ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى، ﴿سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار...﴾

ئۈچىنچى، بۇ خىتاب ئادەتتە رەئىسكە قىلىنغان خىتابقا ئەگەشكۈچىلەرنىڭمۇ كىرىدىغانلىقى شەكلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ پېشۋاسىدۇر. بىرەر قەۋمنىڭ رەئىسىگە ياكى ئۇلارنىڭ چوڭىغا، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ۋە رەئىسلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا: «ئى پالانى! مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلىڭلار» دېيىلىدۇ. ئايەتتىكى خىتاب پەيغەمبەر

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 148 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 222 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 132 ـ بەت.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنسىپىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىزھار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ﴿پەيغەمبەر﴾ دېگەن سۆز تاللانغان. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ندا بىلەن خىتاب قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك بولماسلىقى ئۈچۈن، خىتابنى ئۇنىڭ ئۇممىتىگە بۇرىدى. چۈنكى تالاق ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن خىتاب قىلىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

بەشىنچى، ئايەتتىن «ئۇممەت» دېگەن سۆز قىسقارتىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ تولۇق شەكلى: «ئى پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى! سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار» دېگەن بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر الله تائالا مۆمىنلەرگە خىتاب قىلماقچى بولسا، ﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ دېگەن سۆزى بىلەن يۇمشاق خىتاب قىلىدۇ. ئەگەر سۆز ۋە مەنە جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە خىتاب قىلماقچى بولسا: ﴿ئى رەسۇل!﴾[1] دەيدۇ.»[2]

2 ـ ئەگەر بىرى: تالاقنى «بىدئەتلىك تالاق» ياكى «سۈننەتكە ئۇيغۇن تالاق» دەپ ئاتاشتىكى سىر نېمە؟ دېسە، بۇنىڭغا ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاب بېرىلىدۇ: «ئايال كىشى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلىنسا، بىدئەت تالاق دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىددىتىنى ھەيز كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىدىن باشلاپ ھېسابلىيالمايدۇ، بەلكى، ئۈچ ھەيزدىن ئارتۇق ئىددەت تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىددىتى تۆت ھەيز كۆرۈشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ھەيزلىك ھالەتتە تالاق قىلىنغان ۋاقىتتا يا ئىددەت تۇتقۇچى ئەمەس، يا ئېرى بار ئەمەس ئېسىلقى ھالەتتە قالىدۇ. بىرىگە زىيان سېلىشنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ. خوتۇننى ھەيزلىك ھالەتتە تالاق قىلىش خوتۇن ئۈچۈن يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكەزگەن پاكلىق ھالەتتە تالاق قىلىش ئەر ئۈچۈن يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. ئەگەر خوتۇن پاكلىق ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەستىن تالاق قىلىنسا، ھەر ئىككىلى يامان ئاقىۋەتتىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەرنىڭ تالاق قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپلا ئايال ئېرىدىن بالا قېلىش ئېھتىمالىدىن خاتىرجەم ھالدا ئىددەت تۇتۇشنى باشلىۋېتىدۇ.»[3]

3 ـ رەبىئ ئىبنى خەيسەم مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئۆزىگە شۇنداق ھۆكۈم قىلدىكى، كىمكى الله قا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. كىمكى الله قا ئىمان ئېيتسا،

---

[1] سۈرە مائىدە، 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 148 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 281 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 456 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 222 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 128 ـ بەت.
[3] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 224 ـ بەت.

اﷲ ئۇنى توغرا يولغا باشلايدۇ. كىمكى اﷲ قا قەرز بەرسە، اﷲ ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ. كىمكى اﷲ قا ئىشەنچ باغلىسا، اﷲ ئۇنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. كىمكى اﷲ قا دۇئا قىلسا، اﷲ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. بۇنى اﷲ تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم مۇنداق تەستىقلايدۇ: ﴿كىمكى اﷲ قا تەۋەككۇل قىلسا، اﷲ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾، ﴿كىمكى اﷲ قا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت اﷲ نىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، اﷲ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ﴾[1]، ﴿اﷲ قا قەرزي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى مەمنۇنىيەت بىلەن سەدىقە بەرسەڭلار) اﷲ سىلەرگە ئۇنىڭ (ساۋابىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ﴾[2]، ﴿كىمكى اﷲ قا (يەنى اﷲ نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ﴾[3]، ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن﴾[4]. »[5]

4 ـ اﷲ تائالا: «اﷲ دىن قورقۇڭلار» دېمەستىن، ﴿پەرۋەردىگارىڭلار اﷲ دىن قورقۇڭلار﴾ دېدى. فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت مۇبالىغە قىلىنغان ھالەتتە ئىپادىلەنگەن. چۈنكى «پەرۋەردىگار» دېگەن سۆز ئۇلارغا ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار بىلەن پەرۋىش قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەنە شۇ پەرۋىشنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىگەن چاغدا تەقۋادارلىق قىلىشقا تېخىمۇ بەك بېرىلىدۇ. »[6]

5 ـ ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە يەنە ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك بىر نۇقتا بولۇپ، ئايالالارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشتە تەقۋادارلىق قىلىش كىشىنى پۇل ـ مالغا موھتاج قىلىدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى اﷲ دىن قورقىدىكەن، اﷲ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾. بۇ، اﷲ تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، اﷲ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾[7] دېگەن سۆزىگىمۇ مەزمۇن جەھەتتە يېقىن كېلىدۇ. »[8]

6 ـ اﷲ تائالا: ﴿ئىددەتنى ساناڭلار﴾ دېدى. ئىددەتنى مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلەر ئۈچۈن سانايدۇ:

---

[1] سۈرە تەغابۇن،11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەغابۇن،17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە، 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 162 ـ بەت.
[6] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 225 ـ بەت.
[7] سۈرە نۇر، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 227 ـ بەت.

www.munber.org

بىرىنچى، يېنىشىۋېلىپ ئۆي تۇتۇشنى ياكى خېتىنى بېرىپ ئاجرىشىپ كېتىشنى كۆزلەپ سانايدۇ. ئىككىنچى، ئۇ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكنى ئىسپاتلاشنى، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنى ئېلىشقا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا تۆتىنچى خوتۇننى ئېلىشقا ئوخشاش، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئېلىش دۇرۇس بولمىغان ئاياللاردىن خوتۇن ئېلىشنى كۆزلەپ سانايدۇ. ئۈچىنچى، ئەگەر ئۈچ تالاق قىلماقچى بولسا، ھەر بىر ھەيزدىن كېيىنكى پاكلىق ۋاقتىدا بىر تالاقنى بۆلۈپ قىلىشنى كۆزلەپ سانايدۇ[1].

7 ـ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن بىلمەيسەنكى، الله شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن﴾ يەنى ئاياللىدىن زېرىككىشىنى ئۇنىڭغا ئامراق بولۇش، تالاق قىلىشقا بولغان ئىرادىسىنى تالاق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىۋېلىش ئىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن مەقسەت تالاق قىلغۇچىنى بىر تالاق قىلىشقا ئۈندەش، ئۈچ تالاق قىلىشتىن توسۇشتۇر. ئەگەر ئۇ ئۈچ تالاق قىلسا، ئاجرىشىپ كېتىشكە پۇشايمان قىلغان ۋە يېنىشىۋېلىشقا رىغبەت قىلغان چاغدا ئۆزىگە زىيان سالغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىشىۋېلىشىغا يول قالمايدۇ[2].

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

تالاق قىلىش دۇرۇسمۇ ياكى چەكلەنگەن ئىشمۇ؟

الله تائالا ھەققەتەن: ﴿سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزى بىلەن تالاق قىلىشنى دۇرۇس قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان دۇرۇس ئىشلاردىن بىرى تالاقتۇر.» يەنە بىر لەۋزىدە: «الله ئەڭ يامان كۆرىدىغان ھالال ئىش تالاقتۇر» دېيىلگەن[3].

ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: تالاق ئەسلىدە چەكلەنگەن ئىشتۇر. نېمىشقا دېگەندە تالاق قىلىش ئەر ـ خوتۇنچىلىق نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «الله تولا خوتۇن

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 453 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەيياننىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 282 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 223 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 288 ـ بەت.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 160 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 225 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 134 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 290 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 453 ـ بەت.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئېلىپ قويۇۋېتىدىغان ھەر بىر ئادەمگە لەنەت قىلىدۇ.» تالاق پەقەت ئېھتىياج بولغانلىقتىن دۇرۇس قىلىندى. «دۇرۇس قىلىندى» دېگەن بۇ سۆز بەزى ۋاقىتلاردا دۇرۇس قىلىشقا ئېھتىياج چۈشۈپ قالغانلىقتىن دۇرۇس قىلىندىغان ئىشلارغا قارىتىلىدۇ.

ئىبنى ھەجەرنىڭ تالاق ھەققىدە مۇنۇلارنى دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

1 ـ ۋاجىب تالاق بولۇپ، مەسىلەن خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ تۆت ئاي كۈتكەندىن كېيىن تالاق قىلغىنى، شۇنداقلا ئەر ـ ئايال ئارىسىدا چىقىشالماسلىق يۈز بەرگەندە، ئۇلارنى ياراشتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، ئىككى ھەققانىي كىشىنىڭ ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋاتقىنى تالاق قىلمىسا بولمايدىغان ۋاجىب تالاق ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ سۈننەت تالاق بولۇپ، مەسىلەن خوتۇنىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ياكى ئۇنىڭغا كۆڭلى بولمىغان ۋە ياكى ئايالى ئىپپەتلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تالاق قىلىش سۈننەتتۇر.

3 ـ ھارام تالاق بولۇپ، بىدئەت تالاقتىن ئىبارەتتۇر.

4 ـ مەكروھ تالاق بولۇپ، مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ كۆرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تالاق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ھەدىستە: «ھالال نەرسىلەر ئىچىدە الله قا تالاقتىن يامان كۆرۈلىدىغان بىرەر ئىش يوق» دېيىلگەن[1].

### ئىككىنچى ھۆكۈم

سۈننەت تالاق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ شەرتلىرىچۇ؟

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ خوتۇنىنى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلىدۇ. ئۆمەر بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئېيتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاچچىقلاپ تۇرۇپ: «ئۇ خوتۇنى بىلەن يېنىشۋالسۇن، ئاندىن ئۇنى پاك بولغانغا، ئاندىن ھەيز كۆرۈپ يەنە پاك بولغانغا قەدەر نىكاھىدا تۇتسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنىلا ئۇنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلسۇن. الله تائالا بۇيرۇغان ئىددەت ئەنە شۇدۇر» دەيدۇ[2].

فىقھشۇناسلار مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن خوتۇننى ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىغا، پاكلىق ھالىتىدە ئەگەر شۇ پاكلىقتا ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن بولسا، تالاق قىلىشنىڭ رۇخسەت قىلىنغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

---

[1] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 132 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە، مالىك ۋە شافىئى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

كۆپچىلىك فىقھشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەگەر الله بۇيرۇغان ئىددەتتىن باشقا ۋاقىتتا تالاق قىلسا، تالاق چۈشىدۇ، لېكىن گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ راستىمۇ راستتۇر، چاقچىقىمۇ راستتۇر. ئۇلار: نىكاھ، تالاق ۋە يېنىشىشتىن ئىبارەتتۇر.»[1]

فىقھشۇناسلار سۈننەت تالاقتا قايسى تالاقنىڭ كىرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان:

ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت تالاق مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ۋاقتىدا قىلىنغان تالاق يەنى ئەر خوتۇنىنى پاكلىق ھالىتىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن تالاق قىلىدۇ، ياكى خوتۇنىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى ئايدىڭلاشقان ۋاقىتتا تالاق قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئىددەتنى ساناپ، ھەر پاكلىق ھالىتىدە بىر قېتىم تالاق قىلىدۇ.»

مالىكىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت تالاقتا مۇنداق يەتتە خىل شەرت تېپىلىشى كېرەك: ئەر خوتۇنىنى بىر تالاق قىلىشى، خوتۇن ھەيز كۆرىدىغان ئايال بولۇشى، پاكلىق ھالەتتە تالاق قىلىنىشى، شۇ پاكلىق ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن بولۇشى، ئىلگىرى ھەيزلىك ھالەتتە تالاق قىلىنغان بولماسلىقى، تالاق قىلىنغان پاكلىقتىن كېيىن كېلىدىغان پاكلىقتىمۇ تالاق قىلىنماسلىقى، بەدەلدىن خالىي بولغان بولۇشى (يەنى ئايال پۇل ـ مال بېرىش بەدىلىگە خېتىنى ئالغان بولماسلىقى) كېرەك.»

شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت تالاق ھەر بىر پاكلىق ھالەتتە مەخسۇس تالاق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر پاكلىق ھالەتتە ئۈچ تالاق قىلسىمۇ، بىدئەت بولمايدۇ.»

ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت تالاق جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن پاكلىقتا قىلىنغان تالاقنى كۆرسىتىدۇ.»

جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن پاكلىقتا قىلىنغان تالاقنىڭ سۈننەت تالاق ئىكەنلىكى ئۆلىمالار ئارىسىدىكى ئىتتىپاق مەسىلىدۇر. ئەمما ھامىلدار ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشقان بولۇشىنى شەرت قىلغان كىشىلەرنىڭ قارىشىغا كەلسەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمەرگە: «ئۇنى ئايالى بىلەن يېنىشىۋېلىشقا بۇيرۇغىن، ئاندىن ئۇنى پاكلانغان ياكى ھامىلدارلىقى مەلۇم بولغان چاغدا تالاق قىلسۇن»[2] دېگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قارالغان.

---

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام مۇسلىم، نەسائى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئەمما تالاقنىڭ سانىغا كەلسەك، ئۇنىڭدىكى قاراش ئوخشىماسلىقى بولسا الله تائالانىڭ: ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم﴾[1] دېگەن سۆزىنى چۈشىنىشتىن كېلىپ چىققان.

ئەمما مالىكىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ: «خوتۇن ھەيز كۆرىدىغان ئايال بولۇشى كېرەك» دېگەن شەرتىگە كەلسەك، بۇ فىقھشۇناسلار ئارىسىدا ئىتتىپاق كەلگەن شەرتتۇر. ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت تالاق بالاغەتكە يەتكەن، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن، ھەيز كۆرۈشى توختىمىغان ۋە ھامىلدار بولمىغان ئايالدىن تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئەمما كىچىك قىز، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمىگەن ۋە قېرىلىقتىن ھەيز كۆرۈشى توختىغان ئايال تالاق قىلىنسا سۈننەت تالاق بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇ پاكلىق بويىچە ئىددەت تۇتالمىغانلىقى ئۈچۈن بىدئەت تالاقمۇ بولمايدۇ.»[2]

ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ۋاقىت خوتۇننى ئىددىتىگە تالاق قىلغان كىشى ئۈچۈن شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىددىتىگە تالاق قىلمىسا يەنى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئىلگىرى تالاق قىلسا، ئۇنى ھەيزلىك ھالەتتە تالاق قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.»[3]

باشقا شەرتلەرگە كەلسەك، فىقھشۇناسلار ئۇنىڭدا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، شاخچە ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان كىتابلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[4].

## ئۈچىنچى ھۆكۈم

### ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال ئەرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتەمدۇ؟

الله تائالانىڭ: ﴿(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ﴾ دېگەن سۆزى تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت ئىچىدىلا بولىدىكەن ئەر ـ خوتۇنچىلىق قىلغان ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى، ئېرىنىڭمۇ ئۇنى چىقىرىۋېتىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، خوتۇنىنىڭمۇ زۆرۈر ئېھتىياج بولۇپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا سىرتلارغا چىقىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئايال ئۆزى چىقىپ كەتسە گۇناھكار بولىدۇ، ئەمما ئىددەت ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. يېنىشقىلى

www.munber.org

---

[1] سۈرە بەقەرە، 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 223 ـ بەت. «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

[3] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 453 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 150 ـ بەت.

[4] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 452 ــــ 453 ـ بەتلەر. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 150 ــــ 152 ـ بەتلەر. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 129 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 222 ــــ 123 ـ بەتلەر. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 281 ــــ 282 بەتلەر.

بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ۋە يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايال بۇ ھۆكۈمدە ئوخشاشتۇر.

فىقھشۇناسلار ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالنىڭ ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئۆيدىن سىرتلارغا چىقىشى ھەققىدە مۇنداق ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان:

1 ـ ئىمام مالىك ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كۈندۈزى سىرتلارغا چىقسا بولىدۇ. پەقەت كېچىسى ئۆيدە تۇرۇشى لازىم.»

2 ـ ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «يېنىشقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايال كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ سىرتلارغا چىقمايدۇ. پەقەت يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايال سىرتلارغا كۈندۈزى چىقسا بولىدۇ.»

3 ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «تالاق قىلىنغان ئايال كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ سىرتلارغا چىقمايدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال كۈندۈزى چىقسا بولىدۇ.»

## مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئىمام مالىك ۋە ئەھمەد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ: مېنىڭ ئانا تەرەپ ھاماچام تالاق قىلىندى. ئۇ خورمىسىنى ئۈزمەكچى بولدى. بىر ئادەم ئۇنى سىرتقا چىقىشتىن توستى. شۇڭا ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شۇنداق، خورمىڭىزنى ئۈزۈۋېلىڭ، سىز سەدىقە بېرىشىڭىز ياكى بىرەر ياخشى ئىش قىلىشىڭىز مۇمكىن» دېدى[1].

## شافىئىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئىمام شافىئىي يېنىشقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايالغا نىسبەتەن ﴿(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار﴾ دېگەن ئايىتى كەرىمنى دەلىل قىلىپ، ئۇ كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ سىرتلارغا چىقمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنغان ئايالغا نىسبەتەن قەيسىنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىدۇ. سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ، قەيسىنىڭ قىزى فاتىمە: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئېرىم مېنى ئۈچ تالاق قىلدى، مەن ئۆزەمگە بىرەر خەۋپنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يۆتكىلىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۆتكىلىپ كەتتى.»[2]

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 153 ـ بەت.

[2] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 454 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 282 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 289 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 154 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رووھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 133 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 224 ـ بەت.

سەھىھ بۇخارىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قەيسنىڭ قىزى فاتىمە ۋەھىملىك بىر جايدا ئولتۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بىرەر خەۋپ يېتىپ قېلىش ئەندىشىسى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆچۈپ كېتىشكە رۇخسەت قىلغان.»

### ھەنەفى مەزھەبىدىكىلەرنىڭ دەلىلى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە اللە تائالانىڭ: ﴿(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلار (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى دەلىل قىلىدۇ. تالاق قىلىنغان ئايال مەيلى يېنىشقىلى بولىدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنسۇن ياكى يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلىنسۇن بەرىبىر ئۇنىڭ كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ سىرتلارغا چىقىشى ھارام قىلىندى. ئەمما ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال كۈندۈزى ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن سىرتلارغا چىقىشقا موھتاج بولىدۇ. زۆرۈرىيەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن كېچىسى چىقسا بولمايدۇ.

### ئەگەر ئەر ئايالىغا چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلغان تەقدىردە ئۇ چىقىپ كەتسە بولامدۇ؟

ھەنەفىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىگە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشى شەرىئەتنىڭ تەكىتلىگەن ھەققى بولۇپ، رۇخسەت قىلىش بىلەن ساقىت بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئايال ئېرىنىڭ ئۆي بىلەن تەمىنلىمەسلىك شەرتى بىلەن خېتىنى ئالغان بولسا، ئۆي بىلەن تەمىنلەش ئەرنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدۇ. لېكىن ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىنى كىراغا ئېلىپ ئولتۇرۇشى لازىم بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى ھالال بولمايدۇ.»

شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر ـ ئايال ئىككىسى كۆچۈپ كېتىشكە كېلىشكەن بولسا، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ھەق يەنىلا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ئايەت: ئۇلارنى ئۆيىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ بىرسىمغا ئۈچرىغانلىق سەۋەبىدىن ئۆيدىن چىقىپ كەتمىسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[①]

ئىمام فەخرۇددىن رازى مۇنداق دەيدۇ: «ئەر رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئايالنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە بولمايدۇ. ئايال رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەرنىڭ ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشىگە بولمايدۇ. پەقەت زۆرۈرىيەت تېپىلغاندىلا ئاندىن چىقسا بولىدۇ.»[②]

### تۆتىنچى ھۆكۈم

[①] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 133 ـ بەت.
[②] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 225 ـ بەت.

www.munber.org

ئىددەت تۈتۈۋاتقان ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان پاھىشەدىن نىمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟

سەلەف ئۆلىمالار الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن چىقىدۇ﴾ دىگەن سۆزىدىكى پاھىشىنىڭ نىمە مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ فىقھىشۇناسلارمۇ ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان:

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئايالنىڭ ئىددىتى تۈگەشتىن ئىلگىرى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى پاھىشىدۇر.» شۇنداق بولغاندا ئايەت: ئۇلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، پەقەت ئۇلار ھەقسىزلىق قىلىپ ئۆيلىرىدىن چىقىپ كەتسە، ئوچۇق پاھىشە (يەنى يامان ئىشنى) قىلغان بولىدۇ، دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق ئۇلارنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن مەنئى قىلىشتا تېخىمۇ كۈچلۈك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، ھەسەن بىلەن زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىددەت تۈتۈۋاتقان ئايال زىنا قىلغان بولسا، ھەد جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىقىدۇ.» يەنى ئايەت: ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلار پەقەت زىنا قىلغان بولسا ھەد جازاسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن چىقىدۇ، دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ئىددەت تۈتۈۋاتقان ئايال پەقەت ئەرنىڭ تۇغقانلىرىغا تىل ـ ئاھانەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشى دۇرۇس بولىدۇ. قەيسىنىڭ قىزى فاتىمەنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن چىقىرىۋېتىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.»

ئىبنى ئابباس يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پاھىشە ئوغرىلىق قىلىش، بوھتان چاپلاش، زىنا قىلىش ۋە باشقا بارلىق گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ.» ئىمام تەبەرى مۇشۇ قاراشنى تاللىغان.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: «ئوچۇق پاھىشە ئۇنىڭ ئەرگە ئىسيانكارلىق قىلىشىدۇر.» قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «ئىددەت تۈتۈۋاتقان ئايال پەقەت سەركەشلىك قىلسا، ئۇنى چىقىرىۋېتىش دۇرۇس بولىدۇ.»[1]

ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ مەزكۇر مەنىلەرنىڭ ھەممىنى ئىپادىلەش ئېھتىمالى بار. ئۇنىڭ ھەممىسى دۇرۇستۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىشى پاھىشىدۇر. ئەگەر ئۇ زىنا قىلسا ھەد جازاسى ئۈچۈن چىقىرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېرىنىڭ

---

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 156 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەيياننىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 282 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 224 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 454 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 289 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 133 ـ بەت.

تۇغقانلىرىغا تىل ـ ئاھانەت قىلىسمۇ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئەمما ئەرگە ئىسيانكارلىق قىلىش ۋە سەركەشلىك قىلىشقا كەلسەك، ئەگەر بۇ، تىل ـ ئاھانەت قىلىشقا ھەمدە يامان مۇئامىلە قىلىشقا ياتىدىغان ئىش بولۇپ، ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇش قىيىن بولۇپ قالسا، بۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇنى چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر ئايال ئېرىگە بۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئىشتا ئىسيانكارلىق قىلغان بولسا، بۇ ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۆزرە بولالمايدۇ.»[①]

ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال زىنا قىلسا ئۆيدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە كەلسەك، بۇنىڭ ھېچ ئاساسى يوق. چۈنكى ئۇ مەقسەتتە چىقىرىش ئۆلتۈرۈش ۋە يوق قىلىش ئۈچۈن چىقىرىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ھالال ياكى ھارام نەرسىدىن ئايرىپ قارىغانلىق بولمايدۇ. ئەمما تىل ـ ئاھانەت قىلسا دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىغا كەلسەك، ئۇنى قەيسىنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ھەدىسى[②] چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما بارلىق گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىغا كەلسەك، بۇ خاتادۇر. چۈنكى غەيۋەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان گۇناھلار ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشكە، ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چىقىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ. ئەمما بۇ سۆز ھەقسىزلىك قىلىپ چىقىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە كەلسەك، بۇ توغرىدۇر. شۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ شەرىئەت ھۆكمىگە بويسۇنۇپ چىقىپ كەتمىسۇن، پەقەت ئۇلار بۇنىڭغا بويسۇنماي چىقىپ كەتسە پاھىشە قىلغان بولىدۇ.»[③]

### بەشىنچى ھۆكۈم

#### ئاجراشقان ياكى يېنىشقان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «ئاجراشقان ياكى يېنىشقان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىش سۈننەتتۇر. چۈنكى اللە تائالا: ﴿ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقىتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار﴾[④] دەيدۇ. ئېلىم ـ سېتىم قىلغاندا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىش بولسا ۋاجىپ ئەمەس، سۈننەتتۇر. شۇڭا بۇ يەردىكى گۇۋاھلىقمۇ سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.»

بۇ، ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەدتىن (ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەدنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە) ئىبارەت كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىي ۋە ئەھمەد يەنە بىر قارىشىدا مۇنداق دەيدۇ: «يېنىشىشتا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىش پەرزدۇر، ئاجرىششتا گۇۋاھ قىلىش سۈننەتتۇر.»

---

[①] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 454 ـ بەت.
[②] بۇ ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇ ئايالغا ئېرىنىڭ ئۆيىدە بىرەر زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ياكى ئۇ ئايالنىڭ يامان سۆزلەر بىلەن ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىغا تىل ـ ئاھانەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغان» دېيىلىدۇ. ئۇنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[③] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 156 ـ بەت.
[④] سۈرە بەقەرە، 282 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

### كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىللىرى

1 ـ اللہ تائالانىڭ ئەرگە ئايالىنى چىرايلىقچە تۇتۇپ تۇرۇش ياكى ياخشىلىقچە ئاجرىشىپ كېتىشنى بەلگىلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئارقىدىن گۇۋاھ قىلىشنى بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ئەر يېنىششنى خالىسا يېنىشۋالالايدىغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن گۇۋاھ قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك، اللہ تائالا يېنىششتا گۇۋاھ قىلىشنى شەرت قىلمىدى.

2 ـ فىقھشۇناسلار ئايەتتىكى مەزكۇر ئاجرىششنىڭ ئايالنى ئىددىتى تۈگىگەنگە قەدەر تاشلىۋېتىش ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا بىرىنى گۇۋاھ قىلمىسمۇ بۇ ئاجرىششنىڭ توغرا ئاجرىشىش بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىتتىپاق قاراشتا بولغان. گۇۋاھ قىلىش ئايەتتە ئاجرىششتىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان، يەنە كېلىپ گۇۋاھلىق توغرا رەۋىشتە ئاجرىشىش ئۈچۈن شەرت قىلىنمىغان، يېنىششتىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

3 ـ ئاجرىشىش ئەرنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىقسىز ئاجرىشىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئەر ئايالىنى قويۇۋېتىشتا بىرىنىڭ رازى بولۇشىغا موھتاج ئەمەس. يېنىششىمۇ ئەرنىڭ ھەققى بولغاچقا، گۇۋاھلىقسىز يېنىشىۋېلىش دۇرۇس بولىدۇ.

4 ـ ئەگەر تالاق قىلغانلىق مەلۇم بولۇپ، يېنىشقانلىق مەلۇم بولمىسا ياكى تالاق قىلغانلىق ۋە ئاجراشقانلىق مەلۇم بولمىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تېنىۋېلىش يۈز بېرىشىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى يېنىشىش ياكى ئاجرىشىپ كېتىش ئىشىدا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇپ ۋە ئۆزلىرىگە چاپلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان تۆھمەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، گۇۋاھ قىلىشنى بۇيرۇغان. ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش بولسا، يېنىشقان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا گۇۋاھ قىلىشقا قارىتىلىپ قالماستىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات يولىنى تۇتۇشقىمۇ قارىتىلىدۇ. ئەگەر ئەر يېنىشىپ ياكى ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن گۇۋاھ قىلسا يەنى ئاجرىشىپ بولغاندىن بىر ـ ئىككى سائەت كېيىن گۇۋاھ قىلسا، ئۇنىڭ ھۆكمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولماسلىقى كېرەك[1].

## ئايەتلەر كۆرسىتىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ سۈننەت تالاق پاكلىق ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن قىلىنغان تالاقنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 455 ــــ 456 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 226 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 158 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 282 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رووھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 134 ـ بەت.

2 - بىدئەت تالاق ئايالنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن پاكلىقتا ياكى ھەيز ۋاقتىدا تالاق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

3 - تالاق قىلىنغان ئايالنى تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلەش ئېرىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. ئۇنىڭ ئىددىتى توشقىچە ئەرنىڭ ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەس.

4 - ئەگەر ئايال ئىددىتى توشقىچە بۇرۇن ئەرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتسە، اللە قا ئاسىيلىق قىلغان ۋە گۇناھكار بولغان بولىدۇ.

5 - اللە تائالانىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۇ اللە نىڭ شەرىئىتىدۇر.

6 - ئىنسانلاردىن زۇلۇمنى كۆتۈرىۋېتىش ئۈچۈن اللە تائالانىڭ بەندىلىرىگە (اللە تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ) گۇۋاھلىق بېرىش ھەقتۇر.

7 - اللە قا تەۋەككۈل قىلغاندا ۋە ئۇنىڭغا يېلىنغاندا پۈتۈن ئىشلارنى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ ۋە كۆڭۈل راھەت تاپىدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

ئائىلە ئىسلام جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىدۇر. ئائىلە بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۇلى قۇرۇلىدۇ. ئىنسانلار ئائىلىدە ئۆزئارا مېھرى - شەپقەت، كۆيۈنۈش ۋە قوغدۇنۇش ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئائىلىنىڭ ھىمايىسىدە پەرزەنتلەر ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئاستا - ئاستا نەۋقىرانلىق چاغلىرىغا تولۇپ يېتىدۇ. مېھرى - شەپقەتنىڭ تۈپ يىلتىزلىرى ۋە ئۆزئارا پۈتۈنلىشىشنىڭ قويۇق مۇناسىۋەتلىرى ئائىلىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىراق، تىرىكچىلىكنىڭ ئەمەلى ۋەزىيەتلىرى ۋە ئىنسانىيەت تەبىئىتى ۋاقىتتىن ۋاقىتقا ئەر - خوتۇنلۇق تىرىكچىلىكنى داۋام قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بەزى ھالەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنىڭ پۈتۈن چارىلىرى نەتىجە بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تالاق قىلىشنى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ چارىسى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە ئەرنىڭ تالاقتىن ئىبارەت اللە ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

لېكىن، ئەرنىڭ ئۆزى خالىغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە تالاق قىلىشى سۈننەت ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئايالنى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ۋاقىت ھەيزلىك ھالىتىدە تالاق قىلسا بولمايدۇ. بۇ، ئەرنى بىر مەھەل مۆھلەت بېرىشكە، ئەر - خوتۇنلۇق تۇتقىچىنى ئاجرىتىۋېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمەسلىككە، خوتۇنىنىڭ ياخشى ئىشلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئايالىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىڭ يامان

www.munber.org

تەرەپلىرىدىن كۆپ ئىككەنلىكىنى ھېس قىلىش ئارقىلىق قەلبلەر ئۆزگۈرۈپ قېلىشى، ئارىدا تويۇقسىز پەيدا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت دۇلقۇنلىرىدىن ۋە ئەرنىڭ ئايالىغا قارىتا ساقلاپ كېلىۋاتقان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى قاپلىۋالغان قارا بۇلۇتتىن كېيىن ئەھۋال ئىلگىرىكى ساپلىق ھالىتىگە قايتىپ قېلىشى مۇمكىن.

تالاق شەرئەت كۆرسىتىپ بەرگەن ۋاقىتتا قىلىنسۇن ياكى باشقا ۋاقىتتا قىلىنسۇن، تالاق چۈشۈۋېرىدۇ. چۈنكى ئەر ـ خوتۇنلۇق رىشتىسىنى ئاجرىتىپ تاشلاش ۋە جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ۋەيران قىلىش ھەر ۋاقىت تىلغا ئالىدىغان، كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ قىلىدىغان ئويۇنچۇق ئەمەس. بەلكى ئۇ ھەر ۋاقىت راستچىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان قەتئىي ئىشتۇر. كىمكى تالاق قىلىش يوللۇق بولمىغان ۋاقىتتا تالاق ئېغىزىدىن چىقارسا، ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە ئەمەل قىلىش لازىم. لېكىن ئۇ اللە قا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ اللە نىڭ بەلگىلىمىلىرى ئۈستىدە توختىمىدى، ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيىلىرىگە ئەگەشمىدى.

ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار اللە تالاق قىلغۇچىنى ئايالىنىڭ ئىددىتىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى، ئىددەتنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىۋېتىپ ئۇنىڭغا زىيان سېلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئىددەتنى ساناشقا ۋە ئۇنىڭ مۇددىتىنى ئىنچىكىلەپ ئۇقۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئەگەر ئىددەت ياخشى ھېسابلانمىسا، ئىددەتنىڭ مۇددىتى كېمىيىپ كېتىپ، ئىددەت تۈتۈشنىڭ تالاق قىلىنغۇچى ئايالنىڭ بەچچىدانىدا بالا بار ياكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت بولغان ئەسلى مەقسىتىدىن چەتنەپ كېتىپ قالىدۇ.

## ئىددەت ھۆكۈملىرى

﴿ وَٱلَّٰٓـِٔي يَئِسۡنَ مِنَ ٱلۡمَحِيضِ مِن نِّسَآئِكُمۡ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ فَعِدَّتُهُنَّ ثَلَٰثَةُ أَشۡهُرٖ وَٱلَّٰٓـِٔي لَمۡ يَحِضۡنَۚ
وَأُوْلَٰتُ ٱلۡأَحۡمَالِ أَجَلُهُنَّ أَن يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مِنۡ أَمۡرِهِۦ يُسۡرٗا ٤ ذَٰلِكَ
أَمۡرُ ٱللَّهِ أَنزَلَهُۥٓ إِلَيۡكُمۡۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُعۡظِمۡ لَهُۥٓ أَجۡرًا ٥ أَسۡكِنُوهُنَّ مِنۡ
حَيۡثُ سَكَنتُم مِّن وُجۡدِكُمۡ وَلَا تُضَآرُّوهُنَّ لِتُضَيِّقُواْ عَلَيۡهِنَّۚ وَإِن كُنَّ أُوْلَٰتِ حَمۡلٖ فَأَنفِقُواْ عَلَيۡهِنَّ
حَتَّىٰ يَضَعۡنَ حَمۡلَهُنَّۚ فَإِنۡ أَرۡضَعۡنَ لَكُمۡ فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ وَأۡتَمِرُواْ بَيۡنَكُم بِمَعۡرُوفٖۖ وَإِن تَعَاسَرۡتُمۡ
فَسَتُرۡضِعُ لَهُۥٓ أُخۡرَىٰ ٦ لِيُنفِقۡ ذُو سَعَةٖ مِّن سَعَتِهِۦۖ وَمَن قُدِرَ عَلَيۡهِ رِزۡقُهُۥ فَلۡيُنفِقۡ مِمَّآ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُۚ
لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا مَآ ءَاتَىٰهَاۚ سَيَجۡعَلُ ٱللَّهُ بَعۡدَ عُسۡرٖ يُسۡرٗا ٧ ﴾

﴿ئايالللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئايالالارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ، كىمكى الله دىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەنە شۇ الله نىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ھۆكمىدۇر، كىمكى الله دىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئايالللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تۇرالغۇ جەھەتتىن، نەپىقە جەھەتتىن قىسماڭلار)، ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەر ئۈچۈن (باللىرىڭلارنى) ئېمىتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ (ئېمىتىش) ھەققىنى بېرىڭلار، ھەققانىي ئاساستا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار، ئەگەر پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار، ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن. باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم الله نىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). الله ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى بايىنى تەكلىپ

قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، ﷲ قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)﴾.

ــ سۈرە تالاق 4 ــ، 5 ــ، 6 ــ، 7 ــ ئايەت.

## سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

يَئِسْنَ: (ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەر)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «يەئىس» بولۇپ، ئۈمىد ئۈزمەك دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

اَلْمَحِيضِ: (ھەيز)، بۇ سۆز ئايال كىشىنىڭ بەچچىدانىدا يىغىلىپ قالىدىغان قاننى كۆرسىتىدۇ.

اَرْتَبْتُمْ: (شۈبھىدە بولساڭلار) يەنى ئۇنى بىلىش سىلەرگە تەس بولۇپ قالسا. بۇ سۆز، ئىككىلىنىپ قالساڭلار ياكى بىلەلمىسەڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

يُكَفِّرْ: (يوققا چىقىرىدۇ) يەنى ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى يوشۇرىدۇ ۋە ئۆچۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى سۆز تومۇرى «كەفر» بولۇپ، بىرەر نەرسىنى پۈتۈنلەي يېپىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ[1].

وُجْدِكُمْ: (قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە)، «ۋۇجد» دېگەن بۇ سۆز قۇدرەت، بايلىق، ئاسانلىق، كەڭچىلىك، تاقەت، دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئايەتتە: قولۇڭلاردىن كېلىشىچە، ئىلكىڭلاردىكى نەرسىگە يارىشا، تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. تۇرالغۇ جايىڭلاردىن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار[2].

وَأْتَمِرُوا: (ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىڭلار) يەنى بىر ـ بىرىڭلارغا ياخشى بولغان ئىشنى مەسلىھەت بېرىڭلار. ﷲ تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: ﴿شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ﴾[3].

ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى: ئەجىر بېرىشتە ۋە بالىنى ئېمىتىشتە بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى بولغان ئىشقا بۇيرۇڭلار، ئاراڭلاردا كېلىشەلمەسلىك ۋە قېيىن ئەھۋال بولۇپ قالمىسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ[4].

---

[1] ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، ÀÀÕ بۆلۈمى.

[2] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 296 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 285 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 139 ـ بەت.

[3] سۈرە قەسەس، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئىمام ئەبۇ ھەييانىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 285 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 139 ـ بەت.

www.munber.org

تَعَاسَرْتُمْ: (پىكىردە كېلىشەلمىسەڭلار) يەنى ئۆزئارا كېلىشىش سىلەرگە قىيىن ۋە تەس بولۇپ قالسا. ئەرنىڭ بېخىللىق قىلغانلىقى ياكى خوتۇننىڭ كۆپ ھەق تەلەپ قىلغانلىقى تۈپەيلى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كېلىشەلمىسە[1].

ذُو سَعَةٍ: (باي ئادەم)، «سەئەت» دېگەن بۇ سۆز تارلىقنىڭ زىتى بولۇپ، كەڭچىلىك، تىرىشچانلىق، تاقەت دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

الله تائالا سۈرە بەقەرەدىكى: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزىدە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئىددەتنىڭ ھەيزگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئەمما يېشىنىڭ چوڭلىقىدىن ياكى كىچىكلىكىدىن ۋە ياكى ھامىلدار بولغانلىقىدىن ھەيز كۆرمەيدىغان ئايالغا كەلسەك، بۇ ئايەتلەر مۆمىنلەرگە شۇنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنكى، يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ﴿ھەيزدىن﴾ ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئايالنىڭ ئىددىتىنى بىلەلمىسەڭلار، ئۇنىڭ ئىشى سىلەرگە قىيىن بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىددىتى ﴿ئۈچ ئايدۇر﴾. شۇنداقلا تالاق قىلىنغان لېكىن ھەيز كۆرۈش يېشىغا يەتمىگەنلىكتىن ھەيز كۆرمىگەن ئايالنىڭ ئىددىتىمۇ ئۈچ ئايدۇر. ئەمما ھامىلدار ئايالغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئىددىتى بالىنى تۇغۇش بىلەنلا تۈگەيدۇ.

﴿كىمكى﴾ قىلغان ئىشىدا ياكى تاپقان بالىسى ھەققىدە ﴿الله دىن قورقىدىكەن﴾، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تالاق ۋە ئىددەت ھەققىدىكى ھۆكۈملەر ﴿الله نىڭ﴾ بەلگىلىمىسى ۋە ھۆكمى بولۇپ، الله ئۇنى ئىنسانلارغا پەرز قىلىپ بېكىتتى. ﴿كىمكى﴾ الله بەلگىلەپ بەرگەن نەرسىگە ئەمەل قىلىش ۋە الله توسقان ئىشلاردىن يېنىش بىلەن ﴿الله دىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى﴾ ئۆچۈرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا كاتتا ﴿ساۋاب﴾ ۋە ناھايىتى چوڭ ئەجىر بېرىدۇ.

ئەر تالاق قىلغان خوتۇننى ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيدە قۇدرىتىنىڭ ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئولتۇرغۇزۇشى لازىم. ئۇنىڭ تالاق قىلغان خوتۇننى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش، تۇرمۇش خىراجىتى ۋە تۇرالغۇ جاي جەھەتتە زىيان سېلىش ھەققى يوق.

ئەگەر خوتۇن ھامىلدار بولسا، گەرچە تالاقتىن كېيىن ھامىلدارلىق مۇددىتى بالىنى تۇغقانغا قەدەر ئۇزۇراپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەر ئۇنىڭ خىراجىتىنى بېرىش لازىم. خوتۇن

---

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 285 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 140 ـ بەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بالىنى تۇغقان ۋە ئۇنى ئېمىتىپ بېرىشكە رازى بولغان بولسا، ئەر ئۇنىڭغا بالىنى ئېمىتىش ھەققىنى بېرىشى، بالىنى ئېمىتىش، ئەجىر بېرىش، يەسلىيىگە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەش ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىگە ياخشى مەسلىھەت بېرىشى لازىم. ئاتا ـ ئانا ئارىسىدا بىر پىكىرگە كېلىش قىيىن بولۇپ قېلىپ، ھەر ئىككىلىسىنى رازى قىلىدىغان ئوتتۇراھال پىكىرگە كېلەلمىسە، بۇ چاغدا ئاتا بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىدىغان باشقا ئىنىكئانا تېپىشى لازىم.

ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا ئەر ئۆزىنىڭ قۇدرىتىگە يارىشا خىراجەت قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ باي بولسا، بايلىقىغا يارىشا خىراجەت بېرىدۇ، ئەگەر كەمبەغەل بولسا، تۇرمۇش ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت بېرىدۇ. ئەرگە پەقەت قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە خىراجەت بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا ئىنساننى ﴿پەقەت﴾ ئۇنىڭغا بەرگەن رىزىققا يارىشا ئىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان بۇنىڭدىن دۇنيا ئىشلىرىنىڭ بىر ھالەتتە داۋام قىلمايدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. ﴿الله قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ﴾.

## نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

1 ـ ئىمام ھاكىم، ئىبنى جەرىر، بەيھەقى (سۇنەندە) ۋە باشقا بىر قىسىم ھەدىسشۇناسلار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: سۈرە بەقەرەدە تالاق قىلىنغان ۋە ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغاندا، ئۇبەي ئىبنى كەئب: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەدىنە ئەھلىنىڭ ئاياللىرى: قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىغان بىر قىسىم ئاياللار قالدى دېيىشىۋاتىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قانداق ئاياللاركەن؟» دېدى. ئۇبەي: بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلار، يېشى چوڭ ئاياللار ۋە ھامىلدار ئاياللار ئىكەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

2 ـ ئىمام ۋاھىدى، بەغەۋىي ۋە خازىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا، خەللاد ئىبنى نوئمان ئەنسارى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغان، يېشى كىچىك بولغانلىقتىن تېخى ھەيز كۆرمىگەن ئاياللارنىڭ ۋە ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى قانداق بولىدۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن...﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 162 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 456 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 227 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 137 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 284 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 293 ـ بەت.

www.munber.org

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 ـ ئەبۇ ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «سۆز تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئىددەت ۋە باشقا ھۆكۈملىرى ھەققىدە بولىۋاتقان، ئەرلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرمىگەن ۋە ياقتۇرمىغان چاغدا تالاق قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ جۈملىلەردىن كېيىنلا ئۇلارنى اللّٰه دىن قورقۇشقا بۇيرۇغان. دېمەك، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿كىمكى اللّٰه دىن قورقىدىكەن...﴾ دېگەن سۆزى شەرتلىك ۋە جاۋابلىق جۈملە رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى تالاق قىلغۇچى ئەر ئايالغا ئۇنى ئەيىبلەيدىغان بەزى نەرسىلەرنى دۆڭگىشى، لايىق چىققۇچىلارنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇشى، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئەيىبلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندەك قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالانىڭ: ﴿كىمكى اللّٰه دىن قورقىدىكەن...﴾ دېگەن سۆزى قايتا تەكرارلانغان بولۇپ، ئەر اللّٰه نازىل قىلغان بۇ ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشتا، ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالغا بېسىم قىلماسلىق، خىراجىتىنى تولۇق بېرىش قاتارلىق ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدىغان ۋە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشقا رىئايە قىلىشتا اللّٰه دىن قورقۇش كېرەك.»[1]

2 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئەنە شۇ اللّٰه نىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ھۆكمىدۇر﴾ دېگەن سۆزى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى كۆرسىتىدۇ.

3 ـ اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار﴾ دېگەن سۆزى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملە بولسا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿كىمكى اللّٰه دىن قورقىدىكەن﴾ دېگەن سۆزىدە بايان قىلىنغان اللّٰه دىن قورقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن تۇغۇلىدىغان سوئالغا جاۋاب بولىدۇ. گويا ئۇ: ئىددەت تۇتىۋاتقان ئاياللار ھەققىدە اللّٰه دىن قانداق قورقۇشقا توغرا كېلىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇلغاندەك. ئاندىن ئۇنىڭغا: ﴿ئۇلارنى (يەنى قويۇۋېتىلگەن ئاياللىرىڭلارنى) قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۆزەڭلار ئولتۇرۇۋاتقان جايىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇرغۇزۇڭلار﴾ دەپ جاۋاب بېرىلگەندەك رول ئوينايدۇ[2].

4 ـ تالاق قىلىنغان ھەر بىر ئايالغا خىراجىتىنى بېرىش ۋاجىپ بولغان تۇرسا، اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا، بوشانغانغا قەدەر ئۇلارنى تەمىنلەڭلار﴾ دېگەن سۆزىدە يەنە ئۇنى شەرت قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دېيىلسە، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: ئۇنىڭ پايدىسى شۇكى، تالاق قىلىنغان ھامىلدار ئايالنىڭ ھامىلدارلىق مۇددىتى ئۇزۇراپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا ئەر ھامىلدارلىق مۇددىتىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خىراجىتىنى بېرىش مېنىڭ گەردىنىمدىن ساقىت بولىدۇ، دەپ

[1] ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 284 ـ بەت.
[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 228 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 226 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 138 ـ بەت.

ئويلاپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ شەرت مۇنداق ئويلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ھامىلدار ئايالغا بوشانغانغا قەدەر خىراجەت بېرىشنى ئىسپاتلايدۇ[1].

5 ـ الله تائالانىڭ: ﴿ئۇنى (يەنى بالىنى) باشقا بىر ئايال ئېمىتسۇن﴾ دېگەن سۆزى بالىنى ئېمىتىپ بېرىش پىكرىگە قېتىلمىغان ئانىنى ئەيىبلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئىبنى مۇنىر مۇنداق دەيدۇ: «ئەيىبلەش ئانىغا قارىتىلدى. چۈنكى ئانا تەرىپىدىن سەرپ قىلىنىدىغان نەرسە ئۇنىڭ بالىغا بېرىدىغان سۈتىدۇر. شۇڭا ئانا ئەيىبلەشكە ۋە مالامەت قىلىنىشقا بەكرەك ھەقلىقتۇر. ئايەت: بۇ ھالدا ئاتا بالىنى ئېمىتىدىغان باشقا بىر ئايال ئىزدىسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[2]

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

ھەيز كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى قانداق بولىدۇ؟

ھەيز كۆرمەيدىغان ئايال يېشى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئايالنىڭ يېشىغا يېرىپ قالغان ۋە تېخى بالاغەتكە يەتمىگەنلىكتىن ھەيز كۆرمىگەن ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئايالغا كەلسەك، ئۇ ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ. بۇنىڭدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. تېخى ھەيز كۆرمىگەن كىچىك ئايالمۇ ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ.

فىقھشۇناسلار ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئايالنىڭ ياش ئۆلچىمى ھەققىدە ئوخشىمىغان بىرقانچە قاراشلاردا بولغان. بەزى فىقھشۇناسلار ئۇنى 60 ياش دەپ مۆلچەرلىگەن. بەزىلەر 55 ياش دەپ مۆلچەرلىگەن. بەزىلەر: شۇ ئايالنىڭ قەبىلىسىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن يۇقىرى ياشلىق ئايالنىڭ يېشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، دېگەن. بەزىلەر: دۇنيادىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئەڭ يۇقىرى ياشلىق ئايالنىڭ يېشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، دېگەن. بەزىلەر: شۇ ئايال ياشاۋاتقان ئورۇندىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن يۇقىرى ياشلىق ئايالنىڭ يېشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، چۈنكى ياشاۋاتقان ئورۇننىڭ ھاۋاسى ۋە سۈيى ياخشى بولسا، ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش يېشى كېچىكىپ كېتىدۇ، دېگەن[3].

خوتۇن كىشى نورمال ھالەتتە ھەيز كۆرۈۋاتقان، لېكىن ئىددەت ۋاقتىدا ھەيز كۆرمىگەن، بىراق بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىدۇ؟

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 460 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 229 ـ بەت.
[2] ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 140 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 163 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەيياننىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 284 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «رۇھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 136 ـ بەت.

www.munber.org

ھەنەفىي ۋە مالىكىي مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئۈزىنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئاياللارنىڭ يېشىغا كىرگەنگە قەدەر ھەيز ھېسابىدا ئىددەت تۇتىدۇ. ئاندىن ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئايال ھېسابىدا يېڭىدىن ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ.» بۇ قاراش ئەلى، ئوسمان، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلاردىن نەقىل قىلىنغان.

ئىمام مالىك ۋە ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ بەچچىدانىدا بالا بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن توققۇز ئاي كۈتىدۇ. چۈنكى بۇ مۇددەت ھامىلدارلىقنىڭ يۇقىرى مۇددىتىدۇر. بۇ مۇددەت ئىچىدە ھامىلدارلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلمىسە، بەچچىدانىدا بالا يوقلۇقى مەلۇم بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئاياللارنىڭ ئىددىتى بويىچە ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتىدۇ.» ئۆمەرنىڭ مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلغانلىقى نەقىل قىلىنغان[1].

### ئىككىنچى ھۆكۈم

اللە تائالانىڭ: ﴿شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر﴾ دېگەن سۆزى نېمە مەننى ئىپادىلەيدۇ؟

جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتنىڭ ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشتە شۈبھىلىنىشنى ئىپادىلىگەن بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىز ئۇ ئايالنىڭ ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش يېشىغا يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكىدە شەكلەنسەك، ئۇنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز.»

ئۆلىمالار ئايەتتىكى مەزكۇر شۈبھە ھەققىدە مۇنداق ئوخشىمىغان بىرقانچە قاراشلاردا بولغان:

ئىمام تەبەرى بۇ ئايەتكە مۇنداق مەنە بېرىدۇ: «ئەگەر ئۇ ئاياللارنىڭ ھۆكمىنى بىلەلمەي قېلىپ شەكتە قالساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىنىڭ ھۆكمى ئۈچ ئايدۇر.» بۇ ئىمام جەسساسنىڭمۇ سۆزىدۇر، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە شۈبھىنى تىلغا ئېلىش بولسا، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى بايان قىلىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئايەت: ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەرنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈمدە شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، دېگەن مەننى ئىپادىلەيدۇ.» مۇجاھىدنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

مۇجاھىد يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئىستىھازە قېنى ھەيزنىڭ قېنىنى توسۇۋالىدىغان، ئۇنىڭ ئىستىھازە قېنى ياكى ھەيز قېنى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ كەلگەن.»

---

[1] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 457 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 294 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 164 ــ 165 ـ بەتلەر.

ئىكرىمە ۋە قەتادە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، ئىستىھازە كۆرىدىغان، بىر ئايدا بىرقانچە قېتىم ھەيز كۆرىدىغان، بىرقانچە ئايدا بىر قېتىم ھەيز كۆرىدىغان، ھەيزى توغرا شەكىلدە داۋام قىلمايدىغان ئايال ھەققىدىكى شۇبھىدۇر.»

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت سۈرىنىڭ بېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئايەت: تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئىددىتىنىڭ تۈگىگەن ياكى تۈگىمىگەنلىكى ھەققىدە شەكلىنىپ قالساڭلار، ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.» قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراش مەزكۇر ئايەت ھەققىدىكى ئەڭ توغرا قاراشتۇر.»

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «ئايەت: بۇ ئاياللار ئۇزلىرىنىڭ تەڭتۇشلىرى ھەيز كۆرىدىغان ئاياللاردىن بولۇپ، ھەيزى توختاپ قالغان بولسا، سىلەر ئۇلارنىڭ ھەيزىدە شەكلىنىپ قالساڭلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

### ئۈچىنچى ھۆكۈم

### ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى قانچىلىك بولىدۇ؟

بۇ ئايەت ھامىلدار ئايالنىڭ بوشىنىش بىلەنلا ئىددىتىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ سۈرە بەقەرەدىكى: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾[2] دېگەن سۆزى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ھامىلدار بولسا، بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ قايسىسىغا ئەمەل قىلىدۇ؟

ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن ئۆلىمالار تالاق قىلىنغان ھامىلدار ئايالنىڭ بوشانغانغا قەدەر ئىددەت تۇتىدىغانلىقى ھەققىدە ھەممىسى بىردەك پىكىرگە ئىگە. لېكىن ئۇلار ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولغان:

كۆپچىلىك ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ھامىلدار ئايالمۇ بوشانغىچە ئىددەت تۇتىدۇ.»

ئەلى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھامىلدار ئاياللار﴾ دېگەن بۇ ئايەت تالاق قىلىنغان ھامىلدار ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئىككى مۇددەتنىڭ ئۇزاق بولغىنى بويىچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ تۆت ئاي ئون كۈندىن بۇرۇن بوشانسا، تۆت ئاي ئون كۈن تولۇق توشقىچە سەۋر قىلىدۇ.

[1] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 163 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 137 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 456 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 284 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 225 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 227 ـ بەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 234 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرى

كۆپچىلىك ئۆلىمالار سەبىيئە ئەسلەمىنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلغان بولۇپ، سەبىيئە سەئد ئىبنى خەۋلەنىڭ نىكاھىدا ئىدى. سەئد بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابى ئىدى. ئۇ ۋىدالىشىش ھەججىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئايالى ھامىلدار قالغان ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئايالى يەڭگىدى. ئۇ نىپاستىن پاك بولغاندىن كېيىن تەلەپ قويغۇچىلار ئۈچۈن ئۆزىنى تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭ قېشىغا ئابدۇددار جەمەتىدىن بىر ئادەم كىردى ۋە ئۇنىڭغا: سىز ياسىنىپ قاپسىزغۇ؟ ياتلىق بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق قىلدىڭىزمۇ نىمە؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىز تۆت ئاي ئون كۈننى ئۆتكەزمىگىچە ياتلىق بولالمايسىز، دېدى.

سەبىيئە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئادەم ماڭا شۇنداق دېگەندىن كېيىن مەن ياسانغانلىقىمنى بىلىندۈرمەيدىغان كىيىملىرىمنى كىيىپ ئولتۇردۇم، كەچ كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا مەن يەڭگىگەندە ئىددەتتىن چىققانلىقىمغا پەتىۋا بېرىپ، ئەگەر لايىق چىقىپ قالسا توي قىلىۋېلىشىمغا بۇيرۇدى.»[1]

ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭغا ئەلىنىڭ: «ھامىلدار ئايال ئىككى مۇددەتنىڭ ئۇزۇن بولغىنىنى تۇتىدۇ» دېگەنلىكى يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: «مەن خالىغان كىشى بىلەن: ﴿ھامىلدار ئاياللار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتىنى بايان قىلىپ نازىل بولغان ئايەتتىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا لەنەت ئېيتىشالايمەن.»[2]

ئەبۇ بەكرى جەسساس مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزى بۇ ئايەتنىڭ ئاممىباب ھۆكۈمنى ئىپادىلەشتە يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان تالاق قىلىنغان ئايال ھەققىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا تالاق قىلىنغان ۋە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللاردىن ھامىلدار بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئايەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.»[3]

## تۆتىنچى ھۆكۈم

ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىمۇ تۇرالغۇ ـ جاي ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلەش لازىممۇ؟

---

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 458 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 137 ــــ 138 ـ بەتلەر. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 227 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 168 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 225 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 294 ــــ 297 ـ بەتكىچە.

يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئاياللارنى تۇرالغۇ ـ جاي بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. ئەمما ئۇلار ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان:

ئىمام مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد (ئەھمەد بىر رىۋايەتتە): ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى تۇرالغۇ ـ جاي بىلەن تەمىنلەش ۋاجىپ، ئەمما خىراجەت بەرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى: ئۇ ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولىدىكەن، ئۇنى تۇرالغۇ ـ جاي ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلەش لازىم دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار: ئۇنى خىراجەت ۋە تۇرالغۇ ـ جاي بىلەن تەمىنلەش لازىم ئەمەس دەپ قارايدۇ.

## بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى

اللہ تائالا: ﴿ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى (مەيلى قويۇۋېتىلگەن بولسۇن، مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن) بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾ دېدى. اللہ تائالا تۇرالغۇ ـ جاي بىلەن تەمىنلەشنى تىلغا ئالغاندا ئۇنى تالاق قىلىنغان ھەممە ئايالغا ئامىباب ھالدا بايان قىلدى. خىراجەت بېرىشنى تىلغا ئالغاندا ئۇنى ھامىلدارلىق بىلەن شەرت قىلىپ بايان قىلدى. مانا بۇ يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئايالغا خىراجەت بېرىشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ اللہ تائالا: ﴿ئۇلارنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن زىيان يەتكۈزمەڭلار﴾ دېدى. خىراجەت بەرمەسلىك ئەڭ چوڭ زىياندۇر. ئۆمەرنىڭ مۇشۇ ھەقتە فاتىمەنىڭ سۆزىنى رەت قىلىشىمۇ بۇ قاراشنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2 ـ چۈنكى ئۇ ئايالمۇ تالاق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئىددەت تۇتىدىغان بولغاچقا تۇرالغۇ ـ جاي بىلەن تەمىنلىنىشكە ھەقلىقتۇر. شۇڭا ئۇ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالغا ئوخشاش خىراجەتتىن بەھرىمەن بولۇشى لازىم.

3 ـ ئۇ ئايالمۇ ئەرنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئەرنىڭ ئۆيىدە توختىتىپ قويۇلىدۇ. شۇڭا نىكاھتىكى خوتۇنغا ئوخشاش خىراجەتكە ھەقلىقتۇر.

4 ـ تۇرالغۇ ـ جاي بىلەن تەمىنلەش پۇل ـ مالغا ئائىت ھەق بولغاچقا، اللہ تائالا ئۇنى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلدى. شۇڭا بۇ ئايەت يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنى ۋە يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرالغۇ ـ جاي بىلەن تەمىنلەش پۇل ـ مالغا ئائىت ھەق بولغان ئىكەن، بۇ خىراجەت بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى تۇرالغۇ ـ جايمۇ خىراجەتنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## ئۈچىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

www.munber.org

1 ـ قەيسنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ھەدىسىدە، ئېرى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا تالاق قىلىدۇ. ئۇ ئايالغا ئازراق خىراجەت بېرىدۇ. بۇنى كۆرگەن فاتىمە: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنى چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلىمەن، ئەگەر ماڭا خىراجەت بېرىشىڭ توغرا بولسا، ماڭا تەۋە بولغان نەرسىنى ئالىمەن، ئەگەر مېنىڭ خىراجەت ئېلىش ھەققىم بولمىسا، ھېچ نەرسە ئالمايمەن» دەيدۇ.

فاتىمە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم، ئۇ: «سېنىڭ خىراجەت ئېلىش ۋە ئۆي بىلەن تەمىنلىنىش ھەققىڭىز يوق» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆي ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلەش ئايالى بىلەن يېنىشالايدىغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ.»[1]

2 ـ خىراجەت بېرىش بولسا پەقەت ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ئىمكانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى سەركەشلىك قىلغۇچى ئايالغا خىراجەت بېرىلمەيدىغانلىقى بۇنى دەلىللەپ بېرىدۇ[2].

بۇ دەلىللەرنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشتە ئۆلىمالار ئۇزۇن توختالغان بولۇپ، شاخچە ھۆكۈملەر تولۇق بايان قىلىنغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىش لازىم.

**بەشىنچى ھۆكۈم**

**بالىنى ئېمىتىش كىمگە ۋاجىپ بولىدۇ؟**

مالىكى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ـ خوتۇنلۇق ھايات داۋام قىلىدىكەن، بالىنى ئېمىتىش خوتۇننىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر خوتۇن ئېسىلزادە ۋە مەرتىۋىلىك ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن بالىنى ئېمىتىشنى خالىمىسا، بۇ چاغدا ھەق بېرىپ بالىنى ئېمىتىدىغان ئانا تېپىپ بېرىش ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئەر خوتۇنىنى تالاق قىلسا، بالىنى ئېمىتىپ بېرىشكە ئۇنى مەجبۇرلىيالمايدۇ. پەقەت بالا باشقا ئايالنى ئەمگىلى ئۇنىمىسا، بۇ چاغدا ئاتا ئۇنى بالىنى ئېمىتىشكە مەجبۇرلايدۇ.»

ھەنەفى مەزھىبىدىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «قانداقلا بىر ئەھۋال ئاستىدا بالىنى ئېمىتىش ئانىغا ۋاجىپ بولمايدۇ.» ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بالىنى ئېمىتىش ئانىغا ۋاجىپ بولىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار[3].

---

[1] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، مالىك، دارۇقۇتنى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 166 ـــ 168 ـ بەتكىچە. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 296 ـ بەت. ئىمام جەسساسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 3 ـ جىلد، 459 ـــ 460 ـ بەتلەر. ئىمام ئەبۇ ھەييانىنىڭ: «ئەلبەھرۇل مۇھىيت» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 286 ـ بەت. ئىمام ئەلۇسىنىڭ «روھۇلمەئانى» ناملىق تەپسىرى، 28 ـ جىلد، 139 ـ بەت. ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 228 ـ بەت. ئىمام ئەبۇ سەئۇدنىڭ «ئىرشادۇل ئەقلىسسەلىم ئىلا مەزايال قۇرئانىل كەرىم» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 226 ـ بەت.
[3] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 18 ـ جىلد، 169 ـ بەت. «ئەلفىقھۇ ئەلەلمەزاھىب ئەلئەربەئە» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

## ئايەتلەر كۆرستىدىغان ئەھمىيەتلىك نۇقتىلار

1 ـ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئايال ۋە كىچىكلىكىدىن تېخى ھەيز كۆرمىگەن ئايال تالاق قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر.

2 ـ ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى تۇغۇش بىلەنلا تۈگەيدۇ.

3 ـ الله قا تەقۋادارلىق قىلىش مۆمىننىڭ دۇنيادىكى ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئاخىرەتتە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

4 ـ ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال ئىددىتى تۈگىگىچە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ.

5 ـ ئەر ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالنى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن خىراجەت ۋە تۇرالغۇ ـ جاي جەھەتلەردە قىستاپ قويماسلىقى كېرەك.

6 ـ ھامىلدار ئايالنىڭ خىراجىتىنى بېرىش، مۇددەت ئۇزۇراپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بوشانغاغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

7 ـ خوتۇن كىشى بالىسىنى ئېمىتىش ھەققىنى ئېرىدىن تولۇق ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

8 ـ خىراجەت بېرىش ئەرنىڭ باي ياكى كەمبەغەل بولغانلىقىغا قارىتا بولىدۇ.

9 ـ تەكلىپ الله نىڭ بەندىسىگە بەرگەن قۇدرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

## ئايەتلەرنىڭ ھېكمىتى

تۇرمۇش قۇرۇش ئىسلام جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. تالاق بولسا ئەر ـ خوتۇنلۇق ئالاقىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈپ تاشلايدىغان ئامىلدۇر. ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاشكارا بولىدىغان سىرلىرى بار. شۇڭا الله تائالا ئىددەتنى خوتۇن كىشىنىڭ بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرىدىغان، ئەر تالاق قىلغان بۇ ئايالغا خىراجەت بېرىدىغان ۋە ئۇنى ئۆيىدە ئولتۇرغۇزىدىغان مۇددەت قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنداق قىلغاندا بۇ خوتۇن ئەرنىڭ كۆز ئالدىدا ساقلىنىدۇ، ئارىدا ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىك بولىدۇ. ئەگەر ئىددەت مۇددىتى ئىچىدە خوتۇننىڭ ھامىلدارلىقى ئوتتۇرىغا چىقسا، بالا ئەرنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھامىلدار ئەمەسلىكى مەلۇم بولسا، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ئالاقە قالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەر خوتۇنغا نىسبەتەن يات ئەرلەردەك بولۇپ قالىدۇ. ئايالمۇ ئەرگە نىسبەتەن باشقا ئاياللاردەك بولۇپ قالىدۇ، ئەردىن نەسەب، خىراجەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلالمايدۇ.

www.munber.org

ئىسلام دىنى ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايالغا قىلچە زۇلۇم قىلمىدى. چۈنكى ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا ئەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن توختىتىلىپ قويۇلغان مۇددەت ئىچىدە خىراجەت بېرىشنى، ئۆي بىلەن تەمىنلەشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىدى. ئەر خوتۇنى بىلەن بىللە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە خوتۇنىنىڭ بەچچىدانىدا بالا بار ياكى يوقلۇقى ئايدىڭلاشسا، ئەر خوتۇنىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.

ھامىلدار ئاياللارغا كەلسەك، الله تائالا ئۇلارنىڭ تالاقتىن كېيىنكى ئىددىتىنى، مەيلى ھامىلدارلىق مۇددىتى ئۇزۇن بولسۇن، ياكى قىسقا بولسۇن، بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدىغان قىلىپ بېكىتتى. چۈنكى بوشانغاندىن كېيىن بەچچىدانىدا بالىنىڭ يوقلۇقى تەكشىلىنىدۇ. شۇڭا كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

الله تائالا ئەرلەرنى تالاق قىلغان ئاياللىرىنى ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلەردە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ۋە باي ـ كەمبەغەللىكىگە يارىشا ئولتۇرغۇزۇشقا، ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلەردىن ناچار ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلىماسلىققا بۇيرۇدى. شۇنداقلا، ئۇلارنى ئاياللىرىغا يېتەرلىك ئۆي بەرمەسلىك ياكى ئۆيلىرىدە تۇرغۇزغان جەريانىدا يامان مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق زىيان سېلىشقا ئورۇنۇشتىن توستى.

ئىددەت تۇتىۋاتقان ھەرقانداق ئايالغا خىراجەت بېرىش ۋاجىپ بولغان بولسىمۇ، ھامىلدارلىق مۇددىتىنىڭ ئۇزۇراپ كېتىشى قالغان بىر قىسىم ۋاقىتتا خىراجەت بېرىشنى چەكلەپ قويىدۇ، دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالماسلىقى، ياكى ھامىلدارلىق مۇددىتى قىسقا بولۇپ قالغاندا بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئارتۇق خىراجەت بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھامىلدار ئاياللارغا خىراجەت بېرىشمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. شۇڭا ھامىلدار ئايالغا تۇغقانغا قەدەر خىراجەت بېرىش ۋاجىپتۇر. بوشىنىش ھامىلدار ئايال ئۈچۈن ئىددەتنىڭ تۈگىگەن ۋاقتىدۇر. چۈنكى شەرىئەت ئۇنى ئەنە شۇنداق ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بالىنى ئېمىتىشكە كەلسەك، الله تائالا ئانىغا بالىنى بەدەلسىز ئېمىتىپ بېرىشنى ۋاجىپ قىلمىدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە تەۋە بۇ بالىنى ئانا ئېمىتىپ بەرگەن مۇددەت ئىچىدە بالىنى ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتىدىن ھەق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا ۋە بالىنىڭ سۈتىنى ئۇلغايتىشقا ئىشلىتىش ھەققى بار. مانا بۇ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئانىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە الله تائالا ئاتا ـ ئانىنى بۇ بالىنىڭ ئىشىغا كەلگەندە بىر ـ بىرىنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇشقا، ئۆزئارا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشى بالىغا پايدىلىقتۇر. بالا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئامانەتتۇر. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشتىكى خاتالىقى بۇ بىگۇناھ سەبىي بالىغا زىيانلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

قىيىنچىلىقتىن كېيىن كەڭچىلىكنىڭ، تەسلىكتىن كېيىن ئاسانچىلىقنىڭ كېلىشى الله قا مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. شۇڭا ئاتا ـ ئانا ئىككىسى پۈتۈن ئىشنى الله قا باغلىشى، الله

قا يۈزلىنىشى، پۈتۈن ئىشلىرىدا الله نىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. الله بەرگۈچىدۇر، مەنئى قىلغۇچىدۇر، رىزىقنى تار قىلغۇچىدۇر، كەڭ قىلغۇچىدۇر.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن ئاجراشسا بولىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە تېخى ئۆلمىگەن مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ قالدۇقلىرى قالىدۇ. كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئۇ مېھرى ـ مۇھەببەتنى غىدىقلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمان جامائەتچىلىك ھاياتىغا ئۆزلەشتۈرۈشىنى، شۇ جامائەت ئىچىدە مىسك ـ ئەنبەر بولۇپ خۇشپۇراق چېچىشىنى مەقسەت قىلغان ئالىي ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان سېھرى كۈچ پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

www.munber.org

# قۇرئان تىلاۋەت قىلىش

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلْمُزَّمِّلُ ﴿١﴾ قُمِ ٱلَّيْلَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٢﴾ نِّصْفَهُۥٓ أَوِ ٱنقُصْ مِنْهُ قَلِيلًا ﴿٣﴾ أَوْ زِدْ عَلَيْهِ
وَرَتِّلِ ٱلْقُرْءَانَ تَرْتِيلًا ﴿٤﴾ إِنَّا سَنُلْقِى عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا ﴿٥﴾ إِنَّ نَاشِئَةَ ٱلَّيْلِ هِىَ أَشَدُّ وَطْـًٔا
وَأَقْوَمُ قِيلًا ﴿٦﴾ إِنَّ لَكَ فِى ٱلنَّهَارِ سَبْحًا طَوِيلًا ﴿٧﴾ وَٱذْكُرِ ٱسْمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا ﴿٨﴾
رَّبُّ ٱلْمَشْرِقِ وَٱلْمَغْرِبِ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ فَٱتَّخِذْهُ وَكِيلًا ﴿٩﴾ وَٱصْبِرْ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ وَٱهْجُرْهُمْ
هَجْرًا جَمِيلًا ﴿١٠﴾ وَذَرْنِى وَٱلْمُكَذِّبِينَ أُو۟لِى ٱلنَّعْمَةِ وَمَهِّلْهُمْ قَلِيلًا ﴿١١﴾ ﴾

﴿ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن. ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۈيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ ئېغىردۇر، (تىنىچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ. ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن، (شۇڭا ئىبادەتكە) كېچىسى بېرىلگىن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن. ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن). ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن﴾.

سۈرە مۇزەممىل 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايەت.

# سۆزلۈكلەر تەھلىللىرى

ٱلْمُزَّمِّل: (كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى)، تىلشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز كىيىمگە ئورىنىۋالغۇچى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

وَرَتِّلِ ٱلْقُرْءَانَ: (قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇغىن)، زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇش ئۇنى دانە ـ دانە قىلىپ ئوچۇق ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاننى ئوچۇق ئوقۇش ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرپلىرىنى ئۆز جايىدا چىقىرىپ ۋە تەجۋىد قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ ئوقۇشنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئايەت: قۇرئاننى ئالدىرىماي، دانە ـ دانە قىلىپ، ھەرپلىرىنى تولۇق چىقىرىپ، مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇشنى ئىپادىلەيدۇ.

نَاشِئَةَ ٱلَّيْلِ: (كېچىنىڭ قىيامى)، بۇ سۆز كېچىلىك ۋاقىتلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

زەمەخشەرى مۇنداق دەيدۇ: «كېچىلىك ئىبادەت ئۈچۈن مۆمىنلەر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرىدىغان ۋاقىتلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

أَشَدُّ وَطْئًا: (ئەڭ ئېغىردۇر) يەنى كېچىنىڭ ۋاقىتلىرى ناماز ئوقۇغۇچىغا كۈندۈزنىڭ ۋاقىتلىرىدىن ئېغىر كېلىدۇ. چۈنكى كېچە ئۇخلايدىغان ۋە ئارام ئالىدىغان ۋاقىتتۇر. شۇڭا كېچىسى ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم ناھايىتى چوڭ جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ.

ئايەت: كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، كېچىلىك سائەتلەردە تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش جانغا ئەڭ ئېغىر ئىشتۇر، لېكىن الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ تېز قوبۇل بولىدىغان ۋە ئەڭ توغرا ئەمەلدۇر.

وَأَقْوَمُ قِيلاً: (كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ) يەنى ھەق ۋە ساۋاب جەھەتتىن ئالغاندا كېچىدە قۇرئان ئوقۇش ئەڭ توغرا رەۋىشتە داۋام قىلىدۇ. چۈنكى كېچە ئىش ـ ھەرىكەتتىن توختىغان ۋاقىت بولۇپ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. شۇڭا كېچىدە ئوقۇغان قىرائەت خالىس بولىدۇ، دىل قىرائەتنى چۈشىنىشكە بېرىلىدۇ. كېچىدە قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھېچقانداق توسالغۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

سَبْحًا طَوِيلاً: (ئىش بىلەن ئالدىراش)، مۇبەررەد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، مۇھىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆز، بوش ۋاقىت دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن﴾ دېگەن ئايەت: بوش قالىدىغان ۋە ئىشلىرىڭنى قىلىدىغان ئۇزۇن ۋاقتىڭ بار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت: كۈندۈزدە ئېھتىياجلىرىڭنى قامداشقا يېتەرلىك ۋاقتىڭ بار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»

زۇجاج مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت: ئەگەر كېچىدە ئۇيقۇ ۋە راھەتتىن مەھرۇم قالغان بولساڭ، كۈندۈزدە بوش ۋاقتىڭ بولۇپ، ئۇنى شۇنىڭغا ئىشلەتسەڭ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

[1] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 337 ـ بەت. ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق قامۇسى، Ǵĝè بۆلۈمى.

www.munber.org

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت: كۈندۈزدە ئۇخلاشقا ۋە دەم ئېلىشقا بوش ۋاقتىڭ بار، شۇڭا كېچىنى ئىبادىتىڭ ئۈچۈن ئايرىغىن، دېگەن مەننىنى ئىپادىلەيدۇ.»[1]

وَتَبَتَّلْ: (يۈزلەنگىن)، ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «تەبەتتۇل» بولۇپ، ۋاقتىنى ئىبادەت ئۈچۈنلا ئايرىش دېگەن مەننىنى ئىپادىلەيدۇ. مەريەم ئەلەيھىسسالامۇ مۇشۇ مەنىدە «ئەلبەتتۇل» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ئاتىۋەتكەن.

هَجْرًا جَمِيلًا: (چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن) يەنى ئۇلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلاردىن يىراق تۇرغىن، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا ئوخشاش رەۋىشتە جاۋاب قايتۇرمىغىن.

## ئايەتلەرنىڭ ئومۇمي مەنىسى

الله تائالا ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى﴾ كىيىمگە پۈركۈنۈپ ئورىنىۋالغۇچى! سېنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان كاتتا ئىشقا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن ئورنۇڭدىن تۇرغىن، جاپا - مۇشەققەتلىك، قىيىن ۋە ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن تەييارلىنىشقا ئورنۇڭدىن تۇرغىن، راھەت - پاراغەت ۋاقتى ئاللىبۇرۇن تۈگىدى، يەڭ - پەشلىرىڭنى تۈرۈپ ئورنۇڭدىن تۇرغىن، بىزنىڭ مۇقەددەس ۋەھيىلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشقا ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىپ ﴿كېچىنىڭ﴾ ھەممىسىنى ياكى ﴿يېرىمىنى ياكى﴾ يېرىمىدىنمۇ ﴿ئازراقىنى﴾ ناماز ئوقۇش، الله قا ئىلتىجا قىلىش ۋە الله دىن قورققان ھالدا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۇخلىماي ئۆتكۈزگىن. چۈنكى بىز تارازىدا ئېغىر توختايدىغان، ئەجرى كاتتا بولغان، جەلىپكارلىقى ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە سۆز تەبىرى ئىنتايىن پۇختا بولغان بۇ ئۇلۇغ قۇرئاننى ﴿ساڭا﴾ ۋەھيى قىلىمىز. كېچىسى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇغاندا ئۇنى مۇلاھىزە قىلغان ۋە پىكىر يۈرگۈزگەن ھالدا تىلاۋەت قىلغىن، الله دىن قورققان ۋە الله قا يېلىنغان ھالدا دانە - دانە قىلىپ ئوچۇق ئوقۇغىن. ﴿كېچىنى﴾ ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭ سائەتلىرىنى تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۈگىتىش جانغا ھەقىقەتەن ﴿ئەڭ ئېغىر﴾ كېلىدىغان، لېكىن الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ تېز قوبۇل بولىدىغان ئەمەلدۇر.

ئى مۇھەممەد! ھەقىقەتەن ﴿كۈندۈزى﴾ مۇھىم ئىشلىرىڭ بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىسەن، شۇڭا ئىبادەتكە كېچىنى ئايرىغىن. ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن﴾، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كۈچ - قۇۋۋەت تىلىگىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا قاتتىق بېرىلگىن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە يۈزلەنمىگىن. ئۇ ياردەم قىلغۇچىدۇر، مەدەت بەرگۈچىدۇر، ئۇ كەرەملىك پەرۋەردىگاردۇر، كاتتىلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر. كىمكى

[1] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر في ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 392 ـ بەت.

ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدىكەن، ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ. ئۇنى پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۆزەڭگە ﴿ھامىي﴾ قىلىۋالغىن.

ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ سېنى ئىنكار قىلىشىغا، يولۇڭنى توسۇشىغا، دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈشىگە ﴿سەۋر قىلغىن﴾، ئۇلار بىلەن تەك بولمىغىن. ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا ئوخشاش رەۋىشتە جاۋاب قايتۇرمىغىن. اللە ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بېرىپ سېنىڭ ئىشىڭغا چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ﴿ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن﴾. اللە نىڭ ياردىمى ناھايىتى يېقىندۇر.

## تەپسىرنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك نۇقتىلىرى

1 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىيىمگە يۆگىنىۋالغانلىقى بىلەن سۈپەتلەپ چاقىرىشنىڭ ھېكمىتى بولسا، يۇمشاقلىقنى ۋە مۇلايىملىقنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئادەت بولۇپ، بىر - بىرىگە خىتاب قىلغاندا خىتاب قىلىنغۇچىنىڭ ھالىتىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان سۈپەت بىلەن خىتاب قىلاتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قېيداپ قېلىپ مەسجىدكە بېرىپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىقىنىغا توپا چاپلىشىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ئادەت بويىچە: «ئى توپا ئاتىسى! ئورنىڭدىن تۇرغىن، ئى توپا ئاتىسى! ئورنىڭدىن تۇرغىن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇمشاقلىقنى ۋە مۇلايىملىقنى ئىپادىلەپ شۇنداق دېگەن.

2 - بۇ يۆگىنىۋېلىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ھىرا غارىغا بىر مەزگىل تۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم. مەن بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن غاردىن چۈشۈۋېتىپ تۇيۇقسىز چاقىرىلدىم. ئوڭ تەرىپىمگە قارىدىم، ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، سول تەرىپىمگە قارىدىم، ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، ئارقامغا قارىدىم، ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمان تەرەپكە قارىسام، ئىلگىرى ھىرا غارىغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىغا لىق كەلگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ دەرھال ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ۋە: مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: ﴿ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)﴾ دېگەن ئايەتنى ۋە ﴿ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!)﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»[2]

www.munber.org

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 1 - ئايەت.
[2] ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بۇ يۈگىنۈۋېلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئەسلى پەرىشتە سۈرىتىدە كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن.

3 ـ الله تائالا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئۈچ ئىشنى «چىرايلىق» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەپ، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شۇ ئىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئىشلار الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن ئىبارەت: ﴿(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە) چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن﴾[1]، ﴿ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن﴾، ﴿(ئى مۇھەممەد! نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن﴾[2].

چىرايلىقچە سەۋر قىلىش بولسا، دەرت تۆكمەي سەۋر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چىرايلىقچە تەرك ئېتىش بولسا، ئەزىيەت بەرمەي تەرك ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ. چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش بولسا، تاپا ـ تەنە قىلماي مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

4 ـ سەھىھ ھەدىستە شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ مۇبارەك پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ئائىشە ئۇنىڭغا: الله سىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈۋەتكەن تۇرسا، سەن ئۆزەڭگە مۇشۇنداقمۇ جاپا سالامسەن؟ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ئۇنىڭ تاللانغان دوستى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

## شەرىئەت ھۆكۈملىرى

### بىرىنچى ھۆكۈم

كېچىسى ناماز ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرزمىدى؟

الله تائالانىڭ: ﴿كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى كېچىدە تەھەججۇد ناماز ئوقۇشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ پەرزنىڭ ئۇنىڭغىلا خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ سۈرە ئىسرادىكى: ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن﴾[3] دېگەن سۆزىمۇ بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

الله تائالانىڭ تەھەججۇد ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە: ﴿ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن﴾ دېيىشى بۇ پەرزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنغان

---

[1] سۈرە مەئارىج، 5 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر، 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىسرا، 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەمەللەردىن ئېكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ”نەپلە“ دېگەن سۆز قىلىسمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ مەنىدە بولۇپ قالسا، ئۇ ئىبادەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولغان بولمايدۇ. بەلكى، تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەپلە ئىبادەت بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈممىتىگە يۈكلەنگەن پەرزلەردىن ئارتۇق ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۆمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپ، قىيامدا ئۇزاق تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ۋە پاچاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن الله تائالا بۇ ئىبادەتنى مەنسۇخ قىلىپ مەزكۇر سۈرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەر) دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى) نى الله ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى الله بىلىدۇ، الله سىلەرگە رەھىم قىلدى (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، الله بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر الله نىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار﴾[1].

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىبادەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلدىن قېلىنىشىنىڭ ئارىسىدا بىر يىل ئۆتكەن ئىدى.»[2]

بىر قىسىم تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندا بۇ سۈرىدىن باشقا ئاخىرى بېشىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان سۈرە يوق.»[3]

## ئىككىنچى ھۆكۈم

### قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش دۇرۇس بولامدۇ؟

الله تائالا قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇشقا بۇيرۇدى: ﴿قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن﴾ يەنى ئۇنى ئالدىرىماي، ھەرپمۇھەرپ چىقىرىپ، ئاڭلىغۇچى چۈشىنەلەيدىغان ۋە مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلالايدىغان شەكىلدە ئوچۇق ئوقۇغىن. قۇرئاننى تەرتىل بىلەن يەنى تەجۋىد قائىدىسىگە چۈشۈرۈپ، ھەرپلىرىنى دانە ـ دانە ۋە چىرايلىق

---

[1] سۈرە مۇززەممىل، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام فەخرۇددىن رازىنىڭ «ئەتتەپسىر ئەلكەبىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 333 ـ بەت. ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 389 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 20 ـ جىلد، 33 ـ بەت.

[3] ئىمام ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇل مەسىر فىي ئىلمىتتەپسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 ـ جىلد، 389 ـ بەت. ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 20 ـ جىلد، 36 ـ بەت.

www.munber.org

چىقىرىپ، ئۈزۈلۈشلىرىنى تولۇق ئىزھار قىلىپ ئوقۇش بولسا، ياخشى ۋە تەلەپكە لايىق ئوقۇش بولۇپ، ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر ئوخشىماسلىقى يوق. بىراق قۇرئاننى سوزۇپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش دۇرۇسمۇ ياكى مەنئى قىلىنغانمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇلارنىڭ پىكىر ئوخشىماسلىقى بار.

فىقھشۇناس ئىماملار بۇ ھەقتە ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ پىكىر ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى دەلىللىرى بىلەن بىرلىكتە تەپسىلى بايان قىلىمىز.

فىقھشۇناسلارنىڭ قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ھەققىدىكى قاراشلىرى:

1 ـ مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەبىدىكىلەر: قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ياخشى ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئەنەس ئىبنى مالىك، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، ھەسەن بەسرى، ئىبراھىم نەخەئى ۋە ئىبنى سىيرىين قاتارلىقلاردىن نەقىل قىلىنغان.

2 ـ ھەنەفى ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەر: قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش دۇرۇس دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەسۋەد قاتارلىقلاردىن نەقىل قىلىنغان. تەپسىرشۇناسلاردىنمۇ ئەبۇ جەئفەر تەبەرى ۋە ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى مۇشۇ قاراشتا بولغان.

بىرىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇرئاننى ئەرەبلەرنىڭ ئاھاڭلىرى ۋە ئاۋازلىرى بىلەن ئوقۇڭلار، ئەھلى كىتابلارنىڭ ۋە پاسىقلارنىڭ ئاھاڭلىرى بىلەن ئوقۇشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار. مەندىن كېيىن شۇنداق ئادەملەر كېلىدۇكى، ئۇلار قۇرئاننى غەزەل ئاھاڭغا ۋە ئۆلۈككە قوشاق قېتىپ يىغلايدىغانلارنىڭ ئاھاڭغا سېلىپ ئېگىز ـ پەس سوزۇپ ئوقۇيدۇ. قۇرئان ئۇلارنىڭ بوغۇزلىرىدىن ئۆتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىرائىتىدىن ھەيران قالغانلارنىڭ دىللىرى پىتنە ـ پاساتقا تولۇپ كەتكەن.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە مۇشۇ زامانىنىڭ كۆپ ساندىكى قارىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا ئوخشاش قۇرئاننى غەزەل ئاھاڭغا ۋە ئۆلۈككە قوشاق قېتىپ يىغلايدىغانلارنىڭ ئاھاڭغا سېلىپ ئېگىز ـ پەس سوزۇپ ئوقۇيدىغانلاردىن خەۋەر قىلغان.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇلار قۇرئاننى (كۆرۈنۈشتە) چىرايلىق ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ، ئۆزلىرىدىن ياخشى ۋە ئەۋزەل

[1] ئىمام تىرمىزى «نەۋادىرۇل ئۇسۇل» ناملىق كىتابىدا ھۇزەيفە ئىبنى يەماندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئوقۇيالمايدىغان بىرىنى ئۆزلىرىگە قۇرئاننى غەزەل ئاۋازىغا سېلىپ ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىرىپ قويىدۇ.»[1]

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەزان يېنىك ۋە يەڭگىل ئوقۇلىدۇ. ئەگەر سەن يېنىك ۋە يەڭگىل ئەزان ئېيتالىساڭ، ئەزان ئېيتقىن، بولمىسا ئەزان ئېيتمىغىن.»[2]

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەززىننىڭ ئەزاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشىنى ياقتۇرمىغان. مانا بۇ قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

4 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى غەزەل ئاھاڭغا سېلىپ سوزۇپ ئوقۇش قۇرئاندا يوق نەرسىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش سوزۇلمايدىغان جايلارنى سوزۇپ، بىر ھەرپنى بىرقانچە ھەرپ قىلىپ ئوقۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. مۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايەتلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش كىشىلەرنى ئاۋازنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىگە دىققەت قىلىش ۋە ئۇنى مۇلاھىزە قىلىشتىن بىخۇتلاشتۇرىدۇ.

ئىمام مالىك نامازدا ئايەتلەرنى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق ئوقۇش ماڭا ياقمايدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇنداق قىلىش غەزەل ئوقۇغانلىق بولۇپ، ئۇلار پۇل تېپىش ئۈچۈن قۇرئاننى شۇنداق غەزەل ئاھاڭدا ئوقۇيدۇ.»

ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇنداق دېيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ماڭا ياقمايدۇ، ئۇنداق قىرائەت قىلىش بىدئەت بولۇپ، ئاڭلاشقا بولمايدۇ.» بىر ئادەم ئۇنىڭدىن: قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ھەققىدە قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ سوئال سورىغۇچىغا: ئىسمىڭ نېمە؟ دېگەن. ئۇ: مۇھەممەد، دېگەن. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: ئىسمىڭ سوزۇلۇپ «ئى مۇۋھامىد» دېيىلىشىنى خۇشال قىلامدۇ؟ دېگەن.

### ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىللىرى

ھەنەفى ۋە شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر قۇرئاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا بىرقانچە دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

---

[1] سايىسنىڭ «ئەھكامۇل قۇرئان» ناملىق تەپسىرى، 4 ـ جىلد، 194 ـ بەت.

[2] بۇ ھەدىسنى ئىمام دارۇقۇتنى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزاننى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدىغان مۇئەززىنى بار ئىدى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن... دېيىلىدۇ.

www.munber.org

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇرئاننى ئاۋازلىرىڭلار بىلەن گۈزەللىك بېرىڭلار.»[1]

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس.»[2]

3 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان يىلى سەپەردە سۈرە فەتھنى ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقۇدى، ئۇ بۇ قىرائەتنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇدى.»[3]

4 ـ بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ قىرائىتىنى تىڭشايدۇ. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا: «ساڭا داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ گۈزەل ئاھاڭى بېرىلىپتۇ» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭغا: ئەگەر مەن سىنىڭ تىڭشاۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، قىرائىتىمدە ساڭا پۈتۈن ماھارىتىمنى كۆرسەتكەن بولاتتىم دەيدۇ[4].

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «الله ھېچ نەرسىنى بىرەر پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغان ئاۋازىنى تىڭشىغاندەك تىڭشىمىدى.»[5]

6 ـ ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى ئاھاڭغا سېلىپ مۇڭلۇق ۋە چىرايلىق ئوقۇش كىشىلەرنى ئۇنىڭغا بېرىلىپ قۇلاق سېلىشقا جەلپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەسىر قىلىدۇ، يۈرەككە يېتىپ بارىدۇ، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.»

ئىمام تەبەرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىزگە پەرۋەردىگارىمىزنى ئەسلەتكىن» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيتتى. ئاندىن ئۆمەر: «كىمكى قۇرئاننى ئەبۇ مۇسا ئوقۇغاندەك ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيالىسا، شۇنداق ئوقۇسۇن» دەيتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەلقەمە ئەسۋەدنىڭ قىرائىتىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. ئەلقەمە ئاۋازى چىرايلىق ئادەم بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا قىرائەت قىلىپ بېرەتتى. ئۇ

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى بەرائ ئىبنى ئازىبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلدىن رىۋايەت قىلغان.
[4] ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئىمام نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كاشكى، ئاخشام سېنىڭ قىرائىتىڭنى تىڭشاۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن بولساڭ ھە! ساڭا داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ گۈزەل ئاھاڭى بېرىلىپتۇ...»
[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىرائەت قىلىپ بولغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭغا: «ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، يەنە قىرائەت قىلىپ بەرگىن» دەيتتى.

مانا بۇلار ئىككى تەرەپنىڭ دەلىللىرىنىڭ خۇلاسىسى ۋە يىغىندىسى بولۇپ، ئەگەر سەن ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقىنىڭ نىگىزلىك جەھەتتىن ئەمەس، شەكىل جەھەتتىن ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايسەن.

فىقھشۇناسلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننى تەجۋىد ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلماستىن، سوزماي ئوقۇيدىغان يەرلەرنى سوزۇپ، سوزۇپ ئوقۇيدىغان يەرلەرنى سوزماي، تولۇق ئالىدىغان ھەرپلەرنى ئىنچىكە ئېلىپ، ئىنچىكە ئالىدىغان ھەرپلەرنى تولۇق ئېلىپ، بىرىكتۈرۈپ ئوقۇيدىغان يەرنى بىرىكتۈرمەي، تولۇق چىقىرىپ ئوقۇيدىغان يەرلەرنى تولۇق چىقارماي ئوقۇغانغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە نەغمە - ناۋا ئاھاڭىغا سېلىپ سوزۇپ ئوقۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. بۇ زاماننىڭ بەزى نادان قارىلىرىنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، قىرائەت قىلىشتىن پەقەت تىلاۋەت ھۆكۈملىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىگە پەرۋا قىلماستىن، ئاۋازنى چىرايلىق چىقىرىپ ئاھاڭغا سېلىپ سوزۇپ ئوقۇشنى مەقسەت قىلسا، بۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە ھېچكىم شەك قىلمايدۇ.

ئەمما قىرائەتنى سوزۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش چىرايلىق قىرائەت قىلىشنى، ھەرپلىرىنى چىڭقالماستىن، بەك سوزۇۋاتماستىن، ئۆز جايلىرىدىن توغرا چىقىرىپ، تەجۋىد ھۆكۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، توختايدىغان ۋە سوزۇپ ئوقۇيدىغان جايلارغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئوقۇشنى مەقسەت قىلسا، بۇنى ھېچكىم ھارام دېمەيدۇ. چۈنكى چىرايلىق ئاۋاز قۇرئاننىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. قىرائەتنىڭ كىشىنىڭ دىلىغا تەسىر قىلىش رولى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ساھابىلىرىنىڭ قىرائىتىنى تىڭشاپ، ئۇنىڭ چىرايلىق ئاۋازىنى ياقتۇرۇپ قالاتتى. ھەتتا ئۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىگە: «ساڭا داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ گۈزەل ئاھاڭى بېرىلىپتۇ» دېگەن.

اللہ ھەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمى تۈگىدى.

ئاخىرقى سۆزىمىز: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللہ قا خاستۇر. اللہ سەردارىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ۋە پۈتۈن ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

مەككەتۇلمۇكەررەمە، شەرىئەت ۋە ئىسلام دەرسلىرى پاكولتېتى

www.munber.org